215
I210.2/1/:4



# لۇشۈن ئەسەرلىرى

تەرجىمە قىلغۇچى: توختى باقى ئارتىشى

ئۆچ «بىكار»

ئالا كۆڭۈل

21500009802

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

لۇشۈن ئەسەرلىرى

1- توم
قەبرە
ياۋا گىياھ
2- توم
چوقان
تېڭىرقاش
يېڭى يېزىلغان كونا ھېكايە
3- توم
ئىسسىق شامال
سايىۋەن
سايىۋەننىڭ داۋامى
«سايىۋەننىڭ داۋامى»نىڭ داۋامى
4- توم
ئۆچ «بىكار»
ئالا كۆڭۈل
5- توم
تاغدىن - باغدىن
ساختا ئەركىنلىكنامە
6- توم
گۈلشەن پاراڭلىرىغا ئىستىئارە
چىلتەكلىك ئەدەبىيات
7- توم
خالاس
كونس بوتكىسى فىلىيە تونلىرى
8- توم
كەچتە ئۈزۈلگەن سەھەر غۇنچىسى
شېئىرلار
ئىككى يەردىن مەكتۇپلار
مەكتۇپلار

# مۇندەرىجە

## ئۈچ «بىكار»


كىرىش سۆز ........................................ 3

1927 ـ يىل

ساداسىز جۇڭگو ........................................ 10

قانداق يېزىش كېرەك ........................................ 19

قوڭغۇراق بىناسىدا ........................................ 32

پروفېسسور گۇ جيېگاڭنىڭ «سوراقنى كۈتسىلە» دېگىنىگە

ھەشقاللا ........................................ 46

غەيرىي خاتىرىدىن ئۈچ پارچە ........................................ 49

مەلۇم خاتىرىدىن ئىككى پارچە ........................................ 56

شياڭگاڭدا پەيغەمبەر مەۋلۇتىنىڭ ئۆتكۈزۈلگەنلىكى

توغرىسىدا ........................................ 60

تەزىيە ۋە تەبرىك ........................................ 68

1928 ـ يىل

«مەست ـ ئەلەس نەزىرى» دىكى خىرەلىك ........................................ 72

سىتۇ چياۋ ئەپەندى سىزغان رەسىملەرگە بىر نەزەر ........................................ 82

شاڭخەيدىكى لۇشۇننىڭ ئېلانى ........................................ 85

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە ئىنقىلاب ........................................ 88

ۋىۋىسكا ........................................ 101

يول ........................................ 103

باش ........................................ 105

خەت ـ خەۋەر ........................................ 107





图书在版编目(CIP)数据

鲁迅文集. 4/鲁迅著；托呼提·巴克译. —乌鲁木齐：
新疆人民出版社，2006. 3
ISBN 7—228—09893—5

Ⅰ. 鲁… Ⅱ. ①鲁… ②托… Ⅲ. 鲁迅著作—选集—
维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I210. 2

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 018424 号

责任编辑：艾合买提·伊明
帕提古丽·米吉提
责任校对：阿布列孜·阿巴斯
牙生·扎衣都
封面设计：买买提·乃拜提


**鲁迅文集（4）（维吾尔文）**

鲁迅 著
托呼提·巴克 译


新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230 毫米 32 开本 19.125 印张 2 插页
2006 年 3 月第 1 版 2006 年 3 月第 1 次印刷
印数：1—3000

ISBN 7—228—09893—5 定价：35.00 元

تىنچلىق قوشاقلىرى ........ 120
كوممۇنىستلارنى يوقىتىشلىرىغا بىر نەزەر ........ 123
مېنىڭ پوزىتسىيەم، كۆكسى - قارنىم ۋە ياش قۇرامىم ........ 127
ئىنقىلاب قەھۋەخانىسى ........ 136
ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى تارىخىي ۋەقە ........ 139
ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىيلىقى ........ 145


1929 - يىل


«ئىنقىلاب قوشۇنىنىڭ چاپارمەنى» ۋە «سەپتىن چۈشۈپ قالغۇچى» ........ 150
«يېقىنقى زامان دۇنيا ھېكايىلىرى توپلىمى»غا قىسقىچە كىرىش سۆز ........ 152
ھازىرقى يېڭى ئەدەبىياتقا ئومۇمىي نەزەر ........ 154
«ئۇلۇغ چىنچە تېبابەتچىلىك» ........ 162
«ئېلىمىزنىڭ روسىيىنى بويسۇندۇرۇش تارىخىدىن بىر سەھىپە» ........ 166
يې يۈڭچېڭ يازغان «قىسقىغىنە 10 يىل»غا قىسقىچە مۇقەددىمە ........ 169
رۇشى يازغان «2 - ئاي»غا قىسقىغىنە مۇقەددىمە ........ 173
«كىچىك فېيئوتىر»نىڭ تەرجىمىسىگە كىرىش سۆز ........ 175
لۇكچەكنىڭ ئۆزگىرىشى ........ 180
«يېڭى ئاي» تەھرىراتىدىكى تەنقىدچىلەرنىڭ ۋەزىيىتى ........ 183
كىتاب ۋە پۇل خۇمارى ........ 185
مەن ۋە «تىل رىشتىسى»نىڭ باش - ئاخىرى ........ 188
لۇشۇن تەرجىمە قىلغان ۋە يازغان كىتابلارنىڭ تىزىمى ........ 203
ئىزاھلار ........ 216




## ئالا كۆڭۈل


كىرىش سۆز ........ 279


1930 - يىل


«قاتمال تەرجىمە» ۋە «ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىيلىقى» ........ 285
ئادەت ۋە ئىسلاھات ........ 316
ئىنقىلاب قىلمايدىغان رادىكال ئىنقىلابچىلار ........ 320
جاڭ زىپىڭ ئەپەندىنىڭ «ھېكايىشۇناسلىقى» ........ 325
سول قانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى توغرىسىدا پىكىر ........ 327
«ياخشى ھۆكۈمەتىزم» ........ 336
«كاپىتالىستلار»نىڭ «سالپايغان» «لالما ئىتى» ........ 339
«تەرەققىيات ۋە چېكىنىش»كە قىسقىچە كىرىش سۆز ........ 343
«سەنئەت توغرىسىدا»نىڭ تەرجىمىسىگە مۇقەددىمە ........ 346
قەدىمىي ئۇسلۇبتا يېزىش ۋە ياخشى ئادەم بولۇشنىڭ سىرى ........ 365


1931 - يىل


«تاڭ خاندانلىقى سۇترا دامولىسىنىڭ سۇترا كالامىنامىلىرىنى ئەكېلىشى ھەققىدە داستان» نىڭ مەتبەئە نۇسخىسى توغرىسىدا ........ 372
رۇشىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ........ 376
جۇڭگو پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئەدەبىياتى ۋە پېشقەدەملەرنىڭ قېنى ........ 379
زۇلمەت باسقان جۇڭگودىكى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ........ 382
شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئىتىگە بىر نەزەر ........ 389
«8 - ياڭۋار سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى»نىڭ مەشىق ئەسەر-

لىرى كۆرگەزمىسىگە كىرىش سۆز ........................ 411
«ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئاخباراتى» تەھرىراتىنىڭ سوئالىغا
جاۋاب .................................... 413
«مىللەتپەرۋەرلىك ئەدەبىياتى» نىڭ ۋەزىپىسى ۋە تەقدىرى
.................................................. 414
تىنىپ كەتكەن دوغلارنىڭ لەيلەپ چىقىشى .............. 429
ۋەتەنگە پۇت بىلەن خىزمەت يەتكۈزۈش .............. 434
تاڭ دەۋرىدىكى ئارقىسىغا كىرىۋېلىش ..................... 438
«ھاۋا خاتىرىسى» گە قىسقىچە مۇقەددىمە ................ 440
يېڭى «ئايال باتۇر» ..................................... 443
تەشۋىقات ۋە ئويۇن ..................................... 446
بىلىش تەس، ئىشلەشمۇ تەس ........................... 449
بىرنەچچە «راۋان» تەرجىمە ............................... 452
ئات ـ كالا قاچىرىقلىرى ................................. 457
يەنە بىر «راۋان» تەرجىمە توغرىسىدا ..................... 461
جۇڭخۇا مىنگونىڭ يېڭى «دونكىخوت» لىرى .............. 465
«ياۋا گىياھ» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىگە مۇقەددىمە....... 469
«ئەقلىي ئەمگەكچى» ياشاپ كەتكەي ........................ 471
«دوست دۆلەت ئەجەبلەنمەكتە» توغرىسىدا .............. 473
«ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى» ژۇرنىلى تەھرىراتىنىڭ
سوئالىغا جاۋاب................................... 478
«قۇتۇپ يۇلتۇزى» ژۇرنىلى تەھرىراتىنىڭ سوئاللىرىغا
جاۋاب .................................... 479
ھېكايە تېمىسى توغرىسىدا خەت ـ چەكلەر .............. 481
تەرجىمە توغرىسىدا خەت ................................. 487
ھازىرقى زامان كىنوسى ۋە مۇلۇكدارلار سىنىپى ......... 510
ئىزاھلار ........................................ 541



# ئۈچ «بىكار»

# كىرىش سۆز

مېنىڭ پارچە تەسىراتلىرىمنىڭ تۆتىنچى توپلىمى — «خالاس» نىڭ نەشر قىلىنغانلىقى، ھېسابلاپ كەلسەم، بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرىكى ئىش. بۇلتۇر ئەتىيازدا دوستلىرىمدىن بىرى مېنى شۇنىڭدىن كېيىن يازغان پارچە تەسىراتلىرىمنى توپلاپ بېرىشكە ئالدىراتتى. نەشرىيات ساھەسىنىڭ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيانقى ئەھۋالىغا قاراپ باقسام، ئىجادىي ئەسەرلەر، تەرجىمىلەر ياكى چوڭ تېمىلىق ئۇزۇن ماقالىلەرنى سىرەكلىشىپ قالدى، دېگىلى بولمايدۇ، لېكىن بىمالال سۆزلەيدىغان قىسقا تەنقىدىي ماقالىلەر، يەنى «پارچە تەسىرات» دېگەن نەرسىلەر ھەقىقەتەن ناھايىتى ئازلاپ قالدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى دەرھال ئېيتىپمۇ بېرەلمەيمەن.

يۈزەكى ئويلىغاندا، «پارچە تەسىرات» دېگەن سۆز ئىشتىياقى ئۈستۈن ئاپتورلارنى بىزار قىلىۋەتكەن بولسا كېرەك، ئۇلار ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنى ئىمكانقەدەر يىراق قاچۇرسا كېرەك. بەزىلەر مېنى زاڭلىق قىلغان چاغلىرىدا مۆتىۋەر ئەدىبلىك نەزىرى بىلەن پەس كۆرگەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، مېنى «پارچە تەسىراتچى» دەپ ئاتىغانلىقى بۇنىڭغا دەلىل بولۇپ تۇرۇپتۇ. يەنە، مېنىڭچە مەشھۇر يازغۇچىلار شۇنداق ماقالىلەرنى ئىسىم فامىلىسىنى ئۆزگەرتىپ يازغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار پۇخادىن چىقىۋېلىش غەرىزىدە بولغاچقا، يەنە تىلغا ئېلىۋەرسەك نامىمىزغا داغ چۈشۈرۈۋالىمىز، دېيىشسە كېرەك ياكى پاش قىلىۋەرسەك كۈرىشىمىزگە دەخلى

يېتىدۇ، دەيدىغان باشقىچە نىيىتى بولسا كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنداق ماقالىلەرنىڭ يوقىلىپ بېرىشىغا يول قويغان بولۇشى مۇمكىن.

بەزىلەرنىڭ «پارچە تەسىرات»نى مەندىكى «مەرەز» دەپ قارايدىغانلىقى تۇرغان گەپ، ئۆزۈممۇ ھەقىقەتەن شۇ سەۋەب بىلەن ئاز - پاز دەردمۇ تارتتىم، شۇنداق بولسىمۇ توپلامنى تەييارلاۋەرگۈم كەلدى. بىراق، ژۇرناللارنى ئاختۇرۇپ، ماقالىلىرىمنى كېسىپ - چاپلاپ، كىتابقا ئايلاندۇرۇشمۇ كىشىنى خېلىلا ئاۋارە قىلىدىغان ئىش، شۇنىڭ ئۈچۈن يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، قول سېلىپ كىرىشمىدىم. 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كېچە شاڭخەيدە جەڭ پەيدا بولدى، بۇ جەڭ بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى. «ھازىرقى ھالەتكە نارازى»، «پارچە تەسىراتچى»[1] دېگەن بەتنامىم ئەنە شۇ «ئاتەش غۇسلىسى»نىڭ خاسىيىتى بىلەن يۇيۇلۇپ كەتسە ئەجەب ئەمەس دېگەن خىيالغا كېلىپ، ئاخىر كىتاب، گېزىت - ژۇرناللارنى جەڭ ئوتى ئىچىدە كۆيۈپ كەتسە كېتىۋەرسۇن، دەپ قالدۇرۇپ قويۇپ، سالتاڭ بولۇپ چىقىپ كەتتۇق[2]. خەيرىيەت، 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا كونا تۇرالغۇمىزغا قايتىپ كەلسەك، كىتاب، گېزىت - ژۇرناللار قىلچە زايە بولماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇددى قاتتىق كېسەلدىن يېڭى ساقايغان ئادەم ئۆزىنىڭ ياداڭغۇ چىرايىغا ئادەتتىكىدىنمۇ كۆپرەك ئەينەك بىلەن قاراپ، قورۇلۇپ كەتكەن بەتلىرىنى تۇتۇپ كۆرگەندەك، ئۇياققا ۋاراقلاپ، بۇياققا ۋاراقلاپ رەتلەشكە كىرىشتىم.

ئاۋۋال 1928 - يىلىدىن 1929 - يىلىغىچە يېزىلغان ماقالىلىرىمنى توپلىدىم، سانى ناھايىتى ئاز ئىكەن، لېكىن بېيپىڭدا بەش - ئالتە قېتىم سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىمنىڭ[3] ئەسلىدىلا يېزىپ قالدۇرۇلمىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقىلىرى يوقىلىپمۇ كەتمەپتۇ. ئەسلىشىمچە، شۇ ئىككى يىل ئىچىدە ماقالىنى ناھايىتى





ئاز يازغانىدىم، ئۇ چاغلاردا يازغان ماقالىلىرىمنى بەرگۈدەك ئورۇنمۇ يوق ئىدى. ئەسلىدە 27 - يىلى تۆكۈلگەن قانلاردىن ھاڭ - تاڭ بولۇپ، گۇاڭدۇڭدىن كېتىپ قالغانىدىم[4]؛ گەپنىڭ توغرىسىنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي، دۇدۇقلاپ قىلغان سۆزلىرىمنىڭ ھەممىسىنى «خالاس» ناملىق توپلامغا كىرگۈزگەنىدىم. لېكىن شاڭخەيگە كەلگەندىن كېيىن، دوكار ئەدىبلەرنىڭ قەلەم مۇھاسىرىسى ئىچىگە چۈشۈپ قالدىم؛ ئىجادىيەت تەھرىراتىدىكى[5] «قۇياش» تەھرىراتىدىكى[6] ئادەملەر، «سۆلەتلىك ئالىيجانابلار»نىڭ «يېڭى ئاي» تەھرىراتىدىكى[7] ئادەملەر مېنى يامان، دېيىشتى؛ ھەتتا ئەدەبىي ئېقىمىنى بازارغا سالمىغان، ھازىر يازغۇچى ياكى پروفېسسور دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئەپەندىلەرمۇ شۇ چاغدىكى ماقالىلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ دانا ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن، پات - پات سامان ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتۈپ مېنى زاڭلىق قىلىشقانىدى. دەسلەپتە مەن ئۇلارنىڭ نەزىرىدە «بىكارلىق - زەردارلىق» ھېسابلانغان، «فېئودالىزمنىڭ پۇشتى» ياكى «چۈشكۈن» ھېسابلانغانىدىم، كېيىن ھەتتا ماڭا ياشلارنى قىرغىن قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان «ساۋىلىغۇچى»[8] دەپمۇ ھۆكۈم چىقىرىشتى. شۇ چاغدا بالايىئاپەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قېچىپ كەلدىم دەپ گۇاڭدۇڭدىن كېلىپ، مېنىڭ ئۆيۈمگە چۈشكەن لياۋ ئەپەندىمۇ[9] ئاخىر ماڭا زەردە بىلەن: «مېنىڭ دوستلىرىم، شۇنداق ئادەم بىلەن بىر يەردە تۇرىدىكەنسەن دەپ، مېنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئارىغا ئالمايدىغان بولۇپ قالدى» دېگەنىدى.

شۇ چاغلاردا مەن «شۇنداق ئادەم» بولغان قالغانىدىم. «تىل رىشتىسى»[10] نى تەھرىرلەشتىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھوقۇقۇم يوق ئىدى، بۇ يالغۇز ئەندىشىدىنلا بولغان ئەمەس (بۇ ھەقتە توپلامنىڭ ئاخىرىدىكى «مەن ۋە تىل رىشتىسىنىڭ باش - ئايىغى»غا قاراڭ)، باشقا يەردە بولسا، ماقالىلىرىمنى باشقىلارنىڭ «قىستىشى» بىلەن يازاتتىم،

لېكىن بۇ يەردە «يوقىتىش»قا ئۇچراۋاتسام، ماقالە بېرىپ نېمە قىلاتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن يازغان نەرسىلىرىم ناھايىتى ئاز ئىدى.

مانا ئەمدى شۇ چاغلاردا يازغان ماقالىلىرىمنىڭ خاتا بولغانلىرىنىمۇ، ھازىرمۇ يارىغۇدەكلىرىنىمۇ مۇشۇ توپلامغا كىرگۈزدۈم. رەقىبلىرىمنىڭ ماقالىلىرىچۇ، ئۇلارنىڭ ماقالىلىرىنى «لۇشۈن توغرىسىدا» ۋە «جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئىتىدىكى بەس - مۇنازىرە»[11] گە بىرئاز كىرگۈزۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئېسىل شىلەپىلىك، زەر كەمەرلىكلەرنىڭ ئايۋان - سارايلىرىنىڭ كۆنگەي تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئۇلۇغ ماقالىلەر بولغاچقا، ئومۇمىي ئەھۋالنى سىنچىلاپ كۆرۈشكە يارىمايدۇ، ئۇلارنىڭمۇ «پارچە تەسىرات» دېگەندەك ئەسەرلىرىنى باشقىدىن يىغىپ، «قورشاپ يوقىتىش توپلىمى» دەپ بىر كىتاب قىلغۇم بار . ئەگەر شۇنداق قىلسام، ئۇ كىتاب مېنىڭ بۇ توپلىمىمغا قارىغاندا كىتابخانلارنىڭ زوق - ھەۋەسلىرىنى ئاشۇرۇش بىلەنلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ باشقا بىر تەرەپتىكى، يەنى تەسكەي تەرەپتىكى خىلمۇخىل ھىيلە - نەيرەڭلىرىنى تېخىمۇ ئوبدان بىلىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇنداق ھىيلە - نەيرەڭلىرىنى ھازىر تېخى تاشلىمايدىغاندەك تۇرىدۇ، بۇلتۇرقى «سول قانات يازغۇچىلار رۇبلىنى كۆزلەيدۇ»[12] دېگەن گەپ ئەنە شۇ كونا مۇقاملارنىڭ بىر قىسمى. ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن بىرئاز ئالاقىسى بولغان ياشلارنىڭ ئۇلارنى دورىشى ھاجەتسىز، لېكىن ئانچە - مۇنچە بىلىپ قويغىنىنىڭ كارايىتى يوق.

ئەمەلىيەتتە، ئۆزۈمنى تەكشۈرۈپ قارىسام، مەيلى ھېكايىلىرىمدىن ياكى قىسقا تەقرىزلىرىدىن، ياشلارنى «قىر، ئۆلتۈر، ئۆلتۈر، ئۆلتۈر»[13] دەپ تەشەببۇس قىلغانلىقىمنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئىز كۆرۈنمەيتتى، ئۇنداق نىيىتىممۇ يوق ئىدى. مەن ئەزەلدىن تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىگە ئىشىنىپ، كېلەچەك ئۆتمۈشنى بېسىپ چۈشىدۇ، ياشلار قېرىلارنى بېسىپ چۈشىدۇ دەپ





ئويلايتتىم، ياشلارنى شۇنچىلىك قەدىرلەيتتىمكى، ئۇلار ماڭا 10 خەنجەر ئۇرسا، مەن پەقەت بىر تال ئوق ياندۇراتتىم. لېكىن ئۆزۈمنىڭ خاتالاشقانلىقىمنى كېيىن بىلىپ قالدىم. بۇ مېنى تارىخىي ماتېرىيالىزم نەزەرىيىسىنىڭ ياكى ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئازدۇرغانلىقىدىن بولغان ئەمەس. ئۆزلىرى ئوخشاشلا ياش بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىككى چوڭ لاگېرغا بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنى، بەزىلىرىنىڭ يوشۇرۇن مەلۇمات بېرىپ چېقىمچىلىق قىلغانلىقىنى ۋە بەزىلىرىنىڭ مەنسەپدارلارغا ئادەم تۇتۇشۇپ بەرگەنلىكىنى گۇاڭدۇڭدىلا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم! مېنىڭ تەپەككۇر قىلىش يولۇم ئەنە شۇ سەۋەبلەر بىلەن بۇزۇلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ياشلارغا پات - پاتلا گۇمان بىلەن قارايدىغان، ئۇلاردىن شەرتسىز ئەيمىنىپ يۇرمەيدىغان بولدۇم. شۇنداقتىمۇ، شۇنىڭدىن كېيىن سەپكە يېڭى ئاتلانغان ياشلارنى دەپ ئاز - پاز چۇقان كۆتۈرىدىغان بولدۇم، بىراق بۇنىڭ ھېچقانچە چوڭ ياردىمى بولمىدى.

بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەنلىرى ئومۇمەن ئىككى يىل ئىچىدە يازغانلىرىمنىڭ ھەممىسى پايدىلىنىشقا بولىدىغان بىرنەچچە ئېغىز سۆز بار ئىكەن دەپ، ئويلىغان ئەسەرلىرىمدىن بىر قىسمىنىلا پەقەت كىتابلارنىڭ تىزىمىغا تاللاپ كىرگۈزۈپ قويدۇم. گېزىت - ژۇرناللارنى ئاختۇرۇپ قارىغىنىمدا، 1927 - يىلى يېزىلغان، لېكىن «خالاس» توپلىمىغا كىرگۈزۈلمىگەن نەرسىلىرىمدىنمۇ بىرئاز تېپىلىپ قالدى. «تۈن خاتىرىسى»نى ئەسلىدە ئايرىم بىر كىتاب قىلىمەن دەپ ئويلاپ، نۇتۇق ۋە خەتلەرنى بولسا، يۇزەكى ئىكەن ۋە ئانچە مۇھىم ئەمەس ئىكەن دەپ قاراپ، ئۆز ۋاقتىدا توپلامغا كىرگۈزمىگەن بولسام كېرەك.

لېكىن، ھازىر بۇلارنى «خالاس»نىڭ تولۇقلانمىسى سۈپىتىدە توپلامنىڭ بېشىغا كىرگۈزۈپ قويدۇم. مەندە يەنە، بىر پارچە

نۇتۇقتا ياكى خەتتە نەقىل قىلىنغان ماقالىلەرنى ئوقۇش بىلەن
شياڭگاڭنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى قىياپىتىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدىكەن
دېگەن خىيالمۇ پەيدا بولدى. مەن جەمئىي ئىككى قېتىم نۇتۇق
سۆزلىدىم، بىرىنچى كۈندىكىسى «كونا مۇقاملار ئېيتىلىپ بول-
دى»[14]، ھازىر بۇنىڭ ئەسلىي كوپىيىسىنى تاپالمىدىم. ئىككىن-
چى كۈندىكىسى مانا مۇشۇ «ساداسىز جۇڭگو». بۇ نۇتۇق شۇ قەدەر
ئاددىي، يۈزە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن «بىدئەت» دەپ چۆچۈپ،
ئۇنىڭ گېزىتكە بېسىلىشىنى مەنئى قىلىشقان. شياڭگاڭ ئەنە شۇن-
داق يەر، لېكىن شۇنداق شياڭگاڭ ھازىر جۇڭگودا پۈتۈنلەي دېگۈ-
دەك ئومۇملىشىپ كەتتى.

«ئىجادىيەت تەھرىراتى»غا تەشەككۈر ئېيتىدىغان بىر ئىش
بار، مەن ئۇلارنىڭ «قىستىشى» بىلەن بىرنەچچە خىل ئىلمىي
ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىنى ئوقۇپ، ئىلگىرىكى ئەدەبىيات
تارىخشۇناسلىرى بىر تاغار گەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يېشىپ
بېرەلمىگەن مەسىلىلەرنى بىلىۋالدىم ۋە شۇ سەۋەبتىن
ئۆزۈمنىڭ — شۇ مۇناسىۋەت بىلەن باشقىلارنىڭمۇ — تەدرىجىي
تەرەققىيات نەزەرىيىسىگىلا ئىشىنىدىغان ئېغىشلىرىنى تۈزىتىش
ئۈچۈن، پلېخانوفنىڭ[15] «سەنئەت توغرىسىدا»سىنى تەرجىمە
قىلدىم. لېكىن ياشلارنىڭ ئىزدەپ يۈرۈش ئۈچۈن سەرپ قىلىد-
غان قۇۋۋىتىنى تېجەپ قېلىش مەقسىتى بىلەن «جۇڭگو ھېكايىلى-
رىنىڭ قىسقىچە تارىخى»نى تەييارلاشتا توپلىغان ماتېرىياللارنى
«ھېكايە توغرىسىدىكى كونا مەلۇماتلارنىڭ كۆچۈرمىسى» قىلىپ
باستۇرغاندىم، بۇ ھەقتە چىڭ فاڭۋۇنىڭ[16] پرولېتارىيات نامى
بىلەن «بىكار تەلەپ» دەپ ئەيىبلىگەنلىكى، ھەتتا «بىكار تەلەپ»
نى تەكرارلاپ ئۈچ قېتىم ئېيتقانلىقى ھازىرمۇ ئېسىمدىن پۈتۈنلەي
كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق. مەن ئويلايمەنكى، پرولېتارىياتتا ئۇن-
داق خالىغىنىچە پەتىۋا چىقىرىش ئۇسۇلى[17] يوق، ئۇلار «نەشتەر





قەلەم»[18] تۇتۇشنى ئۆگەنمىگەن. مېنىڭ بۇ ماقالىلەرنى توپلاپ
ئۈچ «‹بىكار›» توپلىمى، دەپ ئات قويۇشتىن مەقسىتىم ئۇنى
ئوق قىلىپ چىڭ فاڭۋۇغا ئېتىش.

1932 - يىل 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى
كېچىدە رەتلەپ بولۇپ يازدىم.

# 1927 - يىل

## سادىسىز جۇڭگو (19)

### — 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شياڭگاڭ خرىستىئان ياشلار جەمئىيىتى (20) دە سۆزلەنگەن

مېنىڭ ئاڭلىغۇچىلىكى يوق مۇنداق تېتىقسىز نۇتقىمنى ئاڭلايمىز دەپ، شۇنچە قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتسىمۇ يەنە ھەرقايسىڭىزلار كېلىپسىلەر، مەن ئالدى بىلەن سىلەرگە تەنتەنىلىك تەشەككۇرىمنى بايان قىلىمەن.

ئەمدى، مەن «سادىسىز جۇڭگو» دېگەن تېما ئۈستىدە توختىلىمەن.

ھازىر جېجياڭ، شەنشىدە جەڭ بولۇۋاتىدۇ (21)، ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى ياكى كۈلۈۋاتقانلىقىنى بىز بىلمەيمىز. شياڭگاڭ ناھايىتى تىپتىنچتەك تۇرىدۇ، بۇ يەردە تۇرۇشلۇق جۇڭگولۇقلار راھەت كۆرۈۋاتامدۇ ياكى ئانچە راھەت كۆرمەيۋاتامدۇ، بۇنىمۇ باشقىلار بىلمەيدۇ.

پىكىر - ھېسسىياتنى بايان قىلىپ كۆپچىلىككە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ماقالە يېزىشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن، ھازىر ئادەتتىكى جۇڭگولۇقلار مەقسىتىنى ماقالە ئارقىلىق بىلدۈرۈشكە تېخى قادىر ئەمەس. بۇنداق بولغانلىقىنىمۇ ئۆزىمىزدىن كۆرمەيمىز، چۈنكى بىزنىڭ يېزىقىمىز ئاتا - بوۋىمىزدىن بىزگە تەۋەررۈك بولۇپ قالغان قورقۇنچلۇق مىراس. كىشىلەر ئۆزۈن يىللارغىچە ئەجىر





قىلغان بولسىمۇ، تېخى قوللىنىپ كېتەلىگىنى يوق. يېزىقنىڭ تەسلىكىدىن، نۇرغۇن كىشى ئۇنى نەزىرىدىن قالدۇرغان. بەزىلەر ھەتتا ئۆزىنىڭ فامىلىسىنىڭ جاڭ (张) ياكى جاڭ (章) ئىكەنلىكىنىمۇ ئېنىق يازالمايدۇ ياكى يېزىشنى زادىلا بىلمەيدۇ ۋە ياكى Chang دەپ سالىدۇ. كىشىلەر گەپنى قىلالىغىنى بىلەن، پەقەت بىرنەچچە ئادەمگىلا ئاڭلىتالايدۇ، يىراق جايدىكىلەرگە بولسا ئاڭلىتالمايدۇ - دە، نەتىجىدە، بەرىبىر سادىسىز بولغان بىلەن باراۋەر بولىدۇ. يەنە شۇ يېزىقنىڭ تەسلىكىدىن، بەزىلەر ئۇنى گۆھەر قىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆز باغلايدۇ، لۇرلەر، دۇرلەر دېگەنلىرىنى بىرنەچچىلا ئادەم چۈشىنىدۇ — ھەقىقەتتە، راست چۈشەنگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ، لېكىن كۆپىنچە ئادەم چۈشەنمەيدۇ. نەتىجىدە، بەرىبىر، سادىسىز بولغان بىلەن باراۋەر بولىدۇ.

مەدەنىيەتلىك ئادەملەر بىلەن بەدەۋى ئادەملەرنىڭ بىرلا پەرقى — مەدەنىيەتلىك ئادەملەرنىڭ يېزىقى بولىدۇ، ئۇلار شۇ يېزىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ پىكىر - ھېسسىياتىنى يېزىپ ئاممىغا ۋە كەلگۈسىگە قالدۇرىدۇ. جۇڭگونىڭ يېزىقى بولغان بىلەن، بۇ يېزىق ئاللىبۇرۇن كۆپچىلىكتىن ئالاقىسىنى ئۈزگەن. جۇڭگودا چۈشىنىكسىز قەدىمي يېزىق ئەدەبىياتى قوللىنىلىپ، كونا مەنىدە سۆزلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈشنىڭ سادىسى بولۇپ، يېزىق بولمىغان بىلەن باراۋەر. شۇڭا، كىشىلەر قۇمدەك چېچىلىپ، بىر - بىرىنى چۈشەنمەيۋاتىدۇ. ماقالىنى كىشىلەر ئوقۇيالمايدىغان، چۈشىنەلمەيدىغان تارىخىي يادنامىلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغاندا ياخشى بولارمىش. بۇمۇ بەلكىم قىزىقارلىق ئىش بولسا كېرەك. لېكىن، بۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدى؟ سۆزلىگۈمىز كەلگەن سۆزنى سۆزلىيەلمەيدىغان بولۇپ قالدۇق. زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىغاندا، خورلانغاندا سۆزلەشكە

تېگىشلىك سۆزىمىزنى هامان سۆزلىيەلمىدۇق. يېقىنقى ئىشلارنى
ئېلىپ ئېيتساق، جۇڭگو ـ ياپون ئۇرۇشى، بوكسچىلار ۋەقەسى،
مەنچىڭ خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇش ئىنقىلابى دېگەندەك چوڭ ـ چوڭ
ۋەقەلەر توغرىسىدا تاكى هازىرغا قەدەر قاملاشقانراق بىرەر ئەسەر
يېزىلدىمۇ؟ مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ يەنە هېچكىمدىن سادا
چىقمىدى. ئەكسىچە، چەت ئەللەردە بولسا، جۇڭگونى دائىم تىلغا
ئالىدىغانلار چىقتى. بىراق، ئۇلارنىڭ هەممىسى جۇڭگولۇقلارنىڭ
ئۆزىنىڭ ساداسى بولماستىن، باشقىلارنىڭ ساداسى.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، بۇنداق تىل تۇتۇقلۇق كېسىلى تېخى
مۇنچىۋالا ئېغىر بولمىغان، ئۇ چاغدا خەلق سۆزلەيدىغان سۆزىنى
هەرهالدا سۆزلىيەلىگەن. مانجۇلار يات مىللەت سۈپىتىدە ئوتتۇرا
ئىقلىمغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، تارىخنى سۆزلىگۈچىلەرنى،
بولۇپمۇ، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ئىشلارنى
سۆزلىگۈچىلەرنىمۇ بوش قويماستىن قىرىپ تاشلىدى. شۇڭلاشقا،
چيەنلۇڭ خاندانلىقى يىللىرىغا كەلگەندە، خەلق ئامىسى ماقالە
ئارقىلىق سۆزلەشكە تېخىمۇ پېتىنالمىدى[22]. ئوقۇمۇشلۇق ئا-
دەملەر ئۆزلىرىنى دالدىغا تارتىپ، كىتاب ـ نامە دېگەندەك دەس-
تۇرلارنى ئوقۇشقا، قەدىمىي كىتابلارنى سېلىشتۇرۇپ ـ رەتلەش-
كە، ئۆز زامانى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان، قەدىمكىلەر-
گىلا خاس ماقالىلەرنى يېزىشقا مەجبۇر بولدى. بۇنداق ماقالىلەرگە
بەزى يېڭى ئۇقۇملارنى كىرگۈزگەن بولسىمۇ، بەربىر ئوخشىتال-
مىدى. ئۇلار خەن يۈنى دورىمىسا، سۇ شىنى دورىدى. خەن يۈ،
سۇ شىلار[23] ئۆزلىرىنىڭ ماقالىلىرى ئارقىلىق شۇ زامانغا خاس
سۆزلەرنى سۆزلىگەنىدى. ئۇنداق قىلىش دۇرۇس ئىدى، ئەلۋەت-
تە. لېكىن، بىز تاڭ، سۇڭ زامانىدىكىلەر بولمىغاندىكىن، نېمە
ئۈچۈن ئۆزىمىز بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق زامانلار توغرىسىدا
ماقالە يازاتتۇق؟! بۇ ماقالىلەرنى قاملاشتۇرۇپ يازغان تەقدىردى-





مۇ، بەربىر هازىرقى زاماننىڭ ساداسى بولماستىن، تاڭ، سۇڭ
زاماننىڭ ساداسى، خەن يۈ، سۇ شىلارنىڭ ساداسى. هالبۇكى،
جۇڭگولۇقلار تا هازىرغا قەدەر يەنە شۇ كونا قىلىقلىرىنى تاشلىماي
كېلىۋاتىدۇ. جۇڭگودا ئادەم بار، ساداسى يوق، كىشىلەر تولىمۇ
زېرىكىدۇ. ئادەمنىڭ ساداسى بولماي قالامدۇ؟ بولماي قېلىۋاتىدۇ،
ئۇلار ئۆلۈپتۇ. ئەگەر بىرئاز تەكەللۇپ بىلەن ئېيتسام، گاچا
بولۇپ قاپتۇ!

شۇنچە كۆپ يىللار ساداسىز كەلگەن جۇڭگونى ئەسلىگە كەلتۈ-
رۈش ئاسان ئەمەس. خۇددى بىر ئۆلۈككە: «تىرىلگىن!» دەپ
بۇيرۇق بەرگەنگە ئوخشاش بىر ئىش. مەن دىنغا چۈشەنمىسەممۇ،
لېكىن مېنىڭچە، بۇ خۇددى دىندا ئېيتىلغىنىدەك بىرەر «مۆجىزە»
يارىتىشقا ئوخشاش خام خىيال.

«4 ـ ماي هەرىكىتى» دىن بىر يىل بۇرۇن، خۇ شىزى
ئەپەندى تەشەببۇس قىلغان «ئەدەبىيات ئىنقىلابى»[24] مۇشۇ خىز-
مەتنى ئۆتەشكە هەممىدىن ئاۋۋال ئۇرۇندى. بۇ يەردىكىلەر «ئىنقى-
لاب» دېگەن سۆزدىن قورقۇپ قالمايدۇ، بەزى جايدىكىلەر بۇ
سۆزنى ئاڭلىسىلا قورقىدۇ. لېكىن ئەدەبىيات دېگەن سۆز بىلەن
باغلىنىپ كەلگەن «ئىنقىلاب» فرانسىيە ئىنقىلابىدىكى «ئىنقى-
لاب» تەك قورقۇنچلۇق ئەمەس، بۇ پەقەت يېڭىلاشتىنلا ئىبارەت.
ئىنقىلاب دېگەن سۆزنى يېڭىلاش دېگەن سۆزگە يەڭگۈشلىۋەتسەك
سىلىقلىشىپ قالىدۇ. بۇنى «ئەدەبىيات جەھەتتىكى يېڭىلاش» دەپ
ئاتىساق بولار، خەنزۇ يېزىقىدا بۇنداق نەيرەڭ ناهايىتى كۆپ.
«يېڭىلاش» نىڭ مەنىسىمۇ ئانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس. بىراق، دې-
مەكچى بولغىنىمىز شۇكى: قەدىمكى زاماندىكى ئۆلۈكلەرنىڭ تىلى-
نى ئۆگىنىپ، شۇلارنىڭ تىلىدا سۆزلەشكە پۈتۈن زېھنىمىزنى
بېرىشنىڭ هاجىتى قالمىدى، هازىرقى زاماندىكى تىرىك ئادەملەر-
نىڭ تىلى بىلەن سۆزلىشىمىز كېرەك؛ ماقالىنى قەدىمكى يادنامە

دەپ بىلمەستىن، ئاسان چۈشەنگىلى بولىدىغان ئاممىباب تىل بىلەن يېزىش لازىم. شۇنداقتىمۇ، يالغۇز ئەدەبىياتنى يېڭىلاش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ. چۈنكى، چىرىك ئىدىيىنى قەدىمىي يېزىش ئۇسلۇبى بىلەنمۇ، ھازىرقى ئاممىباب ئۇسلۇب بىلەنمۇ بايان قىلغىلى بولۇۋەرگەنلىكى ئۈچۈن، كېيىنكى چاغلاردا، ئىدىيە يېڭىلاشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار پەيدا بولغانىدى. ئىدىيە يېڭىلاشنىڭ ئاقىۋىتى جەمئىيەتنى يېڭىلاش ھەرىكىتىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ ھەرىكەت پەيدا بولۇش بىلەنلا تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەت پەيدا بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كۈرەش ھاسىل بولىدۇ(25).

دېمەك، جۇڭگودا ئەدەبىيات يېڭىلاش تىلغا ئېلىنىش بىلەنلا قارشىلىق پەيدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئاممىباب تىل ئەدەبىياتى ھېچقانچە توسقۇنلۇققا ئۇچرىماستىن بارا - بارا كېڭەيدى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ چۈنكى، شۇ چاغدا چيەن شۈەنتۇڭ ئەپەندىمۇ خەنزۇچە خەتنى بىكار قىلىپ، بۇنىڭ ئورنىغا رىمچە يېزىق قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلغانلىقتىن بولدى(26). ئەسلىدە، بۇمۇ ئادەتتىكى يېزىق يېڭىلاشتىنلا ئىبارەت ئىدى. لېكىن، ئىسلاھاتنى ياقتۇرمايدىغان جۇڭگولۇقلارغا ئار كېلىپ قالدى - دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرقەدەر سىلىقلاشقان ئەدەبىيات ئىنقىلابىنى قويۇۋېتىپ، چيەن شۈەنتۇڭنى كۈچىنىڭ بارىچە تىللىدى. ئاممىباب تىل ئەدەبىياتى دەل مۇشۇ پەيتتە نۇرغۇن دۈشمىنىدىن خالاس تېپىپ، توسقۇنسىز ھالدا تارقىلىشقا مۇۋەپپەق بولدى.

جۇڭگولۇقلار مۇرەسسەچىلىكنى، ماداراچىلىقنى ياقتۇرىدۇ. مەسىلەن، سىز بۇ ئۆي بەك قاراڭغۇ ئىكەن، ماۋۇ يەردىن بىر تۈڭلۈك ئېچىش لازىم دېسىڭىز، باشقىلار جەزمەن رۇخسەت قىلمايدۇ. لېكىن، سىز ئۆينىڭ ئۆگزىسىنى ئېچىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلسىڭىز، ئۇلار سىزگە سۈلھ - سالا قىلىپ، تۈڭلۈك ئېچىشقا ماقۇل كېلىدۇ. تەشەببۇسىڭىز شىددەتلىك بولمايدىكەن، ئۇلار





بەلكىم سىلىقىنا ئىسلاھاتقىمۇ ئۇنىمايدۇ. شۇ كەملەردە، خەنزۇچە يېزىقنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا رىمچە يېزىقنى قوللىنىش ھەققىدە گەپ - سۆز بولۇۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن ئاممىباب تىل ئەدەبىياتىغا يول قويۇلغانىدى.

ئەمەلىيەتتە، قەدىمكى يېزىق ئەدەبىياتى بىلەن ئاممىباب تىل - ئەدەبىياتىنىڭ باب - نابابلىقى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىنى ئاللىبۇرۇنلا ئاياغلاشتۇرۇش كېرەك ئىدى، لېكىن جۇڭگو بالدۇرراق ھەل قىلىۋېتىشكە زادى كىرىشمىدى. ھازىرمۇ يەنە نۇرغۇن ئورۇنسىز گەپ - سۆزلەر بولۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر: قەدىمىي يېزىق ئەدەبىياتىنى ھەممە ئۆلكىلەردە چۈشىنەلەيدۇ؛ ئاممىباب تىل - ئەدەبىياتى بولسا ھەرقايسى جايلاردا ئوخشاش بولمىغاچقا كىشىلەر بىر - بىرىنى چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ، دەيدۇ. ئىشقىلىپ مائارىپ ئومۇملاشسىلا، قاتناش راۋانلاشسىلا ئىش يۇرۇشۇپ كېتىدىغانلىقىنى، ئۇ چاغدا چۈشىنىشكە ئوڭايراق بولغان ئاممىباب تىل - ئەدەبىياتىنى ھەممەيلەن چۈشىنىپ كېتەلەيدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. قەدىمىي يېزىق ئەدەبىياتىنى ئالساق، ھېلىغۇ ھەممە ئۆلكىلەردە ئەمەس، بىر ئۆلكىدىمۇ چۈشىنەلەيدىغانلار كۆپ چىقمايدۇ. بەزىلەر: ئەگەر ھەممە يەردە ئاممىباب تىل ئەدەبىياتى قوللىنىلسا، كىشىلەر قەدىمكى كىتابلارنى ئوقۇيالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو مەدەنىيىتى ھالاك بولىدۇ، دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھازىرقىلار ئۈچۈن قەدىمكى كىتابلارنى كۆرۈش زادى ھاجەت ئەمەس. قەدىمىي كىتابلاردا ھەقىقەتەن ياخشى مەزمۇنلار بولىدىكەن، ئاممىباب تىل - ئەدەبىياتىغىمۇ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. ئۇ قەدەر يۈرەكئالدى بولۇپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يەنە: جۇڭگو كىتابلىرىنىڭ چەت ئەللەردە تەرجىمە قىلىنغىنىغا قارىغاندا، جۇڭگو كىتابلىرىنىڭ بەلەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ، بىراق بىز ئۆزىمىز ئوقۇمايمىز ئەمەسمۇ، دەيدۇ.

چەت ئەللىكلەر مىسىرنىڭ قەدىمىي كىتابلىرىنى، ئافرىقا نېگىرلىرىنىڭ چۆچەكلىرىنى تەرجىمە قىلغىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ باشقا غەرەز بارلىقىنى، تەرجىمە قىلغان تەقدىردىمۇ، ھېچقانچە شەرەپلىك ئىش ھېسابلانمايدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ.

يېقىندا، يەنە: ئىدىيە يېڭىلاش مۇھىم، يېزىق ئىسلاھاتى ئىككىنچى ئورۇندىكى ئىش، شۇڭا ئۇنىڭدىن كۆرە، يېڭى ئىدىيىگە ياتىدىغان ماقالىلەرنى چۈشىنىشلىك قەدىمىي يېزىق ئەدەبىياتى ئۇسلۇبى بىلەن يازغاندا، ئۆزىمىزگە تېپىۋالىدىغان ئارتۇقچە قارشىلىقنى ئازايتقىلى بولاتتى، دەيدىغان گەپلەرمۇ بار. بۇ گەپمۇ ئورۇنلۇقتەك تۇرىدۇ. لېكىن، بىزگە مەلۇمكى، ئۇزۇن تىرناقلىرىنى ئېلىۋېتىشنىمۇ خالىمايدىغانلار، ئۆرۈمە چېچىنى قىرقىۋېتىشكە ئەسلا ئۇنىمايدۇ.

بىز باشقىلار چۈشىنەلمەيدىغان، ئاڭلىيالمايدىغان قەدىم زامانىنىڭ سۆزلىرىنى قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۆزىمىز خۇددى قۇمدەك چېچىلىپ كېتىپ، بىر ـ بىرىمىزنىڭ دەردىگە يەتمەيدىغان بولۇپ قالدۇق. بىز ئۆزىمىزگە جان كىرگۈزىدىكەنمىز، ھەممىدىن ئاۋۋال ياشلىرىمىز كۇڭزى، مېڭزى ۋە خەن يۈ، لىيۇ زۇڭيۈەنلەر[27] نىڭ سۆزلىرىنى ئىككىنچى سۆزلىمەسلىكلىرى لازىم. دەۋر ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئەھۋالمۇ ئىككى خىل بولماقتا. كۇڭزى دەۋرىدىكى شياڭگاڭ ھازىر باشقىچە ئىكەن، ئەگەر كۇڭزى تەلەپپۇزى بىلەن «ھەيھات، شياڭگاڭ تېپپىدۇرلەر بەرىكەت» دەيدىغان بولساق كۈلكىلىك گەپ بولۇپ قالىدۇ.

بىز ھازىرقى زامان تىلى بىلەن، ئۆزىمىزنىڭ تىلى بىلەن سۆزلىشىمىز لازىم؛ ھايات تۇرغان ئاممىباب تىلىمىز بىلەن پىكىر ـ ھېسسىياتىمىزنى دەللىك بايان قىلىشىمىز لازىم. شۇنداقتىمۇ يەنە پېشقەدەم جانابلارنىڭ مەسخىرىسىگە قالىمىز. ئۇلار ئاممىباب تىل ـ ئەدەبىياتنى پەس كۆرىدۇ ۋە قىممىتى يوق،





دەيدۇ. ئۇلار ياشلارنىڭ ئەسەرلىرىنى گۆدەك، تولۇق سويما، دەپ زاڭلىق قىلىدۇ. جۇڭگودا قەدىمىي يېزىق ئەدەبىياتى ئۇسلۇبىدا ماقالە يازالايدىغانلاردىن قانچىسى بار ئىدى، تولىسى ئاممىباب تىل بىلەن سۆزلەيدۇ. شۇنچىۋالا جۇڭگولۇقنىڭ ھەممىسى پەس ۋە قىممەتسىزمىكەن؟ بولۇپمۇ، گۆدەكلىكتىن نومۇس قىلغۇدەك ھېچنېمە يوق. خۇددى بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن نومۇس قىلغۇدەك ھېچنېمىسى بولمىغانغا ئوخشاش گەپ. گۆدەك بالا چوڭ بولۇپ پىشىپ يېتىلىدۇ. قېرىپ قىتمالىلىشىپ، چىرىپ كەتمىسىلا ياخشى. ئەگەر راسا ئۇستا بولۇپ يېتىلىپ، ئاندىن قەلەم تەۋرەتسە بولاتتى دېيىلىدىكەن، ئۇ، سەھرالىق ئايالدىمۇ كۆرۈلمەيدىغان ھاماقەتلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ بالىسى مېڭىشنى ئۆگىنىۋاتقاندا، دەلدەڭشىپ يىقىلىسىمۇ، ئۇ: مېڭىشنى ئۆگەنگەندە ئاندىن يەرگە چۈشسۇن دەپ، بالىسىنى ھەرگىز كارىۋاتتا يۆلەپ قويمايدۇ.

ياشلار، ئاۋۋال جۇڭگونى سادالىق جۇڭگوغا ئايلاندۇرۇڭلار، دادىل سۆزلەڭلار، باتۇرلۇق بىلەن ئىشلەڭلار، پايدا ـ زىياندىن قەتئىينەزەر بولۇڭلار، قەدىمكىلەرنى قايرىپ قويۇپ، چىن يۈرەكتىكى سۆزۈڭلارنى بايان قىلىڭلار — تەبىئىيكى، چىن بولماق ئاسان ئەمەس. مەسىلەن، پوزىتسىيىدە چىن بولۇش ئاسان ئەمەس. مېنىڭ نۇتۇق سۆزلىگەن ۋاقىتتىكى پوزىتسىيەم چىن پوزىتسىيە ئەمەس، چۈنكى دوست ـ يارەنلەرگە، بالىلارغا سۆز قىلغان ۋاقىتتىكى پوزىتسىيەم بۇنداق بولمايدۇ. لېكىن، بىرقەدەر چىن سۆزلەشكە، بىرقەدەر چىن سادا چىقىرىشقا ھەر ھالدا مۇمكىن. پەقەت چىن سادالا جۇڭگولۇقنى ۋە دۇنيا ئەللىرىنى تەسىرلەندۈرەلەيدۇ. چىن سادا بولغاندىلا، دۇنيادا ئاندىن دۇنيا خەلقى بىلەن بىللە ياشىغىلى بولىدۇ.

ھازىر ساداسىز مىللەتنىڭ قانچىلىك قالغانلىقىنى ئويلاپ باقايلى. مىسىرلىقلارنىڭ ساداسىنى ئاڭلىدۇقمۇ؟ ھىندىستاندا تا-

گور[28] دىن باشقىلارنىڭ ساداسى بارمۇ؟

بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ پەقەت ئىككىلا يولىمىز بار: بىرى، قەدىمىي يېزىق ئەدەبىياتىنى قۇچاقلاپ ئۆلۈش؛ بىرى، قەدىمىي يېزىق ئەدەبىياتىدىن ۋاز كېچىپ ھايات قېلىش.





# قانداق يېزىش كېرەك[29]

## — تۈن خاتىرىلىرى — 1

نېمىنى يېزىش كېرەك — بۇ بىر مەسىلە؛ قانداق يېزىش كېرەك — بۇمۇ بىر مەسىلە.

بۇ يىل ھېچقانچە بىرنەرسە يازمىدىم، «دەشت - باياۋان»[30] غا يېزىپ بەرگەنلىرىم تېخىمۇ ئاز. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزۈم بىلمەن. سۆزلەپ كەلسەم ناھايىتى كۈلكىلىك، ئاز يېزىشىمغا ئۇنىڭ قەغىزىنىڭ ياخشىلىقى سەۋەب بولدى. بەزىدە بىرەر تەسىرات پەيدا بولۇپ قالسا، تەپسىلىي ئويلىنىپ كۆرگەندىن كېيىن، ھېچقانچە چوڭ مەنىسى يوق ئىكەن دېگەن ھېسسىياتتا كېلىپ قالىمەن - دە، ئاپئاق قەغەزنى قارا سىياھ بىلەن بۇلغىغۇم كەلمەي، يېزىشتىن ۋاز كېچىپ قالىمەن. ياخشىراق تەسىرات تېخى يوق. مېنىڭ مېڭەم ئەنە شۇنداق غاراڭ بولۇپ، قۇرۇقدىلىپ، پۇچەكلىشىپ قالغان.

يازاي دېسەڭ مەسىلە ناھايىتى كۆپ، پۈتۈن كائىناتتىن تارتىپ جەمئىيەت ۋە دۆلەتكىچە ھەممىسى مەسىلە، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇكسەك ئورۇندا تۇرىدىغان مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەتمۇ تۇرۇپتۇ. قەدىمدىن تارتىپ بىرمۇنچە ئادەملەر يازدى، كەلگۈسىدە يازىدىغان ئادەملەرمۇ سان - ساناقسىز بولىدۇ، لېكىن مەن يازالمىدىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇلتۇر شيامېن ئارىلىدا غېرىب بولۇپ تۇرغان چېغىمدا، كىشىلەرنىڭ كۆزىگە تولىمۇ سەت كۆرۈنۈپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، ئاخىر بەزىلەر ماڭا ئىلتىپات قىلىپ،





«روھ ـ ئەرۋاھلارنى ھۆرمەتلە، لېكىن يىراق بول» دېگەندەك
مۇئامىلە بىلەن مېنى قىرائەتخانا بىناسىدىكى ئۆيلەرنىڭ بىرىگە
جايلاشتۇرۇپ قويدى. كۈندۈزى قىرائەتخانا خادىملىرى، كىتاب
تۈپلىگۈچىلەر، كىتاب كۆرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئۇزۇلمەيتتى؛ كەچ
سائەت توققۇزدىن كېيىن بولسا، ھەممە ئادەم تارقىلىپ كېتەتتى،
شۇنداق زور بىنادا مەندىن باشقا ئادەم قالمايتتى. مېنى جىمجىتچى-
لىق باساتتى، تىمتاسلىق گويا ئادەمنى شىركەيىپ قىلىدىغان شاراب-
قا ئوخشايتتى. ئۇيان ـ بۇيانغا كۆز سالاتتىم: دېرىزىدىن تالادى-
كى، چوقچىيىپ تۇرغان تاغ ئارىسىدىكى قەبرىلەر بىرمۇنچە
ئاپئاق ـ ئاپئاق توچكىلاردەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى؛ پىلىلداپ تۇرغان
توق سېرىق ئوت بولسا جەنۇبىي بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ ساپال
چىرىغى ئىدى. ئالدىمدا پايانسىز دېڭىز ۋە ئاسمان؛ قارا داكىغا
ئوخشايدىغان تۈن پەردىسى خۇددى يۈرىكىمنى ئورىۋالىدىغاندەك
تۇراتتى. تاش ۋادەككە يۆلىنىپ يىراققا كۆز تاشلاپ تۇرغىنىمدا،
ئۆز يۈرىكىمنىڭ سادالىرى قۇلىقىمغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى؛ ئەتراپىم
گويا سانسىز مەيۈسلۈك، دەرد ـ ئەلەم، سولغۇنلۇق ۋە ھالا-
كەت ـ ئۆلۈم بىلەن تولغان ۋە بۇلار ئەنە شۇ تىمتاسلىققا ئارىلى-
شىپ، ئۇنى دورا ھاراققا ئايلاندۇرغان، ئۇنىڭغا رەڭ، تەم ۋە
شېرىن پۇراق كىرگۈزگەن. شۇ چاغدا يازغۇم كەلدى، لېكىن
يازالمىدىم، نەدىن باشلاپ يېزىشىمنىمۇ بىلەلمىدىم. مېنىڭ «تىم-
تاس بولۇپ قالغان» چېغىمدا خۇددى توق ـ تولۇق بولۇپ قالغاندەك
دەك بولىمەن؛ ئاغزىمنى ئاچىدىغان چاغدا «قۇرۇق ـ پۇچەك
بولۇپ قالغاندەك بولىمەن»[31] دېگەن سۆزۈمنىڭ مەنىسىمۇ
ئەنە شۇ.

بەزىدە، «دۇنيانىڭ دەرد ـ ئەلىمى»[32] دېگەن ئەنە شۇ
ئەمەسمىدۇر، دەپ ئويلاپمۇ قالىمەن. لېكىن ئۇنداق بولمىسا كې-
رەك، بۇ ئاز ـ پاز خۇشاللىقمۇ ئارىلىشىپ كەلگەن ئازغىنە





مەيۈسلۈكتىن باشقا نەرسە بولمىسا كېرەك. ئۇنىڭغا يېقىنلاشقۇم
كېلىدۇ، لېكىن يېقىنلىشىشنى ئارزۇ قىلغانسېرى، ئۇ غايىب
بولۇپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنىڭ تاش ۋادەككە تەنھا يۆلى-
نىپ تۇرغىنىمدىن باشقا ھېچ نەرسە قالمىغاندەك بولىدۇ.
سەيى ـ ئىجتىھات قىلىشنى ئۇنتۇغان چېغىمدىلا يەنە بىرئاز
مەيۈسلۈك تۇتىدۇ.

بۇنداق مەيۈسلۈكنىڭ ئاقىۋىتى كۆپ چاغلاردا ئانچە ياخشى
بولۇپ چىقمايدۇ. پاچىقىمغا پولات يىڭنە سانجىلغاندەك بولىدۇ ـ
دە، پاچىقىمنىڭ چىم قىلىپ ئاغرىغان يېرىگە ئىختىيارسىز ھالدا
«تارس» قىلىپ شاپىلاق سالىمەن ۋە شۇنىڭ بىلەن تەڭ پاشا
چاققانلىقىنى بىلىپ قالىمەن. شۇنىڭ بىلەن مەيۈسلۈكمۇ، تۈن
قاراڭغۇسىمۇ يەتتە قات ئاسماننىڭ نېرىسىغا كېتىپ قالىدۇ، ھەتتا
ئۆزۈم يۆلىنىپ تۇرغان ھېلىقى تاش ۋادەكمۇ ئېسىمدىن كۆتۈرۈ-
لۈپ كېتىدۇ. بۇ تېخى ھازىرقى گەپ، ئەسلەپ كەلسەم، ئۆز
ۋاقتىدا ھەتتا تاش ۋادەكنىڭ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىمۇ
ئېسىمگە كەلمىگەن بولسا كېرەك. يەنە ئىختىيارسىز ھالدا ئۆيگە
كىرىپ، يېرىم يانپاشلىغىلى بولىدىغان، سوزۇلۇپ ياتقىلى بولماي-
دىغان يېگانە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، پاشا چاققان يەرنى تاكى
چىمىلداپ ئاغرىش ھالىتىدىن قىچىشىدىغان ھالەتكە ئۆتكۈچە ۋە
بارا ـ بارا كىچىككىنە قاپارتقۇ بولۇپ ئىششىپ چىققۇچە سىلايت-
تىم. تاكى شۇ قاپارتقۇ قىچىشىش ھالىتىدىن ئاغرىش ھالىتىگە،
ئاندىن كېيىن بىرئاز ئارام بەرگۈدەك ھالەتكە ئۆتكۈچە ئۆزۈممۇ
سىلاشتىن قاشلاشقا، قاشلاشتىن چىمداشقا ئۆتەتتىم.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى نەتىجە تېخىمۇ قاملاشمىغان بولۇپ چىقات-
تى، كۆپ ھاللاردا ئېلېكتر چىراغ نۇرىدا ئولتۇرۇپ يۇزى[33]
مېۋىسىنى يەيتتىم.

پاشىنىڭ چىم قىلىپ چېقىشى چاغلىق بىر ئىش بولسىمۇ،

لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، ئۆزىگە بىۋاستە ئالاقىدار ئەمەلىي
مەسىلە. مەن ئويلايمەن: يازماسلىق ئىمكانىيىتى بولسىغۇ ناھايىتى
راھەت ئىدى؛ ئەگەر يازماي بولمىسا، ئەنە شۇنداق ئۇششاق مەسى-
لىلەرنىلا يازالىشىم مۇمكىن، لېكىن بۇنى ھېلىقى كۈنلەردە ئۆز
بېشىمدىن كەچۈرگەن ئەھۋاللاردەك ئېنىق، ئەينەن يازالىشىم
ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. مىڭ - تۈمەن قېتىم پاشا چاققان بولسا،
بىر تال خەنجەر ياكى بىر پاي ئوق تەگكەن بولسا، ئۇ ئەھۋالنى
يېزىپ چىقالىشىم مۇمكىن ئەمەس.

پەيلاسوپ نىتسى[34] قان بىلەن يېزىلغان ماقالىنى ياخشى
كۆرىدىكەنمىش. لېكىن، مەن ئويلايمەنكى، قان بىلەن يېزىلغان
ماقالە بولمىسا كېرەك. ماقالە ھەرقاچان سىياھ بىلەن يېزىلىدۇ،
قان بىلەن يېزىلغىنى قان داغلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. قان
داغلىرى ماقالىگە قارىغاندا تېخىمۇ تەسىرلىك، كىشىنى ھاياجانلان-
دۇرالايدىغان، تېخىمۇ ئېنىق بولسىمۇ، لېكىن ئاسان ئۆڭۈپ،
ئاسان ئۆچۈپ كېتىدۇ. بۇ جەھەتتە ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ كارامىتىنى
كۆرسىتەلەيدۇ، ئۇ مەيلى قەدىمكى زامانلاردا بولسۇن، مەيلى ھا-
زىرقى دەۋردە بولسۇن، خۇددى قىزلارنىڭ قىزىل مەڭزىگە ئۆزى-
نىڭ مەڭگۈلۈكى بىلەن غادىيىپ قاراپ تۇرىدىغان گۆردىكى تاڭگى-
راق سۆڭەكلەرگە ئوخشايدۇ.

«يازماسلىقنىڭ ئىمكانىيىتى بولسىغۇ تېخىمۇ راھەت ئىش،
ئەگەر يازماي بولمايدىغان بولسا، — دەپ ئويلايتتىم، — يېزىپ
كۆرەي، بولغىنىنى كۆرەرمەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋاقىت بىلەن
بىللە يوقىلىپ كەتسۇن، مۇبادا قان داغلىرىغا قارىغاندا مەڭگۈ
ياشىرىپ تۇرىدىغان بولسا، بۇمۇ ئەدىبلەرنىڭ بەختىلىك، تەلەيلىك
ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەر. لېكىن، چىندىن قان بىلەن يېزىل-
غان ماقالە بۇ قاتارغا كىرمەيدۇ، ئەلۋەتتە.»

ئەنە شۇنداق خىياللارنى سۈرۈپ ئولتۇرغىنىمدا، «نېمىنى





يېزىش كېرەك» دېگەن مەسىلىمۇ ماڭا مەسىلە ئەمەستەك تۇيۇلدى.

«قانداق يېزىش كېرەك» دېگەن مەسىلىنى ئەزەلدىن خىيالىم-
غا كەلتۈرۈپ باقمايتتىم. دۇنيادا مۇشۇنداق بىر مەسىلىنىڭ بار-
لىقىنى پەقەت بۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرىلا بىرىنچى قېتىم
بىلدىم. شۇ چاغدا تاسادىپىي بازارغا بېرىپ، بىردىنلا «دىڭبۇ»
كىتابخانىسىغا كىرىپ قالدىم، «مۇنداق يېزىش كېرەك»[35] دې-
گەن بىر دەستە كىتابقا كۆزۈم چۈشتى - دە، ئۇنىڭدىن بىر
نۇسخىسىنى سېتىۋالدىم. ئۇ مۇقاۋىسىنىڭ سىرتىغا ئاتلىق ئەسكەر
يىگىتنىڭ سۈرىتى سىزىلغان ژۇرنال ئىكەن. مېنىڭ ئىلگىرىدىن
شۇنداق بىر خاھىشىم بار ئىدىكى، مۇقاۋىسىغا شۇنداق ئەسكەرلەر-
نىڭ ياكى گۈرجەك - كەتمەن تۇتقان دېھقانلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈ-
رۈلگەن كىتاب - ژۇرناللارغا ئانچە يېقىن بارمايتتىم، چۈنكى
ئۇنداق نەرسىلەرنى تەشۋىقات ماتېرىيالى دەپ گۇمان قىلاتتىم.
ئۆزىنىڭ پىكرىنى بايان قىلغان، نەتىجىدە تەشۋىقات پۇرىقىنىمۇ
پۇرىتىپ قويىدىغان ئىبسېن[36] قاتارلىق ئادەملەرنىڭ ئەسەرلىرى
بولسا، ئۇلارنى ئوقۇشتىن زېرىكمەيتتىم. لېكىن، ئاۋۋال «تەش-
ۋىقات» دېگەن چوڭ تېمىنى يېزىپ قويۇپ، ئاندىن كېيىن مۇلاھى-
زە يۈرگۈزىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر بىلەن پۇرچىقىم كېلىشمەيت-
تى، ئۇلارنى توغرىدىن - توغرا سىڭدۈرۈپ كېتەلمىگەن چاغدىكى
ئەلپازىم بەئەينى ساۋاق - تەلىم بېرىدىغان ئەدەبىياتلارنى قا-
رىيچىلاپ[37] ئوقۇغان چاغدىكى ئەلپازىمغا ئوخشاپ كېتەتتى. بى-
راق، بۇ «مۇنداق يېزىش كېرەك» دېگەن كىتاب ماڭا باشقىچىدەك
كۆرۈندى، چۈنكى ئۇنىڭ مەن بىلەن ئالاقىدار ئىكەنلىكىنىڭ گې-
زىتتە يېزىلغانلىقى ئېسىمدە بار ئىدى. بۇمۇ ئۆزۈم بىلەن بىۋاستە
ئالاقىدار بولغان ئەھۋاللارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىمنىڭ
بىر مىسالى بولسا كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇقاۋىسىدىكى ئاتلىق
باتۇردىن قورقماي سېتىۋالدىم. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن،

كونا گېزىتلەردىن كېسىۋالغان ماتېرىياللارنى ئاختۇرۇپ قاردسام، 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكىسى بار ئىكەن. بىراق، شۇ گېزىتنىڭ ئىسمىنى ئىزاھلاپ قويماپتىكەنمەن، شۇنداق بولسىمۇ ھەرھالدا ياكى «مىنگو گېزىتى» ياكى «خەلق ئاخباراتى»[38] بولسا كېرەك، چۈنكى شۇ چاغلاردا مەن پەقەت ئەنە شۇ ئىككى خىل گېزىتنىلا كۆرەتتىم. شۇ ماتېرىيالدىكى سۆزدىن بىرئاز نەقىل كەلتۈرەي:

«لۇشۈن ئەپەندى جەنۇبقا كەلگەندىن بۇيان، گۇاڭجۇ ئەدەبىياتىدىكى جىمجىتلىق سۈپۈرۈپ تاشلىنىپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر ‹نېمىنى يېزىش كېرەك›، ‹مۇنداق يېزىش كېرەك› دېگەن ئىككى ژۇرنال نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. ‹مۇنداق يېزىش كېرەك› ئىنقىلابىي ئەدەبىيات تەھرىراتىنىڭ قارارلىق مەتبۇئاتلىرىنىڭ بىرى ئىكەن، مەزمۇن جەھەتتە ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە ۋە پارتىيىمىزنىڭ مەسلىكىنى تەشۋىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلىدىكەن...»

بۇنىڭ باشتىكى جۈملىلىرى بىرئاز مۇجمەل، بۇنى مېنى بۇ ئىشتىن بىرئاز خەۋىرى بار، دېگەن مەنىدە چۈشىنىشمۇ مۇمكىن، مېنىڭ «جەنۇبقا كەلگەن»لىكىم سەۋەبى بىلەن باشقىلار نەشر قىلىشقا باشلىغان، دېگەن مەنىدە چۈشىنىشمۇ مۇمكىن. لېكىن، بۇ ئىشلاردىن مېنىڭ زادىلا خەۋىرىم يوق. دەسلەپتە گېزىتتىن ماتېرىياللارنى كېسىۋېلىپ ساقلاپ قويۇشۇم ۋاقتى كەلگەندە تەكشۈرۈپ كۆرۈش ئۈچۈن بولسا كېرەك، كېيىن ئۇنتۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن تاشلىنىپ قالغان. ھازىر ئەسلىسەم، «نېمە قىلىش كېرەك»[39] نەشردىن چىققاندىن كېيىن، ماڭا بەش نۇسخا ئەۋەتىپ بېرىشكەنىكەن. شۇ تەشكىلات كوممۇنىستىك ياشلارنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى تەشكىلات بولسا كېرەك، چۈنكى ئۇ ژۇرنالدا «جيەنرۇ»، «سەنشى» دېگەن تەخەللۇس بار ئىدى، ئۇ ئەسلىي بى لېي[40] نىڭ تەخەللۇسى بولسا كېرەك، ژۇرنالنىڭ ئادرېسىمۇ شۇنىڭ نامىغا يېزىلغان. ئۇ ماڭا «ئۆسمۈر ئاۋانگارت»[41] دىنمۇ 10 نۇسخىدەك ئەۋەتىپ بەرگەنىدى، بۇ ژۇرنالغا بېسىلغان نەرسىلەرنىڭ كوممۇنىستىك ياشلار يازغان نەرسىلەر ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى. دەرۋەقە، بى لېي ئەپەندى راست كوممۇنىست بولسا كېرەك، ئۇ 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىدىن قولغا ئېلىنىپ كېتىپتۇ. مېنىڭ پەرەز قىلىشىمچە، ئۇ بۇ ئالەمدىن ئاللىقاچان كېتىپ قالغان بولسا كېرەك، ئۇ بىرئاز ياداڭغۇ ۋە لېكىن قولىدىن ئىش كېلىدىغان چاققان خۇنەنلىك ياش ئىدى.

«مۇنداق يېزىش كېرەك»نى بۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى بىرىنچى قېتىم كۆردۈم، شۇ چاغدا بۇ ژۇرنالنىڭ 7 ـ ۋە 8 ـ قوشما سانى چىققانىكەن. 6 ـ سانى يوق، بەزىلەر مەنئى قىلىنغان دېسە، بەزىلەر نەشر قىلىنمىغان، دەيدۇ. قايسىسىنىڭ سۆزى راستىنكىنتاڭ؟! مەن 7 ـ، 8 ـ قوشما سانىنى ۋە 5 ـ سانىنى سېتىۋالدىم، بۇنىڭ «نېمىنى يېزىش كېرەك»كە قارشى ياكى زىت ئىكەنلىكىنى گېزىتتىكى خاتىرىدىن بىلگىلى بولىدۇ. مەن بۇنى ئېلىپ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، ئاياغ تەرىپىدىن ۋاراقلاپ كۆردۈم، خەۋەر ئىستونىدا: «CP[42] نىڭ خورىكى ئۆسۈپ كېتىۋاتقان بىر ۋاقىتتا، ... سىلەر ئويغىنىش بىلەنلا دەرھال CP دىن چېكىنىپ چىقىڭلار؛ سىلەرنىڭ چېكىنىپ چىقىشىڭلار بىلەنلا ئىش تۈگىمىدى، كوممۇنىستىك پارتىيىدىن چېكىنىپ چىققانلىق توغرىسىدا گېزىتلەردە بىرىنچى قېتىم كەينى ـ كەينىدىن باياناتلار بېسىلىپ تۇرغانلىقى CPنى زەردىگۈش قىلىۋېتىدۇ...» دېگەن سۆزلەر بار ئىكەن. دېمەك، راست شۇنداق ئىكەن.

بۇ يەردە مۇنداق بىر مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ: بىر ـ بىرىگە
شۇنداق قاتتىق قارشى بولغان ئىككى خىل ژۇرنال نېمە ئۈچۈن
مېنىڭ «جەنۇبقا كەلگەن»لىكىم تۈپەيلىدىن «ئىلگىرى ـ ئاخىر
نەشر قىلىنىش»قا باشلايدۇ؟ بۇنىڭغا مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ جاۋاب
بېرىشىم ئاسان: چۈنكى، مەن يېڭى كەلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆل
رەڭ ئىدىم. بىراق، بۇ ھەقتە سۆزلەيدىغان بولسام، سۆزۈم
ئۇزىراپ كېتىپ قالىدۇ، ھازىرچە ئامانەت تۇرۇپ تۇرسۇن، لايد-
قىدا پۇرسەت چىققاندا ئاندىن سۆزلەرمەن.

ئەمدى «مۇنداق يېزىش كېرەك»نى ئوقۇغانلىقىم ئۈستىدە
توختىلاي: خەۋەرلەرنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ھۇرۇنلۇقۇم
تۇتۇپ باش تەرىپىگە باقتۇرۇپ تەتۈرىسىگە ۋاراقلىدىم ـ دە، مۇندە-
رىجىسىگە قارىدىم. بىردىنلا «يۇ دافۇ[43] ئەپەندى، بەس قىلىڭ»
دېگەن بىر ماۋزۇغا كۆزۈم چۈشۈپ، قىزىقسىندىم ـ دە، دەرھال
ماقالىنى ئوقۇدۇم. بۇمۇ ئۆزۈم بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىدار ئۇششاق
ئىشلارغا دۇنياۋى غەم ـ غۇسسىدىنمۇ بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغانلى-
قىمنىڭ بىر مىسالى. يۇ دافۇ ئەپەندى بىلەن تونۇشىمەن، ئۇنى
نېمە ئۈچۈن «بەس قىلىڭ» دەيدىغاندۇر؟ بۇنى بىلىشكە ئالدىرى-
دىم. ئەگەر گەپ پالانى نوچى، پوكۇنى دودەن ئۈستىدە ۋە ياكى
ئادەتتە ئۆزۈمگە تونۇش بولمىغان بىرەر كاتتا ئادەم ئۈستىدە بارغان
بولسا، گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، ھەرگىز ئۇ قەدەر كۆڭۈل
بۆلمىگەن بولاتتىم.

ئەسلىدە يۇ دافۇ ئەپەندى «كەلكۈن»[44] گە بېسىلغان «يۆند-
لىشنى بۇراش يولىدا» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە: بۇ قېتىمقى
ئىختىلاپ سىنىپىي كۈرەش نەزەرىيىسىنىڭ ئەمەلدە جارى قىلىن-
غانلىقىدىن ئىبارەت، دەپ يازغان. لېكىن مۇھەررىر بولسا ئۇنى
مىللىي ئىختىلاپ نەزەرىيىسىنىڭ ئەمەلدە جارى قىلىنغانلىقىدىن
ئىبارەت دەپ قارىغان. بۇنىڭدىن باشقا، قەھرىمانلىق ھازىرقى





ۋاقىتقا ئۇيغۇن ئەمەس ۋەھاكازا دېگەنگە ئوخشاش سۆزلىرىمۇ بار
ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىلەر ئۇنى «رەنجىتتى»، ئارىغا بۆلگۈن-
چىلىك سالدى»، «بەس» قىلمىسا بولمايدۇ، دەپ قارىغان.

ئېلېكتىر چىراغ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ئەسلىدىم. يۇ دافۇ ئەپەندى
بىلەن بىرنەچچە قېتىم كۆرۈشكەن، بىرنەچچە قېتىم سۆھبەتلەش-
كەنىدىم، مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ ئېغىر ـ بېسىق، مۇلايىم ئادەم
ئىدى، ئۇ دۆلەتنى رەنجىتىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئادەتتىكى ئادەم-
لەرنىمۇ رەنجىتمەيتتى. قانداق بولۇپ بىردەمنىڭ ئىچىدە شۇنداق
«تېرىككەك» بولۇپ قالغاندۇر؟ ئەنە شۇ خىيال بىلەن «كەلكۈن»
نى ئوقۇپ كۆرگۈم كەلدى.

ئۇ ژۇرنال گۇاڭشىدا مەنئى قىلىنغانىكەن، گۇاڭدۇڭدا بار
ئىكەن. مېنىڭ تاپقىنىم 3 ـ جىلدنىڭ 29 ـ سانىدىن 32 ـ
سانىغىچە بولغان سانلىرى. ئادەتتىكى يارىماس مىجەزىم بويىچە،
32 ـ سانىدىن يۇقىرىغا باقتۇرۇپ كۆردۈم، بىرنەچچە ساننى
كۆرگەندىن كېيىن، «كۈندىلىك خاتىرە ئەدەبىياتى» سەرلەۋھىلىك
ماقالىنىڭ بىرىنچى پارچىسىنى ئۇچراتتىم، ئۇنىمۇ يۇ دافۇ ئەپەندى
يازغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن «يۆنىلىشنى بۇراش يولىدا»نى ئاختۇ-
رۇشتىن ۋاز كېچىپ، ئەدەبىيات توغرىسىدىكى ماقالىنى كۆرۈشكە
كىرىشتىم. بۇنداق مۇجمەل قارىشىمنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ئۆزۈمە-
گىمۇ ئايان بولۇپ تۇردى، شۇنداق بولسىمۇ «قانداق يېزىش كې-
رەك» مەسىلىسى ئەنە شۇلاردىن چىقىپ قالدى.

ئاپتورنىڭ پىكرى ئومۇمەن مۇنداق ئىكەن: ئەدىبلەرنىڭ ئە-
سەرلىرىدە ھەرھالدا ئاپتور تىلىدىن بايان قىلىپ بېرىدىغان خۇسۇ-
سىيەت يوق ئەمەس، ئەگەر ئۈچىنچى شەخس بىلەن يازغان بولسا،
بىرىنچى شەخس دەپ چۈشىنىلىپ قالىدىغان يەرلىرى چىقىپ قالى-
دۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ ئۈچىنچى شەخس بىلەن كەلگەن پېرسو-
ناژنىڭ روھىي ھالىتى تولىمۇ تەپسىلىي تەسۋىرلەنسە، كىتابخان-

لار، ئاپتور بۇ باشقا ئادەمنىڭ قورسىقىدىكى خىياللىرىنى قانداق-
سىغا شۇنچە تەپسىلىي بىلىۋالغاندۇر، دېگەن گۇمانغا كېلىپ قېلى-
شى مۇمكىن. ئەنە شۇنداق دەرگۇمان ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقىنى
يوقىتىپ قويىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن نەسرىي ئەسەرلەردە ھەممىدىن
ئەپچىل ژانىر كۈندىلىك خاتىرە ئۇسلۇبى، ئاندىن قالسا سالام خەت
ئۇسلۇبى.

دۇرۇس، بۇمۇ مۇزاكىرە قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. لېكىن
مېنىڭچە، ژانىر ئانچە مۇھىم بولمىسا كېرەك. بۇ يەردىكى بىرىن-
چى كەمچىلىك — كىتابخانلارنىڭ دىققەتسىزلىكى. ئەگەر ئۇلار
ئەسەرنىڭ كۆپىنچە ئاپتورنىڭ باشقا ئادەملەرنى ۋاستە قىلىپ
تۇرۇپ ئۆزىنى بايان قىلىدىغان ياكى ئۆزىنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ
باشقا ئادەملەرنى بايان قىلىدىغان بىرنەرسە ئىكەنلىكىنى بىلگەن
بولسا، ھېلىقىدەك دەرگۇمان پەيدا بولمىغان بولاتتى، بايان بەزىدە
پاكىتقا ئۇيغۇن كەلمىگەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا چىنلىقىنى ساقلاپ
قالالايتتى. بۇ چىنلىق ئۈچىنچى شەخس بىلەن يازغان ياكى سەۋەن-
لىك بىلەن بىرىنچى شەخسنى قوللانغان چاغدىكىدىن قىلچە پەرق-
لەنمەيدۇ. ئەگەر كىتابخان ژانىرغىلا چاپلىشىۋېلىپ، چېنىپ قا-
لىدىغان يەرلىرىنىڭ بولماسلىقىنى تەلەپ قىلىدىغان بولسا،
خەۋەر - ئاخباراتلارنى ئوقۇغىنى ياخشى؛ ئەدەبىيات - سەنئەت
جەھەتتە دەرگۇمان بولغىنىغا تويسۇن. ئۇنىڭ دەرگۇمان بولغانلى-
قىمۇ ئېچىنىشقا ئەرزىمەيدۇ، چۈنكى ئۇ راست دەرگۇمان ئەمەس،
ئۇ خۇددى نەزەرباغنىڭ كونا ئىزىنى تاپالماي، «قىزىل راۋاقتىكى
چۈش» [45] نى يارىتمىغانغا ئوخشاش بىر ئەھۋال. ئەگەر ئاپتور
ئۆزىنىڭ بايان قىلىش ئەركىنلىكىنى ھەتتا ناھايىتى ئازغىنە بول-
سىمۇ شۇنداق قۇربان قىلىدىغان بولسا، بۇ ئەھۋالمۇ پۈتنى يوناپ
ئاياغقا توغرىلىغاندىن پەرق قىلمايدۇ.

ئىككىنچى كەمچىلىكمۇ جۇڭگودا ناھايىتى كونا مەسىلە بولۇپ





قالدى. جى شياۋلەن [46] نىڭ پۇ لىيۇشەننىڭ «ھېكايەت ۋە رىۋا-
يەت» (لياۋجەي ھېكايىلىرى) دېگەن ئەسىرىگە ھۇجۇم قىلغان
تەرىپىمۇ ئەنە شۇ يەردە: «ئىككى ئادەم مەخپىي سۆزلەشسە، سۆزلى-
گەنلىرىنى ئاشكارىلىمىسا، ئۈچىنچى ئادەممۇ ئاڭلىمىسا، ئاپتور
ئۇنى نەدىن بىلىدۇ، دەيدۇ جى شياۋلەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ
ئۆزىنىڭ «خانىدان خاتىرىلىرى» دە ۋەقەلەرنىلا يېزىپ، خىيال ۋە
مەخپىي سۆزلەردىن چەتنەپ ئۆتۈپ كەتكەن، لېكىن بەزىدە ئۆزى
كولىغان ئورىغا چۈشۈپمۇ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ يۇزىنى
«زو چيۇمىڭ يىلنامىسى» دىكى «خۇڭ لياڭخۇنىڭ چۈشىدە جېدەل
قىلىشى» [47] بىلەن يورۇق قىلغان. ئۇنىڭ دۇدۇقلاپ قېلىشىنىڭ
سەۋەبى شۇكى، كىتابخانلارنى يېزىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە
پاكىت دەپ ئىشەندۈرۈپ، چىنلىقنى پاكىت بىلەن قولغا كەلتۈ-
رۈش كېرەك، دېمەك، پاكىتقا زىت بولۇپ قالسا، چىنلىقمۇ
يوقىلىپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەگەر ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ
ئىجادىيەت ئىكەنلىكىنى، يەنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى ئىكەنلىكىنى
ئالدىن چۈشەنگەن بولسا، ئۇنداق دەككە - دۈككىلەرگە قالمىغان
بولاتتى.

ئومۇمەن دەرگۇمانلىقنىڭ ھەسرىتى، مېنىڭچە، جالىقتا ئە-
مەس، بەلكى جانى جىڭ قىلىۋېلىشتا. ھازىرمۇ يادىمدا تۇرۇپتۇ،
گۆدەك ۋاقتىمدا سېھىرگەرلىكنى كۆرۈشكە ناھايىتى ئامراق ئى-
دىم، سېھىرگەرلەر مايمۇننى قويغا مىندۈرەتتى، تاشنى كەپتەرگە
ئايلاندۇراتتى؛ ئاخىرىدا بىر كىچىك بالىنى بوغۇزلاپ، ئۇنىڭ
ئۈستىگە بىر پارچە كىرلىكنى يېپىپ قوياتتى، شۇ چاغدا چاڭجياڭ
دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى خەلقنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن سۆزلەيدىغان
بىر ئادەم تاماشىچىلاردىن پۇل تىلـەيـدىغـان قىياپەت بىلەن:
Hua Zaa! Hua Zaa! دەيتتى. بالىنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى، بوغۇز-
لىغان يەردىن ئېتىلىپ چىققان نەرسىنىڭ خەنجەر دەستىسىگە جاي-

لاشتۇرۇلغان ئانار سۈيى ئىكەنلىكىنى، Hua Zaa يېتەرلىك چۈشكەندە، ھېلىقى بالىنىڭ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلسە كېرەك، شۇنداق بولسىمۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن بېرىلىپ قاراپ تۇراتتى، بۇنىڭ سېھىرگەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، بۇ ئويۇنغا پۈتۈن دىققىتى بىلەن بېرىلىپ كېتەتتى. مۇبادا سېھىرگەر چىندىن شۇنداق قىلىپ، مېيىت ساندۇقىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، بالىنى ئۇنىڭغا سېلىپ، يىغا - زار قىلغان ھالدا كۆتۈرۈپ ماڭسا، تاماشىچىلارنىڭ پەيزى ئۇچقان بولاتتى، شۇ چاغدا ھەتتا سېھىرگەرلىكنىڭ چىنلىقىمۇ يوقىلىپ كەتكەن بولاتتى.

مەن «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نى كۆرسەم كۆرمەنكى، يېڭى نەشر قىلىنغان «لىن دەييۇنىڭ كۇندىلىك خاتىرىسى»[48] نى كۆرۈشنى خالىمايمەن، ئۇنىڭ ھەر ۋارىقى مېنى بىرھازاغىچە بىئارام قىلىۋېتىدۇ. «بەنچياۋنىڭ ئائىلە مەكتۇپلىرى»[49] نىمۇ ياخشى كۆرمەيمەن، ئۇنى ئوقۇغاندىن كۆرە، ئۇنى «ھۆكمەت» لىرىنى ئوقۇغان ياخشى. ئۇنىڭ «ئائىلە مەكتۇپلىرى» دەپ سەرلەۋھە قويغانلىقى ماڭا ياقمايدۇ. ئۇنداق بولسا، نېمىشقا نۇرغۇن ئادەملەر ئوقۇسۇن دەپ بېسىپ چىقىرىدۇ؟ بۇنىڭدا مۇغەمبەرلىك يوق ئەمەس. دەرگۇمان كۆپىنچە جالىق ئارىسىدىكى جىڭلىقتىن ئەمەس، جىڭلىق ئارىسىدىكى جالىقتىن كېلىدۇ. كۇندىلىك خاتىرە ئۇسلۇبىدىكى ئەسەر، سالام خەت ئۇسلۇبىدىكى ئەسەر يازماققا كۆپ ئاسان بولسا كېرەك، لېكىن ئۇلاردىن ئاسانلا دەرگۇمان پەيدا بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق دەرگۇمان پەيدا بولۇپلا قالىدىكەن، كۆپىنچە ناھايىتى قاتتىق بولىدۇ، چۈنكى ئۇ دەسلەپتە جىڭ قىياپەتكە كىرىۋالغان.

يېقىندىن بۇيان «يۈمەنتاڭ ھۇجرىسى خاتىرىلىرى»[50] ناھايىتى مودا بولۇپ قالدى. لېكىن مەن ھەر قېتىم ئوقۇغىنىمدا،





ئۇ مېنى ناھايىتى بىئارام قىلغاندەك تۇيۇلىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ بىرىنچىدىن، پادىشاھئالەمنىڭ ھۆكۈملىرىنى كۆچۈرگەن، ئېھتىمال، كۇنلەرنىڭ بىرىدە «پادىشاھىمنىڭ نەزىرى» چۈشۈپ قالمىسۇن دەپ، خې چياۋ[51] رىۋايەتلىرىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بولسا كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئۆچۈرۈلگەن يەرلىرى كۆپ. يېزىپ بولغاندىن كېيىن ئۆچۈرگەنلىكىگە قارىغاندا، يېزىشنى لازىم تاپمىغان سۆزلىرى كۆپ بولسا كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ئۆزىچە مۇكەممەل بىر ئەسەر بولۇپ قالدى دەپ ئويلاپ، ئالدىراپلا باشقىلارغا ئوقۇشقا، كۆچۈرۈۋېلىشقا بەرگەن. مېنىڭچە، ئۇنىڭدىن لى سىمىڭنىڭ قەلبىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، ئەكسىچە بەزى سۇنئىيلىك كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ؛ گويا ئۇنىڭغا ئالدىنىپ قالغاندەك بىر ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم. بىرەر ھېكايىنى ئوقۇغان بولسام، ئۇ ھېكايە ناھايىتى بىمەنە، چاكىنا، نامۇۋاپىق بولسىمۇ، لېكىن ھېچقاچان بۇنداق ھېسسىياتقا كەلمىگەنىدىم.

ئاڭلىشىمچە، كېيىنكى كۇنلەردە خۇ شى ئەپەندىمۇ كۇندىلىك خاتىرە يازىدىغان بوپتۇ، باشقىلارغىمۇ كۆرسىتىپتۇ. ئەدەبىياتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى نەزەرىيىسى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئۇنىڭ يازغانلىرى كۆپ بولسا كېرەك، ئۇنىڭ پاتراق نەشر قىلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

لېكىن، مەن ئويلايمەنكى، نەسرىي ئەسەرلەر ژانىرى بويىچە ئەمەلىيەتتە خېلى ئەركىن يېزىش مۇمكىن؛ ئۇنىڭدا بىرەر قۇسۇر كۆرۈنۈپ قالسىمۇ ھېچ گەپ يوق. ياسىمىلىق بىلەن يېزىلغان سالام خەت ۋە كۇندىلىك خاتىرىلەرمۇ قۇسۇرلاردىن خالىي بولالمىسا كېرەك، مۇبادا ئۇلاردىن قۇسۇر چىقىپ قالىدىكەن، ئۇ ئوڭشىۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ۋەيران بولىدۇ. قۇسۇرنىڭ ئالدىنى ئالىمەن دېگۈچە، ئۇنى نەزەردىن ساقىت قىل.

# قوڭغۇراق بىناسىدا[52]

## — تۈن خاتىرىلىرى — 2

مەن شىيامېندىكى چاغدا بەي شېڭ[53] گۇاڭجۇدىن كېلىپ، ماڭا ئەي ئېر[54] ئەپەندىنىڭمۇ شۇ يەردە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. ئۇ ئېھتىمال يېڭىدىن ھاياتلىق يولى ئىزدەشنىڭ كويىغا كىرگەن بولسا كېرەك. ئۇ ھەيئەت ئەزاسى K[55] گە ئۇزۇن بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېلەچەكتىكى ئارزۇسىنى ئىزھارلاپتۇ.

— ئەي ئېر دەيدىغان بىرىنى بىلەمسىز؟ — دەپتۇ ھەيئەت ئەزاسى K بىر كۈنى بەي شېڭغا، — ئۇ ماڭا بىر پارچە ئۇزۇن خەت يازغانىكەن، ئوقۇپ بولالمىدىم. راستىنى ئېيتسام، ئەدەبىياتچى مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇزۇن خەت يازغىنىغا قارىغاندا، ئەكسىلئىنقىلابچى ئوخشايدۇ!

يەنە بىر كۈنى، بەي شېڭ بۇ گەپنى ئەي ئېرگە ئېيتىپتۇ. ئەي ئېر:

— نېمە··· نېمە؟ نېمىشقا مېنى ئەكسىلـئىنـقىـلابچى دەيدىكەن؟! — دەپ چىچاڭشىپ كېتىپتۇ.

شىيامېندا كۈز ئاخىرلاشقان بولسىمۇ ھاۋا تېخى ئىللىق ئىدى، داللاردا ياۋا ئانار چېچەكلىگەن؛ بىنا تۈۋىدە سېرىق گۈل — ئىسمىنى بىلمەيدىكەنمەن — ئېچىلىپ تۇرغان. مەن گرانىت تاش بىلەن قوپۇرۇلغان قورۇ تامىنىڭ ئىچىدىكى بىنانىڭ ھۇجرىسىدا بۇ قىسقىغىنا ھېكايىنى ئاڭلاپ قالدىم. ھەيئەت ئەزاسى





K نىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن چىرايى، ئەي ئېرنىڭ شوخلۇقىدىن غەمكىنلىكى چىقىپ تۇرغان ياش چىرايى تەڭلا كۆز ئالدىمغا پەيدا بولدى؛ ھەيئەت ئەزاسى K نىڭ تۈرۈلگەن قوشۇمىسى ئالدىدا خۇددى ئەي ئېر چىچاڭشىۋاتقاندەك بولۇپ كۆرۈندى ـ دە، دېرىزىنىڭ يوچۇقىدىن يىراققا نەزەر سېلىۋېتىپ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتىم.

لېكىن، شۇ زامان يەنە مەشھۇر روسىيە شائىرى — «ئون ئىككى» نىڭ ئاپتورى ئا. ئا. بلوكنىڭ[56] : «كوممۇنىستلار شېئىر يېزىشقا توسقۇنلۇق قىلمايدۇ، بىراق شېئىر يېزىش مەندەك كاتتا يازغۇچىغا خاس ئىش دەپ ئۇنىڭغا دەخلى قىلماي قالمايدۇ. كاتتا يازغۇچى ئۆزىنىڭ بارلىق ئىجادىيەتلىرىنىڭ يادروسىدا ئۆزىگە خاس قانۇنىيەت بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ» دېگەن سۆزىمۇ ئېسىمگە كەلدى.

كوممۇنىستلار بىلەن شېئىر، ئىنقىلاب بىلەن ئۇزۇن يېزىلغان خەت راستتىنلا مۇشۇنداق سىغىشالمايدىغان بولامدۇ، دەپ ئويلاندىم.

مېنىڭ شۇ چاغدا ئويلىغانلىرىم يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت. ئەمدى يەنە بۇنىڭغا بىرنەچچە ئېغىز بايان قىستۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئويلىدىم:

مېنىڭ ئىسلاھات بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىغىشالمايدۇ، دېگەنلىكىم شۇ چاغدىكى گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتىنى كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى ياكى ئۇنىڭ ھەيئەت ئەزالىرىنى كوممۇنىست دەپ ساماننىڭ تېگىدىن سۇ قويغانلىقىم ئەمەس. مېنىڭ بۇ ئىشلاردىن قىلچە خەۋىرىم يوق ئىدى. پەقەت «ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان» لاردىن بىرقانچىسىنىڭ داد ـ پەرياد ئوقۇغانلىقىنى ياكى ناھەق ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن دەرد تۆكۈپ، شىكايەت قىلغانلىقىنى مۇشۇ كەمگىچە ئاڭلاپ كەلگەنلىكىمدىن قارىغاندا، ئۇلار چوقۇم جىڭ كوممۇنىستلاردىن بول-

سا كېرەك، دەپ ئويلايمەن. يەنە بەزىلەرنى ئالساق، ئۇلار بىر مەھەل بىرلا تەرەپتىن شۇنداق ئاتاقتا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن كېيىن ئىككى تەرەپ يۈز كۆرۈشۈپ قەدەھ كۆتۈرۈپ ئەپلىشىپ قالىدىكەن، بۇنىڭغا قاراپ، ئۇلار ئىلگىرى بىر - بىرىنى چۈشىنىشمەپتىكەن، ئەمەلىيەتتە ئۆزئارا ھەمكارلىشالايدىغانلار ئىكەن، دەپ چۈشىنىدىغان بولدۇم.

زۆرۈرىيەت تۈگىدى، ئەمدى خاتىرجەم ئەسلىي تېمىغا قايتاي. ئەي ئېر ئەپەندىنىڭ گېپىگە ئۆتسەم، يېقىندا ئۇ ماڭىمۇ بىر پارچە خەت ئەۋەتىپتۇ. خېتىدە خىزمەت تېپىلغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. خەت ئانچە ئۇزۇن يېزىلمىغان. ئېھتىمال يەنە «ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن ناھەقچىلىكنىڭ دەردى تېخى چىقىپ كەتمىگەن بولسا كېرەك. لېكىن، يەنە غودۇڭشىپ قويۇپتۇ: بىرىنچىدىن، ئۇنى ئېشى بار قازاننىڭ تۈۋىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتىكەن، زېرىكىپ ھالى قالماپتۇ؛ ئىككىنچىدىن، بىر كۈنى رويال چېلىپ ئولتۇرسا، زادىلا تونۇمايدىغان بىر خېنىم ئۇنىڭغا بىر بولاق پېچىنە يەتكۈزۈپ بېرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ خۇدۇكلىنىپ، شىمالنىڭ قىزلىرى بەك ئۆلەرمەن، جەنۇبنىڭ قىزلىرى بەك شوخ ئىكەن دەپ، ئىختىيارسىزلا «ھەسرەت - نادامەت ئەيلەپتۇ».

كۈز كۈنلىرىدىكى پاشا - كۇمۇتىلار ماڭا قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا يازغان جاۋاب خېتىمدە «بىرىنچى» مەسىلىگە جاۋاب بەرمىدىم. ئېشى بار قازاننىڭ ئالدىدا ئەمەس چاغدا زېرىكسە، ئازابلانسا، ئۇ ئەقىلگە سىغىدۇ؛ مانا ئەمدى ئېشى بار قازانغا ئېرىشىۋېلىپمۇ يەنە زېرىكسە، بۇ ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئىنقىلاب قىزغىنلىقىنىڭ ئۆرلەپ قالغانلىقى. راستىنى ئېيتقاندا، يىراقتىكى جايلاردا ئىنقىلاب بولۇۋېتىپتۇ، تونۇشمايدىغانلار ئىنقىلاب قىلىۋېتىپتۇ دېيىلسە، مەن بۇنى ئاڭلاشقا ھەقىقەتەن زوقمەن. بىراق، ئامال يوق، راستىنى ئېيتىپ تۈگەشەيچۇ — ناۋادا يېنىمدا





ئىنقىلاب كۆتۈرۈلۈپ قالسا ياكى ماڭا تونۇشلۇقلار ئىنقىلاب قىلىپ قويسا، ئۇلارنى ئاڭلاشقا مۇنچىۋالا زوقۇم كەلمەيدۇ؛ بەزىلەر مېنى جان تىكىپ ئىنقىلاب قىلىشى لازىم دەپتۇ، بۇنى توغرا تاپماسلىققا ئەلۋەتتە ھەددىم ئەمەس. ئەگەر مېنى شۈك ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، بىر ئىستاكان قايماق كونسېرۋاسى سۈتلەپ بېرىدىغان بولسا، مەن ئۇنىڭدىن تېخىمۇ مىننەتدار بولاتتىم. لېكىن، سەن ئۇنى - بۇنى قويۇپ قازاندىن ئاش ئۇسۇپ ئىچىۋەرگىن دېسە، ئۇ قاملاشمىغىنى. ھالبۇكى، ئەي ئېرنى قازان بېشىدىن يىراق كېتىپ جان تىككىن دەي دېسەم، بۇ گەپنى ئاغزىمدىن چىقىرالمىدىم، چۈنكى ئەي ئېر مېنىڭ كونا تونۇشۇم. شۇڭا، ئەۋلىيالاردىن مىراس قالغان قەدىمىي ئۇسۇل بىلەن ھېچنېمە بىلمەس بولۇۋېلىپ، ئۇ ھەقتە بىرنەرسە دېمىدىم. پەقەت ئىككىنچى مەسىلە توغرىسىدا قاتتىق نەسىھەت قىلدىم. ئومۇمەن: ئۇنىڭ «ئۆلەرمەن» لىكىنىمۇ، «شوخ» لۇقىنىمۇ ياقتۇرمىغاندىكىن، ئاياللارنىڭ ئۆلەر - ئۆلمەس ھالەتتە تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىكەنسەن، بۇنداق تەشەببۇسىڭ زادىلا توغرا ئەمەس، دېدىم.

ئالاھازەل بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، مەن ئەي ئېرنىڭكىگە ئوخشاش خىيال بىلەن گۇاڭجۇغا كەلدىم، كېلىپ قازان بېشىدا ئولتۇرغان ۋاقتىمدا، ئۇ ئاللىبۇرۇن ئۇ يەردىن كېتىپ قالغانىكەن. بەلكىم مېنىڭ خېتىم تەگمىگەن بولسا كېرەك.

مەن جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ ئېگىز ئىمارەتتە ئولتۇردۇم. ئۇ ئىمارەت ئادەتتە «چوڭ قوڭغۇراق بىناسى» دېيىلەتتى. بۇ يەرنىڭ ئەڭ ئېسىل جاي بولۇپ، «مۇدىر» قاتارىدىكىلەردىن ئۆزگىسىنى ئولتۇرغۇزمايدىغانلىقىنى بىر ئايدىن كېيىن شاپاق دوپپا كىيگەن بىر كاتىپنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىدىم. لېكىن، مەن كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن، بىر لاۋازىمەتچىنىڭ

كىرىپ ئولتۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران بولدۇم. بىراق، ئۇ يەردە مەن ئولتۇرغان چاغدا، ئۇ يەر ھەرھالدا مۇدىر قاتارىدا بولمىغانلارنىڭ ئولتۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىنمايدىغان ماكان بولۇپ تۇرغاندى. شۇڭا، تاكى لاۋازىمەتچىنىڭ كۆچۈپ كىرگەنلىكىنى بىلگەن كۈنگە قەدەر ھەم مىننەتدار، ھەم خىجالەت بولۇپ كەلدىم.

لېكىن، بۇ ئېسىل ئۆي راھىتى يوق ماكان بولۇپ، ھېچ دېمىگەندىمۇ، كىشىنى تۇزۇك ئۇخلاتقۇزمايدىغان كەمچىلىكى بار ئىكەن. كەچ كىرىشى بىلەنلا 10 نەچچىلىگەن، بەلكىم 20 نەچچىلىگەن، ئېنىق سانىنى بىلەلمىدىم — چاشقان پەيدا بولۇپ، مەردپەت سەيناسىدا ھەممىدىن بىنەزەر چېپىشىپ يۈرەتتى، يېيەلەيدىغانلىكى نەرسىنى يەيتتى، بەلكى قۇتىلارنىڭ ئاغزىنىمۇ ئېچىۋېتەتتى. مۇدىر قاتارىغا كىرمەيدىغانلارنىڭ ئولتۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىنمايدىغان بۇ بىنادىكى چاشقانلارمۇ گويا زىيرەكلىكتە ئۆتۈپ كەتكەنىدى، مەن بۇنداق چاشقانلارنى باشقا جايدا ئۇچراتمىدىم. تاڭ ۋاقتى بولغاندا، «مەكتەپ ئىشچىلىرى» ئۈنلۈك ناخشا — مەن چۈشىنەلمەيدىغان ناخشىلارنى — ئېيتىشاتتى.

كۈندۈز كۈنلىرى زىيارەت قىلىشقا كېلىدىغان مۇشۇ ئۆلكىنىڭ ياشلىرى ئومۇمەن ناھايىتى ياخشى نىيەتتە ئىدى. ئۇلاردىن ئىسلاھاتقا قىزىقىدىغان بىرنەچچەيلەن گۇاڭجۇنىڭ كەمچىلىكىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىشىمنىمۇ ئۈمىد قىلاتتى، ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقى ۋە سەمىمىيلىكى مېنى ناھايىتى تەسىرلەندۈرەتتى. لېكىن، مەن بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلمەيمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە ئىنقىلابمۇ بولدى، ھۇجۇم قىلغۇدەك يېرى يوقتەك تۇرىدۇ دەپ، ئۇلارنى سىلىققىنا يولغا سالاتتىم. بۇنداق قىلغانلىقىمدىن ئۇلار ھەقىقەتەن تولىمۇ ئۈمىدسىزلىنەتتى. بىرقانچە كۈن ئۆتتۈۋىدى، شى يى[57] ئەپەندى «يېڭى دەۋر» دە مۇنداق يېزىپتۇ:





«ئارىمىزدىن بىرنەچچەيلەن ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى زادى توغرا تاپمىدى، بىز تېخى ئۆزىمىزنىڭ تىل - ئاھانەت ئاڭلاشقا تېگىشلىك نۇرغۇن يېرىمىز بار، دەپ ھېسابلايمىز. شۇ تاپتا ئۆزىمىزنى تىللىغۇمىز كېلىپلا تۇرىدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق بىزنىڭ كەمچىلىكىمىزنى لۇشۈن ئەپەندىم سىزمەي قالارمۇ؟»

ئەمەلىيەتتە بولسا، سۆزۈمنىڭ يېرىمى راست ئىدى. مېنىڭ گۇاڭجۇنى قانداقمۇ چۈشەنگۈم ۋە تەنقىدلىگۈم كەلمىسۇن؟ ئۇلار مەردلىك قىلىپ مېنى بۇ قوڭغۇراق بىناسىدا بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ كەلدى. شۇنىڭدىن بۇيان، مەكتەپ ئىشچىلىرى مېنى پروفېسسور دەيدۇ، ئوقۇغۇچىلار مېنى ئۇستاز دەيدۇ، گۇاڭجۇلۇقلار بولسا، مېنى «پالاندى» دەيدۇ. چوڭ بىنادا تېرىغان تىكەندەك يالغۇز بولغاچقا، گۇاڭجۇنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا مۇمكىن بولمىغانىدى. تىلمۇ ئەڭ چوڭ توسالغۇ بولۇپ قالغانىدى، تاكى مەن گۇاڭجۇدىن ئايرىلغان ۋاقىتقا قەدەر، مەن چۈشىنەلەيدىغان سۆزلەر بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت… دېگەن سانلاردىن باشقا، پەقەت «پالاندى» بولغانلىكى ئادەم پەۋقۇلئاددە ئاڭلانغانلىقى ئۈچۈن ئېسىدە قالدۇرىدىغان Hanbaran (ھەننىۋاسى) دېگەن سۆز ھەمدە يات يۇرتنىڭ تىلىنى ئۆگەنگۈچىلەر ئاسانلا ئۆگىنىپ ئېسىدە تۇتۇۋالىدىغان، Tiu — an — ma (ھۇ ئاناڭنى) دېگەن ھاقارەت تىلى بولدى، خالاس.

بۇ ئىككى جۈملە سۆز بەزىدە كارغا يارايمۇ قالدى. مەن بەييۈنلۇ (ئاق بۇلۇت) كوچىسىدىكى تۇرالغۇمغا كۆچۈپ بارغان ۋاقىتلار ئىدى. بىر كۈنى كۆزەتچى ساقچى لامپۇچكا ئوغرىلىغان بىر ئوغرىنى تۇتۇۋالدى، ئۆيدىن خەۋەر ئالغۇچى چېن ئاقساقال ھېلىقى ئوغرىنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ، بىر ياقتىن تىللاپ، بىر

ياقتىن ئۇردى. ئۇنىڭ تىللىغان سۆزلىرىدىن مەن ئاران شۇ ئىككى ئېغىز سۆزنىلا ئاڭقىرالىدىم، لېكىن پۈتۈنلەي ھەممە سۆزنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. كۆڭلۈمدە: «ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى، ئېھتىمال، ئۆيىنىڭ سىرتىدىكى لامپوچكىلارنى Hanbaran (پۈتۈنلەي) دېگۈدەك ئوغرىلاپ كەتكەنلىكىنىڭ ئۈچۈن Tiu—na—ma غا قالدىڭ، دېگەن گەپ بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن چوڭ بىر مەسىلىنى ھەل قىلىۋالغاندەك، شۇئان كۆڭلۈمنى تىندۇرۇپ ئولتۇردۇم ۋە يەنە «تاڭ ـ سۇڭ زامانلىرىدىكى رىۋايەتلەر توپلىمى» نى تۈزۈشكە كىرىشىپ كەتتىم.

لېكىن، زادى راست شۇنداق بولغان ـ بولمىغانلىقىنى بىلمەيمەن. بۇ توغرۇلۇق ئۆز ئالدىغا قىياس قىلسام بۇنىڭ دەخلىسى بولمايدۇ، ئەگەر بۇنىڭغا ئېسىلىۋېلىپ، گۇاڭجۇ ھەققىدە بىر ـ نېمىلەرنى دەپ قويسام، تولىمۇ قارامىلىق بولۇپ قالار.

لېكىن، مۇشۇ ئىككى ئېغىز سۆز ئۇستازىم تەييەن جانابلىرىنىڭ[58] خاتالاشقان يېرىنى سىزىۋېلىشىمغا زامىن بولدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، تەييەن جانابلىرى ياپونىيىدە بىزگە يېزىقشۇناسلىقتىن لېكسىيە بەرگەندە: «تاغ ـ دەريالار دەستۇرى» دە «ئۇنىڭ ئارىلى قۇيرۇقى تەرەپتە» ( 其州在尾上 ) دېگەن گەپ بار، بۇ گەپتىكى « 州 » (جۇ — ئارال) دېگەن سۆز ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسىدىن ئىبارەت؛ بۇ قەدىمكى سۆز گۇاڭدۇڭدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ، Tiu دەپ ئوقۇلۇپ كەلمەكتە، شۇڭا Tiuhei دېگەن سۆزنى « 州戏 » دەپ يېزىپ، ئىسمىنى ئالدىغا، پېئىلنى كەينىگە ئىشلىتىشقا توغرا كېلىدۇ، دېگەنىدى. كېيىنكى چاغلاردا، تەييەن جانابلىرىنىڭ بۇ سۆزىنى «يېڭى مەھەللى شېۋىلەر» گە كىرگۈزگەن ـ كىرگۈزمىگەنلىكى ئېسىمدە يوق، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە قاراپ باققۇدەك بولسام، « 州 » سۆزى ئىسىم ئەمەس، پېئىل ئىكەن.

ھۇجۇم قىلغۇدەك يېرى يوقتەك تۇرىدۇ، دېگەن سۆزۈمگە





كەلسەم، ئۇ ھەقىقەتەن يالغان ئېيتقانلىقىم. ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ شۇ چاغدا گۇاڭجۇغا مۇھەببىتىممۇ، نەپرىتىممۇ بولمىغانىدى، شۇڭلاشقا خۇرسەنلىكىممۇ، غەمكىنلىكىممۇ، مەدھىيەممۇ، نەپرىتىممۇ يوق ئىدى. مەن گۇاڭجۇغا شېرىن خىياللار بىلەن بارغانىدىم، ئەمەلىيەت شېرىن چۈشلىرىمنى بۇزۇۋەتتى، مەندە ئۇنىڭ ئازغىنە ئىزناسىلا قالدى. مېنىڭچە، گۇاڭجۇ ھەرقاچان جۇڭگونىڭ بىر قىسمى، ئۇ يەرنىڭ ئاجايىپ گۈل ـ چېچەكلىرى، مېۋە ـ چېۋىلىرى ۋە پەۋقۇلئاددە تىل تەلەپپۇزى ياقا يۇرتلۇق ئادەملەرنىڭ كۆز ـ قۇلاقلىرىنى ئىلەشتۇرۇۋېتەلىسىمۇ، لېكىن مەن بېسىپ ئۆتكەن باشقا يەرلەردىن ئانچە بەك پەرقلەنمەيدۇ. ئەگەر جۇڭگو خەرىتىسى غەيرىي بىر ئالەمدە قىلىپ سىزىلغان تەقدىردىمۇ، ئۆلكىلەرگە ئايرىپ كەلگەندە ئۇلارنىڭ شەكلى بىر ـ بىرىدىن تولا پەرقلەنمەيدۇ، پەقەت رەڭلىرىدىلا پەرقى بار. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى بىرقانچە ئۆلكە سېرىق ۋە كۆل رەڭ؛ جېجياڭ سۇس قارا ۋە سۇس يېشىل؛ شيامېن ئاچ قىزىل ۋە كۆل رەڭ؛ گۇاڭجۇ بولسا توق يېشىل ۋە توق قىزىل. شۇ كەملەردە مەن ئۇ يەرلەردە راستتىنلا سەيلە قىلىپ يۈرمىگەچكە، مەخسۇسلا يەسمەنگۈل بىلەن بانانغا ئاتاپ ئالاھىدە تىل ـ ھاقارەت ياغدۇرىدىغان ئىبارىلەرنىمۇ چىقارغىنىم يوق، بۇ بەلكىم كېيىنكى چاغلاردا ھېس قىلغانلىرىم بولسا كېرەك، ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ تۇيغۇم شۇ چاغلاردا تېخى ئۇ قەدەر روشەنلىشىپ كەتمىگەنىدى.

كېيىن بىرئاز ئۆزگەرتتىم، يۈرىكىمنى تومىلاپ تۇرۇپ ئانچە ـ مۇنچە سۆكىدىغان بولۇپ قالدىم. لېكىن ئۇ نېمىگە دال بولسۇن؟! بىر سورۇندا نۇتۇق سۆزلىگىنىمدە، گۇاڭجۇ خەلقىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى يوق، شۇڭلاشقا بۇ يەرنى «ئىنقىلابنىڭ ئۇچىقى» قىلىشقا بولىدۇ، ئەكسىلئىنقىلابنىڭ ئۇچىقى قىلىشقىمۇ بولىدۇ… دېگەنىدىم، گۇاڭدۇڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندا، مۇشۇ

بىرنەچچە ئېغىز سۆزۈم چىقىرىۋېتىلگەندەك تۇيۇلدى. بىر مەجمۇئەگە ماقالە[59] يېزىپ بەرگىنىمدە: 12 شوئار بەلگىلىك بايراقنى يىراقلارغا قادىغاندا، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار جەزمەن كۆپىيىدۇ، لېكىن ماخايانا[60] دىنىدىكى ئەھۋالغا ئوخشاش، ئۆي ئىچىدە ئىستىقامەت قىلغۇچىلارمۇ بۇددساتۋالار قاتارىغا كىرگەندە، ئەمرىمەرۇپلىرى تامامەن يوققا چىقىدۇ، بۇنىڭدىن ماخايانا دىنىنىڭ گۈللەنگەنلىكى ياكى خارابلاشقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ... دېگەنىدىم. دېمەك، مېنىڭ بۇنداق يازغان ماقالەم بەرىبىر بېسىلمىغاچقا، نەلەرگە كەتكەنلىكىنى بىلمىدىم...

گۇاڭدۇڭنىڭ گۈل - چېچەك، مېۋە - چېۋىلىرى «پالاندى»لارنىڭ كۆزىگە ھامان ئاجايىپ كۆرۈنۈشى تەبىئىي. مەن «توقاچ شاپتۇل»نى ياخشى كۆرەتتىم، ئۇ ھەم سىلىق، ھەم چۈرۈك، چۈچۈمەل ھەم تاتلىق. ئۇنىڭ بىلەن ياسالغان كونسېرۋادا ئۇنىڭ ئەسلىدىكى تەمى قالمايدۇ. شەنتۇدا شۇنداق شاپتۇلنىڭ چوڭراق بىر خىلى بار، ئۇنىڭ يېگۈچىلىكى يوق. مەن توقاچ شاپتۇلنىڭ خاسىيىتىنى تەشۋىق قىلىپلا يۈردۈم، ئۇنى يېگەنلەرمۇ ماختاشماقتا، مېنىڭ شۇ بىر يىل ئىچىدىكى مەشھۇر نەتىجەم ئەنە شۇ بولدى.

مەن قوڭغۇراق بىناسىغا بېرىپ بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن «ئىلىم مۇدىرى» دېگەن قەغەز تاجىنى[61] كىيدىم. شۇ ۋاقىت ئالدىراش مەزگىل بولدى. مەكتەپنىڭ چوڭ ئىشلىرى، باشقا مەكتەپلەرنىڭكىگە ئوخشاش، ئىمتىھان بەرمەي قالغانلاردىن ئىمتىھان ئېلىش ۋە دەرس باشلاشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن باشنى لىڭشىتىپ ئولتۇرۇپ مەجلىس ئېچىش، دەرسكە ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇقتۇرۇش تارقىتىش، ئىمتىھان سوئاللىرىنى يوشۇرۇش، ئىمتىھان قەغەزلىرىنى تەقسىم قىلىش... ئاندىن يەنە مەجلىس ئېچىپ مۇزاكىرە قىلىش، ئىمتىھان نومۇرلىرىنى ھېساب-





لاش، باڭ چىقىرىش ئىشلىرى بىلەن بەند بولدۇق. كەچقۇرۇن سائەت بەشتىن كېيىن مەكتەپ ئىشچىلىرى ئىشلىمەيدىغان قائىدە بار ئىكەن، شۇڭا لاۋازىمەتچىدىن بىرەيلەن دەرۋازىۋەننى ئۆزىگە ياردەملەشتۈرۈپ، ئىككى غۇلاچتىن ئۇزۇن باڭ قەغىزىنى كېچىلەپ چاپلىدى. لېكىن، ئەتىسى ئەتىگەندىلا بەزىلەر ئۇنى يىرتىپ تاشلىۋېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن يەنە يازغىلى ئولتۇردۇق. شۇنداق قىلىپ مۇنازىرە قوزغالدى: نومۇرنى ئاز قويۇش، كۆپ قويۇش مۇنازىرىسى؛ ئىمتىھاندىن ئۆتۈش - ئۆتەلمەسلىك مۇنازىرىسى؛ ئوقۇتقۇچىلاردا شەخسىي غەرەز بار - يوقلۇقى مۇنازىرىسى بولدى؛ ئىنقىلابىي ياشلارغا ئېتىبار بېرىش - بەرمەسلىك، ئېتىبار بېرىش دەرىجىسى مۇنازىرىسى بولدى؛ بەزىلەر بۇنىڭغا ئېتىبار بېرىش كېرەك دېسە، يەنە بەزىلەر بەرمەسلىك كېرەك دېيىشتى؛ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلەرنى يۆلەش ھەققىدە مەن ھوقۇق مەندە ئەمەس دېسەم، بەزىلەر سەندە دەيدۇ؛ ئامالىم يوق دېسەم، ئامالىڭ بار دەيدۇ؛ ئىمتىھان سوئاللىرىنىڭ ئاسانراق ياكى تەسرەكلىكى توغرىسىدا، مەن تەس سوئال چىقىرىلمىدى دېسەم، بەزىلەر بەك تەس دەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە، بەزىلەر جەددى - جەمەتى تەيۋەندە بولغاچقا، ئۆزىنىمۇ تەيۋەنلىك ھېسابلاپ، «ئېزىلگۈچى مىللەتلەر»گە خاس ئىمتىيازغا ئىگە بولۇش - بولماسلىق مۇنازىرىسى بولدى؛ يەنە، بەزىلەرنىڭ ئىسمى باڭغا چىقمىغان، شۇڭا باشقىلارنىڭ ئىسمىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدۇ، دەيدىغان گەپ يوق دېگەندەك سەپسەتىلەر مۇنازىرىسىمۇ بولدى... كۈنىمىز مانا شۇ پەيدە ئۆتەتتى. ھەر كېچىسى 10 نەچچە ياكى 20 دەك چاشقان ئۆيدە چېپىشاتتى، ئەتىگىنى بولسا ئۈچ نەپەر مەكتەپ ئىشچىسىنىڭ جاراڭلىق ناخشا ساداسى ياڭرايتتى.

مانا ئەمدى شۇ چاغدا بولۇپ ئۆتكەن مۇنازىرىلەرنى ئويلاپ كەلسەم، كىشىلەر ئۆزىنىڭ چەكلىككىنە ھاياتى بىلەن ئەجەبمۇ

ئۈينىشىپتىكەن. لېكىن، شۇ كەملەردە مەندە ھېچقانداق ھەسرەت يوق ئىدى، پەقەت بىرلا ئىش ماڭا تولىمۇ باشقىچە تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالغان، يەنى ھېلىقى ئۇزۇن خەتكە بارا - بارا ئۆچ بولۇپ قالدىم.

شۇنداق ئۇزۇن يېزىلغان سالام خەتلەر پات - پات كېلىپ تۇراتتى، ئانچىمۇ غەلىتە تۇيۇلمايتتى، لېكىن كېيىنكى چاغلاردا خەتنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن بارا - بارا زېرىكىدىغان بولۇپ كەتتىم، بىرەر بېتىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ مەقسەت ئۇقۇلمىسا، ئۇنىڭدىن تويۇپ كېتىدىغان بولدۇم. بەزىدە يېنىمدا تونۇش - بىلىشلەر بولسا، خەتنى ئوقۇپ چىقىپ مۇھىم مەزمۇنىنى ماڭا ئۇقتۇرۇپ قويۇشىنى سورايدىغان بولدۇم.

«دۇرۇس، ئۇزۇن خەت يېزىشنىڭ ئۆزى ئەكسىلئىنقىلاب ئىكەن!» دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم.

شۇنداق چاغلاردا، خۇددى ھەيئەت ئەزاسى K نىڭكىگە ئوخشاش، مېنىڭمۇ قوشۇمام تۈرۈلگەنمۇ، تۈرۈلمىگەنمۇ، ئەينەككە قاراپ باقمىغانلىقىم ئۈچۈن بىلمىدىم. ئېسىمدە قالغىنى پەقەت شۇ نەرسىكى، شۇ چاغدا مەجلىس ۋە مۇنازىرە بىلەن ئۆتكۈزگەن ھاياتىمنى «ئىنقىلاب قىلغانلىقىم» دەپ ئېيتىش تەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۆزۈمگە ئوڭاي بولسۇن دەپ ئاۋۋالقى ھۆكۈمگە مۇنداق تۈزىتىش كىرگۈزگەندىم:

«ياق، ئەكسىلئىنقىلاب دېگەن گەپ بەك ئېغىر كېتەر، ئىنقىلاب قىلماسلىق، دېيىش كېرەك. شۇنداقتىمۇ بۇ گەپ يەنىلا بەك ئېغىر كېتىپ قالار. ئەمەلىيەتتە، ئۇزۇن خەت يېزىش قورسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپ، قىلغىلى ئىش تاپالمىغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.»

بەزىلەر، مەدەنىي ھەۋەس ئۈچۈنمۇ بوش - بىكار بولۇش كېرەك، دەيدۇ. قوڭغۇراق بىناسىدىكى تەجرىبەمدىن قارىغاندا،





بۇ گەپ ھەرھالدا راست بولۇشى مۇمكىن. بىكار تەلەپلەر ياراتقان مەدەنىيەتنىڭ بىكار تەلەپلەرگىلا باب كېلىشى تەبىئىي. يېقىندىن بۇيان بەزىلەر يەڭلىرىنى شىمايلاپ، ناھەقچىلىك ئۈچۈن ۋايداد دېمەكتە، بۇ قىلچىلىكمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەھۋال ئەمەس. ھەقىقەتتە، شۇ قوڭغۇراق بىناسىنى ئالساقمۇ، ئەجەب سىرلىق ياسالغاندكەن. لېكىن، 400 مىليون ئەر - ئايال قېرىنداش، مۇھاجىر قېرىنداش ۋە باشقا قېرىنداشلار ئارىسىدا «كۈن بويى قورسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپ، ھېچ ئىش بىلەن كارى بولمايدۇ» غانلار يوق ئەمەس. «توپلىشىپ ئولتۇرغان بولسىمۇ تېتىقسىز گەپلەر بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ» غانلار يوق ئەمەس. نېمىشقا قاملاشقانراق ئەدەبىيات - سەنئەت ياراتقىلى بولمايدىكەن؟ ئۇلار ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ دائىرىسى تار، يارىتىش ئاسانراق، دەيدۇ. بۇنىڭدىن مۇنداق يەكۈن چىقىرىشقىلا بولىدۇ: بوش - بىكار بولغان بىلەنمۇ ئەسەر يارىتىش ناتايىن؛ ئەسەر يارىتىش ئۈچۈن بوش - بىكار بولۇش شەرت. دېمەك، ئاچلىق - يالىڭاچلىق دەردىدە ۋايسايدىغانلارنىڭ ئاغزىدىن «گۈلدەك ھۆسنى، ئايدەك جامالى» دەيدىغان سۆزلەر چىقماسمىش؛ «جۇڭگودا ئەدەبىيات مۇنبىرىنىڭ ئۇلىنى بىرلا ئۆزى ئورناتقان»[62] لارغا مەدىكار مەخلۇقلارنىڭ قاراپمۇ كۆزى يەتمەسمىش.

مېنىڭچە، بۇ گەپ ماڭا خېلى باب كېلىدىكەن، چۈنكى ئۇزاقتىن بۇيان قەلەم تەۋرەتمىگەنلىكىم ئۆزۈمگە ئايان، لېكىن بۇ گۇناھنى ئۆزۈمنىڭ ئالدىراشلىقىغا ئارتىمەن.

شۇ چاغدا بولسا كېرەك، سۇڭ يۇنبىڭ[63] ئەپەندى يازغان «لۇشۈن ئەپەندى ئۆزىنى نەگە قاچۇرار» دېگەن بىر پارچە ماقالە يەنە «يېڭى دەۋر» دە ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىدە ماڭا مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرغان:

«ئۇ جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ

‹ چۇقان › كۆتۈرۈش جاسارىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەيلا قالماستىن،
بەلكى شىمالدىكى چېغىدا تۇرلۇك زۇلۇم ۋە ھەر خىل دەردلەرگە
ئۇچرىغاندىم، بۇ يەرگە كېلىپ زۇلۇم ۋە دەردلەرگە ئۇچرىمىدىم،
شۇڭا قىلغىلى گېپىم قالمىدى، دېگەندەك قىلىدۇ. ۋاھ! ئەجەبا!
لۇشۈن ئەپەندى رېئال جەمئىيەتتىن ھالقىپ ئۈينىڭ مۆڭگۈزىگە
مۆكۈنۈپتۇ. كونا جەمئىيەتنىڭ ئۆلۈم ئازابى، يېڭى جەمئىيەتنىڭ
تۇغۇت تولغىقى ئاز ـ تولا نەزىرىگە تاشلىنىپ تۇرسىمۇ، ئۇ كۆر-
مەسكە سېلىۋاتىدۇ! ئۇ ھاياتلىقنىڭ ئەينىكىنى يوشۇرۇپ قويۇپتۇ،
ئۆزىنى ئۆتمۈش دەۋرىگە قايتۇرۇپ كېتىپتۇ. ۋاھ! ئەجەبا! لۇ-
شۈن ئەپەندى ئۆزىنى قاچۇردى.»

لېكىن، مۇھەررىر ناھايىتى تەكەللۇپ بىلەن، يامان غەرەزدە
مەسخىرە قىلىپ يازغان ماقالە ئەمەس، ياخشى نىيەت بىلەن كۈت-
كەن ئۈمىدى ۋە بەرگەن تۈرتكىسى، دەپ ئىلاۋە بېرىپتۇ. بۇنى
ئوبدان چۈشىنىپ، قالتىس تەسىرلەنگەنلىكىمۇ ئېسىمدە بار.
شۇڭا، يۇقىرىقى ماقالىدە ئېيتىلغاندەك، چۇقان كۆتۈرمىگەن بول-
ساممۇ، لېكىن مۇنازىرىدە ۋە مەجلىستە بولغانلىقىمنى، بەزىدە بىر
كۈندە بىر ۋاخلا غىزالانغان، بەزىدە پەقەت بىرەر تاللا بىلىق يېگەن
بولساممۇ، جاسارىتىمدىن تېخى قېپقالمىغانلىقىمنى ئاز ـ پاز بىر
نەرسە يېزىپ بايان قىلاي دەپمۇ ئويلىغاندىم. «قوڭغۇراق بىناسى-
دا» نىڭ ئۆزى ئالدىن بەلگىلىگەن تېما ئىدى، لېكىن بىرىنچىدىن،
يەنىلا شۇ مۇنازىرىدە ۋە مەجلىستە بولغانلىقىم ئۈچۈن؛ ئىككىنچى-
دىن، ماقالىنىڭ بېشىدىلا رادىكىنىڭ[64] بىر ئېغىز سۆزىنى نەقىل
كەلتۈرگەنلىكىم ئۈچۈن؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئېيتىۋالغۇم كەلگەن
بىرمۇنچە چۇۋالچاق تەسىراتلار پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن ئاخىر،
يازماقتا يوق، بەلكى تاشلاپ قويدۇم. رادىكىنىڭ سۆزى مۇنداق:

«ئەڭ زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان دەۋردە ئەدەبى-
ياتچىلار قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرغۇچى بولماسلىقى لازىم!»





لېكىن رادىكىنىڭ سۆزى ئېسېنىن[65] بىلەن سوبولنىڭ[66]
ئۆلۈۋالغانلىقىغا قارىتىلغان سۆز ئىدى. ئۇنىڭ ماكانسىز سەنئەت-
چى»[67] دېگەن ماقالىسى تەرجىمە قىلىنىپ ژۇرنالغا بېسىلغاندا،
مېنى ۋاقىتلىق ئويغا چۆمۈلدۈرگەن. شۇنىڭدىن بىلدىمكى، ئومۇ-
مەن ئىنقىلابتىن بۇرۇنلا شېرىن خىيالغا ياكى غايىگە چۆمۈلگەن
شائىرنىڭ ئۆزى كۈيلەپ ئارزۇلىغان رېئاللىققا ئۇسۇۋېلىپ ئۆلۈپ
كېتىدىغانلىقى پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بولۇشى مۇمكىن؛ رېئال ئىن-
قىلاب شۇنداق شائىرنىڭ خام خىيالىنى ياكى غايىسىنى تارمار
قىلىۋەتمەيدىكەن، بۇنداق ئىنقىلاب بەرىبىر ئېلاندىكى قۇرۇق گەپ-
تىنلا ئىبارەت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئېسېنىن بىلەن سوبولنى
قاتتىق ئەيىبكە بۇيرۇشقا بولمايدۇ. ئۇلار ئىلگىرى ـ ئاخىر ئۆزىگە
مەرسىيە ئوقۇغان، ئۇلار راستچىللاردۇر. ئۇلار ئىنقىلابنىڭ ئىل-
گىرىلەۋاتقانلىقىنى ئۆزىنىڭ ھالاك بولغانلىقى بىلەن ئىسپاتلانغان.
ئاخىر ئۇلار قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغۇچىلار ئەمەس.

لېكىن، مەن دەسلەپ گۇاڭجۇغا بارغاندا، بەزىدە ھەقىقەتەنمۇ
ئۇ يەرنىڭ ئانچە ـ مۇنچە يورۇقلۇقىنى ھېس قىلاتتىم. ئالدىنقى
بىرقانچە يىلدا، شىمال تەرەپلەردە ئىنقىلابچىلارغا زۇلۇم قىلىنغاندە-
لىقىنى، ياشلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى پات ـ پات كۆرۈپ
قالاتتىم، گۇاڭجۇغا كېلىپ مۇنداق بولغانلىقىنى كۆرمىدىم. كې-
يىن، بۇنىڭ «ئەمرگە بىنائەن ئىنقىلاب قىلىش» ھادىسىلىرىدىنلا
ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن بولدۇم. شۇنداق بولسىمۇ ئۇخلاپ
كۆرگەن چۈشۈمدە راستتىنلا بىرئاز ھۇزۇرلاندىم. ئەگەر «قوڭغۇ-
راق بىناسىدا» نى بۇنىڭدىن بۇرۇنراق يازغان بولسام، مەزمۇنى
بەلكىم بۇنچىلىك بولالمىغان بولاتتى. بۇنى مانا ئەمدى يېزىۋاتى-
مەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئەكسىلئىنقىلابنى يوقىتىش» جەھەتتىكى
پاكىتلارنى كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، شۇ چاغدىكى تەسىراتلىرىمنىڭ
كەينىدىن زادىلا قوغلاپ يېتەلمىدىم. شۇڭا، مانا ئەمدى مۇشۇنداق
ئىزاھات يېزىلىپ قالدى.

# پروفېسسور گۇ جيېگاڭنىڭ «سوراقنى كۈتسىلە» دېگىنىگە ھەشقاللا(68)

— كەلگەن خەت

لۇشۈن ئەپەندى:

جانابلىرىنىڭ ئادرېسىنى بىلمىگەچكە، جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتى ئارقىلىق تەگسۇن دەپ ھېلى بىر پارچە زاكاز خەتنى سالغاندىم. كېيىن تەگمەي قالارمىكىن دەپ، جانابلىرىنىڭ تۇرالغۇلىرىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن شۇ خەتنى يەنە بىر نۇسخا كۆچۈردۈم ۋە كۆزدىن كەچۈرۈشلىرىگە سۇندۇم.

ئامانلىق تىلەپ:

ھۆرمەت بىلەن جيېگاڭ

16 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى

## كۆچۈرگەن خەت

لۇشۈن ئەپەندى:

مەن جانابلىرىنى نېمە توغرۇلۇق رەنجىتكىنىمنى بىلمەيمەن. جانابلىرى ماڭا شۇنچە قاتتىق ھۇجۇم قىلىدىغان بولۇپ قالدىلا، ۋاقتىدا تەلىملىرىنى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولالمىدىم، ئىلتىپاتلىرىنى ئېسىمدىن چىقارماسمەن. جانابلىرىنىڭ شى





يۇ ئەپەندىگە ئەۋەتكەن خەتلىرىنى ئالدىنقى كۈنى خەنكۇ «مەركەز گېزىتى قوشۇمچە سانى» دا كۆرۈپ، پىرقىگە، ۋەتەنگە خاس بۈيۈك ئادالەتنى ئەۋج ئالدۇرماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن، جانابلىرى ۋە باشقىلارنىڭ ماڭا قارشى تۇرغانلىقلىرىنى چۈشەندىم. مەن سادىر قىلغان جىنايى شۇملۇقلارنى يەر ـ جاھان زادىلا كۆتۈرمەسمىش، بۇنىڭغا ئىنتايىن ئالاقزادە بولماقتىمەن. دەرۋەقە، بۇنىڭدىكى ھەق ـ ناھەقنى قەلەم ۋە ئېغىز ئارقىلىق ئايدىڭلاشتۇرغىلى بولمىسا كېرەك، شۇڭا 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گۇاڭدۇڭغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئەرز قىلىپ، قانۇن ئارقىلىق ھەل قىلىشنى كۈتمەكچىمەن. ئەگەر مەندە ھەقىقەتەن ئىنقىلابقا قارشى پاكىت بولىدىكەن، ئۆلۈم جازاسى بېرىلسىمۇ رازىمەن، ئۇنداق بولمىغانىكەن، جانابلىرى ۋە باشقىلار قىلغان سۆزلىرىنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىلىرىگە ئېلىشلىرى لازىم. جانابلىرىنىڭ ۋە شى ئەپەندىنىڭ ھازىرچە گۇاڭدۇڭدىن كەتمەي، سوراقنىڭ باشلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشلىرىغا تولىمۇ ئىنتىزارمەن.

ئامان بولۇشلىرىنى سورايمەن. شى ئەپەندىگىمۇ سالام دېگەيلا.

جۇڭخۇا مىنگو 16 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى

## جاۋاب خەت

جيېگا ئەپەندى:

ئەۋەتكەن خەتلىرىنى ھۆرمەت بىلەن ئوقۇدۇم، قورققىنىمدىن ھەتتا ئايلىنىپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشكۈدەك بولدۇم. يېقىرنىڭ 8 ـ ئايلاردا گۇاڭجۇدىن جەزمەن كېتىدىغانلىقىمنى خاڭجۇدا ئاڭلاپ قالغان بولسىلا كېرەك، شۇڭا دەرھال ئۈستىلىق ئىشلىتىپ ئالدىمغا توقۇناق سوئال قويۇپلا. ئەمرلىرىنى ئادا قىلاي دېسەم،

ئىككى قولۇمنى بۇرنۇمغا تىقىپ، ئىجارىگە ياتاق ئالاتتىم، يەيدى-
غان ئاش - ئوزۇق سېتىۋالاتتىم دەپ يۇرسەم، تەمەچ تېرىپ كۈن
ئالسام بولىدىكەن؛ ئۆزلىرىنىڭ مەن بىلەن قېيىشىپ كېچىكىپ
كېلىپ، ئۇستۇمدىن ئەرز قىلىشلىرىنى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈپ
تۇرسام بولىدىكەن. ئەمرلىرىنى ئادا قىلماي دېسەم، مېنى گۇناھد-
دىن قورقۇپ تىكىۋەتتى دەپ ئەيىبكە بۇيرۇشلىرى مۇمكىن. بەل-
كىم يەنە ئادەتلىرى بويىچە بىر گەپنى 10 يەردە، 10 گەپنى 100
يەردە كۆتۈرۈپ يۈرەرلىمىكىن؟ لېكىن، مەن ئاللىبۇرۇن بىر
قارارغا كېلىپ قالغاندىم. 8 - ئايلاردا ماڭغىنىم ماڭغان، 9 -
ئايدا ئۆزۈمنى شاڭخەيدە كۆرىمەن. مەيلى جياڭسۇ، مەيلى جېجياڭ
بولسۇن، ھەممىسىگە پىرقە، دۆلەت ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، قانۇن-
مۇ گۇاڭدۇڭدىكىدىن باشقىچە ئەمەس. ئۆزلىرى ھازىر تۇرغان
ئورۇنلىرىدىن تېخى قوزغالماي تۇرۇپلا، ماڭا ئاتايىن خەت يېزىپ
سوراققا تارتىلىشىمنى كۈتۈپ تۇرۇشۇمنى دەۋەت قىلىشلىرى ھا-
جەتسىز. بۇنىڭدىن كۆرە، ئەڭ ياخشىسى، بىزگە يېقىن تۇرغان
جېجياڭدا ئەرزلىرىنى قىلىۋەرسىلە، پېقىر خاڭجۇغا بارغاندىن كې-
يىن تېگىشلىك جاۋابكارلىقنى ئۇستۇمگە ئېلىۋېرىمەن، كىتاب -
قەلىمىمنى گۆرۈ قويۇپ، ئىشتان - كۆڭلىكىمنى سېتىپ، تۇر-
مۇش خىراجىتى توشمايدىغان (خىراجەت كۆپ كېتىدىغان) گۇاڭ-
جۇدا ئولتۇرۇپ، بىرەر ئايلاردىن كېيىن قىلىنىدىغان ئەرزگە
قاراپ تۇرسام، بۇ، دۇنيادا ئۇچىغا چىققان كالۋالىق بولمامدۇ؟
«مەركەز گېزىتى قوشۇمچە سانى» نى كۆرگىنىم يوق، سىلىنىڭ
مەقسەتلىرىنى شيې[69] ئەپەندىگە يەتكۈزۈشكە چولام تەگمەيدۇ.
كەچۈرگەيلا، بۇنداق چۈپرەندە قورچاق بولماسلىق مۇمكىن بولىد-
كەن، قورچاق بولمايمەن، خالاس. ئۇنىڭدا باشقا سىر يوق، جاۋا-
بىم شۇ.

ئامان بولۇشلىرىنى سوراپ:
لۇشۈن





# غەيرىي خاتىرىدىن ئۈچ پارچە[70]

بۇگۈنكى كۈندىكى «ئالىيجانابلار» بىرەر ئىش ئۇستىدە توخ-
تالغاندا «مۇددىئا» نى تىلغا ئېلىشقا ئامراق. مۇددىئا سۈرۈشتۈر-
گەندە، بۇ ئۈچ پارچە ماقالىنى تونۇشتۇرسام، ئاق كۆڭۈل ئادەم-
لەرنىڭ رەنجىپ قالىدىغانلىقى ئۆزۈمگە مەلۇم. يول خىراجىتىم
تۈگەي دەپ قالدى، يېگۈلۈكنىڭ كەينىدىن قوغلاشمىسام بولماس.
8 - ئايلاردا گۇاڭجۇدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىمنى نۇرغۇن كىشى
بىلىپ بولغان، 7 - ئاي ئاخىرىدىلا ئاتالمىش «ئالىم» دىن كەلگەن
بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇۋالدىم، خەتتە مېنىڭ يازمىشىمنىڭ ئۇنى
رەنجىتكەنلىكىنى، «9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گۇاڭدۇڭغا قايتىپ
بارغاندىن كېيىن ئەرز قىلىپ قانۇن ئارقىلىق ھەل قىلىشنى
كۈتمەكچى» بولغانلىقىنى، شۇڭا مېنى «گۇاڭدۇڭدىن ھازىرچە
كەتمەي تۇرۇپ، سوراقنىڭ باشلىنىشىنى كۈتۈش» كە دەۋەت قىلى-
دىغانلىقىنى يېزىپتۇ. ئەيىبكار يات يۇرتتا ئاچ قورساق ھالدا
ئېھتىرام بىلەن ساقلاپ تۇرىدىكەن، ئۆزى بولسا، سىپايە ھالدا
سوراقنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئالدىرىماي كېلىدىكەن. نېمىدېگەن
مۇتتەھەملىك - ھە! ئەتىسى، فېي تيەنخۇنىڭ يامياۋ قىزغا يازغان
خېتىنى تۇيۇقسىزلا گېزىتتە كۆرۈپ قالدىم، خەتتە «خەنجەردىن
پەخەس بولۇڭ» دېگەن سۆزلەر بار ئىكەن. بۇ خەتنى كۆرۈپ نېمە
ئۈچۈندۇر ئۆزۈمچە كۈلۈپ سالدىم، باشقا ئىككى پارچە نەرسىمۇ
خىيالىمغا كېلىپ قالدى، بۇلارنى تونۇشتۇرغۇم كەلدى. يا نېرى
تۇرماي، يا بېرى تۇرماي، مۇشۇنداق چىپىلغاقلىق قىلىش خىيالىم

ئۆزۈمگىمۇ غەلىتە تۇيۇلماقتا، لېكىن بولغىنىچە بولۇۋەرسۇن، «سوراققا تارتىلغاندا» ھېساب بەرىبىر بوغۇلىدۇ.

مېنىڭ مۆلچەرلىشىمچە، بۇنداق ماقالىلەرنىڭ قىممىتى ئەدىب، ئالىملارنىڭ داڭلىق يازمىشلىرىدىن تۆۋەن ئەمەس. بۇنداق ماقالىدىن بۇرۇنمۇ توپلىغان، بەش - ئالتە پارچىسىنى قولۇمغا كىرگۈزگەنىدىم، كېيىن ئۈلگىلىك تۈرمىدىكى بىر مەھبۇسنىڭ بايانى بېيجىڭدا «ئاددىي پۇقرالار ھەپتىلىك سەھىپىسى»(71) گە بېسىلدى، قالغانلىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى مەن بېيجىڭدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بىلدىم. ھازىرمۇ يەنە توپلىسام دەيمەن. مۇبالىغە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىلدىكى ماقالىلەرمۇ ئىلىم ساھەسىدە كارغا ياراپ قالىدۇ. ئېسىمدە قېلىشىچە، Lombroso(72) نىڭ يازغان بىر پارچە كىتابى — «تالانت ۋە سەۋدايى» بولسا كېرەك، قولۇمدا كىتابى بولمىغاچقا پاكىت كۆرسىتەلمەيمەن، كىتابخانلارنىڭ كەچۈرۈشىنى سورايمەن — نىڭ ئاخىرىغا نۇرغۇن ساراڭلارنىڭ ئەسەرلىرى قوشۇپ قويۇلغان. لېكىن، ئۇنداق ئالتۇن خەتلىك ۋىۋىسكىلارنى ماڭا ئوخشاشلارنىڭ ئېسىلىۋېلىشى ھاجەتسىز.

ھازىرچە تەييار ئۈچ پارچىنى تونۇشتۇراي. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى شياڭگاڭ «دەۋر گېزىتى»(73) دىن توپلىدىم. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى نەزمىي ئەسەر ئەمەس. شۇڭا، رۇەن جانابلىرىنىڭ «نەزمە ۋە خاتىرە»(74) دېگەن ئەسىرىدىكى «خاتىرە» سۆزىنى قوللاندىم. ئەگەر ھەۋەس قىلىدىغانلار ماڭا ماتېرىيال ئەۋەتىپ بەرسە، ئىنتايىن قارشى ئالىمەن. لېكىن، بۇنىڭدىن كېيىن نەزمىلىك بولۇش - بولماسلىقى بىلەن چەكلەنمەستىن، بەلكى دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، قاراقچى، ئالدامچى، مەھبۇس، ساراڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىنىمۇ توپلىماقچىمەن، ئەمما، ئەدىبلەر پەردازلىغانلىرىنى ياكى يالغان، ياسىما ئەسەرلەرنى قوبۇل





قىلمايمەن.

ھەقىقەتتە، قەدىم زاماندىكىلەردىن ئالساق، چېن شېنىڭ يىپەك پۈتۈكلىرى(75)، گورۇچ دۇئاگۇيلىرىنىڭ بېغىشلىما سۆزى(76)، يېقىن زاماندىكىلەردىن ئالساق، بوكسچىلارنىڭ تەشۋىق ۋەرەقلىرى(77)، رەممالار خاتىرىسى پۈتۈنلەي مۇشۇ قاتارغا كىرىدۇ. مېنىڭچە، قەدىمكى كىتابلاردىن چىققانلىرىنى كۆچۈرۈۋېلىپ بىر توپلام قىلىپ، ھازىرقىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدا قانداق ئوخشاشماسلىقنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ باققۇم بار.

كەلگەن ماقالىلەرنى «شىمال يېڭىلىقلىرى» كىتابخانىسىنىڭ ۋاكالىتەن تاپشۇرۇۋېلىشىغا ھاۋالە قىلىپ، ئوبدانلىرىنى تاللاپ نەشر قىلدۇرغۇم كېلىۋاتىدۇ — لېكىن مەن «سوراق قىلىنىشنى كۈتۈش» بىلەن بولۇپ كەتمىسەم ياكى گۈندىخانىغا تاشلانمىسام. بولمىسا، ئۆزۈمنىڭ ماقالىلىرىمۇ تەييار ماتېرىيال، باشقىلاردىن ماتېرىيال ئىزدەشنىڭ ھاجىتى يوق.

ئەمدى بىكار گەپنى قويۇپ، رەسمىي گەپكە ئۆتەي:

## 1. سۆيۈنچە ئېلانى

پەن پىن

گۇاڭجۇ فۇشيەندىكى كوزا - تەشتەك بازىرىنىڭ ۋېيشىن پىرىستانىدا سۇغا چۆكۈپ ياتقان بىر ئەسكى كېمە تېپىلدى. كېمە ئۈستىدە، بىر ئەرنىڭ جەسىتى پاخال ياغمۇرلۇق بىلەن يېپىپ قويۇلغان. ئۆلۈكنىڭ پۇت - قولى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. جەسەتنىڭ يېنىدا بىر ھېجىر تاۋاق، بىر دانە ئاق بايراق تۇرۇپتۇ. ئاق بايراققا خەت يېزىلغانىكەن. بۇ كېمىنى 6 - رايوندىكى سۇ ساقچىلىرى دوختۇرخانىنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ تەكشۈرتتى، جەسەتنىڭ گەجگىسىدە ئوق تەگكەن بىر تۆشۈك

بار ئىكەن، بۇ تۆشۈك ئۆلۈكنىڭ ئېغىزىغىچە بارغان. ئۆلگۈ-
چىنىڭ تىرىك چېغىدا ئېتىپ تاشلانغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.
مەزكۇر ئۆلگۈچى تەخمىنەن 30 ياشتا، ئۇچىسىغا كالتە كۆڭ-
لەك، ئىشتان كىيگەن، چوققىسىغا پىكىتۇ چاچ قويغان.

نەنخەي زىتۇڭلۇق پەن پىننىڭ ئېلانى

شـۇل توغرۇلۇق ئېلان چىقىرىلدىكى: 4 ـ ئاينىڭ
6 ـ كۈنى لۇبۇدا 10 نەچچە سەھرالىق قولغا چۈشۈرۈلدى،
ئۇلار بىر ئايدىن ئارتۇقراق تۇتۇپ تـۇرۇلماقچـى، بۇلارنىڭ
ئىز ـ دېرىكىنى سۈرۈشتۈرگۈچىلەر بولسا ئۇچۇر قىلىشىنى
سورايمىز. بۇلاردىن، ئۆزى لۇبۇنىڭ سۇندۇڭشيا كەنتىدىن
بولغان، فامىلىسى شۈي، ئىسمى جىڭخۇاڭ ئاتالغان بىرى
باشقىلارغا ئىبرەت بولسۇن، دەپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى ۋە
سازايى قىلىندى. ھەممە يۇرتتىكى زاتلار بۇنىڭدىن تولۇق
خـەۋەر تاپقايسىلـەر، مال ـ دۇنيانى ھەرگـىز جانغا تەڭ
قىلماڭلار!

دەپ ئۇشبۇ ئېلان چىقىرىلدى.

(«دەۋر گېزىتى» نىڭ 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈندىكى سانىدىن)

## 2. مەلۇم ئەقىدىلىك قىزغا يوللانغان خەت

جىن دياۋتۇڭ

گۇاڭشىنىڭ ۋۇجۇ شەھىرىدىكى دۇڭتيەن قاۋاقخانىسى-
دىكى شىنخۇيلۇق پالچى جىن دياۋتۇڭ (ئەسلىي نامى خۇاڭ
جۇشېڭ) ئالدىنقى كۈنلەردە چىن شىئېن، خۇاڭ شىن ۋە
خۇاڭ زولياڭ ھەم ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ پۇل ـ پۇچەك، ھۆج-





جەتلىرىنى كۆز بوياپ ئېلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئامانلىق قوغ-
داش شتابى ئۇنى قولغا ئالدى ھەم ئۇنىڭ يېنىدىن لېپاپىسى
پېچەتلەنگەن بىر پارچە خەتنى ئاختۇرۇپ تاپتى. لېپاپ ئىچى-
دىن بىر ۋاراق ئاق سالام خەت قەغىزى چىقتى. قەغەزنى ئوتقا
قاقلىغاندىن كېيىن، تۆۋەندىكى خەت ئايان بولدى:

بۇگۈن مىنگونىڭ 16 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى
لۇي چۇنياڭ پىرىم ئەرشتىن چۈشۈپ، سەن ئەقىدىلىك قىز-
نىڭ گۇاڭشىلىق ئىكەنلىكىڭنى چارلاپ تاپتى. بۇ ئالەمدە سەن
ساپ دىل، ئاق كۆڭۈل كېلىۋاتقانلىقىڭ ئۈچۈن، بۇگۈن
خۇدايىم غايىبتىن ساڭا 4500 سەر كۈمۈش ئاتا قىلدى. سەن
ئەقىدەڭ بىلەن بالا ـ چاقاڭنى بېقىپ راھەتلەنگىن. لېكىن،
بۇ مال ـ دۇنيانى سەككىز قېتىمغا بۆلۈپ قولۇڭغا تەگدۈرى-
دۇ. بۇ يىل 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئاران 750 سەر كۈمۈش
پۇلنىڭ چېكى قولۇڭغا تېگىدۇ. قېرىلىق ئاقىۋىتىڭدە پەر-
زەنت كۆرىسەن، ئۇنىڭدىن قالسا، مەرتىۋەڭ كۆتۈرۈلۈپ مەن-
سەپدارغا ئاغىچا بولىسەن. لېكىن، ئۆمرۈڭدە كەنجى كىچىك
خوتۇنلۇققا نېسىپ ئېتىلدىڭ، چوڭ ئاغىچا خېنىملىق ساڭا
تەگمەيدۇ. بۇ دۇنيالىق قىسمىتىڭ بەكمۇ ئوبدان يارالغان،
لېكىن ئاتا ـ بوۋاڭ يەتتە قۇرۇق، ئاچ ئەرۋاھ، تۇرغۇن
يۇلتۇزلارنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتۈپ قالغان. ئەگەرچەندە غا-
يىبانە مال ـ دۇنياغا ئېرىشمەن، بالا ـ چاقىلىق بولمەن
دەيدىكەنسەن، ئالتە سەر ئالتە مىسقال كۈمۈشنى جىن دياۋ-
تۇڭ جانابلىرىغا تاپشۇرساڭ، سېنى بالا ـ قازادىن خالاس
تاپتۇرىدۇ ـ دە، ئامان ـ ئېسەن قالىسەن. خالاس تاپتۇرۇشتا
ئەقىدە قىلمايدىكەنسەن، تەقدىرىڭ تولىمۇ يامانلىشىپ ئەردىن-
مۇ، بالىدىنمۇ بىتەلەي بولىسەن، پەرزەنتلىك بولساڭ، پەر-
زەنتىڭ ئۆلىدۇ، ئەرلىك بولساڭ ئېرىڭ ئۆلىدۇ. سەن بۇ
خەتنى كۆرگەن ھامان جىن دياۋتۇڭ جانابلىرىغا ئىلتىجا قى-

لىپ ئۆزۈڭنى بۇ شۇم پېشانىلىقتىن خالاس تاپشۇرۇشۇڭ بەكمۇ زۆرۈر. مال - دۇنيالىق، پەرزەنتلىك، پاناھلىق بولىمەن دەيدىكەنسەن، جىن دىياۋتۇڭ جانابلىرىغا قول باغلاپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر - ئىككى قېتىم جىما قىل، شۇنداق قىلساڭ ئاندىن ئامان تاپىسەن. جىن دىياۋتۇڭ جانابلىرىغا بويۇن بەرمەيدىكەنسەن، جېنىڭغا جاپا كەلتۈرىسەن - دە، بىئارامچىلىققا قالىسەن...

(«دەۋر گېزىتى» نىڭ 7 - ئاينىڭ 26 - كۈندىكى سانىدىن)

## 3. مياۋچاڭنى سۈرۈشتۈرۈش خېتى

فېي تيەنخۇ

شياڭگاڭنىڭ يۇڭلۇ كوچىسىدىكى «مۇرات» رېستوراننىڭ كۈتكۈچىسى مياۋچاڭ قىز بۇ يىل توپتوغرا 20 ياشقا كىرگەن، يۇڭجى كوچىسىدىكى 30 - نومۇرلۇق بىنانىڭ 2 - قەۋىتىدە ئولتۇرىدۇ. ئۇ 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كەچ سائەت 11 لەردە ئىشتىن يانغاندىن كېيىن، كۈتكۈچى قىزلاردىن ئۈچ - تۆتى بىلەن بىللە ئۆيگە قايتىپ كېلىۋېتىپ، چوڭ رەستىدىن ئۆتۈپ، يۇڭجى كوچىسىنىڭ دوقمۇشىغا يېتىپ كەلگەندە، توساتتىنلا ئۈچ - تۆت دارازا پەيدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇغان ۋە مياۋچاڭدىن: سەن ئۆزۈڭ مياۋلىڭمۇ، دەپ سۈرۈشتۈرگەن. مياۋچاڭ جاۋاب بېرىشكە جۈرئەت قىلالماي ئۆزىنى قاچۇرۇپ ماڭسا، دارازا ماڭغىلى قويماي، تۇتۇۋېلىپ ئۇرغان، ئىككى مۇشت ئۇرۇپ بولۇپ، ئاندىن: سەن گەپ قىلمىغىنىڭ بىلەن چىرايىڭدىن تونۇيمەنغۇ، دېگەن. مياۋچاڭ قىز تاياق يېگەندىن كېيىن، ھۆ تارتىپ يىغلاپ كەتكەن. ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، دارازىلارنىڭ ئۇر-





ماقچى بولغان ئادىمى مياۋلىڭ ئىكەن، مەن نېمە سەۋەبتىن بىكار خارلىنىدىكەنمەن، دەپ زارلانغان. كۈتۈلمىگەندە، ئەتىسى بىر پارچە تەھدىت خېتى كەلگەن. مياۋچاڭ قىز ئەسلىي ئادرېسى بويىچە پوچتىدىن كەلگەن بۇ خەتنى كۆرۈپ، كېچە ئۆزىنى ئۇرغانلارنىڭ ھەقىقەتەن ئۆزىنى ئىزدىگۈچىلەر ئىكەنلىكىنى بىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ۋەقەنى مەخپىي ھالدا ساقچىلارغا مەلۇم قىلغان ھەمدە گۇمان قىلغان ئادىمىنى قولغا ئېلىپ ئەنتىنى ئېلىپ بېرىشنى سورىغان. كۈتكۈچى ساھىبجامال قىز، كۆزۈڭنى ئاچ! شۇنى بايان قىلىمەنكى، «مۇرات» رېستورانىغا كىرىپ - چىقىپ يۈرگەندىن بۇيان، بۇرادەرلىرىمگە ياخشى گەپ قىلماستىن ئۇلارنى ئۇردۇڭ، خارلىدىڭ ھەم قايناق سۇ تۆكتىڭ، كۆرۈپ تۇرغانلار ھاي بەرسە، پەرۋا قىلمىدىڭ، بەلكى يەنە ھەدەپ ئاغزىڭنى بۇزۇپ تۆھمەت چاپلىدىڭ، ئەسكىلىكىڭدە گەپ يوق. كېچە ئىككىيلەن بىرئاز ئەدەپلەپ قويغان بولدۇق، بۇ شۇنچىكى تېگىپ قويغانلىقىمىز، كۆڭلىمىزدە ئاداۋەت ساقلىمىدۇق. مانا ئەمدى بىر ھەپتە ئىچىدە جاۋابىنى قايتۇر، بۇ مەسىلىنى تۈگەتكىنىمىز تۈزۈك، ئەگەر جاۋاب بەرمەيدىكەنسەن، ئەتە - ئاخشامدا ئۆيەر - بۇيەرلەردە يۈرگىنىڭدە خەنجەردىن پەخەس بول، بوش قويمايمىز. جېنىڭ كېتىپ قېلىشتىن ساقلانغىن. ئالدىن خەۋەر قىلىپ قويمىدى دەپمۇ خاپا بولما. ئۆلۈمنىڭ قويىنىغا كىرىپ قالمىغىن يەنە. دەيدىغانلىرىم كۆپ ئىدى، سۆزۈمنى قىسقارتاي، سۆزۈمنىڭ تېگىگە يەتمەي قالمىغىن. خەير، 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كېچىسى، 36 ياشلىق دوستۇڭ فېي تيەنخۇدىن.

(«دەۋر گېزىتى» نىڭ 8 - ئاينىڭ 1 - كۈندىكى سانىدىن)

# مەلۇم خاتىرىدىن ئىككى پارچە[78]

بەختىمگە يارىشا تۈنۈگۈن يەنە ئىككى غەلىتە ئېلاننى ئۇچراتتىم. ھېلىمۇ قەلەم تەۋرىتىپ بۇ ئېلاننى تونۇشتۇرۇشتىن كۈچۈمنى ئايىمايمەن. باشقىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئېلانغا تىنىش بەلگىلىرىنى قوشۇپ قويدۇم. خاتىرىنى نېمىدەپ ئاتاش كېرەكلىكىنى ئىككى كېچە ـ كۈندۈز ئويلاپ، تۈزۈك ئىسىم تاپالمىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىلىملىك ئېسىل زاتلار تۈزەتسۇنمىكىن دەپ، ھازىرچە «مەلۇم خاتىرە» دەپ ئات قويدۇم.

بۇ دورەمقى «مۇددىئايىم» خېلى ساپ، «ھەممە ئادەم كۆرۈپ قويسۇن» دېگەن ئۈمىدتىن باشقا سەلبىي رولى بولمىسا كېرەك. ئەمما، يوقىلاڭ بىر خىيال پەيدا بولۇپ قالدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، چىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا، گېزىتلەرگە بېسىلغان ياخشىراق مۇلاھىزىلەرنى تاللاپ باسىدىغان «تاللانما ژۇرنال» دەيدىغان ژۇرنال بار ئىدى. بولسا ھەۋەسكارلار شۇ خىلدىكى مەجمۇئەنى يەنە يولغا قويسىمۇ بولاتتى. ھەر ئۆلكىدە ماقالە توپلىغۇچىدىن بىرقانچەيلەن بولسا، ئۇلار ھەر خىل «ئىجتىمائىي ھادىسىلەر»نى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئۆزى تۇرغان جايدىكى گېزىتلەرگە بېسىلغان غەلىتە باش ماقالە، خاتىرە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ئېلان قاتارلىقلارنى مەخسۇس توپلاپ، كىتاب ـ ژۇرنال قىلىپ ئېلان قىلسا، ئۇ چوقۇم كىشىلەرگە ساياھەت خاتىرىلىرىدىنمۇ چوڭقۇر تەسىر قالدۇراتتى. بۇنىڭغا CF يىگىت[79] نېمە دەيدىكىنتاڭ؟ 1927 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چۈشلۈك تاماقتىن بۇرۇن.





بىرىنچىسى

**شۇڭ جۇڭچىن** ۋىۋىسكىدىكى نامىم ۋېن ۋېي. مىنگو زامانىدا ناھىيە باشلىقى، پونكىت باشلىقى، باشقارما باشلىقى، ئىدارە باشلىقى، نازارەت باشلىقى بولغانمەن. ئۆزۈم ئەھلى ئۆلىما ۋە كاتتا مەنسەپدار بولغاننىڭ ئۈستىگە ئۇستا تېۋىپ، بولۇپمۇ ئاياللار كېسەللىكىگە ماھىرمەن. ھازىر شياڭگاڭ پاۋمادى رايونى خۋاڭنىيۇن كوچىسى 55 ـ نومۇرلۇق بىنانىڭ 1 ـ قەۋىتىدە ئولتۇرىمەن، ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۆيۈمدە، تاشقىرىدا كېسەل كۆرىمەن. تېلېفون باش ئاپپاراتى 5270.

(بۇ بىر پارچە خەۋەر شياڭگاڭ «دەۋر گېـزىتى»نىڭ 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈندىكى سانىغا بېسىلغان).

ئىلاۋە: ئاڭلىشىمچە، ئەزەلدىن بۇيان، بىرنەچچە ئەۋلادىغىچە تېبابەتچىلىك قىلغانلار كەسپىي تېۋىپ، دەپ ئاتىلىدىكەن؛ باگۇچە يېزىقچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغان بولسا ئۆلىما تېۋىپ، دەپ ئاتىلىدىكەن، ھۆكۈمەتكە ياللانغان بولسا ھۆكۈمەت تېۋىپى، دەپ ئاتىلىدىكەن؛ ئۆز ۋاقتىدا خانلىق شىپاخانىسىغىمۇ كىرىپ چىققان (؟) بولسا خان تېۋىپى دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. «ناھىيە باشلىقى، پونكىت باشلىقى، باشقارما باشلىقى، ئىدارە باشلىقى، نازارەت باشلىقى بولغان، ئەھلى ئۆلىما، كاتتا مەنسەپدار بولغان»لار، ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئۇستا تېۋىپ»مۇ بولغانلار ھەقىقەتەن قەدىمدىن تارتىپ كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئىش. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ چالا قالماستىن بەش «باشلىق» بولغانلىقى كەم تېپىلىدىغان ئىش.

ئىككىنچىسى

**ئاتا - ئانا تىلەش ئېلانى** ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇپ چىققىنىمغا خېلى يىللار بولۇپ قالدى، ئەخلاقىم ياخشى، ھېچقانداق كەيپ - ساپا قىلمايمەن. بەختىمگە قارشى ئاتا - ئانام ئارقا - ئارقىدىن ۋاپات بولغاچقا، يالغۇز ئۆزۈملا ئۆي ۋەجى بىلەن گۇاڭجۇغا كېلىپ ئوقۇۋاتىمەن. ئۆزۈم يالغۇز ئوغۇل بولغانلىقىمدىن تولىمۇ زېرىكتىم، شۇڭا باشقىلارغا بالا بولۇپ بېرىشنى چىن كۆڭلۈمدىن خالايمەن ھەمدە ئۆزى مەرد ۋە ئىنسانپەرۋەر، لېكىن ئوغلى يوق كىشىگە پۈتكۈل ئۆي تەئەللۇقۇم بىلەن بالا بولۇشنى خالايمەن. ھالى يامان ئەمەس، پەقەت بالا ئارزۇلاپلا كېلىۋاتقانلار بولسا، ئۆزىنى (ئائىلە ئەھۋالى ۋە ئىقتىسادىي ئورنىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى) مەلۇم قىلىپ خەت يازسۇن، خەۋەرلىشىدىغان ئادرېسىنى ئېنىق يازسۇن. مەن جاۋاب قايتۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن يۈزتۇرانە مەسلىھەتلىشەرمىز. گېزىتنى ئوقۇغان ئەربابلاردىن مېنى تونۇشتۇرۇپ ئارزۇلىغان ئىشىمنى ۋۇجۇدقا چىقارغانلارغا 100 سەر ئالتۇن ھەق بېرىمەن، ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغانلارغىمۇ ئۆز يولىدا ھەشقاللا ئېيتىمەن. 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈشتىن كېيىن دىگەر ۋاقتى.

خەۋەرلىشىش ئورنى: گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇ شىچېڭ.

(بۇ خەۋەر گۇاڭجۇ «خەلق جۇمھۇرىيىتى گېزىتى» نىڭ شۇ كۈندىكى سانىغا بېسىلغان)

ئىلاۋە: مەندەكلەر ياشاۋاتقان بۇ ۋاپاسىز دۇنيادا «ھەمراھ تىلەش» توغرىسىدىكى بۇنداق ئېلانلارنى تولا كۆرگەچكە غەلىتە تۇيۇلمايدۇ. مەن بىر چاغلاردا ماۋ پەنلىن توپلىغان «قەدىمكى زاماندىكى ۋاپادار باللار ھەققىدە رىۋايەتلەر»[80]





نى ئوقۇغانىدىم. ئۇنىڭدىكى ئانىسى يوق ئۈچ ئوغۇلنىڭ ئۆزى بىلەن ھېچ ئالاقىسى بولمىغان بىر مومايىنى تەڭ بېقىپ ئانا قىلىۋالغان ۋەقەنى كۆرۈپ تولىمۇ ھەيران بولغانىدىم. لېكىن، شۇ كەملەردە ئۆلكە ئىمتىھانىدىن ئۆتكەن ۋاپادار ۋە قابىلىيەتلىكلەر مەنسەپدار بولالىغانلىقى ئۈچۈن، خەقلەر بۇنىڭدا باشقىچە مەقسەت بار دەپ شۈبھىلىنەتتى. لېكىن، بۇ ئېلاندا، پۈتكۈل ئۆي تەئەللۇقى بىلەن ئانا تىلەپ، تونۇشتۇرغۇچىغا 100 سەر ئالتۇن ئاتىغانلىقى جاكارلانغان. بۇ ئېلاننى ئوقۇپ چىققان كىشىنىڭ قەلبى ساپ - سادىدا ئۆتكەن قەدىمكى زامانغا قايتۇرۇلىدۇ - دە، بۇنداق ئىنساپى بارلارغا رەھمەت ئوقۇپ، ئاتا - ئانىسىنى ئۇرىدىغان - تىللايدىغانلارغا ۋەز - نەسىھەت قىلماي تۇرالمايدۇ. گېزىت ئوقۇغۇچى جانابلار گۇاڭجۇدا ئوغۇل ئارزۇلايدىغانلارنىڭ بارلىقىنى بىلىشەمدىكىنتاڭ؟ مەلۇم بولسۇنكى، ناۋادا ئوتتۇرىدا يول مېڭىپ، قىلغان ساۋاپلىق ئىشى ئەمەلگە ئاشماي قالغان تەقدىردىمۇ «ھەشقاللا» سى كەم بولمايدىكەن.

# شياڭگاڭدا پەيغەمبەر مەۋلۇتىنىڭ ئۆتكۈزۈلگەنلىكى توغرىسىدا[81]

مۇھەررىر ئەپەندى:

مەرىپەت سەردارى، ساھىبكامال، ئەۋلىيائەزەم، پىرمۇقەددەم[82] كۇڭفۇزىنىڭ مەۋلۇتى شياڭگاڭدا ئەزەلدىن ناھايىتى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلۈپ كەلمەكتە. شىمال تەرەپتىكىلەر پەقەت شەرقىي قوشنىمىز[83] نىڭ تەرغىباتىغىلا مۇيەسسەر بولماقتا، بۇ يەردە بولسا شياڭگاڭ ۋالىيسى رىياسەتچىلىك قىلىپ تۇرغاچقا، مەۋلۇت مەرىكىسى ناھايىتى قىزىتىپ ئۆتكۈزۈلمەكتە. ۋالىي بۇ ئىشقا ماھىرلىق بىلەن يېتەكچىلىك قىلماقتا. بۇ يەردىكى مۇھاجىر قېرىنداشلىرىمىزمۇ ئۆز ئەۋلىيايىمىزغا بەيئەت قىلغاندا، شەرق مەدەنىيىتىنى تەۋەررۈك بىلىپ قەدىرلىگەندە، ئۇنى تېخىمۇ روناق تاپقۇزغىلى بولىدۇ دەپ بىلگەچكە، مەۋلۇت مەرىكىسى ھەر يىلى ناھايىتى تەنتەنىلىك ئۆتمەكتە. بۇ يىلقى مەۋلۇت مەرىكىسى تېخىمۇ قىزغىن ئۆتتى. لاتاپەتلىك ئەدىبلەر، مەدەنىي زاتلار چاھار باغقا جەم بولۇپ، ئولتۇرغان سورۇنلىرىدىلا قەلەملىرىنى تەۋرىتىپ مىللىي خۇسۇسىيەتلىرىمىزنى ئىپادىلەشتى. ھەرقايسى مەكتەپلەرمۇ مەۋلۇت مۇراسىملىرى ئۆتكۈزدى، پەيغەمبەرنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەر ساھەدىن ئېكسكۇرسىيىگە كەلگەنلەرنى ئۇزمەي قارشى ئالدى، كېچىسى ياكى يېڭى ئويۇنلارنى، ياكى كىنولارنى قويۇپ تۇردى. «دانالىق مەكتىپى» ھەر يىلى مەۋلۇت مەرىكىسىنى ئۆتكۈزگەندە، ئادەتتە دەرۋازىغا يېڭىچە نەزمە لەۋھەلىرىنى





چاپلايتتى، بۇ يىل تەييارلىغان نەزمە لەۋھەلىرى تېخىمۇ قالتىس بولدى. بۈگۈن شۇ نەزمە لەۋھەلىرىنى ھۆرمەت بىلەن كۆچۈرۈپ تەقدىم قىلدىم، ئېچكى ئۆلكىلەرنى خەۋەردار قىلارسىز، جاھانگىرلارنى يوقىتىش ئارزۇسى بار ئادەملەر بۇنى كۆرۈپ خىجىل بولسۇن:

مۇزەككەر:

**ئۇغۇللار مەكتىپىنىڭ دەرۋازىسىدىكى نەزمە لەۋھە**

لۇ بەگلىكىنىڭ تارىخىغا بىنائەن، يازدى «يىلنامە»[84] نى؛

جازالاپ چى بەگلىكىدىكى تىيەنخىڭنى، بەجا كەلتۈردى ئۆزگەرمەس ھەقىقەتنى.

يوقىتىپ يۈرت بۇزۇقلىرىنى، دەپئى قىلدى:

قىزىللاشتۇرۇش تەشۋىقاتىنىڭ ئەۋج ئېلىشىنى،

ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈشنى، ۋاپادارلارنى يامان كۆرۈشنى،

مۈلۈك ۋە خوتۇنلارنىڭ «ئومۇم» لاشتۇرۇلۇشىنى،

ئەركان ۋە ئەھكامنىڭ بۇزۇلۇشىنى.

گۇم قىلىپ ئۈچ قەلئەنى، ئۆتكۈزۈۋالدى قوراللىق كۈچلىرىنى[85]،

قەتلى قىلىپ شاۋ جېڭماۋنى[86]، سۈردى بەھۇزۇر دەۋرانىنى.

يوقاتتى جىنايەتكار، زالىم مەنسەپدارلارنى،

ئەخلاق بىلەن تەربىيىلىدى ياش - ئۆسمۈرلەرنى.

ئۆگەتتى ئۆزىنى تۇتۇشنى، ئاتا - بالىلىق ئەھكامنى؛

ئۆگەتتى ئاتا - ئانىنى قەدىرلەشنى، چوڭلارنى ئىززەتلەشنى؛

ئەسلىگە كەلتۈردى ئىنساپ - تەۋپىقنى.

مۇئەننەس:

**قىزلار مەكتىپىنىڭ دەرۋازىسىدىكى نەزمە لەۋھە**

ئانا ئوغلىنىڭ شاراپىتى بىلەن ئەزىز بولۇر،
خوتۇن ئەرنىڭ شاراپىتى بىلەن دۆلەت كۆرۈر؛
پاك قەلبىمىز بىلەن مەۋلۇت ئۆتكۈزۈۋاتقىنىمىزدا،
ئۆچ ئەركانغا ئەستايىدىل ئەمەل قىلىشىمىز كېرەك؛
ئاغزى كېرىلگەندىمۇ ئەركىنلىك دەپ، يەملەشكەندىمۇ ئەر-
كىنلىك دەپ، بار ئەركىنلىكنى چۈشەنمەي، زامانغا بېرى-
لىپ، سۈيۈق كۆڭۈل بولۇش نېمىگە كېرەك؟!
ئوغۇللار مۇزەككەر تۈپەيلى قەيسەر بولۇر؛
قىزلار مۇئەننەس تۈپەيلى مۆمىن بولۇر(87)؛
كۆڭزى تەرىقتى قەدىرلىنىۋاتقان ھازىرقى ۋاقىتتا، تۆت
ئەھكامغا ھەرگىز خىلاپلىق قىلماسلىق كېرەك؛
ھەدېسىلا، بۇنىڭ بائىسى يىمە، ماھىيىتى قايداق دەپ تۇرۇ-
ۋېلىپ، ئاخىرى نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەلمەي، جامائەتنىڭ
كەينىگە كىرىپ ئۆزىنى بازارغا سېلىپ يۈرمەسلىك كېرەك.

كېرىلگەندىمۇ، يەملەشكەندىمۇ دېگەن سۆز ئېغىزنى ئاچقاندى-
مۇ، يۇمغاندىمۇ دېگەن سۆز؛ يىمە دېگەن سۆز نېچۈك دېگەن سۆز؛
قايداق دېگەن سۆز، قانداق دېگەن سۆز. قىزلار ھەقىر بولغاچقا،
سۆزنىڭ ئېسىللىرىنى بىلمىگەچكە، شۇنداق چاكىنا سۆزلەرنى
ئىشلەتكەن.

مەتبۇئاتلاردىكى گەپلەرمۇ ئوقۇغان كىشىنىڭ كۆزىنى ئالا-
چەكمەن قىلغۇدەك ناھايىتى كۆپ. ھازىر ھەممىسىگە تېگىل قى-
لىپ پەقەت «دەۋر» گېزىتىگە بېسىلغان بىر پارچە تەسىراتنىلا
نەقىل كەلتۈردۈم:





## كۆڭزى مەۋلۇتىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى توغرىسىدىكى تەسىراتلىرىم

فېي خېڭ

لەرزان شامال سالقىن ھاۋانى ئەكېلىپ، كۆز پەسلىدىن دې-
رەك بەرمەكتە. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە كۆڭزىنىڭ مەۋلۇت
بايرىمىمۇ يېتىپ كەلدى. يېقىندىن بۇيان پەيغەمبىرىمىزنىڭ را-
يىشلىق دىنى سۇنۇپ قالدى، بىدئەت گەپلەر ئەۋج ئېلىپ كېتىۋا-
تىدۇ. كۆڭزىنىڭ شەرىپىگە ئېھتىرام بىلدۈرۈش مۇراسىملىرىنى
پەقەت شياڭگاڭدىكى ئەربابلارلا ئادەت بويىچە ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتى-
دۇ. ئىچكى ئۆلكىلەردە بولسا خەلقنىڭ تولىسى بۇنىڭغا ئانچە
ئەھمىيەت بەرمەي كېلىۋاتىدۇ. چۈنكى، يېڭى تەلىمات پەيدا بولۇش
بىلەن تەڭ، كونا ئەخلاق - پەزىلەت كۆندىن - كۈنگە يوقىلىپ
كېتىۋاتىدۇ؛ يېڭىلىق تەرەپدارلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن
تەڭ قەدىمكى ئەۋلىيا - ئەنبىيالىرىمىز بارا - بارا نەزەردىن قېلىۋا-
تىدۇ. ئوقۇغۇچىلار لېنىننىڭ، ماركسنىڭ خىلمۇخىل سەپسەتىلى-
رىگە قاتتىق بېرىلىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇلار 2000 يىلدىن بۇيان گويا
قۇياش ۋە چولپاندەك نۇر چېچىپ كەلگەن ئەۋلىيائەزەم دىنىنى
ۋەيران قىلىشتىن، سۇپۇرۇپ تاشلاشتىن باش تارتمايۋاتىدۇ. ئۇلار
ئەھلى موللىلارنى بىر بولسا چىرىك دەپ، بىر بولسا داشقال دەپ
خورلىماقتا. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار گودەك، غەرەز ئۇقمايدۇ، قارام.
ئۇلار يېڭى تەلىماتنىڭ سايىسىدە ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي مۇددىئا-
لىرىغا يەتمەكچى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار قەدىمكىلەرنىڭ ئۇلۇغ ئىب-
رەتلىك سۆزلىرىنى گويا تاپىنىغا سانجىلغان شوخا، كۆزىگە قادال-
غان مىخ قاتارىدا كۆرمەكتە. ئۇلار شۇنى يۇلۇپ تاشلاپ ئاندىن
پۇخادىن چىقماقچى. كۆڭزىنىڭ مەۋلۇت كۈنىنى ئۆتكۈزۈشنى تىلغا

ئېلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا كۆڭزىنىمۇ يوقىتىلىدىغانلار قاتارىغا چىقىرىپ قويماقتا. ۋادەرىخا! مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، ئىنسانىيەتچىلىك ھەتتا ھايۋاندىنمۇ بەتتەرلىشىپ كەتمەمدۇ؟! خەيرىيەت، دېڭىزنىڭ بىر بۇرجىكى بولغان بۇ يەردە قەدىمىي پەزىلەت يوقىلىپ كەتمىدى، مۇقەددەس دىنىمىز مەۋجۇت ياشىماقتا. مانا ھازىر، مەۋلۇت كۈنىنى ئۆتكۈزۈش ۋاقتىدا، ھەممە ئادەم مىغ - مىغ بولۇپ، تەنتەنە قىلماقتا. بىراق، بىزنىڭ مەۋلۇت مۇراسىمىمىز پەقەت شەكلەن خاتىرىدىنلا ئىبارەت. كۆڭزى دىنىنىڭ ماھىيىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. كۆڭزى دىنىي ئەخلاقنى ئەمەلدە بەجا كەلتۈرۈشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ. خەلقئالەمنى ئائىلە ئەخلاقىنى يولغا قويۇش يولى بىلەن ئىدارە قىلىشنى ياندىن يىراققا، ئىچىدىن تاشقىرىغا كېڭەيتىشنىڭ ئاساسى بولىدىغان ئەندازىلىرى بار. تەڭرى ئۆزگەرمەيدۇ، تەرىقەتمۇ ئۆزگەرمەيدۇ، بۇنىڭ قىل سىغماس نېگىزى بار، ئىسيانچىلار ھەددىدىن ئېشىپ، ئەۋلىيائەزەمنىڭ دىنىنى ۋەيران قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى كۆچكۈن بۇلۇتتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇ كۈن بىلەن ئاينىڭ نۇرىغا قانداقمۇ دەخلى قىلالىسۇن؟! شۇنداق بولسىمۇ، ھازىرقى نازۇنېمەتلىرىمىزنىڭ شۈكرانىسى ھېسابىدا ھازىرقى يامان ئىللەتلەرگە ئېچىنىپ، قەدىمنى سېغىنىپ تۇرۇشىمىز كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن، ھەممىدىن ئاۋۋال ھەققانىيەتنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، ئىبرەتلىك سۆزلەرنى قانات يايدۇرۇشىمىز لازىم. زىيۇ جانابلىرى: ياڭ بىلەن موغا رەددىيە بېرەلىگەن ئادەم پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇخلىسى بولالايدۇ[88]، دەپتىكەن. ھازىرقى زاماندا ھەركىم ھەرنېمە دەۋاتىدۇ، بىدئەت سۆزلەر بەس - بەس بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ. كۆپنىڭ تىلى ئالتۇننى كۆلگە ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدۇ، ناھەقلىق كۆپىيىۋەرسە ھەققە ئايلىنىپ كېتەلەيدۇ. پەيغەمبىرىمىزنىڭ دىنىغا قارشى چىققانلار ئەسلىدە ياڭ بىلەن مودىنلا





ئىبارەت. ھازىر تىل بىلەن رەددىيە بېرىش، تەرىقىتىمىزنىڭ پاسىبانى بولۇش، قاينام ئىچىدە تەۋرىمەي مەزمۇت تۇرىدىغان تۈۋرۈك بولۇش ھەممىدىن ئەلا. ئالاقزادە بولۇپ، شەكىلگىلا بېرىلىپ، قول ئۇچىدىلا ئىشلەش، رەسمىيەتچىلىك قىلىش پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەۋلۇت كۈنىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان جانابلاردىن كۈتىدىغان ئارزۇيۇم ئەمەس. مېنىڭ تەسراتىم ئەنە شۇ.

شىياڭگاڭدىكى ئەۋلىيائەزەم كۆڭزى جەمئىيىتى شۇ كۈنى «ئارامبەخش» چاڭچىلىخانىسىدا «داياۋتيەن» سانايىنەپىسىگە ئويۇن قويدۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭ ئېلانى مۇنداق:

ساھىبكامال ئەۋلىيائەزەمنىڭ مەۋلۇت بايرىمىدا مۇزدىكا سادالىرى كۆكنى ياڭراتتى، تەڭرى راۋا كۆرگەن دىنىنى ئاممىغا تەرغىب قىلىش بىلەن زېمىننى خۇشاللىق قاپلىدى. ئېلىمىز بىرنەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان كۆڭزى دىنىغا بەيئەت قىلىپ كەلمەكتە، چۈنكى ئەۋلىيائەزەمنىڭ تەرىقىتى ئەخلاقنى قوغدايدىغان، ئىنساپ - تەۋپىقنى نىجات تاپتۇرىدىغان تەرىقەت. شۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيىتىمىز مۇشۇ ئاينىڭ 27 - كۈنى «داياۋتيەن» سانايىنەپىسىگە ئويۇن قويغۇزۇپ بەرمەكچى. شۇ كۈنى كۈندۈزدە «ئوغۇلنى ئۆزىتىش كونسېرتى»، «ھۆر ۋە غىلمان» قويۇلىدۇ. كېچىدە تاڭ ئاتقۇچە ئاۋۋال «ئالتە بەگلىكنىڭ بىر ۋەزىر تەيىنلىشى» ۋە «سەتەڭ خانىش» دېگەن يېڭى ئويۇنلار قويۇلىدۇ. «سەتەڭ خانىش» دېگەن ئويۇن مەزمۇن جەھەتتىن ھەم يېڭى، ھەم قىزىق، ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن يېزىلغان. بۇ ئويۇن تاڭ ئاتقۇچە قويۇلمىسا تۈگىمەيدىغان بولغاچقا، شىياڭگاڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شۇ كېچە ئۈچۈن بىرنەچچە پارچە ئالاھىدە رۇخسەت قەغىزى بېرىلدى. تاڭ ئاتقۇچە ئوينىلىدۇ... ئالدىن بېلەت

سېتىۋېلىش ئورنى: خىلىخو كوچىسىدىكى جۇڭخۇا كىتابخا-
نىسى ئىچىدىكى ئەۋلىيايىئەزەم كۇڭزى جەمئىيىتى
ئىشخانىسى.
توشقان يىلى، 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى
شياڭگاڭ ئەۋلىيايىئەزەم كۇڭزى جەمئىيىتى.

«سەتەڭ خانىش» دېگەن ئىسىم ئېسىل بولمىسىمۇ، لېكىن
«مۇھاكىمە ۋە بايان» دا «كۇڭزىنىڭ نەنزى بىلەن كۆرۈ-
شۈشى» (89) تەرك ئېتىلمەي تىلغا ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن، «دېڭىز-
نىڭ بىر بۇرجىكى بولغان، قەدىمىي پەزىلەت يوقالمىغان بۇ يەر»
دىكىلەر بۇنى ئەقىلگە سىغدۇرۇپ كېتەلەيدۇ. بۇلاردىن باشقا، ھەر
خىل پەيزىلىك كىنولارنى تەسۋىرلەپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس.
«يېڭى چاڭچىلىخانا» تۆت توملۇق «سەخى ھەزرەتنىڭ تەزكىرىسى»
نى قويىدى، يەنە «ساھىبى ئەرش ئۇلۇغ ئەۋلىيانىڭ ئەرشنى مالد-
مان قىلىشى» نىڭمۇ ئوينىلىدىغانلىقى، «يېڭى دۇنيا» دا «ۋۇ
سۇڭنىڭ ئۆز خوتۇننى بوغۇزلىغانلىقى» نىڭ ئوينىلىدىغانلىقىمۇ
ئېلان قىلىندى، بۇلارنىڭ ھەممىسى مىللىي ئابرۇينى ئۈستۈرىدى-
غان مىللىي تەۋەررۈك. «خانىش» ناملىق تىياتىرخانىدا قويۇلىدى-
غان «نىقابلىق يېڭى كېلىن» قوشنا دۆلەتتىن كەلگەن ئەسەر
بولسىمۇ، لېكىن ئۇ توغرىدا چىقىرىلغان ئېلاندا: «كۇڭزى ‹ مەن
ئىلگىرى ئادەملەرنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ، ھەرىكىتىگە ئىشە-
نەتتىم، ھازىر بولسا ئادەملەرنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ، ھەرىكى-
تىنى كۆزىتىدىغان بولدۇم، يۈيگە قاراپ شۇنداق يولىنى تۇتى-
دىغان بولدۇم› دەپتىكەن. كۇڭزىنىڭ سۆزىنى ئىسپاتلىماقچى
بولساڭلار، بۇگۈن كېلىپ «نىقابلىق يېڭى كېلىن» نى كۆرۈپ
بېقىڭلار. شۇ چاغدىلا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەربىر كەلىمە سۆزىنىڭ
پۈتۈن دۇنياغا ئۈلگە بولىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ جىمى





ئالەمنىڭ مۇناسىپ پىر - ئۇستازى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ قالى-
سىزلەر» دېگەن گەپلەر بار. دېمەك، بۇ ئويۇنلار ئەۋلىيايىئەزەم-
نىڭ دىنىغا قۇۋۋەتمۇ بېرىدۇ.
بەس! ئەۋلىيايىئەزەمنىڭ، سالغا چۈشۈپ باشقا ئىقلىمغا كې-
تىمەن، دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنى ئاڭلىغاندۇق. توغرىلىقا
ھۆرمەت قىلىپ بىدئەتلەردىن ساقلىنىش ئۇلۇغ ئەنگلىيىنىڭ پەزى-
لەتلىك سىياسىتى. دۆلەتنى سۆيىدىغان، قەدىمگە جېنىنى ئاتا
قىلغان ئەربابلار بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چەكسىز خۇشال بولۇپ،
تەبرىكلىمەي تۇرالماس، بۇ يەرگە كېلىپ، بۇ يەردىن بىرەر ماكان
تۇتۇپ، بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى بولۇپ قالغۇسىمۇ كېلەر.

ئامانلىقىڭىزنى سوراپ
جۇڭگو ئىئوسىپى

مەۋلۇت بايرىمىدىن بىر كۈن كېيىن يېزىلدى.

# تەزىيە ۋە تەبرىك(90)

«تىل رىشتىسى» ھەپتىلىكىدە چەكلىنىپ قالغاندىن كېيىن، تو-
نۇش - بىلىشلىرىمدىن بىرەيلەن گېزىتتىن كېسىۋالغان بىر پارچە
ماقالىنى پوچتىدىن ئەۋەتىپتۇ، بۇ ماقالە ھەپتىلىك «جۇمھۇرىيەت
كەچكى خەۋەرلىرى» نىڭ «گۈللۈك پانۇس» ئىستونىغا بېسىلغان
بولۇپ، مەزمۇنى مۇنداق:

### تەزىيەنامە

كۆك بونى

«تىل رىشتىسى» نى توختىتىۋەتكەنلىكىنى ھېلىلا دوس-
تۇمدىن ئاڭلىدىم، بۇ راست ئىشمىدۇر؟ «تىل رىشتىسى»
نىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە ئۈچ يىل بولدى، شۇنىڭدىن تارتىپ
ئۇ بىرەر پايدا كۆرگىنى يوق، بەلكى ھەمىشە دىشۋارچىلىقلار-
غا دۇچ كەلدى. ئۇزاقتىن بۇيان ئاڭلاۋاتقانلىرىمدىن قارىغان-
دا، ئۇ تا ھازىرغىچە ياشلىق ھالىدىن كەتمىگەن. بەلكى
بارغانسېرى زورىيىپ قۇدرەت تېپىۋاتقان بىر پەيتتە، كېتىۋې-
تىپ ئۇجۇقتۇرغانلىقى كىمنىڭ خىيالىغا كەلسۇن؟ «قۇرۇق
پاراڭ» لار ئېھتىياتسىزلىقتىن كېلىپ چىققان بولسا، «پارچە
تەسىرات» لار تەسىر قىلىپ زاماننىڭ ئېقىمىنى بۇزۇپتۇمۇ
ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ؟ دېمەك، چى مىڭ(91) بوۋاي ئالتو-
پىلاڭ كۆتۈرمىسىلا، خانىشلارنىڭ سەردارىنىڭ(92) ھەيۋە قى-





لىشىغا ئاساس قالماس؛ ساداقەتمەنلەر، ۋاپادارلار ئاچچىقىغا
ھاي بېرەر؛ ئادالەتپەرۋەرلەر، مېھرىبانلار ئۆلگەننى تېپىشقا
ھەقلىق بولۇپ قالار. «تىل رىشتىسى تەرەپدارلىرى» تۈگەش-
كەندىن كېيىن، كۆپچىلىكنىڭ غەزىپى بىرئاز پەسەيدى.
«بايراق ھىمايىچىلىرى»(93) ئۆز پېتى بىلەن تۇرسا، بەش
رەڭگە نېمە قايغۇ؟ مۇدھىش دولقۇنلار ئەمدى جىمىپ قالار،
بىدئەدلەرمۇ تۈگەر. بۇنى ئىجتىمائىي ئەخلاق جەھەتتىن ئال-
غاندا تەسىرى ئاز بولماس! بۇنىڭدىن قارىغاندا، «تىل رىش-
تىسى» نىڭ توختىتىلغانلىقى ئېسىل ئىش ئەمەسمۇ؟ ئەپ-
سۇسكى، ئۇنىڭ قالدۇقلىرى تامامەن قۇرۇپ كەتمىدى، يىل-
تىزى ھېلىمۇ مەۋجۇت، قايتا تىرىلىپ ئەسلىگە كېلىشى
چوقۇم. شۇڭا، جەزمەن ئالدىنى ئېلىش كېرەك! يامانلىقنى
تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇۋەتمەي، بۇزغۇنچىلىققا يول قويغۇ-
لۇقمۇ؟ مېھرىبان، ئادالەتپەرۋەر كىشىلەرنى بۇ يولدا ھەرد-
كەتكە كەلتۈرۈش، بەزىلەرنى ئەل قىلىش كېرەك، يېزىق
زىندانى بەرپا قىلىپ، ئىنئام بىلەن جازانى روشەنلەشتۈرۈش
كېرەك. مۇرتەدلەرنى يوقىتىپ، باش بۇزۇقلارنى جازالاپ ،
خەلقنى خاتىرجەملەندۈرۈش ئاممىنىڭ ئارزۇسى. بۇ يولدا
كۆرسەتكەن ئۆچمەس خىزمەتلەرنىڭ ئەلگە ساۋابى تەگمەي
قالارمۇ؟ دۆلەتنىڭ شەنىگە ياخشى بولماسمۇ؟ «قۇيۇن»(94)
نىڭ تەمسىلىنى دوراپ، «تىل رىشتىسى» ئۈچۈن تەزىيەنامە
يېزىپ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشتىن باش تارتمىدىم، مەندىن
ئۆزگە كىم بۇنداق قىلدى؟ كاتتا، كىچىك — ھەممە ئادەم-
نىڭ بۇنىڭغا ھەرگىز سەل قارىماسلىقىنى سورايمەن.

تىنىش بەلگىلىرى كېرەكسىز قىلىنمىغان، ئاممىباب
تىل ئۇسلۇبى مەنئى قىلىنغان بىر پەيتتە، شەمسىيىنىڭ
ئاخىرقى كۈنى، ئۆرۈكلۈكتە يېزىلدى.

بۇنىڭدىن بۇرۇن خىيالىمغا كەلمىگەنىدى، بۇ قېتىم ئېسىمگە كەلدى. بۇلتۇر شىيامېن ئارىلىدىكى چېغىمدىمۇ بىر دوستۇم گېزىتتىن بىر پارچە ماقالىنى كېسىۋېلىپ پوچتىدىن ماڭا ئەۋەتكەنىدى. ئۇ ماقالە بېيجىڭ «كۈندىلىك مۇلاھىزە» گېزىتىگە بېسىلغانىكەن، ۋاقتى «يولۋاس يىلى 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى···» شەمسىيە كالېندارى بويىچە يېزىلغان ۋاقتى قىرقىۋېتىلگەن. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

## قۇيۇنغا مەرسىيە

يەنشېڭ[95]

«قۇيۇننى ئوقۇغىنىمدا» دېگەن ماقالىنى ئەمدى يېزىپ بولۇشۇمغا، كۈتۈلمىگەندە، «قۇيۇن» نىڭ شاڭخەيدە قازا تاپقانلىقىدىن مۇسىبەت خەۋىرى يېتىپ كەلدى. «قۇيۇن» نىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمەيدىغانلىقىغا ئاللىقاچان كۆزىمىز يەتكەنىدى، لېكىن ئۇنىڭ مۇنداق تېزلا تۈگىشىدىغانلىقى زادى «كۈتۈلمىگەن يەردىن چىقتى». بولۇپمۇ «ئەدىبىيە ساھەسىدىكى نوپۇز ئىگىسى»[96] ئۇرۇش ئېلان قىلىۋاتقان پەيتتە مۇنداق ئاقىۋەتنىڭ ئۇشتۇمتۇت كېلىپ چىققانلىقى خۇددۇكچانلارنى بەلكىم نوپۇز ئىگىسىنىڭ قايتۇرما ھۇجۇم ئىستراتېگىيىسىدىن گۇمانلاندۇرۇپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. «بۇ گەپ دەرۋەقە توغرا ئەمەس»، «بىراق» «نۇرلۇق جۇڭگو» كىتابخانىسىغا ئەركىن تەنقىدچىلەر بارالمىغىنى بىلەن «ئەدىبىيە ساھەسىدىكى نوپۇز ئىگىسى» بارالىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن «قۇيۇن» نەشىردىن توختىتىلىپتۇ ۋە توختاشقا مەجبۇر بوپتۇ.

لېكىن، بۈگۈنكى كۈندە نوپۇز ئىگىلىرىمۇ كۆپ بولۇپ كەتتى. «قۇيۇن» نىڭ رەنجىتكەنلىرى جەنۇبلۇق نوچىلارمىدۇر؟ شىماللىق نوچىلارمىدۇر؟ ياكى···لارمىدۇر؟ تاڭ.





مۇتەپەككۇرلار بەربىر قوراللىق ئەلەمدارلاردەك كەسكىن ئەمەس، «قۇيۇن» توختىتىلغان بولسىمۇ چاڭخۇك[97] ئاخىر بېيجىڭغا ساق - سالامەت يېتىپ كەلدى. بۇ ھەقتە، بىز چاڭخۇكنى تەبرىكلەيمىز.

ۋادەرىخا! ئويلاپ قارايدىغان بولساق، دىنسىزلار ئۇلۇغ ئىتتىپاقىنىڭ[98] دەبدەبىسى ئەۋج ئالغان مەزگىلدە بەش پروفېسسور ئەدىبىيە ئەركىنلىكىنى ھىمايە قىلىش باياناتىمىسىگە مەردلىك بىلەن ئىمزا قويغانىدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئەركىن تەنقىد ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بىردىنبىر شوئارىغا ئايلىنىپ كەتتى. ۋاي ئەركىنلىك! ۋاي ئەركىنلىك! بۇ ئەركىنلىك قاتلاپ تىكىلگەن كىتابلار بىلەن تەڭلا خالا جايغا تاشلىنىسۇنچۇ! ھى - ھى! ئوھۇ!

«تىل رىشتىسى» ئەسلىدىلا بىرنەچچە ئادەمنى تاللاپ ماختاپ ئۇچۇرغان ياكى ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغان ۋە ياكى ئۇلارنى قارغىغاندىن كېيىن ئاپتورلارنىڭ ۋە مەجمۇئەنىڭ گۈللىنىشى ياكى خاراب بولۇشىنى، مەۋجۇت تۇرۇشى ياكى يوقىلىشىنى شۇ بىرقانچەيلەنگىلا دۆڭگەپ قويىدىغان مەجمۇئە ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئەمدى بېيجىڭدا قازا تاپقانلىقى توغرىسىدا مۇسىبەت خەۋىرى «بەلكىم «نوپۇز ئىگىسىنى قايتۇرما ھۇجۇم ئىستراتېگىيىسىدىن گۇمانلاندۇرۇپ» قويمىسا كېرەك. ھەقىقەتتە، مەنمۇ «مۇتەپەككۇرلار بەربىر قوراللىق ئەلەمدارلاردەك كەسكىن ئەمەس» ئىكەن دەپ ھېس قىلدىم!

لېكىن، بۇ ھەقتە مەن يەنشېڭنى ھەم بەش رەڭلىك دۆلەت بايرىقىنى تەبرىكلەيمەن.

12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، شاڭخەيدە

## 1928 - يىل

# «مەست - ئەلەس نەزىرى» دىكى خىرەلىك[99]

قەمەرىيە ھېسابى بىلەن ئالغاندىمۇ، شەمسىيە ھېسابى بىلەن ئالغاندىمۇ، بۇ يىل شاڭخەيدىكى ئەدىبلەرگە ئالاھىدە ئىلھامبەخش ئەتكەن بولسا كېرەك، بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ كەلگەن نورۇز بايرىمى بىلەن يېڭى يىل بايرىمىنىڭ ئۆتۈشى بىلەنلا ژۇرناللار ئارقا - ئارقىدىن چىقىشقا باشلىدى. ئۇلار ھەتتا مەزمۇننى قۇربان قىلىشتىن يانماي، پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئۇلۇغ ياكى ھەشەمەتلىك تېمىلارغا قارىتىشتى. نەشر قىلىنىۋاتقىنىغا بىر يىلدىن ئېشىپ كەتكەن ژۇرناللارمۇ كۈچىنىڭ بارىچە تىركەشمەكتە ۋە جىددىي بۇرۇلۇش ياسىماقتا. ئاپتورلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ بىرقانچىسى ئەمدىلا كۆزگە چېلىقىۋاتقانلار، كۆپچىلىكى بولسا بۇرۇندىن تونۇش. ئۇلارنىڭ بەزىدە نا تونۇشتەك تۇيۇلۇشى، ئۇلارنىڭ بىرەر - يېرىم يىل مابەينىدە قولىغا قەلەم ئالمىغانلىقىدىن بولغان. ئۇلار ئىلگىرى نېمە ئىش قىلىۋىدىكى، ئەجەبا، بۇ يىل ھەممىسى قولىغا قەلەم ئېلىشىپ قالدى. سۆزلەپ كەلسەك گەپ جىق. قىسقىسى، ئۇلار ئىلگىرى قەلەم تەۋرەتمىسىمۇ بولاتتى، ئەمدىلىكتە قەلەم تەۋرەتمىسە بولمايدىغان بولۇپ قالدى، بۇ ئەھۋال ئۆتمۈشتىكى بىمەنە ئەدىبلەرگە ۋە ئەدىبلەرنىڭ بىمەنىلىكىگە ئوخشاش بىر ئىش. مەيلى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز بولسۇن، ئۇلار بىرئاز بولسىمۇ ئۆزىنى سورىماقتا، شۇڭا ئۇلار كىتابخانلارغا «كېلەچەك»





تە ياكى «چەت ئەلگە چىقىش»، «تەتقىقاتخانىغا كىرىش» ۋە ياكى «ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈش» نىيىتى بارلىقىنى ئىزھار قىلىپ قويماقچى ۋە ئۇلار، ھازىرلا تۆھپە يارىتىشنى كۆزدە تۇتمايمىز، چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەندىن، تەتقىقاتخانىدىن چىققاندىن ۋە ئاممىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن كارامىتىمىزنى كۆرسىلەر، دېمەكچى. بۇ ھالدا، تەبىئىيكى، يىراقنى كۆزلەيدىغانلار، ئېھتىياتچانلار، قورقۇنچاقلار ۋە پۇرسەتپەرەسلەر ئەڭ ياخشىسى مۇشۇ پەيتنىڭ ئۆزىدىلا ئۇلارغا ئالدىن «ئىنقىلابىي ئېھتىرام» بىلدۈرسە بولارمىكىن، ئۇنداق قىلمىسا، كەلگۈسىدە «پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەس» مىكىن.

بۇ ژۇرناللارنىڭ ئىبارىلىرى بىر - بىرىدىن ھەرقانچە پەرقلىق بولسىمۇ، لېكىن بىرلا ئورتاقلىقى تۇرۇپتۇ، ئۇ بولسىمۇ، بىرئاز خىرەلىك. بۇ خىرەلىكنىڭ مەنبەسى، مېنىڭچە — فېڭ نەيچياۋنىڭ «مەست - ئەلەس نەزەر، شىركەيپ نەزەر»[100] دېگىنى بولسىمۇ — يەنىلا بەزىلەر ياخشى كۆرىدىغان، بەزىلەر نەپرەت قىلىدىغان بيۇروكراتلار ۋە مىلىتارىستلار. بۇلار بىلەن ئېچىللىشىپ قالغان ياكى ئېچىللىشىش ئارزۇسى بولغانلار ھەردائىم ئۆز قەلىمىدىن تەبەسسۇم ياغدۇرۇپ، ئۇلارغا كۈچۈكلىنىدۇ، لېكىن يىراقتا كۆزى يەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشىدە ئورغاق - بولقىدىن قورققانلىقى ئۈچۈن، ھازىرقى خوجايىنىغا ئوچۇق - ئاشكارا خۇشامەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، دېمەك، بۇ يەردە بىرئاز خىرەلىك قالدۇرغان. ئۇلاردىن ئالاقىسىنى ئۈزگەن ياكى ئۇلار بىلەن ئالاقىسى بولمىغان، ئاممىغا يۈزلەنگەنلەر ئەسلىدە قىلچە ئەندىشە قىلماستىن سۆزلىشى كېرەك ئىدى، ئەمما، ئۇلارنىڭ ئىچىدە سەترلىرىدىن جاسارەت ياغدۇرۇپ، ئۆزىنى باشقىلارغا قەھرىمان قىلىپ كۆرسەتكەن تەقدىردىمۇ، بيۇروكرات - مىلىتارىستلارنىڭ قوماندانلىق قىلىچىدىن قەتئىينەزەر بولالايدىغان ئەخ-

مەقلەر ھەرھالدا كۆپ ئەمەس، ئۇلارمۇ بىرئاز خىرەلىك قالدۇرغان. دېمەك، خىرەلەشتۇرۇپ يازماقچى بولغان بولسىمۇ، ئاخىر يەنە ئۆز خۇسۇسىيىتىنى چاندۇرۇپ قويغانلار، ئۆز خۇسۇسىيىتىنى نامايان قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، ئاخىر يەنە خىرەلىكتىن خالىي بولالمىغانلارنىڭ ھەممىسى بىر ماكان، بىر زاماندا پەيدا بولماقتا.

ئەمەلىيەتتە، خىرە يازغانلىقىمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق. ئەڭ ئىنقىلابىي مەملىكەتلەردىمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت جەھەتتە ئاز ـ تولا خىرەلىك يوق ئەمەس. ۋەھالەنكى، ئىنقىلابچىلار ئۆزىنى تەنقىد قىلىشتىن ھەرگىز قورقمايدۇ. ئۇلار ئەھۋالنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدۇ، شۇڭا گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدۇ. لېكىن، جۇڭگودا ئەھۋال باشقىچە، كىشىلەر باشقىلارنى دوراپ، تولستوينى «پەسكەش ۋەز ـ نەسىھەتچى»[101] دېيىشنى بىلىدۇ، ئەمما جۇڭگونىڭ «ھازىرقى ئەھۋالى» ھەققىدە بولسا، «ئەمەلىيەتتە، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرمۇ قارا كۈچلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغان»[102] لىقىنى ھېس قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ، «ھۆكۈمەتنىڭ زوراۋانلىقىنى بىكار قىلىش، سىياسىي جەھەتتىكى كومېدىيىلىك نىقابىنى يىرتىپ تاشلاش» قا قىلچىلىك جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل بولمايۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ يۇ، لېكىن «ئادەملەر گويا ئوت ـ چۆپتەك ئۈن ـ تىنسىز قىرىلىۋاتقان»[103] چاغدا، ھەتتا ئىنسانپەرۋەرلەرچە قارشىلىق كۆرسىتىپمۇ قويمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىكار قىلىش ۋە قارشىلىق كۆرسىتىشلىرى «بىۋاسىتە ھەرىكەت»[104] ئەمەس، بەلكى «گەپدانلىق» تىنلا ئىبارەت، خالاس. مەن ماقالە يازغۇچىلارنىڭ بىۋاسىتە ھەرىكەت قوللىنىشىنى ئۈمىد قىلمايمەن، ماقالە يازغۇچىلارنىڭ قولىدىن پەقەت ماقالە يېزىشلا كەلسە كېرەك، دەپ بىلىمەن.





ئەپسۇسكى، سەل كېچىكىپ قېلىشتى، ئىجادىيەت تەھرىراتى ئوزاقى يىل شىرىك توپلاپ، ئۆتكەن يىلى ئادۋوكات تەكلىپ قىلىپ[105]، بۇ يىل ئاران دېگەندە «ئىنقىلابىي ئەدەبىيات» بايرىقىنى چىقاردى، تىرىلگەن تەنقىدچى چېڭ فاڭۋۇ «سەنئەت ئوردىسى» نى قوغداش ۋەزىپىسىدىن ئازاد بولۇپ[106]، «ئاممىنى قولغا كەلتۈرمەكچى» ۋە ئىنقىلابىي ئەدىبلەرنىڭ «ئاخىرقى غەلىبىسىگە كاپالەت» لىك قىلماقچى[107] بولدى. بۇ سەكرەشنى مۇقەررەرلىك، دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن شۇغۇللانغانلار ھەرھالدا سەزگۈر كېلىدۇ، ئۆزىنىڭ خارابلىشىدىغانلىقىنى ھامان سېزىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەيدۇ، گويا دېڭىزدا لەيلەپ قالغان كىشىدەك ھەر تەرەپكە جېنىنىڭ بارىچە يامىشىدۇ. XX ئەسىردىن بۇيانقى ئىزھارچىلىق[108]، تاق ـ تاقىزم[109]، پوكۇنچىزم ـ پوستانچىزم دېگەنلەرنىڭ بىرى باش كۆتۈرسە، بىرىنىڭ خارابلاشقانلىقى ئەنە شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇ. ھازىرقى دەۋر ئۇلۇغ دەۋر، داۋالغۇلۇق دەۋر، بۇرۇلۇش دەۋرى، جۇڭگودىن باشقا ئەللەردە ئومۇمەن سىنىپىي قارىمۇقارشىلىق ئىنتايىن ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى، دېھقانلار، ئىشچىلار كۈندىن ـ كۈنگە مۇھىم ئورۇن تۇتماقتا، ئۆزىنى خارابلىقتىن قۇتقۇزۇشنى ئىزدەيدىغانلارنىڭ ئۇلار تەرىپىگە ئۆتۈشى تەبىئىي. يەنە كېلىپ «ئەپسۇسكى ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەسلىدە كۆڭلى ئىككى…»، گەرچە بۇرژۇئازىيە تەرەپكە ئۆتۈشى مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن پرولېتارىيات تەرەپكە ئۆتۈشىمۇ مۇمكىن.

بۇنداق ئىشلار جۇڭگودا ئەمدىلا بىخ ئۇرۇۋاتقاچقا، غەيرىي تۇيۇلىدۇ، شۇڭا «ئەدەبىيات ئىنقىلابىدىن ئىنقىلابىي ئەدەبىياتقا» دېگەندەك چوڭ تېمىلاردا يېزىشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن، سانائەت تەرەققىي قىلغان، باي ـ كەمبەغەللىك ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان مەملىكەتلەردە بۇ ئاللىقاچان ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالدى، يا

كەلگۈسى دۇنيا ئەمگەكچىلەرنىڭ دۇنياسى بولىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ، يا كۈچلۈكلەرگە ياردەم بەرگەندىن كۆرە ئاجىزلارغا ياردەم بېرىش كېرەك دەپ ئۆتۈپ كېتىدۇ؛ ياكى بۇ قاراشلىرىنىڭ ھەر ئىككىسى گىرەلىشىپ رول ئوينىغانلىقىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ؛ ۋەھىمە تۈپەيلىدىن ياكى ئاق كۆڭۈل بولغانلىقىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. چېڭ فاڭۋۇ كىشىلەرنى ئۇششاق بۇرژۇئازىيىچە تەبىئىتىنى يېڭىشكە دالالەت قىلىپ «ئامما»نى «بېغىشلاش» ۋە «ساقلاش» ماتېرىيالى سۈپىتىدە ئۆز تەرىپىگە تارتىپ، سۆزىنى تۈگەتتىيۇ، لېكىن خېلى چوڭ بىر مەسىلىنى، يەنى: مۇبادا «ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىگە كاپالەتلىك قىلىش» قىيىن بولسا، سىز ئۆتەمسىز، يوق، دېگەن مەسىلىنى جاۋابسىز قالدۇردى.

بۇ ھەقىقەتەنمۇ چېڭ فاڭۋۇنىڭ تەبرىكلىشى ئاستىدا، بۇ يىل مەيدانغا چىققان «مەدەنىيەت تەنقىدى» دىكى لى چيۇلىنىڭ ماقالىسى(110) گە يەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا پرولېتارىيات ئەدەبىياتى توغرىدىن - توغرا تەشەببۇس قىلىنغان ۋە پرولېتارىياتنىڭ ئۆزىنىڭ يېزىشى شەرت ئەمەس، مەيلى قايسى سىنىپتىن كېلىپ چىققان بولسۇن، قانداق مۇھىتتا ياشىغان بولسۇن، پەقەت «پرولېتارىياتنىڭ ئېڭى بىلەن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن جەڭگىۋار ئەدەبىيات» بولسىلا بولىدۇ، دەپ ئۈزۈپ ئېيتىلغان. ئەمما، لى چيۇلى «ھەۋەسنى مەركەز قىلغان» لەنەت تەگكۈر «تىل رىشتىسىچىلار» نىڭ نامىنى كۆرۈش بىلەنلا گەپنى ئەگىتىپ، يەنى «قېنى، گەزىرىن ئەپەندى ئېيتىپ باقسۇنچۇ، لۇشۈن قانچىنچى سىنىپنىڭ كىشىسى؟» دەپ سوئال قويغان(111).

چېڭ فاڭۋۇ مېنىڭ سىنىپىم توغرىسىدا: «ئۇلارنىڭ قىيالمايۋاتقىنى ‹بىكارچىلىق، بىكارچىلىق ۋە يەنە بىكارچىلىق›، ئۇلار بىكار تەلەپ بۇرژۇئازىيىگە ياكى غەپلەتتە ياتقان ئۇششاق بۇرژۇئازىيىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ… بېيجىڭدىكى بۇرۇقتۇرمىلىقنى ئون





پاتمان تۈتۈنسىز دورا بىلەن پارتلاتمىغۇچە، ئۇلار مەڭگۈ شۇ پېتى ياشاۋېرىشى مۇمكىن»(112) دەپ ئاللىقاچان ھۆكۈم چىقارغان.

بىزنىڭ تەنقىدچىمىز ئەمدىلا ئىجادىيەت تەھرىراتىنىڭ تۆھپىسىنى يېزىپ چىقىپ، «ئىنكارنى ئىنكار» قىلىپ، «ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈش»(113) كويىدا بولۇۋاتقىنىدا «ئون پاتمان تۈتۈنسىز دورا»نى چۈشەكىدى ھەمدە مېنى گويا «بۇرژۇئازىيە سىنىپى»غا قوشۇۋەتمەكچى بولدى (چۈنكى «بىكارچىلىق دېمەك، پۇلى بار دېمەك ئىمىش»)، بۇ ھال مېنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. كېيىن لى چيۇلىنىڭ «مېنىڭچە، بىرەر يازغۇچى مەيلى بىرىنچى، ئىككىنچى… يۈزىنچى، مىڭىنچى سىنىپنىڭ ئادىمى بولسۇن، ھەممىسىلا پرولېتارىياتنىڭ ئەدەبىيات ھەرىكىتىگە قاتناشسا بولىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ مۇددىئاسىنى تەكشۈرۈشىمىز لازىم…»(114) دېگەن سۆزىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم سەل ئارام تاپتى، شۇنداقتىمۇ ماڭا نىسبەتەن يەنىلا سىنىپىمنى سۈرۈشتۈرۈش ئەندىشىسىدىن قۇتۇلغىنىم يوق. «بىكارچىلىق دېمەك، پۇلى بار دېمەك» ئىكەن، ئەگەر پۇلى بولمىسا، تۆتىنچى سىنىپقا(115) مەنسۇپ بولۇشى، «پرولېتارىيات ئەدەبىيات ھەرىكىتىگە قاتنىشىشى» كېرەك ئىدى، لېكىن شۇ چاغدىمۇ يەنە «مۇددىئا» سۈرۈشتۈرىدىغانلىقى كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ. قىسقىسى، ئەڭ مۇھىمى «پرولېتارىيات ئېڭىغا ئىگە بولۇش» كېرەك ئىكەن، بۇنىڭدا «ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈش» بىلەنلا ئىش تۈگىمەيدىكەن. ئۇنداق دېسىمۇ، بۇنداق دېسىمۇ، چىگىش بەربىر يېشىلمىدى. ئەڭ ياخشىسى، يەنىلا لى چيۇلى «سەنئەت قورالىدىن قورال سەنئىتىگە»(116) بېرىۋەرسۇن، چېڭ فاڭۋۇ يېرىم كونسېسسىيىدە ئولتۇرۇپ «ئون پاتمان تۈتۈنسىز دورا»سىنى توپلاۋەرسۇن، مەن ئۆزۈم ئاۋۋالقىدەكلا ئۆز «ھەۋەس»لىرىم بىلەن بولۇۋېرەي.

چېڭ فاڭۋۇنىڭ «بىكارچىلىق، بىكارچىلىق ۋە يەنە بىكارچ-

لىق» دەپ چىش غۇچۇرلىتىشى مېنىڭ ھەۋىسىمنى قوزغىدى. چۈنكى، بەزىلەر مېنىڭ ھېكايىلىرىمنى باھالاپ، «ئېغىر - بېسىق، ئېغىر - بېسىق ۋە يەنە ئېغىر - بېسىق ئىكەن»[117] دېگىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە، «ئېغىر - بېسىق» دېيىش ياخشى باھا ھېسابلانمايدۇ، ئەمما نېمە ئۈچۈندۇر، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، گويا بۇ ئىنقىلابىي تەنقىدچىنىڭ (چېڭ فاڭۋۇنىڭ) مېڭىسى پالتا بىلەن قاپ ئوتتۇرىدىن يېرىۋېتىلگەندەك: «بىكارچىلىق» نىمۇ ئۈچكە يەتكۈزدى، ئەگەر تۆتكە يەتكۈزگەن بولسا، ھەتتا «قەدىمكى رومانلاردىن خاتىرىلەر» نىمۇ يازمىغان بولاتتىم ياكى پەقەت ئىككىلا بولغان بولسا، بىرئاز ئالدىراش بولغان بولاتتىم - دە، «ئوفخېبېن»[118] قىلىنمىغان بولاتتىم (ئوفخېبېن ئەسلىدە Aufheben دېگەن سۆز بولۇپ، ئىجادىيەت تەھرىراتچىلار بۇنى شۇنداق تەس خەتلەر بىلەن ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلغانكى، ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى بىلمىدىم)؛ بۇ تۆتىنچى سىنىپ كىشىلىرىگە Aufheben دېگەن ئەسلىي يېزىقنى كۆچۈرۈشتىنمۇ تەس چۈشكەن بولسا كېرەك. ئەپسۇسكى، پەقەت ئۈچ بولۇپلا قالغان. لېكىن «تىرىشىپ ئۆزىنى ئىپادىلەش»[119] كە ئىنتىلمىدى دەپ ئىلگىرى قەيت قىلىنغان جىنايەتمۇ ئېھتىمال چېڭ فاڭۋۇنىڭ «ئىنكارنى ئىنكار قىلىش» لىرى بىلەن تەڭ يوقىلار.

«ئىجادىيەتچىلەر» «ئىنقىلاب ئۈچۈن ئەدەبىيات» بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا يەنىلا ئەدەبىيات كېرەك ئىكەن، ئۇلارچە ئەدەبىيات ھازىرقى ۋاقىتتا ھەممىدىن مۇھىم نەرسە ئىكەن، چۈنكى «سەنئەت قورالىدىن قورال سەنئىتىگە» ئۆتۈش لازىم ئىكەن؛ «قورال سەنئىتى» گە ئۆتكەن ھامان خۇددى «تەنقىد قورالىدىن قورال تەنقىدىگە»[120] ئۆتكەن چاغدىكىگە ئوخشاش، دۇنيادا مىسالى بولغىنىدەك، «ئارىسالدىلار ماقۇللىغۇچىلارغا، قارشى تۇرغۇچىلار ئارىسالدىلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ»[121]





كەن.

لېكىن، بۇنىڭدىن: ئەمىسە نېمە ئۈچۈن «قورال سەنئىتى» گە ھازىرلا ئۆتمەيمىز، دېگەن خېلى چوڭ بىر سوئال كېلىپ چىقىدۇ.

بۇمۇ «مۈلۈكدارلارنىڭ ئەلچىسى سۇ چېگىنىڭ مەدداھلىقى»[122] غا ئوخشاش بىر گەپ. لېكىن، «يوقسۇللار مۈلۈكدارلار ئېڭىدىن تېخى قۇتۇلمىغان»[123] ھازىرقى پەيتتە، بۇرژۇئازىيىنىڭ چېكىنىش ياكى قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش يولىدىكى زەھەرلىك پىلانلىرىدىن قەتئىينەزەر، بۇ مەسىلە بەربىر قوزغىلىدۇ. چۈنكى، تولىمۇ ئۇزۇل - كېسىل ۋە شىددەتلىك بولغان بۇ تەشەببۇس گۇمان ئامىللىرىدىنمۇ خالىي ئەمەس. ئۇنىڭغا مۇنداق دەپلا جاۋاب بېرىش مۇمكىن:

ئۇ تەرەپتە «قورال سەنئىتى» بولغاچقا، بۇ تەرەپتە «سەنئەت قورالى» بولماي مۇمكىن ئەمەس.

بۇ سەنئەت قورالى ھەقىقەتەن ئىلاجسىزلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇ قارشى تۇرماسلىق خىيالىدىن قۇتۇلۇپ، قەغەز يۈزىدە جەڭ قىلىدىغان يېڭى چۈشكە پېتىپ قالغانلىق، ئىنقىلابىي سەنئەتكارلارنىڭ ئەنە شۇنىڭ بىلەنلا ئۆز جاسارىتىنى ساقلىماي ئىلاجى يوق. مۇبادا ئۇلار ئۆز سەنئىتىنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا نەزەرىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئىنقىلابىي سەنئەتكار بولالمايدۇ - دە، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ پرولېتارىيات لاگېرىدا ئولتۇرۇپ، «قورال بولىدىغان تۆمۈر ۋە ئوت» نىڭ بارلىققا كېلىشىنى كۈتۈشى مۇقەررەر. بۇلار بارلىققا كەلگەن ھامان، ئۇ ئۆزىنىڭ «قورال سەنئىتى» نىمۇ كۆتۈرۈپ چىقىدۇ، شۇ چاغدا ئەگەر تۆمۈر ۋە ئوتنى قولغا ئالغان ئىنقىلابچى بىر «بىكارچىلىق» پۇرستى نېسىپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز تۆھپىلىرى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ بېرىدىغان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا

جەڭچى بولۇپ قىلىۋېرىدۇ، ئاخىرىدا غەلىبىگە ئېرىشكەن بولىدۇ ـ دە، بىراق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۈستىدىكى مۇلاھىزىلەرنىڭ ئايىغىنى چىقىرالمايدۇ. چۈنكى، جەمئىيەتتە نۇرغۇن تەبىقىلەر بار، ئىلغار ئەللەرنىڭ تارىخىي پاكىتلىرى تۇرۇپتۇ؛ ھازىرقى ئەھۋالدىن مىسال ئالساق، «مەدەنىيەت تەنقىدى» Upton Sinclair[124] نى سۈرۈشتۈرۈپ، «ئىجادىيەت» ژۇرنىلى Vignyنى ھاپاشلاپ «قەدەم تاشلىدى»[125].

مۇبادا ۋاقتانىۋاق كەلگەندە، «ئىنقىلاب قىلماسلىق — ئىنقىلابقا قارشى چىققانلىق بولىدۇ»، ئىنقىلابنىڭ توختاپ قېلىشىغا «تىل رىشتىسىچىلار» زامىن بولدى، باشقىلارنىڭ ھويلا ـ ئاراملىرىنى تازىلاپ بەرسىمۇ يېرىم ـ يارتا بولكا تېپىپ يېگەن بولاتتى، دېيىشمەيدىغان بولسا، مەن سەككىز سائەتلىك خىزمەتتىن كېيىن قاراڭغۇ ھۇجرىدا ئولتۇرۇپ «قەدىمكى رومانلاردىن خاتىرىلەر» دېگەن كىتابىمنى داۋاملىق يېزىۋېرىمەن، بىرنەچچە مەملىكەتنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى توغرىسىدىمۇ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈۋېرىمەن، چۈنكى مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. بىراق، بىرلا ئەندىشە قىلىدىغىنىم، چىڭ فاڭۋۇلار خۇددى ۋىلادىمىر ئىلىئىچتەك بىردىنلا «ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈۋالىدۇ»غان بولسا، ئۇلار تېخىمۇ بەكرەك قۇيرۇق كۆتۈرۈۋالىدۇ، ھەتتا مېنىمۇ ئاقسۆڭەكلەر ياكى پادىشاھلار سىنىپى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋېتىدۇ ياكى ھېچبولمىغاندا شىمالىي قۇتۇپقا سۈرگۈن قىلىۋېتىدۇ، تەرجىمە قىلغان ۋە يازغان كىتابلىرىمنى مەنئى قىلىدىغانلىقى تۇرغان گەپ.

ئۇزاققا قالماي ئۇلۇغ بىر دەۋر بەرىبىر يېتىپ كېلىدۇ. ھازىر «ئىجادىيەت» چىلەردىن بولغان ئىنقىلابىي ئەدەبىياتچىلار ۋە پرولېتارىيات يازغۇچىلىرى نائىلاجلىقتىن «سەنئەت قورالى»نى دەستەك قىلىۋاتىدۇ، «قورال سەنئىتى»گە ئىگە بولغان غەيرىي ئىنقىلابىي ئەمەلدارلارمۇ شۇنى دەستەك قىلىۋېلىشتى، ناز ـ كە-





رەشمىلىك بىرنەچچە ژۇرنال[126] ئەنە شۇنداق قىلدى. ئۇلار ئۆز قولىدىكى «قورال سەنئىتى»گە ئۆزىمۇ ئانچە ئىشەنمىسە كېرەك. ئۇنداق بولسا، بۇ ئەڭ ئالىي سەنئەت — «قورال سەنئىتى» ھازىر زادى كىمنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى؟ شۇ تېپىلسىلا، جۇڭگونىڭ ئەڭ يېقىن كېلەچىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، شاڭخەي

# سىتۇ چياۋ ئەپەندى سىزغان رەسىملەرگە بىر نەزەر[127]

سىتۇ چياۋ[128] ئەپەندىنىڭ ئىسمى فامىلىسىنى تۆت - بەش يىل بۇرۇن بىلگەنىدىم، شۇ چاغدا بېيجىڭدا ئىدىم. ئۇنىڭ دەرس بىلەن كارى بولماي، ئۇستا ئىزدىمەي، ئۆزىنىڭ ماجالى يەتكەنچە، قەدىمىي بۇتخانىلار، توپا دۆڭلەر، كونا ئۆيلەر، نامرات ئادەملەر، تىلەمچىلەر… نىڭ رەسىملىرىنى كۈن بويى سىزىدىغانلىقىدىن خەۋەردار ئىدىم.

بۇ رەسىملەر جەنۇبتىن كەلگەن مۇساپىرلارنىڭ قەلبىنى تەبىئىي ھالدا ھەممىدىن بەكرەك تەسىرلەندۇرۇشى تەبىئىي: سېرىق چاڭ - توزان قاپلىغان ئىنسانلار ئارىسىدا، ھەممە نەرسە توپا رەڭگە ئايلانغان، ئىنسانلار شۇ ۋەجىدىن تەبىئەت بىلەن ئېلىشقان، توق قىزىل ۋە قىزغۇچ قارامتۇل ئىمارەتلەر، مەرمەر سالاسۇنلار، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن بۇتلار، پومپايغان جۇيازىلار، تاتارغان چىرايلار، چىرايغا چوڭقۇر چۈشكەن بىرمۇنچە قورۇقلار… بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ تەبىئەتكە بويۇن بەرمەستىن يەنىلا ئېلىشىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيتتى.

بېيجىڭدىكى كۆرگەزمىدە[129]، جۇڭگولۇقلارنىڭ تەبىئەتكە بولغان شۇنداق قەيسەر روھىنى ئاپتورنىڭ ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆتكەنىدىم. ئۇ سىزغان «تۆت ساقچى بىلەن بىر ئايال»[130] رەسىمىمۇ قولۇمغا چۈشكەن. «ئەيسا مەسىھ»[131] نىڭ بىر پارچە رەسىمى ھازىرغىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭدا بىر





ئايالنىڭ ئاغزى ئۇنىڭ تېۋىلغا شىلەپىسىنى سۆيۈپ تۇرغان.

بۇ قېتىم ئەپەندىم بىلەن شاڭخەيدە كۆرۈشۈپ قالدىم. مەن ئۇنىڭدىن:

— ھېلىقى ئايال كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ھۆر - پەرى، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

بۇ جاۋاب مېنى قانائەتلەندۈرەلمىدى. چۈنكى، بۇ قېتىم ئاپتور شىمالنىڭ مەنزىرىسى — كىشىلەرنىڭ تەبىئەت بىلەن جاپالىق كۈرەشتە ھاسىل قىلغان مەنزىرىسى — بىلەن يەنە ئالاھىدە ئېلىشقانلىقىنى، گاھىدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى سۈزۈك - يورۇقلۇقى بىلەن سېرىق چاڭنى يېرىپ تاشلىغانلىقىنى سەزدىم. ھېچبولمىغاندا، ماڭا «خۇشاللىق» (Joy) نىڭ بىخ ئۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇردى. مەسىلەن، يېقىندىكى نەيزە يارىسى قاناپ تۇرسىمۇ، لېكىن تېۋىلغا شىلەپىگە ھۆر - پەرى — ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە — نىڭ لەۋلىرى تېگىپ تۇرغان. قانداق بولسا بولسۇنكى، بۇ — غەلىبە.

كېيىن سىزغان جياڭسۇ، جېجياڭلارنىڭ سۈزۈك - يورۇق مەنزىرىسى، گۇاڭدۇڭنىڭ قىزغىن - يارقىن مەنزىرىسى ئاپتورنىڭ ئەسلىي خىسلىتى. بۇلارنى شىمال تەرەپنىڭ مەنزىرىسىگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇ قەلەم تەۋرىتىپ سىزغان چېغىدا ئۆزىنىڭ بىلەرمەنلىكىدىن خۇشاللىنىپ، خۇددى ئايرىلغىلى ئۇزاق بولغان ھەمسۆھبىتى بىلەن كۆرۈشكەندەك بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. لېكىن، مەن سېرىق چاڭنى ياخشى كۆرىمەن، چۈنكى قەلبى سۈزۈك - يورۇق بولغان ئاپتورنىڭ ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت بىلەن جاپالىق ئېلىشىۋاتقان قەدىمىي جەڭ مەيدانىدىن قانداق ھەيران بولۇپ، ئۆزىنىڭمۇ شۇ جەڭگە قاتنىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

جۇڭگونىڭ پۈتكۈل زېمىنىنى تۇتاشتۇرۇۋېتىش شەرت. ئەگەر

كېلەچەكتە زېمىننى دائىرىلىۋالىدىغان ئىش بولمىسا، ياشلار تا-
رىختىن خالىي ھالدا جۇڭگونىڭ رەڭگىرويىدىن سېرىق چاڭنى
كۆچىنىڭ بارچە سۈرتۈپ چىقىرىۋېتەر. مېنىڭچە، ھەممىدىن ئاۋ-
ۋال مۇشۇنداق بولىدۇ.

1928 يىل 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كېچىسى، شاڭخەيدە





# شاڭخەيدىكى لۇشۈننىڭ ئېلانى[132]

بىرەر ئايدىن ئىلگىرى بولسا كېرەك، تەرەققىيات كىتابخانى-
سى ئارقىلىق M خانىم[133] نىڭ بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋال-
دىم. خەتتە:

«1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى خاڭجۇدىكى گۇشەندە خوش-
لاشقاندىن كېيىن، كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولدى. پات ـ
پات خەت ئەۋەتىپ ئاتىدارچىلىق قىلىشقا ئىلتىپات قىلغان-
دىكىز...» دەپتۇ.

مەن بىر پارچە جاۋاب خەت يېزىپ، خاڭجۇغا بارمىغىنىمغا
10 يىل بولاي دەپ قالغانلىقىنى، گۇشەندە ئەسلا بىركىم بىلەن
خوشلاشمىغانلىقىمنى، شۇڭا خانىمنىڭ كۆرگىنى باشقا بىراۋ ئە-
كەنلىكىنى ئېيتقاندىم. بۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى، M
خانىم مېنىڭ لېكسىيەمنى ئاڭلىغان ئىككى ساۋاقدىشى بىلەن مېنى
يوقلاپ كەلدى، ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، ئۈچ تەرەپنىڭ ئىسپاتلى-
شى بىلەن گۇشەندىكىسىنىڭ ھەقىقەتەن باشقا بىر «لۇشۈن» ئە-
كەنلىكى ئايان بولدى. شۇنداقتىمۇ M خانىم يەنە ئۇستازى
مەنشۈنىڭ[134] قەبرىسى يېنىدىكى مۇنداق تۆت مىسرا شېئىرنى
ماڭا كۆرسەتتى:

«كەلسەم جانابلىرى تېپتىنچ يېتىپلا،
ئەمدى كىمنىڭ ئەرۋاھىنى ئويغىتارمەن؟

لەيلەپ يۈرۈپ قالدىم تاغۇ باغلار ئارا،
پەيت كەلگەندە كەينىلىرىدىن بارارمەن.

لۇشۈننىڭ خاڭجۇنى سەيلە قىلغاندا قەدىناس دوستى مەز-
شۇغا تەزىيە بىلدۈرۈپ يازغانلىرى.

17 - يىل 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى»

شۈنىڭ بىلەن خاڭجۇدا ئۇلتۇرۇشلۇق H ئەپەندىدىن[135] ئۇ-
قۇشۇش ئۈچۈن خەت يازدىم. ئۇلۇشكۈن جاۋاب خېتى تەگدى،
خەتتە ئېيتىلىشىچە، مۇشۇنداق بىر ئادەمنى ھەقىقەتەن كۆرگەنلەر
بار ئىكەن، شەھەر سىرتىدا پالا ئوقۇتۇۋېتىپتۇ، فامىلەم جۇ دەي-
مىش، ئۆز ۋاقتىدا «تېڭىرقاش» ناملىق بىر كىتاب يازغانىكەن،
80 مىڭ نۇسخا نەشر قىلىپ سېتىپتۇ، لېكىن ئۆزى قانائەتلەنمەي-
دىكەن، پات ئارىدا تېخىمۇ ياخشى ئەسەر يېزىپ چىقىرىدىكەن.
جۇڭگودا ئەسلىي فامىلىسى جۇ بولغان ياكى جۇ ئەمەس بولسىمۇ،
لېكىن جۇ بولسام دەيدىغان، ئىسمىمۇ لۇشۈن دەپ ئاتالغان ئىك-
كىنچى بىرەيلەننىڭ بولغانلىقىغا مېنىڭ قىلچە ئامالىم يوق. لې-
كىن، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ ماڭا خېلىلا ئوخشاپ
قالىدىكەن، بۇ مېنى بىرئاز تەسلىككە سېلىپ قويدى. ھېلىقى
شېئىرنىڭ ئانچە قاملاشمىغانلىقىدىن گەپ ئېچىش ھاجەتسىز، ئەم-
ما زورمۇزور باشقىلارنىڭ ئورنىدا مەنشۇغا «كەلسە پەيتى كەينىلى-
رىدىن بارارمەن» دېگەنلىكى تولىمۇ مۇستەبىتلىك بولارمىكىن.
«بېرىش» نىغۇ ھامان بىر كۈنى «بار» غۇلۇق، لېكىن مەنشۇنىڭ
«كەينىدىن» بېرىشنى چۇشۇمدىمۇ ئويلىمىغانمەن. شۇنداقتىمۇ بۇ
تېخى كارى چاغلىق ئىش، بولۇپمۇ باشقىلارغا قانداقتۇر «ئاتىدار-
چىلىق» قىلىشقا ۋەدە بېرىش ماڭا ئەسلا لايىق كەلمەيدۇ.
مەن شاڭخەيگە كەلگەندىن بۇيان، گېزىتلەردە «كىتابخانا ئا-
چىدىكەن» ياكى «خاڭجۇنى سەيلە قىپتۇ» دېگەن گەپلەر چىقتى،





ئەمەلىيەتتە مەن كىتابخانىمۇ ئاچمىدىم، خاڭجۇغىمۇ بارمىدىم.
يەنىلا ئاۋۋالقىدەك، بىنانى پاناھ قىلىپ ئاز - پاز كىتاب تەرجىمە
قىپتىمەن. ھارۋا سۆرەشنى بىلمىگەنلىكىمدىن، تۇتۇنسىز مىلتىق
دورىسى ياساشنىمۇ ئۆگەنمىگەنلىكىمدىن، قەلەمگىلا تايىنىپ جان
بېقىپتىمەن. مۇشۇ پەيتتە جان بېقىۋاتقانلىقىم ئۈچۈن، بىر تۇرۇپ
«يول باشچى» لىققا چىقىرىپ قويۇلدۇم، بىر تۇرۇپ «قاتاردىن
قالغان» غا چىقىرىپ قويۇلدۇم[136]، بۇمۇ ئۆزۈمنىڭ شورى، پا-
لان نېمەمگە قويدۇم. ناۋادا يەنە بىر لۇشۈن پەيدا بولۇپ، مەن
ئۈچۈن سۆزلىسە، مېنىڭ ئورنۇمدا شېئىر يازسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى-
گە يەنە يالغۇز مەنلا ئىگە بولسام، ئۇ ھالدا راستىنلا «بىكار،
بىكار، يەنە بىكار» بولالماي قالىمەن - دە، كىتاب تەرجىمە قىلغۇ-
چىلىك ئارامىممۇ بولماي قالىدۇ.

شۇ ۋەجىدىن، بۇ قېتىم يەنە بىر ئېلان چىقاردىم. جاكارلايدى-
غىنىم شۇكى، مەندىن باشقا، بۇ يىل ئاز دېگەندە «لۇشۈن»
دەيدىغاندىن يەنە بىرى تۇرۇپتۇ، لېكىن ئۇ «لـۇشـۈن» نىـڭ
سۆز - ھەرىكىتى ئۆز ۋاقتىدا «تېڭىرقاش» دەيدىغان بىر كىتابنى
نەشر قىلغان، لېكىن 80 مىڭ پارچە ساتالمىغان مەندىن ئىبارەت
لۇشۈن بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق.

3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، شاڭخەيدە

# ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە ئىنقىلاب[137]

## دۆڭفېندىن كەلگەن خەت

لۇشۈن ئەپەندى:

«يېڭىلىق گېزىتى»[138] «بىلىم دېڭىزى» ئىستونىدا «ئەدەبىيات بىلەن سىياسىينىڭ ئىختىلاپى» دېگەن مەزمۇندىكى نۇتقىڭىزنى ئوقۇدۇم، ئۇنىڭدا، ئەدەبىياتچىلار بىلەن سىياسىيچىلارنىڭ كېلىشەلمەيدىغانلىقى؛ بۇ كېلىشەلمەسلىككە سىياسىيچىلارنىڭ ھازىرچە ئامانلىقتا ئېرىشۋالسا قانائەت قىلىدىغانلىقى سەۋەبچى بولىدىغانلىقى؛ بۇنداق قانائەت قىلىش سەزگۈرلۈكى ئۆتكۈر ئەدەبىياتچىلارنىڭ نەزىرىدە ھاماقەتلىك بولىدىغانلىقى؛ ئەدەبىياتچىلەر بۇ ئەھۋالدىن ئۈمىدسىزلەنگەندىكتىن ئاخىرى سىياسىئونلارنىڭ ھەسەتخورلۇقى بىلەن پالاكەتكە ئۇچراپ، ئۆمۈر بويى قەددىنى كۆتۈرۈپ تۇرالماس بولۇپ قالىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈپ بېرىلگەن. مېنىڭچە بۇ، دۇنيا ئەللىرىدە رەسمىيلەشكەن پاكىت. يېقىندا «تىل رىشتىسى»گە بېسىلغان «ئاممىۋىلىق ۋە تالانت»[139] دېگەن ماقالىنى، سىزنىڭ «‹مەست ـ ئەلەس نەزىرى› دىكى خىرەلىك» دېگەن ئەسىرىڭىزنى ئوقۇدۇم، بۇ ماقالىلەر ھازىر بولار ـ بولماس ئاددىيلىقتا ۋە ئىنقىلابىي ئەدەبىياتقا بېرىلىپ كەتكەنلەرنى، ھېچبولمىغاندا مېنى ھەقىقەتەن خىرەلىكتىن خېلى كۆپ ئويغاتتى.





ئىشىنىمەنكى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە دائىر پىكىر ئېقىم ھەرقانچە ئۆزگەرسىمۇ، لېكىن سەنئەتنىڭ ئۆزى چەكسىز قىممەتكە ئىگە، بۇنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. يەنى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە ئەڭ ئاۋۋالقى بىرنېمەئىزمدىن ھازىرقى بىرنېمە ئىزمغىچە يېزىلغان مەزمۇنلار ھەرقانچە ئوخشاشمىسىمۇ، لېكىن پىشىپ يېتىلگەن ماھارەت بىلەن بىرەر پارچە ئاجايىپ نەپىس ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسىرى يېزىپ چىقىش يولىدىكى ئىنتىلىش ھامان ئوخشاش بولىدۇ. چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ بېشى بىلەن ئايىغىنىڭ شەكلى ئوخشاشمىسىمۇ، لېكىن چاڭجياڭ دەرياسى ھامان شۇ چاڭجياڭ دەرياسى. بىز ئۇ دەريانىڭ ئايىغى كەڭ، چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ۋە ئاستا ئاقىدىغانلىقىنى، ئېتىز سۇغىرىشقا، چوڭ ـ چوڭ كېمە ـ پاراخوتلارنى ھەيدەشكە ئەپلىك بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپلا، ئۇنىڭ مۇنداق كەڭلىكى، چوڭقۇرلۇقى ۋە ئاستا ئاقىدىغانلىقىنىڭ مەنبەسىنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويساق، ھاماقەتلىكتە ئۇچىغا چىققان بولىمىز. شۇ تاپتا بىزگە چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئايىغى كېرەك، چۈنكى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ بايلىقنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ، دەريانىڭ بېشى كېرەك ئەمەس، ئۇ بولغان بىلەنمۇ زادى كېرەككە كەلمەيدۇ دېيىلىدىكەن، بۇ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئۆزىدىكى پۈتكۈل قىممەتكە پۈتۈنلەي ئىقتىسادىي قىممەت ئارقىلىق باھا بەرگەنلىكتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئىقتىسادىي قىممەتنى نەزەردە تۇتقۇچى سودىگەرلەر مۇنداق باھا بەرسە ئەجەبلىنەرلىك بولمايتتى، سەنئەتنىڭ قىممىتىنى نەزەردە تۇتقۇچى ئەدىب ۋە سەنئەتچىلەر بۇنداق باھا بېرىدىغان بولسا، قاپاق باشلىقتا چېكىگە يەتكەنلىك بولۇپ قالار. چۈنكى، چاڭجياڭنىڭ باش تەرىپىگە سەنئەتنىڭ قىممىتى بويىچە باھا بېرىپ ئۇلتۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى يوق

ئەمەس، ئېقىننىڭ ئاياغ تەرىپىگە قارىغانىدا باش تەرىپى
بىرقەدەر تەبىئىي كۆركەم بولۇشمۇ ئېھتىمال.
چىنلىق ۋە گۈزەللىك — مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان بەدى-
ئىي ئەسەرنىڭ ئىككى مۇھىم ئامىلى. بۇ چىنلىق ۋە گۈزەل-
لىكنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزۈپ، بىرەر بەدىئىي ئەسەر-
نى يارىتىپ، ئۇنىڭغا ئەڭ يۇقىرى سەنئەت قىممىتىنى كىر-
گۈزۈش ئۈچۈن، ئەڭ يۇقىرى تالانت بولماي مۇمكىن ئە-
مەس. ئەگەر بۇ ھۆكۈمنى ئىنكار قىلىشقا بولىدىغان بولسا،
ئۇ ھالدا نېمە ئۈچۈن گومېرنى، دانتىنى، شېكىسپېرنى،
گوتېنى ماختاپ يۈرىمىز؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭكىگە باراۋەر
كېلىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى يارىتالمايمىز؟
بىزنىڭمۇ ھادىسىلەرنى كۆزىتىدىغان كۆزىمىز، تەپەككۇر قى-
لىدىغان مېڭىمىز ۋە قەلەم تۇتىدىغان قولىمىز بار ئەمەسمۇ؟
ھازىرقى ۋاقىتتا، كىشىلىك تۇرمۇشتىن چەتلەپ تۇرۇپ
سەنئەتتىن سۆز ئاچقاندا، دەرۋەقە، پىل چىشى مۇنارىغا يو-
شۇرۇنۇۋېلىپ زامانىنى ئۇنتۇغان ھالەتكە چۈشۈپ قېلىش مۇم-
كىن. لېكىن، سەنئەتتىن چەتلەپ تۇرۇپ كىشىلىك تۇرمۇ-
شىدىن سۆز ئېچىش سىياسىيچىلار بىلەن ئىجتىمائىي پائالى-
يەتچىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى، ئۇلار سەنئەتتىن سۆز ئېچىپ
ئولتۇرمايدۇ. دېمەك، ئىنقىلابقا جان كۆيدۈرىدىغانلار ئىمكانى-
قەدەر ئىنقىلابىي ئامىلىنىڭ ئارىسىغا بېرىپ ھۇجۇمغا ئۆتىشى-
مۇ، ئارقا سەپ خىزمىتىنى ئىشلىسىمۇ بولىۋېرىدۇ، ئەدەبى-
يات ـ سەنئەتنى ھەم خاتىرجەملىكنىڭ، ھەم ئىنقىلابنىڭ
ۋاستىسى قىلىپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟
مېنىڭچە، ئىنقىلابىي ئەدەبىياتنى تەشەببۇس قىلغۇچى
كۆپلىگەن ئاتالمىش ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر كى-
شىلىك تۇرمۇشنى ئىپادىلەش دېگەن سۆزنى خاتا چۈشى-





نىپ قالغان بولسا كېرەك. ئۇلار XIX ئەسىردىن بۇيانقى
ئەدەبىيات ـ سەنئەت پۈتۈنلەي رېئال كىشىلىك تۇرمۇشنى
ئىپادىلىگەن، ئۇنىڭدا كۆرۈنەرلىك دەۋر روھى بار، دېيىشىمۇ
مۇمكىن. ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ئاتالمىش «پىل چىشى
مۇنارى» دىكى چۈشىدىن چۆچۈپ ئويغانغاندىن كېيىن، دەۋر-
نىڭ شارائىتىغا ئەگىشىپ مېڭىشى لازىم، دەۋردىن چەتلەپ
تۇرۇپ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش-
نىڭ نەتىجىسى ئۆزۈمچىل ياكى ئاقسۆڭەكلەرچە ئەدەبىيات ـ
سەنئەت بولۇپ چىقىدۇ. ئۇلار ئىبسىننىڭ ئۇلۇغلۇقىنى،
دوستويېۋىسكىنىڭ چوڭقۇر پىكىرلىكلىكىنى، خۇسۇسەن رو-
سىيە ئىنقىلابى دەۋرىدىكى يازغۇچى يېسېنىن ۋە گوركىيلار-
نىڭ قىزغىنلىقىنى ۋە كىشىنى تەسىرلەندۈرگەنلىكىنى كۆ-
رۈپ، ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچى-
لەر ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى سۈرەتلەپ،
قارىغاپ، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىنقىلاب قىلىش پۇرسى-
تى بىلەن تەمىنلەپ، شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى
ئاۋام خەلقىنىڭ ۋە ئىنقىلابنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە ئايلاندى-
دۇرۇشى لازىم دەپ قارايدۇ. «ئەسىرنىڭ ئاخىرى» دەپ
ئاتالغان ھازىرقى جەمئىيەتتە ياشاۋاتقانلارنىڭ نېرۋىسى سەز-
مەس بولۇپ قالغانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىچى سىقىلمايدى-
غانلىرى ۋە قايغۇرمايدىغانلىرى بولمىسا كېرەك. ئەدەبى-
يات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ سەزگۈسى ھامان ئادەتتىكىلەردىن
ئۆتكۈررەك بولىدۇ. كۆز ئالدىدا مۇشۇنداق بىر جەمئىيەت
تۇرغان يەردە، ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتى قانداق بولار؟! ئۇلار
ئىپادىلەش ۋە سۈرەتلەش ماھارىتىگە ئىگە ئىكەن، ئەينەن
يېزىپ چىقسىلا، يازغانلىرى مۇشۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي سادا-
سى بولۇپ قالىدۇ. لېكىن، ئۇلار يەنىلا ئۆزلىرىگە، ئۆزلى-

-رىنىڭ سەنئىتىگە ۋە ئۆزلىرىنىڭ چۈشەنچىلىرىگە سادىق بو-
لۇشى لازىم. ئىبسېن جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلغۇچى يول
باشچى، دەپ مەدھىيىلەندى. دوستويېۋىسكىي ئىنسانپەرۋەر-
لىككە ئۆزىنى ئاتقۇچى، دەپ تىلغا ئېلىندى، بۇ تەرىپلەر
ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس مۇكەممەل ماھارىتىنىڭ، ھەقىقىي
بىلىملىك، ئۆتكۈر تەنقىدچىلەرنىڭ تەرىپلىگەنلىكىنىڭ خا-
سىيىتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى ھەقىقىي
چۈشىنەلەيدىغانلار يەنىلا ئاز. يېسېنىننىڭ ئۆزىنىڭ ئۆمىد
نىشانىغا ئۇسۇۋېلىپ ئۆلگەنلىكىدىن سۆز ئېچىش ھاجەتسىز.
گوركىيچۇ؟ باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىرئاز چۈشكۈنلى-
شىپ كەتكەنمىش. بۇنىمۇ تىلغا ئالماي تۇرايلى. ئۇ كامالىغا
يەتكەن ماھارەتكە قانداقمۇ خۇشتار بولمىسۇن؟ مەن ئۇنىڭ
راستچىل بولمىغان شائىرنىڭ يازغان بىر شېئىرىنى زاڭلىق
قىلغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى سەنئەتنىڭ
قىممىتى بىلەن ئۆلچەپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇنىڭ قالتىس
يازغۇچى بولۇپ كەتكەن ـ كەتمىگەنلىكى يەنىلا گۇمانلىق
مەسىلە.

راستىنى ئېيتقاندا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچى جەمئىيەتتىن
ۋاز كەچمەيدۇ، ئۇلار ئامما ئارىسىدا تۇرىدۇ. شەرتنى ئىنكار
قىلىدىغان بىر ئەدەبىي تەنقىدچى تايىننى[140] نىڭ ۋاقىت
شەرتىنى توغرا ئەمەس دەپ ھېسابلاپ، بۇنىڭغا ئەدەبىيات ـ
سەنئەتچىلەر كەلگۈسى 50 يىلنى نەزەردە تۇتىدۇ، دېگەن
سەۋەبنى كۆرسەتكەن. مېنىڭچە، كەلگۈسى 50 يىلغا نەزەر
سالغۇچى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرمۇ ئۆز زامانىسىدىكى تۇر-
مۇش شارائىتىنى ئاساس قىلغاچقا، ئۇ ھامان شۇ زاماندىكى
خەلق ئاممىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ تۇرۇپ، خىرە ئامانلىق-
تىن ۋەيرانلىقنى ۋە مەغلۇبىيەتنى بايقىۋالىدۇ؛ شۇنداق ۋەي-





-رانلىقنى ۋە مەغلۇبىيەتنى پىششىق ماھارىتى بىلەن يېزىپ،
ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارى يەتكەن دائىرە ئىچىدە سەنئەت قىممى-
تىنى يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزىدۇ. ئۇلار ئىجادىيەتتە، بەلكىم
سەنئەتنىڭ نەپىس ۋە نازۇكلۇقىغىلا بېرىلىپ، قانداق قىلىپ
ئاممىنى قوزغاش، ئاممىغا كۈچلۈك تەسىر بېرىپ، ئۇلارنىڭ
تومۇرىدىكى قاننى ئۇرغۇتۇپ ئىنقىلابقا كىرىشىدىغان قىلىش-
نى خىيالىدا تۇتماسلىقى مۇمكىن.

بىز ئەگەر سەنئەتنىڭ مۇستەقىل، چەكسىز قىممىتى-
نى، سەنئەتچىلەرگە سەنئەتنىڭ ئۆزىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مەق-
سەتنى ئورۇنداش زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان
بولساق، ئۇ ھالدا بىز سەنئەتنىڭ قىممىتىنى تاشلاپ قويۇپ،
سەنئەتچىلەرنىڭ پوزىتسىيىسىنى ئەيىبلەپ ئولتۇرمايمىز
ھەمدە ئەيىبلەشكە ھەقلىق ئەمەسمىز. ئۇنداق قىلىدىغان بول-
ساق، سەنئەتچىلەرنىڭ رېئال ھەرىكىتىگە قاراپ ئۇلارنىڭ
بەدىئىي ئەسىرىگە باھا بەرگەنگە ئوخشاش كۈلكىلىك ئىش
بولىدۇ. پوتئېرنىڭ شېئىرلىرى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ شاللاقلىقى
تۈپەيلىدىن ئۆز قىممىتىنى چۈشۈرگەن ئەمەس. بىلىمنىڭ
تايىنى بولمىغانلار ئۇنى خەلق ئاممىسىنى چاقىدىغان چايان،
دەپ قارىغىسا كېرەك. لېكىن، ئۇنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىن
زېرىككەنلىكى، دەل ئۇنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشقا بولغان تەشنا-
لىقىنىڭ ئەكس ئېپادىسى ئىكەنلىكىنى بىلمىسە كېرەك. ئا-
دەتتە بىرەر ئادەمگە تەنە قىلغاندا، ئۇنى چوڭقۇر كۆزەتمە-
سەك، بىلمىسىزلىكىمىزنى چاندۇرۇپ قويىمىز. باشقىلارنى
چوڭقۇر كۆزەتمەي، سەنئەتنىڭ قىممىتىنى ئۆلچەيدىغان ئۆل-
چىگۈچىنىمۇ تاشلاپ قويۇپ، ئۆزىمىزنىڭ بولار ـ بولماس
ئۆلچىمى بىلەن سەنئەت ساداقەتمەنلىرىگە نىشانسىز ئوق ئې-
تىش راستتىنلا ئېلىشىپ قالغانلىق ياكى يامان غەرەزدە بول-

غانلىق بولماسمۇ؟! ئۇنداق ئەھۋال بىزنى ھازىرقى جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسى تىلغا ئېلىشقا ھەقىقەتەنمۇ ئەرزىمەيدۇ، دېگەن ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. چۈنكى، تەنقىدتە نام چىقارغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى بولۇۋالغان ئاتالمىش ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ئەنە شۇنداق شۆھرەت ـ مەنپەئەتكە چوقۇنىدۇ ـ دە!

مەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتچى دېگەنلەردىن ئەمەسمەن، لېكىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن، بۇنىڭ تولىسى قەدىمكى كونا ئەسەرلەر. شۇڭا، نۇرغۇن كىشى مېنى دەۋرنىڭ كونىلىققا بېرىلىپ كەتكەن تاشلاندۇقى، دەيدۇ؛ ئۇلار ماڭا، ھازىر ئاممىۋى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ زامانى بولۇپ قالدى، تۆتىنچى سىنىپ مەخسۇس بەھرىلىنىدىغان يېپيېڭى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ زامانى بولۇپ قالدى، دەيدۇ. مەن بىرھازا ھەيران بولۇپ، ئۇلارغا شۇنداق سوئاللارنى قويدۇم: ئاممىۋى ئەدەبىياتنى يېزىش ئۇسۇلى قانداق بولىدۇ؟ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر قانداق ۋاستە بىلەن ئاممىنى ئىزدەنگۈزىدۇ؟ ھازىرقى ئاممىۋى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسىرىدىن قانچىلىك يېزىلدى؟ ئىنقىلابتىن كېيىنكى ئاممىدىن ئاتالمىش ئاممىۋى ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىن ھۇزۇرلىنالايدىغانلار قانچە پىرسەنتكە يەتتى؟ ھازىر نۇرغۇن يېڭىچە «ئۈچ سۆزلۈك ھەپتىيەك» ياكى يېڭىچە «خاسىيەتلىك بالا نەزمىسى» نەشر قىلىنىپتۇمۇ يا؟ ئاممىۋىلاشقان ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ زادى قانداق ئاممىۋىلاشتۇرۇلغانلىقىنى بىلمەيۋاتىمەن، مەزمۇنى ئاممىۋىلاشتۇرۇلدىمىكىن دېسە، بىزدە ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسلىدىنلا بار، بەدىئىيلەشتۈرۈش ماھارىتى ئاممىۋىلاشتۇرۇلدىمىكىن دېسە، بىرلا خەلق





ئىنقىلابىي مارشى ھەممىگە تېتىيدۇ، ئاڭلاڭچۇ: «خەلق ئىنقىلابى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى… ھەممە بىرلىكتە تەنتەنە قىلار…» نەقەدەر جاسارەتلىك ۋە چۈشىنىشلىك ـ ھە! شۇنداق تۇرۇقلۇق، بىزگە يەنە باشقا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ نېمە كېرىكى؟ ئۇلار بۇنىڭغا ئېنىق جاۋاب بېرەلمىدى، مەنمۇ مۇشۇ كەمگىچە ھاماقەت بولۇپ كېتىپتىمەن. ھازىر، «ئاممىۋىلىق ۋە تالانت» دېگەن ماقالىدىن جاۋاب تاپتىم:

«ئاممىۋى سەنئەتنىڭ ئومۇمىيلىقى ۋە باراۋەرلىكى ھەرقانچە تەشەببۇس قىلىنىسىمۇ، سەنئەت ئەسىرى نېمە بولۇپ كېتىشتىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ئۆزىدە چەكسىز قىممەت پەرقى بولىدۇ، بۇ پاكىتنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. ئومۇمىيلىقى، باراۋەرلىكى دەيدىغان گەپ ـ سۆزلەردىن: سەنئەتنىڭ مەزمۇنى كەڭ ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا دائىر ياكى كىشىلىك ھاياتىغا دائىر ئومۇمىي ھادىسىلەرنى كۆزدە تۇتۇشتىنلا ئىبارەت مۇشۇنداق مەزمۇندىكى سەنئەتنىلا ئادەتتىكى ئاممىنىڭ ئىزدىنىشىگە سۇنغىلى بولىدۇ، دېگەندىن باشقا مەنە چىقمايدۇ. سەنئەتتە مۇنداق ئومۇمىيلىق ۋە باراۋەرلىكنىڭ بولۇشىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغانلىقى تۇرغان گەپ، لېكىن سەنئەت ئەسىرىدە چەكسىز قىممەت دەرىجىسى مەۋجۇت. يۇقىرىدا ئېيتىلغان بىرقەدەر يۇقىرى سەنئەت ئەسەرلىرىنى ياخشى دېيىشتىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلارنى ھەرھالدا ئاممىنىڭ ئىزدىنىشىگە يەتكۈزۈپ بەرگىلى بولىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭدىن ھەممە ئادەم ئوخشاش تەپسىلىي، ئوخشاش چوڭقۇر، ئوخشاش سىنچىلاپ، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، مۇتلەق باراۋەرلىك ئاساسىدا ئىزدىنەلەيدۇ، دېيىلىدىغان بولسا، ھەرقانداق قىلغان بىلەنمۇ پاكىتقا ئۇيغۇن بولمايدۇ.»

بەزىلەرنىڭ، ئەڭ ئىلغار ئىدىيىنى ئەڭ يۇقىرى قاتلامدا

تۇرغان ئاز ساندىكى ئىلغارلارلا چۈشىنەلەيدۇ؛ بۇنداق ئىدىيە ئاممىغا سىڭگەندىن كېيىن ئىلغار ئىدىيىلىكىدىن قېپقالىدۇ، دېگەنلىكى ئېسىمدە. بۇ سۆز بىزدەك كۆرمىلىك ئادەمگە زور بىر تۇركۇمىڭلارنىڭ سەزگۈرلۈكى ئۆتكۈر بىلىنمەيدۇ، دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ. دۇنيادا بولۇۋاتقان بۇنداق باراۋەرسىزلىكنى ياراتقۇچىنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن كۆرمەي كىمدىن كۆرۈش كېرەك؟ مانا بۇ پاكىت. ئەگەر بۇ پاكىت بولمايدىكەن، ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات تارىخى بىردىنلا يوققا چىقىرىلىدۇ ـ دە، ئۇ چاغدا ئىنقىلابمۇ پەيدا بولالمايدۇ. دۇنيا مەدەنىيىتى پەقەت ئاز سانلىق ئالدىن سەزگۈچىلەرنىڭ پىداكارلىق قىلىشى ئارقىسىدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن، ھەركىمنىڭ ئەقىل ـ ئىدراكى تەڭمۇتەك بولغان بولسا ئىدى، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئاللىقاچان چېكىگە يەتكۈزۈلگەن بولاتتى، دۇنيامۇ ئومۇمنىڭ بولغان بولاتتى. ئۇ ھالدا ئاتالمىش «بۇرما شەكلىدە ئىلگىرىلەش» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزى قۇرۇق گەپ بولۇپ قالامدۇ؟ سەنئەت مەدەنىيەتنىڭ بىر قىسمى، مەدەنىيەتتە ئىلگىرىلەش ـ چېكىنىش بولىدىغان بولسا، سەنئەتمۇ ئۇنىڭدىن خالىي بولالمايدۇ. ئاممىۋىلاشقان سەنئەتكە كەلسەك، سەنئەتنىڭ ئۆزىدىكى قىممەتنىڭ چەكسىز پەرقىنى ئالغاندىمۇ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس، تەبىئىيكى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئارقىلىق ئىنقىلاب قىلىمىز دېگەن جۆيلۈش بەربىر جۆيلۈشتىن ئىبارەت!

مېنىڭ پىكرىم يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت، ئەپەندىم، ئۆزلىرى قانداق قارايلىكى؟

1928 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، دۇڭفېن[141]





## جاۋاب خەت

دۇڭفېن ئەپەندى:

مەن تەنقىدچى ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن سەنئەتكارمۇ ئەمەس، چۈنكى ھازىرقى كۈندە «چى»، «كار» بولۇش ئۈچۈن، ئۆزى ياكى تونۇش ئادەملىرى قوشۇمچە تەنقىدچى بولمىسا بولمايدىكەن؛ شېرىكلەشمىسە بولمايدىكەن، ھېچبولمىغاندا ھازىرقى شاڭخەي دېگەن يەردە شۇنداق. سەنئەتكار بولمىغانلىقىم ئۈچۈن، خۇددى ئۆزۈم باشقىلارنىڭ كۆزىنى سېھىرگەرلىك بىلەن بوياپ، ئۇنى ئۇپيا دەپ ماختاپ ساتمىغاندەك، سەنئەتنى ئالاھىدە ئەتىۋارلىق بىرنەرسە دەپ قاراپ كەتمەيمەن. مېنىڭچە، بۇ بىر ئىجتىمائىي ھادىسىدىنلا، زاماننىڭ تىرىكچىلىك خاتىرىسىدىنلا ئىبارەت بولسا كېرەك. ئىنسانىيەت ئالغا باسىدىكەن، مەيلى ئاپتورنىڭ يازغىنى تاشقى قىياپىتى بولسۇن، ئىچكى دۇنياسى بولسۇن، ئۇنىڭ ئەسىرى ھامان كونىرايدۇ، ئاخىر يوقىلىدۇ. لېكىن، يېقىندىن بۇيانقى تەنقىدچىلەر بۇ سۆزدىن ناھايىتى قورقىسا كېرەك، ئەدەبىياتتا مالائىكىگە ئايلىنىشنىلا ئارزۇ قىلسا كېرەك.

تۈرلۈك ئىزم (مەسلەك) دېگەن نامىلارنىڭ ئەۋج ئېلىشىمۇ مۇقەررەر ھادىسە. دۇنيادا پات ـ پات ئىنقىلاب بولۇپ تۇرىدىكەن، ئىنقىلابىي ئەدەبىياتنىڭ بولۇشىمۇ تەبىئىي. دۇنيادا خەلق خېلىلا ئويغىنىۋاتىدۇ، بىرمۇنچىلىرى رىيازەت چېكىۋاتىدۇ، لېكىن ئاز ـ تولا ھوقۇققا ئىگە بولۇپ قالغانلىرىمۇ بار. ئۇ ھالدا خەلق ئەدەبىياتىنىڭ — تولۇقراق ئېيتقاندا، تۆتىنچى سىنىپ ئەدەبىياتىنىڭ — بولۇشىمۇ مۇقەررەر.

جۇڭگودا تەنقىدچىلەر ساھەسىدىكى يۈزلىنىشنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئانچە بىلمەيمەن، ئۇنىڭغا ئانچە دىققەتمۇ قىلماپتىمەن. ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرىمنى ئېيتسام، ھەرقايسى مۇتەخەسسىسلەر

ئىشلىتىۋاتقان ئۆلچەملەر ناھايىتى كۆپ ئىكەن، ئەنگلىيە - ئامېرىكا ئۆلچىمى بار ئىكەن، گېرمانىيە ئۆلچىمى بار ئىكەن، روسىيە ئۆلچىمى بار ئىكەن، ياپونىيە ئۆلچىمى بار ئىكەن، دەرۋەقە، جۇڭگو ئۆلچىمىمۇ بار ياكى تۇرلۇك ئۆلچەملەر تەڭ ئىشلىتىلىدىكەن. بەزىسى ھەقىقىي - چىن بولۇش كېرەك دېسە، بەزىسى جەڭگىۋار بولۇش كېرەك دەيدىكەن، بەزىسى زاماندىن خالىي بولۇش[142] كېرەك دېسە، بەزىسى كىشىلەرنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلىپ يۈرىدىكەن. ئۆزى ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدچىسى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، باشقىلارنىڭ ئىجادىيەتنى تەرغىب قىلىشىغا نەپرەت ئوقۇيدىغانلارمۇ بار. ئىجادىيەت بولمىسا، نېمىنى تەنقىد قىلاركىن، مەن ئۇلارنىڭ مۇددىئاسىنى زادىلا چۈشەنمەيمەن.

باشقىسىنى قويۇپ تۇراي. ھازىرقى ۋاقىتتا ئىنقىلابىي ئەدەبىياتچى دەپ ئاتالغانلارنىڭ ئېيتىدىغانلىرى كۈرەش ۋە ئاتالمىش زاماندىن خالىيلىق. زاماندىن خالىي بولۇش ئەمەلىيەتتە رېئاللىقتىن قېچىش دېگەن سۆز. ئەگەر ئۆزىدە رېئاللىققا جىددىي قارايدىغان جاسارەت بولمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنقىلاب ۋېۋىسكىسىنى ئېسىۋالماقچى بولسا، تەبىئىيكى، ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا شۇ كوچىغا كىرىپ قالىدۇ. كىشى ئۆزى بۇ دۇنيادا ياشاۋېتىپ، ئۇنىڭدىن قانداقمۇ ئايرىلىپ كېتەلىسۇن؟ بۇ خۇددى ئۆز قۇلىقىمدىن تۇتۇپ ئۆزۈمنى كۆتۈرسەم، يەر شارىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتەلەيمەن، دېگەنگە ئوخشاشلا ئالدامچىلىق. جەمئىيەت بىر ئىزىدا توختاپ قالغانىكەن، ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرگىزمۇ ئۆز ئالدىغا ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەپ كېتەلمەيدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق بىر ئىزىدا توختاپ قالغان جەمئىيەتتە ئۆسۈپ - كۆكلەپ تۇرغانىكەن، دېمەك ئۇ بۇ جەمئىيەتكە سىغىپ كەتكەن، ئىنقىلابتىن چەتنىگەن، نەتىجىدە ئۇ بىرنەچچە ژۇرنالنى كۆپرەك ساتقان ياكى چوڭ سودا دۇكانلىرىنىڭ ژۇرناللىرىغا ماقالىسىنى باستۇرۇش پۇرسىتىنىلا تاپقان بولىدۇ،





خالاس.

كۈرەشچۇ، مەن بۇنى توغرا دەپ ھېسابلايمەن. ئادەم زۇلۇمغا ئۇچرىغانىكەن، نېمىشقا كۈرەش قىلمىسۇن؟ ئالىيجانابلار بۇنىڭدىن ناھايىتى قورقىدۇ، شۇڭا «ھەددىدىن ئاشقان» لىقنىڭ قەبىھلىكىگە[143] نەپرەت ياغدۇرىدۇ. ئۇلار، ھەممە ئادەم بىر - بىرىگە كۆيۈنۈشى كېرەك ئىدى، ھازىر بىر تۈركۈم يامان نېمىلەر يامان ئۆگىتىپ قويۇلدى، دەيدۇ. قورسىقى توقلار گوياكى قورسىقى ئاچلارغا كۆيۈنەرمىش، قورسىقى ئاچلار بولسا قورسىقى توقلارغا كۆيۈنمەسمىش. خۇاڭ چاۋ دەۋرىدە ئادەملەر بىر - بىرىنى يەپتىكەن[144]، ئاچلار ئاچلارغا كۆيۈنمەپتىكەن، بۇنىڭغا ھەقىقەتەن كۈرەش قىلىش ھارام دەيدىغان ئەدەبىيات زامىن بولغان. مەن ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ پەلەكنىڭ چاقىنى بۇرالىغۇدەك قۇدرىتى بارلىقىغا ئىشەنمەيمەن، لېكىن بەزىلەر ئۇنىڭدىن باشقا جەھەتلەردە، مەسىلەن، «تەشۋىقات» جەھەتتە پايدىلانماقچى بولسا، مەن شۇنداق قىلىشقىمۇ بولىدۇ دەپ قارايمەن.

ئامېرىكىلىق سىنكىلىر، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ھەممىسى تەشۋىقات[145]، دەپتىكەن. بىزنىڭ ئىنقىلابىي ئەدىبلىرىمىز ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى گۆھەر بىلىپ، چوڭ ھەرپلەر بىلەن بېسىپ چىقاردى؛ ئەستايىدىل تەنقىدچىلەر بولسا، ئۇنى «پۇچەك سوتسىيالىست» دېدى، لېكىن مەن — ئۆزۈم ھەم پۇچەك — سىنكىلىرنىڭ سۆزىگە ئىشىنىمەن. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ھەممىسى، سەن ئۇنى باشقىلارغا كۆرسەتسەڭلا، ئۇ تەشۋىقات بولىدۇ، شەخسىيەتچىل ئەسەرمۇ يېزىلغاندىن كېيىنلا تەشۋىقات رولىنى ئوينايدۇ، يازمىساڭ، ئاغزىڭدىن چىقارمىساڭ باشقا گەپ. دېمەك، ئۇنى ئىنقىلاب ئۈچۈن لازىملىق قوراللارنىڭ بىرى قىلىشقىمۇ بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

لېكىن، مېنىڭچە، ھەممىدىن ئاۋۋال مەزمۇنىنى تولۇقلاشقا ۋە ماھارەتتە كامالەتكە يەتكۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك،

ۋۇۋۇسكا ئىپىشقا ئالدىراپ كەتمەسلىك كېرەك. «داۋشياڭ-
سۈن»، «لۇگاۋجيەن»[146] كىشىنى جەلپ قىلالمايدىغان بولۇپ
قالدى، «خان ئانا نامىلىق ئاياغ كىيىم دۇكىنى»نىڭ خېرىدارلى-
رى، مېنىڭ كۆرۈشۈمچە، «خانىكە ئاياغ كىيىمى دۇكىنى»نىڭكى-
دىن كۆپ ئەمەس. «ماھارەت» دېگەن سۆز چىقىسىلا، ئىنقىلابىي
ئەدىبلەرنىڭ قۇلىقىغا خۇشياقمايدۇ. مېنىڭچە، ئەدەبىيات - سەنـ-
ئەتنىڭ ھەممىسىنىڭ تەشۋىقات ئىكەنلىكىدە گەپ يوق، لېكىن
تەشۋىقاتنىڭ ھەممىسىلا ئەدەبىيات - سەنئەت بولىۋەرمەيدۇ، بۇ
خۇددى ھەممە گۇللەرنىڭ رەڭگى بولسىمۇ (ئاقنىمۇ رەڭ ھېساب-
لاۋاتىمەن)، لېكىن ھەممىلا رەڭنىڭ گۈل بولىۋەرمىگىنىگە ئوخ-
شايدۇ. ئىنقىلابتا شوئار، لوزۇنكا، ئېلان، تېلېگراما، دەرس-
لىك... لەردىن باشقا، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىشلىتىلىشىنىڭ
سەۋەبى، ئۇ ئەدەبىيات - سەنئەت بولغانلىقى.

لېكىن، جۇڭگودا ئىنقىلابىي ئەدەبىيات دېگەن نەرسە باشقا بىر
گەپتەك تۇرىدۇ. ۋۇۋۇسكىسى ئېسىلغان، لېكىن ئۆز شېرىكلىرى-
نىڭلا ماقالىلىرىنى ماختايدۇ، كۆز ئالدىدىكى زوراۋانلىققا ۋە زۇل-
مەتكە تىكىلىپ قاراشقا پېتىنالمايدۇ. بەزى ئەسەرلەر ئېلان قىلىن-
غان بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ھاللاردا شۇنچىلىك ناچاركى، ھەتتا
گېزىتلەردىكى خاتىرىلەرگىمۇ يەتمەيدۇ ياكى سەھنە ئەسەرلىرىدىكى
ھەرىكەت سۆزلىرىنىمۇ ئارتىسلارنىڭ «تۇنۇگۇنكى ئەدىب»[147]،
لىرىگە قالدۇرۇپ قويغان. ئۇنداقتا، قالغان ئىدىيىۋى مەزمۇنى-
نىڭ ناھايىتى ئىنقىلابىي ئىكەنلىكىگە گەپ سىغماس؟ مەن سىزگە
فېڭ نەيچياۋنىڭ سەھنە ئەسىرىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىككى ئېغىز
تەسىرلىك سۆزىنى كۆرسىتەي:

«قىرغاۋۇل[148]: مەن ئەمدى قاراڭغۇلۇقتىن قورقمايدىغان
بولدۇم.

ئوغرى: بىز قارشى چىقايلى!»

4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى.





# ۋۇۋۇسكا[149]

جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى قورقۇنچلۇق
ئەھۋال — سىرتتىن ئاۋۋال ئاتالغۇلارنى كىرگۈزۈش، لېكىن
ئۇنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بەرمەسلىك.

نەتىجىدە، ئاتالغۇلارنى ھەركىم ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە
قوللىنىدۇ: ئەسەردە ئۆزى كۆپرەك ئىپادىلەنگەن بولسا، ئىپادىلە-
شىزم دەيدۇ؛ باشقىلار كۆپرەك تەرىپلەنسە، رېئالىزم دەيدۇ؛ قىز-
لارنىڭ پاچىقىدىن ئىلھاملىنىپ شېئىر يازغان بولسا رومانتىزم
دەيدۇ، قىزلارنىڭ پاچىقىنى تەسۋىرلەشكە رۇخسەت قىلىنمىسا،
كلاسسىزم دەيدۇ. ئاسماندىن چۈشتى بىر كاللا، كاللا ئۈستىدە
بىر كالا، ۋايىەي، دېڭىز ئوتتۇرىسىدا چېقىلغان چاقماقەي...
بۇلارنى كەلگۈسىزم دەيدۇ...

بۇنىڭدىنمۇ يەنە بىر ئىزم ياخشى، ئۇ ئىزم ئەسكى... ۋەھاكازا
دېگەن مۇلاھىزە پەيدا بولىدۇ.

سەھرالاردا مۇنداق بىر كۈلكىلىك گەپ بار: يىراقنى كۆر-
مەس كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئىككىيلەن كۆزلىرىنىڭ كۆرۈش
قۇۋۋىتىنى سېلىشتۇرماقچى بوپتۇ، ئىسپاتلاشقا ئادەم تاپالماي،
گۈەن يۈنىڭ بۇتخانىسىغا بېرىپ، شۇ كۈنى ئېسىلىدىغان ۋۇۋۇسكى-
نى كۆرۈپ چىقىشقا ۋەدىلىشىپتۇ. ئۇلار ئاۋۋال سىرچى ئۈستىدىن
ۋۇۋۇسكىغا يېزىلىدىغان سۆزلەرنى ئۇقۇۋاپتۇ. لېكىن، ئۇقۇشقان
ئەھۋال بىر - بىرىنىڭكىگە ئانچە ئوخشاشمىغاچقا، چوڭ يېزىلغان
خەتنىلا بىلىۋالغىلى قايىل بولماي، ئىككىسى گەپ تالىشىپ

قاپتۇ - دە، كىچىك يېزىلغان خەتنى كۆرۈۋالغانلىنى يالغانچى دەپتۇ يا ئىسپاتىنى كۆرستەلمەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن بىرلىكتە يولدا كېتىۋاتقان بىرىدىن سوراشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ ئادەم بىر قۇر سەپسېلىپ:

— ھېچنېمە يوق، ۋىۋىسكا تېخى ئېسىلماپتۇ، — دەپتۇ[150].

مېنىڭچە، ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدىدىمۇ كۆزنىڭ كۆچىنى سېلىشتۇرۇشقا توغرا كەلسە، ھەممىدىن ئاۋۋال ھېلىقى ۋىۋىسكا ئېسىلغان بولۇشى لازىم. قۇرۇقتىن - قۇرۇق تالاشقان گەپ پەقەت ئىككى تەرەپنىڭ كۆڭلىدىلا قالىدۇ.

4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى





# يول[151]

Gogol[152] نىڭ «رىۋىزور» ناملىق ئەسىرىدىكى ۋەقە يەنە ئېسىمگە كەلدى:

بۇ ئەسەر جۇڭگودىمۇ تەرجىمە قىلىنغان. خان ئەلچىسى كېلىپ خۇپىيانە تەكشۈرىدىكەن، دېگەن گەپ تۇيۇقسىزدىنلا بىر كەنتتە تارقىلىپتۇ، ئەمەلدار - خىزمەتچىلەر تولىمۇ تەشۋىشلىنىپ، سارايلاردىن ئەلچى سىياقىدىكى بىر ئادەمنى تېپىۋېلىپ، ئۇنى زورمۇزور سۆرەپ كېلىپ، ئۇنىڭغا بىرھازا خۇشامەت قىپتۇ. خۇشامەتچىلىك راسا ئەۋج ئالغاندا، ھېلىقى ئادەم تىكىۋېتىپتۇ، لېكىن ئەلچىنىڭ راست كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندا، پۈتۈن سەھنىدىكىلەرنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپتۇ - دە، ئويۇن ئاياغلىشىپتۇ.

شاڭخەيدىكى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بۇ يىل پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ ئەلچىسىنى ھۆرمەت بىلەن قارشى ئېلىشقا تەرەپ - تەرەپتىن قىزىق كىرىشىپ كەتتى، ئەلچى كېلىدىغان بوپتۇمۇ دەپ رىكشىچىدىن سوراپ باقسا، رىكشىچى ئەلچى ئەۋەتىلمىدى، دەپتۇ.

بۇ رىكشىچىنىڭ ئەسلىي سىنىپىي ئېڭى چاتاق بولغاچقا، باشقا سىنىپلار تەرىپىدىن بۇرمىلانغان بولسا كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا بىلىپ تۇرغانلار بار ئىكەن، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىشچى بولۇشى ناتايىن. شۇنىڭ بىلەن چوڭ - چوڭ ئۆيلەردىن، سارايلاردىن، ئەجنەبىيلەرنىڭ ئۆيلىرىدىن، كىتابخانىلاردىن، قەھۋەخانىلاردىن ئىزدەشكە مەجبۇر بولماقتا ...

ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسى دەۋردىن خالىي بولىدىكەن، شۇڭلاشقا ئەلچىنىڭ يېتىپ كەلگەن - كەلمىگەنلىكى

نامەلۇم بولسىمۇ، كوچىلارنى ئالدىنئالا سىيرىپ - سۈپۈرۈشى، دوڭغاقلاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىشى لازىم ئىكەن. شۇ ۋەجىدىن ئادەمنىڭ ئادەم بولمىقى تەسكە چۈشكەن. ئاغزىدا «يوقسۇل»لۇق دېمەك، «ئىنقىلاب قىلماسلىق» دېمەكتۇر دېمىسىغۇ بىر گەپ؛ «ئىنقىلاب قىلماسلىق»نىڭ ئۆزى «ئەكسىلئىنقىلاب» دېيىلسە خەتەرلىك بولىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا نىجاتلىق يولى يوقتەك تۇرىدۇ.

ھازىرقى دۇنيامۇ «بەگكە يەتكۈچە بەل ئۇشتۇلىدۇ»غان دۇنيا. نىجاتلىق يولى بار، لېكىن شەيتانلىق قىلىدىغانلار كۆپىيىپ، ھەممە يولنى خاراب قىلىۋەتكەنلىكتىن يوقىلىپ كەتكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كېرەك قىلماسلىقنىڭ ئۆزى نىجاتلىق يولى. ئامالنىڭ يوقلۇقىدىن توپ - زەمبىرەكنىڭ كاسىسىغا ۋاقتىنچە ۋېۋىسكا ئېسىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى راستى بىلەن ئاشكارا بايان قىلىشمۇ نىجاتلىق يولىنىڭ بىخى بولۇپ قالىدۇ.

«يەر ئاستىدىكى ئاتەش - ئوت كۆچۈپ يۈرمەكتە، بۇخسۇرماقتا؛ ئېرىپ سۈيۈلغان ۋولقان ئاخىر بىر كۈنى بۇلاقتەك كۆز يېرىپ ئېتىلىپ چىقىپ بارلىق ياۋا گىياھلارنى ۋە دەل - دەرەخلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ چىرىگۈچىلىكىمۇ قالمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ پەرۋايىم پەلەك، ھۇزۇرلىنىمەن، قاقاقلاپ كۈلىمەن، مەدھىيىلەر ياڭرىتىمەن» («‹ياۋا گىياھ›غا بېغىشلىما» دىن).

بۇلار ئېغىزدىكى گەپ؛ ئىنقىلابىي ئەدىبلەر گويا كۆرۈنمەس بولۇپ قالدى، ئەگەر شۇ ۋەجىدىن نىجاتلىق يولى يوقىلىپ كەتتى دېيىلسە، بۇ تولىمۇ ھەسرەتلىك بىر ئىش بولىدۇ، مەنمۇ قەلەم تەۋرىتىشكە بىرئاز ئىلاجسىز قالىمەن.

4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى





## باش[153]

«شېنباۋ» گېزىتىنىڭ[154] 3 - ئاينىڭ 25 - كۈندىكى سانىغا پروفېسسور لياڭ شىچيۇ[155] نىڭ «روسسو ھەققىدە» دېگەن بىر پارچە ماقالىسى بېسىلغان. ماقالىدە: سىنكىلىرىنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، بابىتقا[156] «باشقىلارنىڭ قولى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرىدۇ» دەپ ھۇجۇم قىلىشىنىڭ «ياخشى ئۇسۇللۇقى ناتايىن» دېيىلگەن. لېكىن، لياڭ شىچيۇ ئۆزىنىڭ روسسو[157] غا ھۇجۇم قىلىشتىكى ئىككىنچى سەۋەبىنى مۇنداق كۆرسەتكەن: «روسسو ئۆزىنىڭ ئەخلاقسىزلىقى بىلەن ئادەتتىكى رومانتىك ئەدىبلەرنىڭ قىلىقلىرىنىڭ ئۈلگىلىك ۋەكىلى بولۇپ قالغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەخلاقىغا قىلىنغان ھۇجۇمنى ئادەتتىكى رومانتىك ئادەملەرنىڭ قىلىقىغا قىلىنغان ھۇجۇم، دېيىشكە بولىدۇ...»

شۇنداق ئىكەن، بۇ گەپ «باشقىلارنىڭ قولى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگەن»لىك بولماي، «باشقىلارنىڭ كاللىسىنى ئېسىپ سازايى قىلغان»لىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ «ئادەتتىكى رومانتىك ئەدىبلەرنىڭ قىلىقلىرىنىڭ ئۈلگىلىك ۋەكىلى»گە ئايلىنىپ قالمىغان بولسا، ئۇنىڭ بېشى نەلەردىن ئەكېلىنىپ جۇڭگولۇقلار ئالدىدا ئېسىپ سازايى قىلىنمىغان بولاتتى. ئادەتتىكى رومانتىك ئەدىبلەر يىراقتا تۇرۇپ قول بەرگەن پىر - ئۇستازغا زىيان ئۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئامانلىق بېرىلمىدى. ئۇنىڭغا بېرىلگەن ھازىرقى جازا ئۇنىڭ ئەسلىي جىنايىتى ئۈچۈن ئەمەس، تەسىر پەيدا قىلغان جىنايىتى ئۈچۈن بېرىلدى، ۋاي ئىسىت!

يۇقىرىقى سۆزۈم ئانچە «ئېھتىيات» بىلەن ئېيتىلمىدى. چۇڭكى پروفېسسور لياڭ شىچيۇ روسسونىڭ بېشىنى ئېسىش كېرەك، دېگەن ئەمەس، پەقەت قەلەم نەپرىتى ياغدۇرۇش بىلەنلا چەكلەنگەن. باش ئېسىشقا كەلسەم، بۇ گەپ خۇنەنلىك كوممۇنىست گو لياڭ «قولغا چۇشۇرۇلۇپ ئۆلتۈرۈلگەن» دىن كېيىن، ئۇنىڭ بېشى ئۇيەر - بۇيەرگە ئېسىپ يۈرۈلۈپ «يۆياڭنىڭ ھەممە يېرىگە ئاپىرىلغان»[158] لىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ بۇگۈنكى سانىدا كۆرگىنىمدىن كېيىن توساتتىنلا ئاغزىمدىن چىقىپ كېتىپ قالدى. ئەپسۇسكى، خۇنەن ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەسىر پەيدا قىلغان جىنايىتىنىڭ جاجىسىنى بېرىمىز، دەپ لېنىننىڭ (ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ماركسنىڭ ۋە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرى ئۆتكەن گېگېل قاتارلىقلارنىڭ) ئەخلاق - پەزىلەتكە دائىر جىنايەتلىرىنى يېزىپ چىقىپ، بىللە چاپلاپ قويماپتۇ. خۇنەندە تەنقىدچىلەر بەك ئاز ئوخشايدۇ.

ئېسىمدە باركى، «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»[159] دە يېزىلىشىچە، يۇەن شۇ (؟) ئۆلگەندىن كېيىن، كېيىنكىلەر «پەش قېقىپ چىقتى قىلىچىنى توغرىلاپ، زامانغا خاس قەھرىمان سەركەردە بولۇپ؛ پەمسىزلىكىدىن ئۆلتۈرۈۋەتكەچ فېيڭ تيەننى، كېسىلگەن باش باستى تۇمەن لى يول سازايى بولۇپ»[160] دەپ شېئىر يېزىپ ھەسرەتلەنگەن. مەنمۇ ئۈچ بىكارچىلىقنى غەنىيمەت بىلىپ، بىر كۇپلېت شېئىر توقۇپ روسسوغا تەزىيە بىلدۈرۈپ قويااي:

«يالاڭۋاش چىقتى زىمرىنى[161] قولتۇقلاپ،
زامانغا خاس يوقسۇل گاداي ئۆزى بولۇپ؛
پەمسىزلىكىدىن يازغاچ باللار رومانىنى،
كاللىسى باستى تۇمەن لى يول سازايى بولۇپ.»[162]

4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى





# خەت - خەۋەر[163]

## Y دىن كەلگەن خەت

لۇشۈن ئەپەندى:

روھىم ۋە تېنىم ماجالسىزلىنىپ — زادى بولالمايدىغان، تەسۋىرلەشكىمۇ بولمايدىغان — مۇشۇنداق ھالەتكە چۈشۈپ قالغىنىمدا، كېسەل ھالەتتە تۇرۇپ، ئاخىر، «جاناب» لىرىغا نالە، ياق، ئىلتىجا قىلماي بولمايدىغان، ھەتتا ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەي بولمايدىغان يەرگە يەتتىم!

ھەرھالدا ئۆزىڭىزگىمۇ ئايانكى، سىز باشقىلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، ئادەمنى «قاپاق ئىچىدە كولدۇرلاتقۇچى» نىڭ بىرىسىز. مەن ئەنە شۇنداق كولدۇرلىتىلغانلارنىڭ بىرىمەن!

مەن ئەسلىدە ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەركە ئوغلى، پارنىكتىكى خۇش پۇراق گۇل بولغاچقا، يېمەك - ئىچمەكىدىم، كىيىم - كېچەكىم تەل، تۇرمۇشۇم دېگۈدەك راھەتتە ئۆتمەكتە، «دوكتور» دېگەن نامنى قولۇمغا كەلتۈرۈۋالساملا ئارمىنىمغا يېتەتتىم - دە، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمىگە ئېسىلمايتتىم.

«چۇقان» نەشر قىلىندى، «تىل رشتىسى» تارقىتىلدى (بىچارىلىكىمدىن «يېڭى ياش» دەۋرىدە ئۇنى ئوقۇپ چۈشەنمەيتتىم)، «ساقال - بۇرۇت توغرىسىدا»، «سۇرەت تارتىشلار ھەققىدە» دېگەن ماقالىلەر نېرۋامغا تېگەتتى. شۇ

كەملەردە ياشلار ئارىسىدىكى ياش يوپۇرماق بولسامىمۇ، لېكىن
شۇنىڭ ئۈچۈن ھەمراھلىرىمنىڭ بىلىمسىزلىكىنى ۋە نەزەر-
سىزلىكىنى ھېس قىلاتتىم. «ئىنقىلاب! ئىنقىلاب!» دەپ
خېرىدار ئىزدەش چۇقانلىرى كوچىلارنى بىرلا ئالاتتى، بۇنىڭ
ئارقىسىدىنلا ئاتالمىش ئىنقىلابنىڭ تەسىرىمۇ مەۋج ئۇراتتى.
بۇلار ھەقىقەتەن مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلغانىدى. ياشلارنىڭ
بىلىمسىزلىكىنى ياراتمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۆز ھاياتىمغىمۇ
نىجاتلىق يولى ئىزدەش كويىغا كىرگەنىدىم. ئىنسانلارنىڭ
ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك، قارا نىيەتلىك... قىلىدىغان
تەبىئىتىنى چۈشىنىپ قالىدىغانلىقىمنى نەدىن بىلەي! دەرۋە-
قە، ئۇزاق ئۆتمەي، مىلتارىستلار ۋە سىياسەتۋازلار نىقابىنى
تاشلاپ، رەزىل ئەپت - بەشىرىسىنى ئاشكارىلىدى! ئۆزۈمنى
ئالسام، قايىناپ تېشىۋاتقان قىزغىن قەلبىم ئاتالمىش «پارتى-
يىنى تازىلاش» دېگەن سادا ئىچىدە تازىلىنىپ كەتتى. شۇ
كەملەردە: «سەمىمىي - سادىق، ئاددىي - ساددا» تۆتىنچى
سىنىپنى ۋە «تەركىدۇنيا» بولۇۋالغان «ئىستىقامەتچى زات»
لارنى دوست تۇتسام بولغۇدەك دەپ ئويلايتتىم. ھەي، راست،
«ئىنىڭىز» چى مىڭ ئەپەندى: «جۇڭگودا سىنىپ بولغان بول-
سىمۇ، لېكىن ئىدىيىلىرى ئوخشاش: ھەممىسى مەنسەپكە
چىقىش، بايلىق تېپىشنىلا ئارزۇ قىلىدۇ» [164] دەپ توغرا
ئېيتقان. مەن ئۆزۈمنى گويا ئەسىرلەردىن بۇرۇنقى جەمئى-
يەتتە ئۆتۈۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن. تەلۋىلىكتە ھايۋاندىنمۇ
ئېشىپ چۈشىدىغان سۆز - ھەرىكەتلەر (مىللىي تەۋەررۇكچى-
لەر بۇنى تېخى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ جەۋھىرى، دېيىشى
كېرەك!) مېنى ئىختىيارسىز گاڭگىرىتىپ قويىدى: زادى
قانداق قىلسام بولار، دەپ گاڭگىراپ قالدىم.

ئۆتكۈرلۈك بولار، ئۈمىدسىزلىكنىڭ ئوقىدەك ئۆتكۈر
بولماس. مەن ئۈمىدسىزلەندىم، ئۈمىدسىزلىك ئوقى يۈرد-





كىمنى تېشىپ ئۆتكەچكە، قان سەپرا قىلدىم، قىمىرلىيالماي
كارىۋاتتا بىرنەچچە ئاي يېتىپ قالدىم!

ئۈمىدسىز ئادەم ئۆلۈشى لازىم، لېكىن مەن ئۆلۈشكە
جۈرئەت قىلالمىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن تېخى ياش، ئەمدىلا
21 ياشقا كىردىم، مەھبۇبەممۇ بار. ئۆلمىسەم، روھىم ۋە
تېنىم ھەر سېكۇنتتا دېگۈدەك ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆتى-
دۇ، مەھبۇبەمنىمۇ تۇرمۇش قىيناۋاتىدۇ. ئۆزۈمنى ئالسام،
ئاتا - ئانامدىن قالغان ئازغىنە مىراسىمنى «ئىنقىلاب» ئەكەت-
تى. شۇڭا، ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە تەسەللى بېرىش
ئۈياقتا تۇرسۇن، بەلكى قۇرۇق ئاھ ئۇرماقتىمىز.

بىلمەسلىك، چۈشەنمەسلىك بەخت ئىكەن، شۇڭا مەن
ھەسرەت چېكىدىغان بولۇپ قالدىم. ھالبۇكى، بۇ زەھەرنى
جانابلىرى بەردىلە. مەن ھەقىقەتەن، پۇتۇنلەي جانابلىرى تە-
رىپىدىن «كولدۇر» لىتىلدىم. ئەپەندىم، مېنى مۇشۇ ھالغا
كەلتۈرۈپ قويغانىكەنلا، مېنىڭ مېڭىشقا تېگىشلىك ئەڭ ئا-
خىرقى يولۇمنى كۆرسىتىپ بەرسىلە ياكى نېرۋامنى بىخۇد-
لاشتۇرۇپ قويسىلا، چۈنكى چۈشەنمەسلىك، بىلمەسلىك
بەخت ئىكەن. سىلىنىڭ دوختۇرلۇقتىن خەۋەرلىرى بار،
«بېشىمنى قايتۇرۇپ بېرىش» لىرى تەسكە چۈشمەسمىكىن!
مەن لياڭ يۈچۈن [165] ئەپەندى (؟) نىڭ سۆزىنى دوراپ
ئىلتىجا قىلىمەن!

ئاخىرىدا، سىلىگە نەسىھەتىم شۇكى: «سىلە» ئەمدى
بەس قىلىپ ئولتۇرسىلا، مىلىتارىستلارنىڭ ئاغزىغا تېتىتى-
دىغان نېمەتلەرنى تەييارلاشقا تولا ئالدىراپ يۈرمەي، مەندەك
ياشتىن بىرقانچىنى ئاسرىسىلا. ئەگەر تۇرمۇش مەسىلىسى
قىستىغان بولسا، «ھىمايە قىلايلى»، «يوقىتايلى» دېگەن
مەزمۇندىكى ماقالىلەردىن كۆپرەك يازسىلا، جانابلىرىنىڭ ئە-
دەبىي جەھەتتىكى داڭقلىرى بىلەنمۇ بايلىق، دۆلەتمەنلىك
سىلىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، «ھەيئەت ئەزاسى»، «مۇ-

دىر»لىق سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا دەپتەردىن ئۆچمەس.

تېز بولسىلا، يولىيورۇق بەرسىلە! «ئەخلاق ئۈچۈن كەتمەن چاپماي» قالمىسىلا!

يا «شىمال يېڭىلىقلىرى»دا، يا «تىل رىشتىسى»دە جاۋاب بەرسىلە بولىۋېرىدۇ. مۇمكىنقەدەر بۇ خېتىم بېسىلمىسا ئىكەن، كۈلكىگە قالماي.

خېتىم ئېگىز - پەس يېزىلىپ قالدى. ئەپۇ قىلغايلا، ئاغرىقچان بولغانلىقىمدىن بەك ھېرىپ كەتتىم!

سىلەر تەرەپتىن زەھەرلەنگەن بىر ياش Y — دىن.

ياستۇققا يۆلىنىپ تۇرۇپ يازدىم.

3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى

## جاۋاب خەت

Y ئەپەندى:

جاۋاب قايتۇرۇش ئالدىدا ئاۋۋال سىزدىن كەچۈرۈم سوراي‌مەن، چۈنكى مەن سىزنىڭ تاپشۇرۇقىڭىز بويىچە، ئەۋەتكەن خېتىڭىزنى ژۇرنالغا باسماسلىققا ئاجىزمەن. خېتىڭىزنىڭ مەزمۇنىدا ئاشكارا جاۋاب قايتۇرۇشۇمنى تەكىتلىگەنىكەنسىز، بۇنداق تۇرۇقلۇق ئەسلىي خەتنى يوشۇرۇپ قويسام، مېنىڭ دېگەنلىرىم پۈتۈنلەي «N گە قاپىيداش تېمىسىز داستان»غا ئايلىنىپ قېلىپ، باشقىلارنى ئەجەبلەندۈرۈپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېنىڭ پىكرىمچە، بۇنداق قىلىشىمۇ باشقىلارنىڭ زاڭلىق قىلىشىغا قالىدىغان ئىش ئەمەس. تەبىئىيكى، جۇڭگودا ئىنقىلاب ئۈچۈن ئۆلگەنلەر خېلى بار، جاپا تارتىسمۇ ئىنقىلاب قىلىۋەرگەنلەر بار. ئىنقىلاب بولۇۋاتىسمۇ راھەت كۆرۈۋاتقانلار بار··· ئىنقىلابتا قۇربان بېرىلمىسە ئاخىرغىچە ئىنقىلاب قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ، ئەلۋەتتە. جان





تىكىپ ئۆلگەنلەرگە نىسبەتەن، ھايات قالغان بارلىق كىشى ئەپۇ قىلسا بولىدىغان يەردىغۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بەربىر تەلىيىدىن ياكى قۇۋۋلۇقىدىن ۋە ياكى دانالىقىدىنلا شۇنداق. ئۇلار ئەينەك بىلەن ئۆزىنى ئانچە - مۇنچە كۆرۈپ باقسىلا، قەھرىمانلىق ئەپت - بەشىرىسىنى، يىغىشتۇرۇۋېلىشى مۇمكىن ئىدى.

مەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى يېزىقچىلىق بىلەن جان باقمىسامۇ بولاتتى، دوستلىرىمنىڭ تەلىپى بويىچە قەلەم تۇتۇشقا كىرىشكەندىدىم. لېكىن، ئومۇمەن، كۆڭلۈمگە ناھەقچىلىككە چىدىمايدىغان ئىشلار پۈكۈلۈپ كەلگەچكە، قەلەم تەۋرىتىشكە كىرىشكەن بولدۇم، شۇڭا ياشلارغا تەسىر قىلىدىغانراق ئاچچىق سۆزلەرنى ئېغىزدىن چىقىرىپ قويۇشتىن خالىي بولالمىدىم. باشقىلارنى قۇتراتقاندەك بولۇپ قالدىم. دۇەن چىرۇي(166) ھاكىمىيەت بېشىدىكى چاغلاردا، خېلى ئادەملەر پىتنە - ئىغۋا پەيدا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن شۇنى ئېيتىشقا پېتىنالايمەنكى، بىز يازغان ئاشۇ ئەسەرلەرنىڭ بەدىلىگە چەت ئەلنىڭ پۇچۇق رۇبلىسىنىمۇ ئالمىدۇق، بايۋەچچىلەرنىڭ بىرەر يارمىقى چاغلىق مائاشىغا ياكى كىتابخانىنىڭ ئاز - پاز قەلەم ھەققىگە ھەرگىزمۇ يېقىن يولىمىدۇق. مېنىڭمۇ «ئەدىب»لىككە ئۆزۈمنى ئاتقۇم يوق، شۇڭا تەنقىدچى ئۇلپەتلەرنى باركاللا ئېيتىپ بېرىشكە دالالەت قىلغىنىممۇ يوق. بىرنەچچە پارچە ھېكايە كىتابىمنىڭ 10 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق سېتىلىدىغانلىقى خىيالىمغا كەلمىگەن.

جۇڭگودا ئىسلاھات بولۇشىنى، ئۆزگىرىش بولۇشىنى ئارزۇلايدىغان نىيىتىمنى ئالسام، ئۇنداق نىيەت ھەقىقەتەن مەندە بىرئاز بار. بەزىلەر مېنى ئىستىقبالسىز دەيدۇ، — ھا - ھا! ئۇوردا ئىمتىھاندا بىرىنچى بولۇپ مەنسەپ ئېلىش ئىستىقبالمىكەن — نىڭ ئاپتورى، «قەلىمى زەھەر» ئەدىبمۇ دەيدۇ، لېكىن ئىشىنىمەنكى، مەن ھەممىنى يوققا چىقارمىدىم. مەن ھامان مەرتىۋىسىز

ئادەملەر مەرتىۋىلىك ئادەملەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ياشلار قېرىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ دەپ ھېسابلىغانلىقىم ئۈچۈن، بۇنىڭدىن ئىلگىرى قەلىمىمنىڭ ئۇچىدىكى قاننى ئۇلارنىڭ ئۈستۈۋېشىغا چاچمىغان. مۇبادا پايدا - زىيان توقۇنۇشى بولۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ كۆپىنچە مەرتىۋىلىك ئادەملەر ۋە قېرىلاردىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، لېكىن بۇنداق ئىجتىمائىي تۈزۈم شارائىتىدا شۇنداق ئەھۋاللارنىڭ مۇقەررەر بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتىم. ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىدىغانلار شۇنچە كۆپ تۇرسا، مېنىڭ تۆپىلەپ ھۇجۇمچىلارغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ بېشىغا تاش ياغدۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى نېمە؟! شۇڭا مەن بىرلا تەرەپتىكى قاراڭغۇلۇقنى پاش قىلدىم، كۆزى ئېچىلمىغان كىتابخان ياشلارنى ئازدۇرۇش ھەقىقەتەنمۇ مېنىڭ ئەسلىي غەرىزىم ئەمەس.

يۇقىرىقىلار دەل مېنىڭ چىڭ فاڭۋۇ ئېيتقاندەك «جاھاندىن بىخەۋەر» ئۇششاق بۇرژۇئا بولۇۋېلىپ، بېيجىڭدا تۇرۇۋاتقان ۋاقتىمدىكى ئىشلار ئىدى. لېكىن، يەنىلا يېزىقچىلىقتا ئېھتىيات قىلمىغانلىقىمدىن قازىنىم چېقىلىپ، ئۇ يەردىن كەتمىسەم بولمايدىغان يەرگە يېتىپ قالدىم - دە، «تۇتۇنسىز مىلتىق دورىسى» بىلەن مېنى پارتلىتىپ بولغۇچە پۇرسەت تېپىپ قېچىپ، «ئىنقىلابنىڭ ئوچىقى»غا بېرىۋالغان بولدۇم. ئۇ يەردە ئىككى ئاي تۇرۇپ ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قالدىم. قارىسام، ئۆتكەن كۈنلەردە ئاڭلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسى پىتنە - ئىغۋا ئىكەن، ئۇ يەر پۈتۈنلەي ھەربىيلەر بىلەن سودىگەرلەر خوجايىنلىق قىلىۋاتقان زېمىن ئىكەن. بۇنىڭغا پىرقىنى تازىلاش ئىشى ئۇلىنىپ كەتتى. تەپسىلىي پاكىتلار گېزىت - ژۇرناللاردا ئانچە ئۇچرىمىدى، پەقەت بىرئاز شەپىسى بولدى. مېنىڭ بىرئاز نېرۋام ئۆرلەپ، خۇددى «توپىلاپ گۇم قىل» دېگەندەك بىر ئەھۋال تۇيۇلدى - دە، قايغۇرماي تۇرالمىدىم. بۇنىڭ «چاكىنا ئىنسانپەرۋەرلىك»[167] لىكىنى، مودد-





لىقتىن قېپقالغانلىقىغا ئىككى - ئۈچ يىل بولۇپ قالغانلىقىنى ئېنىق بىلگەن بولسامۇ، لېكىن ئۇششاق بۇرژۇئازىيىچە تەبىئىتىم يىلتىزىدىن تۈگەپ كەتمىگەچكە، كۆڭلۈم دەككە - دۈككە ئىچىدە قالدى. شۇ چاغدا، مەنمۇ داستىخانغا داخىل بولىدىغانلارنىڭ بىرى بولۇپ قالىدىغانلىقىمدىن ئەنسىرەپ، يۇخېڭ ئەپەندىگە يازغان جاۋاب خېتىمدىلا كۆڭلۈمدىكى گەپلىرىمنى بىرئاز ئىزھار قىلدىم.

مەن بۇرۇنقى سۆزلىرىمدە ھەقىقەتەن يېڭىلدىم، بۇمۇ ئىشىنىڭ ئېپىنى بىلمىگەنلىكىمدىن بولدى. بۇ بەلكىم كۆپ يىللاردىن بۇيان «ئەينەكلىك دېرىزىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، مەست - ئەلەسلىكتە خىرەلەشكەن كۆزۈم بىلەن كىشىلىك ھاياتقا نەزەر سالغان»لىقىم تۈپەيلىدىن بولغان بولسا كېرەك. لېكىن، ۋەزىيەتتە بولغان ئۇنداق ئۆزگىرىشلەر دۇنيادا ئانچە كۆپ بولمىسا كېرەك، مېنىڭ بۇنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنلىكىم، تەسۋىرلەپمۇ يازمىغانلىقىم مېنىڭ ئانچىۋالا «زەھەرلىك قەلەم» تۇتمايدىغانلىقىمنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن، شۇ چاغلاردىكى ئەھۋاللارغا تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى، خەلق ئىچىدىكى، تۈرلەر ئارىسىدىكى 50 يىل نېرىسىغا نەزەر سالىدىغان دەۋردىن خالىي ئىنقىلابىي ئەدىبلەرنىڭمۇ گويا نەزىرى يەتمىگەن، شۇڭا «نەزەرىيە كۈرىشى» قىلچە باشلامچى قىلىنمىغان. ئۇنداق بولمىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە نۇرغۇن كىشىنى قۇتقۇزۇۋالغىلى بولاتتى. بۇ يەردە مەن ئىنقىلابىي ئەدىبلەرنى تىلغا ئېلىشىم ئۇلارنىڭ نادانلىقىنى ئارقىسىدىن زاڭلىق قىلماقچى بولغانلىقىمدىن ئەمەس. دېمەكچى بولغىنىم، پەقەت مېنىڭ كېيىنكى ئۆزگىرىشلەرگە نەزىرىمدىن يەتمىگەنلىكى ئۆزۈمنىڭ دېگۈدەك زەھەرلىك بولالمىغانلىقىمدىن بولغان، شۇڭا خاتالىق كۆرۈلگەن. ھەرگىز باشقىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ياكى ئۆزۈم بىرنېمىلەرنى قىلىپ باشقىلارنى ئالداش نىيىتىدە بولغىنىم يوق.

لېكىن، نىيەتنىڭ قانداقلىقى بىلەن پاكىتنىڭ چاتىقى يوق.

جاپا چەككەنلەر ئارىسىدىن مېنىڭ ماقالەمنى ئوقۇپ تەسىرلەنگەنلەر-
كىدىن كۆكرەك كېرىپ چىقىپ ئىنقىلاب قىلغان ياشلار بەلكىم
بولماي قالماس دېگەن گۇمانغا كەلگەنلىكىم ئۈچۈن، راستىنلا
قاتتىق ئازابلاندىم. دېمەك، بۇمۇ مېنىڭ تۇغۇلما ئىنقىلابچى ئە-
مەسلىكىمنىڭ سەۋەبىدىن بولدى. ئەگەر ئىنقىلاب باتۇرى بولغان
بولسام، بۇنىڭچىلىك قۇربان قىلىشنى ھېچقانچە ئىش ئەمەس دەپ
قارىغان بولاتتىم. مۇھىمى، ئۆزۈڭ ھايات بولساڭ، مەڭگۈ يېتەك-
چىلىك قىلالايسەن، يېتەكچى بولمىغانلىقتىن، ئىنقىلاب ۋۇجۇدقا
چىقمايدۇ. قاراڭ، ئىنقىلابىي ئەدەبىياتچىلار شاڭخەيدىكى چەت ئەل
كونسېسسىيىسىنىڭ سول يېنىدا بولۇپ كەلدى، بىرەر شەپە ئاڭلان-
سىلا چەت ئەل ئالۋاستىلىرى پەيدا قىلغان سىم توسۇقلار ئەكسىل-
ئىنقىلابىي ئەدەبىياتنىڭ جۇڭگو پاسىلىنى ئايرىۋېتىدۇ، شۇنىڭ
بىلەن ئاشۇ دائىرىدىن تۇتۇنسىز مىلتىق دورىسى — تەخمىنەن 100
مىڭ سەرلىكنى بۇ ياققا چۆرۈپ تاشلايدۇ ـ دە، ئۇ گۇمباڭ قىلىپلا
بارلىق بىكار تەلەپ سىنىپلارنى «ئوفخىيىن» قىلىۋېتىدۇ.

شۇنداق ئىنقىلابنى ئەدەبىياتچىلاردىن بۇ يىل بىر تالاي پەيدا
بولغاندەك تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزئارا مەدھىيىلەشمەكتە ياكى بىر ـ
بىرىنى چەتكە قاقماقتا. ئۇلارنىڭ «ئىنقىلابنى ۋۇجۇدقا چىقارغان»
ئەدەبىياتچى ئىكەنلىكىنى ياكى «ئىنقىلابنى تېخى ۋۇجۇدقا چىقىد-
ىرالمىغان» ئەدەبىياتچى ئىكەنلىكىنى مەنمۇ ئېنىق ئايرىيالىدىم.
ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، ئىنقىلابنىڭ تېخى ۋۇجۇدقا چىقمى-
غانلىقى ياكى ياشلارنىڭ ئىنقىلاب قىلىشقا ھورۇنلۇق قىلغانلىقى
گويا مېنىڭ «چۇقان» ياكى «ياۋا گىياھ» دېگەن بىرەر پارچە
كىتابىمنىڭ بولغانلىقىدىن ياكى «تىل رىشتىسى»نى نەشر قىلغان-
لىقىمىزدىن بولغان ئوخشايدۇ. بۇنىڭدا ئۇلارنىڭ گېپى ئومۇمەن
بىر يەردىن چىقماقتا. مانا بۇ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ساھەسىدىكى-
لەرنىڭ بۇ يىلقى جامائەت پىكرى. بۇ جامائەت پىكرىگە ھەم ئاچچى-





قىم، ھەم كۈلگۈم كەلسىمۇ، لېكىن خېلى خۇشالمۇ بولدۇم.
چۈنكى، ئىنقىلابنى كېچىكتۈرگەن بەتنام ماڭا چاپلانغان بولسىمۇ،
لېكىن يەنە بىر ياقتىن، ياشلارنى ئازدۇرۇپ يوقاتتى، دەيدىغان
توقىلمەتتىن خالىي بولدۇم. دېمەك، ئۆلگەنلەر، يارىلانغانلار،
ئازار ـ ئەلەم چەككەنلەرنىڭ ھەممىسى مەن بىلەن ئالاقىسىز بولۇپ
چىقتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى جاۋابكارلىقنى راستىنلا ئۆزۈمچە ئۆز
ئۈستۈمگە ئېلىۋاپتىكەنمەن. ئىلگىرى نۇتۇق سۆزلىمەي، دەرس
بەرمەي، پىكىر بايان قىلماي، جەمئىيەتتە نامىمنى ئۆچۈرۈپ،
گۇناھىمنى يۇياي دېگەن نىيەتتە بولۇپ يۈرگەنىدىم. بۇ يىل كۆڭ-
لۈم ئېچىلىپ قېلىپ، يەنە بىرئاز قىمىرلىغۇم كېلىپ تۇراتتى،
ئەپسۇسكى، خېتىڭىز تەگكەندىن كېيىن، كۆڭلۈم يەنە بىئارام
بولدى.

لېكىن، بۇلتۇرقىدەك ئۇنداق بىئاراملىق يوق. يېرىم يىلدىن
كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، جامائەت پىكرىنىڭ زورى بىلەن ۋە ئۆز
تەجرىبەم بىلەن شۇنى بىلدىمكى، ئىنقىلاب قىلىش ـ قىلماسلىق
ماقالىگە ئەمەس، يەنىلا ئادەمگە باغلىق ئىكەن. سىز مېنى زەھەر-
لىدىڭ، دەپسىز، ئەمما بۇ يەردىكى تەنقىدچىلەر مېنىڭ ماقالەمنى
«ئىنقىلابىي ئەمەس» دەۋاتىدۇ. ئەگەر ئەدەبىيات ئادەمنى ئۆزگەر-
تىشكە قادىر ئىكەن، ئۇلار مېنىڭ ماقالەمنى ئوقۇغاندىكىن، ئىن-
قىلابىي ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىشنى خالىماسلىقى لازىم ئىدى.
ئۇلار مېنىڭ ماقالەمنى كۆرۈپ، «ئىنقىلابىي ئەمەس» دەپ ھۆكۈم
چىقارماقتا يۇ، ئىنقىلابىي ئەدەبىياتچى بولۇش نىيىتىدىن يانغىنى
يوق. دېمەك، ماقالىنىڭ ئادەمگە ھەقىقەتەن ھېچقانداق تەسىرى
بولمايدىكەن، پەقەت ئىنقىلابىي ئەدەبىياتنىڭ قاشقىسىنى بەربات
قىلىپ تاشلايدىكەن. لېكىن، ئەپەندىم، بىز ئەزەلدىن تونۇشماي-
مىز، ماڭا بوھتان قىلماسسىز دەپ ئويلايمەن. شۇڭا، مەن مەسى-
لىنى باشقا بىر تەرەپتىن ئويلايمەن: بىرىنچىدىن، مېنىڭچە سىز

بەكمۇ يۈرەكلىك ئىكەنسىز، باشقا ئىنقىلابىي ئەدەبىياتچىلار مېنىڭ زۇلمەتنى تەسۋىرلەپ يازغانلىقىمدىن نىجاتلىق يولى يوق ئىكەن، دەپ قورقۇپ كېتىپ، ئىشتىنىغا جىت - جىت سىيىۋاتىدۇ، شۇڭا ئۇلار ئاخىرقى غەلىبىنى تىلغا ئالغاندا، ئادەم ئۆمرىگە كاپالەتلىك قىلىش شىركىتىگە ئوخشاش، تارتقان چىقىمغا بېقىپ پايدا ئالماقچى. لېكىن، سىز بۇنىڭ بىلەن ھېسابلاشماستىن، قېرىشقاندەك قاراڭغۇ زۇلمەتكە ھۇجۇم قىلماقچىسىز، سىزنىڭ دەرد - ئەلەمگە قېلىشىڭىزنىڭ بىر سەۋەبى بەك يۈرەكلىك بولۇپ كەتكەنلىكىڭىزدىن. دېمەك، ئىككىنچىدىن، بەك ئىخلاسمەن ئىكەنسىز. ئىنقىلاب دېگەن نەرسىمۇ ھەر خىل بولىدۇ، ئىنقىلابتا مىراسى قولىدىن كەتكەن بولسا، يەنە ئۇنى ئىنقىلابتا قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلار بولىدۇ؛ ئىنقىلابتا ھاياتىدىن ئايرىلغانلار، ئىنقىلابتا پەقەت مائاشى كېتىپ قالغانلار، قەلەم ھەققىدىن ئايرىلىپ قالغانلارمۇ، لېكىن ئىنقىلابچى دېگەن ئاتاقنى ئالغانلارمۇ بولىدۇ. بۇ قەھرىمانلارنىڭ ئىخلاسمەن ئىكەنلىكى تەبىئىي. لېكىن، ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ كۆپ زىيان تارتقانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبىنى «بەكمۇ» ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىدىن كۆرىمەن. ئۈچىنچىدىن، سىز ئىستىقبالىڭىزنى تولىمۇ پارلاق چاغلىغانلىقىڭىزدىن، پەشۋاغا ئۇچرىسىڭىزلا قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىدىكەنسىز. ئەگەر باشتا چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىڭىزغا ئۈمىد باغلىمىغان بولسىڭىز ئىدى، مەغلۇپ بولغان تەقدىردىمۇ تارتىدىغان دەرد - ئەلىمىڭىز ئاز بولغان بولاتتى.

ئۇنداق بولسا، مەندە گۇناھ يوقمۇ؟ بار، ھازىر نۇرغۇن ئالىيجانابلار ۋە ئىنقىلابىي ئەدەبىياتچىلار ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئوق ئېتىپ، ماڭا ئىنقىلاب قىلدى، ئىنقىلاب قىلمىدى، دېگەن گۇناھلارنى ئارتماقتا. ماڭا تەگكەن ئوقتىن بولغان يارىنىڭ ئومۇمىي سانىدىن كەلگۈسىدە بىر قىسمىنى ئاجرىتىپ مۇبارەك «باش»





ڭىزنى تۆلەپ بېرىمەن.

بۇ يەرگە بىرئاز دەلىل - ئىسپات قىستۇراي: «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»گە ئاساسلانغاندا، «بېشىمنى قايتۇرۇپ بەر» دېگەن سۆزنى پىر - ئۇستاز گۇەن يۈنچاڭ ئېيتقان، لياڭ يىچۈن ئەپەندىنىڭ سۆزى ئەمەستەك تۇرىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ. جانابىڭىزنىڭ ئۆز مەسىلىلىرى دائىرىسىگە كەلسەم، مەسىلىگە قول تىقىش ئىنتايىن قىيىنغا چۈشىدۇ. بۇنى ھەرگىز «ئالغا! ئۆلتۈر! ۋاھ ياشلار!» دېگەندەك جاسارەتلىك يېزىقلار ھەل قىلىپ كېتەلمەيدۇ. راست گەپنى بولسا، مېنىڭمۇ ئاشكارا قىلغۇم كەلمەيدۇ، چۈنكى سۆز بىلەن ھەرىكەتنىڭ تولىمۇ بىر بولۇپ كەتمىگىنى ياخشى. ئەۋەتكەن خەتتە ئادرېسىڭىز يېزىلمىغاچقا، جاۋاب قايتۇرۇشقا ئامال بولماي، بۇ يەردە بىرنەچچە ئېغىز سۆزۈمنى يېزىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمەن. بىرىنچىدىن، جان بېقىش كېرەك، جان بېقىش يولىدا ۋاستە تاللىماسلىق كېرەك. ھازىر خۇدنى يوقاتقانلار خېلى بار، ئۇلار «مەقسەتنى سۈرۈشتۈرۈپ، ۋاستىنى سۈرۈشتۈرمەسلىك»نى كوممۇنىستلارنىڭ تۇمارى، دەۋاتىدۇ، بۇ گەپ تولىمۇ خاتا. مۇنداق قىلغۇچىلار ناھايىتى تولا، بىراق ئۇلار ئاغزىدىن چىقارمايدۇ - دە، سوۋېت روسىيىسى ئەدەبىيات - سەنئەت، مائارىپ خەلق كومىسسارىياتىنىڭ ئەزاسى لۇناچارىسكىي [168] ئۆزىنىڭ «ئازاد قىلىنغان دونكىخوت» ناملىق ئەسىرىدە بىر كېنەزنىڭ شۇنداق ۋاستىنى قوللانغانلىقىنى يازغان. دېمەك، شۇنداق ۋاستىمۇ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھەشەمەتلىك نەرسىسى ئىكەن. ئىككىنچىدىن، مەھبۇبىنى ئاسراش كېرەك. جامائەت پىكرىدىن قارىغاندا، بۇنداق قىلىش ئىنقىلابقا يۈز ئۆرۈگەنلىك بولارمىش. لېكىن، ھېچ ۋەقەسى يوق، پەقەت بىرنەچچە پارچە ئىنقىلابىي ماقالە يېزىپ، ئىنقىلابىي ياشلار ئىشق - مۇھەببەتكە

بېرىلمەسلىك لازىم، دەپ تەشەببۇس قىلىسىڭىزلا بولدى. ئەگەر بىرەر ھوقۇقدار ياكى قانداقتۇر دۈشمەن كېلىپ ئەيىبكە بۇيرۇسا، بۇ بەلكىم بىر جىنايەت بولۇپ قالار، مېنىڭ گېپىمگە ئىشىنىپ كەتكەنلىكىڭىزگە پۇشايمان قىلىپ قالارسىز. شۇڭلاشقا، مەن ئاۋۋال شۇنى ئېيتىپ قويايكى: ئەيىبكە بۇيرۇغۇسى كەلگەندە، مۇشۇ بىر ماددا بولماي قالسىمۇ، ئۇلار باشقىدىن بىر ماددا پەيدا قىلىدۇ. ئاۋۋال گۇناھنى ئارتىپ، ئاندىن كېيىن جىنايەت (ئادەتتە 10 ماددىلىق) ماتېرىياللىرىنى توپلايدىغان ئىشلار دۇنيادا كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئەپەندىم، مەن يازغان بۇ گەپلەر سەۋەنلىكىمنى بىرئاز ياپار. مۇشۇ بىر نۇقتا ئۈچۈنلا يەنە نۇرغۇن ئوق يارىسىغا مۇپتىلا بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن. ئالدى بىلەن ئىنقىلابىي ئەدەبىياتچىلار يىغلاپ - قاقشاپ: «ھەي ئىنكارچىيەي، يامان بىرنەرسە ئىكەنسەنغۇ!» دەپ تىل - ئاھانەت ياغدۇرار. ئەستاغپۇرۇللا، ئېھتىيات قىلماي، يېڭى قەھرىمانلارنىڭ يۈزىگە يەنە بىرئاز قارا سۈرتۈپ سالدىم. مۇشۇ پۇرسەتتە، ئاۋۋال بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىۋالاي: بۇنىڭغا ئالاقزادە بولۇپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق، بۇ پەقەت ۋاستە ئىلغىمايدىغان ۋاستىدىنلا ئىبارەت، بۇ يەردە «چى» دېگۈدەك مەسلەك يوق. مەسلەك بولغان تەقدىردىمۇ يېزىشقا جۈرئەت قىلالىغانلىقىم ۋە يېزىشنى خالىغانلىقىم ئۈچۈن يامان بىر نەرسە ھېسابلانمايمەن. يامان بولۇپ كەتكىنىمدە، بۇ گۆھەرنى (ۋاستىنى دېمەكچى — تەرجىمان) چوقۇم قورسىقىمدا ساقلاپ، قولۇمغا نۇرغۇن پۇل يىغىپ، بىخەتەر جايغا ماكانلىشىپ، باشقىلارنى شەرتسىز قۇربان بولۇڭلار، دەپ تەشەببۇس قىلىمەن.

ئەپەندىم، ۋاقتىنچە ئويۇن - تاماشا قىلىپ يۈرۈۋېرىڭ، قورساق بېقىشنىڭ ئانچە - مۇنچە ئامالىنى قىلىپ قويۇڭ، لېكىن مەڭگۈ «چۈشكۈن» لىشىپ كېتىشىڭىزنى خالىمايمەن. ئىسلاھ





قىلغۇدەك يېرى بولسا، مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، ھەر ۋاقىت ئىسلاھ قىلغىنىڭىز تۈزۈك. مەنمۇ چوقۇم ئەمرىڭىزگە ئەمەل قىلىمەن، «بەس» قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئويۇن - تاماشىمۇ قىلىمەن. لېكىن سىزنىڭ ئاگاھلاندۇرغانلىقىڭىزدىن ئەمەس، راستىنلا ئەسلىدە شۇنداق نىيىتىم بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلىمەن. تېخىمۇ قىزىقارلىق، خۇماردىن چىققۇدەك يازىمەن، توساتتىن بىرەر نىمىگە تېگىپ كەتسىمۇ ئۇ يېزىقتىكى بىپەرۋالىقىمدىن بولار، لېكىن «مۇددىئا» يىم ياكى «ۋىجدان» ىم بەلكىم ئۇنداق بولماس.

قەغىزىم تۈگەپ قالدى، جاۋاب خەتنى مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتۇراي. كېسەلدىن ساقىيىپ قېلىشىڭىزنى تىلەيمەن ھەمدە مەھبۇبىڭىزنىڭ ئاچ قالماسلىقىغا تىلەكداشمەن.

لۇشۈن

4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

# تىنچلىق قوشاقلىرى[169]

«شىنباۋ» گېزىتىنىڭ 4 - ئاينىڭ 6 - كۈندىكى سانىغا مۇنداق بىر خەۋەر بېسىلغان:

«يېقىنقى كۈنلەردە نەنجىڭ شەھىرىدە: زۇڭلىنىڭ[170] قەبرىستانلىقى پۈتكىلى تۇرۇپتۇ، تاشچى ئۇستاملار قەبرىنىڭ ئاغزىنى ئېتىشكە نەزىر قىلىش ئۈچۈن نارەسىدە بالىلارنى قۇربانلىق قىلىدىكەن، دەيدىغان پىتنە - پاساتلار ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولدى. بۇ يوقىلاڭ گەپ شەھەردىكى خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ، خەلق ئۆز ئىچىدىن قورقۇپ ئەنسىزلەنگەچكە، ئۆي - ئۆيدە نارەسىدە بالىنىڭ چەپ دولىسىغا بىر پارچىدىن قىزىل لاتا ئېسىپ قويۇپتۇ. خېيىمخەتەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن لاتىغا تۆت مىسرا قوشاق يېزىپ قويۇشۇپتۇ. بۇ قوشاقلار ئۈچ خىل ئىكەن: بىرىنچى، چاقىرسا بىراۋ كېلىپ ئەرۋاھىمنى، كۆرىدۇ ئۇ ئۆزى كۆرگۈلۈكنى؛ چاقىرىمەن دەپ چاقىرالمىسا ئۇ بىراۋنى، كۆتۈرىدۇ ئۆزى بېرىپ قەبرە تاشنى. ئىككىنچى، تاشچى چاقىرسۇن تاش دەۋرىشىنى، چاقىرغۇچى ئۆزى كۆرسۇن كۆرگۈلۈكنى؛ چاققان قايتساڭ ئۆز ئۆيۈڭگە، كۆتۈرۈشتىن قالىسەن قەبرە تاشنى. ئۈچىنچى، سالساڭ جۇڭشەن قەبرىستانىنى، ئۇنىڭ مەن بىلەن بولسۇن نېمە ئىشى؟ بىر چاقىرىپ ئاپىرالمىساڭ ئەرۋاھلارنى، يەنە چاقىرغاندا كۆرگەيسەن كۆرگۈلۈكنى.» (ئاخىرىدىكىسى قىسقارتىلدى)

بۇ ئۈچ قوشاقنىڭ مەيلى قايسىبىرى بولمىسۇن، پەقەت تۆت مىسرادىن ئاشمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا شەھەر خەلقىنىڭ





ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتكە بولغان مۇناسىۋىتى، ئىنقىلابچىلارغا بولغان مۇھەببىتى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن. جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى پاش قىلىشقا ماھىر ئەدەبىياتچىلارمۇ بۇنىڭدەك يىغىنچاق، چوڭقۇر مەنىلىك يازالىشى تەس. «چاقىرىمەن دەپ چاقىرالمىسا ئۇ بىراۋنى، كۆتۈرىدۇ ئۆزى بېرىپ قەبرە تاشنى» دېگەن مىسرالار نۇرغۇن ئىنقىلابچىلارنىڭ تەرجىمىھالىنى ۋە جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بەزىلەرنىڭ ئەسەرلىرىگە قارىسىڭىز، ئۇلار گويا ھازىرقى ۋاقىتنى زورمۇزور «تاڭ ئالدىدا» دەپ يازىدۇ. لېكىن، شەھەر خەلقى مانا شۇنداق خەلق ئىكەن، مەيلى تاڭ ۋاقتى، مەيلى گۇگۇم ۋاقتى بولمىسۇن، ئىنقىلابچىلار مۇشۇ شەھەر خەلقىدىن چەتلىگەن ھالدا ئىش قىلالمايدۇ. توخۇنىڭ قوۋۇرغىسى[171] تاشلىۋېتەي دېسە تاتلىق، غاجاي دېسە لوقمىسىز، ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلەشكىنىچە كېتىۋېرىدۇ، بىرەر يۈز يىلدىن كېيىن نىجاتلىق يولى تېپىلىدىغان - تېپىلمايدىغانلىقىغا كۆز يەتمەيدۇ.

يېقىندىن بۇيانقى ئىنقىلابىي ئەدەبىياتچىلار كۆپ ھاللاردا قاراڭغۇ زۇلمەتتىن تولىمۇ قورقىدىغان ۋە ئۇنى پەردازلايدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن شەھەر خەلقى بولسا قىلچە يۈز - خاتىر قىلماي، قىلىدىغىنىنى قىلىۋېرىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ چاققان ۋە چېچەنلىكى ئېغىر سەزگۈرسىزلىك بىلەن ئېلىشىپ، ئىنقىلابىي ئەدەبىياتچىلارنى جەمئىيەتتىكى ھادىسىلەرگە توغرا قارىيالمايدىغان قىلىپ قويدى - دە، ئىنقىلابىي ئەدەبىياتچىلار ئانىغا ئايلىنىپ، سېغىنغانىنىڭ خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشىنى قارشى ئېلىپ، مۇشۇكياپىلاقنىڭ سايرىشىدىن يىرگىنىدىغان، ئاز - تولا بەخت ئالامىتىنى تېپىۋېلىپلا ئۇنىڭغا مەپتۇن بولىدىغان، شۇنىڭ بىلەن زاماندىن خالىي بولۇۋالىدىغان بولدى.

خوش، مۇبارەك تاپقان قەھرىمان، يولىڭىزغا يورۇۋېرىڭ،

تاشلىنىپ كەتكەن رېئال زامان ھۆرمىتىڭىزنى قىلىپ كەينىڭىزدىن ئۈزۈلمەي قويىدۇ.

لېكىن، ئەمەلىيەتتە رېئاللىق يەنىلا سىز بىلەن بىللە مەۋجۇت. بىراق سىزنىڭ كۆزىڭىز يۇمۇلۇپ قالغان، كۆزىڭىزنى يۇمۇۋالسىڭىز، «قەبرە تاشنى كۆتۈرۈش»تىن خارىج بولۇپ قالارسىز، سىزنىڭ «ئاخىرقى غەلىبە»ڭىزگە مانا شۇ بولار.

4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى





# كوممۇنىستلارنى يوقىتىشلىرىغا بىر نەزەر (172)

يەنە شۇ «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى سانىغا بىر پارچە «چاڭشادىن مەكتۇپ»[173] بېسىلىپتۇ، ئۇنىڭدا خۇنەن ئۆلكىسىدە كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئۆلكىلىك كومىتېتى قولغا چۈشكەنلىكى، «30 نەچچە ئادەم ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، خۇاڭخۇا خاتىرىسى كۈنى سەككىزىنىڭ كاللىسى ئېلىنىدىغان»لىقى بايان قىلىنغان. بۇ مەكتۇپنىڭ بىرنەچچە يېرى تولىمۇ ماھىرلىق بىلەن يېزىلىپتۇ، بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆچۈردۈم:

«... شۇ كۈنى جازا ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن، ما شۇچۈن (16 ياش)، ما جىچۈن (14 ياش) ۋە فۇ فېڭجۈن (24 ياش) ئىسىملىك ئۈچ گۇناھكار قىز بولغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن شەھەرنىڭ ئەر ـ ئاياللىرى كۆرگىلى باردى، ئەتىدىن كەچكىچە ئادەم مىغىلداپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كوممۇنىستلارنىڭ باشلىقى گو لياڭنىڭ كېسىلگەن كاللىسى سېمىنكوغا ئېسىپ سازايى قىلىنغانلىقتىن، ئۇنى كۆرگىلى بارغانلار تېخىمۇ كۆپ بولدى. سېمىنكو، باجياۋتىڭ ئەتراپىدا قاتناشمۇ توسۇلۇپ قالدى. نەنمېن ئەتراپىدىكى خەلق گو لياڭنىڭ كاللىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، يەنە قىزلارنىڭ جەسەتلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن مائارىپ ئۇيۇشمىسىغا بارغان.

بىيمىن ئەتراپىدىكى خەلق بولسا مائارىپ ئۈيۈشمىسىدىـ
كى قىزلارنىڭ جەسەتلىرىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن،
گو لىياڭنىڭ كاللىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن سىمىنكوۋغا
بارغان. پۈتۈن شەھەرنى غۇلغۇلا قاپلىغان، كوممۇنىستـ
لارنى يوقىتىش كەيپىياتى جىددىيلىشىپ كەتكەن؛ كۆرـ
گىلى بارغانلار كەچقۇرۇن بولغاندا كۈندۈزدىكىدەك
قىستا ـ قىستاڭ بولۇپ كەتمىدى.»

يۇقىرىقىلارنى كۆچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، راسا قاملاشمىـ
غانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ ھەقتە بىرئاز گەپ ـ سۆز قىلغۇم
كەلدى، لېكىن يەنە دەرھاللا: بىر تەرەپتىن، بەزىلەر مېنى تەنە
قىلىشۋاتىدۇ دېگەن گۇمانغا كېلىپ قالمىغىيدى، دېگەن خىيال كۆز
ئالدىمغا كەلدى (بەزىلەر مېنى، تەنە قىلىشقا ئامراق، دەيدۇ)؛
يەنە بىر تەرەپتىن، بەزىلەرنىڭ مېنى، زۇلمەتنى تارقىتىۋاتىدۇ،
دەپ ئەيىبلەپ، ماڭا ئۆلۈم تىلەۋاتقانلىقى، جىمىكى زۇلمەتنى
ئېلىپ يەرنىڭ تەكتىگە كىرىپ كېتىشىمنى تىلەۋاتقانلىقى كۆز
ئالدىمغا كەلدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۆزۈمنى باسالمىدىم. باشقا
گەپ ـ سۆزنى ئازراق قىلىپ، گەپنى «سەنئەت ئۈچۈن سەنـ
ئەت»[174] تىنلا باشلاي. قاراڭ، مانا بۇ 150 — 160 سۆزدىن
ئاشمايدىغان ماقالە نېمىدېگەن كۈچلۈك. بۇنى بىر ئوقۇش بىلەنلا
گويا سىمىنكودا ئېسىقلىق تۇرغان بىر ئادەمنىڭ كاللىسىنى،
مائارىپ ئۈيۈشمىسى ئالدىدا قاتار ياتقۇزۇپ قويۇلغان، كاللىلىرى
كېسىلگەن، ئۈنىڭ ئۈستىگە يالىڭاچ ئۈچ قىزنىڭ جەسىتىنى كۆرـ
گەندەك بولدۇم. لېكىن، مېنىڭ بۇ پەرەزلىرىم جايىدا بولمىغان
بولۇشى، ئۆزۈمنىڭ تولىمۇ زۇلمەتلىك بولغانلىقىمدىن كېلىپ
چىققان بولۇشى ئېھتىمال. بىرمۇنچە «خەلق»نىڭ بىر تۈركۈمى
شىمالدىن جەنۇبقا، بىر تۈركۈمى جەنۇبتىن شىمالغا بېرىپتۇ، ئۇلار





مىغىلداپ كېتىشىپتۇ، چۇۋۇلدىشىپتۇ... بۇ گەپلەرگە يەنە بىرئاز
ئوشۇقچە گەپ قوشىدىغان بولسام، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن زوقلىـ
نىش ئالامەتلىرى ياكى كۆڭلى قانائەت تاپقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى
چىقىپ تۇرۇپتۇ. مەن كۆرگەن «ئىنقىلابىي ئەدەبىيات» ياكى
«رېئاللىقنى تەسۋىرلەيدىغان ئەدەبىيات»لاردا بۇنداق قۇدرەتلىك
ئەدەبىياتنى ئۇچراتماپتىكەنمەن. ئېھتىمال تەنقىدچى روگاچېۋسـ
كىينىڭ سۆزى بولسا كېرەك: «ئاندرېيېف ھەدەپ بىزنى ۋەھىمىـ
گە سالىمەن، دېگەنىدى، لېكىن بىز ئۇنىڭدىن قورقمىدۇق؛ چېـ
خوف ئۇنداق قىلمىغاندى، بىز ئەكسىچە ۋەھىمىگە چۈشـ
تۇق.»[175] مانا بۇ 100 سۆزدىن ئارتۇقراق ماقالە ھەقىقەتەن بىر
دۆۋە ھېكايىگە تېتىيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلار پاكىت.

بەس، يەنە سۆزلەۋەرسەم، ئېھتىمال بەزى قەھرىمانلار يەنە
مېنى زۇلمەتنى تارقىتىۋاتىدۇ، ئىنقىلابقا توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ،
دەپ ئەيىبلەر. بۇنىڭ بىرئاز ئاساسىمۇ يوق ئەمەس، چۈنكى ھازىر
ئادەملەر ئاسانلا بەتگۇمانغا قالىدىغان، سادىق يولداشلار كوممۇـ
نىست ئىكەن دەپ قامىلىدىغان ياكى قويۇپ بېرىلىدىغان ئەھۋاللار
گېزىتلەردە پات ـ پات ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئەگەر تەلىيى كاج كېلىپ
قالسا، قارىلىنىشتىن قۇتۇلالماي قالىدۇ. خەير... بۇنداق ئەھۋالـ
لار دائىم تىلغا ئېلىنىۋەرسە، شىر يۈرەك باتۇرلارنىڭ غەيرىتىنى
سۇندۇرۇپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن، ئىنقىلابنى كاللىنى ئېـ
سىش يولى بىلەن ئارقىغا ياندۇرۇۋېتىدىغان ئەھۋال ناھايىتى ئاز،
ئىنقىلاب پەقەت پۇرسەتپەرەسلەرنىڭ كۆز بوياپ كىرىۋېلىشى بىلەن
بەربات بولۇپ كەتسە كېرەك، يەنى ئۆز ئىچىدىن مىتە ـ كۈيىلەرگە
يەم بولۇپ تۈگەپ كەتسە كېرەك. قىزىللىشىش يولىدىكى ئىنقىلابلا
ئەمەس، ھەرقانداق مەسىلەكتىكى ئىنقىلابمۇ شۇنداق. ئىنقىلاب
زۇلمەت تۈپەيلىدىن، نىجات يولىنىڭ بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن
قوزغىلىدىغۇ؟! ئالدىغا «يورۇقلۇق»قا، «نىجاتلىق»قا ھۆددە بېـ

ـرىلگەن ماركا چاپلانغاندىلا، ئاندىن مەردلەرچە ئىنقىلاب قىلىدىغان بولسا، ئۇنداق ئادەم ئىنقىلابچى بولالىشى بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا پۇرسەتپەرەسلەرگىمۇ يېتىشەلمەيدۇ. پۇرسەتپەرەسلىك قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ غالىب ياكى مەغلۇپ بولۇپ چىقىشىنى پال سېلىپمۇ بىلەلمەيدۇ.

ئاخىردا يەنە بىر زۇلمەتنى ئېچىپ قوياي: بىزنىڭ جۇڭگونىڭ ھازىرقى (ھازىرقى! دەۋردىن خالىي ئەمەس) خەلقىنىڭ ئىدىسسىت - پىسسىت دېگەنلەر بىلەن ئانچە كارى يوق، پەقەت «كاللا» ۋە «قىزلارنىڭ جەسىتى»نىلا كۆرىدۇ. مەيلى كىمنىڭ بولسا - بولسۇن، بارلا بولىدىكەن، ئۇنى كۆرىدىغانلار چىقىدۇ، مۇشۇ قىسقىغىنا 20 يىل «چوماقچىلار» (بوكسچىلار) مالىنىنى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ئىنقىلابچىلارنى زىندانغا تاشلاش ۋەقەسىنى[176]، مىنگونىڭ 2 - يىلىدىكى ۋەقەنى[177]، بۇلتۇرقى ۋە بۇ يىلقى ۋەقەلەرنى بىرقانچە قېتىم ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم.

4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى





# مېنىڭ پوزىتسىيەم، كۆكسى - قارىنىم ۋە ياش قۇرامىم[178]

باتۇر ژۇرنال - مەجمۇئەلەر كۆپلەپ چىقماقتا. «ئەدەبىيات - سەنئەتتە چېگرا ئايرىش»[179] ھەققىدە تەن قىزىپ كەتتى. گېزىتلەرنىڭ ئېلانلىرىدىكى «سەپ» دېگەن ئىسىم كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىۋاتىدۇ. كىشى بىر قاراپلا ئۇ «سەپ» تىكلەرنىڭ ھەممىسى جەڭچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايدۇ. بىر دوستۇم پوچتىدىن ئۈچ نۇسخا «سەپ» ئەۋەتكەنىكەن، شۇنىڭدىن بىرئاز مىلتىق دورىسى تۈتۈنىنى كۆردۈم ۋە روشۈي[180] يازغان «جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسى» دىكى بىر تال ئوقنىڭ مېنى قارىغا ئالغانلىقىنى بىلدىم. نېمە ئۈچۈن قارىغا ئالىدۇ؟ ئالدى بىلەن «〈مەست - ئەلەس نەزىرى〉 دىكى خىرەلىك» نى يازغانلىقىم خاتا بوپتىمىش. ئۇنىڭدا ئۈچ خاتالىق بارمىش: ئۇنىڭ بىرىنچىسى پوزىتسىيەم، ئىككىنچىسى كۆكسى - قارىنىم، ئۈچىنچىسى ياش قۇرامىم ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆزىنى تەكرارلاپ بايان قىلسام ئەسلىي روھى يوقىلىپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ، شۇڭا بۇ ئوقنى تۆۋەندىكىچە كۆچۈرەي:

«لۇشۈن ھېلىقى ئەسىرىدە تولىمۇ ھۆرمەتسىزلىك قىپتۇ، پوزىتسىيىسى كىشىگە ياقمايدۇ. ئۇنىڭ ئىلگىرى - كېيىنكى مۇنازىرىلىرىدىن قارىغاندا، ئۇنى بەكمۇ ئىچى تار ئىكەن، دېمەي مۇمكىن ئەمەس. ئۇ دەسلەپتە (بىلىشىمچە)

شىيىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشتى، كېيىن چاڭخۇڭ[181] بىلەن مۇنازىرىلەشتى. بىز بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشى ھەقلىق دەپ ھېس قىلساق، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ سۆز نەشتىرىنىڭ بەكمۇ زەھەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق. ھازىر يەنە ئىجادىيەت تەھرىراتى بىلەن مۇنازىرىلىشىۋاتىدۇ، سۆز نەشتىرى ھېلىمۇ زەھەرلىك، ئەمدى ھەققانىيەت ئۇنىڭ تەرىپىدە بولمىسا كېرەك. دۇرۇس، ئۇنىڭ تەنقىدىنىڭ چىڭ فاڭۇ بىلەن لى چيۇلىنىڭ رەددىيە بەرسە بولىدىغان يېرىمۇ بار. لېكىن، بۇ پەردە مەردانە ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىشى لازىم ئىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆزلىگەن نىشانىسىنى خاتا دېگىلى بولمايدۇ. پەقەت جاھىل ـ كالۋالارغىلا تەنە ـ كىنايە قىلىش كېرەك، چۈنكى ئۇلار ئەقىلگە ئىشارەت، دېگەننى چۈشەنمەيدۇ. قىزغىن ۋە جىددىي ئىلگىرىلەۋاتقانلارغا بولسا، بۇنداق پوزىتسىيە تۇتۇش ھەرگىز توغرا كەلمەيدۇ. لۇشۈنىڭ ئۆزى ئاشۇنداق پوزىتسىيە بىلەن پۇخادىن چىققۇدەك تىللىۋالدىم، دەپ ھېس قىلسىمۇ، لېكىن گېپىنىڭ ئۇرانىدىن دەل بۇ ‹قاقۋاش چال›نىڭ ھەقىقەتەن كاردىن چىقىپ قالغانلىقى تولۇق ئاشكارىلىنىپ قالغاندەك تۇرىدۇ. خەير، ئەسلىدە بۇ ھەقتە تەڭلىككە سېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە ئىمكانىيىتىمۇ يوق ئىدى، ھەركىمنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىش ياخشى ئىدى. بۇ جەھەتتە ‹4 ـ ماي› دەۋرىدىكى لىن چىننەن[182] ئەپەندى ئىختىيارسىزلا كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ!»

بۇ بىر ئابزاس سۆز ھەق ـ ناھەقلىقتا تاقالمىغان، پەقەت پوزىتسىيە، كۆكسى ـ قارنى ۋە سۆز ئورانى جەھەتتىن بۇ «بۇ قاقۋاش چالنىڭ ھەقىقەتەن كاردىن چىقىپ قالغانلىقى»غا ھۆكۈم قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ھېلىقى ئەسىرىم تەبىئىي يوسۇندا





يوققا چىقىرىلغان. لېكىن، شۇنداقلا كۆز يۇگۇرتۇپ قارىغاندا، ئۇچىنچى شەخسنىڭ يان تەرەپتىن تەنقىد بەرگىنىگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئۆزۈمنىڭ قارىشىچە، «زەھەر»لىك يەرلىرىمۇ ئاز ئەمەس. ئۇنىڭ ئاپتورى ياشلاردىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭدا «قاقۋاش چال»لىق مىجەز يوقتۇر. ئېھتىمال مەن «جاھىل ـ كالۋا» بولغانلىقىم ئۈچۈن، نائىلاج شۇنداق «زەھەر»لىك قىلغاندۇر ياكى ئۆزى شۇنداق قىلغانلىقىنى سەزمىگەندۇر.

لېكىن، مەن ئىسمىم فامىلىسىنى يوشۇرغان بۇ روشۈي ئەپەندىنى ئەيىبلەيمەن، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئىجادىيەت تەھرىراتى تەرىپىدە تۇرغان. مەن بۇ جەڭچىلەرنى ئىجادىيەت تەھرىراتىدا دائىم ئۇچرايدىغان چارپايلار ياكى سەنئەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا[183] قوشۇمچە بىر چىنە ئاشقا بېرىلگەنلەر، دېمەكچى ئەمەسمەن، پەقەت ئۇلارنىڭ بىر قېلىپتىكى مەخلۇقلاردىن ئىكەنلىكىنىلا كۆرسىتىپ قويماقچىمەن. دېمەك، ئاتالمىش «سەپ»مۇ ئىجادىيەت تەھرىراتىنىڭ سېپى، شۇڭا چىڭ شىيىڭ، گاۋ چاڭخۇڭلار بىلەن مۇنازىرىلەشكىنىمدە، بۇنى ھەقلىق ئىش دەپ، غىڭ قىلماي تۇرۇۋالغان؛ بۇگۈنكى كۈندە ئىجادىيەت تەھرىراتى بىلەن مۇنازىرىلەشكىنىمدە، زەھەرلىك قىلدى دەپ، بىردىنلا جەڭچى سىياقىدا مەيدانغا چىققان. ھەقىقەتتە بولسا، ئىلگىرى ماڭا ئىككى قېتىم «ھەقلىق» دەپ ھۆكۈم قىلغانلىقى ئۆلگىنىگە 2000 يىلدىن ئاشقان قاقۋاش چال، پىر ـ ئۇستاز لاۋزىنىڭ[184] «ئالىمەن دېسەڭ ئاۋۋال بېرىشىڭ لازىم» دېگەن تاكتىكىسىدىن ئىبارەت. مەن ئۇنداق باھاغا قايىل ئەمەسمەن. چىڭ شىيىڭنىڭمۇ بۇنداق مۇنازىرە ئۇسۇلىدىن خەۋىرى بار، ئۇ مېنىڭ قىسقا مۇلاھىزىلىرىمنى ئاغدۇرماقچى بولغىنىدا، ئۆزىنىڭ ئادىللىقىنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن، ھېكايەمنى ماختىغانىدى[185].

بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىككى قېتىم مېنىڭ «ھەقلىق» دېگەن بولسىمۇ، بۇ گەپ روشۈي ئەپەندىنىڭ ئۇلار بىلەن بىر تەرەپتە،

بىر تەھرىراتتا، بىر مەزھەپتە ۋە بىر ئېقىمدا… ئەمەسلىكىدىن
بولغان. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بولسا ئىش ئۇنداق ئەمەس. مەن «چىلىق
شىيىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشكەن» دىن كېيىن، ھازىرقى زامان تە-
رەپدارى بولغان تاڭ يۈرېن «تىل رىشتىسى» نىڭ سۆزلىرى
موسكۋانىڭ ئەمرى بويىچە بولۇۋاتىدۇ[186]، دېدى؛ «گاۋ چاڭخۇڭ
بىلەن مۇنازىرىلەشكەن» دىن كېيىن، «قۇيۇن» تەرەپدارى بولغان
چاڭ يەنشىڭ «قۇيۇن» نىڭ نەشرىدىن توختاپ قېلىشىنىمۇ ماڭا
دۆڭگەپ، سۇيىقەست ئىشلەتكەن بولسا كېرەك[187] دەپتۇ. لې-
كىن، بۇ گەپلەرگە بىز ئىككى تەرەپتىن باشقا دىققەت قىلغانلار
ئېھتىمال ئانچە چىقمايدۇ ياكى ئېسىدە قالمىغاندۇر. ئۆز بىلەن
ئالاقىسى بولمىغان ئىش كۆزدىن ئاسانلا ئۆتۈپ كېتىدۇ.
دۇرۇس، ئىجادىيەت تەھرىراتىغا نىسبەتەن «تولىمۇ ھۆرمەت-
سىزلىك» بولۇپ قالدى، «نامەرد» لىك بولدى. مەن ئۆزۈمنى
توغرا يولدا ماڭدىم، دەپ ھېسابلىغىنىم بىلەن، ئۇلار بەربىر
«زەھەرخەندىلىك» قىلدى دەپ قاراپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «بەس -
مۇنازىرە جېڭى» — «پوزىتسىيە جېڭى» گە، «كۆكسى - قارنى
جېڭى» گە، «ياش - قۇرام جېڭى» گە ئايلىنىپ كەتتى. جەڭچىلە-
رى دىققەت قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن چىڭ فاڭۋۇلارنىڭ ماڭا
تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئۆزۈم چۈشىنىمەن. مېنىڭ ئىنىم بار،
مېنىڭچە ئۇ «ئەقىلگە ئىشارەتنى چۈشەنمەيدىغان» يەردە ئەمەس،
لېكىن «چۇقان» نەشر قىلىنغاندا، بۇ تەنقىدچى جاناب مېنى: «بۇ
نۆۋەت ئىنىسى تەھرىرلەپ چىقىپتۇ، ھەقىقەتەن كىشىنى قىزىقتۇ-
رىدىكەن»[188] دەپ مازاق قىلغانىدى. بۇ ئەنئەنە تاكى بەش يىل
ئۆتكەندىن كېيىن فېڭ نەيچاۋنىڭ ماقالىسىدە قايتىدىن پەيدا بول-
دى. ئۇ: «بىمەنە ھالدا ئۆز ئىنىسىگە ئىنسانپەرۋەرلىك ھەققىدە
بىرنەچچە ئېغىز چىرايلىق گەپ قىلغان»[189] دەپتۇ، مېنىڭ تە-
شەببۇسۇمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىدىن بىرنېمە دېيىشنى قويۇپ تۇراي،





تەشەببۇس ئوخشىشىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، سۆزنىڭ ئوخشىشىپ
كەتكەنلىكى «بىمەنە» بولامدىكەن؟ ئىنىسى بارلىكى بولسا، قارشى
تۇرۇش لازىمىكەن؟ بىرى ئىنقىلاب قىلسا، بىرى خاننىڭ پېشىنى
كۆتۈرۈشى لازىمىكەن؟ بىرى جۇغراپىيە ئۆگەنسە، بىرى ئاسترو-
نومىيە ئۆگىنىشى كېرەكمىكەن؟ يەنە، مەن بىر يىللىق پارچە
تەسىراتلىرىمنى توپلاپ «سايىۋەن» نى نەشر قىلدۇردۇم، بۇنىڭدىن
باشقا يەنە ئىلگىرى كۆچۈرگەن تارىخىي ھېكايىلەرنى «ھېكايىلەر
توغرىسىدىكى كونا رىۋايەتلەردىن خاتىرىلەر» نى نەشر قىلدىم، بۇ-
لارنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئالاقىسى يوق. لېكىن چىڭ فاڭۋۇ
ئەپەندى: «لۇشۈن ئەپەندىمىز سايىۋەننىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ،
ئۆزىنىڭ ‹ھېكايىلەر توغرىسىدىكى كونا رىۋايەتلەر› نى كۆچۈرۈۋا-
تىدۇ[190]» دەپتۇ. بۇ سۆز لى چيۇلىنى ناھايىتى خۇشاللاندۇردى،
ئۇ بۇ يىل يەنە «مەدەنىيەت تەنقىدى» گە كۆچۈرۈپ بەردى ۋە يەنە
خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي: «ئۇ (چىڭ فاڭۋۇ) نىڭ بۇ ماقالىسى
‹قىزىقارلىق ئەدەبىيات›، تىنىمۇ قىزىقراق ئىكەن[191]» دەپ يازدى.
تېخى بۇنى ئاز دەپ، مېنىڭ شاۋشىڭدا تۇغۇلغانلىقىم ۋە شاۋشىڭدا
هاراق چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار مېنى «مەست - ئەلەس»
دېدى؛ ياش قۇرامدا ئۇلاردىن چوڭ بولغانلىقىم ئۈچۈن «چال»
دېدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، «بەدئىي ئىپادىلىشىمگە رۇخسەت قىلىندى-
غان بولسا» دەپ ئىزاھلاشتى. بۇ «چال» لىقنىڭ قۇسۇرى «سەپ»
تىكى روشۈي ئەپەندى ئۈچۈن «ھەقىقەتەن كاردىن چىققان» لىقىم-
نىڭ مەنبەسى بولۇپ بەردى. مېنىڭ ئىجادىيەت تەھرىراتىدىكى-
لەرنىڭ يۈرتنى، جەددى - جەمەتنى، ياش - قۇرامنى دەستەك
قىلىپ تۇرۇپ مازاق قىلىشىغا ماتېرىيال بولۇپ بەرگۈدەك ھالغا
چۈشۈپ قالمىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن. بۇ يىل ئۇشتۇمتۇتلا بىر
پارچە ماقالە يېزىپ، ئۇلارنىڭ ماقالىلىرىدىكى زىددىيەتلەرنى ۋە
شاڭخولارنى بىرىنچى قېتىم ئەيىبلىدىم، خالاس. لېكىن، پوزىت-

سىيە مەسىلىسى كېلىپ چىقتى، «كۆكسى - قارنى» مەسىلىسىمۇ كېلىپ چىقتى، ھەتتا جەڭچىلەرمۇ «زەھەرلىك قىلدى» دېيىشتى. ئۇنداق بولسا، مەن ئىنقىلابىي ئەدەبىياتچىلار «پەسكەش» دەپ ئەيىبلىگەن تولستويدىن ئۆگىنىپ، قىلچە قارشىلىق بىلدۈرمىسەم ياكى «ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ياكى بۇرژۇئازىيىدىن بولغان پېقىر لۇشۇن ئىنقىلابىي ئىنتېللىگېنسىيە[192] جانابىي ھەزرەتلىرىگە تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىماس قىلىمەنكى» دەپ مۇراجىئەت قىلسام ئاندىن «ھەقىقەتەن كاردىن چىققان» بولمىغان بولامتىم؟

مېنىڭ «قېرى - چال»لىقىم ھەقىقەتەن مېنىڭ كارغا يارىماسلىقىمدىن ئىبارەت. «گاۋ چاڭخۇڭ بىلەن مۇنازىرە»لەشكەندە، ئۇمۇ مەندىكى بۇ بىر چوڭ قۇسۇرنى تىلغا ئالغاندى، بۇنىڭدىن سىرت، ئاغرىپ قالغانلىقىمنىمۇ زاڭلىق قىلغاندى[193]. بۇمۇ راست، مەن ھەقىقەتەن ئاغرىغاندىم. بۇ نۆۋەت روشۇي دېگەن «شۇمتەك» بۇ توغرۇلۇق زۇۋان سۈرمەپتۇ. دېمەك، بەزى ياشلار ئاق كۆڭۈل، ئىنساپلىق ئىكەن، شۇڭلاشقا ئۇ «كىنايە — تەنە»نى ئىشلىتىدىغان جايىنى ئايرىپ «قىزغىن ۋە جىددىي ئىلگىرىلەۋاتقان»لارغا ئېتىبار بېرىش شەرتلىرىنى بەلگىلەپ چىقىپتۇ. ئەپسۇسكى، مەن بەك كېيىن تۇغۇلۇپ قالغانلىقىمدىن، ئۇلارنىڭ قاتارىدا ئېتىبارغا ئىگە بولالمايدىغان بولدۇم. لېكىن، بەختىمگە يارىشا، ياش ۋاقتىمدا جەڭ سېپىگە راستتىنلا ئاتلانمىغان ۋە يارىلانمىغانىكەنمەن، مۇبادا بەدىنىمدە ناكارلىق بولۇپ قالغان بولسا، شاڭخوغا يەنە بىر دەستەك ھازىرلانغان بولار ئىكەن، ئۇ ھالدا ھازىر قانچىلىك مەسخىرىگە قالاتتىمكىنتاڭ؟! بۇ «ئىنقىلاب قىلمىغان»لىقىمنىڭ پايدىسى، شۈكرى.

ھەقىقەتتە بولسا، بۇ نۆۋەت كارغا يارىماس بولۇپ قالغانلىقىم پەقەت مېنىڭلا يارىماسلىقىم، بۇنىڭ يېشىم بىلەن ئالاقىسى يوق. تولستوي كروپوتكىن[194] ۋە ماركسلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىدە





«پەسكەش»لىكىنىڭ بولغان - بولمىغانلىقى ئېنىق ئايرىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆمۈر بويى جاپالىق كۈرەش قىلغان. ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرىدىن قارىسام، ھەممىسى بومبا ساقاللاردىن ئىكەن. يالغۇز مەندەك بىر ئادەمنىڭ كاساپىتى بىلەن ھەممە «قېرى - چال»لارنى ئىنكار قىلىش ئادىللىق بولمىسا كېرەك. لېكىن، جۇڭگودا، تەبىئىيكى ئەھۋال بىرئاز ئالاھىدە بولغاچقا، كارغا يارىمايدىغانلىرى كۆپ. ئۆسمۈرلەر قېرى مىجەز بولۇپ كېتىۋاتقان يەردە قېرىلارنىڭ قېرى مىجەز بولۇشى تەبىئىي. لىن چىننەن ئەپەندىنىڭ ئېنىق ئېسىدە بولسا كېرەك، ئۇنى كېيىنكى چاغلاردا ھەقىقەتەن قېرىلىق بېسىپ كەتتى، ئۇ جانلىق تىل - ئەدەبىياتقا قارشى تۇرغانلىقتىن، مۇنازىرىگە چۈشەلمەي، يان تەرەپتىن ساماننىڭ تېگىدىن سۇ قۇيىدىغان بىر پارچە دارىتما ھېكايە[195]نى يېزىپ چىقىپ، ئىسلاھاتچىلارنى بىر پالۋانغا قاتتىق ئۇرغۇزغاندى — «چىرايلىقراق» قىلىپ ئېيتقاندا — «قوراللىق ئەدەبىيات - سەنئەت»كە سەجدە قىلغانىدى. كونىسى بىلەن يېڭىسىنىڭ كۆپ ھالدا تازا ئوخشىشىدىغان يەرلىرى بولىدۇ، مەسىلەن، شەخسىيەتچىلەر، سوتسىيالىزمچىلار كۆپ ھاللاردا بۇرژۇئازىيىگە قارشى تۇرىدۇ؛ مۇتەئەسسىپلەر بىلەن ئىسلاھاتچىلار كۆپ ھاللاردا كىشىلىك ھاياتى ھەققىدىكى سەنئەتنى تەشەببۇس قىلىدۇ، قاراڭغۇ زۇلمەت ھەققىدىكى سۆزلەردىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ؛ كالتەكچىلەر (فاشىستلار دېمەكچى — مۇھەررىر) بىلەن كوممۇنىزمچىلار ئىنسانپەرۋەرلىكتىن يىرگىنىدۇ، ۋەھاكازا. بۇنىڭغا لىن چىننەن ئەپەندىنىڭ ئىشىمۇ دەل ئىسپات بولالايدۇ. ئۇنىڭ كارغا يارىماس بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇ تېخىمۇ بالدۇر دۇنياغا كېلىپ قالغان، بۇ سىنىپنىڭ «ئوبخېببېن» بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ۋە بالدۇر ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن، توپ يىلتىزىدىن ئالغاندا، Fascistلىق ئەپت - بەشىرىسى ئاشكارىلىنىپ

قالىدىغانلىقىنى بىلمىگەن. لېكىن، مېنىڭچە، «قېرى ـ چال» نىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقىدىن غەم قىلىش كەتمەيدۇ، ئۇ هامان ياشلاردىن بالدۇر ئۆلىدۇ. لىن چىننەن ئەپەندى بالدۇرلا ئۆلۈپ كەتتى، كەلگۈسىنىڭ تۇۋرۇكى بولىدىغان ياشلارنىڭ يەنىلا ئۇنىڭغا ئوخشاش تاغدىن ـ باغدىن گەپ سېتىدىغانلىرى كىشىنىڭ غىدىقىنى ئەنسىرىتىدۇ.

يەنە گەپ قىلسام، كۆكسى ـ قارنىم تار بولۇپ قالار. گېپىمنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسەم، ئىچىم تېخىمۇ تار بولۇپ قالار، «هەقلىق» بۇ تەرەپتە بولۇشى «ناتايىن» بولۇپلا قالماي، بەلكىم جەزمەن بولۇپ قالار. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بولۇۋاتقان گەپنىڭ هەممىسى «چوڭ كەمبەغەل» [196] خەلق توغرىسىدا ئەمەس، يەنىلا شەخسىي ئىش ئۈستىدىكى گەپلەر... لېكىن، دېيىلىۋاتقانلار شەخسىي ئىش بولغان تەقدىردىمۇ، بەزىلەر شەخسىنىلا كۆرسىمۇ، بەزىلەر ئارقا كۆرۈنۈشىنى ياكى مۇهىتىنى كۆرىدۇ. مەسىلەن، «لۇشۈن گۇاڭدۇڭدا» دېگەن كىتاب توغرىسىدا بۇ يىل جەڭچىلەر تەھرىرلىگۈچىمۇ ۋە تەھرىرلەنگۈچىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئۆچمەسلىكىنى كۆزلىگەن[197] دەپ ئويلاپ، «ئىچى تىتىلداپ» كېتىپ، «جاهىل كالۋا»لارنى ئازراق مازاق ئەتكەن، لېكىن مەن بۇنى ئىدېئالىزمغا تولىمۇ بېرىلگەنلىك دەپ ئويلايمەن. ئۆچمەيدىغان نەرسە يوق، ئۆچمەي نېمە قىلىدۇ، بۇنى هازىرقى زاماندىكىلەر ئومۇمەن ياخشى بىلىدۇ. بۇ كىتابنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىكى سەۋەب ئەمەلىيەتتە قارا خەتنى ئاق قەغەزگە بېسىپ، تۈپلەپ كىتاب قىلىپ، تاۋار سۈپىتىدە ساتقانلىقتىن باشقا گەپ ئەمەس. بۇ توقامنى مەيلى قايسى ئۇسۇلدا تىكسۇن، «لۇشۈن» دېگەن نەرسە بىر خىل ماتېرىيالدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالغان. «كۆزلىگەن نىشانىسىنى ناتوغرا دېگىلى بولمايدۇ»غان ئىجادىيەت تەھرىراتىمۇ بۇنداق ئۇسۇلدىن خالىي ئەمەس. تروتسكىي[198] «زاۋالغا يۈزلەنگەن» بولسىمۇ، لېكىن ئۇ،





پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ماقالە كەلگۈسىدە باشقا بىر تۈزۈمدىكى جەمئىيەتتە بولىدۇ، دېگەنىكەن. مېنىڭچە، ئۇنىڭ بۇ سۆزى هەرهالدا توغرا.

4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

# ئىنقىلاب قەھۋەخانىسى[199]

ئىنقىلاب قەھۋەخانىسىنىڭ ئىنقىلابىي ئېلان شەكلىدە يازغان
ماقالىسىنى[200] تۇنۇگۈن گېزىتتە كۆرۈپ قالدىم، تۆتىنچى «بى-
كار» چىلىقىمدىن پايدىلىنىپ، ئاۋۋال ئۇنىڭدىن بىر ئابزاسنى تۆ-
ۋەنگە كۆچۈرۈپ چىقاي:

«... ئاما، لېكىن، كىتابخانىلار، مەن كۆڭۈلدىكىدەك
مۇنداق بىر گۈل - گۈلىستاننى تاپتىم، جەمئىي ئىككى
قېتىم باردىم، ئۇ يەردە بۈگۈنكى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھە-
سىدىكى مەشھۇر ئەربابلاردىن گۇڭ بىنلۇ، لۇشۈن، يۈ دافۇ-
لارنى ئۇچراتتىم ھەمدە مىڭ چاۋ، پەن خەننيەن، يې لىنفېڭ-
لار بىلەن تونۇشتۇم، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇ يەردە ئۆزلىرى-
نىڭ تەشەببۇسلىرىنى كەڭتاشا سۆزلىدى، بەزىلىرى جىم-
جىت خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى، مەن ئۇ يەردە نۇرغۇن تەلىم
ئالدىم...»

نېرىدىن ئەسلىسەم، قەھۋەخانا چەت ئەل پاسونىدىكى ئېگىز
بىنا، ئۇنىڭ ئالدى تەرىپى چوڭ رەستىگە قارايدۇ؛ ئىشىك ئالدىدا
نۇر چاقناپ تۇرغان ئەينەك ۋىۋىسكا ئېسىقلىق؛ بىنادا بولسا «بۈ-
گۈنكى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى مەشھۇر ئەربابلار»؛
ئۇلارنىڭ بەزىسى كەڭتاشا سۆزلىشىپ ئولتۇرغان، بەزىسى خىيال
سۈرۈپ ئولتۇرغان؛ ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر پىيالىدىن ھور چىقىپ
تۇرغان پرولېتارىيات قەھۋەسى. نېرىسىدا بىرمۇنچە «مەينەت دېھ-





قان - ئىشچىلار ئاممىسى»[201]. ئەربابلار ئىچىشمەكتە، خىيال
سۈرمەكتە، مۇڭداشماقتا. يول كۆرسىتىشمەكتە، بەھرىلەنمەكتە،
مانا ئاشۇ ماكان راست «كۆڭۈلدىكىدەك گۈل - گۈلىستان».
قەھۋە ئىچكەننىڭ ئۈستىگە «تەلىم» ئالماقتا؟ شاڭخەي دېگەن
يەردە بىر چالما بىلەن ئىككى پاختەكنى سوقىدىغان ئىش ئەزەلدىن
تولا. مەسىلەن، چوڭراق ئىشلارنى ئالساق، ژۇرنال چىقىرىپ
قويسا، ئىنقىلاب قىلغان بولىدۇ؛ كىچىكرەك ئىشلارنى ئالساق،
كۆپرەك كىتاب سېتىۋالسا، ئۇنىڭغا يېپەك پايپاق تەقدىم قىلىدى-
كەن ياكى ماروژنى ئىچۈرىدىكەن — گەرچە مەن ئاشۇ نەپ ئالغۇچى
خېرىدارلارنىڭ غەرىزىنىڭ زادى كىتاب ئوقۇشتا ياكى يېپەك پايپاق
كىيىشتە ئىكەنلىكىنى تاكى بۈگۈنگە قەدەر چۈشەنمەيدىغان بولسام-
مۇ، قەھۋەخانىلاردا ئۇسسۇلچى قىزلارغا ۋە مۇلازىم قىزلارغا كۆز
يۈگۈرتۈپ «كۆز خۇمارى»نى چىقارغىلى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغا-
نىدىم. «مەشھۇر ئەربابلار»نىڭ كىشىگە «تەلىم»، «كەڭتاشا
سۆزلەيدىغان»، «جىمجىت خىيال سۈرىدىغان» قىزىقارلىق تاما-
شىلارنىڭ بولۇپ تۇرىدىغانلىقى، ئۇ يەرنىڭ رېئال گۈل - گۈلىس-
تان ئىكەنلىكى كىمنىڭ خىيالىغا كەلسۇن؟!
لېكىن، يەنە بىرنەچچە ئېغىز سۆزۈمنى ئېيتىۋالاي:
ئۇنداق قەھۋەخانىغا كىرىپ باقمىدىم، ھېلىقى يازغۇچىنىڭ
«ئۇچراتقىنى» باشقا بىراۋ بولسا كېرەك. چۈنكى، بىرىنچى، مەن
قەھۋە ئىچمەيمەن، قەھۋەنى بەربىر ئەجنەبىي جانابلار ئىچىدىغان
نەرسە دەپ (لېكىن بۇمۇ ئېھتىمال مەندىكى «دەۋر خاتالىقى»[202]
بولسا كېرەك) ياقتۇرمايمەن، كۆكچاينى ياخشى كۆرىمەن؛ ئىك-
كىنچى، «ھېكايىلەرگە دائىر كونا رىۋايەتلەر»نى كۆچۈرۈۋاتى-
مەن، ئۇنداق گۈل - گۈلىستاندىن ھۇزۇر ئېلىشقا چولام تەگمەي-
دۇ؛ ئۈچىنچى، ئۇنداق گۈل - گۈلىستانغا كىرىشكە جۈرئەت
قىلالمايمەن، ئىنقىلابىي ئەدەبىياتچىلار ياش، چىرايلىق، چىشلى-

رى ئاپئاق، لەۋلىرى قىزىل بولىدىكەن. مەسىلەن، پەن خەنىيەن، يې لىنفېڭ[203] دېگەن ئادەملەر تۇغما ئەدىب، گۈل ـ گۈلىستانغا خاس ماتېرىياللاردۇر. مەن بولسام، «سەپ»تە «چىشلىرى سارغايغان» [204] دېگەن جىنايەت ئارتىلغان تۇرسام، قەھۋەخانىغا بېرىپ زەي سالماي ئېيتىۋەرسەم، «پرولېتارىيات ئەدەبىياتى»نىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرگەن بولمايمەنمۇ؟ يەنە، مەن قەھۋەخانىغا بارغۇم كەلگەن تەقدىردىمۇ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ كىرەلمەسلىكىم، ھېچبولمىغاندا قەھۋەخانىنىڭ ئارقا دەرۋازىسىغا يىراق بىر يەردە تۇرۇپ تېڭىرقىغان پېتىم قەھۋە شامىسىنىڭ ھىدىنى پۇراپ قېلىشىملا مۇمكىن. قاراڭ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى سەپنىڭ داڭدار ئەدىبلىرى ئولتۇرسا، مەندەك «سەپتىن چۈشۈپ قالغۇچى» ئۇلار بىلەن ھەرگىز بىر ئۆيدە ئولتۇرالمايدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمنىڭ ھەممىسى راست گەپ. ئىنقىلابىي سەنئەتچى يې لىنفېڭ مېنىڭ رەسىمىمنى سىزىپ[205]، ھاراق كۈپىنىڭ دالدىسىغا كىرىۋالغان، دەپتۇ. بۇ گەپنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن. ھازىر ئېيتماقچى بولغىنىم پەقەت: شۇ گۈل ـ گۈلىستانغا مەن بارمىدىم، بارغۇممۇ يوق، قەھۋە پىيالىسىنى دالدا قىلىپ ئالدامچىلىق قىلغىنىممۇ يوق.

خاڭجۇدا يەنە بىر لۇشۈن پەيدا بولغىنىدا، بىر پارچە ئېلان چىقارغاندىم، «ئىنقىلابىي ئەدەبىياتچىلار» مېنى مەسخىرە قىلدى [206]، شۇنداق بولسىمۇ ھازىر يەنە ئۆز قولۇم بىلەن بىرنېمە يېزىپ ئېلان قىلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. بىرىنچىدىن، مەن ئۆزۈم قەھۋە بولمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئىنقىلابىي قەھۋەخانىنى زىننەتلەشنى خالىمايمەن؛ ئىككىنچىدىن، مەن ئىجادىيەت تەھرىراتىدەك باي ئەمەسمەن، شۇنچىكى ئىش بولۇپ قالسىلا، بىر ـ ئىككى ئادۋوكات تەكلىپ قىلمايمەن.

8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى





# ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى تارىخىي ۋەقە[207]

كەلگەن خەت

مۇھەررىر ئەپەندى:

يېقىندا شاڭخەيدىكى بىر دوستۇم ماڭا: «شاڭخەيدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكىلەر يېقىندىن بۇيان ئىنقىلابىي ئەدەبىيات مەسىلىسى توغرۇلۇق قاتتىق داۋراڭ سېلىشىۋاتىدۇ» دېدى. بۇ قىزىق گەپ ئىكەن! بۇلتۇر تاۋۇز چاغدىن ئىلگىرى ـ كېيىن، چېڭدۇدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكىلەرمۇ بۇ مەسىلە توغرۇلۇق جىددىي بەس ـ مۇنازىرە قىلغانىدى، لېكىن «داۋراڭ» كۆتۈرۈلمىگەن، بەس ـ مۇنازىرىنىڭ دائىرىسى كېڭەيمەيلا ئاياغلاشقان. چېڭدۇدىن باشقا جايلاردا بۇنداق ئىش بولغانلىقىنى ئانچە بىلمىسە كېرەك.

ئەمدى مەن ئەھۋالنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتەي:

بۇ بەس ـ مۇنازىرە ئۇزاق غۇلغۇلىدىن كېيىن باشلانغان. ھەر ئىككى تەرەپتىكى تايانچلار — «گومىن» گېزىتخانىسى ئىنقىلابىي ئەدەبىياتنى ياقلىدى؛ «5 ـ سىنتەبىر» گېزىتخانىسى ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات دېگەن نېمىسىدىن گۇمانلاندى. بۇلار دەسلەپتە تېخى خۇپىيانە ھالدا ئېلىشتى، كېيىن مىللىي ھۆكۈمەت چاڭجياڭ ۋادىسىدا تەدرىجىي تەرەققىي قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن، چېڭدۇدىكى ئىنقىلابىي ئەدەبىياتچىلار پۇرسەتپەرەسلىك قىلغاندەك «ئىنقىلابىي ئەدەبى-

يات ـ سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتى» قۇرۇپ، پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنى كۈچەپ تەرغىب قىلدى. دەل شۇ چاغدا جاڭ شىيى ئىمزالىق بىر ئەپەندىنىڭ «ئىنقىلابىي ئەدەبىيات توغرىسىدا» دېگەن بىر ئىلمىي ماقالىسى بېسىلىپ چىقتى ـ دە، بىر تۈركۈم ئىنقىلابىي ئەدەبىياتچىلارنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ بەس ـ مۇنازىرىدە بىر ـ بىرىنى چوقۇلاشقا باشلىدى.

ئىككى تەرەپنىڭ ئىستراتېگىيىسىگە كەلسەك: ئىنقىلابىي ئەدەبىياتچىلار، ھەممىدە ئىنقىلاب قىلىش كېرەك، ئىنقىلاب قىلغاندىلا ئالغا باسقىلى، ۋەزىيەتكە ئۇيغۇنلاشقىلى بولىدۇ، ئىنقىلاب قىلمىغاندا فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ قالدۇقى، جاھانگىرلىكنىڭ يالاقچىسى بولۇپ قالىدۇ، دېدى. ئۇلار ئىجادىيەت تەھرىراتى بىلەن ئوخشاشلا تارىخىي ماتېرىيالىزمنى ئاساس قىلدى، لېكىن ئۇلارنىڭكىچىلىك تەلتۆكۈس بولمىدى، «ئەدەبىيات ئىنقىلابى» بىلەن «ئىنقىلابىي ئەدەبىيات»نى بىر قىلىۋەتتى. قارشى تۇرغۇچىلار بولسا، «ئىنقىلابىي ئەدەبىيات» بىلەن «ئاددىي پۇقرالار ئەدەبىياتى»، «ئاقسۆڭەكلەر ئەدەبىياتى» ئەدەبىياتتىكى بىر خىل ئاتالغۇدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات بىلەن مۇناسىۋەتسىز، دەپ ئېتىراپ قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ راستىنلا شۇنداق دەخلىسىز مۇقەددەس ئىكەنلىكىدىن شۇبھىلەندى. ئەدەبىياتنىڭ ئەھمىيىتى مۇنداق تار بولماسلىقى لازىم؛ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىنقىلابىي ۋەقەلەرمۇ ئانچە كۆپ ئەمەس، بولغان تەقدىردىمۇ، خۇددى ئۆتۈكنىڭ ئۇستىدىن پۇتنى قاشلىغاندەك، يازغاندا ياخشى بولۇشىمۇ ناتايىن، ئۇ ھالدا ئۇ «سەنئەت ئۈچۈنلا سەنئەت» دەيدىغان گەپكە يېقىنلىشىپ قالىدۇ، دېدى. بۇ بەس ـ مۇنازىرىگە ئىنقىلابىي ئەدەبىيات جەھەتتە كۆپىنچە «بىرلا تەرەپ»تىكى ئەزالار قاتناشتى؛ قارشى تۇر-





غۇچىلار بولسا، تەڭ يېرىمى تونۇشمايدىغان ئاغىنىلەر.

بۇ بەس ـ مۇنازىرىنىڭ نەتىجىسىدە، «ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت جەمئىيىتى» جەڭ سېپىنى ئۇزارتىشنى خالىماي، ئۆز ئىختىيارى بىلەن مۇنازىرىنى توختاتتى، لېكىن نېمە ئۈچۈن توختاتقانلىقى مۇناسىۋەتسىز ئادەملەرگە نامەلۇم.

شۇ مۇنازىرىنىڭ ھۆججەتلىرىگە كەلسەم، «ئاساسلىق ماتېرىيال يېتەرلىك بولمىغان»لىقتىن، بايان قىلمىدىم.

شاڭخەيدە بۇ قېتىم قالتىس بولغاندۇر. دوستۇم كۆچۈرۈپ ئەۋەتكەن مۇندەرىجىدىن قارىسام، ماتېرىيال تولىمۇ كۆپ ئىكەن! چۆڭچىڭدىكىلەرنىڭ بۇ مەجمۇئەنى كۆرۈشكە ئامىتى كەلمىگەنلىكىگە ۋاي ئىسىت!

بۇ خەت پەقەت كەلگۈسىدە «ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى تارىخىي ۋەقە» بولۇپ قالسۇن. بۇنى يېزىشتا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، بىرەر تەرەپنى ھىمايە قىلىدىغان نىيىتىم يوق.

بىكار گەپلەر ئاز بولمىدى، بۇ گەپلەر مۇشۇ يەردىلا قالسۇن.

ئېھتىرام بىلەن ئامانلىقىڭىزنى تىلەپ:
شۈي يۈن[208]

17 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، چۆڭچىڭدىن

## جاۋاب خەت

شۈي يۈن ئەپەندى:

«ئەدەبىيات ساھەسىدىكى تارىخىي ۋەقە»نى يېزىپ ئەۋەتكەن ھىممەتلىرىگە ھەشقاللا.

يىل ۋە ئاي بويىچە ھېسابلىغاندا، سىچۈەندىكى «ئىنقىلابىي
ئەدەبىيات» بۇلتۇر نەشر قىلىنغان «ئىنقىلابىي ئەدەبىيات مۇھاكى-
مىلىرى توپلىمى»[209] (كىتاب ئىسمى شۇنداق بولسا كېرەك،
تازا ئېسىمدە يوق، دىڭ دىڭ تەھرىرلىگەن) نىڭ داۋامى بولسا
كېرەك. شاڭخەيدە «ئىنقىلابىي ئەدەبىيات» بۇ يىل يەنە يېڭى
سەھىپە ئاچتى. «داۋراڭ» سالغان ۋە «داۋراڭ» سالمىغانلىقى
ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قۇلاقلىرىنىڭ ئۆتكۈر ياكى گاللىقىغا باغلىق.
«ئىنقىلابىي ئەدبىيات» نىڭ جەڭ مەيدانىدىن ئالغاندا، مەن
«سەپتىن چۈشۈپ قالغۇچى» . شۇڭا، ۋەقەنىڭ مەركىزىدىكى ۋە
ئالدىدىكى ئەھۋالنى بىلمەيمەن. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن
قارىسام، چىڭ فاڭۋۇ قوماندانىنىڭ «ئىجادىيـەت ئـايـلـىـق ژۇر-
نىلى»[210] ، «مەدەنىيەت تەنقىدى» ، «كۆچمە قۇم»[211] ، جىياڭ
گۇاڭ (ھازىر بۇنى قايسى خەتكە ئۆزگەرتىۋالغانلىقىنى تېخى بىلمى-
دىم، كەچۈرۈڭ) قول بەرگەن «قۇياش»[212] ، ۋاڭ دۇچىڭ باش-
لامچى بولغان «بىز»[213] ، ياش ئىنقىلابىي سەنئەتكار يې لىنفېڭ
يېگانە چىقارغان «چۆل»[214] ، ئىنقىلابىي سەنئەتكار پەن خەننيەن
تەھرىرلىگەن «ھازىرقى زامان ھېكايىلىرى»[215] ۋە «سەپ» ،
«ئىنسىنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ چىرايلىق سۆزلەيدىغان» پەن زىند-
يەن ئالدىراپ چىقارغان «دەشت»[216] تۇرۇپتۇ. لېكىن، بىرنەچ-
چە كۈن بۇرۇن K ئەپەندىنىڭ ياپونلارغا قىلغان سۆزى («جەڭ
تۇغى»[217] نىڭ 7 ـ ئايلىق سانى) نى كۆرۈپ، پەن خەننيەن
بىلەن يې لىنفېڭنىڭ «ئىنقىلابىي ئەدەبىياتى» ئۇلارنىڭ قاتارىغا
كىرمەيدىغانلىقىنى بىلدىم.
«ئىنقىلابىي ئەدەبىيات دەپ دېلىغۇل ھالدا سۆزلەپ يۈرگەن
بىلەن ئۈزۈل ـ كېسىل بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ
يىل شاڭخەيدە ئېسىۋالغان ۋىۋىسكا راستىنلا پرولېتارىيات ئەدەبى-
ياتى بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا تارىخىي ماتېرىيالىزم ئاساس قىلىندى-





مۇ، يوق، بۇنىڭ ئەھلى بولمىغانلىقىم ئۈچۈن بىلەلمىدىم. ئەمما،
پرولېتارىيات ئەدەبىياتى تىلغا ئېلىنسىلا، كۈرەش ئەدەبىياتىغا تا-
قىماي بولمايدۇ، كۈرەش تىلغا ئېلىنسىلا، ئالىي سىياسىي كۈ-
رەشنىڭ بىر قانىتى، دېيىش مۇمكىن. روسىيىدە بولسا توغرا
بولىدۇ، چۈنكى ئۇ يەردە ئەمگەكچى دېھقانلار دىكتاتورا يۈرگۈزى-
دۇ؛ ياپونىيىدىمۇ ئانچە كارايىتى يوق، چۈنكى ئۇ يەردە كىچىككىنە
بولسىمۇ ھەرھالدا بىرئاز مەتبۇئات ئەركىنلىكى بار، ئەمگەكچىلەر
پارتىيىسى تەشكىللەش توغرىسىدا گەپ قىلغىلىمۇ بولىدۇ. لې-
كىن، جۇڭگودا ئۇنداق ئەمەس، شۇڭا ئىككى ئايدىن بۇرۇنلا شەك-
لى ئۆزگەردى، ئىسمى «يېڭى ئەدەبىيات» دەپ ئۆزگەرتىلىپلا
قالماستىن، بەلكى بۇرژۇئا جەمئىيىتىنىڭ قانۇنىغا ئاساسەن ئاد-
ۋوكات تەكلىپ قىلىپ، ھەدەپ ئېلان چىقىرىپ باشقىلارنى قورقۇ-
تۇشقا كىرىشتى.
«ئىنقىلابىي زىيالىيلار سىنىپى» غا كونا نەرسىلەرنى يوقى-
تىڭلار دەپ قويۇپ، ئۆزلىرى كونا نەرسىلەر بىلەن ئۆزىنى قوغدا-
ۋاتىدۇ؛ ئىنقىلابچى دېگەن شۆھرەتكە خۇشتار بولۇپ تۇرۇقلۇق،
ئىنقىلابچىلار خالىي بولالمايدىغان جەبىر ـ جاپا چېكىشنى خالىمى-
سا، نەتىجىدە يالغان كۈلۈپ، يالغان يىغلاپلا، ئوڭغىمۇ، سولغىمۇ
ئوخشاشمايدىغان ھالدا تۇرماقتا. ھەتتا يې لىنفېڭ ئوغرىلىقچە
كۆچۈرۈۋالغان «ئىككى يۈزلۈك»[218] دېگەن رەسىممۇ ئۇلارنىڭ
ئۆزلىرىنىڭ ئۈجۈر ـ بۈجۈرنى چالا قويماي سۈرەتلەپ بېرەلمەي-
دۇ، بۇنىڭغا ئەپسۇسلىنىمەن ۋە تولىمۇ ئىچىم پۇشماقتا.
لېكىن، بۇلار ئومۇمىي ئەھۋال توغرىسىدىكى گەپ. ئەگەر
شەخسنى ئېلىپ ئېيتسام، ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنلەرمۇ بول-
دى. مەسىلەن، چىڭ فاڭۋۇ «ئالغا ماڭ» ۋە «ئۇلارنى يولغا
سالايلى» دېگەن ماقالىنى چىقاردى؛ يەنە ئىسىم فامىلىسىنى (شى
خوشېڭغا) ئۆزگەرتىپ، «دون لۇشۈن»[219] دېگەن ئازراق بىرنې-

مىنى يازغاندىن كېيىن، ياپونىيە پرولېتارىيات ئەدەبىي ژۇرنىلى «جەڭ تۇغى»نىڭ 7 - ئايلىق سانىدا خەۋەر قىلىنىشىچە، يەنە ساخاۋەتخانا ئارىشىڭىنىڭ يېنىغا بارغان (بويىنى سوغا سالغان - سالمىغانلىقى نامەلۇم) ۋە ئۇ يەردە «ھۆرمەتكە لايىق پرولېتارىيات يازغۇچىسى»، «جۇڭگو ئەمگەكچى دېھقانلىرى سايلاپ چىققان سەنئەتكار» دەپ ھۆرمەتلەنگەن.

لۇشۈن

8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى





# ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىيلىقى[220]

## كەلگەن خەت

لۇشۈن ئەپەندى:

سىخېڭ ئەپەندى تەرجىمە قىلغان لىنكۈي ۋېيفۇنىڭ «ئەدەبىياتتىكى شەخسلىك ۋە سىنىپىيلىق»[221] دېگەن ماقالە ئەسلىدە قالتىس ياخشى ماقالە ئىكەن، لېكىن ئەپسۇسكى، بۇ ماقالىنى ئاخىرقى تارىخىي ماتېرىيالىزم قىسمىدىكى نەزەرىيە بىرئاز قاملاشمىغاندەك تۇرىدۇ، ئاپتور تارىخىي ماتېرىيالىزمنى خاتا چۈشىنىپ قالغان بولسا كېرەك. ئۇ مۇنداق دەپتۇ:

«مۇشۇنداق سەۋەب بىلەن ئەقلىي يەكۈن چىقىرىلىدىغان بولسا، مۇلۇكدارلارنىڭ شەخسلىكى بىلەن يوقسۇللارنىڭ شەخسلىكى پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدۇ، يەنى مۇلۇكدارلار بىلەن يوقسۇللارنىڭ ئورتاق شەخسلىكى ئېتىراپ قىلىنمايدۇ. ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، مۇلۇكدارلار بىلەن يوقسۇللارنىڭ پەقەت سىنىپىيلىقىلا بولىدۇ، شەخسلىكى پۈتۈنلەي يوق.»

بۇمۇ گەپمىكەن! تارىخىي ماتېرىيالىزم نەزەرىيىسى نەدە مۇنداق ئاددىي بولسۇن؟! بۇ نەزەرىيە شەخسلىكنى ئىنكار قىلمىغاچقا، ئىدىيە، ئەخلاق، ھېسسىيات، سەنئەت-

نىمۇ ئىنكار قىلمايدۇ. لېكىن، خۇلق، ئىدىيە، ئەخلاق، ھېسسىيات، سەنئەت، ئىقتىسادقا مەھكۇم. لىن ئەپەندى ئۆز ماقالىسىدە شەخسلىكنى تەكىتلىگەن، شۇڭا بىز شەخسلىك ئۈستىدە گەپ قىلىۋاتىمىز. مەسىلەن، يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتىكى پاترىئارخاللىق جەمئىيەتتە خوتۇنلار ئەرلەرنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى قىلىنغان، لېكىن مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى جەمئىيەتتە خوتۇنلارنىڭ قەدىر - قىممىتى خېلىلا تونۇلماقتا. بۇنداق ئىدىيە مۇلۇكدارلارغىمۇ، يوقسۇللارغىمۇ ئورتاق، ئەلۋەتتە. ئورتاق ئىكەن، ئۇنى ئاللا بەخش ئەتكەن ئەمەس، ئۇ يەنىلا ئىقتىسادقا مەھكۇم. مۇلۇكدارلار بىلەن يوقسۇللار ماددىي تۇرمۇشتا ئىقتىسادنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن پەرقلىنىدۇ، شەخسلىكمۇ ئىقتىسادنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن ئورتاق بولىدۇ. مۇلۇكدارلار بىلەن يوقسۇللارنىڭ شەخسلىكىنىڭ ئورتاق بولغانلىقى ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان يەردە ئەمەس.

لىن ئەپەندى بۇنىڭ بىلەن تارىخىي ماتېرىيالىزمغا رەددىيە بېرەلىگەن يەردە، نېمە ئۈچۈن «ئىنسانلارنىڭ ئوخشاشلا بېشى يۇمىلاق، تاپىنى چاسا كەلگەنلىكى، تاماق يەيدىغانلىقى، ئۇخلايدىغانلىقى مۇلۇكدارلار بىلەن يوقسۇللاردا ئورتاق» ئىكەنلىكى بىلەن تارىخىي ماتېرىيالىزمغا رەددىيە بەرمەيدۇ؟ شۇنداق رەددىيە بەرسە تېخىمۇ ئارام تاپاتتىغۇ.

ئاخىرىدا شۇنى بايان قىلىمەنكى، مەن كاپىتالىزم شارائىتىدا ئىشلەۋاتقان خىزمەتچى بولغانلىقىم ئۈچۈن بىلىمىمنىڭ تايىنلىق ئىكەنلىكىنى ھەركىم مۇئەييەنلەشتۈرەلەيدۇ، بۇ ماقالىدە مەقسەت ئۇقتۇرالماي قالغان ۋە مۇۋا-





پىق بولماي قالغان نۇرغۇن جايلارنىڭ بولۇشى تۇرغان گەپ. شۇنداقتىمۇ، ماركسنىڭ تەلىماتىدىن تېخىمۇ خەۋەرى بارلارنىڭ تارىخىي ماتېرىيالىزم ئۈچۈن جەڭ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئىلىم ئەھلىلىرىنى گۇمانغا كەلتۈرۈپ قويۇشتىن ئۆزۈمنى تارتىش مەقسىتىدە بۇ خەتنى لۇشۇن ئەپەندىگە مەكتۇپ شەكلىدە يازدىم، ژۇرنالغا بېسىلارمۇ، بېسىلماسمۇ، ھوقۇق مۇھەررىردە.

كەيلياڭ[222]، شاڭخەيدىن

1928 - يىل 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى

## جاۋاب خەت

كەيلياڭ ئەپەندى:

تارىخىي ماتېرىيالىزم توغرىسىدا قارىتۇرۇك ئادەممەن، ئۇ ھەقتە ھېچنېمە دېيەلمەيمەن. لېكىن، لىن ئەپەندىنىڭ ماقالىسىنىڭ ھېلىقى بىر ئابزاس سۆزىنى ئالسام، ئۇ ئىككى سۆزنى بىر ياندۇرمىلاپلا «پەقەت» ۋە «پۈتۈنلەي يوق»قا ئايلاندۇرۇۋالغان، بەك تېز قارار قىلىۋەتكەندەك تۇرىدۇ. ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللانغاننىڭ ئۈستىگە تارىخىي ماتېرىيالىزمنى تەكىتلەيدىغانلاردىن بۇ ھەقتىكى نەزەرىيىنى ئاساسلىق كىتابلاردىن بىر - بىرلەپ شىلىۋالايدىغانلار ئانچە كۆپ بولمىسا كېرەك، ئۇلار دائىم باشقىلارنىڭ تېزىسلىرىنى كۆرۈۋالسىلا بولدى. لېكىن، بۇنداق تېزىس ئاپتورنىڭ بىلىمىگە ۋە مەقسىتىگە قاراپ پەرقلىنىدۇ. بەزى ئاپتورلار سىنىپىي ئاڭنى روشەنلەشتۈرۈش ۋە ئۆتكۈرلەشتۈرۈش مەقسىتىدە، سىنىپىيلىق ھەققىدىكى تەرغىباتنى ھەدەپ كۈچەيتىدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن باشقا بىر تەرەپتە كىشىلەرنى ئاسانلا خاتا چۈشەنچىگە

كەلتۈرۈپ قويىدۇ. لىن ئەپەندىنىڭ بۇ ماقالە ئۈچۈن ئاساس قىلىدـ
ۋالغان باشقا بىرەر ئىلمىي ماقالىسىنى كۆرمىگەنلىكىم ئۈچۈن،
ئۇنى مۇشۇ سەۋەبتىن ئەكس قۇتۇپقا ماڭدى ـ ماڭمىدى، دەپ
ئېيتالمايمەن. لېكىن، جۇڭگودا شەخسلىكنى، ئورتاق ئىنسان
تەبىئىتىنى (يەنى لىن ئەپەندى ئېيتقان شەخسلىكنى) ، شەخسىيەتـ
چىلىكنى، يەنى مەنپەئەتپەرەسلىكنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۇنى
ئۆزىچە تارىخىي ماتېرىيالىزمغا رەددىيە قىلىۋالىدىغان مىساللار يوق
ئەمەس. مۇبادا بىرەيلەن يەنە ئۇنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، تارىخىي
ماتېرىيالىزمدىن سۆزلەيدىغان بولسا تولىمۇ قاملاشمىغان گەپ
بولىدۇ.

خېتىڭىزدىكى «تاماق يېيىلغانلىق، ئۇخلايدىغانلىق» توغرىـ
سىدىكى تەمسىل كۈلكىلىك گەپتىنلا ئىبارەت بولسىمۇ، لېكىن
ئۇ تروتىسكىنىڭ «ئۆلۈم ۋەھىمىسى»[223] نىڭ قەدىمكىلەرگىمۇ
ۋە هازىرقىلارغىمۇ ئورتاق بولغانلىقىنى مىسال قىلىپ، ئەدەبىياتتا
سىنىپىيلىقى بولمايدىغان ئۇنسۇرلار بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرـ
گەن ئۇسۇلىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. ئۆزۈمنى ئالسام،
مېنىڭچە، ئەگەر خۇلق ۋە ھېسسىيات قاتارلىقلار «ئىقتىسادقا
مەھكۇم» (ئىقتىسادىي تەشكىلاتنى ئاساس قىلىدۇ ياكى ئۇنىڭغا
بېقىنغان، دېيىشكىمۇ بولىدۇ) دېيىلىدىغان بولسا، بۇلارنىڭ ھەمـ
مىسى جەزمەن سىنىپىيلىق خۇسۇسىيىتىنى ئالغان بولىدۇ، لېـ
كىن «پەقەت» ئەمەس «ھەممىسى ئالغان» بولىدۇ. شۇڭلاشقا،
ئۆزى سىنىپتىن پۈتۈنلەي خالىي بولغان، ماقالىلىرى ئاي ۋە
كۈندەك مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان كاتتا ئەدىبلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيـ
مەن؛ ئەجنەبىيچە ئىمارەتتە ئولتۇرۇپ، قەھۋە ئىچىپ تۇرۇپ،
«پرولېتارىيات» ئېڭىنى مەنلا ئىگىلىدىم، شۇڭلاشقا مەن ھەقىقىي
«پرولېتار» دەيدىغان ئىنقىلابىي ئەدەبىياتچىلارغىمۇ ئىشەنمەيمەن.
ماركسچە ئاڭغا ئىگە كىشىلەرنىڭ تارىخىي ماتېرىيالىزم ئۇـ





چۈن جەڭ قىلىپ بېرىشىنى مۇشۇ پەيتتە ياقتۇرمايمەن. پەقەت
ھەقىقىي چىن ئادەملەر تارىخىي ماتېرىيالىزمغا دائىر دۇنيادا باھا
بېرىلىپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن كىتابلاردىن بىرنەچچە پارچىنى تەرـ
جىمە قىلسا ئىكەن، ئاز دېگەندە، ئاددىي، چۈشىنىشلىك ئەسەردىن
بىر پارچە، پىشىپ يېتىلگەن ئۆتكۈر ئەسەردىن ئىككى پارچە، يەنە
قارشى ئەسەردىن بىر ـ ئىككى پارچە تەرجىمە قىلسا ئىكەن، دەپ
ئۈمىد قىلىمەن، ئۇ چاغدا بەس ـ مۇنازىرە قىلغاندا، نۇرغۇن
گەپنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

لۇشۈن

8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

# 1929 - يىل

## «ئىنقىلاب قوشۇنىنىڭ چاپارمىنى» ۋە «سەپتىن چۈشۈپ قالغۇچى»[224]

شىخۇ كۆلى بويىدىكى كۆرگەزمىگە[225] قۇربان بولغان قەھرىمانلار مۇزېيى ئورۇنلاشتۇرۇلىدىكەن، قەھرىمانلارنىڭ تەۋەررۈك نەرسىلىرىنى توپلاۋېتىپتۇ. بۇ كەم بولسا بولمايدىغان تەنتەنىلىك ئىش - دە. قەھرىمانلار ئۆزىنى قۇربان قىلمىغان بولسا، ئۇزۇن ئۆرۈمە چېچىنى تېخىچە سۆرەپ يۈرىدىغانلار نەدىمۇ ئۇنداق ئەركىن يۈرەلىسۇن؟!

لېكىن، تەۋەررۈكلەرنى توپلاش ئېلانىنىڭ ئاخىرىدا «سەپتىن چۈشۈپ قالغانلارنىڭ يىرگىنىشلىك تارىخى» توپلىنىدىغانلىقىمۇ ئېيتىلىپتۇ، بۇنىسى ئاجايىپ قىزىق گەپ. بۇ خۇددى كىشىگە سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئەسلەتكەندىن كېيىن، تۆپىلەپ بىر يۇتۇم يۇندى ئىچۈرۈۋېتىپ، خۇش پۇراقنى پۇراتقاندىن كېيىن سېسىق ھىدنىمۇ پۇراتقانغا ئوخشاش بىر ئىش.

دېمەك، «سەپتىن چۈشۈپ قالغانلارنىڭ يىرگىنىشلىك تارىخى»نى توپلاش ئېلانىدىكى مۇئەييەنگە «زو رۇڭنىڭ[226] پاكىتلىرى»مۇ كىرگۈزۈلگەنلىكى تېخىمۇ قىزىق ئىش، ئەگەر مۇندەرىجە خاتا بېسىلمىغان، باشقا بىرى زو رۇڭ بولۇۋالمىغان بولسا، مېنىڭچە مۇنداقمىكىن:





زو رۇڭ مەنچىڭ زامانىدا «ئىنقىلاب قوشۇنى»[227] ناملىق بىر پارچە كىتاب يېزىپ، مەنچىڭ خاندانلىقىنى چەتكە قېقىشنى تەرغىب قىلغانلىقى ئۈچۈن، «ئىنقىلاب قوشۇنىنىڭ چاپارمىنى زو رۇڭ» دەپ ئىمزا قويغان. كېيىن ياپونىيىدىن قايتىپ كېلىپ، شاڭخەيدە قولغا ئېلىنغان ۋە غەربىي تۈرمىدە ئۆلگەن، شۇ چاغ دەل 1902 - يىلى ئىدى. دۇرۇس، ئۇنىڭ تەشەببۇس قىلغىنى مىللىي ئىنقىلاب بولۇپ، جۇمھۇرىيەت ئېسىگە كەلمىگەن، سەنمىنجۇيىنى[228] ئەسلا بىلمەيدىغانلىقى تۇرغان گەپ. كوممۇنىزمنى بولسا بىلمەيتتى، ئەلۋەتتە. لېكىن، ئۇ بالدۇر ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى ئەيىپ قىلىش لازىم، ئۇ ئۆلگەن ئىككىنچى يىلى ئىتتىپاق[229] قۇرۇلغان.

ئاڭلىشىمچە، سۇن جۇڭشەن ئەپەندى ئۆزى توغرىسىدىكى بايانىدا ئۇنى تىلغا ئاپتۇمىش[230]. مۇندەرىجە تۈزگۈچى جانابلار ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتا تەكشۈرۈپ باققان بولسا نېمە بولاتتى؟

كېيىنكى قەھرىمانلار ھەقىقەتەن تېز ئالغا بېسىپتۇ، 25 يىلدىن بۇرۇنقى ئىشلار ئېسىدە قالماپتۇ. بۇ ئەھۋالنى گۈزەل تارىخ دەپلا قويساق كۇپايە قىلار.

2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى

# «يېقىنقى زامان دۇنيا ھېكايىلىرى توپلىمى» غا قىسقىچە كىرىش سۆز[231]

بىرەر زامانغا يادنامە بولارلىق ماقالە ئەدەبىيات ساھەسىدە ھەمىشە چىقىپ تۇرمايدۇ، چىقسىمۇ ئۇنىڭ توققۇزى چوڭ ئەسەر. بىرەر پارچە قىسقا ھېكايىنىڭ زامان روھىنى ئۆز قوينىغا سىڭدۈرىدىغان كاتتا ئوردا بولۇپ قېلىشى ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ.

لېكىن، بۈگۈنكى كۈندە سەلتەنەتلىك نۇر چاقناپ تۇرغان كاتتا يادنامە بولارلىق ئەدەبىياتنىڭ يېنىدا ھېكايىنىڭمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشقا تولۇق ھەققى بار. ئۇلۇغ - ئۇششاق، يۇقىرى - تۆۋەن بىر - بىرىگە تايىنىپ ياشايدۇ، بۇنىڭ بىلەنمۇ قالمايدۇ، مەسىلەن، كاتتا سامگراھاما[232] غا كىرىپ ئۇنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئىنتايىن ھەشەمەتلىكى، كۆركەملىكىنى كۆرگەندە، كۆزلەر ئالاق - جالاق بولۇپ، كۆرگۈچىلەر ئۇنىڭغا ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالىدۇ. لېكىن، نەقىشلەنگەن سالاسۇنلارنىڭ بىرەر شادىسىغا ۋە بىرەر تۈۋرۈك تېشىغا سىنچىلاپ نەزەر سالغاندا، نەقىشلەر ناھايىتى كىچىك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ناھايىتى ئېنىق، روشەن كۆرۈنىدۇ - دە، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ پۈتۈن قۇرۇلۇشى كۆڭلىدە ئايان بولىدۇ ۋە كىشىنى مەھلىيا قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىر كىشىلەرنىڭ ئېتىبارىغا سازاۋەر بولۇپ قالىدۇ.

ھازىرقى شارائىتتا كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ، رومان كۆرۈشكە چولىسى تەگمىگەنلىكىمۇ، تەبىئىيكى،





ھېكايىلەرنىڭ كۆپلەپ بارلىققا كېلىشىدىكى ناھايىتى زور بىر سەۋەب بولۇپ قالدى. بۇنداق ھېكايىلەرنى پەقەت بىر دەمدىلا ئازغىنە سەھىپىدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى، تۈرلۈك ئىستىلنى، تۈرلۈك ئاپتورنى ۋە يېزىلغان تۈرلۈك شەخسلەرنى، شەيئىلەرنى، ۋەقەلەرنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ - دە، ھاسىلات ئاز بولمايدۇ، بۇنداق ھېكايىلەرنىڭ ئەپچىل بولىدىغانلىقى، تېز پۈتىدىغانلىقى... تېخى كۆپلەپ بارلىققا كېلىشى سەۋەبلىرىنىڭ سىرتىدا.

دۇنيادىكى چوڭ، مەشھۇر ئەسەرلەر جۇڭگودا ناھايىتى ئاز تەرجىمە قىلىندى، ھېكايىلەرنىڭ كۆپ تەرجىمە قىلىنغانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ بولسا كېرەك. بىزنىڭ تەرجىمە قىلغۇچىلىرىمىزنىڭ بۇ كىتابنى باستۇرۇشنىڭ سەۋەبىمۇ مانا شۇ. كۈچنى ئاز سەرپ قىلىپ كۆپ تونۇشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، كۈچنى تولۇق سەرپ قىلىشنى خالىمىغان قۇسۇردىنمۇ خالىي ئەمەس. لېكىن، بىرلا گەپ: چىرىپ كېتىدىغان ئوت - چۆپلەرنىڭ چىرىمايدىغانراقى سۈپىتىدە بىرەر تال گۈل يېتىشىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. يەنە، پارچە - پۇرات فېلىيەتونلار بىر كىتابقا توپلانسا، ئانچە ئاسان يوقىلىپ كەتمەس.

بىز تەرجىمانلار بىر ياقتىن ئۆگىنىپ، بىر ياقتىن ئىشلەپ باقىدىغانلارمىز. گەرچە بۇ كىچىككىنە ئىش بولغان بولسىمۇ، كۈچىمىز يېتەرلىك ئەمەس، ئەسەرنىڭ جايىدا تاللانمىغان ۋە خاتا تەرجىمە قىلىنغان يەرلىرىنى يوق دېگىلى بولمايدۇ. بىز كىتابخانلارنىڭ ۋە تەنقىدچىلەرنىڭ تۈزىتىشىنى ئارزۇ قىلىمىز.

1929 - يىل 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى

«سەھەر غۇنچىسى» تەھرىراتىدىكى خىزمەتچىلەردىن

# ھازىرقى يېڭى ئەدەبىياتقا ئومۇمىي نەزەر[233]

(5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى يەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئىلمىي جەمئىيىتىدە سۆزلەنگەن)

بىر يىلدىن ئاشتى، ياش بۇرادەرلەرگە ئانچە بىرنېمە سۆزلەپ بەرمەيدىغان بولۇپ قالدىم، چۈنكى ئىنقىلابتىن بۇيان پىكىر بايان قىلىش يولى بەك تار بولۇپ كەتتى، بىر بولسا رادىكاللىق قىلدى دېيىشىدۇ، بىر بولسا ئەكسىيەتچى دەيدۇ، بۇ ئەھۋال ھەممىمىزگە پايدىسىز. بۇ قېتىم بېيپىڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كونا ئۇلپەتلەردىن بىرنەچچەيلەن مېنى بۇيەرگە كېلىپ ئازراق سۆزلەپ بېرىشكە دەۋەت قىلدى. ياق دېيەلمەي، بىرئاز سۆزلەپ بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم، لېكىن تۈرلۈك پارچە - پۇرات ئىشلار تۈپەيلىدىن، زادى نېمىنى سۆزلەپ بېرىش توغرىسىدا بىر قارارغا كېلەلمىدىم، ھەتتا ماۋزۇمۇ قويالمىدىم.

بۇ ماۋزۇنى ئەسلىدە ماشىنىدا ئويلاپ قويغانىدىم، يول ئوسال بولغاچقا، ماشىنا ھەر سەكرىسە ئىككى غېرىچتىن ئۆرلىتىپ تاشلىدى، شۇڭا تەپسىلىي ئويلىنالمىدىم، شۇنىڭ بىلەن تۇساتتىن شۇنداق ھېسسىيات پەيدا بولدىكى، چەت ئەلنىڭ نەرسىسىدىن يالغۇز بىرەرىدىنلا قوبۇل قىلغان بىلەن بولمايدىكەن، ماشىنا بولغان يەردە ئوبدان يولمۇ بولۇشى لازىم ئىكەن، دېمەك، ھەممە ئىش شارائىتنىڭ تەسىرىدىن خالىي بولالمايدىكەن. ئەدەبىيات — جۇڭگودىكى يېڭى ئەدەبىيات، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات دېگەن





نەرسە — مۇ شۇنداق.

ھەرقانداق ۋەتەنپەرۋەرمۇ جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ بىر قالاقلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىسا كېرەك. يېڭى شەيئى جۇڭگوغا پۇتۇنلەي سىرتتىن كىرگەن. يېڭى تەسىر يېتىپ كەلگەندە كىشىلەرنىڭ تولىسى چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ. بېيپىڭدا بولسا ئەھۋال تېخى ئۇنداق ئەمەس، شاڭخەيدىكى كونسېسسىيەلەردىكى ئەھۋالنى ئالساق، ئەجنەبىيلەر قاپ ئوتتۇرىدا تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىر توپ تەرجىمان، پايلاقچى، ساقچى، ئەجنەبىيلەرنىڭ غالچىلىرى[234] ··· بار، بۇلار چەت ئەل تىلىنى بىلىدۇ، كونسېسسىيەنىڭ نىزامىنى بىلىدۇ، پۇقرا بولسا بۇ دائىرىنىڭ سىرتىدا تۇرىدۇ.

پۇقرالار ئەجنەبىيلەر تۇرىدىغان يەرگە كىرىپ قالسا، ھەقىقىي ئەھۋالنى زادىلا چۈشەنمەيدۇ. ئەجنەبىيلەر: «Yes»[235] دېسە، تەرجىمان: «كاچىتىغا بىرنى سال دەۋاتىدۇ» دەيدۇ: ئەجنەبىيلەر: «No»[236] دېسە، تەرجىمان: «ئۇ ئېتىۋەت، دەۋاتىدۇ» دەيدۇ. بىكاردىن - بىكار بولىدىغان بۇنداق ناھەقچىلىكتىن خالىي بولۇش ئۈچۈن، ھەممىدىن ئاۋۋال كۆپرەك چۈشىنىش كېرەك، ھېلىقىدەك دائىرىنى بۆسۈپ تاشلاش كېرەك.

ئەدەبىيات ساھەسىدىمۇ ئوخشاش، بىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىز ئانچە كۆپ ئەمەس، بىلىم ئېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدىغان ماتېرىياللارمۇ بەك ئاز. لياڭ شىچيۇنىڭ بابىتى، شۈي جىمۇنىڭ[237] تاگورى، خۇ شىنىڭ دېۋېيى[238] بار. شۇنداق، شۈي جىمۇنىڭ يەنە بىر مانسفىلدىمۇ بار، شۈي جىمۇ ئۇنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ ياش تۆككەن[239]. ئىجادىيەت تەھرىراتىنىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىياتى، دەۋر سۈرۈۋاتقان ئەدەبىياتى بار، بىراق ئۇلارغا قوشۇلىدىغانلار، ئىجاد قىلغۇچىلار دېگۈدەك تېپىلىدۇ، تەتقىق قىلغۇچىلار كۆپ تېپىلمايدۇ، ئۇلارنى تا ھازىرغىچە يەنىلا شۇ ماۋزۇ چىقىرىپ

بەرگۈچىلەردىن بىرنەچچىسى ئورىۋالماقتا.

تۇرلۇك ئەدەبىيات شارائىتقا بېقىپ پەيدا بولىدۇ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئەزىزلەيدىغانلار ئەدەبىيات ـ سەنئەت دولقۇن چىقىرالايدۇ، دېيىشنى ياخشى كۆرىسمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە سىياسەت ئالدىدا ماڭىدۇ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت شۇنىڭ كەينىدىن ئۆزگىرىدۇ؛ ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇھىتنى ئۆزگەرتەلەيدۇ دېيىلسە، ئۇ «ئىدېئالىستىك» پاراڭ بولۇپ قالىدۇ، پاكىت ئەدەبىياتچىلارنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىدەك بولۇپ چىقمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلۇغ ئىنقىلابتا، بۇرۇن ئىنقىلابىي ئەدەبىياتچى دەپ ئاتالغانلار يوقىلىدۇ، ئىنقىلابتىن ئاز ـ پاز نەتىجە هاسىل بولۇپ، دەم ئېلىۋالغۇدەك ئارام بولغاندا، ئاندىن يېڭى ئىنقىلابىي ئەدەبىياتچىلار بارلىققا كېلىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، كونا جەمئىيەتتە گۇم بولۇشقا ئاز قالغان پەيتتە، ئاز ـ پاز ئىنقىلابىي خاراكتېرى بار ئەدەبىيات ئەسەرلىرى پەيدا بولۇپ قالىدۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇلار هەقىقىي ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ئەمەس. مەسىلەن، ئۇنداق ئەدەبىياتچىلار ياكى كونا جەمئىيەتتىن يىرگەنگەن بولىدۇ، لېكىن يىرگىنىش بىلەنلا توختاپ قالىدۇ، كېلەچەك توغرىسىدا غايىسىمۇ بولمايدۇ ياكى جەمئىيەتنى ئۆزگەرتەيلى، دەپ تازا ۋارقىرىغان بولىدۇ؛ سىزگە قانداقراق جەمئىيەت كېرەك دەپ سورىسىڭىز، ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئۇتوپىيە[240] نىڭ گېپىنى قىلىدۇ، يا بولمىسا ئۆز تۇرمۇشىدىن زېرىككەندىن كېيىن، خۇددى غىزاغا تويۇنۇۋالغان ئادەم بىرئاز قىزىلمۇچ يەپ ئىشتىھاسىنى ئاچقۇسى كەلگەندەك، كاتتا بىر بۇرۇلۇشنى قۇرۇق ئۇمىد قىلىپ ئۆزىنى رىغبەتلەندۇرىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك دىشۋارچىلىققا قالغان كوندىچە زاتلار جەمئىيەتتە مەغلۇپ بولغانلىقتىن باشقىدىن يېڭى ۋۇۋىسكا ئېسىپ، يېڭى كۈچلەرنىڭ سايىسىدە تېخىمۇ ياخشى مەرتىۋە تېپىشنىڭ كويىدا بولىدۇ.





ئىنقىلابنى ئارزۇلايدىغان ئەدىبلەرنىڭ ئىنقىلاب يېتىپ كەلگەندە بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالغانلىقىنىڭ مىسالى جۇڭگودا يوق ئەمەس. مەسىلەن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى «جەنۇب تەهرىراتى»[241] ئىنقىلابنى تەرغىب قىلغۇچى ئەدەبىيات تەشكىلاتى بولۇپ، ئۇلار خەنزۇلارنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغانلىقىغا ئاه ئۇرۇپ، مانجۇلارنىڭ ۋەهشىيلىكىگە غەزەپلەنگەن، «كونا شەيئىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» نى ئارزۇ قىلغان، لېكىن مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەكسىچە جىمجىت، ئۈن ـ تىنسىز بولۇپ قالغان. ئويلايمەنكى، بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلار ئىنقىلابتىن كېيىن، «خەن زامانىدىكى ئەمەلدارلىق يوسۇنلىرىنى قايتا كۆرىدۇ»[242] غان بولدۇق، ئېگىز قالپاق، يوغان بەلۋاغلىقلارنى باغلايدىغان بولدۇق، دېگەن ئارزۇلاردا بولغان، لېكىن ئەمەلىيەت ئۇنداق بولمىغانلىقى ئۈچۈن هەپسىلىسى پىر بولۇپ، قەلەم تەۋرەتكۈسى كەلمىگەن. روسىيىنىڭ مىساللىرى تېخىمۇ روشەن تۇرۇپتۇ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى باشلانغاندا، نۇرغۇن ئىنقىلابىي ئەدەبىياتچىلار ئۇنىڭدىن ناهايىتى خۇشال بولغان، بۇ بوراننىڭ يېتىپ كېلىشىنى قارشى ئالغان، شىددەتلىك بوران ـ چاپقۇندا تاۋلىنىشنى ئارزۇ قىلغان. ئەمما، كېيىن شائىر ئېسېنىن، هېكايە يازغۇچى سوبورى ئۆلۈۋالغان. يېقىندا يەنە مەشهۇر رومان يازغۇچى ئېرىنبۇرگنىڭ[243] بىرئاز ئەكسىيەتچىل بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدىم. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ چۈنكى، تۆت تامدىن سۇرۇپ كەلگىنى بوران بولماستىن، تاۋلايدىغىنىمۇ شىددەتلىك بوران ـ چاپقۇن بولماستىن، بەلكى هەقىقىي «ئىنقىلاب» بولغان. دېمەك، قۇرۇق خىياللىرى تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، هايات ياشىغۇسى كەلمىگەن. ئۇلار قەدىمكى زاماندىكى ئۆلگەندىن كېيىن ئەرۋاهىمىز ئەرشكە چىقىپ، خۇدانىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ قەنت ـ گېزەك يەيدۇ، دەپ ئىشىنىدىغان شائىرلارچىلىكمۇ دۆلەت كۆرەلمىگەن[244]. چۈنكى، ئۇلار مەقسىتىگە

يەتكۈچە ئۆلۈپ تۈگەشكەن.
ئاڭلىشىمچە، جۇڭگودا ئىنقىلاب بولۇپ ئۆتۈپتۇ. سىياسىي
جەھەتتە شۇنداق بولسا كېرەك، لېكىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت جە-
ھەتتە ئۆزگىرىش يوق. بەزىلەر «ئۇششاق بۇرژۇئا ئەدەبىياتى باش
كۆتۈردى»[245] دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇششاق بۇرژۇئا ئەدەبىياتى
قېنى؟ «بېشى» بولمىغان تۇرسا، «كۆتۈرۈش»تىن گەپ ئاچقىلى
بولامدۇ؟! يۇقىرىدا سۆزلىگەنلىرىمدىن پەرەز قىلغاندا، ئەدەبىيات
ئۆزگەرمىدى، گۈللەنمىدى، ئەكس ئەتكىنى ئىنقىلاب ۋە تەرەققى-
يات ئەمەس. بەلكىم ئىنقىلابچىلار بۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ ئانچە
ياقتۇرماسلىقى مۇمكىن.
ئىجادىيەت تەھرىراتى تەشەببۇس قىلغان تېخىمۇ ئۇزۇل -
كېسىل ئىنقىلابىي ئەدەبىيات — پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ بىر
تېمىدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكى تۇرغان گەپ. ۋاڭ رۇچېڭنىڭ بۇ
تەرەپتىنمۇ، ئۇ تەرەپتىنمۇ مەنئى قىلىنىۋاتقان، شاڭخەيدىكى كونى-
سېسسىيدىن گۇاڭجۇدىكى قوزغىلاڭغا نەزەر تاشلاپ يازغان داستا-
نى[246]، «pong. pong. pong»لىرى مەتبەئەدە بارا ـ بارا چوڭ
ھەرپلەر بىلەن تىزىلىدىغان بولدى، بۇ ئەھۋال پەقەت ئۇنىڭ كىنو-
دىكى خەتلەردىن ۋە شاڭخەيدىكى مەلھەمخانا ۋىۋىسكىلىرىدىن تە-
سىرلەنگەنلىكىنىلا چۈشەندۈرىدۇ، ئۇنىڭدا بلوكنىڭ «ئون ئىككى»
ناملىق ئەسىرىنى دورايدىغان ئىرادە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنچىلىك
قۇربى ۋە ئىقتىدارى يوق. گو مورونىڭ «بىر قول»[247] ناملىق
ئەسىرىنى خېلى كىشىلەر ئېسىل ئەسەر قاتارىغا چىقاردى، لېكىن
ئۇنىڭدا بىر ئىنقىلابچىنىڭ ئىنقىلاب قىلغاندىن كېيىن بىر قولىنى
يوقاتقانلىقى، قېپقالغان بىر قولى مەھبۇبى بىلەن قول ئېلىشىپ
كۆرۈشۈشكە ئىمكان بېرەلەيدىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. دەل بىر قو-
لىنى «يوقاتقان»لىق بەكمۇ قىزىق ئىش ئىكەن. بەش ئەزا ۋە
پۇت ـ قولىدىن بىرەرى يوقىلىشقا توغرا كەلگەن تەقدىردە، ھەقى-





قەتەن بىر قولىنىڭ يوقالغىنىغا يەتمەيدىكەن؛ بىر پۇت بىلەن قالغان-
دا تەس بولىدۇ، باش يوقالسىغۇ تۈگەشكىنى شۇ، بىرلا قولۇم
يوقالسا مەيلى دېيىلسە، كۆرەش جاسارىتى ئاجىزلىشىپ كېتىشى
مۇمكىن. ئويلايمەنكى، ئىنقىلابچىنىڭ قۇربان بېرىشتىن ئايىماي-
دىغىنى ئاران شۇنچىلىك بولۇشى ناتايىن. «بىر قول» دېگەن
ئەسەردە بىر كەمبەغەل موللا خاراب ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان،
كېيىن كاتتا مەنسەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، توي ـ تاماشىغا دوست
تارتىشقان.
لېكىن، بۇلار جۇڭگونىڭ ھازىرقى ھالىتىنىڭمۇ بىر خىل
ئىنكاسى. يېقىندا شاڭخەيدە نەشر قىلىنغان ئىنقىلابىي ئەدەبىياتقا
دائىر بىر كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا بىر دانە پولات ئارا سىزىلغان.
ئۇ «دەرد ـ ھەسرەتنىڭ سىمۋولى»[248] ناملىق كىتابتىن ئېلىن-
غان؛ ئارىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر تىلغا بىر بولقا ئورنىتىلغان،
بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بايرىقىدىن ئېلىنغان. بۇنداق بىرلەشتۈ-
رۈلگەندە، ئۇ سانجىلغىلىمۇ بولمايدىغان، سوققىلىمۇ بولالمايدىغان
بىرنېمە بولۇپ قالىدۇ ـ دە، بۇ ئەھۋال شۇ ئاپتورنىڭ چاكىنىلىقى-
نىلا بىلدۈرىدۇ، شۇنداق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ نام ـ نىشان
ئىزنىكىمۇ بولۇپ قالىدۇ.
بۇ سىنىپتىن ئۇ سىنىپقا ئۆتۈش، ئەلۋەتتە، مۇمكىن بولىدى-
غان ئىش، لېكىن ئەڭ ياخشىسى، ئېڭىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى
بىر ـ بىرلەپ ئوچۇق ئېيتىش كېرەك، كۆپچىلىككە كۆرسىتىش
كېرەك، قايسىنىڭ دۈشمەن، قايسىنىڭ دوست ئىكەنلىكىنى كۆپ-
چىلىك ئېنىق ئايرىۋالسۇن. مېڭىدە تۇرغۇن كونا قالدۇق داشقاللار
تۇرسىمۇ، قەستەن يوشۇرۇپ كومېدىيە قويغاندەك، ئۆزىنى ئۆزى:
«مەنلا پرولېتارىيات!» دەۋالماسلىق كېرەك. ھازىرقى ئادەملەر
نېرۋىسى جايىدا ئەمەس بولۇپ قالدى، «روسىيە» دېگەن سۆزنى
ئاڭلىسىلا، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدىغان بولدى، كالپۇكىنىڭ

قىزىل تۈرۈشىغىمۇ رۇخسەت قىلمىغىلى تاسلا قېلىۋاتىدۇ؛ مەجمۇئەلەردىن بۇنى كۆرسىمۇ قورقىدۇ، ئۇنى كۆرسىمۇ قورقىدۇ؛ ئىنقىلابىي ئەدەبىياتچىلارنىڭ باشقا ئەللەرنىڭ نەزەرىيىسىنى ۋە ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرغۇسى كەلمەيۋاتىدۇ، ئۆزىنى ئۆزى «مەنلا پرولېتارىيات!» دەپ يۈرىۋەرسە، ئاخىرى چىڭ خانىدانلىقى دەۋرىدىكى «خانىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن تەنبىھ بەردىم» دېگەن گەپكە ئوخشاش كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ھالغا قالىدۇ.

«خانىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن تەنبىھ بەردىم» دېگەن گەپنى ھەرقايسىڭلارغا ئاز - تولا چۈشەندۈرۈش توغرا كەلسە كېرەك. بۇ خانلىق دەۋرىدە بولغان ئىش. بىرەر ئەمەلدار خاتالاشسا، ئۇنى پالانى بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىغا يۈكۈندۈرۈپ قويغان، خان ئۆزى ھەرەمئاغىسىدىن بىرنى چاقىرتتۇرۇپ كېلىپ تەنبىھ بەرگۈزىدىكەن، شۇ چاغدا ئازراق خەج - خىراجەت قىلىشقا توغرا كېلىدىكەن، شۇنداق قىلىنسا بىرنەچچە ئېغىزلا تىللاپ بولدى قىلىدىكەن؛ ئەگەر خەج - خىراجەت قىلىنمايدىكەن، 70 پۇشتىنى قويماي سۆكۈپ - تىللايدىكەن. بۇ خانىنىڭ تىللىغىنىمىش، لېكىن كىممۇ خاندىن شۇنداق تىللىسا بولامدۇ دەپ سورىيالىسۇن؟ بۇلتۇر ياپونىيە ژۇرنىلىدا يېزىلىشىچە، جۇڭگودىكى دېھقان - ئىشچىلار ئاممىسى چىڭ فاڭۋۇنى سايلاپ گېرمانىيىگە دراما تەتقىقاتىغا ئەۋەتىپتۇمىش. بىز ئۇنىڭ زادى راستتىنلا شۇنداق سايلانغان - سايلانمىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرگىنىمىز يوق.

شۇڭا، مەن ئويلايمەنكى، ئوبدانراق چۈشىنىپ كۆرەيلى دېيىلىدىكەن، يەنىلا مېنىڭ كونا سۆزۈمنى قوللانغان تۈزۈك، «چەتئەل كىتابلىرىنى كۆرۈپ ئوقۇپ»، بۇ مۇھاسىرە دائىرىسىنى بۆسۈپ تاشلاش كېرەك. بۇ ئىشقا ھەرقايسىڭلاردىن ھېچقانچە كۈچ كەتمەيدۇ. يېڭى ئەدەبىياتقا دائىر ئىنگلىزچە كىتابلار ياكى ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلىنغان كىتابلار كۆپ بولمىسىمۇ، لې-





كىن ھازىر بارلىرى بىرقەدەر ئىشەنچلىك بولسا كېرەك. باشقا دۆلەتلەرنىڭ نەزەرىيىلىرىنى ۋە ئەسەرلىرىنى كۆپرەك ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن جۇڭگونىڭ يېڭى ئەدەبىيات - سەنئىتىگە باھا بەرسىڭىز تېخىمۇ ئېنىق بولىدۇ. جۇڭگوغا تونۇشتۇرۇلسا تېخىمۇ ياخشى. تەرجىمە قىلماق ئۇدۇل كەلگىنىچە ئىجاد قىلىپ يېزىشتىن ئاسان ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ تەرجىمە يېڭى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ئوبدان تۆھپە قوشالايدۇ، كۆپچىلىككە تېخىمۇ پايدىلىق.

# «ئۇلۇغ چىنچە تېبابەتچىلىك»[249]

ئىنقىلاب ۋۇجۇدقا چىققاندىن[250] كېيىن، «مىللىي سەنئەت»، «مىللىي ماھارەت»، «مىللىي گۈل»، «مىللىي تېبابەتچىلىك» راسا داۋراڭ كۆتۈرۈۋاتقان بىر پەيتتە، ياپونىيىلىك تاگېبىن چۇجىن يازغان «ئۇلۇغ چىنچە تېبابەتچىلىك»[251] نىڭ تەرجىمە نۇسخىسىمۇ نەشردىن چىقتى. بۇ ھەقتىكى ئېلاندا[252] مۇنداق دېيىلگەن:

«ياپونىيىلىك تېۋىپ تاگېبىن چۇجىن جانابلىرى مىڭجىنىڭ 34 - يىلى جىنزې تېبابەتچىلىك تېخنىكومىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن نۇرغۇن يىل ئەمەلىيەت ئۆتكۈزۈپ جۇڭگوچە - ياۋروپاچە تېبابەتچىلىك سەنئىتىدە ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكىنى سەزگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئوخشاش ۋە پەرقلىق جايلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كەمچىلىكىنى چىقىرىۋېتىپ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، چىنچە تېبابەتچىلىك ئىلمىنى زوق بىلەن 18 يىل بېرىلىپ ئۆگىنىپ ئېلىمىزنىڭ ئەزەلدىن بۇيانقى ھەر خىل تېبابەتچىلىك كىتابلىرىنى ۋە باشقا قوشنا دۆلەتلەردىكى ئەربابلارنىڭ چىنچە تېببىي دورىگەرلىكىنى تەتقىق قىلىپ ھاسىل قىلغان تەسىراتلىرىنى يىغىپ توپلاپ ‹ئۇلۇغ چىنچە تېبابەتچىلىك› دېگەن ئەسەرنى يېزىپ چىقتى، بۇ كىتابقا 100 دىن ئارتۇق كىتابتىن نەقىل ئېلىنغان، ئۇنىڭ مەزمۇنغا باي





ئىكەنلىكى مانا مۇشۇنىڭدىن مەلۇم…»

بىز «ئۇلۇغ چىن» خەلقىنىڭ ھەقىقەتەن غەلىتە مىجەزىمىز بار: ئەجنەبىيلەر كەمچىلىكىمىزنى ئېيتسا، ئاڭلىغۇمىز كەلمەيدۇ، ياخشىلىقىمىزنى ئېيتسا، ئىشىنىپ قالىمىز، ئىلىم - پەندىن سۆزلىگۈچىلەرنى ئانچە تىلغا ئالمايمىز، جىن - شەيتاننى تەرىپلىگۈچىلەرنى تىلدىن چۈشۈرمەيمىز. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، جىنزې تېببىي تېخنىكومىنى پۈتتۈرگەنلەر نەچچە مىڭلا كىشى ئەمەس، ئۇلاردىن ياۋروپاچە تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارمۇ 10 نەچچەيلەنگە بېرىپ قالدى، لېكىن بىز يالغۇز «تەڭداشسىزلار دەستۇرى»[253] قاتارىغا كىرگۈزۈلىدىغان تاگېبىن ئەپەندىنىڭ «ئۇلۇغ چىنچە تېبابەتچىلىك» دېگەن ئەسىرىنى ئالاھىدە نەزەر - ئېتىبارىمىزغا ئاپتۇق.

كىچىك بۇرادەر فەنئېر[254] ياپونىيىنىڭ توكيو شەھىرىدە يايمىچىلاردىن تۆت موچەنگە كاڭ چيەنرېننىڭ «ساياھەت خاتىرىسى»[255] ناملىق بىر پارچە ئەسىرىنى سېتىۋالغان، بۇ خاتىرە مىڭجىنىڭ 17 - يىلى (1884) جۇڭگوغا كېلىپ قىلغان ساياھىتىنىڭ خاتىرىسى ئىكەن. ئۇ بۇ خاتىرىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، كىتابنىڭ ئاخىرىغا بىرنەچچە ئېغىز ھەسرەتنى يېزىپ ماڭا ئەۋەتىپتۇ. بۇ كىتاب دەل ۋاقتىدا تەگدى، بۇنىڭدىكى بىر ئابزاس سۆز مۇنداق:

«23 - كۈنى، مىڭشاڭ جۇسۇن يوقلاپ كەلدى… دوجى[256] جانابلىرىنىڭ تېببىي كىتابىنى قالتىس تەرىپلىدى، مەن: ئېلىمىزدە غەربچە تېببىي ئىلىم راسا گۈللەنمەكتە، شۇنىسى دوجى جانابلىرىنىڭ كىتابىنىڭ قولىيازمىسى بۇ يەردە بولمىغاچقا، ئۇنىڭ بۇرۇن نەشر قىلغان كىتابىنى شاڭ-

خەيدىكى كىتابخانىدىن ھايان بېرىپ سېتىۋالغانىدۇق، لېكىن ئۇنىڭ كونىراپ ئىشتىن چىققانلىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوق دېۋىدىم، مىڭشاڭ جۇسۇن: دوجى جانابلىرىنىڭ كىتابى جۇڭجېن[257] ئەپەندىمنىڭ تەلىملىرىنى ئاساس قىلىپ كېڭەيتىلگەندى. ئىشقىلىپ بىر يىلى بولمىسا بىر يىلى ياپونلار ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق قىلىپ قويغانلىقىغا چوقۇم پۇشايمان قىلىدۇ، دېدى: مەن: ئېلىمىزنىڭ تېبابەتچىلىك تېخنىكىسى كېڭەيتىلىۋاتىدۇ، 10 يىللاردىن كېيىن ئېلىمىزدە تەرجىمە قىلىنغان كىتابلارنى تېخى جۇڭگولۇقلارنىڭ قانچىلىك تالىشىپ ئېلىشىنىمۇ بىلىپ بولغىلى بولمايدۇ، دېسەم، مىڭشاڭ جۇسۇن جىم بولۇپ قالدى. مېنىڭچە، خې شىڭ جانابلىرىنىڭ تېبىبىي كىتابى (ئىلاۋە: «بەدەن ھەققىدە يېڭى بايان»[258] نىڭبودا بېسىلغان. نىڭبو بىلەن بۇيەرنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يېقىن، شۇنداق تۇرۇقلۇق، مىڭشاڭ دوجىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىدى. خې شىڭ ئەپەندىنى بولسا، بىر ئېغىزمۇ تىلغا ئالمىدى، بۇنىڭ سەۋەبى نېمىدۇر؟…» (3 ـ جىلد، «سۇجۇ ۋە خاڭجۇدىن خاتىرىلەر»نىڭ تۆۋەنكى 2 ـ بېتىدىن)

گاڭ چيەنرېن ئەپەندى بۇنىڭغا ئوخشاش جايلارنى چۈشەنمىگەن بولسا كېرەك. بۇ «4000 يىلدىن ئاشقان قەدىمىي ئەل»[259] نىڭ خەلقىنىڭ «كونا كېرەكسىز تۆمۈر ـ تەرسەكلەرنى سېتىۋېلىش» مىجەزىدىن ئىبارەت بولغاچقا، قەلەمدارلار «دوجى ئەپەندىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىكەن»، ئەمەلدارلار بولسا، ئەبجەخ كېرەكسىز ملتىق ـ ياراغلارنى سېتىۋېلىپ، ئەجنەبىيلەرنىڭ «كونىراپ ئىشتىن چىققان» نەرسىلىرىگە يول تېپىپ بېرىدىكەن.

گاڭ چيەنرېن ئەپەندى مىڭجى يىللىرىدىكى يېڭىلىقنى





ياقلاش[260] ھەرىكىتىدىن كېيىن خېلى چاغقىچە ئىسلاھاتقا غەيرەت كۆرسىتىپ كەلگەندى، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدە ياخشى نىيەتتىكى ئاچچىق گەپلەر ئۇچرايتتى. ئىنقىلابىي تەنقىدچىلەر بەلكىم ئاخىرىسىدا بىئامالىلىقتىن قىلغان چاكىنا سۆزلەرنى ئوقۇپ ئولتۇرغاندىن كۆرە، ھەرقانداق مىللەتنىڭ دۆلەت قۇرۇش ۋاقتىدىكى ئەسەرلىرىگە ئالاھىدە نەزەر سېلىپ، شۇ يول بىلەن بۇ ئىشنى دەلىللىگەن ياخشى دەر، بۇنداق گەپنىڭمۇ ئاساسى يوق ئەمەس.

7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

# «ئېلىمىزنىڭ روسىيىنى بويسۇندۇرۇش تارىخىدىن بىر سەھىپە»[261]

هازىر ھەممە ئادەم روسىيە بىلەن سوقۇشىمىز[262] دەۋاتىدۇ، بەزىلەر «پىدائىي بولىمىز» دېسە، بەزىلەر «ئارقا تىرەك بولىمىز» دەۋاتىدۇ؛ ھەتتا جۇڭگو ئەدەبىياتىدا تىرەك بولۇپ تۇرغان «يېڭى ئاي» كىتابخانىسى[263]مۇ روسىيە توغرىسىدىكى ئىككى خىل كىتابنى سېتىش توغرۇلۇق ئېلان چىقاردى، بۇلاردىن پۈتۈن ئەلنىڭ قەھر ـ غەزەپكە كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ۋەزىيەت شۇنداق ئىكەن، قەلەم تەۋرەتكۈچىلەرنىڭمۇ قاتاردىن قالماسلىقى ئۈچۈن زامانغا لايىق ئاز ـ تولا بىرنېمە يېزىشى تەبىئىي. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن «ئاخبارات گېزىتى»نىڭ 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈندىكى سانىغا ئېلىنغان «خۇشاللىق گۈلزارى» ئىستونىدا «ئېلىمىزنىڭ روسىيىنى بويسۇندۇرۇش تارىخىدىن بىر سەھىپە» دېگەن ماۋزۇدا تەپسىلىي، ئەمما تولىمۇ ئەخمىقانە يېزىلغان بىر ماقالىنى ئۇچراتتىم، ئەپسۇسكى، سەھىپىمىز چەكلىك بولغاچقا، ئۈزۈپ كۆچۈرۈشكىلا توغرا كەلدى:

«... تارىخنى ئوقۇپ كۆرسىڭىز، يۈەن سۇلالىسىدە ئۆتكەن چىڭگىزخان[264] ھەققىدىكى سۆزلەر ئۇچرايدۇ. چىڭگىزخان موڭغۇلىيىدىن كېلىپ، ئوتتۇرا ئىقلىمنى[265] سورىغان، ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ دۆلەت سورىغاندىن كېيىن، ئاسۇ قەبىلىلىرى سۈبۈتاي[266]نى مېركىتلەرنى بويسۇندۇرۇشقا، ئاندىن لەشكەر تارتىپ گۈن تېڭگىر[267]دىن





ئايلىنىپ ئۆتۈپ، كاۋكازغىچە بېرىشقا بۇيرۇغان. ئوگداي تەختكە چىققان 7 ـ يىلى يەنە سۈبۈتايىنى باشلامچى قوشۇن بولۇپ ئۇلۇغ سەركەردە باتۇ[268]، خانزادە گۈيۈك ۋە خان جىيەنى مۆڭخە قاتارلىقلار بىلەن بىللە غەربىي ئىقلىمغا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇغان. 10 يىل ئۆتكەندە، روسىيىگە كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغاپ ئىلزەن شەھىرىگە[269] قىستاپ بېرىپ، موسكۋانى ئىشغال قىلغان. چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جۇجى[270] ئەنە شۇ يەردە خانلىق تەختكە چىققان. دېمەك، بۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىش. بىر زاماننىڭ دانىشمەن پادىشاھى ھاكىمىيەتنى ئورنىتىپلا، غەلىبىلىك جەڭ قىلىپ، شەھەرلەرنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئەسكىرىي كۈچىنىڭ ھەيۋىسىنى ئىشقا سېلىپ، جاھاننى ئىلكىگە ئالغان. تارىخ يېزىشتا تولىمۇ ئاشۇرۇۋېتىدىغان يەرلىرى بولىدۇ، ئەگەر جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىن بېسىپ ئۆتمىگەن بولسا، غەرب تەرەپتىكى چۆل ـ جەزىرىلەر تۇتاشتۇرۇلمىغان بولاتتى، پۈتكۈل شىمال تەرەپتىكى بىپايان زېمىن بىكار تاشلىنىپ ياتمايتتى. يالغۇز بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، يەنە داۋاملىق ئەسكەرلىرىنىڭ غەيرىتىگە ئىلھام بېرىپ، ياۋروپاغا بېسىپ كىرىپ، ياۋروپا بىلەن ئاسىيانى قوشۇپ بىر قىلىۋېتىدىغان ھالغا كەلتۈرگەن. بۇنى ئېلىمىزنىڭ ئۇرۇش تارىخىدا ئەڭ شانلىق، ئەڭ شەرەپلىك بىر سەھىپە دېمەي بولامدۇ...»

خۇلاسىسى مۇنداق:

«... تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، يۈەن زامانىسىدىكى ھەربىي قۇدرەت ياۋروپا بىلەن ئاسىيانىڭ كېكىردىكىنى بوغۇشقا تولۇق يېتىپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن دۇنيانى بېسىپ چۈشىدىغان ھالغا كەلگەن. دېمەك، بۇ ھال ۋەتىنىمىزنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ جاسارىتىگە ئىلھام بېرىشى تەبىئىي. ۋەزىيەتكە جاۋاب بېرىپ، چېگرا مۇداپىئەمىزنى

مۇستەھكەملەشكە دالالەت قىلىش ئۈچۈن، بۇلارنى تەپسىلىي بايان قىلدىم.»

بۇنىڭ ئاپتورى «چىڭچۇي» ئەپەندى موڭغۇل بولغانلىقى ئۈچۈنلا بۇ گەپلەرنى بوپتۇ دەيدىغان يەرگە كەلسەك بولار. ئەمەلىيەتتە چىڭگىزخان موڭغۇلىيىدىن كېلىپ «ئوتتۇرا ئىقلىمنى سورىغان»، جۇجىخان موسكۋادا «خانلىق تەختىگە چىققان»لىقى ئۈچۈن، شۇ چاغلاردا بىزنىڭ جۇڭگونىڭمۇ، روسىيىنىڭمۇ كۆرگەن كۆرگۈلۈكلىرىمىز ئوخشاش بولۇپ، ھەممىمىز موڭغۇللار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغانىدۇق. شۇنداق تۇرسىمۇ، نېمە ئۈچۈن جۇڭگولۇقلار ھازىر «موڭغۇل»لارنى زورمۇزور ئۆزىگە ئاتا - بوۋا قىلىۋېلىپ، خۇددى بۇنىڭ بىلەن ئابرۇيى قازىنىدىغاندەك، زۇلۇمغا ئوخشاش ئۇچرىغان سىلاۋيانلارغا ھاكاۋۇرلۇق قىلىدۇ؟

شۇ گەپچە بولىدىغان بولسا، رۇسلارمۇ «ئېلىمىزنىڭ جۇڭگونى بويسۇندۇرۇش تارىخىدىن بىر سەھىپە» يېزىپ، يۈەن (موڭغۇللار) زامانىسىدا جۇڭگو زېمىنىمۇ بىزگە تەۋە ئىدى، دېيىشسە بولىدىكەن - دە.

شۇ گەپچە بولىدىغان بولسا، رۇسلار ھازىر «بېسىپ كىرىپ ئوتتۇرا ئىقلىمنى سورىغان»دا ياۋروپا بىلەن ئاسىيانى قوشۇپ بىر قىلىۋەتكەن بولىدىكەن - دە، «بۇنىڭ بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى»نىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا «جاسارەت» بېغىشلايدىكەن - دە.

بەللى، قىزىل روسىيە بويسۇندۇرۇشقا كەلمەي تۇرۇپلا تەلۋىلەرنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكى «ئېلىمىزنىڭ ئۇرۇش تارىخىدا ئەڭ شانلىق، ئەڭ شەرەپلىك بىر سەھىپە بولۇپ قالمىغىدى» يەنە!

7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى





# يې يۇڭچىڭ يازغان «قىسقىغىنە 10 يىل»غا قىسقىچە مۇقەددىمە[271]

بۇ بىر ياش يازغۇچىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى بىر ھايات ياشنى باش قەھرىمان قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ 10 يىللىق ھەرىكىتى ۋە ئىدىيىسىنى بايان قىلغان كىتاب.

كونا ئەنئەنە ۋە يېڭى پىكىر ئېقىمى شۇ باش قەھرىماننى دەۋر قىلغان؛ مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنىڭ چىرمىشىشى، ھېسسىيات بىلەن ئەقىلنىڭ توقۇنۇشى، ئۈمىد ئۈزەلمەسلىك بىلەن كەسكىن ۋاز كېچىشنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشى، خۇشاللىق بىلەن ئۈمىدسىزلىكنىڭ ئۆرلەپ - پەسىيىپ تۇرۇشى ئەنە شۇ «قىسقىغىنە 10 يىل» جەريانىدا قانات يايىدۇ. بۇ ئەنە شۇنداق ھەسرەت كىتابى، شەخس كىتابى. لېكىن، زامانى ھازىرقى زامان بولغاچقا، كونىچە ئائىلىدىن ئۆز ئارزۇسىدەك «ئالغا چامداپ» ئىنقىلاب يولىغا ئۆتكەن؛ قاتناش ئانچە راۋان بولمىغان كىچىك ناھىيىدىن «ئىنقىلاب ئوچىقى» بولغان گۇاڭجۇغا بارغان؛ ئۆزىنىڭ نىكاھ ئەركىنسىزلىكىدىن ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىسلاھاتقا ئۆتكەن. لېكىن، مەن بۇلارنىڭ ئارىلىقىدىكى كۆۋرۈكنى تاپالمىدىم.

بىر ئىنقىلابچى ئاممىنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلماقچى، بەلكى ئەمەلىيەتتە كۈرەش قىلغان(!) — ئىكەنۇ، ئاۋۋال ئۆزىگە زۇلۇم سالغان قېرىندىشىغا رايى خاتىر قىلىپ، قورالنى ئەتراپتىكى دۈشمەنگە تەڭلەيدىكەن، ئەمما ئەتراپىدا دۈشمەن بولۇپ تۇرغان كونا جەمئىيەت كۆرۈنمەيدۇ؛ بىر ئىنقىلابچى

خەلقىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىكەنۇ، ئۆزىنىڭ مەھبۇبىدىن مەھرۇم قالغىنىدا، جاۋابكارلىقىنى شۇ مەھبۇبىغا ئارتىپ قويغان ھەمدە ئىنقىلاب تۈپەيلىدىن كۈندەشلىك بولۇپ قېلىشىنى خالىمىغان — ئىرادىسى زور، ئۈمىدى يۇقىرى بولغانسېرى تىرىشىدىغان تەرەپلىرى ئاز، ئۆزىنى تەڭلىكتىن چىقىرىدىغان تەرەپلىرى كۆپ بولغان — ئاخىر، ھەتتا پەقەت ئۆزىنىڭلا نۆۋەتتىكى بىردەملىكى بىردىنبىر رېئاللىق سۈپىتىدە ئۆتۈپ كېتىدىغان خىرە كۆلەڭگە غىل - پال ئايان بولۇپ قالغان. بۇ يەردە چوڭ تۇغقا يىراقتىن نەزەر تاشلاپ تۇرغان بىر شەخسىيەتچى تىك تۇرىدۇ، لېكىن «سەپەرگە قايتا ئاتلىنىش»(272) ئالدىدىكى ئارىلىقتا ئۇ كۆۋرۈك بارلىقىنى كۆرمىدىم.

ساكيامۇنى(273) دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ئۆز گۆشىنى شىلىپ بۈركۈتكە يەم قىلىپ؛ ئۆزىنى بولسا يولۋاسقا يەم قىلىپ بەرگەنلەر ھىنايانالار ئىكەن؛ تۈتۈرۇقسىز ۋەز - نەسىھەتلەرنى تەرغىب قىلىپ يۈرگەنلەر بولسا ماھايانالار(274) ئىكەن، بۇلارنىڭ راۋاج تېپىشىنىڭ سىرى، مېنىڭچە ئەنە شۇ يەردە.

لېكىن، بۇ كىتابنىڭ جېنىمۇ دەل شۇ يەردە. ئاپتور ئەنئەنىدىن يۈز ئۆرۈگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇنياۋى پىكىر ئېقىمىدا چايقىلىۋاتقان بىر قىسىم ياشلارنىڭ قەلبىنى بايان قىلغان ۋە يوشۇرماستىن، پەردازلىماستىن يازغان، ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۇنى - بۇنى ئاقلىغان بولسىمۇ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن ئۆزىدىكى نىقابنى سېلىپ تاشلىغان. بۇ ئەسەرنىڭ ھېچبولمىغاندا ھازىر ئۈچۈن ئەينەك بولۇپ بېرىشىدە، كەلگۈسى ئۈچۈن خاتىرە بولۇپ قېلىشىدا شەك يوق. بۇلتۇردىن بۇيان ئەدەبىيات مۇنبىرىدە نى - نى ئۇلۇغ ۋۇۋۇسكىلار ئېسىلدى، لېكىن بىر يىلغا قالماي، ئۆزلىرىنىڭ پۈتكۈل ئالدامچىلىقىنى ئۆزلىرىنىڭ رەڭۋازلىقى ۋە مېلىنىڭ قۇرۇقدىلىپ قېلىشى بىلەن ئاشكارىلىدى. ئەگەر جۇڭگودا





ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ بولۇشىغا مۇمكىنچىلىك بولىدىكەن، ئەلۋەتتە، ھەممىدىن ئاۋۋال ئالدامچىلىقتىن كېيىنكى پۇچەكلىكنى ئۆزىنىڭ ئەسلىي مەزمۇنىنى مۇشۇنداق بىۋاستە بايان قىلىدىغان ئەسەرلەر ئارقىلىق يوقىتىش كېرەك. چۈنكى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەردە ھېچبولمىغاندا ئۆز قارىشىنى بىۋاستە بايان قىلىدىغان سەمىمىيەت ۋە جاسارەت بولۇشى لازىم. مۇبادا ئەسلىي قەلبىنى ئاشكارىلاشنى خالىمايدىكەن، ئۇ ھالدا ئاڭ دېگەن نەرسىدىن ئەسلا سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، بارا - بارا جەڭ مەيدانىغا يۈزلەنگەنلىكى توغرىسىدىكى بايان ھەممىدىن بەك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئېڭىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قىسقىسى، نۇرغۇن ياشلار چاڭجياڭنىڭ شەرقىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، شاڭخەيدە، ۋۇخەندە ۋە جياڭشىدا ئىنقىلاب ئۈچۈن كۈرەش قىلغان. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى تۈرلۈك ئارزۇ بىلەن جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈپ كەتكەن، ئۇلار يۇقىرىدا تىزىلغانلارنىڭ كاتتا دۆلەت ياكى كاتتا مەنسەپ ئىگەنلىكىنى كۆرەلمەيدۇ. ئىنقىلابنىڭ ھەرقاندىقى شۇنداق داۋام قىلىدۇ، شۇڭا ئىنقىلاب قىلغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە قەلەم تۇتقۇچىلار يەنىلا بەربىر بىكار نىيازنىڭ ئىشىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

ئىنقىلاب قىلغانلىقتىن ئۆلمەي قالغان ياشلار مۇشۇ كىتابنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بولىدۇ. مەن ئويلايمەنكى، ھايات قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېكايە ئوقۇۋاتقانلارنىڭ نۇرغۇنلىرىدا ماڭا ئوخشاش ھېسسىيات بولۇشى مۇمكىن.

بەدئىيلىك جەھەتتىن ئالغاندا، بۇ ئەسەردە ئۈستىلىق ئىشلىتىلمىگەن، ۋەقەلىك يىل بويىچە بايان قىلىنغانلىقتىن، سۆزلىرى راۋان چىققان؛ ئاپتور «خاتىمە»دە، بۇنى ھېكايە دەپ ئاتاشنى ياقتۇرمىسىمۇ(275)، لېكىن، ئۇنىڭ ھېكايە ئىكەنلىكى تەبىئىي. مېنىڭچە، گەپ ساتقان يەرلىرى كۆپرەك ئىكەن، تەھرىرلەش داۋا-

مىدا ئاز ـ تولا قىسقارتىۋەتتىم، ئەگەر بۇنداق قىلغانلىقىم ئەسلىي
ئەسەرگە نۇقسان يەتكۈزگەن بولسا، ئۇ هالدا جاۋابكارلىق
مۇھەررىردە، يەنە كەمچىلىك بولغاندەك سېزىلىسىمۇ ھەقىقەتتە ئار-
تۇقچىلىق بولۇپ چىققان يېرى شۇكى، سۆز بايلىقى مول ئەمەس.
يېڭى ئەدەبىيات گۈللەنگەندىن بۇيان، ئۇدۇم بولۇپ كەتكەن ئادەتنى
تاشلىماي، ماڭا ئوخشاش ئىدىيومنى كۆپ قوللىنىش ئاساسىدا
يېزىلغان ئەسەرلەر ۋە ئەتەي قاس چىقىرىپ، ئىجادىيەت تەھرىراتىـ
دىكىلەرگە ئوخشاش ھېچكىم چۈشىنەلمەيدىغان يات سۆزلەرنى
كەلسە ـ كەلمەس قوللىنىش ئارقىلىق يېزىلغان ئەسەرلەر ئەدەبىـ
يات ـ سەنئەتنى ئامىمىدىن ئايرىۋەتكەن. لېكىن، بۇ كىتابتا ئۇنداق
ئەھۋاللار سۈپۈرۈپ تاشلانغان، كىتابخانلار تېخىمۇ ئاسان چۈشىنىـ
دىغان قىلىپ يېزىلغان. شۇنداق بولسىمۇ گالغا تۇرۇپ قالىدىغان
يېڭى ئاتالغۇلارمۇ يوق ئەمەس.

بۇ كىتابنى بىر ئايدىن بۇرۇن باشتىن ـ ئاخىر ئوقۇپ چىققاـ
نىدىم، ئاز ـ تولا بىرنېمە يازماي بولمىغانلىقتىن، ھازىر ئېسىمدە
بارلىرىنى مۇشۇنىڭچىلىك يېزىپ چىقتىم. مەن بىرەر تەھرىراتنىڭ
ئىچكى قىسمىدا بېكىتكەن «كۈرەش» نىڭ «تەنقىدچى» لىرىدىن بىـ
رى ئەمەسمەن، دېگۈم كەلگەننى دەۋېرىمەن. مەن جۇڭگوغا مۇشۇ
ھەقىقىي ئەسەرنى تونۇشتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالىغانلىقىمغا ئىنتاـ
يىن خۇرسەنمەن، شۇنىڭدەك «قايتا سەپەرگە ئاتلىنىش» تىن كېـ
يىن يازغان ئەسىرىنىڭ يېڭىدىن نۇر چېچىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1929 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى
شاڭخەيدە، لۇشۈن





# رۇشى يازغان «2 ـ ئاي» غا قىسقىچە مۇقەددىمە[276]

ھۇجۇمچى جەڭچىلەر، ساددا يېتىملەر، ياش تۇللار، كۆڭۈلـ
چەك چوكانلار، ھەر خىل مەسلەكتە بولغان يېڭىچە بايۋەچچىلەر،
ئۆلۈك، روھسىز، ئەمما قۇلاقنى قۇلاققا يېقىشىپ كۇسۇلدىشىدىـ
غان كونا جەمئىيەت خۇددى پەرۋاز قىلغۇچى سەيياھلارنىڭ كۆتۈپ
تۇرغان ئۆمۈچۈك تورىدەك يېيىلىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن
جىمجىتلىقنى خالايدىغان ياشلارنىڭ نەزىرىدە قاتتىق دەرد ـ ھەسـ
رەت كەلتۈرىدىغان بىئاراملىقتا ئايلانغان. بۇ قاتتىق دەرد ـ ھەسـ
رەتنىڭ ئۆزى جەمئىيەتنىڭ كاۋاۋچىنى، تۈزى بولۇپ، جەڭچى،
يېتىم ۋە تۇل خوتۇن قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە، تېتىقسىز جەمـ
ئىيەتكە بىرئاز تەم كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى تېتىقسىز ھالدا ئۆمۈر
سۈرىدىغان قىلىپ كەلمەكتە.

دۈغ دولقۇنلار قىرغاققا ئۇرۇلسا، دۆڭدە تۇرغانلارنىڭ چاچـ
راپ چىققان بۇژغۇنلار بىلەن نېمە كارى؟! سۇنى دولقۇنلىتىپ
ئوينايدىغان باللار ئۆركەشلەپ كەلگەن سۇغا پىسەنت قىلمايدۇ،
پەقەت ئېگىن ـ ئايىغىنى راۋۇرۇس ياساپ كىيىپ، دېڭىز بويىدا
سەيلە قىلىپ يۈرگەنلەر، سۇ چاچراپ كەتسە ئۇستۇۋېشىم ھۆل
بولۇپ كەتمىگىيدى، دەپ پەرىشان بولىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى خىل
كىشىلەر بۇنداق ئەھۋالغا ئەجەبلىنىدۇ. كىتابىمىزدىكى ياش يىـ
گىت شياۋجۇن مانا شۇنداق ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. ئۇنى نى ـ
نى ئىشلارنى قىلغۇسى كەلگەن، قىزغىنلىقى بار، لېكىن ئۆزىنى

ئاياپ، ئارتۇقچە قورۇنۇپ يۈرۈپ، ئاخىر ئارامخۇدا بىرنەچچە زامان ئولتۇرغۇدەك جايغىمۇ ئېرىشەلمىگەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ چوڭ چىشلىق چاققا ئەگىشىپ ئايلىنىدىغان كىچىك چىشلىق چاقمۇ بولالمىغان، ئۇ پەقەت سىرتتىن كىرىپ قالغان بىر تاش بولغاچقا، چاقنىڭ تېگىدە بىرنەچچە يانچىلىپ، غىرىسلاپ، تۇر تەكلەنگىنىچە بۇۋى تېغىغا(277) — شاڭخەيگە سۈرۈپ چىقىرىۋېتىلگەن.

بەختكە يارىشا، ئۇ چىداملىق بولغانلىقى ئۈچۈن، چاق مايلايدىغان ماسلىغا ئايلىنىپ كەتمىگەن.

لېكىن، ساكيامۇنى يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ كېنىزەكلەرنىڭ بەك سەت ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەسرەت بىلەن ئوردىدىن چىقىپ كېتىپ سوپى بولۇۋالغان. لېكىن، خاۋسېنستېين(278) ئۇنى مەستلىكىدىن قەي قىلغان دەپ قارىغان، ئۇنداق بولسا، شياۋجۈننىڭ قۇيرۇقىنى تىكىۋېتىش نىيىتىگە كەلگەنلىكى ئاشقازىنىنىڭ زەئىپلىشىپ كەتكەنلىكىدىن غىزالىنىشنى مەنئى قىلغانلىقى بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئالدىنقى سەۋەبى ئۇنىڭ تەبىئىتىنىڭ شۇنداقلىقىمۇ ياكى ئۇرۇشتىن كېيىن ۋاقىتلىق ھاردۇقسىراپ قالغانلىقىمۇ، بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ.

ئاپتورنىڭ كارامەت ئۇستىلىق بىلەن يېزىپ چىققان كوپىيىسىدىن يېقىنقى زامان ياشلىرى ئارىسىدىكى مۇشۇنداق بىر تىپنى كۆردۈم. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى پېرسوناژلارمۇ جانلىق تەسۋىرلەنگەن، بۇلارنى كۆرۈپ بەزى تەسىراتىمنى يېزىپ قويدۇم، كىرىش سۆز بولۇپ قالار. زېرەك كىتابخانلارنىڭ ئالىدىغان تەسىراتلىرى مېنىڭكىدىنمۇ كۆپ بولۇشى تۇرغان گەپ، شۇنىڭدەك ئەسەرنى ئوقۇغاندا ھاسىل بولىدىغان تەئەججۈپ ياكى ئوخشاش ھېسسىياتلاردىن ئۆزىنىڭ سىياقىنىمۇ كۆرۈۋالار. شۇنداق بولسا ھەقىقەتەن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولىدۇ.

1929 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى
شاڭخەيدە يېزىلدى، لۇشۈن





# «كىچىك فېئوتېر»نىڭ تەرجىمىسىگە كىرىش سۆز(279)

بىر - بىرىگە باغلىنىپ كەلگەن بۇ ئالتە پارچە چۆچەك ئەسلى ياپونىيىلىك لىنفاڭشۇڭنىڭ(280) تەرجىمىسى (1927 - يىلى توكيو «تاڭ يۈلتۇزى» مەتبەئەسى نەشر قىلغان) بولۇپ، ياپونچە يېزىقنى ئۆگىنىشتە پايدىلانسۇن دەپ تەرجىمانغا تاللاپ بەرگەنىدىم. تەرجىمان بۇنى ئۆگەنگەچ تەرجىمە قىلغانىكەن، نەتىجىدە مۇشۇ بىر پارچە خەنزۇچە كىتاب بولۇپ چىقىپتۇ. چەت ئەل يېزىقىنى ئۆگىنىدىغان ئادەم ئۆگىنىشكە كىرىشىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا چۆچەكنى تاللاپ ئوقۇسا، مېنىڭچە، بۇنى خاتا قىپتۇ دېگىلى بولمايدۇ، ئەمما ھەدېگەندىلا چۆچەكنى تەرجىمە قىلسا، قاملاشمايدىغان يەرلىرى چىقىپ قالىدۇ، چۈنكى مەنەن تەرجىمە قىلىشقا پېتىنالمىغاچقا، ئوڭايلا ئەسلى تېكىست بىلەن چەكلىنىپ قېلىپ، كىتابخانلارنىڭ ئوقۇپ چۈشىنىشىگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ قويىدۇ. بۇ تەرجىمىدە، ئەسلىدە شۇنداق كەمچىلىك بار ئىكەن. شۇڭا، مەن سېلىشتۇرۇپ تەھرىرلەش داۋامىدا خېلى كۆپ ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن بىرقەدەر راۋانلاشتى. دېمەك، ناۋادا مۇشۇنداق قىلغانلىقىمدىن قاملاشمىغان يەرلىرى چىقىپ قالسا، بۇنىڭ جاۋابكارلىقى سېلىشتۇرۇپ تەھرىرلىگۈچىدە.

ئاپتور خېرمىنىيە زۇرمۇئېخلىن خانىم Hermynia Zurmuehien(281) فامىلىسىدىن قارىغاندا گېرمانىيە-

لىك ياكى ئاۋسترىيىلىككە ئوخشايدۇ، لېكىن مەن ئۇنىڭ نامۇئەما-
لىنى بىلمەيدىكەنمەن. يەنە مۇشۇ ئاپتورنىڭ يەنە شۇ ئەسلىي تەر-
جىمە قىلغۇچى تەرجىمە قىلغان باشقا بىر پارچە چۆچىكى «ھەقىقەت
شەھىرى» (1928 - يىلى جەنۇبىي سۇڭ كىتابخانىسى نەشر قىل-
غان) نىڭ كىرىش سۆزىگە قارىغاندا، ئۇ ۋېنگرىيىلىك يازغۇچى
ئىكەن، لېكىن ھازىر گېرمانىيىدە ئىشلەيدىغاندەك قىلىدۇ، بار-
لىق جەڭگىۋار ئىلمىي سوتسىيالىزم مەجمۇئەلىرىدە، بولۇپمۇ ياش-
لار ۋە ئۆسمۈرلەرگە بېغىشلانغان بەتلەردە ئۇنىڭ ئىسمى چىقىپ
قالىدۇ. ئەسەرلىرى ئاز ئەمەس، ئىنچىكىلەپ كۆزىتىشلىرىدىن،
مەزمۇت ماقالىلىرىدىن قارىغاندا، ھەقىقىي سوتسىيالىستىك يازغۇ-
چىلارنىڭ بىرى بولۇشقا مۇناسىپ كېلىدۇ. ئۇنى دۇنيادا شۆھرەت
قازاندۇرغىنى ئۆزىگە خاس ئىجادىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە چۆچەكلى-
رى ئىكەن.

ئاپتورنىڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ بالىلىرى ئوقۇسۇن دېگەن مەق-
سەتتە يازغانلىقىدا گەپ يوق، لېكىن كىتاب جۇڭگوغا ئۆتكەندىن
كېيىن، نەتىجىسى ئۇنداق بولمىدى. ئۇنىڭ ئالدىنقى سەۋەبى شۇ-
كى، ئەمگەكچىلەرنىڭ بالىلىرىغا تەربىيە ئېلىش نېسىپ بولمىغان،
ئۇلار تۆت چاسا خەتنى تونۇمايدۇ ۋە كاتەكچە رەخت شەكلىدىكى
ماقالىلەرنى چۈشىنەلمەيدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇنىڭ بىلەن قىلچە
ئالاقىسى يوق، ئۇلارنىڭ كىتاب ئېلىشقا پۇلى يوقلۇقىدىن ۋە
كىتاب ئوقۇشقا ئارامى بولمىغانلىقىدىن گەپ ئېچىش ھاجەتسىز.
تەربىيە كۆرگەن بالىلارنىڭ نەزىرىدىمۇ نەتىجە بەربىر باشقا ئەللەر-
دىكىدەك ئەمەس. نېمە ئۈچۈن؟ بىرىنچىدىن، گەپ يەنىلا ماقالى-
دە، ھېكايىنىڭ بەشىنچىسىدىكى تەنە گەپلەرنىڭ گرامماتىكا جە-
ھەتتىكى كەمچىلىكى ماقالىلىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك تېپى-
لىدۇ. ئىككىنچىدىن، بۇ ھېكايىنىڭ ئالدىنقى تۆت پارچىسىدا
تەسۋىرلەنگەن ئارقا كۆرۈنۈش: كۆمۈر كان، ئورمان، ئەينەك





زاۋۇتى، بوياقچىلىق زاۋۇتى؛ كىتابخانىلارنىڭ تولىسى ئۇنداق يەر-
لەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرمىگەن، شۇڭا ئالغان تەسىرىنىڭ ئېنىق
بولماسلىقىمۇ تەبىئىي. ئۈچىنچىدىن، ئاپتورنىڭ «ھەقىقىي سوت-
سىيالىستىك يازغۇچى» دەپ قارالغانلىقىنىڭ سەۋەبى، مېنىڭچە،
ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقىنى تەشەببۇس قىلغان (ئىككىن-
چى ھېكايىدە) ھەممىنى كۈرەش بىلەن قولغا كەلتۈرۈش كېرەكلى-
كىنى تەشەببۇس قىلغان (ئالتىنچى ھېكايىنىڭ ئاخىرىسىدا).
دېمەك، قان بىلەن تەرنىڭ داغلىرىنى چۆچەكتىن ئىبارەت گۈللۈك
پەرەنجە بىلەن ياپقان. بولۇپمۇ جۇڭگودا ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان
ئاساسلىق، پۇختا ئەدەبىي كىتابلار بولمىغان چاغلاردا، ھېلىقىدەك
چۆچەكتىن ئاران بىرنەچچىسىلا ئېقىپ يۈرمەكتە. مېنىڭچە، بە-
شىنچى ھېكايىدە كۈمۈش چەينەك توغرىسىدىكى سۆزلەر تولىمۇ
تەپسىلىي، تولىمۇ ئۇششاق - چۈششەك بولۇپ، ئاياللارغا خاس
تۇس ئالغان، ئۇنداق تەسۋىرلەر بەلكىم جۇڭگودا ھازىر تېخىمۇ
ئاسانلا ئورتاق سادا پەيدا قىلار، لېكىن بۇنىڭغا ئانچە ئېتىبار
قىلىنمىسىمۇ بولىدۇ. تۆتىنچى، ھېكايىدە يېزىلغان نەرسە - كې-
رەكلەر ياۋروپا - ئامېرىكىلاردا ناھايىتى ئومۇملاشقان، لېكىن
جۇڭگودا ئوتتۇرا مۇلۇكدارلارنىڭمۇ كۆرگەن بولۇشى ناتايىن. مورا
ئوچاق ئەنە شۇلارنىڭ بىرى. گرافىن — بوينى ئۇزۇن، قورسىقى
يوغان ئەينەك قاچا؛ ئىستاكان بولسا ئۇزۇن، تۆگىدەك ئەينەك
پىيالە. بۇلارنى بۇ يەردە پەقەت ياۋروپاچە رېستورانلاردا، پاراخوت-
لارنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك بۆلمىلىرىدە ئۇچرىتىش مۇمكىن.
قار يارغۇچى ئوتمۇ بىزگە ھەمىشە ئۇچرايدىغان ئۆسۈملۈك ئەمەس،
بارلىقى بار، دورا - دەرمەك كىتابلىرىدا «بۆكە قۇلاق ئاسارۇن»
دەپ ئاتايدۇ (بۇ نېمىدېگەن چۈشىنىكسىز ئىسىم؟!)، ئۇ تۇكلۇك
ئۆسۈملۈك تىپىدىكى بىر خىل ئوت - چۆپ بولۇپ، ياپرىقى
تۇكلۇك، قىش ئاخىرىسىدا ئاق ياكى قىزغۇچ چېچەكلەپ، «قىش

چىقاي دەپ قالدى، دېگەن خۇش خەۋەرنى مەلۇم قىلىدۇ» . ياپون-
لارنىڭ «قار يارغۇچى ئوت» دەپ ئاتىشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ.
ئۇلار بۇ ئىسىمنى مەنەن تەرجىمە قىلىپ قوللانغان، مەن «ھال
رەڭ بۇلۇت»[282] تا قوللانغاندىم. مانا ھازىرمۇ قوللىنىۋاتىمەن،
بۇنداق قوللانغانلىقىم «بۆكە قۇلاق ئاسارۇن» دېگەندەك غەلىتە
سۆزدىن ياخشىراق بولسا كېرەك.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ ئەسەر كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن
ئونومى يازغۇچىنىڭ كۈتكىنىدەك بولۇپ چىقمىدى. ئەگەر زورمۇ-
زور بىرەر ئەھمىيەت قوشۇپ قويۇلىدىكەن، ئۇ ھالدا ئېشىپ
كەتسە، ياشانغانلارنىڭ ئاق كۆڭلىنى يەردە قويمىغان ياكى ئەمگەك
قىلمىسىمۇ ئەمگەكچان ئامىنى ئۇنتۇمىغان ئادەملەرنى ئوقۇش
قورالى بىلەن تەمىنلىگەن ۋە ياكى دۇنيا ئەدەبىياتىغا كۆڭۈل قويغۇ-
چىلارغا ھازىرقى زامان ئەمگەكچىلەر ئەدەبىياتى ساھەسىدە مۇشۇن-
داق بىر يازغۇچىنىڭ ۋە مۇشۇنداق بىر خىل ئەسەرنىڭ بارلىقىدىن
مەلۇمات بېرىدىغان ئاساس قالدۇرغان.

ئەسلىي تەرجىمە نۇسخىسىدا گېئورگى گروز
George Grosz[283] سىزغان ئالتە پارچە قىستۇرما رەسىم بار
ئىدى، ھازىر ئۇمۇ قوشۇپ قويۇلدى، لېكىن بىرنەچچە قېتىم
كۆچۈرۈپ بېسىۋەرگەنلىكتىن، جۇڭگونىڭ مەتبەئە تېخنىكىسى نا-
چار بولغانلىقتىن ۋە بەت ياسىغۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى
تۈپەيلىدىن، ئەسلىي ئەسەرنىڭ ئېسىل يەرلىرى پۈتۈنلەي يوقىلىپ
كەتتى، بولۇپمۇ ئىككىنچى سۈرەت شۇنداق. شۇنىڭ ئۈچۈن قو-
رۇق نام بىلەن تونۇشتۇرۇشتىنلا ئىبارەت بولدى. گروز گېرمان-
يىلىك، ئەسلىي تاق - تاقىزم (Dadaismus) چىلارنىڭ بىرى
بولۇپ، سول قاناتلار تەرىپىگە بۇرالغان. ۋېنگرىيىلىك تەنقىدچى
ماتزا (I. matza)[284] نىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ سەنئەتكە مەزمۇن -
ئىدىيە كىرگۈزۈشنى زۆرۈر تاپقانلىقتىن، تاق - تاقىزم بىلەن





چۈشلىپ قېلىشنى خالىمىغان. ياۋروپا ئۇرۇشىدا زەھەرلىك گاز
ئىشلەتكەن، ئۇ بۇ ھەقتە بىر پارچە ھەجۋىي رەسىم[285] سىزغان،
رەسىمدە كرېستقا مىخلانغان ئەيسانىڭ ئاغزىغىمۇ گازدىن ساقلى-
نىش ماسكىسىنى كىيدۈرۈپ قويغان، شۇنىڭ ئۈچۈن جازاغا تار-
تىلغان. بۇمۇ پۇر كەتكەن مەشھۇر بىر ئىش بولۇپ، ھازىرغىچە
خېلى كىشىلەرنىڭ ئېسىدە بار.

1929 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سېلىشتۇرۇپ
تەھرىرلەپ بولغاندىن كېيىن يازدىم.

# لۈكچەكنىڭ ئۆزگىرىشى[286]

كۈڭزى، مۇزىلار ئۆز زامانىدىكى ھالەتكە نارازى بولۇپ، ئۇنى ئالاھىدە ئىسلاھ قىلماقچى بوپتىكەن، لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى قەدەمدە شاھ - پادىشاھلارنى ئېرىتىش كېرەك، شاھ - پادىشاھلارغا بېسىم ئىشلىتىدىغان نەرسە بولسا «تەقدىر»[287] نىڭ ئۆزى، دەپتىكەن.

كۈڭزىنىڭ مۇرىتلىرى رايىش موللا، مۇزىنىڭ[288] مۇرىتلىرى مەردانە. «رايىش دېمەك، مۆمىن دېمەكتۇر»، مۆمىن ئادەم خەتەرگە ئۇچرىمايدۇ، ئەلۋەتتە. پەقەت مەردانىلەرلا ئەمەلىي ئىش قىلىدىغان بولغاچقا، مۇزىچىلار ئاخىر «ئۆلۈم»[289] نى ئاخىرقى مەقسىتى قىلىشقان، كېيىنچە ھەقىقىي ئەمەلىي ئىش قىلىدىغانلىرى بارا - بارا ئۆلۈپ تۈگەپ، مەككار مەردانىلەرلا قېپقالغان. خەن دەۋرىدىكى مەردانىلار خەتەرلىك كۈنلەردە ئۆزىگە تۇمار قىلىش ئۈچۈن پادىشاھلار، بەگلەر ۋە ھۆكۈمدارلارغا سوۋغات يوللاپ خۇشامەت قىلىشقان.

سىما چيەن: «رايىشلار قانۇننى قەلەم بىلەن بۇزدى، مەردانىلەر بولسا پەرمانغا ئەلەم بىلەن خىلاپلىق قىلدى»[290] دەپتىكەن. «بۇزۇش» بىلەن «خىلاپلىق قىلىش» ھەرگىز «ئاسىيلىق قىلىش» بولماستىن، ئازغىنە چاتاق چىقارغانلىقتىن ئىبارەت، خالاس. ھۆكۈمدارلار خۇددى «بەش بەگ»[291] دەك مەۋجۇت تۇرىۋەردى.

«مەردانە» لار بارا - بارا تۈگەپ، قاراقچىلار باش كۆتۈرۈشكە





باشلىدى، لېكىن مەردان دېگەن بىرنېمىلەرمۇ «تەڭرى يولىنى تۇتۇش» تۇغىنى كۆتۈرۈۋالغان. ئۇلار خانغا ئەمەس، خائىنلارغا قارشى؛ ئۇلار سەركەردە، ۋەزىرلەرنى ئەمەس، ئاددىي پۇقرالارنى بۇلاپ - تالىغان. لى كۈي ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىش مەيدانىدىن ھەمراھىنى ئېلىپ قېچىش[292] ۋاقتىدا ئايپالتا بىلەن قاتاردسىغا چانىغاندا كۆرۈشكە كەلگەن پۇقرالارنى چانىغان. «سۇ بويىدا» دېگەن كىتابتا شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، قوزغىلاڭچىلار خانغا قارشى بولمىغاچقا، خان لەشكەرلىرى يېتىپ كېلىش بىلەنلا ئەل بولۇشقا ماقۇل بولۇپ، دۆلەت ئۈچۈن باشقا قاراقچىلارغا — «تەڭرى يولىنى تۇتۇش»[293] قا ئۇنىمىغان قاراقچىلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغان. دېمەك، غالچىلىق قىلغان.

مانجۇلار ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېسىپ كىرىپ، جۇڭگونى زورلۇق بىلەن ئاستا - ئاستا بويسۇندۇرغاندا، ھەتتا «مەردانىلىك»، جاسارىتى بار ئادەملەرمۇ ئىككىنچىلەپ قاراقچىلىق نىيىتىدە بولۇشقا، خائىنلارنى ئەيىبلەشكە پېتىنالمىدى، خانغا بىۋاسىتە كەتمەن چېپىپ بېرىشكە پېتىنالمىدى - دە، شۇنىڭ بىلەن بىرەر ياخشى ئەمەلدار ياكى ئەلچىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئۇنىڭغا مۇھاپىزەتچى بولۇپ، قاراقچىلارنى تۇتۇشۇپ بەردى؛ بۇنداق ئەھۋاللار «شىگۇڭ ھەزرەتنىڭ دېلولىرى»[294] دىمۇ ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىنغان؛ «پىڭگۇڭ ھەزرەتنىڭ دېلولىرى»[295]، «يەتتە مەردان، بەش پالۋان»[296] دېگەندەك كىتابلارنىڭمۇ تاكى ھازىرغىچە ئايىغى قۇرۇمىدى. شۇ مەردان - پالۋانلار كېلىپ چىقىش جەھەتتىن پاك بولسىمۇ، ھەتتا بۇرۇنمۇ يامانلىق قىلمىغان بولسىمۇ، شاھ ئەلچىلىرىدىن تۆۋەن تۇرغىنى بىلەن ئاددىي پۇقرالاردىن يۇقىرى تۇرىدۇ، بىر تەرەپتىن پەرمانبەردار بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن نوچىلىق قىلىدۇ. دېمەك، ئۇلار خېلى كۆپ دەرىجىدە بەخىرامان بولسىمۇ، قۇللۇق مىجەزى يېتىپ ئاشىدۇ.

لېكىن، قاراقچى بولغانلار خان لەشكىرىدىن پەشۋا يېسە،
قاراقچىلارنى تۇتىدىغان قاراقچىلاردىن پەشۋا يەيدۇ. دېمەك، تولۇق
بەخىرامانلىقنى ئارزۇ قىلىدىغان مەردانىلەرنىڭ كۆڭلى تىنىمغانلى-
قى ئۈچۈن لۈكچەكلەر پەيدا بولغان. راھىبلار هاراق ئىچسە لۈك-
چەكلەر ئۇرۇپ - سوقىدۇ، ئەر - ئايال زىنا قىلسا ئۇلارنى
تۇتۇۋالىدۇ، پاھىشىۋازلارنى، ھايانكەشلەرنى خورلايدۇ، بۇنىڭ بى-
لەن ئىجتىمائىي ئەخلاقنى قوغدايمىز دەيدۇ. سەھرالىقلار كوزى-
سېسسىيە نىزامنامىنى بىلمىگەچكە، ئۇلارنى نادان دەپ كۆزىگە
ئىلماي بوزەك قىلىدۇ؛ تەرتىپ - ئىنتىزامنى ساقلايمىز دەپ،
چېچىنى قىرقىغان ئاياللارنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئىجتىمائىي ئىسلا-
ھاتچىلارنى يامان كۆرىدۇ. لېكىن، كەينىدە ئەنئەنە ھېكايە بولغاچ-
قا، رەقىبلىرى كۈچلۈك دۈشمەن بولمىغاچقا، ئۇ لۈكچەكلەر شۇ
ئوتتۇرىدا زوراۋانلىق قىلىپ يۈرىدۇ. مۇشۇ كەمدىكى رومانلار
ئىچىدە تېخى شۇنداق تىپلارنى تەسۋىرلىگەن ئەسەر يوق، پەقەت
«توققۇز قۇيرۇقلۇق تاشپاقا»[297] دېگەن كىتابتا جاڭ چيۈگۈنىڭ
پاھىشە ئاياللارنىڭ كىشىلەرنى قاقتى - سوقتى قىلماقچى بولغانلى-
قى ئۈچۈن ئۇلارنى دەردكە قالدۇرماقچى بولغانلىقى جازالاش تەرد-
قىسىدە تەسۋىرلەنگەن، بۇ كىتاب ئەنە شۇنداق تىپلارنى تەسۋىرلەي-
دىغان كىتابلارغا بىرئاز ئوخشاپ كېتىدۇ.

شۇنداق ئادەملەر شۇ تەرىقىدە كېتىۋەرسە، ئەدەبىيات - سەن-
ئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسىي قەھرىمانلىرىغا ئايلىنىپ قېلىشى
ئېھتىمال، مەن «ئىنقىلابىي ئەدەبىياتچى جاڭ زىپىڭ[298] ئەپەن-
دى» نىڭ يېقىندا شۇنداق بىرەر ئەسىرى چىقىشىنى كۈتمەكتىمەن.





# «يېڭى ئاي» تەھرىراتىدىكى تەنقىدچىلەرنىڭ ۋەزىپىسى[299]

«يېڭى ئاي» تەھرىراتىدىكى تەنقىدچىلەر[300] مەسخىرە قى-
لىشنى ناھايىتى يامان كۆرىدۇيۇ، لېكىن بىر خىل ئادەملەرنىلا،
يەنى مەسخىرە قىلىدىغان ماقالە يازغۇچىلارنىلا مەسخىرە قىلىدۇ.
«يېڭى ئاي» تەھرىراتىدىكى تەنقىدچىلەر ھازىرقى ھالەتتىن نارازى
ئادەملەردىن تولىمۇ نارازىيۇ، لېكىن مۇنداق بىر خىل ھازىرقى
ھالەتكىلا، يەنى ھازىرقى كۈندىمۇ ھازىرقى ھالەتتىن نارازى ئادەم-
لەرنىڭ بولغانلىقىغىلا نارازى.

بۇ ئېھتىمال «ئۆز يولى بىلەن ئۆزىنى بابلاش»، ئامانلىقنى
كۆز يېشى بىلەن ساقلاش، دېگەن گەپ بولسا كېرەك.

مەسىلەن، ئادەم ئۆلتۈرۈش يارىمايدۇ، لېكىن «قاتىل» نى
ئۆلتۈرگەن ئادەممۇ ئوخشاشلا ئادەم ئۆلتۈرگۈچى بولسىمۇ، كىم
ئۇنى خاتا قىلدى دېيەلىسۇن؟ ئادەم ئۇرۇشمۇ يارىمايدۇ، لېكىن
ئامبال بېگىم سوقۇشۇپ قالغان گۇناھكارنىڭ كاسىسىغا ئۇرۇشنى
تاپشۇرسا، ئامبالنىڭ دورغىسى 10 — 15 كالتەك ئۇرسا، بۇنىمۇ
جىنايەت دېگىلى بولامدۇ؟ «يېڭى ئاي» تەھرىراتىدىكى تەنقىدچى-
لەرنىڭ ئۆزلىرى مەسخىرە قىلىپ، نارازى بولۇپ تۇرۇقلۇق،
مەسخىرە قىلغانلىق، نارازى بولغانلىق جىنايىتىدىن خالىي بولالى-
شىنىڭ سەۋەبى، مېنىڭچە، ئەنە شۇنداق بولسا كېرەك.

لېكىن، كونا ئادەت بويىچە، جاللاتلار ۋە دورغىلار ئەنە شۇن-
داق ئامانلىقنى ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغانلىقى ئۈچۈن، جەم-

ئىيەتتە بىرئاز ھۆرمەتكە ئىگە بولىدۇ، ھەتتا مەيلىچە بىرنەچچە ئېغىز سۆزلەپ، كىچىك پۇقرالار ئالدىدا ھەيۋىسىنى كۆرسەتسە، ئامانلىقنى ساقلاشقا ئانچە چوڭ دەخلىسى يەتمىسىلا، كاتتىۋاشلىرىمۇ بىلمەسكە سېلىپ ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ.

ھازىر «يېڭى ئاي» تەھرىراتىدىكى تەنقىدچىلەر ئامانلىقنى ساقلاش ئۈچۈن شۇنچە كۈچ چىقىرىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارزۇسى «پىكىر ئەركىنلىكى»[301] دىن باشقا نەرسە ئەمەس، يەنى پىكىر قىلىشتىنلا، زادى ئەمەلگە ئاشمايدىغان خىياللارنى قىلىشتىنلا ئىبارەت. ئەپسۇسكى، ئۇلار ھەتتا ئويلاشقىمۇ، خىيال قىلىشقىمۇ رۇخسەت قىلمايدىغان باشقا بىر خىل ئامانلىقنى ساقلاش قانۇنى[302] غا دۇچ كېلىپ قالدى. ئەمدى ئىككى خىل ھازىرقى ھالەتتىن نارازى بولمىغىيدى.





# كىتاب ۋە پۇل خۇمارى[303]

بۇ يىل شاڭخەيدە كىچىك باللارنى نىشانلىغان قەنت - ناۋات تەنزىچىلىرىنىڭ ئوندىن توققۇزى قىمارۋاز خاراكتېرىنى ئاپتۇ. ئۇلار بىرەر ھۈنەر ئىشلىتىپ، بىر تومپۇر خەجلىسەك، بىر تومپۇرلۇقتىن كۆپرەك قەنت ئالىسەن دەپ ئۇمۇندۇرىدىكەن. لېكىن مەخسۇسلا ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىگە نىشان قىلىۋالغان كىتابخانىلار ئوقۇغۇچىلارنى تېخىمۇ زور، تېخىمۇ كۆپ ئۈمۈندۇرماقتا، چۈنكى ئۇلارنىڭ نىشانىسى ئوقۇغۇچىلار.

كىتابقا تەخمىنىي باھا قويۇش ئادىتىنى بىكار قىلىپ، ئەمەلىي باھانى قويۇش ئىشى «يېڭى دولقۇن» تەھرىراتىدىن — «شىمال يېڭىلىقلىرى» كىتابخانىسى»[304] دىن باشلاندى. كېيىن شاڭخەيدىمۇ تەقلىد قىلغۇچىلار كۆپەيدى. چۈنكى شۇ چاغلاردا، ئىسلاھات دولقۇنى ئەۋج ئالغاچقا، كىتاب ئالغۇچىمۇ، ساتقۇچىمۇ ئىسلاھاتقا بەل باغلىغان ئادەملەر (كىتابخانىلار ئۆزلىرىنى ئىلىم - بىلىمنى تونۇشتۇرغۇچى دەپ قارايتتى، بۇنداق قاراش ھازىرمۇ ئېلانلاردا پات - پات ئۇچراپ قالىدۇ)، ئاۋۋال تەخمىنىي باھا قويۇپ، ئاندىن نەرخىنى چۈشۈرۈپ، بىر - بىرىنى ئالدايدىغان نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىشى ھاجەتسىز ئىدى، لېكىن، ماجاڭ ئويۇنىنى دۇنياغا تارقاتقان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىپتىخارلانغان خەلق بۇنداق ئاسان، نەپ يۇقمايدىغان چارىنى داۋاملاشتۇرۇشتىن يالتايدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ كونا كېسىلى قوزغالدى. ئۇلار ئاۋۋال ئازراق ئۇسىتىلىق ئىشلىتىپ، سۈرەت قارتىسى تەقدىم قىلىدىغان بولدى،

كېيىن كىتابنىڭ باھاسىنى كەم سۇندۇرۇپ، نەرخىنى 10 پىرسەنت، ھەتتا 50 پىرسەنت چۈشۈرۈپ ساتىدىغان بولدى، لېكىن بۇنىڭدا كونا ئۇسۇلنى قوللانماي ھامان مەلۇم ۋاقىتتا ياكى مەلۇم سەۋەب بىلەن، يەنى بىر بولسا مەكتەپلەردە ئوقۇش باشلانغاندا، بىر بولسا كىتابخانا ئېچىلغانلىقىنىڭ بىر يېرىم يىللىق خاتىرىسىنى ئۆتكۈزۈش ۋاقتىدا شۇنداق قىلىدىغان بولدى. ھەشەمەتكە بىرئاز بېرىلگەنلىرى يىپەك پايپاق ھەدىيە قىلىدىغان، ماروژنىغا تەكلىپ قىلىدىغان، 10 دانە ئېسىل نەرسە قاچىلانغان بىر دانە تاۋار قاپلىق ساندۇقچىنىمۇ قوشۇپ سوۋغا قىلىدىغان بولدى. تېخىمۇ نەپ بېرىدىغىنى ۋە ھەقىقەتەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، گېزىتكە بىر يىللىق مۇشتەرى بولغان ياكى بىرنەچچە پارچە كىتاب سېتىۋالغانلارنى 100 دوللار «ئىلىم - بىلىمگە ئۈندەش مۇكاپاتى» بىلەن ياكى 2000 دوللار «چەت ئەلگە بېرىپ ئوقۇش خىراجىتى» بىلەن ئۈمۈندۈرىدىغان بولدى. ئەجنەبىيلەر دىيارى[305]دىكى «پىلدىراق قىمارى»[306]دا ئۇتۇۋالغۇچىنىڭ بىر دوللار دەسمايىسىگە تۆلىنىدىغان پۇلمۇ كۆپ بولسا، 36 دوللاردىن ئاشمايدۇ. دېمەك، بۇ قىماردا ئۇتۇۋېلىش «ئۈمىدى» كىتاب سېتىۋېلىشتىن كېلىدىغان نەپكە سەي بولمايدۇ.

قەدىمكىلەرنىڭ: «كىتابتىن تاپارسەن ئالتۇن ھۇجرا»[307] دېگەن سۆزى بار. بۇ سۆز ھازىر قەدەممۇقەدەم ئەمەلگە ئېشىۋاتىدۇ، لېكىن كېيىنكى مىسراسىدىكى «كىتابتىن تاپارسەن دىلبەر - رەنا» دېگەن سۆزچۇ؟

گېزىتخانىدىن قوشۇپ تەقدىم قىلىنغان رەسىملىك ژۇرنالغا نېمە سەۋەبتىندۇر «قىزلار مەكتىپىنىڭ ئەلا ئوقۇغۇچىسى»، «خانىم دەرەخ تۈۋىدە كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ» دېگەنلەرگە ئوخشاش فوتو سۈرەتلەر بېسىلغانلىقى باشقا گەپ بولۇپ تۇرسۇن، بىر دوللارلىق كىتاب سېتىۋالغاندا قىپيالىڭاچ چۈشۈرۈلگەن سۈرەتلەرنى قوشۇپ





تەقدىم قىلىنىدىغان «دىلبەر - رەنا»نىڭ ئالامىتى، دەپ مىسال قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. تېبابەتچىلىكتە «ئاياللار كېسەللىكى بۆلۈمى» دېگەن مەخسۇس بۆلۈم بار، لېكىن ئەدەبىيات - سەنئەتتە «ئايال يازغۇچى»نى بىر نەۋئىگە ئايرىغانلىق[308] جىسمانىي جەھەتتىكى پەرقنى بىھۇدە ئىشلەتكەنلىك بولۇپ كىشىگە بىرئاز غەلىتە تۇيۇلىدۇ. لېكىن، ھەممىدىن بەك يالىڭاچلانغىنى دوكتور جاڭ جىڭشىن[309] ئاچقان «گۈزەللىك كىتابخانىسى» بولۇپ، ئۇ كىتابخانىنىڭ ئالدىغا ئاقپېشماققىنا ئىككى مال ساتقۇچى قىز تۇختىتىپ قويۇلغان، خېرىدارلار ئۇلاردىن «ئۈچىنچى خىل سۇ» نەشرىدىن چىقتىمۇ، دەپ سورايدىكەن. دېمەك، بىر چالما بىلەن ئىككى پاختەك سوقۇلىدىكەن، يەنى دىلبەرلەرمۇ، كىتابمۇ تەييار ئىكەن. ئەپسۇسكى، «گۈزەللىك كىتابخانىسى» مەنئى قىلىندى، دوكتور جاڭ جىڭشىنمۇ پەدىنى باشقا مۇقامغا توغرىلاپ، «رۇسسونىڭ تۆۋبىنامىسى»[310]نى تەرجىمە قىلىشقا ئۆتۈۋالدى، ئۇ بۇ يولدىمۇ ئاقساپ قاپتۇمىش.

كىتابنىڭ بازىرى يەنە كاساتلىشىدىكەن. مېنىڭچە، ئەڭ ياخشىسى، ئايال مال ساتقۇچىلارغا ئايال يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ۋە سۈرەتلىرىنى ساتقۇزسا، بۇ جەھەتتە تەلەي سىنايدىغان چەك تاشلاتقۇزۇپ، خېرىدارلاردا «ئىلىم - بىلىم ئېلىش»، «چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش» خىراجىتى تېپىۋېلىش ئۈمىدى پەيدا قىلسا بولغۇدەك.

# مەن ۋە «تىل رىشتىسى»نىڭ باش - ئاخىرى(311)

مەن بىلەن ئۇزاقراق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگىنى «تىل رىشتىسى» بولدى.

ئېھتىمال بۇمۇ بىر سەۋەب بولغان بولسا كېرەك، «ئالىيجانابلار»نىڭ مەجمۇئەلىرى ماڭا «تىل رىشتىسى تەرەپدارلىرىنىڭ سەركەردىسى» دېگەن نامنى چاپلاپ قويغانىدى، رادىكال ياشلار يازغان ماقالىلىرىدىمۇ مۇشۇ كەمگىچە مېنى «تىل رىشتىسى»نىڭ «يېتەكچىسى» دەۋاتىدۇ. بۇلتۇر لۇشۇنگە تىل - ھاقارەت ياغدۇرمىغۇچە ئۆزلىرىنى زاۋاللىقتىن قۇتقۇزۇۋالالمايدىغان بىر پەيتتە، ئىسمى نامەلۇم بىر كىشى ماڭا «تاغ يامغۇرى» دېگەن ژۇرنالدىن ئىككى نۇسخا ئەۋەتىپتۇ. ئېچىپ قارىۋىدىم، ئۇنىڭدىكى بىر قىسقا ماقالىدە ئومۇمەن مېنى سۈن فۇيۈەن ئەپەندى بىلەن بىپىجىڭدا «تاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ بېسمى تۈپەيلىدىن «تىل رىشتىسى»نى تەسىس قىلغانىدى، ئەمدى ئۆزى مۇھەررىر بولۇۋېلىپلا، كەلگەن ماقالىلەرنىڭ ئاخىرىغا كەلسە - كەلمەس ئىلاۋە يېزىپ، ماقالىنىڭ ئەسلىي مەزمۇننى بۇرمىلاپ، باشقا يازغۇچىلارنى باستى؛ سۈن فۇيۈەن ئەپەندى بۇ ھەقتە قالتىس مۇلاھىزە يۈرگۈزگەنىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن لۇشۈن ئەمدى سۈن فۇيۈەننىڭ ئەمرىگە قۇلاق سېلىشى لازىم(312)، دەپتۇ. ئاڭلىسام بۇ ماقالىنى جاڭ مېڭۋېن(313) ئەپەندى يازغانىكەن، گەرچە ئۇ باشقا بىر ئىمزا قويغان بولسىمۇ، قارىماققا ئۇلار بىر توپ كىشىدەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر -





ئىككى ئادەمدىنلا ئىبارەت. بۇنداق ئىشلار بۈگۈنكى كۈندە ھەمىشە بولۇپ تۇرىدۇ.

ئەلۋەتتە، «سەركەردە»، «يېتەكچى» دېگەن گەپلەر ئەسلىي ئاتاق ئەمەس، «تاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ بېسمىغا ئۇچرىغانلىقمۇ نومۇس ئىش ئەمەس، قېرىلارنىڭ ياشلارنىڭ تەلىم - تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىشى ياخشى ئەھۋال، بۇنىڭغا نېمە دەيتتۇق. لېكىن، «كۆتۈلمىگەن شۆھرەت»مۇ «كۆتۈلمىگەن تۆھمەت»كە ئوخشاشلا بىمەنە نەرسە. ئەگەر ئۆمرىدە بىرەر لەشكەرنى كەينىگە سېلىپ باقمىغان ئادەمنى بىراۋ قول باغلاپ تۇرۇپ: «راستىنلا ناپولېئونغا ئوخشايدىكەنلا!»(314) دەپ ماختىسا، ئۇ ئادەم مىلىتارىست بولۇشقا نىيەت باغلىغان كەلگۈسى قەھرىمان بولسىمۇ، ئانچە خۇرسەن بولۇپ كەتمىسە كېرەك. مەن «سەركەردە» ئەمەسلىكىمنى ئۇزاقى يىلىلا بايان قىلغانىدىم — ئۇنۇمى ناھايىتى ئاز بولغان بولسىمۇ. ئەمدى بىرئاز يازماقچى بولغىنىم شۇكى، «تاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ بېسمىغا ئەزەلدىن ئۇچرىغىنىم يوق، «تىل رىشتىسى»نى سۈن فۇيۈەن ئەپەندى بىلەن ئىككىيلەن تەسىس قىلغانمۇ ئەمەس، ئۇنى پەقەت سۈن فۇيۈەنلا تەسىس قىلغان، بۇ خىزمەت شۇنىڭغا مەنسۇپ.

شۇ چاغلاردا، سۈن فۇيۈەن «تاڭ گېزىتى قوشۇمچىسانى»(315)نىڭ مۇھەررىرى ئىدى، مەن بولسام ئۇنىڭ شەخسەن تەكلىپىگە بىنائەن ئاز - تولا ماقالە يېزىپ بېرىدىغان ئادەم ئىدىم.

لېكىن، مەن ماقالە يازمىدىم، بەزىلەر مېنى ئۇنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان يازغۇچىسى ئىكەن، ماقالىنى مەيلى كۆپ ياكى ئاز يېزىپ بەرسۇن، ھەر ئېيىغا 30 — 40 دوللار ھەق ئېلىپ تۇرىدىكەن، دەپتۇ. مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، «تاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ ھەقىقەتەن شۇنداق خاقان يازغۇچىلىرى بار ئىكەن، لېكىن مەن ئۇلاردىن ئەمەسمەن. بىراق، بۇرۇنقى ئۇستاز -

شاگىرتلىق — بۇ ئىككى سۆزنى ۋاقىتىنچە قوللاندىم، بىھۇدە قوللانغانلىقىمنى كەچۈرۈشۈڭلارنى ئۆتۈنىمەن — مۇناسىۋىتىنىڭ شارائىتىدىن خېلىلا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلسا كېرەك، بىرىنچىدىن، ماقالەم يېتىپ بېرىش بىلەنلا تېز بېسىلدى؛ ئىككىنچىدىن، ھەر 1000 خەتكە ئىككى - ئۈچ دوللار قەلەم ھەققى بېرىپ تۇردى، بۇ ھەقنى ھەر ئاينىڭ ئاخىرىدا ئېلىپ تۇردۇم؛ ئۈچىنچىدىن، قىسقىغىنە مۇلاھىزە ئۈچۈنمۇ بەزىدە قەلەم ھەققى ئەۋەتىپ تۇردى، لېكىن مۇنداق ياخشى ئەھۋال ئۇزاققا داۋام قىلمىدى. سۈن فۇيۈەنىڭمۇ ئورنى ئىسسىيالمايدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇغان بىر ئوقۇغۇچى[316] (ئۇنىڭ ئىسىم فامىلىسىنى ئېسىمدىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن، خەير) يېقىندىن ياۋروپادىن قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ «تاڭ گېزىتى» ئىدارىسى بىلەن چوڭقۇر ئالاقىسى بار ئىكەن، ئۇ قوشۇمچە ساندىن نارازى بولۇپ، ئۇنى قەتئىي ئىسلاھ قىلىش نىيىتىگە كەپتۇ ھەمدە بۇ يولدا كۈرەش قىلىش ئۈچۈن «ئالىم»[317] دىن يولىيورۇق ئېلىپ، Anatole France[318] نىڭ رومانىنى كۆرۈشكە كىرىشىپتۇ.

فرانس، ۋېلىس، بېرنارد شاۋ[319] لار شۇ چاغلاردا جۇڭگودا ناھايىتى نوپۇزلۇق يازغۇچىلار ئىدى. ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ياشلار، خۇددى بۇ يىل سىنكلەيرنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ چۆچۈگەندەك، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسا قورقۇپ كېتەتتى. شۇڭا، شۇ چاغدىكى ئەھۋالنى ئالغاندا، ۋەزىيەت ھەقىقەتەن ئىنتايىن جىددىي ئىدى. لېكىن، مەن چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەن ھېلىقى ئوقۇغۇچىنىڭ فرانسىيىنىڭ رومانىنى ئوقۇشقا كىرىشكەندىن تارتىپ سۈن فۇيۈەن دەرغەزەپ بولۇپ مېنىڭ ئۆيۈمگە كەلگەنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىتنىڭ بىرقانچە ئاي ياكى بىرقانچە كۈن بولغانلىقىنى ھازىر ئېنىق ئېيتالمايمەن.





«ئىستىپا بەردىم. ئۇ يەردىن بىزار بولدۇم!»

بۇ، سۈن فۇيۈەنىڭ مېنى زىيارەت قىلىپ كېلىپ كۆرۈشكەندىن كېيىنكى بىرىنچى ئېغىز سۆزى. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەھۋال ئەمەس، بەلكى كۆڭۈلگە تايىن ئىدى. ئىككىنچى قەدەمدە، ئىستىپا بەرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى سورىشىم تۇرغان گەپ، لېكىن بۇ ئىشنىڭ مەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى خىيالىمدىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەن ھېلىقى ئوقۇغۇچى ئۇنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، نابورخانىغا كىرىپ مېنىڭ ماقالەمنى ئېلىۋاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىپ قېلىپ، ئىستىپا بەرمەي بولمايدىغان يەرگە يېتىپ قاپتۇ. لېكىن، مەن بۇ ئەھۋالدىن رەنجىپ كەتمىدىم، چۈنكى ئۇ ماقالە «مېنىڭ پىراقىم» دېگەن سەرلەۋھىدىكى ئۈچ ئابزاسلىق شېئىر بولۇپ، شۇ كەملەردە «ئاھ يۈرەك، ئۆرۈلدى پەلەك» دېگەندەك پىراق - ھىجران شېئىرلىرىنىڭ ئەۋج ئالغانلىقىنى كۆرۈپ، «مەيلى تاپسۇن باشقىنى» دېگەن خاتىمە بىلەن قەستەن چاقچاق قىلىپ يېزىلغانىدى. بۇ شېئىرغا كېيىن يەنە بىر ئابزاسنى قوشۇپ «تىل رىشتىسى» دا ئېلان قىلغان، كېيىن «ياۋا - گىياھ» غا كىرگۈزگەنىدىم. ئۇنىڭغا يېقىندىن باشقا بىر يالغان ئىسىمنى قوللانغانىدىم. بۇنداق ماقالىنى بىرىنچى قېتىم ئىسمى كۆرۈلگەن يازغۇچىنىڭ ماقالىسىنى ئېلان قىلىشنى خالىمايدىغان ژۇرناللاردىمۇ ھوقۇقدارلار ناھايىتى ئاسانلا ئۆتكۈزۈۋېتەتتى.

لېكىن، سۈن فۇيۈەنىڭ مېنىڭ ماقالەمنى دەپ ئۆز خىزمىتىدىن ئىستىپا بەرگەنلىكىگە ناھايىتى ئۆكۈندۈم. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇ ئۆز ئالدىغا ژۇرنال چىقىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە «چۇقان» كۆتۈرۈشۈپ بېرىدىغان بولدۇم. ماقالە يېزىپ بېرىدىغانلارنى پۈتۈنلەي ئۇ ئۆزى يالغۇز تەكلىپ قىلدى. ئېسىمدە بارى 16 كىشى بولۇپ، كېيىن ماقالە يېزىپ

بەرگەنلەر ئۇ سانغا يەتمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئېلان تەييارلاپ، ھەممە يەرگە چاپلىدى، تارقاتتى، يەنە بىرەر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن كىچىككىنە بىر پارچە ھەپتىلىك ژۇرنال بېيجىڭدا — بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپنىڭ يېنىدا — ۋۇجۇدقا كەلدى. «تىل رىشتىسى» مانا مۇشۇ ئىدى.

بۇ ئىسمىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا كەلسەم، ئاڭلىشىمچە، بىرنەچچەيلەن خالىغىنىچە قولىغا بىر پارچە كىتابنى ئېلىپ، ئۇنى خالىغان يەردىن ئېچىپ، بارمىقى بىلەن بېسىپتۇ، بارمىقى تەگكەن خەتنى ئىسىم قىلىپ قوللىنىپتۇ. ئۇ چاغدا مەن تۆپىدە يوق ئىدىم. قايسى كىتابنى قولىغا ئالغانلىقىنى، «تىل رىشتىسى» دېگەن سۆزنى بىر قېتىمدىلا تاپقانمۇ ياكى بىرقانچە قېتىمدا تاپقانمۇ، ئىسمىغا ئوخشايدىغان خەتلەرنى بىكار قىلىۋەتكەنمۇ، بۇلارنى بىلمىدىم. لېكىن، مانا شۇنىڭدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇكى، بۇ ژۇرنالنىڭ ئەسلىدە مۇئەييەن نىشانىسى، بىرلىككە كەلگەن سېپى بولمىغان، ماقالە يېزىپ بېرىدىغان ھېلىقى 16 كىشىنىڭ پىكرى، پوزىتسىيىسىمۇ بىر - بىرىنىڭكىگە ئوخشاشمىغان. مەسىلەن، پروفېسسور گۇ جيېگاڭ «ئارخېئولوگىيە» گە دائىر ماقالە يېزىپ بەرگەن، ئۇنداق ماقالە «تىل رىشتىسى» نىڭ ھازىرقى جەمئىيەتكە چېتىلدۇرۇش ئارزۇسىغا خىلاپ. بىراق، بەزىلەر دەسلەپتە پەقەت ئۆزىنىڭ سۇن فۇيۈەن بىلەن بولغان ئاغىنىدارچىلىقىنىڭ يۈزىسىدىنلا ھە - ھۇ دېيىشكەن بولسا كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئىككى - ئۈچ قېتىم ماقالە يېزىپ بېرىپلا، «ئەمدى خەير - خوش» دېگەندەك پوزىتسىيىسىنى قوللىنىپ يىراق كېتىپ قالغان. ئېسىمدە قېلىشىچە، سۇن فۇيۈەننىڭ ئۆزىمۇ باشتىن - ئاخىرغىچە ئاران ئۈچ قېتىم قەلەم تەۋرەتكەن، ئاخىرقى بىر قېتىمقىسى ئۇنىڭ خىتابنامىسى بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن «تىل رىشتىسى» ئۈچۈن راسا قەلەم تەۋرىتىمەن، دەپ خىتاب قىلغان،





لېكىن خىتاب قىلغاندىن كېيىن، بىرەر ھەرپمۇ يازمىغان. نەتىجىدە «تىل رىشتىسى» گە مۇقىم ماقالە يېزىپ بەرگۈچىلەردىن كۆپ دېگەندە ئاران بەش - ئالتە كىشىلا قالغان. لېكىن، بۇنىڭ بىلەن تەڭ ئاڭسىز ھالدا بىر خىل ئالاھىدە تۈس پەيدا بولغان: ماقالىلەر ھېچقانداق ئەندىشىسىز، خالىغانچە يېزىلغان، يېڭىلىقنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە ئىلھام بېرىلگەن، يېڭىلىققا زىيان يەتكۈزىدىغان كونا شەيئىلەرگە كۈچىنىڭ بارىچە پەشۋا بېرىلگەن، لېكىن قانداق «يېڭى» نى پەيدا قىلىش كېرەكلىكى ئوچۇق ئېيتىلمىغان؛ بىرئاز خەۋپ يېتىپ قالغۇدەك بولسا، ماقالىلەردىكى پىكىرلەر قەستەن مۇجمەللەشتۈرۈلگەن. پروفېسسور چېن يۈەننىڭ «تىل رىشتىسى تەرەپدارلىرى» نى قاتتىق سۆككىنىدە بىزنى مىلىتارىستلارنى بىۋاستە تىللاشقا جۈرئەت قىلالماستىن، قەلەم تەۋرىتىدىغان مەشھۇر ئادەملەرنى تەگلىكتە قالدۇردى، دېگەن گەپلىرى ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان[320]. لېكىن، پىستەكلەرنى تىللايدىغانلارنىڭ تىلى پىستەك ئىگىلىرىنىڭ تىلىدىن يامان بولىدىغانلىقى ئەمەلىيەتتە بىزگە مەلۇم. شۇڭا، دارىتمىلاپ سۆزلەيدىغانلارنىڭ مەقسىتى: غالچىلار گەپنىڭ ئۇرانىنى بىلىۋالسۇن، خوجايىنىغا يەتكۈزگەندە بىرئاز ئەجىر قىلسۇن، ئاسانلا نەپ ئالمىسۇن، دېگەندىن ئىبارەت.

ئىش يېڭى باشلانغاندا ھەقىقەتەن خېلى كۆپ كۈچ كەتتى، ئۇ چاغدا ئىشقا كىرىشكەنلەر سۇن فۇيۈەندىن باشقا، ئېسىمدە قېلىشىچە، يەنە شاۋفېڭ ۋە چۈەنداۋ[321] لارمۇ بار ئىدى، بۇلار تېخى ئاغزىدىن سۈت يۇقى كەتمىگەن ياشلار بولۇپ، باسمىخانىغا ئۆزلىرى بېرىشاتتى، ئۆزلىرى كوررېكتورلۇق قىلاتتى، ئۆزلىرى قاتلايتتى، ئۆزلىرى خەلق يىغىلىدىغان جايلارغا ئاپىرىپ ساتاتتى. دېمەك، ياشلار قېرىلارغا، ئوقۇغۇچىلار ئۇستازلارغا شۇنداق ساۋاق بېرەتتى، باشقىلار ئازراق پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئاز - پاز ماقالە يېزىپ قويۇپلا، ئۇنىڭ بىلەن راھەتلىنىپ يۈرمەستىن، كۈچىنىڭ

بارچە يەنىمۇ ئوبدانىراق ئۆگىنىشى توغرا كېلىدىكەن، دېگەن ھېسسىيات پەيدا قىلاتتى.

لېكىن، ئاڭلىشىمچە، ژۇرنالنى ئۆزلىرى ساتقاننىڭ نەتىجىسى ئانچە ياخشى بولماپتۇ، بىرقانچە مەكتەپتە، بولۇپمۇ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي پەن بۆلۈمىدە ئوبدان سېتىلىپتۇ، تەبىئىي پەن بۆلۈمىدىمۇ يامان ئەمەس ئىكەن، قانۇن فاكۇلتېتىدا بولسا، خېرىدار چىقماپتۇ. ئەگەر بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن، سىياسەت، ئىقتىساد فاكۇلتېتلىرىدا ئوقۇغان جانابلار ئارىسىدا «تىل رىشتىسى»نىڭ تەسىرى ئىنتايىن ئاز دېيىلسە ئانچە خاتا بولماس. «تاڭ گېزىتى»نىڭ تەسىرىگە كەلسەم، ئۇنى بىلمىدىم، لېكىن خېلى زەربىگە ئۇچرىغاندەكمۇ تۇرىدۇ، سۈن فۇيۈەن مەن بىلەن ياراشقىلى كەلگەنىكەن، ئۇ خۇشاللىقىدىن خۇدىنى يوقىتىپ غالىبلارچە تەبەسسۇم بىلەن ماڭا:

— قالتىس ئىش بولدى، ئۇلار پارتلاش دورىسىغا دەسسەپ سالغانلىقىنى ئۆزلىرىمۇ تۇيماي قالدى! — دېدى.

بۇ گەپ باشقىلارغا ئار كەتمەيتتى، لېكىن ماڭا خۇددى بىر نوگاي سوغۇق سۇنى بېشىمدىن قۇيىۋەتكەندەك تۇيۇلدى. چۈنكى، «پارتلاش دورىسى» دېگىنىدە مېنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى تۇيۇپ قالدىم، پىكىر يۈرگۈزۈپ، ماقالە يېزىپ يۈرۈپ، ئۆزۈمنى باشقىلارنىڭ ئەرزىمەس ماجىرالىرىغا كۆكۈم ـ تالقان قىلىپ بېرىۋاتقان ئوخشايمەن، «يامان بوپتۇ، يەرگە كۆمۈلۈپ كېتىدىغانلىقىم زادىلا خىيالىمغا كەلمەپتىكەن!» دەپ ئويلاپ قالدىم.

شۇنىڭ بىلەن «تېڭىرقاپ» قالدىم.

تەن جېڭبى[322] ئەپەندى مېنىڭ ئەسەرلىرىمنىڭ كۆچۈرمىلىرىنى مېنىڭ ھېكايىلەر توپلىمىمنىڭ ئىسمى بىلەن ناھايىتى ئەپچىل تەنقىدلەپ: «لۇشۈن ئىشنى ‹چۇقان›دىن باشلاپ ‹تېڭىرقاش› بىلەن ئاخىرلاشتۇردى» (ئاساسىي مەنىسى) دېگەنـ





كەن، مېنىڭچە، بۇ سۆزنى مېنىڭ «تىل رىشتىسى» بىلەن ھازىرغىچە بولغان تارىخىمنى بايان قىلىشقا نەقىل قىلسام تازا جايىدا بولغۇدەك.

لېكىن، مېنىڭ «تېڭىرقاش»لىرىم ئانچە ئۇزاققا بارمىدى، چۈنكى شۇ چاغلاردا مېنىڭدە نىتسېنىڭ «زاراتۇستىرا»[323]سىنى ئوقۇغاندىن كېيىن قالغان بەزى تەسىرات بار ئىدى، مەندىن ماقالە ئالغۇسى بولسا ئالىدىغانلىكى بولسا بېرەلەيتتىم، «پارتلاش دورىسى» ئالغۇسى بولسا ئالالايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ماقالىنى يەنە ئاۋۋالقىدەكلا يېزىپ بەرگىلى تۇردۇم، كۈتۈلمىگەن ھالدا پايدىلىنىلىپ كېتىدىغانلىقىمغا بىرقانچە كۈن ئەنسىرىگەن بولساممۇ، لېۋىمنى چىشلىدىم.

«تىل رىشتىسى»نىڭ راسا بازىرى چىققىلى تۇردى، ماقالە يېزىپ بەرگۈچىلەرنىڭمۇ ئەسلىدە بېسىش خىراجىتىنى بىللە ئۈستىگە ئېلىش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى، مەن 10 دوللار تاپشۇرغاندىن كېيىن ئىككىنچىلەپ پۇل سوراپ كەلگەن ئادەم بولمىدى، چۈنكى كىرىم ـ چىقىمى تولۇق بالانىس بولغان، كېيىن ھەتتا كىرىمى ئاشىدىغان بولدى. نەتىجىدە شياۋفېڭ «خوجايىن» دەپ تەرىپلەندى، لېكىن بۇنداق تەرىپ ياخشى نىيەتتىن كېلىپ چىققان ئەمەس، شۇ چاغدا سۈن فۇيۈەن «بېيجىڭ گېزىتىنىڭ قوشۇمچە سەھىپىسى»نىڭ مۇھەررىرى بولۇپ يۆتكىلىپ كەتكەن، چۈەنداۋ بولسا يەنىلا تەنتەك بالا ئىدى، شۇڭا ماقالە يېزىپ بېرىدىغانلاردىن بىرقانچە كىشى تولىراق كۆزىنى قىسىۋېلىپ ئانچە گەپ قىلمايدىغان شياۋفېڭنى قولدىن بەرمەي، ئۇنى پۇۋلەپ، ھايىنىغا قالغان پۇل بىلەن ھەر ئايدا بىر قېتىم مېھمان قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. «ئالىمەن دېسەڭ ئاۋۋال بەر» دېگەندەك، ئۇلارنىڭ بۇ ئۇسۇلى دەرۋەقە ئۈنۈم بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بازاردىكى چايخانا ياكى ئاشخانا ئىشىكلىرىنىڭ ئالدىدا «تىل رىشتىسى» تەھرىراتى

دەيدىغان بىر ياغاچ ۋىۋىسكا كۆزگە چېلىقىدىغانمۇ بولۇپ قالدى.
ئەگەر شۇ يەردە توختاپ قالسىڭىز، قەدىمىي پەرەس چىيەن شۈەن
تۇڭ[324] ئەپەندىنىڭ ھەم تېز، ھەم جاراڭلىق پاراڭلىرىنىمۇ
ئاڭلاپ قالاتتىڭىز. لېكىن، مەن شۇ چاغلاردا زىياپەتتىن قاچىدى-
غان بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، ئىچكى ئەھۋالنى قىلچە بىل-
مەيتتىم.

مېنىڭ «تىل رىشتىسى» بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنىڭ ئۇ-
جۇر - بۇجۇرى — گەرچە ماقالىنى گاھىدا كۆپ، گاھىدا ئاز
يېزىپ بەرگەن بولسامۇ — ئەنە شۇنچىلىك. ئەھۋال تاكى مەن
بېيجىڭدىن چىقىپ كەتكۈچە شۇنداق بولدى، كېيىن كىمنىڭ تەھ-
رىرلىك قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمىدىم.

شيامېنغا بارغاندىن كېيىن يېزىپ بەرگەن ماقالەم ناھايىتى
ئاز بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىرىنچىدىن، ئارىلىق يىراق
بولغاچقا، ھەيدەكچىلىك قىلىنمىغاچقا، مەسئۇلىيىتىم يەڭگىللەپ
قالغاندەك بولدۇم؛ ئىككىنچىدىن، جاي ۋە كىشىلەر بىلەن تونۇ-
شۇپ كەتمىگەچكە، يەنە كېلىپ مەكتەپتە ئۇچرايدىغانلارنىڭ تولى-
سى كەمپىر - بۇۋىلەرچە جېدەل - ماجىراچى بولغاچقا،
قەغەز - قەلەمنى زايە قىلىشقا ئەرزىمىدى. ئەگەر «روبېسۇننىڭ
ئوقۇتۇش خاتىرىسى» ياكى «پاشىنىڭ تاشاقنى چېقىشى توغرىسى-
دا» دېگەندەك بىرنەرسىلەرنى يازسام، بەلكىم ناھايىتى قىزىق
بولاتتى، لېكىن مېنىڭ ئۇنداق «تالانتىم» بولمىغاچقا، پارچە -
پۇرات بىر نەرسىلەرنى يېزىپ ئەۋەتىپ تۇردۇم. شۇ يىلنىڭ ئاخى-
رىدا گۇاڭجۇغا بارغاندىن كېيىنمۇ ئەۋەتكەن ماقالەم ناھايىتى ئاز
بولدى. بىرىنچى سەۋەب شيامېندىكىگە ئوخشايدۇ؛ ئىككىنچىدىن،
ئاۋۋال مەمۇرىي ئىشلار بىلەن ئالدىراپ يۈرگەنمەن، ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالى-
نىمۇ بىلەلمىدىم، كېيىن خېلى كۆپ تەسىرات پەيدا بولغان بولسى-
مۇ ژۇرنالنىڭ دۈشمىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئېلان قىلىش-





نى خالىمىدىم.

ھوقۇقدارلارنىڭ قىلچى ئاستىدا تۇرۇپ شۇ ھوقۇقدارلارنىڭ
شەنىگە مەدھىيە ئوقۇشنى ھەمدە ئۇلارنىڭ دۈشمىنىنى زاڭلىق
قىلىش يولى بىلەن ئۇلارغا خۇشامەت قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى
«تىل رىشتىسى تەرەپدارلىرى» نىڭ ئورتاق پوزىتسىيىسى، دېيىش-
كە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «تىل رىشتىسى» بېيجىڭدا دۈەن
چىرۈي ۋە ئۇنىڭ پىستىلىرىنىڭ تالاپ - يىرتىپ تاشلىۋېتىشىدىن
قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىر «ئۇلۇغ مارشال جاڭ»[325]
تەرىپىدىن مەنئى قىلىندى، ئۇنى نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى شىمال
يېڭىلىقلىرى كىتابخانىسىمۇ پېچەتلەندى، شۇ چاغ 1927 - يىلى
ئىدى.

شۇ يىلى بىر كۈنى شياۋفېڭ شاڭخەيدىكى ئۆيۈمگە كېلىپ،
«تىل رىشتىسى» نى شاڭخەيدە بېسىپ تارقىتىش تەكلىپىنى بەردى
ھەمدە مېنىڭ تەھرىرلىكنى ئۈستۈمگە ئېلىشىمنى ئېيتتى. ئۇلپەت-
چىلىك جەھەتتىن ئېيتقاندا، باش تارتماسلىقىم لازىم ئىدى، شۇ-
نىڭ ئۈچۈن ئۈستۈمگە ئالدىم. شۇ چاغدىن باشلاپ ئەسلىدىكى
تەھرىرلەش ئۇسۇلىنى سورىغان بولدۇم، ئۇنىڭ ئۇسۇلى ناھايىتى
ئاددىي ئىكەن، تەھرىرات ئەزالىرىنىڭ ماقالىلىرىنى مۇھەررىرنىڭ
لازىم قىلىش - قىلماسلىقىقا چېشى پاتمايدىكەن؛ كەلگەننى چوقۇم
ئىشلىتىدىكەن، پەقەت سىرتتىن كەلگەن ماقالىلەرنى مۇھەررىر
بولغان كىشى بىرئاز تاللايدىكەن، زۆرۈر تېپىلغاندا ھەتتا
ئانچە - مۇنچە قىسقارتىدىكەن. شۇڭلاشقا، مېنىڭ قىلىشىمغا تې-
گىشلىك بولغىنى تاللاش ئىكەن. تەھرىرات ئەزالىرى يازغان ماقا-
لىلەرنىڭ ئوندىن توققۇزى ئەمەلىيەتتە شىمال يېڭىلىقلىرى كىتاب-
خانىسىغا بىۋاسىتە ئەۋەتىلىپ، ئۇ يەردىن باسما زاۋۇتىغا يوللىنى-
دىكەن، ئۇلار كىتاب بولۇپ چىققاندىن كېيىن مەن كۆرۈشكە
نېسىپ بولىدىكەن. «تەھرىرات ئەزالىرى» دېگەنلەرنىڭمۇ ئېنىق

چەك - چېگرىسى يوق ئىكەن، دەسلەپكى چاغلاردا ماقالە يېزىپ بەرگەنلەردىن ھېچقانچە ئادەم قالماپتۇ، يېرىم يىلدا پەيدا بولغانلار يېرىم يولدا توساتتىن كېلىپ توساتتىن كېتىپ قالىدىكەن. «تىل رىشتىسى» نىڭ كۆپىنچە پەشۋا يېگەن ئادەملەرنىڭ نالە - زارلىرىنى نەشر قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادىتى بولغاچقا، ئۇنىڭدا دەسلەپ جەڭگە كىرگەنلەر ماھارىتىنى ئىشلەتكىلى زېمىن تاپالمىغانلار ياكى ئەسلىدە باشقا بىر تەشكىلاتتا بولۇپ، غوم پەيدا بولغاندىن كېيىن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتىدىغانلار ئىكەن، ئۇلار «تىل رىشتىسى» بىلەن ۋاقىتلىق مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئىشى ئەرجىم تېپىپ نامى چىقىپ بولغاندا ژۇرنال بىلەن مۇناسىۋىتىنى يىراقلاشتۇرغانىكەن. شارائىت ئۆزگىرىپ، پىكىردىكى ئىختىلاپ تۇپەيلىدىن كېتىپ قالىدىغانلار ئاز ئەمەس ئىكەن. دېمەك، «تەھرىرات ئەزالىرى» نىڭ ئېنىق چەك - چېگرىسى يوق ئىكەن. ئوزاقى يىلى مۇنداق ئۇسۇل قوللانغانىكەن: ئىشقىلىپ بىرقانچە قېتىم ماقالە يېزىپ بەرگەن بولسىلا، كېيىنچە ئۇلارنىڭ ماقالىلىرىنى خاتىرجەم بېسىپ چىقىرىۋېرىپتۇ. ئۇلارغا تەھرىراتنىڭ ئەزالىرى بىلەن ئوخشاش مۇئامىلە قىلىۋېتىپتۇ، لېكىن تەھرىراتنىڭ كونا ئەزالىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن «شىمال يېڭىلىقلىرى» كىتابخانىسىغا بىۋاستە ئەۋەتىلىپ، بېسىلىپ چىقىشتىن ئاۋۋال مۇھەررىرنىڭ نەزىرىدىن ئۆتمەي قالىدىغانلىرىمۇ ئارىلاپ - ئارىلاپ پەيدا بولۇپ قالىدىكەن.

مەن مۇھەررىرلىكنى ئۈستۈمگە ئالغاندىن كېيىن «تىل رىشتىسى» نىڭ ئامىتى كەلمەي قالدى، ھۆكۈمەتنىڭ بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرۇشىغا ئۇچرىدى، جېجياڭ ئۆلكە دائىرىلىرى مەنئى قىلدى، ئىجادىيەت تەھرىراتىچە «ئىنقىلابىي ئەدەبىيات» چىلارمۇ جان - جەھلى بىلەن قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ پەيدا بولغانلىقىغا ھەيرانمەن، بەزىلەر بىر سەھنە ئەسىرى[326]





تۇپەيلىدىن بولدى، دېيىشىدۇ؛ مەنئى قىلىشنىڭ سەۋەبىمۇ كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدۇ، بەزىلەر فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىچكى سىرىنى پاش قىلىدىغان ماقالىنى باسقانلىقتىن بولدى، دېيىشىدۇ. لېكىن جېجياڭنىڭ شۇ چاغدىكى پىرقە ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغۇچى غوجام[327] لارنىڭ ئىچىدىمۇ فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئوقۇپ چىققانلىرى بار ئىدى. ئىجادىيەت تەھرىراتى تەرەپدارلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا كەلسەم، ئۇنىڭ تارىخىي يىلتىزى بار، ئۇلار «سەنئەت سارىيى» غا چىڭ يېپىشىۋالغان، تېخى «ئىنقىلاب» قىلمىغان چېغىدىلا «تىل رىشتىسى تەرەپدارلىرى» دىكى بىرقانچەيلەننى كۆزىگە قادالغان مىخ دەپ قارىغانىدى، ئۇ ۋەقەنى بۇ يەرگە قىستۇرسام گەپ بەك ئۇزاپ كېتەر، كېيىنكى قېتىمدا دېيىشىۋالارمىز.

لېكىن، «تىل رىشتىسى» نىڭ ئۆزىمۇ ھەقىقەتەن شۈك بولۇپ قالدى. بىرىنچىدىن، ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە بولغان تەنقىدى يوق دېگەندەك دەرىجىدە بولدى، ھەتتا بۇ توغرىدا يېزىلغان ماقالىلەرمۇ ئازايدى؛ ئىككىنچىدىن، قېپقالغان ۋە ئۇزۇنراق ۋاقىتتىن بۇيان ماقالە يېزىپ كېلىۋاتقانلاردىن دەل شۇ چاغدا بىرنەچچىسىلا قالغان. ئالدىنقى ئەھۋالنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا، مېنىڭچە، قىلغىلى گەپ قالمىغان ياكى گەپ بولسىمۇ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان، بۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇش ۋە مەنئى قىلىشنىڭ ئۆزى ئەمەلىي ئىسپات بولالايدۇ. كېيىنكىسىدە گۇناھ مەندىن ئۆتۈلگەندۇر، ئازراق مىسال كەلتۈرەي، لىيۇ بەننۇڭ[328] ئەپەندىنىڭ «لىن زېشۈي ئەسىرلىككە چۈشكەن» دېگەن خاتالىقىنى تۈزىتىپ ئىنتايىن سىلىق يېزىلغان بىر پارچە خەتنى ئامالسىزلىقىمدىن تاللاپ باسقاندىن كېيىن، ئۇ بىرنېمىمۇ يازمايدىغان بولۇپ قالدى؛ جياڭ شاۋيۈەن[329] ئەپەندى تۇتاشتۇرغان، شاپىگرافتا بېسىلغان «فېن يۈشياڭ ئەپەندى...» ناملىق بىر پارچە ماقالىنى ژۇرنالغا كىرگۈز-

مىگەندىم، شۇنىڭدىن تارتىپ جىياڭ شاۋيۈەن ئەپەندىمۇ ماقالە يېزىپ بەرمەيدىغان بولدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا، شاپىگرافتا بېسىلغان ھېلىقى ماقالە سۈن فۇيۈەن چىقىرىۋاتقان «تۆھپە» ناملىق ژۇرنالغا بېسىلدى، ئۇنىڭدا مېنى باھانە كۆرسىتىپ باسمىدى دېگەن سەۋەبنى ئىزاھلىغان قىسقا كىرىش سۆز[330] مۇ بار ئىكەن.

يەنە بىر خىل روشەن ئۆزگىرىش ئېلانلارنىڭ مۇرەككەپ ۋە قالايمىقانلىقىدىن ئىبارەت. ئېلانلارنىڭ تۈرىدىن بۇ ژۇرنالنىڭ خاراكتېرىنى ئومۇمەن پەرەز قىلىۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «ئالىيجاناب» لار چىقىرىۋاتقان «ھازىرقى زامان مۇلاھىزىلىرى» دە «جىنچېڭ» بانكىسىنىڭ دائىملىق ئېلانى چىقىپ تۇرىدۇ، جەنۇبىي ئوكيان رايونىدىكى جۇڭگو مۇھاجىر ئوقۇغۇچىلىرى چىقىرىۋاتقان «دالا»[331] ناملىق ژۇرنالدا «يولۋاس ماركىلىق شىپالىق دورا» دەيدىغان ۋۇۋىسكىلار كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. «ئىنقىلابىي ئەدەبىيات» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان ئۇششاق گېزىتلەردىكى ئېلانلارنىڭ كۆپىنچىسى سىفلىس دورىسى توغرىسىدىكى ئېلان ۋە يېمەكلىكلەر دۇكانلىرىنىڭ ئېلانلىرى؛ مانا بۇنىڭدىن شۇ گېزىتلەرنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ ۋە كىتابخانلىرىنىڭ مەخسۇسلا پاھىشە ئارتىسلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان گېزىتچاقلارنىڭ ئىلگىرىكى ئادەملىرى بىلەن ھېلىمۇ بىر ئېقىمدا يۈرىدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، ھازىر بولسا ئارتىسلار ئورنىغا ئەر ۋە ئايال يازغۇچىلارنى دەسسىتىپ، ئۇلارنى ماختاپ، ياكى تىللاپ، شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات ساھەسىدە ئەجىر قىلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ يۈرگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. «تىل رىشتىسى» دەسلەپ نەشر قىلىنىۋاتقاندا، بېسىلغان ئېلانلار ناھايىتى قاتتىق تاللىناتتى، يېڭى كىتاب بولسىمۇ، تەھرىرات ئەزالىرى ياخشى كىتاب ئەمەس دەپ قارىسا، ئېلان بېسىپ بېرىلمەيتتى. بۇ ژۇرنال كەسىپداشلارنىڭ ژۇرنىلى بولغاچقا، ماقالە يېزىپ بەرگۈچىلەرمۇ شۇنداق ھوقۇقنى يۈرگۈزەلەيتتى. «تىل





رىشتىسى» دا ئېلاننى ئىختىيارىي چىقارغىلى بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، «شىمال يېڭىلىقلىرى» كىتابخانىسى «شىمال يېڭىلىقلىرى يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى» نى نەشر قىلغانمىش. لېكىن، شاڭخەيگە كۆچۈپ بېرىپ نەشر قىلغاندىن بۇيان، ھېلىقى كىتاب توغرىسىدىكى ئېلان ئىكەن، دوختۇرلارنىڭ دىئاگنوزلىرىمۇ، پايپاق زاۋۇتىنىڭ ئېلانلىرىمۇ، ھەتتا ئىھتىلام دورىلىرىنىڭ ئېلانلىرىمۇ بېسىلىپ تۇرىدىغان بولدى. ئەلۋەتتە، «تىل رىشتىسى» نىڭ مۇشتەرىلىرىنىڭ ئىھتىلام بولمايدىغانلىقىغا ھېچكىم كاپالەتلىك قىلالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىھتىلام بولۇش يامان قىلىقمۇ ئەمەس، لېكىن بۇنىڭ دورىسى ئۈچۈن «شېنباۋ» گېزىتىگە، ئىشەنچلىك بولسۇن ئۈچۈن، «تېببىي دورىگەرلىك گېزىتى» نىڭ ئېلانىغا كۆڭۈل قويۇش كېرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا بىرنەچچە پارچە تەنە خەت كەلدى، شۇنداق ئەھۋاللارغا قارشى يېزىلغان بىر پارچە ماقالىمۇ «تىل رىشتىسى» نىڭ ئۆزىدىلا ئېلان قىلىندى[332].

لېكىن، بۇرۇن مەنمۇ ئۆز ۋەزىپەمنى ئادا قىلغانىدىم، پايپاق زاۋۇتىنىڭ ئېلانىنى باسقاندا، شياۋفېڭدىن سورىسام، ئۇ: «ئېلاننى بېسىشقا بەرگۈچى ئادەم خاتا قىلىپ قويۇپتۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئىھتىلام دورىسىنىڭ ئېلانلىرى چىققاندا بىر پارچە خەت يېزىۋىدىم، جاۋاب بەرمىدى، لېكىن شۇنىڭدىن كېيىن ئېلانمۇ كۆرۈنمەيدىغان بولدى. بەلكىم شياۋفېڭ يول قويغان بولسا كېرەك، چۈنكى شۇ چاغدا بىر قىسىم يازغۇچىلارغا شىمال يېڭىلىقلىرى كىتابخانىسى قەلەم ھەققى بېرەتتى، تارقىتىش ئىشىنى ئۈستىگە ئالمايتتى. «تىل رىشتىسى» مۇ شۇ ۋەجىدىن پۈتۈنلەي كەسىپداشلار ژۇرنىلى بولۇشتىن قالدى.

يېرىم يىل تەجرىبە توپلىغاندىن كېيىن، «تىل رىشتىسى» نى توختىتىش توغرىسىدا قەتئىي نىيەتكە كېلىپ شياۋفېڭغا تەكلىپ بەردىم، ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي، تەھرىرلىك ۋەزىپەمدىن ئىس-

تېپا بەردىم، شاۋفېڭ ئۆزىنىڭ ئورنىنى بېسىشقا بىر ئادەم ئىزدەۋىدى، رۇشىنى تونۇشتۇردۇم.

لېكىن، نېمە ئۈچۈندۇر، رۇشىمۇ ئالتە ئاي تەھرىرلىك قىلىپ، 5 - جىلدىنىڭ ئالدىنقى يېرىمى تۈگەش بىلەنلا ئىستېپا بەردى.

يۇقىرىقىلار بولسا، «تىل رىشتىسى» توغرىسىدا تۆت يىل ئىچىدە ماڭا ئۇچرىغان ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار. بۇرۇنقى بىرقانچە سان ژۇرنالنى يېقىنقى بىرقانچە سان ژۇرنال بىلەن سېلىشتۇرۇپ باققاندا، ئۇلاردىكى ئۆزگىرىشنى ۋە قانداق پەرقنىڭ بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئەڭ روشەن پەرق شۇ يەردىكى، ئېقىم مەسلىلىرىنى تىلغا ئالماستىن، پوۋېستلارنى بېسىشقا چۈشۈپ كەتتى، چۈنكى بۇنىڭ بىلەن ژۇرنالنىڭ بەت سانىنى تولدۇرغىلى بولغانىنىڭ ئۈستىگە بالا - قازادىنمۇ خالىي بولغىلى بولاتتى. بۇنىڭغا كونا شەيئىنى بۇزۇپ تاشلايدىغان ۋە يېڭى نىقابنى تېشىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى كونا شەيئىنى ئاشكارىلايدىغان زەربىدار كۈچ ھازىرغىچە كونىلىق تەرەپدارلىرىنىڭ ۋە ئۆزىنى يېڭىلىق تەرەپدارى دەپ چاغلاۋاتقانلارنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغانلىقىمۇ سەۋەب بولدى، لېكىن بۇ كۈچ ئۆتمۈشكە مەنسۇپ.

12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى





# لۇشۈن تەرجىمە قىلغان ۋە يازغان كىتابلارنىڭ تىزىمى

## 1921 - يىل

«ئىشچى سېۋرىئوف» (روسىيىلىك M. ئارسىباشېۋ يازغان، پوۋېست. تىجارەت باسمىخانىسى نەشر قىلغان «ئەدەبىي تەتقىقات جەمئىيىتى مەجمۇئەلىرى» نىڭ بىرى. كېيىن «شىمال يېڭىلىقلىرى» نەشرىياتىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، «نامسىز مەجمۇئەلەر» نىڭ بىرى سۈپىتىدە نەشر قىلىنغان، ھازىر مەتبەئە نۇسخىسى يوق).

## 1922 - يىل

«بىر ياشنىڭ چۈشى» (ياپونىيىلىك ۋۇجى شياۋلۇشىدۇ يازغان دراما. تىجارەت باسمىخانىسى نەشر قىلغان «ئەدەبىي تەتقىقات جەمئىيىتى مەجمۇئەلىرى» نىڭ بىرى. كېيىن «شىمال يېڭىلىقلىرى» نەشرىياتى «نامسىز مەجمۇئەلەر» نىڭ بىرى سۈپىتىدە نەشر قىلىنغان، ھازىر مەتبەئە نۇسخىسى يوق).

«ئېروشېنكو چۆچەكلىرى» (تىجارەت باسمىخانىسى نەشر قىلغان «ئەدەبىي تەتقىقات جەمئىيىتى مەجمۇئەلىرى» نىڭ بىرى).

## 1928 - يىل

«هال رەڭ بۇلۇت» (روسىيىلىك V . ئېروشىنكو يازغان چۆچەك دراما. «شىمال يېڭىلىقلىرى» نەشرىياتى نەشر قىلغان «نامسىز مەجمۇئەلەر» نىڭ بىرى.)

«چۇقان» (ھېكايىلەر توپلىمى، 1918 — 1922 - يىللىرى يېزىلغان، جەمئىي 14 پارچە ئەسەر، نەشر قىلىنىشى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش.)

«جۇڭگو ھېكايىلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، بىرىنچى قىسمى (بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات بۆلۈمىنىڭ تۈزىتىلگەن كونسپېكى، نەشر قىلىنىشى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش.)

## 1924 - يىل

«دەرد - ھەسرەتنىڭ سىمۋولى» (ياپونىيىلىك چۇچۇەن بەيسۇڭ يازغان ئىلمىي ماقالە، «شىمال يېڭىلىقلىرى» نەشرىياتى نەشر قىلغان «نامسىز مەجمۇئەلەر» نىڭ بىرى).

«جۇڭگو ھېكايىلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئىككىنچى قىسمى (نەشر قىلىنىشى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، كېيىن بىرىنچى قىسمىغا قوشۇپ بىر تومغا ئايلاندۇرۇلغان.)

## 1925 - يىل

«ئىسسىق شامال» (1918 - يىلدىن 1924 - يىلغىچە يېزىلغان قىسقا مۇلاھىزىلەر، نەشر قىلىنىشى يۇقىرىقىغا ئوخشاش.)





## 1926 - يىل

«تېڭىرقاش» (ھېكايىلەر توپلىمىنىڭ ئىككىنچى قىسمى، 1924 — 1925 - يىللىرى يېزىلغان، جەمئىي 11 پارچە ئەسەر، نەشر قىلىنىشى يۇقىرىقىغا ئوخشاش.)

«سايىۋەن» (قىسقا مۇلاھىزىلەر توپلىمىنىڭ ئىككىنچىسى، 1925 - يىلى يېزىلغان. نەشر قىلىنىشى يۇقىرىقىغا ئوخشاش.)

«سايىۋەن — داۋامى» (قىسقا مۇلاھىزىلەر توپلىمىنىڭ ئۈچىنچىسى، 1926 - يىلى يېزىلغان، نەشر قىلىنىشى يۇقىرىقىغا ئوخشاش.)

«ھېكايىلەر توغرىسىدىكى كونا رىۋايەتلەردىن خاتىرىلەر» (كونا ئەسەرلەردىن تەرمە؛ دەلىللەيدىغان ماقالىلەرمۇ بار. نەشر قىلىنىشى يۇقىرىقىغا ئوخشاش.)

«پىل چىشى مۇناردىن چىققان» (ياپونىيىلىك چۇچۇەن بەيسۇڭ يازغان پارچە خاتىرىلەردىن تاللاپ تەرجىمە قىلىنغان، «نامسىز تەسىرات» نەشر قىلغان «نامسىز مەجمۇئەلەر» نىڭ بىرى، ھازىر «شىمال يېڭىلىقلىرى» نەشرىياتىنىڭ ئىختىيارىدا.)

## 1927 - يىل

«قەبرە» (1907 - يىلدىن 1925 - يىلغىچە يېزىلغان ئىلمىي ماقالە ۋە پارچە خاتىرىلەر. «نامسىز تەھرىرات» نەشر قىلغان، ھازىر مەتبەئە نۇسخىسى گۆرۈدە، نەشر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.)

«كەچتە ئۈزۈلگەن سەھەر غۇنچىسى» (10 پارچە ئەسلىمە. «نامسىز تەھرىرات» نەشر قىلغان، «نامسىز يېڭى توپلاملار» نىڭ بىرى، ھازىر مەتبەئە نۇسخىسى گۆرۈدە، «شىمال يېڭىلىقلىرى»

نەشرىياتى باشقىدىن تىزىپ باسماقتا.)
«تاڭ، سۇڭ ئاساتىرلىرى»، 10 جىلد (تەرمە ۋە دەلىللەر، «شىمال يېڭىلىقلىرى» نەشرىياتى نەشر قىلغان.)

## 1928 - يىل

«كىچىك يوھەننا» (گوللاندىيىلىك F. ۋان ئېدىن يازغان چۆچەك، «نامسىز تەھرىرات» نەشر قىلغان «نامسىز مەجمۇئەلەر» نىڭ بىرى، ھازىر مەتبەئە نۇسخىسى گۆرۈدە، نەشر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.)
«ياۋا گىياھ» (نەسرىي نەزمە، «شىمال يېڭىلىقلىرى» نەشرىياتى نەشر قىلغان.)
«خالاس» (قىسقا مۇلاھىزىلەر توپلىمىنىڭ تۆتىنچىسى، 1927 - يىلى يېزىلغان، نەشر قىلىنىشى يۇقىرىقىغا ئوخشاش.)
«تەپەككۇر، تاغۇدەريالار، ئادەملەر» (ياپونىيىلىك خىجىيەن يۈيۈ يازغان پارچە خاتىرىلەردىن تاللاپ تەرجىمە قىلىنغان، نەشر قىلىنىشى يۇقىرىقىغا ئوخشاش. ھازىر مەتبەئە نۇسخىسى يوق.)

## 1929 - يىل

«تام تۈۋىدىكى تەرجىمىلەر» (روسىيە ۋە ياپونىيە يازغۇچىلىرىنىڭ، تەنقىدچىلىرىنىڭ مۇھاكىمىلىرى، نەشر قىلىنىشى يۇقىرىقىغا ئوخشاش.)
«يېقىنقى زامان تەسۋىرىي سەنئەت تارىخى ئېقىمى توغرىسىدا» (ياپونىيىلىك بەنخېڭ يىسۇي يازغان، نەشر قىلىنىشى يۇقىرىقىغا ئوخشاش.)
«لۇگو خوڭئېرنىڭ رەسىملىرىدىن تاللانما» (بېغىشلىما سۆ-





زىمۇ تەرجىمە قىلىنغان، «سەھەر غۇنچىسى» تەھرىراتى نەشر قىلغان «سەنئەت گۈلزارلىقىنىڭ سەھەر غۇنچىسى» نىڭ بىرى، ھازىر مەتبەئە نۇسخىسى يوق.)
«پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى» (ياپونىيىلىك پيەنشاڭشېڭ يازغان، «ئەزىم دەريا» كىتابخانىسى نەشر قىلغان «ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىگە دائىر رىسالىلەر» نىڭ بىرى.)
«سەنئەت توغرىسىدا» (سوۋېت ئىتتىپاقلىق A. لۇناچارسكىي يازغان، نەشر قىلىنىشى يۇقىرىغا ئوخشاش.)

## 1930 - يىل

«سەنئەت توغرىسىدا» (روسىيىلىك G. پلېخانوف يازغان، «نۇرلۇق جۇڭگو» نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئىلمىي سەنئەت نەزەرىيىسىگە دائىر مەجمۇئەلەر» نىڭ بىرى.)
«ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە تەنقىد» (سوۋېت ئىتتىپاقلىق لۇناچارسكىينىڭ مۇھاكىمىلىرى ۋە نۇتۇقلىرى، «كۆپۈك» كىتابخانىسى نەشر قىلغان شۇ نامدىكى مەجمۇئەلەرنىڭ بىرى.)
«ئەدەبىيات - سەنئەت سىياسىتى» (سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدىكى يىغىنلىرىنىڭ خاتىرىلىرى ۋە قارارلىرى، يۇقىرىقىغا ئوخشاش.)
«ئۆكتەبىر» (سوۋېت ئىتتىپاقلىق A. ياكوۋلېۋ يازغان رومان، «مۇقەددەس ئەل نۇرى» تەھرىراتى قوبۇل قىلغان «ھازىرقى زامان ئەدەبىيات - سەنئىتىگە دائىر مەجمۇئەلەر» نىڭ بىرى، ھازىر تېخى بېسىلىپ چىقمىدى.)

## 1931 - يىل

«دورا ئۆسۈملۈكلىرى» (ياپونىيىلىك يىمىدافۇ يازغان، تىجارەت باسمىخانىسى قوبۇل قىلىپ، «تەبىئەت دۇنياسىدا» پارچە-

لاپ چىقىرىلىۋاتىدۇ.)
«تارمار» (سوۋېت ئىتتىپاقىلىق A. فادېيېف يازغان رومان، «ئۈچ بىكار» كىتابخانىسى نەشر قىلغان.)

## تەرجىمە قىلغان ۋە يازغانلىرىدىن باشقا، سېلىشتۇرۇپ توغرىلىغانلىرى

تاڭ دەۋرىدىكى ليۇ شيۈننىڭ «گۇاڭدۇڭ مۆجىزىلىرى»، ئۈچ جىلد (تاڭ، سۇڭ زامانلىرىدىكى كاتالوگلارغا ئاساسەن «يۈڭلېي دىۋانى» سېلىشتۇرۇپ كۆرۈلگەن ھەمدە چالىسى تولدۇرۇلغان، بېسىلمىدى.)
ۋېي دەۋرىدىكى ھۆكۈما جۇڭسەننىڭ «جىكاڭ ئەسەرلىرى»، 10 جىلد (مىڭ دەۋرىدىكى مەجمۇئەخانا كۆچۈرمە نۇسخىسى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈلگەن ھەمدە چالىسى تولدۇرۇلغان، بېسىلمىدى.)

## رەتلىگەنلىرى

«قەدىمكى ھېكايىلەردىن قېزىلمىلار» 36 جىلد (جۇ دەۋرىدىن سۈي دەۋرىگىچە چېچىلىپ يۈرگەن ھېكايىلەرنى رەتلىگەن، بېسىلمىدى.)
شيې چېڭنىڭ «كېيىنكى خەن تارىخى» دىن رەتلەنگەن بەش جىلد (ۋاڭ ۋېنتەي رەتلىگەن نۇسخىدىن كۆپ، بېسىلمىغان.)

## تەھرىرلىگەنلىرى

«دەشت - باياۋان» (ھەپتىلىك ژۇرنال، بېيجىڭدا چىقىدىغان «جىڭباۋ» گېزىتىگە قوشۇپ تارقىتىلغان، كېيىن نەشردىن توختىتىلغان.)





«تىل رىشتىسى» (ھەپتىلىك ژۇرنال، بېيپىڭدا مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن شاڭخەيگە كۆچۈرۈپ بېرىپ 4 - جىلدتىن 5 - جىلدنىڭ يېرىمىغىچە چىقىرىلغان، «شىمال يېڭىلىقلىرى» نەشرىياتى نەشر قىلغان، كېيىن نەشر قىلىنماس بولغان.)
«ئۆركەش» (1 - جىلد 1 - ساندىن 2 - جىلد 5 - سانغىچە چىقىرىلغاندىن كېيىن توختىتىلغان، «شىمال يېڭىلىقلىرى» نەشرىياتى نەشر قىلغان.)
«ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدا تەتقىقات» (پەسىللىك ژۇرنال، پەقەت 1 - سانىلا چىقىرىلغان. «ئەزىم دەريا» كىتابخانىسى نەشر قىلغان.)

## تاللاپ بېكىتكەنلىرى، ئىملاسىنى كۆرۈپ بەرگەنلىرى

«يۇرتۇم» (شۈي چىڭۋېن يازغان ھېكايىلەر توپلىمى، «شىمال يېڭىلىقلىرى» نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئارىلاش مەجمۇئەلەر» نىڭ بىرى).
«دىل قىدىرىش» (چاڭخۇڭ يازغان فېلىيەتونلار توپلىمى، يۇقىرىقىغا ئوخشاش.)
«گىرىمسەن چۈش» شاڭ پېيلياڭ يازغان ھېكايىلەر توپلىمى، يۇقىرىقىغا ئوخشاش.)
«ئۇنتۇلغان دەريا سۈيى» (جېۋۇنىڭ شېئىرلار تاللانمىسى، «شىمال يېڭىلىقلىرى» نەشرىياتى نەشر قىلغان.)

## سېلىشتۇرۇپ كۆرگەنلىرى، ئىملاسىنى كۆرۈپ بەرگەنلىرى

«سوۋېت روسىيىسىدىكى ئەدەبىي مۇنازىرە» (سوۋېت ئىتتىپاقىلىق چۇشاك ۋە باشقىلارنىڭ مۇھاكىمىلىرى، قوشۇمچە «پىلىپ-

خانوف ۋە سەنئەت مەسىلىسى» ؛ رېن گوجېڭ تەرجىمە قىلغان،
«شىمال يېڭىلىقلىرى» نەشرىياتى نەشر قىلغان «نامسىز مەجمۇئە-
لەر» نىڭ بىرى.)

«12» (سوۋېت ئىتتىپاقىلىق A. بلوك يازغان داستان،
خۇشياۋ تەرجىمە قىلغان، يوقىرىقىغا ئوخشاش.)

«ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش دولقۇنى» (روسىيىلىك A.
دانچىنكو ۋە باشقىلار يازغان ھېكايىلەر توپلىمى، دۇڭ چيۇفاڭ
تەرجىمە قىلغان، يوقىرىقىغا ئوخشاش.)

«باتۇر يۇھەننا» (ۋېنگرىيىلىك فىتوفى ساندۇر يازغان خەلق
داستانلىرى، سۈن يۇڭ تەرجىمە قىلغان، «كۆل مەنزىرىسى»
نەشرىياتى نەشر قىلغان.)

«ھاۋا ئانا خاتىرىسى» (مارك تۋېن يازغان ھېكايە، لى لەن
تەرجىمە قىلغان، «كۆل مەنزىرىسى» نەشرىياتى نەشر قىلغان
«دۇنياۋى مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە مەجمۇئەلىرى»
نىڭ بىرى.)

## كۆرۈپ بەرگەنلىرى

«2 - ئاي» (رۇشى يازغان پوۋېست، «سەھەر غۇنچىسى»
تەھرىراتى نەشر قىلغان، ھازىر مەتبەئە نۇسخىسى يوق.)

«ئازغىنە 10 يىل» (يې يۇڭچېڭ يازغان رومان، «باھار
دولقۇنى» نەشرىياتى نەشر قىلغان.)

«كەمبەغەل» (روسىيىلىك F. دوستويېۋسكىي يازغان رو-
مان، ۋېي سۇڭفۇ تەرجىمە قىلغان. «نامسىز تەھرىرات» نەشر
قىلغان «نامسىز مەجمۇئەلەر» نىڭ بىرى.)

«قارا چۈمپەردىلىك ئادەم» (روسىيە L. ئاندرېيېف يازغان
دراما، لى جيې تەرجىمە قىلغان، يوقىرىقىغا ئوخشاش.)

«قىزىل كۆلكە» (چيەنرېن يازغان ھېكايە، مېيچۈەن تەرجە-





مە قىلغان، تىجارەت باسمىخانىسى نەشر قىلغان.)

«كىچىك فېئوتېر» (ۋېنگرىيىلىك H. زىل مىرون يازغان
چۆچەك، شۈي شيا تەرجىمە قىلغان، «سەھەر غۇنچىسى» تەھرىرا-
تى نەشر قىلغان، ھازىر مەتبەئە نۇسخىسى يوق.)

«تەرەققىيات ۋە چېكىنىش» (جۇ جيەنرېن تەرجىمە قىلغان
بىئولوگىيىگە دائىر مۇھاكىمىلەر تاللانمىسى، «نۇرلۇق جۇڭگو»
باسمىخانىسى نەشر قىلغان.)

«فائۇست ۋە شەھەر» (سوۋېت ئىتتىپاقىلىق A. لۇناچارس-
كىي يازغان دراما، رۇ شى تەرجىمە قىلغان، «مۇقەددەس ئەل
نۇرى» نەشرىياتى نەشر قىلغان، «ھازىرقى زامان ئەدەبىيات -
سەنئىتىگە دائىر مەجمۇئەلەر» نىڭ بىرى.)

«تىنچ دون» (سوۋېت ئىتتىپاقىلىق M. شولوخوف يازغان
رومان، بىرىنچى قىسمى، خې فېي تەرجىمە قىلغان، يوقىرىقىغا
ئوخشاش.)

«14 — 69 - زەرەھلى پويىز» (سوۋېت ئىتتىپاقىلىق
V. ئىۋانوف يازغان ھېكايە، شى خېڭ تەرجىمە قىلغان، يوقىرىقى-
غا ئوخشاش، نەشردىن چىقمىغان.)

## نەشر قىلغانلىرى

«〈سېمېنت〉 نىڭ رەسىملىرى» (گېرمانىيىلىك C. مېففېرد-
نىڭ 10 پارچە ياغاچ ئويما رەسىمى، كوللو باسمىسى.)

«تۆمۈر ئېقىن» (سوۋېت ئىتتىپاقىلىق A. سىرافىموۋىچ ياز-
غان رومان، ساۋ چىڭخۇا تەرجىمە قىلغان.)

«تۆمۈر ئېقىنىنىڭ رەسىملىرى» (سوۋېت ئىتتىپاقىدىلىق
I. بىسكىلىۋىفنىڭ تۆت پارچە ياغاچ ئويما رەسىمى، بېسىلىۋاتقان-
دا ۋەيرانچىلىقتا ئۇچرىغان.)

مەن تەرجىمە قىلغان، يازغان كىتابلارنى جىگسۈك[333] ماڭا
تىزىملاپ بەرگەن ۋە «لۇشۈن ۋە ئۈندىڭ ئەسەرلىرى توغرىسى-
دا»[334]غا كىرگۈزگەندى، لېكىن تولۇق ئەمەس ئىكەن. بۇ
نۆۋەت پارچە تەسىراتنامىلىرىمنى رەتلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، ئۆ-
زۈمگە ئالاقىدار بولغان كىتابلار قاچىلانغان ساندۇقنى ئېچىپ،
يۇقىرىقىدەك باشقا بىر تىزىمنى تەييارلىدىم.

بۇنى «ئۈچ بىكار» توپلىمىنىڭ ئاخىرىغىمۇ كىرگۈزۈپ قوي-
ماقچىمەن، بۇنىڭدا ئۆزۈمنى، باشقىلارنىمۇ كۆزدە تۇتتۇم. تىزىم
بويىچە قارىغاندا، ئۆتكەن 10 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە سەرپ
قىلغان كۈچۈم ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس؛ باشقىلارنىڭ تەرجىمىلىرى-
نى، ئەسەرلىرىنى تەھرىرلەپ ـ سېلىشتۇرۇشتىمۇ ھەرپمۇھەرپ
كۆردۈم، ھەرگىز چالا ـ بۇلا كۆرۈش بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىپ،
ئاپتورلارنىڭ ۋە كىتابخانلارنىڭ كۆزىنى بويايدىغان ئىشنى قىلمى-
دىم، شۇ تەرجىمە ۋە ئەسەرلەردىن پايدىلىنىۋالاي دېگەن نىيەتتىمۇ
بولمىدىم. بۇ ئىشلارنى «بىكارچىلىق» سەۋەبى بىلەن ئىشلىدى،
دېگەن گەپلەر بولدى. لېكىن، ئۇ چاغلاردا كۈنىگە سەككىز سائەت
ۋاقتىمنى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن سېتىشقا مەجبۇر بولدۇم،
تەرجىمە قىلىش ۋە تەھرىرلەپ سېلىشتۇرۇش ئىشىنى پۈتۈنلەي
شۇنىڭدىن باشقا چاغدا ئىشلىدىم. كۈن بويى دەم ئالماي ئىشلىگەن
چاغلىرىم كۆپ بولدى، پەقەت يېقىنقى تۆت ـ بەش يىلدىن بۇيان
غەيرىتىم ئىلگىرىكىدەك بولماي قالدى.

لېكىن، داۋاملىق سەرپ قىلغان ئۆمرۈم ھەقىقەتەن زايە كەت-
مىدى. بەزى تەنقىدچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، قىلغان ئىشلىرىم قات-
تىق جازا بېرىشكە تېگىشلىك جىنايەتمىش. «لەنەتگەردى» بولۇپ
قالغىنىمغىمۇ تۆت ـ بەش يىل بولدى، دەسلەپتە «ئەسكى» سانال-
دىم، كېيىن «جاجىسىنى يېگەن» ھېسابلاندىم، ھەتتا بىرنەچچە
مەمەدانلار ماڭا بىرقانچە تەنە، تەھدىت ۋە «ئانچە ـ مۇنچە ھۆزۈر-





لىنارلىق» «سەمىمىي نەسىھەت» قىلغانمۇ بولدى. شۇنداق بولسى-
مۇ مەن پۈتۈنلەي ئۇنداق ئويلىمىدىم، مېنىڭچە، مەن ھازىرمۇ
ھايات تۇرۇۋېتىمەن، پەقەت 10 يىلچە بولاي دېدى، ئىجادىي بىر
نەرسە يازمىدىم. ھالبۇكى، بەزىلەرنىڭ يەنىلا مېنى «يازغۇچى»
دەپ ئاتاپ يۈرگەنلىكى ناھايىتى كۈلكىلىك ئىش.

مەن ئويلايمەنكى، بۇنىڭ بەزى سەۋەبلىرى ئۆزۈمدە، بەزى
سەۋەبلىرى يېڭى چىققان ياش ھەۋەسكارلاردا. ئۆزۈمدىكىسى شۇ-
كى، مەن ھەقىقەتەن تەرجىمە قىلىشتا، يېزىشتا ئەستايىدىل ئىش-
لىدىم. ماڭا ھۇجۇم قىلغان ئادەملەرنىڭ ئېيتقىنىدەك ئۇستىلىق،
پۇرسەتپەرەسلىك قىلغىنىم يوق. مېنىڭ قولۇمدىن چىققان بىر-
مۇنچە كىتابلارنىڭ خاسىيىتى ياكى جىنايىتى ئۈستىدە ھازىرچە
ئېغىز ئاچماي تۇراي، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جىنايەت بولۇپ چىققان
تەقدىردىمۇ، مەتبۇئات ساھەسىدە خېلى چوڭ بىر توقۇناق بولۇپ
قالدى، بۇنى «تېپىپ تاشلاش» ئۈچۈن پۈتىنىڭ خېلى چوڭ ماغدۇ-
رى بولۇشى كېرەك. قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق قىلغان ھۇجۇملىرى
ۋاقتىنچە ئاز ـ پاز ئۈنۈم بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەممىدىن
بەتتەر بولغىنى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى خۇددى كۆلەڭگىدەك
غايىب بولۇپ كەتتى.

ئەمدى ئۆز قولۇمدىن چىققان كىتابلارنىڭ تىزىمىغا قاراپ
باقسام، ئۇ نەرسىلەر مەزمۇن جەھەتتە خېلىلا پۇچەك ئىكەن.
ھەممىدىن يامىنى شۇكى، ئىجادىيەت جەھەتتە ئۇلۇغ ئىستېداتىم
بولمىغاچقا، تا ھازىرغىچە بىرەر كاتتا ئەسەر يازغىنىم يوق؛ تەر-
جىمە جەھەتتە چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىشكە قۇربىم كەملىك قىلغان-
لىقى ئۈچۈن، دۇنيا بويىچە مەشھۇر بولغان بىرەر كاتتا ئەسەرنى
تەرجىمە قىلىشقا پېتىنالماي، تەلمۈرۈپ تېڭىرقاپ يۈردۈم. يېڭى
چىققان ياش ھەۋەسكارلار مېنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلىدىغان بولسا،
مېنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى دەرھال مەندىن

ئۇزۇپ كېتىدۇ. لېكىن، شىخۇ كۆلى بويىدا چېڭقىلىپ توقۇپ چىققان قانداقتۇر ئاجايىپ بىر يېڭى شېئىرنى تەشۋىق قىلىش بىلەنلا بولۇپ كېتىش، چەت ئەللەرگە بېرىۋېلىپ بىرەر مىليون سۆزلۈك رومان يېزىش جانغا ئەسقاتمايدۇ. چۈنكى، گەپ تولىمۇ چوڭ بولۇپ كەتسە، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلاشمايدۇ، ئىنتىلىش تولىمۇ يۇكسەك بولۇپ كەتسە، پىكىرنى بىر يەرگە يىغقىلى بولمايدۇ، بۇنىڭدىن پەقەت كىشىنى ھەيران ـ ھەس قالدۇرىدىغان قۇرۇق خەۋەر تارقاتماقتىن باشقا پايدا چىقمايدۇ. جىمجىت كېچىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ خىياللىرىمنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەنلىكىمنى سېزىپ ئىچىم تىتىلداپ كەتتى، شۇ ھالدا قارا كۆلەڭگىنىڭ خۇددى ناھايىتى يوغان «پۇتلىكاشاڭ تاش»[335] تەك ئالدىمدا تۇرغانلىقىغا بىردىنلا كۆزۈم چۈشتى.

ماڭا شەخسىي مەنپەئىتىنى كۆزلەپ ئەمەس، چوڭ مەقسەتلەرنى كۆزلەپ تۇرۇپ ھۇجۇم قىلىشسا، مەيلى قانداق ئۇسۇلنى ئىشلەتسە ئىشلەتسۇن، مەن ھەرگىز چىشىمنى يېرىپ زارلانمايمەن. لېكىن، قەلەم بىلەن جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش ئارزۇسىدا بولۇپ يۈرگەن ياشلارغا، ئۆزۈمنىڭ بىرنەچچە يىللىق تەجرىبەمگە ئاساسەن، سەمىمىي كۆڭلۈم بىلەن كۆيۈپ ـ پىشىپ مۇنداق نەسىھەت قىلغۇم بار: بىرەر ـ يېرىم يىل ۋاقىت ئىچىدە، بىرنەچچە پارچە ماقالە يېزىش ياكى بىرنەچچە سان ژۇرنال چىقىرىش بىلەنلا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئۇلۇغ تۆھپە ياراتتىم دېگەن خىيالدا بولماي، داۋاملىق ( ! ) تىرىشىش كېرەك. يەنە بىرى، باشقىلارغا ھە دەپ كۆز يۇمۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش سەمەرىسىز قىلىپ قويۇشىنىڭلا كويىدا يۈرمەي، دەس تۇرغان ئالدىنقى ئادەملەردىن ئۆزۈپ، ئۇلاردىنمۇ بەستلىك بولۇش كېرەك. مەيدانغا يېڭى چۈشكەن چاغدا، گۆدەكلىك ۋە نادانلىق ھېچ گەپ ئەمەس، لېكىن داۋاملىق ( ! ) ئۆسكەن ياخشى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسىنى بىلمەي





تۇرۇپ، پىتنە ـ ئىغۋا پەيدا قىلىدىغان تەقرىزلەرنى خالىغىنىچە ئوتتۇرىغا چىقىرىش، ئۆزىدىن باشقىلارنى قۇرۇق گەپ بىلەن ھالاك قىلىدىغان قىسقا ئەنزارلارنى يېزىش، بىرنەچچە چۆچەكنى تەرجىمە قىلىش بىلەنلا باشقا ھەممە تەرجىمىلەرنى يوققا چىقارماقچى بولۇش، تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، ئۆزى ئۇچۇنمۇ «ئېچىنارلىق، پايدىسىز ئەجىر قىلىش»[336] بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «ئەقىل دۈمبىسىگە ئۆتۈپ قالغان» دېگەن گەپ ئەنە شۇ.

«ئىلغار ياش»[337] لار ماڭا تىل ۋە قەلەم نەشتەرلىرى بىلەن ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا، مەن «تېخى 50كە كىرمىگەن» ئىدىم، ھازىر بولسا يېشىم ھەقىقەتەن 50تىن ئېشىپ كەتتى. رېنان (E. Renan)[338] نىڭ ئېيتىشىچە، ئادەم بىرئاز ياشانغاندا مىجەزى چۈس بولۇپ قالىدىكەن. مەن بۇنداق ئاجىزلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بارلىق كۈچۈم بىلەن تىرىشماقچىمەن. چۈنكى، ئېنىق چۈشىنىمەنكى، دۇنيا ھەرگىز مەن بىلەن بىللە ئۆلۈپ كەتمەيدۇ، ئۈمىد كېلەچەكتە. لېكىن، چىراغ تۈۋىدە يالغۇز ئولتۇرغىنىمدا، باھار كېچىسى ماڭا ناھايىتى خۇنۇك تۇيۇلدى، شۇ جىمجىتلىق ئىچىدە مۇشۇنداق گەپلەرنى يېزىپ قويدۇم.

1932 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، لۇشۈن.
شاڭخەينىڭ شىمالىدىكى تۇرالغۇمدا.

## ئىزاھلار:

(1) «ھازىرقى ھالەتكە نارازى»، «پارچە تەسىراتچى» — لياڭ شىچيۇ «يېڭى ئاي» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 2 - جىلد 8 - سانىدا (1929 - يىل 10 - ئاي) «〈ھازىرقى ھالەتكە نارازى〉 بولسا قانداق بولىدۇ؟» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭدا: «شۇنداق بىر خىل ئادەم باركى، ئۇ ھەمىشە 〈ھازىرقى ھالەتكە نارازى〉. بۈگۈنى بۇ يەردىن قۇسۇر چىقارسا، ئەتىسى ئۇ يەردىن قۇسۇر چىقىرىدۇ، ئۇنىڭ چاتىقى تۈگىمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا پۈتمەس - تۈگىمەس پارچە تەسىرات پەيدا بولىدۇ، باشقىلار ئۇنىڭ قۇسۇر چىقىرىش كېسەللىكىگە رېتسېپ يازسا، ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى نارازى بولىدۇ… خۇددى ھازىرقى ھالەت مۇبادا ئۇنى رازى قىلىپ قويسىلا، ئۇنىڭغا يازغىلى پارچە تەسىرات چىقماي قالىدىغاندەك بولۇپ قالىدۇ» دېگەن.

(2) «28 - يانۋار» ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئاپتور ئۇرۇش رايونىغا يېقىن شىمالىي سىچۇەن كوچىسىدا ئولتۇرغان، ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ ئەنگلىيىنىڭ كونسېسسىيىسىدىكى نېيشەن كىتابخانىسىنىڭ شۆبىسىگە بېرىپ ئولتۇرغان، 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى بۇرۇنقى تۇرالغۇسىغا كۆچۈپ كەلگەن.

(3) ئاپتور 1927 - يىل 10 - ئايدا گۇاڭجۇدىن شاڭخەيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تەكلىپكە بىنائەن، بەزى مەكتەپلەردە نۇتۇق سۆزلىگەن. 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئەمگەك ئۇنىۋېرسىتېتىدا «زىيالىيلار سىنىپى توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلىگەن، بۇ نۇتۇق ھازىر «توپلام سىرتىدىكى توپلامغا قوشۇمچە توپلام»غا كىرگۈزۈلدى. 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى لى دا ئوقۇش يۇرتىدا «ئۇلۇغ جىسىمغا ئايلانغان تاش» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلىگەن، نۇتۇقنىڭ تېكىستى كىمنىڭ قولىدا ئىكەنلىكى نامەلۇم. 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا «ئىنقىلابىي ئەدەبىيات» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلىگەن، شاۋلىنىڭ بۇ نۇتۇقتىن يازغان خاتىرىسى 1928 - يىل 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شاڭخەي «ئاخبارات گېزىتى ئىلىم دېڭىزى»غا بېسىلغان. 16 - كۈنى «نۇرلۇق جۇڭخۇا» ئۇنىۋېرسىتېتىدا نۇتۇق سۆزلىگەن. خۇڭ شياۋتۇڭ، گو زىشۇڭلارنىڭ بۇ نۇتۇقتىن يېزىۋالغان خاتىرىسى «نۇرلۇق جۇڭخۇا» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ 2 - جىلد 7 - سانىغا (1927 - يىل 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى) بېسىلغان، «ئەدەبىيات ۋە جەمئىيەت» دېگەن سەرلەۋھىنى مۇھەررىر قوشۇپ قويغان. 17 - كۈنى «داشا» ئۇنىۋېرسىتېتىدا نۇتۇق سۆزلىگەن، نۇتۇقنىڭ تېمىسى ۋە تېكىستى





نامەلۇم، 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى جىنەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا «ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن سىياسەتنىڭ پېتىشالماسلىقى» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلىگەن، كېيىن «توپلام سىرتىدىكى توپلام»غا كىرگۈزۈلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن 1928 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى جياڭۋەندىكى فۇدەن تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدە «قېرىغانۇ، ئۆلمىگەن» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلىگەن، نۇتۇقنىڭ تېكىستى نامەلۇم. 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «چوڭ قۇرۇقلۇق» ئۇنىۋېرسىتېتىدا نۇتۇق سۆزلىگەن، نۇتۇقنىڭ تېمىسى ۋە تېكىستى نامەلۇم. 1929 - يىل 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى جىنەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا «ھىجران ۋە ھىجرانغا قارشى» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلىگەن، گۇ بورۇ نۇتۇقتىن يازغان خاتىرە «جىنەن ئۇنىۋېرسىتېتى ژۇرنىلى»نىڭ 28 - سانىدىن 32 - سانىغىچە بولغان بىرلەشمە سانىغا بېسىلغان (1930 - يىل 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى). 1929 - يىل 5 - ئايدا، ئاپتور ئائىلە يوقلاش ئۈچۈن بېيپىڭغا كېلىپ، 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى يەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا «ھازىرقى يېڭى ئەدەبىياتقا ئومۇمىي نەزەر» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلىگەن، كېيىن مۇشۇ كىتابتا كىرگۈزۈلگەن. 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 2 - دارىلفۇنۇنىدا، 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن 2 - پېداگوگىكا بۆلۈمىدە، شۇ كۈنى كەچقۇرۇن 1 - پېداگوگىكا بۆلۈمىدە نۇتۇق سۆزلىگەن. بۇ نۇتۇقلارنىڭ تېمىسى ۋە تېكىستلىرى نامەلۇم.

(4) گۇاڭجۇدا «15 - ئاپرېل» ئەكسىلئىنقىلابىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندە، ئاپتور جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى، قولغا ئېلىنغان ئوقۇغۇچىلارنى قۇتقۇزۇشتىن نەتىجە ئالالمىغاچقا، ئاچچىقى كېلىپ بارلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ، 9 - ئايدا گۇاڭجۇدىن شاڭخەيگە كەتكەن.

(5) ئىجادىيەت تەھرىراتى — يېڭى ئەدەبىيات ھەرىكىتى داۋامىدىكى مەشھۇر ئەدەبىيات تەشكىلاتى بولۇپ، 1920 - يىلىدىن 1921 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا قۇرۇلغان. گو مورو، يۇ دافۇ، چىڭ فاڭۋۇلار ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەزاسى. ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە ئەدەبىياتتىكى يۆزلىنىشى رومانتىزمدىن ئىبارەت بولۇپ، جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى تۈس ئالغان. بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش مەزگىلىدە، گو مورو، چىڭ فاڭۋۇلار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ئىنقىلابنىڭ ئەمەلىي خىزمەتلىرىگە قاتناشقان. 1927 - يىلى بۇ تەھرىرات پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ھەرىكىتىنى تەشەببۇس قىلغان، شۇنىڭدەك، چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەن فېڭ نەيچاۋ، پىڭ كاڭ، لى چۇلىلارنى يېڭى ئەزا قىلىپ قوشۇۋالغان. 1928 - يىلى، ئىجادىيەت تەھرىراتى بىلەن پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنى تەشەببۇس قىلىۋاتقان يەنە بىر «قۇياش» تەھرىراتىنىڭ لۇشۇنگە

قىلغان تەنقىدى ۋە لۇشۈننىڭ ئۇلارغا قايتۇرغان رەددىيىسى ئىنقىلابىي ئەدە-
بىيات مەسىلىسىنى مەركەز قىلغان بىر قېتىملىق بەس - مۇنازىرىنى شەكىل-
لەندۈرگەن. 1929 - يىل 2 - ئايدا، بۇ تەھرىرات گومىنداڭ ئەكسىيەتچى-
لىرى تەرىپىدىن پېچەتلىۋېتىلگەن. ئۇنىڭ تەھرىرلىكىدە ئىلگىرى - ئاخىر
بولۇپ «ئىجادىيەت» (پەسىللىك ژۇرنال)، «ئىجادىيەت ھەپتىلىك گېزى-
تى»، «ئىجادىيەت كۇنى»، «كەلكۈن»، «ئىجادىيەت ئايلىق ژۇرنىلى»،
«مەدەنىيەت تەنقىدى» قاتارلىق ژۇرناللار ھەمدە «ئىجادىيەت مەجمۇئەلىرى»
نەشر قىلىنغان. ئىنقىلابىي ئەدەبىيات توغرىسىدىكى بەس - مۇنازىرە توغرى-
سىدا مۇشۇ كىتابتىكى «‹مەست - ئەلەس نەزىرى› دىكى خىرەلىك» دېگەن
ماقالىنىڭ ئىزاھاتىغا قاراڭ.

(6) «قۇياش» تەھرىراتى — 1927 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا
شاڭخەيدە قۇرۇلغان ئەدەبىيات تەشكىلاتى بولۇپ، ئۇنىڭ جياڭ گۇاڭسى،
چيەن شىڭسۈن، مىڭ چاۋ قاتارلىق ئاساسلىق ئەزالىرى بولغان. ئۇ
1928 - يىل 1 - ئايدا «قۇياش ئايلىق ژۇرنىلى»نى نەشر قىلىپ، ئىنقىلا-
بىي ئەدەبىياتنى تەشەببۇس قىلغان. 1930 - يىلى جۇڭگو سول قانات
يازغۇچىلار ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ تەھرىرات ئۆزىچە تارقىلىپ
كەتكەن. «قۇياش» تەھرىراتى بىلەن لۇشۈننىڭ 1928 - يىلىدىكى بەس -
مۇنازىرىسى توغرىسىدا مۇشۇ كىتابتىكى «‹مەست - ئەلەس نەزىرى› دىكى
خىرەلىك» دېگەن ماقالىنىڭ ئىزاھاتىغا قاراڭ.

(7) «يېڭى ئاي» تەھرىراتى — بەزى بۇرژۇئا زىيالىيلىرى يادرو
قىلىنغان ئەدەبىي ۋە سىياسىي تەشكىلات بولۇپ، تەخمىنەن 1923 - يىلى
بېيجىڭدا قۇرۇلغان، خۇ شى، شۈي جىمۇ، چىن يۈەن، لياڭ شىچيۇ ۋە
لو لۇڭجىلار ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەزاسى بولغان. بۇ تەھرىرات شېئىرىيەت
تەھرىراتى دېگەن نام بىلەن 1926 - يىلى يازدا بېيجىڭ «تاڭ گېزىتى
قوشۇمچە سەھىپىسى»دە «شېئىرلار» (ھەپتىلىك سەھىپە) نەشر قىلغان.
1927 - يىلى شاڭخەيدە «يېڭى ئاي» كىتابخانىسىنى قۇرغان، 1928 -
يىل 3 - ئايدا ئومۇملاشقان «يېڭى ئاي» ئايلىق ژۇرنىلىنى نەشر قىلغان.
«يېڭى ئاي» تەھرىراتىنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى «ھازىرقى زامان ئەنزارى»
ژۇرنىلىنى نەشر قىلغانلىقى ئۈچۈن، «ھازىرقى زامان ئەنزارچىلىرى» دەپ
ئاتالغان. ئۇلار باشتا شىمالىي مىلىتارىستلارغا بېقىنغان، 1927 - يىلى
جياڭ جيېشى ئىنقىلابتىن يۈز ئۆرۈگەندىن كېيىن، بىر بۆرۈلۈپلا گومىن-
داڭنى پاناھدايدىغان بولغان، شۇنىڭدەك «ئەنگلىيىچە دېموكراتىيە»نى تەر-
غىب قىلغان، «ياخشى ھۆكۈمەتىزم»نى قايتىدىن تەشەببۇس قىلغان، ئەدەبى-
يات ساھەسىدە ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ھەرىكىتىگە كۈچىنىڭ بارىچە ھۇجۇم
قىلغان. «سۆلكەتلىك ئالىيجانابلار» — 1925 - يىلى بېيجىڭ قىزلار





دارىلمۇئەللىمىنى ۋەقەسىدە جاڭ شىجياۋنىڭ «ئومۇم بىرلىك كەچكى گېزى-
تى»نى ھىمايە قىلغان، ھازىرقى زامان ئەنزارچىلىرىدىن بولغان (كېيىن
يېڭى ئاي تەرەپدارى بولغان) چىن يۈەن قاتارلىقلارنى «شەرقىي جىشياڭچى
سۆلكەتلىك ئالىيجانابلار» دەپ ئاتىغان.

(8) «بىكارلىق — زەردارلىق» — «مەدەنىيەت تەنقىدى»نىڭ 2 -
سانىدىكى (1928 - يىل 2 - ئاي) لى چيۇلىنىڭ «ئىنقىلابىي ئەدەبىياتنى
قانداق قۇرۇش كېرەك» دېگەن ماقالىسىگە قارالسۇن. بۇ ماقالىدە چىڭ
فاڭۋۇنىڭ لۇشۈن قاتارلىقلارنى «بىكار تەلەپ سىنىپ» دېگەن سۆزى نەقىل
كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن: «بىزگە مەلۇمكى، ھازىرقى كاپىتالىزم جەمئىيى-
تىدە بىكار تەلەپ سىنىپ دېگەن سۆز زەردارلار، پۇلى بار بايلار سىنىپى
دېگەن سۆز» دېيىلگەن. «چۈشكۈن» «ئىجادىيەت ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ
1 - جىلد 11 - سانى (1928 - يىل 5 - ئاي)غا بېسىلغان شى خۇشېڭ
(چىڭ فاڭۋۇ)نىڭ «بەربىر «‹مەست - ئەلەس نەزىرىنىڭ تەسىرى›»
دېگەن ماقالىسىدە: «ئاڭلىشىمچە، ئۇ (لۇشۈننى دېمەكچى) يېقىندىن بۇيان
ئىجتىمائىي پەنگە دائىر كىتابلارنى كۆپلەپ سېتىۋېلىپ ئوقۇۋېتىپتىمىش،
‹لېكىن شۇ تاپتا يەنە بىر ئاز گەپ باردەك تۇرىدۇ›: ئۇ راستتىنلا ئىجتىمائىي
پەننىڭ سادىق شاگىرتى بولماقچىمۇ ياكى پەقەت رەڭۋازلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ
چۈشكۈن بولغانلىقىنى پەردازلىماقچىمۇ؟ كېيىنكىسى قۇلاقنى ئېتىپ قويۇپ
قوڭغۇراق ئوغرىلىغاندەك بىر قىلىق، بۇ ئۇنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە قۇتقۇز-
غۇسىز چۈشكۈنلەشكەنلىكى» دېگەن گەپ بار ئىدى. «فېئودالىزمنىڭ پۇش-
تى» ۋە «ساۋىلىغۇچى» — «ئىجادىيەت ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2 - جىلد
1 - سانى (1928 - يىل 8 - ئاي)غا بېسىلغان دۇچۇەن (گومورو)نىڭ
«ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدىكى فېئودالىزمنىڭ پۇشتى» دېگەن ماقالىسىگە
قارالسۇن. ئۇنىڭدا: «ئۇ كاپىتالىزمدىن بۇرۇنقى فېئودالىزمنىڭ پۇشتى،
كاپىتالىزم سوتسىيالىزمغا نىسبەتەن ئەكسىلئىنقىلاب بولىدۇ. فېئودالىزم-
نىڭ پۇشتى سوتسىيالىزمغا نىسبەتەن ئىككى ياقلىمىلىق ئەكسىلئىنقىلاب
بولىدۇ. لۇشۈن — ئىككى ياقلىمىلىق ئەكسىلئىنقىلابچى ئادەم. ئىلگىرىكى
بەزىلەر لۇشۈننى كونىلىقتىن يېڭىلىققا ئۆتۈش دەۋرىدىكى بىقارار ئۇنسۇر،
ئىنسانپەرۋەر ئادەم، دېگەنىدى، بۇ تامامەن خاتا. ئۇ مۇرادىغا يېتەلمىگەن
Fascist (فاشىست)!» دېگەن گەپلەر بار ئىدى، فاشىست دېگەن سۆزنى
شۇ كەملەردە بەزىلەر ساۋىلىغۇچى، دەپ تەرجىمە قىلغان.

(9) لياۋ ئەپەندى، يەنى لياۋ لىئى، گۇاڭدۇڭ شىڭنىنلىق، ئەسلىي
شياۋمېن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، 1927 - يىل 1 - ئايدا لۇشۈن-
نىڭ كەينىگە كىرىپ جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكىلىپ بېرىپ ئوقۇغان.

(10) «تىل رىشتىسى» — ھەپتىلىك ئەدەبىي ژۇرنال. دەسلەپتە سۈن

فۇيۇەنلەر تەھرىرلىگەن، 1924 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى بېيجىڭدا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان، 1927 ـ يىل 10 ـ ئايدا لياۋنىڭلىق مىلىتارىست جاڭ زولىن تەرىپىدىن تەقىب قىلىنغان، كېيىن شاڭخەيگە كۆچۈرۈلۈپ داۋاملىق نەشر قىلىنغان. 1930 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى 5 ـ جىلد 52 ـ سانىغىچە نەشر قىلىنىپ توختىتىلغان، لۇشۈن ئاساسلىق ماقالە يازغۇچىلىرى ۋە قوللىغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولغان ھەمدە بۇ ژۇرنال شاڭخەيدە نەشر قىلىنغاندىن كېيىن بىر مەزگىل تەھرىرلىكنى ئۆتىگەن.

(11) «لۇشۈن توغرىسىدا» ۋە «جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئىتىدىكى بەس ـ مۇنازىرە» — بۇلارنى لى خېلىن تەھرىرلىگەن. شاڭخەيدىكى «شىمال يېڭىلىقلىرى» كىتابخانىسى تەرىپىدىن 1930 ـ يىل 3 ـ ئايدا ۋە 1929 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا نەشر قىلىنغان. ئالدىنقىسىغا 1923 ـ يىلدىن 1929 ـ يىلغىچە لۇشۈن ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە دائىر مۇلاھىزە ماقالىلىرىدىن 24 پارچىسى كىرگۈزۈلگەن، كېيىنكىسىگە 1928 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ھەرىكىتى داۋامىدىكى ھەرقايسى تەرەپنىڭ بەس ـ مۇنازىرىسىگە دائىر ماقالىسىدىن 46 پارچىسى كىرگۈزۈلگەن.

(12) «سول قانات يازغۇچىلار رۇبلىنى كۆزلەيدۇ» — بۇ، شۇ چاغدا ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئىلغار يازغۇچىلارغا قىلغان تۆھمىتى. مەسىلەن، 1930 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى شاڭخەي «خەلق جۇمھۇرىيىتى گېزىتى — تۇيغۇ»غا بېسىلغان «جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات ساھەسىنى ئازات قىلايلى» دېگەن ماقالىدە: ئىلغار يازغۇچىلار «قىزىل جاھانگىرلار تەرىپىدىن سېتىۋېلىندى، ئۇلار روسىيىدىن مائاش ئۈچۈن رۇبلى ئالدى» دېيىلگەن؛ 1930 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى شاڭخەيدە چىقىدىغان كىچىك گېزىت «ئالماس گېزىتى»گە بېسىلغان «لۇشۈننىڭ سول قانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقىغا قاتنىششتىكى مۇددىئاسى» سەرلەۋھىلىك ماقالىدە «شاڭخەيدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەشۋىقات خىراجىتى ئۈچۈن، دەسلەپتە كوممۇنىستىك پارتىيە ھەر ئايدا 800 مىڭ رۇبلى بېرىپ، پرولېتارىيات ئەدەبىيات ـ سەنئىتى دېگەننى پەيدا قىلدى» دېيىلگەن ۋە باشقىلار.

(13) بۇ، دۇچۈەن ئىمزالىق «ئەدەبىيات ـ سەنئەت سېپىدىكى فېئوداللىزمنىڭ پۇشتى» دېگەن ماقالىدە ئېيتىلغان سۆز: «قىر، ئۆلتۈر! ئۆلتۈر! قورقۇنچلۇق ياشلارنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەت! چاققان بول! مانا بۇ، بۇ ‹بوۋاي› (لۇشۈننى دېمەكچى) نىڭ پەلسەپىسى، شۇنداق قىلغاندا ‹بوۋاي› ئۆلمەي قالىدىكەن».

(14) «كونا مۇقاملار ئېيتىلىپ بولدى» — بۇ 1927 ـ يىل 3 ـ ئايدا گۇاڭجۇنىڭ «مىللىي ئاخبارات يېڭى دەۋر» دېگەن ژۇرنىلىغا بېسىل-





غان، كېيىن شۇي گۇاڭپىڭ تەرىپىدىن «توپلام سىرتىدىكى توپلامدىن چۈشۈپ قالغان تەرمىلەر»گە كىرگۈزۈلگەن؛ «لۇشۈن خاتىرىلىرى»گە ئاساسلانغاندا، بۇ نۇتۇق 1927 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، يەنى ئاپتور شياڭگاڭغا بارغان كۈنىنىڭ ئەتىسى سۆزلىگەن، بىرىنچى كۈنى سۆزلىگەن نۇتقى «ساداسىز جۇڭگو» ئىدى.

(15) پلېخانوف (Г • В • ПЛЕАХНОВ، 1856—1918) روسىيىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ماركسىزم نەزەرىيىچىسى، كېيىن مېنشېۋىك ۋە Ⅱ ئىنتېرناتسىئونالنىڭ پۇرسەتپەرەس سەردارلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. لۇشۈن ياپونچە تەرجىمە نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلغان «سەنئەت توغرىسىدا»غا «سەنئەت ھەققىدە»، «باشلانغۇچ مىللىي سەنئەت»، «يەنە باشلانغۇچ مىللىي سەنئەت توغرىسىدا»، «نەزەرىيە ماقالىلىرى توپلىمىنىڭ ‹20 ـ يىللىرى› 3 ـ نەشرىگە كىرىش سۆز» قاتارلىق تۆت پارچە ئەسەرنى كىرگۈزگەن، 1930 ـ يىل 7 ـ ئايدا شاڭخەي «نۇرلۇق جۇڭگو» كىتابخانىسىدا نەشر قىلىنغان «ئىلمىي سەنئەت نەزەرىيىسى مەجمۇئەسى»نىڭ بىرى.

(16) چېڭ فاڭۋۇ — قەلەم ئىسمى شى خۇشېڭ، خۇنەن شىنخۇالىق، ئەدەبىيات مۇلاھىزىچىسى، ئىجادىيەت تەھرىراتىنىڭ ئاساسلىق ئەزاسى، ئۇ «كەلكۈن»نىڭ 3 ـ جىلد 25 ـ سانى (1927 ـ يىل 1 ـ ئاي) غا بېسىلغان «ئەدەبىيات ئىنقىلابىمىزنى ئورۇندايلى» دېگەن ماقالىسىدە: «لۇشۈن ئەپەندى سايىۋەن ئاستىدا ئولتۇرۇپ ھېكايە توغرىسىدىكى كونا مەلۇماتلارنى كۆچۈرگىلى تۇردى»، ئۇ «زوق ـ ھەۋەسنى مەركەز قىلىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت»، ئۇنىڭ «داۋامى چوقۇم زوق ـ ھەۋەسنى مەركەز قىلىدىغان بىر خىل تۇرمۇش مۇقامى» بولىدۇ؛ «مۇشۇنداق زوق ـ ھەۋەسنى مەركەز قىلىدىغان تۇرمۇش مۇقامىدا بېشارەت بېرىلىدىغىنى — ئۆزىنىڭ كىچىككىنە ماكانىدا ئۆزىنى ئۆزى ئالدايدىغان قانائەتچانلىق؛ ئۇنىڭ تۇتۇۋالغان يولى — بىكارچىلىق، بىكارچىلىق، يەنىلا بىكارچىلىق» دېگەن.

(17) پەتنۇۋا چىقىرىپ گۇناھ ئارتىش — كىشىگە بەتنام چاپلاپ، ئورىغا ئىتتىرىش.

(18) «نەشتەر قەلەم» — بۇ يەردە قەلەمدار (دەۋا ـ دەستىگەر) نىڭ كىشىگە بەتنام چاپلاش ئۇسۇلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «ئىجادىيەت ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2 ـ جىلد 2 ـ سانى (1918 ـ يىل 9 ـ ئاي) غا بېسىلغان كې شىنىنىڭ «گەن رېنىنىڭ ‹توقام›لىرىغا رەددىيە» دېگەن ئەسىرىدە لۇشۈن «ئەسلىدىكى نەشتەر قەلىمىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۆتۈپ كەتكەن مۇتتەھەملىك بىلەن يۇڭلۇق توقماقتا دۇمبالىدى» دېيىلگەنىدى. ئاپتور بۇ يەردە شۇ سۆزنى تەنە قىلىپ نەقىل كەلتۈرگەن.

(19) بۇ ماقالە دەسلەپتە شياڭگاڭ گېزىتىگە بېسىلغان (گېزىت نامى

ۋە ۋاقتى ئېنىق ئەمەس)، 1927 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى خەنكۇ «مەركەز گېزىتى» نىڭ قوشۇمچە سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. «لۇشۈن خاتىرىلىرى» غا ئاساسلانغاندا، بۇ نۇتۇق 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سۆزلەنگەن.

(20) خىرىستىئان ياشلار جەمئىيىتى — خىرىستىئان دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت پائالىيىتى ئېلىپ بارىدىغان ئورگانلىرىنىڭ بىرى.

(21) جېجياڭ، شەنشىدە بولۇۋاتقان جەڭ — بۇ يەردە 1926 ـ يىل ئاخىرىدىن 1927 ـ يىل باشلىرىغىچە مىلىتارىست سۇن چۇەنفاڭنىڭ جېجياڭدا گۇاڭجۇ مىللىي ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىدار چېن يى، جۇ فېڭچېلارنىڭ قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلغانلىقى ۋە 1926 ـ يىل 12 ـ ئايدا فېڭ يۇشياڭ قارىمىقىدىكى مىللىي قوشۇننىڭ شەنشىدە شىمالىي مىلىتارىست ۋۇ پېيفۇغا قارشى ئۇرۇش قىلغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(22) بۇيەردە چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ خەنزۇ خەلقىگە قوللانغان نۇرغۇن قېتىملىق يېزىق زىندانى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭدىن ئاتاقلىقراق بولغانلىرى كاڭشى يىللىرىدىكى «جۇاڭ تىنلۇڭ ۋەقەسى»، «دەي مىنشى ۋەقەسى»، يۇڭجېڭ يىللىرىدىكى «لۇي لىيۇلياڭ، زېڭ جىن ۋەقەسى»، چيەنلۇڭ يىللىرىدىكى «خو جۇڭساۋ ۋەقەسى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە خەنزۇ خەلقىنىڭ تارىختا (بولۇپمۇ سۇڭ ۋە مىڭ سۇلالىلىرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا) مىللىي زۇلۇمغا قارشى تۇرغان پاكىتلىرىنى يازغانلىقى ياكى شۇ چاغدىكى بەزى سىياسىي ۋەقەلەرگە تاقىلغانلىقى تۈپەيلىدىن يېزىق زىندانى پەيدا بولغان. شۇڭا، ئۇلار زىيانكەشلىككە ۋە قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغان.

(23) خەن يۇ (768—824) — تەخەللۇسى تۇيجى، خېياڭلىق (ھازىرقى خېنەننىڭ مىڭشيەن ناھىيىسى)، تاڭ دەۋرىدىكى ئەدىب، «خەن چاڭلى توپلىمى» نى يازغان. سۇ شى (1036—1101) — تەخەللۇسى زىجەن، لەقىمى دۇڭپولۇق زاھىت، مېيشەنلىك (ھازىرقى سىچۇەنگە تەۋە)، سۇڭ دەۋرىدىكى ئەدىب، «دۇڭپو ئەسەرلىرى توپلىمى» قاتارلىقلارنى يازغان.

(24) خۇ شىزى — خۇ شى (1891—1962) — تەخەللۇسى شىزى، ئەنخۇينىڭ جىشى دېگەن يېرىدىن. ئۇ «4 ـ ماي» دەۋرىدىكى يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ ئوڭ قاناتلار ۋەكىلى. بۇ يەردە ئۇنىڭ «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلىنىڭ 4 ـ جىلد 4 ـ سانى (1918 ـ يىل 4 ـ ئاي) غا بېسىلغان، ئەدەبىيات ئىنقىلابىنى تەشەببۇس قىلغان «گۈللىنىۋاتقان ئەدەبىيات ئىنقىلابى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(25) فرانسىيە ئىنقىلابى — 1789 ـ يىلدىن 1794 ـ يىلغىچە بولغان فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى. بۇ ئىنقىلاب فرانسىيىنىڭ فېئودال





ئىستىبداتلىق تۈزۈمىنى يىمىرىپ تاشلاپ، فرانسىيە كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن ھەمدە ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ئىنقىلابىغا تۈرتكە بولغان.

(26) چيەن شۈەنتۇڭ (1887—1939) — جېجياڭنىڭ ۋۇشىڭ دېگەن يېرىدىن. يېزىق ئالىمى، «4 ـ ماي» مەزگىلىدىكى يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ ئاكتىپ قاتناشقۇچىسى. ئۇ 1918 ـ يىل 1 ـ ئايدا «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلىنىڭ 4 ـ جىلد 1 ـ سانىغا بېسىلغان «ئېلىپبەلىك ئاھاڭ بەلگىلىرى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدە: «ئالىي لۇغەتلەرنى ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدىن يۇقىرىلارغا خاس چوڭقۇر بىلىملىك كىتابلارنى پۈتۈنلەي رىمچە ھەرپ بىلەن يېزىش لازىم» دېگەن؛ شۇ يىلى 4 ـ ئايدا «يېڭى ياشلار» نىڭ 4 ـ جىلد 4 ـ سانىغا بېسىلغان «جۇڭگونىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى يېزىقى مەسىلىسى» ھەققىدىكى «خەت ـ چەكلەر» دە «خەنزۇچە يېزىقنى كېرەكسىز قىلىش»، ئۇنىڭ ئورنىغا دۇنيا تىلىنى قوللىنىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

(27) كۇڭزى (مىلادىيىدىن 551—479 يىل بۇرۇن ئۆتكەن) — ئىسمى چيۇ، تەخەللۇسى جۇڭنى، ئەمىنىيە دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى لۇ بەگلىكىنىڭ زۇيى (ھازىرقى شەندۇڭدىكى چۇيفۇنىڭ جەنۇبى) دېگەن يېرىدىن، كۇڭزىچىلار مەزھىپىنى ياراتقان. ئۇنىڭ ئاساسلىق سۆز ـ ھەرىكەتلىرى «مۇھاكىمە ۋە بايان» دېگەن كىتابتا. مېڭزى (مىلادىيىدىن تەخمىنەن 390—305 يىل بۇرۇن ئۆتكەن) — ئىسمى كې، تەخەللۇسى زىيۇ، يېغىلىق دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىكى زۇ (ھازىرقى شەندۇڭدىكى زۇشەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبى) دېگەن يېرىدىن، كۇڭزىدىن كېيىنكى كۇڭزىچىلار ۋەكىلى. ئۇنىڭ مۇھىم سۆز ـ ھەرىكەتلىرى «مېڭزى» دېگەن كىتابتا. لىيۇ زۇڭيۇەن (773—819) — تەخەللۇسى زىخۇ، خېدۇڭ (ھازىرقى شەنشىدىكى يۇڭجى) لۇق. تاڭ دەۋرىدىكى ئەدىب، «خېدۇڭلۇق لىيۇ زۇڭيۇەن ئەسەرلىرى توپلىمى» نى يازغان.

(28) تاگور (1861—1941) — ھىندىستان شائىرى، «يېڭى ئاي توپلىمى»، «ئۇچار قۇشلار توپلىمى» ناملىق شېئىر توپلاملىرىنى ۋە «چۆككەن كېمە» («ھالاكەت» مۇ دېيىلىدۇ) قاتارلىق رومانلارنى يازغان.

(29) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1927 يىل 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى بېيجىڭ «دەشت ـ باياۋان» يېرىم ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 18 ـ ۋە 19 ـ قوشما سانىغا بېسىلغان.

(30) «دەشت ـ باياۋان» — ئەدەبىيات ـ سەنئەت ژۇرنىلى، 1925 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى بېيجىڭدا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان؛ دەسلەپتە ھەپتىلىك ژۇرنال سۈپىتىدە «جىڭباۋ گېزىتى» گە قوشۇپ تارقـ

ىتىلغان، لۇشۈن تەھرىرلىگەن. 1926 - يىل 1 - ئايدا يېرىم ئايلىق ژۇرنالغا ئۆزگەرتىلگەن، نامىسىز تەھرىرات تەرىپىدىن نەشر قىلىپ تارقىتىلغان. شۇ يىل 8 - ئايدا، لۇشۈن بېيجىڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، بۇ ژۇرنالنى ۋېي سۇيۈەن تەھرىرلىگەن، 1927 - يىل 12 - ئايغىچە نەشر قىلىپ توختاتقان.

(31) بىرنەچچە ئېغىز سۆز ئاپتورنىڭ «ياۋا گىياھ، بېغىشلىما» دىكى سۆزى.

(32) «دۇنيانىڭ دەرد - ئەلەمى» (Weltschmerz) — ئەسلىي ئاۋستىرىيە شائىرى لېناۋ (N. Lenau 1802—1850) نىڭ سۆزى، كىشىلەر دۇنيادا دەرد - ئەلەم ئىچىدە ياشايدۇ، دېگەن مەنىدە. كېيىن، بەزى بۇرژۇئا ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى بۇ سۆزنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى چۈشەندۈرگەن، ئىجادىيەت مۇشۇنداق دەرد - ئەلەمدىن پەيدا بولىدۇ، دەپ ھېسابلىغان.

(33) يۈزى — ئالمىغا ئوخشايدىغان بىر خىل مېۋە.

(34) نىتسې (F. Nietzsche، 1844—1900) — گېرمانىيە پەيلاسوپى، ئىرادە ھەممىنى ھەل قىلىدۇ نەزەرىيىسىنىڭ ۋە «ئىنسانىيەتتىن تاشقىرى پەلسەپە» نىڭ تەرغىباتچىسى. ئۇ «زاراتۇسترا شۇنداق دېگەن. ئوقۇش ۋە يېزىش» سەرلەۋھىلىك ئەسىرىدە: «بارلىق ئەسەرلەر ئىچىدە مېنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنىم پەقەت قان بىلەن يېزىلغان ئەسەر» دېگەن.

(35) «مۇنداق يېزىش كېرەك» — 10 كۈنلۈك ژۇرنال، 1927 - يىل 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى گۇاڭجۇدا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان، كۇڭ شىگېي (كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئاسىيسى) مەسئۇللۇقىدىكى «ئىنقىلابىي ئەدەبىيات تەھرىراتى» تۈزۈپ نەشر قىلغان. بۇ ژۇرنال «ئىنقىلابىي مەدەنىيەتنى تىرىشىپ تەشۋىق قىلىش» نى نىقاب قىلىپ، گومىنداڭنىڭ ئاق تېررورلۇقىغا ماسلىشىپ، كوممۇنىستىك پارتىيىگە ۋە خەلققە غالجىرلىق بىلەن ھۇجۇم قىلغان.

(36) ئىبسېن (Hbsen، 1828—1906) — نورۋېگىيە دراما يازغۇچىسى. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە بۇرژۇئا جەمئىيىتىنىڭ ساختا ۋە چاكىنىلىقىنى شىددەتلىك ھالدا تەنقىدلەپ، نىكاھ، ئائىلە ۋە جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان، «نورا»، «خەلق دۈشمىنى» دېگەن درامىلارنى يازغان.

(37) قارىيىچىلاپ ئوقۇش — قايتا - قايتا يادلاپ ئوقۇش.

(38) «مىنگو گېزىتى» — 1923 - يىلى گومىنداڭنىڭ گۇاڭجۇدا نەشر قىلغان گېزىتى. 1937 - يىلى «جۇڭشەن گېزىتى» گە ئۆزگەرتىلگەن. «خەلق ئاخباراتى» — 1925 - يىلى گومىنداڭچىلارنىڭ گۇاڭجۇدا





نەشر قىلغان گېزىتى، دەسلەپتە ئىنقىلابنى تەشۋىق قىلغان، «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن تىزگىنلىنىپ ئەكسىلئىنقىلابىي تەشۋىقات كانىيى بولۇپ قالغان.

(39) «نېمە قىلىش كېرەك» — ھەپتىلىك ژۇرنال، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى گۇاڭدۇڭ رايونلۇق كومىتېتى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى.

(40) بى لېي (1902—1927) — تەخەللۇسى جەنرۇ، سەنشى، خۇنەن چاڭشالىق، ئۆز ۋاقتىدا جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىنگلىز تىلى فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى گۇاڭدۇڭ رايونلۇق كومىتېتى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى بولغان. گۇاڭجۇدىكى «15 - ئاپرېل» ئەكسىلئىنقىلابىي ۋەقەدە قولغا ئېلىنىپ قۇربان بولغان.

(41) «ئۆسمۈر ئاۋانگارت» — 10 كۈنلۈك ژۇرنال، جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى گۇاڭدۇڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى، 1926 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان. لى ۋېيشىڭ قاتارلىقلار ئىلگىرى - ئاخىر باش مۇھەررىرى بولغان، گۇاڭجۇ «دۆلەت نۇرى» كىتابخانىسى تارقاتقان.

(42) CP — ئىنگلىزچە Communist دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى، يەنى كوممۇنىستىك پارتىيە، دېگەن سۆز.

(43) يۇ دافۇ (1896—1945) — جېجياڭ فۇياڭلىق، ھېكايە يازغۇچى، ئىجادىيەت تەھرىراتىنىڭ ئاساسلىق ئەزاسىنىڭ بىرى. ئۇ «كەلكۈن» نىڭ 3 - جىلد 29 - سانىدا (1927 - يىل 4 - ئاي) «نىشان بۇرالغان سەپەردە» نى ئېلان قىلىپ، بىرىنچى ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش — «جۇڭگودىكى ئومۇمىي خەلقنىڭ ئازادلىققا ئىنتىلىش ھەرىكىتى»، «ماركسنىڭ سىنىپىي كۈرەش نەزەرىيىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى»، «كۆز ئالدىمىزدىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتنى بۇزىدىغان ئەڭ زور خەۋپ»، «فېئودالىزم دەۋرىدىكى قەھرىمانلىق» دەپ ھېسابلىغان ھەمدە «بىر - ئىككى قەھرىمانغىلا تايىنىپ خەلق ئاممىسىغا يېتەكچىلىك قىلىش، خەلق ئاممىسىدىن پايدىلىنىش ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىش، ئىشنىڭ يولىنى ھەقىقىي بىلىدىغان ئىنقىلابىي رەھبەر ئاممىدىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمەسلىكى، ئاممىنىڭ پايدا - زىيىنىنى ئۆزىنىڭ پايدا - زىيىنى دەپ بىلىشى، ئاممىنىڭ دۈشمىنىنى ئۆزىنىڭ دۈشمىنى دەپ بىلىشى، ھەممە ئىشتا ئاممىنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇشى، ئاممىنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىشى لازىم. مۇبادا بىر - ئىككى قەھرىمان ئوتتۇرىغا چىقىپ، بۇنى گەپ ساتقانلىق دەيدىكەنسىلەر، ئۇ ھالدا ئۆزۈڭلار كۆرۈپ تۇرۇڭلاركى، سىلەرنىڭ مۇستەبىتلىك

قاتتىق بېسىم سىياسىتىڭلار قاچانغىچە داۋام قىلالايدىكەن قېنى» دەپ يازغان. بۇ سۆزلەر جياڭ جيېشىنىڭ شۇ چاغدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي گورۇھىغا قىلىنغان تەنقىد ئىدى، شۇڭلاشقا «مۇنداق يېزىش كېرەك»نىڭ 7 - ۋە 8 - قوشما سانى (1927 - يىل 6 - ئاي)غا كۇڭ شىيىڭنىڭ «يۇ دافۇ ئەپەندى، بەس قىلىڭ» دېگەن ماقالىسى بېسىلغان. ئۇ ماقالىدە يۇ دافۇغا: «يۇ دافۇ ئەپەندىنىڭ مۇقامى بىزنىڭ رىيازەت چېكىپ ئۇلۇغ خىزمەت كۆرسەتكەن يولدىشىمىز جياڭ جيېشىغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىچە ھۇجۇم قىلغان مۇقام، ئۇنى قانداقتۇر شەخسىي قەھرىمانلىق، ھاكىممۇتلەقلىق قىلىدىغان قاتتىق بېسىم سىياسىتى دەيدىغانلىقى خىيالىمىزغا كەلمىگەن، زادىلا خىيالىمىزغا كەلمىگەنىكەن»، «يۇ دافۇ ئەپەندى! سىز ھازىر كوممۇنىستىك پارتىيىگە قورال بولۇپ بەردىڭىزمۇ ياكى يۇقىرى مەنسەپكە چىقىش، بايلىق تېپىش مەقسىتىدە ۋۇخەنگە سوكۇلداپ بېرىپ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ تاپىنىنى ئالاھىدە يالىغىڭىز كېلىۋاتامدۇ؟» دەپ ھۇجۇم قىلىنغان.

(44) «كەلكۈن» — ئىجادىيەت تەھرىراتىنىڭ مەجمۇئەسى، 1924 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلىغان، دەسلەپتە ھەپتىلىك ژۇرنال بويىچە بىرلا سان نەشر قىلىنغان؛ 1925 - يىل 9 - ئايدا يېرىم ئايلىق ژۇرنالغا ئۆزگەرتىلگەن، 1927 - يىل 12 - ئايدا نەشردىن توختىتىلغان.

(45) «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» — رومان، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ساۋ شۆچىڭ يازغان. ئومۇملاشقان نۇسخىسى 120 باب، كېيىنكى 40 بابىنى گاۋ ئې داۋاملاشتۇرۇپ يازغان، دەپ قارالماقتا. نەزەرباغ — ئەسەردىكىلەرنىڭ پائالىيەت قىلىدىغان مەيدانى.

(46) جى شياۋلەن — جى يۈن (1724—1805)، تەخەللۇسى شياۋلەن، جىلىشيەن ناھىيىسىدىن (ھازىر خېبېيغا تەۋە)، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىياتچى، خاتىرە رومان يازغۇچى. ئۇنىڭ شاگىرتى شىڭ شيەن «ئاڭلاپ قويۇش كېرەك» سەرلەۋھىلىك ئەسىرىنىڭ «سۆز بېشى»دا، ئۇنىڭ «لياۋ جەي ھېكايىلىرى»گە ھۇجۇم قىلغان سۆزلىرى خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدا: «ئۇستازىم (جى يۈن كۆزدە تۇتۇلىدۇ) قەدىرلەپ دېدىكى، ‹لياۋجەي ھېكايىلىرى›نىڭ بىر زامان كەڭ تارقالغانلىقى ھېكايىنى يازغۇچىنىڭ قەلەم قۇۋۋىتىدىن بولغان ئەمەس، بەلكى ئۆلىمالىقتىن بولغان… كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىنى ھېكايىدە بايان قىلغان، ۋەقەلىكنى تەسۋىرلىگەندىمۇ ئويۇن - تىياتىرلاردا ۋەقەلىكنى خالىغانچە ياساپ، پەردازلىغاندەك قىلمىغان… كىشىگە يېقىنچىلىق قىلىش سۆزلىرى، پەسكەشلىكنى ئوخشىتىشلىرى خۇددى راست بولغان ئىشتەك تولىمۇ ئىنچىكە سۈرەتلەنگەن. بۇلارنى ئۆز كەچۈرمىشلىرىدىن سۆزلىگەن دەيلى دېسەك، ئۇنداق پەسكەشلىكنى





ئۆزى سۆزلەپ بېرىدىغان ئىش بولمايدۇ. ئاپتور شۇنداق قىلغۇچىنىڭ ئورنىدا سۆزلىگەن دەيلى دېسەك، بۇ ۋەقەنى نەدە كۆرۈپ، نەدە ئاڭلىغانلىقىنى چۈشەندۈرمىگەن» دېيىلگەن. پۇ ليۇشەن— پۇ سۇڭلىن (1640—1715)، تەخەللۇسى ليۇشەن، شەندۇڭ زىچۇەنلىك (ھازىرقى زىبو)، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھېكايە يازغۇچى، «لياۋجەي ھېكايىلىرى» ئۇنىڭ ھېكايىلەر توپلىمى.

(47) جى شياۋلەن ئۆزىنىڭ بىر ئەسىرىدە بىر ئوقۇمۇشلۇق كىشىنى جىن - شەيتاننىڭ مازاق قىلغانلىقى توغرىسىدا باشقىلارنىڭ سۆزلەپ بەرگەن چۆچەكنى خاتىرىلىگەن، ئاخىرىدا: «مەن: بۇ، ئۇستازىمنىڭ ئويىنىشىپ ئولتۇرۇپ يازغان مەسەلى، بۇنىڭدىكى سۆزنى ئۆز قۇلىقى بىلەنمۇ ئاڭلىمىغان، ئاڭلىغان باشقا بىراۋمۇ يوق، ئەجەبا ئوقۇمۇشلۇق ئادەمنى جىن - شەيتان مازاق ئەتسە، باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىشنى خالاپتىغۇ، دېسەم، ئۇستازىم ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ: تۇخۇمەك دەرىخىنىڭ تۇۋىدىن كىچىك بوغىنى قوغلىۋەتكەنلىكىنى خۇڭ لياڭخۇنىڭ چۈشىدە جېدەل قىلغانلىقىنى كىم ئاڭلاپتۇ، دېدى» دەپ يازغان. «خۇڭ لياڭخۇنىڭ چۈشىدە جېدەل قىلىشى» توغرىسىدا «زو چيۇمىڭ يىلنامىسى»دە مۇنداق خاتىرىلەر بار: ئەيگۇڭنىڭ 17 - يىلى «(كۈز. 7 - ئاي) ۋېي بېگى شىمالىي ئوردىدا چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە بىر ئادەمنىڭ گۈمبەز ئۈستىگە چىقىپ، چاچلىرى پاخپىيىپ تۇرغان ھالدا شىمال تەرەپكە قاراپ، گۈمبەزنىڭ چوققىسىغا چىقساڭ ھەممە يەردە ئۇنىگەن كاۋىنى كۆرىسەن، مەن بولسام خۇڭ لياڭخۇ، بىگۇناھ ئۆتكەنمەن، دەپ ۋارقىراۋاتقىنىنى كۆرۈپتۇ». خۇڭ لياڭخۇ ئەسلىدە ۋېي بېگىنىڭ ۋەزىرى بولۇپ، شۇ يىلى ئەتىيازدا ۋېي بەگزادىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. شۇڭا، كىتابتا ۋېي بېگى چۈشىدە ئۇنىڭ چاچلىرى پاخپايغان ھالدا ۋارقىراۋاتقانلىقىنى كۆردى، دېيىلگەن. «زو چيۇمىڭ يىلنامىسى» — «يىلنامە»نى تارىخىي پاكىتلار بىلەن چۈشەندۈرىدىغان كىتاب بولۇپ، بۇ كىتابنى ئەمىنىيە دەۋرىدىكى زو چيۇمىڭنىڭ يازغانلىقى رىۋايەت قىلىنىپ كەلمەكتە.

(48) «لىن دەييۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى» — «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»تىكى لىن دەييۇنىڭ سۆزىگە يالغاندىن مىسال قىلىپ تۇرۇپ يازغان كۈندىلىك خاتىرە شەكلىدىكى بىر ھېكايە، يۇ شۆلۈن يازغان، چاكىنا پەسكەش مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن. 1918 - يىلى شاڭخەي «ئامىدباب» نەشرىياتى نەشر قىلغان.

(49) «بەنچياۋنىڭ ئائىلە مەكتۇپلىرى» — چىڭ دەۋرىدىكى جېڭ شيې يازغان. جېڭ شيې (1693—1765) — تەخەللۇسى كېرۇ، لەقىمى بەنچياۋ، جياڭسۇ شىڭخۇالىق، ئەدىب ھەم رەسسام، ئۇنىڭ «ئائىلە مەكتۇپلىرى»گە

10 پارچە مەكتۇپ ئېلىنغان.

(50) «يۈمەنتاڭ ھۇجرىسى خاتىرىلىرى» — چىڭ دەۋرىدىكى لى سىمىننىڭ ئەسىرى، 1920 - يىلى تىجارەت باسمىخانىسى سۇرەتكە ئېلىنغان نۇسخىسى بويىچە نەشر قىلغان.

(51) خې چياۋ (1661—1722) — تەخەللۇسى چىجيەن، جياڭسۇ چاڭجۇ (ھازىرقى سۇجۇ) لۇق، چىڭ دەۋرىدىكى تەتقىقاتچى، كاڭشى زامانىسىدا مۇھەررىرلىككە كۆتۈرۈلگەن، مەلۇم سەۋەبتىن قاماققا ئېلىنغان؛ ئۇنىڭ توپلاپ ساقلىغان كىتابلىرى (جۈملىدىن ئۆزى يازغان ئەسەرلەر) پۈتۈنلەي مۇسادىرە قىلىنغان. كاڭشى خان بۇ كىتابلارنى ئۆزى بىۋاستە تەكشۈرۈپ، جىنايەت ئىسپاتى تېپىلمىغاچقا، گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلغان ھەمدە مۇسادىرە قىلغان كىتابلارنى قايتۇرۇپ بەرگەن.

(52) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1927 - يىل 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى شاڭخەيدە نەشر قىلىنغان «تىل رىشتىسى» نىڭ 4 - جىلد 1 - سانىغا بېسىلغان.

(53) بەي شېڭ — سۈن فۇيۈەن (1894—1966)، جېجياڭ شاۋشىڭلىق، بېيجىڭ «تاڭ گېزىتى قوشۇمچە سانى» نىڭ، «بېيجىڭ گېزىتى قوشۇمچە سانى» نىڭ ۋە «تىل رىشتىسى» نىڭ مۇھەررىرى بولغان، شۇ چاغدا شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلەيتتى.

(54) ئەي ئېر — لى يۈئەن، «تىل رىشتىسى» غا، «دەشت - باياۋان» غا ماقالە يازغۇچى. 1926 - يىلى گۇاڭجۇ جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا خىزمەتچى بولغان، ئۇزاق ئۆتمەي خىزمەتتىن ئايرىلغان.

(55) ھەيئەت ئەزاسى K — گۇ مېنيۇ، گومىنداڭچى سىياسەتۋاز، شۇ چاغدا جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتى ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان.

(56) بلوك (1880—1921، A. A. Blok) — سوۋېت ئىتتىپاقى شائىرى، «ئون ئىككى» — ئۇنىڭ 1918 - يىلى يازغان، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان داستانى. بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆز ئەسلىدە نادىردا پاۋلوۋىچنىڭ «بلوكنى ئەسلەيمەن» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدىن چىققان. بۇ ماقالە «سۇمۇرغ، ئەدەبىيات - سەنئەت، پەن ۋە پەلسەپە جەھەتتىكى ماقالىلەر توپلىمى» دا بولۇپ، بۇ توپلامنىڭ بىرىنچى قىسمى 1922 - يىلى موسكۋا «گۈلخان» نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان.

(57) شى يى، يەنى لياڭ شى، گۇاڭدۇڭ تەيشەنلىك، شۇ چاغلاردا گۇاڭجۇدىكى «خەلق ئاخباراتى» ژۇرنىلىنىڭ قوشۇمچە سانى «يېڭى دەۋر» نىڭ مۇھەررىرى بولغان، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە خائىن بولۇپ كەتكەن. بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن ماقالە ئۇنىڭ «لۇشۈن ئەپەندى چايخانىدا» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىنغان.





(58) تەييەن جانابلىرى — جاڭ بىڭلىڭ (1868—1936)، تەخەللۇسى تەييەن، جېجياڭ يۇخاڭلىق، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئىنقىلابچى ۋە ئالىم. ئاپتور ياپونىيىدە ئوقۇغاندا، ئۇنىڭ «ھەرپلەر ھەققىدە چۈشەنچە» دېگەن دەرسىنى ئاڭلىغان. «يېڭى مەھەللى شېۋىلەر» — جاڭ تەييەننىڭ تىل - يېزىق توغرىسىدىكى ئەسەرلىرىنىڭ بىرى، جەمئىي 11 توم، ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا «تاغنىڭ نېرىسىدىكى ئۈچ ئارال ھەققىدە» دېگەن بىر تومى «جاڭ جانابلىرى مەجمۇئەسى» گە كىرگۈزۈلگەن.

(59) بۇ يەردە «شاڭخەي بىلەن نەنجىڭنىڭ قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى تەبرىكلەشنىڭ ئۇياقىدا» دېگەن ماقالە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(60) ماخايانا — مىلادىيە I — II ئەسىرلەردە شەكىللەنگەن بۇددا مەزھىپى. بۇ مەزھەپتىكىلەر «جىمى مەخلۇقنى قۇتقۇزۇش» نى تەشەببۇس قىلىدۇ؛ ھەممە ئادەمنىڭ بۇددا بولۇشىنى، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرۈشنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

(61) قەغەز تاجى — گاۋ چاڭخۇڭ «قۇيۇن» نىڭ 5 - سانى (1926 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى) دىكى «1925 - يىلى بېيجىڭ مەتبەئە ساھەسىنىڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە لۇشۈنگە ھۇجۇم قىلىپ: «ئەمەلىي قارشى چىققۇچى يىغا - زار ئىچىدە مەكتەپتىن زورلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن... لۇشۈن نوپۇزلۇقلارغا خاس قەغەز تاجىنى كىيىپ ئاغرىققا گىرىپتار بولدى!» دېگەن.

(62) «جۇڭگودا ئەدەبىيات مۇنبىرىنىڭ ئۇلىنى بىرلا ئۆزى ئورناتقان» — بۇ، يېڭى ئاي كىتابخانىسىنىڭ شۈي جىمونى كۆككە كۆتۈرگەن سۆزى. 1927 - يىل ئەتىيازدا، مەزكۇر كىتابخانا قۇرۇلغاندا، «ئىش باشلاشنى خاتىرىلەش ژۇرنىلى» دىكى «بىرىنچى تۈركۈم نەشر قىلىنغان يېڭى كىتابلار خەۋىرى» دە، شۈي جىمونىڭ شېئىرلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇنى «ئەدەبىيات مۇنبىرىگە بىرلا ئۆزى ئاساس سالغان» دەپ يازغان.

(63) سۈڭ يۈنبىڭ (1879—1979) — جېجياڭ نىڭخەيلىك، يازغۇچى، شۇ چاغدا «خۇاڭپۇ گېزىتى» نىڭ مۇھەررىرى بولغان.

(64) رادېك (1885 — ? K. B. Радик) — دەسلەپتە سوۋېت پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ھەرىكىتىگە قاتناشقان سىياسىي ئەنزارچى، 1937 - يىلى «سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئاغدۇرۇش سۇيىقەستىدە بولغان» دېگەن جىنايەت بىلەن سوتلانغان.

(65) ئېسېنىن (1895—1925 C. A. ECEHNH) — سوۋېت ئىتتىپاقى شائىرى، ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى ئاستىدىكى يېزا تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەپ لىرىك شېئىر يېزىشتا داڭ چىقارغان، ئەسەرلىرىدىن غەمكىنلىك مۇقامى چىقىپ تۇرىدۇ، بۇرژۇئا تەسەۋۋۇرچى ئەدەبىيات گۇرۇھىغا قاتناشقان، ئۆك-

تەبىر ئىنقىلابىدا، ئىنقىلابقا تەلمۈرۈپ، ئىنقىلابنى مەدھىيىلەيدىغان شېئىرلارنى، مەسىلەن، «سوۋېت روسىيىسى» قاتارلىقلارنى يازغان. لېكىن، ئۇ كونا زاماندىكى سەھرا تۇرمۇشىدىن ئۈمىد ئۈزەلمەي، ئىنقىلاب پەيدا قىلغان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشكە نارازى بولۇپ، ئاخىر ئۆلۈۋالغان.

(66) سوبول (1888—1926 . A. M. СОБОЛЪ) — سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ھەمراھ» يازغۇچىسى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ئىنقىلابقا يېقىنلاشقان بولسىمۇ، ئۆزۈمچىلىك دۇنيا قارىشىنى يېڭەلمەي، ئاخىر ئۆلۈۋالغان.

(67) «ماكانسىز سەنئەتچى» — لىۋ يىشىڭ تەرجىمە قىلغان ئەسەر، «جۇڭگو ياشلىرى» نىڭ 6 - جىلد 20 - ۋە 21 - قوشما سانىغا (1926 - يىل 12 - ئاي) بېسىلغان.

(68) مەزكۇر ماقالە بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلۈشتىن بۇرۇن، گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنمىغان.

گۇ جيېگاڭ — جياڭسۇنىڭ ۋۇشەن ناھىيىسىدىن، تارىخشۇناس، 1926 - يىلى ئاپتور بىلەن بىللە شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1926 - يىلى ئاپتور گۇاڭجۇغا بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇمۇ جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۇ شۇ يىلى يازلىق تەتىلدە مەكتەپكە كىتاب سېتىۋېلىش ئۈچۈن خاڭجۇغا بارغان.

1927 - يىل 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى خەنكۇ «مەركەز گېزىتى» نىڭ 48 - قوشۇمچە سانىدا مۇھەررىر سۇن فۇيۈەنىنىڭ «لۇشۈن ئەپەندى گۇاڭدۇڭ جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىدىن كەتمەكچى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. بۇ ماقالىدە شيې يۇشېڭ ۋە لۇشۈننىڭ مۇھەررىرگە يازغان ئىككى پارچە خېتى نەقىل كەلتۈرۈلگەن. شيې يۇشېڭ بۇ خەتتە: «ئۇستازىم لۇشۈن مۇشۇ ئاينىڭ 20 - كۈنى جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بارلىق ۋەزىپىسىدىن پۈتۈنلەي ئىستېپا بەردى. مەكتەپ ھەيئىتى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۇستازىم لۇشۈننى مەكتەپتە ئېلىپ قېلىشقا جىددىي كىرىشمەكتە. لېكىن، ئۇستازىم لۇشۈن كېتىشكە قەتئىي بەل باغلىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئېلىپ قېلىشقا ھەققەتەن مۇمكىن بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇستازىم لۇشۈننىڭ بۇ قېتىم ئىستېپا بېرىشى، مۇشۇ ئاينىڭ 18 - كۈنى گۇ جيېگاڭنىڭ شيامېندىن ئۇشتۇمتۇتلا كېلىپ پروفېسسور بولۇپ قالغانلىقىدىن بولدى. ئۇنىڭ كېلىشى بىلەنلا ئۇستازىمنىڭ ئىستېپا بەرگەنلىكى ئۇستازىمنىڭ گۇ جيېگاڭ بىلەن ھەمكارلاشمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەسلىدە گۇ جېگاڭ بۇلتۇر شيامېندا ھەدەپ پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ ئۇستازىم لۇشۈننى قارىلىغانىدى، شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا غوۋغا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ گۇ جيېگاڭ يەنە لىن يۇتاڭ ئەپەندىدىن يۈز ئۆرۈپ، لىن ۋېنچىڭغا مەسلىھەتچى بولۇپ، جاڭ شىڭلاڭ، جاڭ





يى، خۇاڭ كەيزۇڭ قاتارلىقلار بىلەن تىلنى بىر قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېتىش تەرەپدارى بولغان؛ مەكتەپتىن چىقىرىۋەتكەن ئوقۇغۇچىلار تا ھازىرغىچە ماكانسىز قېلىۋاتىدۇ. بۇ، ئۇستازىم لۇشۈن ئۈچۈن ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئىش بولغان» دەپ يازغان. لۇشۈن ئۆز خېتىدە: «شيامېندا ئىنقىلابچىلارغا قارشى شۇنچە غۇلغۇلا كۆتۈرۈپ، بىرمۇنچە كەڭ قورساق ئادەمنىڭ غەزىپىنى ئۆرلىتىپ كەلگەن گۇ جيېگاڭنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ پروفېسسور بولىدىغانلىقى ھەققەتەن خىيالىمغىمۇ كەچمەپتىكەن. ئۇ كەلگەنىكەن، بۇ يەرنىڭ ئەھۋالى شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكىگە ئوخشاش بولماي قالمايدۇ. جىگەرلىك، قەيسەر كەلگەنلەرنى مەكتەپتىن قوغلايدۇ، ئىسلاھاتنى ياقلىغۇچىلارنى مەكتەپتىن بوشىتىۋېتىدۇ. مېنىڭچە، مېنىڭ ئەھۋالىم شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكىچىلىكمۇ بولالماسلىقى ئېھتىمال. مېنىڭ تەسىراتىم ئەنە شۇ. ئالدىنقى پەيشەنبە كۈنى بارلىق ۋەزىپىلىرىمدىن ئىستېپا بېرىپ، جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئايرىلىپ چىقتىم» دېگەن.

(69) شيې ئەپەندى — شيې يۇشېڭ، خۇنەن لەيياڭلىق، ئاپتورنىڭ شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ۋە جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان چېغىدىكى ئوقۇغۇچىسى.

(70) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1927 - يىل 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بېيجىڭ «تىل رىشتىسى» ژۇرنىلىنىڭ 148 - سانىغا بېسىلغان.

(71) «ئاددىي پۇقرالار ھەپتىلىك سەھىپىسى» — يەنى «خەلق ئەدەبىيات - سەنئىتى»، «بېيجىڭ گېزىتى» نىڭ ھەپتىلىك قوشۇمچە سانى، 1924 - يىل 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان. لۇشۈن بۇ سەھىپىگە ماقالە يېزىپ بەرگەن ۋە ئۇنىڭ 1 - سانىدىن 16 - سانىغىچە بەزى ماقالىلىرىنى كۆرۈپ بەرگەن.

بىر مەھبۇسنىڭ بايانى — يەنى «بىر جىنايەتچىنىڭ ئېيتقانلىرى» دېگەن ماقالىگە لۇشۈن ئىلاۋە بەرگەن ۋە ئۇنى «خەلق ئەدەبىيات - سەنئىتى» نىڭ 20 - سانىدا ئېلان قىلغان (1925 - يىل 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى): كېيىن «توپلام سىرتىدىكى توپلامدىن تەرمىلەر» گە كىرگۈزۈلگەن.

(72) لومبروسو (1909—1936) — ئىتالىيە نېرۋا كېسەللىكى ئالىمى. ئۇ: «جىنايەت سادىر قىلىش» ئىنسان پەيدا بولغاندىن بۇيان ئىرسىيەت بولۇپ كەلگەن ئىش، «تۇغما جىنايەت سادىر قىلغۇچى» غا ئۆلۈم جازاسى بېرىش، ئۇلارنى ئىنسانلار ئارىسىدىن ئۆمۈر بويى ئايرىپ تاشلاش، جىنسىي ئەزاسىنى يوق قىلىۋېتىش كېرەك، شۇ يول بىلەن «جەمئىيەتنى قوغداش» كېرەك، دەپ تەشەببۇس قىلغان. ئۇ «تالانت ھەققىدە»، «جىنايەتچى توغرىسىدا» دېگەن ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ تەلىماتىنى ئۆز ۋاقتىدا گېرمانىيە فاشىزمى قوللانغانىدى.

(73) «دەۋر گېزىتى» — شياڭگاڭدا نەشر قىلىنغان خەنزۇچە گېزىت، 1874 - يىلى ۋاڭ تاۋ تەسىس قىلغان، تەخمىنەن 1947 - يىلى نەشردىن توختىغان.

(74) رۇەن جانابلىرىنىڭ «نەزمە ۋە خاتىرە»لىرى — بۇ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، رۇەن فۇ ئۆز ئاتىسى رۇەن يۈەننىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن يازغان ئەسەر. رۇەن فۇ: «ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدىغان ئىبارىلەر ۋە ئۇنىڭ قاپىيىلىك كەلگەنلىرى نەزمە بولىدۇ»، «ئەدەبىي تۈسى بولمىغان، توغرىدىن - توغرا تەسۋىرلەپ يېزىلغانلىرى خاتىرە بولىدۇ» دەپ ھېسابلىغان.

(75) چېن شېنىڭ يىپەك پۈتۈكلىرى — چېن شېڭ (؟ — مىلادىيىدىن 208 يىل بۇرۇن) يەنە بىر ئىسمى چېن شې، ياڭچېڭلىق (بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسى دېڭفېڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبى)، جىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يول باشچىسى. چىن خانىدانلىقىنىڭ پادىشاھى II تەختكە چىققان يىلى (مىلادىيىدىن 209 يىل ئىلگىرى) ئۇ ۋۇ گۇاڭ بىلەن بىرلىكتە يۈياڭنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن. بۇلار چىشيەن ناھىيىسىنىڭ دازېي يېزىسىغا يېتىپ كەلگەندە (بۈگۈنكى ئەنخۇي ئۆلكىسى شۇشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبى) يامغۇر يېغىپ قېلىپ يېتىپ بېرىش مۇددىتى كېچىككەن. بۇنىڭغا چىن زامانىسىنىڭ قانۇنى بويىچە بولغاندا ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى، شۇڭا ئۇلار تۇغ كۆتۈرۈپ قوزغىلاڭغا ئاتلانغان. «تارىخنامە. چېن شېنىڭ كەچۈرمىشلىرى»دىن قارىغاندا، قوزغىلاڭغا ئاتلىنىش ھارپىسىدا «قىزىل شايىغا چېن شېڭ پادىشاھ بولىدۇ دەپ يېزىپ، ئۇنى بېلىقنىڭ قارنىغا تىقتۇرۇپ قويغان».

(76) گۈرۈچ دۇئاگويلىرىنىڭ بېغىشلىما سۆزى — «شەرقىي خەن كىتابى. ليۇ يەننىڭ تەرجىمىھالى»دىن قارىغاندا، شەرقىي خەن زامانىدىكى جاڭ لىڭ «شۈن دى خان زامانىدا سىچۈەندە تۇرۇپ قالغان. ئۇ خېمىنشەن تېغىدا دەرۋىشلىك قىلىپ، تۇمار پۈتۈپ، پۇقرالارنى قايمۇقتۇرغان. ئۇنىڭغا مۇخلىس بولغۇچىلار ئۆز يېنىدىن بەش چارەك گۈرۈچ چىقارغان، شۇڭا «ئۇلار گۈرۈچ قاراقچىلىرى» دەپ ئاتالغان. كېيىن جاڭ لىڭ «جاڭ ئەۋلىيا» دەپ ھۆرمەتلەنگەن ھەمدە داجياۋ دىنىنى ياراتقۇچى دەپ ئېتىقاد قىلىنغان. ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى پال باققۇچىلارغا ئوخشاش، قەغەز ياكى لاتىغا خەتكە ئوخشا - ئوخشىماس سىزىقلارنى سىزىپ، بۇنىڭ بىلەن «دۇئا - تەكبىر» قىلغان» «كېسەل داۋالىغان» «جىن - شەيتانلارنى قاچۇرغان».

(77) بوكسچىلارنىڭ تەشۋىق ۋەرەقىلىرى — XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، جاھانگىرلىككە قارشى ۋەتەنپەرۋەرلەر تەشكىلاتى بولغان بوكسچىلار





تەشكىلاتىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرى قويۇق خۇراپاتلىق تۈس ئالغان، ئۇلار بەزى بايانات، تەشۋىق ۋەرەقىلىرىدە ئىلاھتىن ۋە ئاپەتتىن پايدىلىنىپ ئاممىغا چاقىرىق قىلغان، مەسىلەن، «ئوقۇپ ئەپسۇننى، ئۆگىنىپ ئايەتنى، كۆيدۈرۈپ تۇمارنى، سېلىپ ئىسرىقنى، تەكلىپ قىلىمىز ھەممە ياقتىن پەرىشتە، ئەۋلىيانى. پەرىشتە چىقسا غاردىن، ئەۋلىيا چۈشسە تاغدىن، ئەلگە بېرەر مەدەت، ئۆگىتەر چامباشچىلىق ماھارەت. ئىگىلەپ ئۇرۇش تاكتىكىسىنى، پىششىقلاپ چامباشچىلىقنى، گۇم قىلىشقا تەس كەلمەيدۇ دۈشمەن - ئالۋاستىلارنى.»

(78) بۇ ئەسەر دەسلەپتە 1927 - يىل 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «تىل رىشتىسى» نىڭ 156 - سانىغا بېسىلغان.

(79) CF يىگىت — لى شياۋفېن (1897—1971)، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ جياڭيىن دېگەن يېرىدىن، ئۆز ۋاقتىدا «شىمال يېڭىلىقلىرى» كىتابخانىسىنىڭ مەسئۇلى بولغان. بۇ كىتابخانا ئافرىقىلىق شىرىندىر (Olive Schiner) نىڭ ئەسىرى «چۈش» نىڭ تەرجىمە نۇسخىسىنى نەشر قىلغان. تەرجىمان جاڭ جېڭفېڭنىڭ ئىمزاسى «CF قىز» ئىدى. بۇ يەردە لۇشۈن لى شياۋفېنغا يىگىت، دەپ چاقچاق قىلغان.

(80) «قەدىمكى زاماندىكى ۋاپادار باللار ھەققىدە رىۋايەتلەر» — چىڭ دەۋرىدىكى ما پەنلىننىڭ ليۇ شياڭ، شاۋ گۇاڭجى، ۋاڭ شىڭ، ۋاڭ شياۋجى، جۇ جىڭشى، شى جياۋشۇ، سۇڭ گۇڭ، يۈ پەنيۇ ۋە جىن جى قاتارلىقلار قولىدىن تارقىلىپ كەتكەن «ۋاپادار باللار ھەققىدە رىۋايەتلەر» توپلاپ نەشر قىلىنغان كىتاب.

(81) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1927 - يىل 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «تىل رىشتىسى» نىڭ 156 - سانىغا مۇھەررىرگە يېزىلغان خەت شەكلىدە «كەلگەن خەت - چەكلەرنى ئېلان قىلىش» ئىستونىغا بېسىلغان، سەرلەۋھەسىنى مۇھەررىر مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈشتە قوشۇپ قويغان.

(82) مەرىپەت سەردارى، ساھىبكامال، ئەۋلىيايىئەزەم، پىرمۇقەددەم — بۇ، فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ كۇڭچيۇغا بەرگەن سۈپەتلىرى. تاڭ دەۋرىدىكى كەييۈەننىڭ 27 - يىلى (مىلادىيىنىڭ 739 - يىلى) كۇڭچيۇغا مەرىپەت سەردارى، دېگەن سۈپەتنى بەرگەن؛ كېيىن سۇڭ، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرىمۇ تۈرلۈك سۈپەتلەرنى بەرگەن؛ چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈنجى 2 - يىلى (مىلادىيىنىڭ 1645 - يىلى) يەنە «ساھىبكامال، ئەۋلىيايىئەزەم، مەرىپەت سەردارى، پىرمۇقەددەم» دېگەن سۈپەتنى بەرگەن.

(83) شەرقىي قوشنا — ياپونىيە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ياپونىيىدە مېيجى دەۋرىدىكى يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتىدىن كېيىن، بەزىلەر «مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى» تەشكىللەپ كۇڭزى مەزھىپىگە ئەمەل قىلغان.

(84) «يىلنامە» — يىل تۈزۈلمىسى بويىچە رەتلەنگەن يىلنامە، كۇڭچيۇ لۇ بەگلىكىدىكى تارىخچى ئەمەلدارلار تۈزگەن «يىلنامە» گە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىققان. جازالاپ چى بەگلىكىدىكى تيەنخېڭنى — «چۈنچيۇ يىللىرىدىكى زو چيۇمىڭنىڭ يىلنامىسى» دە يېزىلغان ئەيگۇڭنىڭ 14 - يىلىدىكى خاتىرىگە قارىغاندا: «چى بەگلىكىدىكى چېن خېڭ شۇيجۇدا ئۆز پادىشاھىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، كۇڭچيۇ ئۈچ كۈن پەرز تۇتۇپ، پادىشاھتىن چى بەگلىكىگە جازا يۈرۈشى قىلىشنى تەلەپ قىلغان». چېن خېڭ، يەنى تيەن خېڭ. ئۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 485 - يىلى چى بەگلىكىنىڭ پادىشاھى جيەن گۇڭنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، كۇڭچيۇ ئۇنى يۇرت بۇزۇقى ھېسابلاپ، ئەيگۇڭدىن ئۇنى ئەسكەر ئەۋەتىپ جازا يۈرۈشى قىلىشنى كەسكىن تەلەپ قىلغان.

(85) گۇم قىلىپ ئۈچ قەلئەنى، ئۆتكۈزۈۋالدى قوراللىق كۈچلىرىنى — «تارىخنامە. كۇڭزى تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە: كۇڭچيۇ لۇ بەگلىكىدە زىندانبېگى بولۇپ تۇرغىنىدا، مېڭ سۇن، شۇسۇن ۋە جى سۇنلارنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا ئېلىۋېلىپ، ئۆز ئالدىغا قەلئە قۇرۇپ، خۇددى بىر دۆلەتتەك ئەلپازدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، لۇ بېگى دىڭگۇڭغا: «مۇلازىملاردا خۇسۇسىي قورال كۈچى بولمىسىكەن. تۆرىلەردە 100 كۇنگۇرىلىك قەلئە بولمىسىكەن» دەپ مەسلىھەت بەرگەن ھەمدە جۇڭيۇنى (كۇڭچيۇنىڭ شاگىرتى زىلۇ) جى سۇننىڭ ۋەزىرى بولۇشقا ئەۋەتىپ، ئۈچ قەلئەنى گۇم قىلدۇرۇشقا كىرىشكەن. نەتىجىدە، شۇ سۇننىڭ قەلئەسى بىلەن جى سۇننىڭ قەلئەسىنى خاراب قىلىۋەتكەن.

(86) قەتلى قىلىپ شاۋ جېڭماۋنى — «تارىخنامە . كۇڭزى تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە: لۇ بەگلىكىدە دىڭگۇڭنىڭ 14 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 497 - يىلى) كۇڭچيۇ لۇ بەگلىكىدە زىندانبېگى سۈپىتى بىلەن باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغان… شۇنىڭ بىلەن لۇ بەگلىكىدىكى ئاقسۆڭەك سىياسىي بۇزغۇنچى شاۋ جېڭماۋنى ئۆلتۈرگەن.

(87) ئوغۇللار مۇزەككەر تۈپەيلى قەيسەر بولۇر؛ قىزلار مۇئەننەس تۈپەيلى مۆمىن بولۇر — «جۇ زامانىدىكى پالچىلىق ئىبارىلىرى» دە: «مۇزەككەر يولى بىلەن ئوغۇللار قەيسەر بولۇر، مۇئەننەس يولى بىلەن قىزلار مۆمىن بولۇر» دېيىلگەن. شۇ كىتابتىكى «رەمباللىق توغرىسىدا» دا يەنە: «مۇزەككەر — ساغلاملىق دېمەكتۇر؛ مۇئەننەس — ئىتائەتچانلىق دېمەكتۇر» دېيىلگەن.

(88) زىيۇ، يەنى مىڭ كې. ئۇنىڭ بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆزى «مېڭزى. تىڭ ۋېنگۇڭ ھەززەتلىرى» دىن ئېلىنغان: «ياڭ بىلەن مونى سۆز بىلەن رەت قىلالىغانلار پەيغەمبەرنىڭ مۇخلىسى بولىدۇ» دېيىل-





گەن. ياڭ بىلەن مو — ياڭ جۇ ۋە موزې.

(89) «كۇڭزىنىڭ نەنزى بىلەن كۆرۈشۈشى» — «مۇھاكىمە ۋە بايان. رەن يۇڭ» دا: «كۇڭزى بىلەن نەنزى كۆرۈشۈشتىلەر. زىلۇ بۇنىڭدىن رەنجىدىلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇستازىم كۇڭزى 〈مەن توغرا قىلمىغان بولسام، تەڭرىمنىڭ قارغىشىغا قالغايمەن! تەڭرىنىڭ قارغىشىغا قالغايمەن!〉 دەپ قەسەم قىلدىلەر» دەپ يېزىلغان. نەنزى — چۈنچيۇ دەۋرىدىكى ۋېي بېگى لىڭگۇڭنىڭ خوتۇنى.

(90) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1927 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى «تىل رىشتىسى» نىڭ 4 - جىلد 3 - سانىغا بېسىلغان.

(91) چى مىڭ — يەنى جۇ زورېن (1885—1967)، جېجياڭ شاۋشىڭلىق، «تىل رىشتىسى» نىڭ مۇھەررىرى ۋە ئاساسلىق ماقالە يازغۇچىلارنىڭ بىرى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە خائىن بولۇپ كەتكەن.

(92) خائىنلار سەردارى — لۇشۈن كۆزدە تۇتۇلغان. 1925 - يىل 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «دەشت - باياۋان» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ 20 - سانىغا مېي جياڭنىڭ لۇشۈنگە يازغان خېتى بېسىلغان. ئۇنىڭدا «ياش خائىنلارنىڭ يول باشچىسى» دېگەن سۆز بار. چېن شيىڭ 1926 - يىل 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى «تاڭ گېزىتى قوشۇمچە سانى» غا بېسىلغان «جىمۇغا» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە لۇشۈن «ياش خائىنلارنىڭ سەردارى» بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەس، دېگەن.

(93) «بايراق ھىمايىچىلىرى» — دۆلەتپەرەسلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار شىمالىي مىلىتارىستلارنى ھىمايە قىلىپ ئىنقىلابقا قارشى تۇرغان، بەش رەڭلىك بايراقنى ئاسرايدىغان «بايراق ھىمايە قىلىش ھەرىكىتى» نى قوزغىغان. بەش رەڭ — بەش رەڭلىك بايراق كۆزدە تۇتۇلغان، 1911 - يىلدىن 1927 - يىلغىچە بولغان جۇڭخۇا مىنگونىڭ دۆلەت بايرىقى قىزىل، سېرىق، كۆك، ئاق ۋە قارا رەڭدىن تەركىب تاپقان.

(94) «قۇيۇن» — ئەدەبىيات ھەپتىلىك ژۇرنىلى، «قۇيۇن» تەھرىراتىدىكى گاۋ چاڭخۇڭ قاتارلىقلارنىڭ تەھرىرلىكىدە نەشر قىلىنغان، 1929 - يىل 10 - ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلىغان، 1927 - يىل 1 - ئايغىچە نۇرلۇق جۇڭگو نەشرىياتى 17 سان نەشر قىلغان.

(95) يەنشېڭ — يەنى چاڭ يەنشېڭ، شەنشى يۇسىلىق، دۆلەتپەرەس، ئۆز ۋاقتىدا «قۇيۇن» تەھرىراتىغا قاتناشقان.

(96) «ئىدىيە ساھەسىدىكى نوپۇز ئىگىسى» — 1925 - يىل 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى بېيجىڭ «خەلق گېزىتى»، «بېيجىڭ گېزىتى»، «تاڭ گېزىتى» سەھىپىلىرىگە ئېلان چىقىرىپ، «جۇڭگونىڭ ئىدىيە ساھەسىدىكى



نوپۇز ئىگىسى لۇشۈن… ئەپەندىلەرنىڭ قوشۇمچە سانىغا ھەر ۋاقىت ماقالە
يېزىپ بېرىشىنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلدۇق» دېگەن، كېيىن بەزىلەر مۇشۇ
نامىنى نەقىل كەلتۈرۈپ لۇشۈننى مەسخىرە قىلغان.

(97) چاڭخۇڭ — يەنى گاۋ چاڭخۇڭ، شەنشى يۈشەن ناھىيىلىك،
«قۇيۇن» تەھرىراتىنىڭ ئاساسلىق ئەزاسى. ئۇ بىر زامانلاردا لۇشۈنگە يېقىن-
لىشىپ يۈرگەن، ئۇزۇن ئۆتمەي، لۇشۈنگە خالىغىنىچە ھۇجۇم ۋە بوھتان
قىلغان.

(98) دىنسىزلار ئۇلۇغ ئىتتىپاقى — بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق
جايلاردا قۇرۇلغان «خرىستىئان دىنىدا بولمىغان ئوقۇغۇچىلار ئىتتىپاقى»
كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ جۇڭگو سوتسىيالىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەر-
لىكىدە 1922 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شاڭخەيدىكى «باشلامچى»
يېرىم ئايلىق ژۇرنىلىدا بايانات، ئومۇمىي تېلېگرامما ۋە نىزامنامە ئېلان
قىلىپ ھەمدە ئاممىغا تەشۋىق ۋەرەقىسى تارقىتىپ، نۇتۇق سۆزلەش يىغىنلى-
رىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگودا يۈرگۈزگەن مەدەنىيەت تاجا-
ۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرغان. شۇ چاغدا، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن جۇ
زورېن، شىن شىيۇەن قاتارلىق بەش پروفېسسور بۇرژۇئا ئەركىنچىلىكى
مەيدانىدا تۇرۇپ، «ئىتتىپاق» نىڭ پىكرىگە قارشى تۇرۇپ، دىن ئەركىنلى-
كى توغرىسىدا باياناتنامە ئېلان قىلغان.

(99) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1928 - يىل 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «تىل
رىشتىسى» نىڭ 4 - جىلد 11 - سانىغا بېسىلغان.

بۇ ماقالىنى لۇشۈن 1928 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئىجادىيەت تەھرىراتى،
«قۇياش» تەھرىراتىنىڭ ئۆزىگە قىلغان تەنقىدىگە قارىتىپ يازغان. ئىجادى-
يەت تەھرىراتى قاتارلىقلارنىڭ شۇ چاغدىكى تەنقىدى ۋە لۇشۈننىڭ قايتۇرغان
رەددىيىسى ئىنقىلابىي ئەدەبىيات لاگېرى ئىچىدە ئىنقىلابىي ئەدەبىيات مەسى-
لىسى مەركەز قىلىنغان بەس - مۇنازىرىنى شەكىللەندۈردى. بۇ قېتىمقى
بەس - مۇنازىرە ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىپ،
مەدەنىيەت ساھەسىنىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات مەسىلىسىگە بولغان دىققەت -
ئېتىبارىنى قوزغىدى. لېكىن ئىجادىيەت تەھرىراتى، «قۇياش» تەھرىراتى-
نىڭ بەزى ئەزالىرى ماركسىزم پرىنسىپلىرىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلى-
يىتىگە ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىگە تەتبىقلاشقا ئىنتىلگەندە ئېغىر
ھالدىكى سۇبيېكتىپچىلىق ۋە مەزھەپچىلىك خاھىشلىرى كۆرۈلۈپ، لۇشۈن
ئۈستىدە خاتا تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭغا قارىتا يەكلەش ۋە پرىنسىپسىز
ھۇجۇم قىلىش پوزىتسىيىسىنى قوللانغان. كېيىن ئۇلار لۇشۈننى يەكلەش
مەيدانىنى ئۆزگەرتىپ، لۇشۈن بىلەن بىللە جۇڭگو سول قانات يازغۇچىلىرى
ئىتتىپاقىنى تەشكىللىگەن.





(100) فېڭ نەيچياۋ — گۇاڭدۇڭ نەنخەيلىك، يازغۇچى، ئىجادىيەت
تەھرىراتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ئەزاسى. «مەست - ئەلەس نەزىرى»
ئۇنىڭ «مەدەنىيەت تەنقىدى» نىڭ تۇنجى سانى (1928 - يىل 1 - ئاي)
غا بېسىلغان «سەنئەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە.
ئۇنىڭدا: «پېشقەدەم جاناب لۇشۈن — ئەدەبىي تەسۋىر قوللىنىشىمغا رۇخ-
سەت قىلىنغان تەقدىردە — قاراڭغۇلۇق باسقان هاراقخانىنىڭ شىپاڭىدا
تۇرۇپ، مەست - ئەلەس نەزىرى بىلەن دېرىزە سىرتىدىكى كىشىلىك ھاياتىغا
يىراقتىن نەزەر سالىدۇ. ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ قول قويۇشىغا سازاۋەر بولغان
ياخشىلىقى پەقەت ئۇنىڭ يېزىشقا ئۇستا ئىكەنلىكىدە، لېكىن، ئۇ ھەمىشە
ئۆتمۈشنى ئەسلەيدىغان، خارابلاشقان فېئودالىزمغا تەزىيە بىلدۈرىدىغان كەي-
پىياتتا بولۇپ، ئاخىر ئىجتىمائىي ئىسلاھات داۋامىدا سەپتىن چۈشۈپ قالغان-
لارنىڭ ھەسرىتىنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ، بىكارچىلىقتا ئىنىسى بىلەن ئىنسان-
پەرۋەرلىك توغرىسىدا بىرنەچچە ئېغىز چىرايلىق سۆز قىلىشىدۇ، دەرۋىش-
لىك! ھەرھالدا تولستوينى دوراپ، پەسكەش ۋەز - نەسىھەتچىگە ئايلىنىپ
كەتمىدى.»

(101) تولستوي (V. H. Povcmoü، 1828—1910) — روسىيە
يازغۇچىسى، «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»، «ئاننا كارىنىنا»، «تىرىلىش» قاتار-
لىق رومانلارنى يازغان. فېڭ نەيچياۋ «سەنئەت ۋە ئىجتىمائىي ھايات» دېگەن
ماقالىسىدە لېنىننىڭ «ل. تولستوي — روسىيە ئىنقىلابىنىڭ ئەينىكى»
دېگەن ئەسىرىدىكى مۇنداق بىر ئابزاس سۆزىنى نەقىل كەلتۈرگەن: «تولس-
توي بىر تەرەپتىن، كاپىتالىزمنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى دادىل تەنقىد
قىلغان، ھۆكۈمەتنىڭ ياۋۇزلۇقىنى، سوت ۋە مەمۇرىيەتنىڭ كومېدىيىلىك
ساختا نىقابىنى ئېچىپ تاشلىغان، دۆلەتنىڭ بېيىشىنى، مەدەنىيەت مېۋىسى
بىلەن كەمبەغەللىكنىڭ كۈچىيىشى، ئەمگەكچىلەر دەردى ئوتتۇرىسىدىكى
زىددىيەتنى پاش قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، يامانلىققا زورلۇق بىلەن
قارشى تۇرماسلىقنى تەلۋىلىك بىلەن دەۋەت قىلغان؛ بىر تەرەپتىن، ناھايىتى
سەزگۈر رېئالىزم مەيدانىدا تۇرۇپ، بارلىق ساختا نىقابلارنى ئېچىپ تاشلى-
غان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، خجىل بولماي، دۇنيا بويىچە ئەڭ پەس
ئىش بىلەن — دىنىي ۋەز - نەسىھەت بىلەن شۇغۇللانغان.»

(102) بۇ، فېڭ نەيچياۋنىڭ «سەنئەت ۋە ئىجتىمائىي ھايات» تىكى
سۆزى: «شىمالىي مىلىتارىستلارغا قارشى قوشۇنلار ياڭزىجياڭ دەرياسىدىن
ئۆتكەندىن بۇيان، جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ئاممىۋى
سىياسىي ھەرىكەتنىڭ يالقۇنلاپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت بولدى. لېكىن،
نۆۋەتتىكى ئەھۋالغا نەزەر سالساق، ئىنقىلاب كۈچلىرى كۆرۈنۈشتە توختاپ
قالغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە جەمئىيەتتىكى ھەممە ساھە تۇماندەك

قاپلاپ كەتكەن كوچىنىڭ تەسىرى ئاستىدا تۇرماقتا.»

(103) «ئادەملەر گويا ئوت ـ چۆپتەك قىرىلىۋاتقان» — بۇ سۆز مىڭ سۇلالىسىدىكى شىڭ مېڭچىڭنىڭ «قەدىمىي قوشۇن نەغمىسى 10 ـ باب. غەلىبە كۈيى» دىكى: «تىغمۇتىغ ئېلىشقان تار كوچىدا، ئادەملەر گويا ئوت ـ چۆپتەك قىرىلغان» دېگەن مىسراسىدىن ئېلىنغان. بۇ يەردە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كوممۇنىستلارنى ۋە ئىنقىلابىي ئاممىنى قىرغان قانلىق جىنايەتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(104) بۇ ھەقتە «مەدەنىيەت تەنقىدى» نىڭ 2 ـ سانى (1928 ـ يىل 2 ـ ئاي) دىكى لى چيۇلىنىڭ «ئىنقىلابىي ئەدەبىياتنى قانداق گۈللەندۈرۈش كېرەك» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىگە قارالسۇن. ئۇنىڭدا: «بىزگە مەلۇمكى، جەمئىيەتتە چوقۇم بەزى ساۋاتلىق تەرغىباتچىلار بىزنى، سىلەر ئىنقىلابنى ئاغزىڭلاردىن چۈشۈرمىگەندىكىن، نېمە ئۈچۈن بىۋاستە ھەرىكەت قىلماي، زىر ـ زەۋەرلەر ئۈستىدە زىغىرلايدىغان ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىسىلەر، دەپ مەسخىرە قىلىشىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ مەككارلىقىنى بايقىشىمىز كېرەك، بۇ ئۇلارنىڭ چېكىنىش ھىيلىسى، مۇلۇكدارلارنىڭ ئەلچىسى سۇ چېكىنىڭ مەدداھلىقىدىن ئىبارەت» دېيىلگەن.

(105) ئىجادىيەت تەھرىراتى ئۇزاقى يىل شېرىك توپلاپ، ئۆتكەن يىل ئادۋوكات تەكلىپ قىلدى — 1926 ـ يىلى ئىجادىيەت تەھرىراتى پاي (شېرىك) قوبۇل قىلىش نىزامنامىسىنى ئېلان قىلىپ، تەھرىراتنى يولغا قويۇش ئۈچۈن مەبلەغ توپلىغان. 1927 ـ يىلى ليۇ شىفاڭنى مەزكۇر تەھرىراتنىڭ ئادۋوكاتلىقىغا تەكلىپ قىلغان. كېيىن ئىجادىيەت تەھرىراتى ئەكسىيەتچى دائىرىلەرنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغاندا، ليۇ شىفاڭ ئىجادىيەت تەھرىراتى ۋە ئۇنىڭ نەشرىياتى نامىدىن گېزىتتە «تەھرىراتىمىز پەقەت يېڭى ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشكىلاتى، نەشرىياتىمىزمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە دائىر كىتاب ـ ژۇرناللارنى تارقىتىدىغان ئورگان، ھەرقانداق سىياسىي تەشكىلات بىلەن ئەزەلدىن ھېچقانداق مۇناسىۋەت باغلىمىغان»، «بۇنىڭدىن كېيىن ئەگەر تەھرىراتىمىزنى ۋە نەشرىياتىمىزنى قارىلىغۇچىلار بولىدىكەن، قانۇن بويىچە ئەرز قىلىپ قانۇننىڭ توغرا مۇھاپىزىتىگە ئېرىشىمىز» دەپ بايانات ئېلان قىلغان (1928 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى شاڭخەي «يېڭى خەۋەر گېزىتى»).

(106) ئىجادىيەت تەھرىراتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، چېڭ فاڭۋۇ ئەدەبىيات «چىن قەلبىدىن ئۇرغۇغان تەلەپ بولۇشى، قانداقتۇر ئالدىن بەلگىلەنگەن مەقسەتلەر بولماسلىقى لازىم»، ئەدەبىياتنىڭ «مۇكەممەل» ۋە «گۈزەل» لىكىنى ئىزدەش، «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت» دەيدىغان خاھىش بولۇشى كېرەك، دەپ تەشەببۇس قىلغان. 1926 ـ يىلى ئۇ شىمالىي





مىلىتارىستلارغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان، 1928 ـ يىلى يەنە شاڭخەيگە قايتىپ كېلىپ، «ئىنقىلابىي ئەدەبىيات» ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان. شۇڭلاشقا، بۇ يەردە ئۇ «تىرىلگەن تەنقىدچى»، «‹سەنئەت سارىيى› نى ساقلايدىغان ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ چىقتى» دېيىلگەن.

(107) «ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈش»، «ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىگە كاپالەتلىك قىلىنىش» — «ئىجادىيەت ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 1 ـ جىلد 9 ـ سانى (1928 ـ يىل 2 ـ ئاي) غا بېسىلغان چېڭ فاڭۋۇنىڭ «ئەدەبىيات ئىنقىلابىدىن ئىنقىلابىي ئەدەبىياتقا» دېگەن ماقالىسىگە قارالسۇن. ئۇنىڭدا: «ئېنىق ئاڭ بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، بۇرژۇئازىيە ‹ئىدېئولوگىيىسى› نىڭ ئاما ئوتتۇرىسىدىكى زەھىرى ۋە تەسىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارغا ئۈزلۈكسىز ھالدا جاسارەت بېغىشلاپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىشەنچىنى ئاشۇرۇش كېرەك! پۈتۈن فرونتتا تۇرغان بىر تارماق ئىكەنلىكىنى ئېسىڭدىن چىقارما! جەڭ مەيدانىدا ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرىڭنى، دېھقانلار ۋە ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ قەھر ـ غەزىپىنى، باتۇرلۇق ھەرىكىتىنى ۋە غەلىبە تەنتەنىسىنى چىن ئىخلاسىڭ بىلەن قىزغىن تەسۋىرلىگىن! مۇشۇنداق قىلساڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىگە كاپالەتلىك قىلالايسەن ـ دە، ئالاھىدە تۆھپە يارىتىسەن، جەڭچىگە مۇناسىپ بولىسەن» دېيىلگەن.

(108) ئىزھارچىلىق — XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيە ۋە ئاۋستىرىيىدە كەڭ تارقالغان بۇرژۇئازىيە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئېقىمى. ئۇ كاپىتالىزمنىڭ زۇلمەتلىك رېئاللىقىغا قارىغۇلارچە قارشىلىق كەيپىياتىدا بولغان؛ ئۆز تەسىراتلىرىنى ئىپادىلەشنى تەكىتلىگەن، سۇبيېكتىپلىق بىردىنبىر چىنلىق دەپ قاراپ، رېئال تۇرمۇشنى نەزەردە تۇتمىغان، سەنئەتنىڭ مەقسەتلىكلىكىگە قارشى تۇرغان. ئۇ جاھانگىرلىك دەۋرىدىكى بۇرژۇئا مەدەنىيەت كرىزىسىنىڭ ئىنكاسى.

(109) تاق ـ تاقىزم — بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە شىۋېتسارىيە، ئامېرىكا، فرانسىيىدە كەڭ تارقالغان بۇرژۇئا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئېقىمى. «تاق ـ تاق» سۆزى ئەسلىي فرانسۇزچە كىچىك بالىلارنىڭ تىلى بولۇپ، ئاتنىڭ تاقىلداپ مېڭىشىغا قارىتىلغان، بۇ سۆز كېيىنكى چاغلاردا ئەدەبىي ئېقىمنىڭ نامى قىلىپ قوللىنىلغان. ئۇ سەنئەت قانۇنىيىتىگە قارشى تۇرغان، تىل ۋە ئوبرازنىڭ ئىدىيىۋى ئەھمىيىتىنى ئىنكار قىلىپ، جۆيلۈش، ئالجىپ سۆزلەش ۋە غەلىتە بىمەنە ئوبراز ئارقىلىق كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان شەيئىلەرنى ئىپادىلىگەن. ئۇ شۇ زاماندىكى ياشلارنىڭ ئالاقزادىلىك، سەۋدايىلىق روھىي ھالىتىنىڭ ئىنكاسى.

(110) «مەدەنىيەت تەنقىدى» — ئايلىق ژۇرنال، ئىجادىيەت تەھرىراتىنىڭ نەزەرىيە خاراكتېرلىك مەجمۇئەسى، 1928 ـ يىل 1 ـ ئايدا نەشر

قىلىشنى باشلاپ جەمئىي بەش سان چىقىرىلغان. بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىنغان سانىغا چېڭ فاڭۋۇنىڭ «تەبرىك سۆزى» بېسىلغان. لى چۇلى — سىچۈەن جياڭجىنلىق، ئەدەبىيات - سەنئەت مۇلاھىزىچىسى، ئىجادىيەت تەھرىراتىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكى ئەزاسى. بۇ يەردە ئۇنىڭ «ئىنقىلابىي ئەدەبىياتنى قانداق گۈللەندۈرۈش كېرەك» دېگەن ماقالىسى كۆزدە تۇتۇلغان. ئۇنىڭدا: «پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ يازغۇچىلىرى پرولېتارىياتتىن چىقىدىشى ناتايىن، پرولېتارىياتتىن كېلىپ چىققانلارنىڭ پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلىشى ناتايىن. پرولېتارىيات ئەدەبىياتى ئۆز سىنىپىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئورۇنداشنى كۆزلەيدىغان، ئوبيېكتىپ ئىپادىلەش پوزىتسىيىسى بىلەن ئەمەس، پرولېتارىياتنىڭ سىنىپىي ئېڭى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدىغان كۈرەش ئەدەبىياتى» دېيىلگەن.

(111) «شىمال يېڭىلىقلىرى» يېرىم ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 2 - جىلد 1 - سانى (1927 - يىل 11 - ئاي) دا ئېلان قىلىنغان گەنرېن ئىمزالىق «جۇڭگو يېڭى ئەدەبىياتىنىڭ كەلگۈسى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسى» دېگەن ماقالىدە «لۇشۈن… زامانىمىزنىڭ يازغۇچىسى» دېگەن سۆز بار ئىدى؛ لى چۇلى «ئىنقىلابىي ئەدەبىياتنى قانداق گۈللەندۈرۈش كېرەك» دېگەن ماقالىسىدە ئالاھىدە قارشى تۇرۇپ: «گەنرېن ئەپەندى ئېيتىپ باقسۇنچۇ، لۇشۈن زادى قانچىنچى سىنىپنىڭ كىشىسى ئىكەن، ئۇنىڭ يازغانلىرى قانچىنچى سىنىپنىڭ ئەدەبىياتى ئىكەن؟ ئۇنىڭ سەممىيەت بىلەن ئېلان قىلغانلىرى قانچىنچى سىنىپ خەلقىنىڭ دەرد - ئەلەمى ئىكەن؟ ‹زامانىمىز› مۇ قانچىنچى سىنىپنىڭ زامانى ئىكەن؟ گەنرېن ئەپەندى ‹جۇڭگو يېڭى ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ كەلگۈسى ۋە ئۇنىڭ ئۆزى› نى قىلچە چۈشەنمەيدىكەن» دېگەن.

(112) بۇ چېڭ فاڭۋۇنىڭ «ئەدەبىيات ئىنقىلابىدىن ئىنقىلابىي ئەدەبىياتقا» دېگەن ماقالىسىدىن كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

(113) چېڭ فاڭۋۇ «ئەدەبىيات ئىنقىلابىدىن ئىنقىلابىي ئەدەبىياتقا» دېگەن ماقالىسىدە دەسلەپكى ئىجادىيەت تەھرىراتى توغرىسىدىكى ئەنزارىدا: «ئۇنىڭ يازغۇچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ قارشىلىق روھى، يېڭى ئىستىلى ئارقىلىق ئەدەبىيات ساھەسىدە تۆت - بەش يىل ئىچىدە يېتىشتۈرگەن بىر خىل مۇستەقىل خاس روھ ئادەتتىكى ياشلارغا نۇرغۇن تەسىر كۆرسەتتى. ئۇلار ئەدەبىيات ئىنقىلابىنىڭ يۈنىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، باشلامچىلىق بىلەن ئىلگىرىلەپ باردى؛ ئۇلار بارلىق يالغان ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدىنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى؛ ئۇلار بەزى چولتا تەرجىمىلەرنى چىقىرىپ تاشلىدى؛ ئۇلار كونا ئىدىيە ۋە كونا ئەدەبىيات - سەنئەتنى ھەممىدىن تولۇق ئىنكار قىلدى؛ ئۇلار چىن ئىخلاس، سەممىي قىزغىنلىق ۋە تەنقىدىي پوزىتسىيە





بىلەن ئومۇمىي ئەدەبىيات ھەرىكىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلدى» دېگەن. شۇنىڭدەك، «ئەدەبىيات ئىنقىلابىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتى» غا نەزەر تاشلاپ، يەنە «بىز ئەگەر يەنە ئىنقىلابىي ‹ئىنتېللىگېنتسىيە› لىك مەسئۇلىيىتىمىزنى ئۈستىمىزگە ئالىدىكەنمىز، ئۆزىمىزنى يەنە بىر مەرتەم ئىنكار قىلىشىمىز (ئىنكارنى ئىنكار قىلىشىمىز) غا توغرا كېلىدۇ، بىز سىنىپىي ئاڭغا ئېرىشىشكە تىرىشىشىمىز لازىم، ئۆز ۋاسىتىچىمىزنى دېھقانلار، ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ تەلەپپۇزىغا يېقىنلىشىدىغان قىلىشىمىز ۋە ئۇلارنى ئۆزىمىزنىڭ ئوبيېكتى قىلىشىمىز لازىم» دېگەن.

(114) لى چۇلىنىڭ «ئىنقىلابىي ئەدەبىياتنى قانداق گۈللەندۈرۈش كېرەك» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىگە قارالسۇن. ئۇنىڭدا: «مېنىڭچە بىرەر يازغۇچى مەيلى ئۇ بىرىنچى، ئىككىنچى… يۈزىنچى، مىڭىنچى سىنىپنىڭ كىشىسى بولغان بولسۇن، ئۇ پرولېتارىيات ئەدەبىيات ھەرىكىتىگە قاتنىشىشى مۇمكىن، ئەمما بىز ئالدى بىلەن ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى تەكشۈرىمىز. قېنى، ئۇ ئەدەبىيات ئۈچۈن ئىنقىلاب قىلامدىكەن ياكى ‹ئىنقىلاب ئۈچۈن ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنامدىكەن›» دېگەن.

(115) تۆتىنچى سىنىپ — يەنى پرولېتارىيات سىنىپى. ئۆتمۈشتە چەت ئەل تارىخشۇناسلىرى فرانسىيىنىڭ ئۇلۇغ ئىنقىلاب دەۋرىدىكى فرانسىيە جەمئىيىتىنى ئۈچ سىنىپ («دەرىجە» دەپ تەرجىمە قىلىش لازىم) قا ئايرىغان. بىرىنچى سىنىپ: پادىشاھ؛ ئىككىنچى سىنىپ: راھىبلار ۋە ئاقسۆڭەكلەر؛ ئۈچىنچى سىنىپ: شۇ زاماندىكى ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپ، يەنى بۇرژۇئازىيە سىنىپى، مەيدە بۇرژۇئا سىنىپى، ئىشچىلار، دېھقانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. كېيىن يەنە بەزىلەر ئىشچىلار سىنىپىنى تۆتىنچى سىنىپ، دەپ ئاتىغان، بۇ ئىلمىيلىقى بولمىغان گەپ.

(116) «سەنئەت قورالىدىن قورال سەنئىتىگە» — لى چۇلىنىڭ «ئىنقىلابى ئەدەبىياتنى قانداق گۈللەندۈرۈش كېرەك» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىگە قارالسۇن. ئۇنىڭدا: «مۇلۇكدارلار بارلىق سەنئەتنى ئۆزىنىڭ يېتەكچىلىك قىلىش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىدىكەن، ئۇ ھالدا ئەدەبىيات ئەلۋەتتە يوقسۇللارنىڭ مۇھىم جەڭ فرونتى بولىدۇ. شۇڭا، بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز ‹ئەدەبىيات ئۈچۈن ئىنقىلاب قىلغۇچى› بولماستىن، ‹ئىنقىلاب ئۈچۈن ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللانغۇچى› بولىدۇ، بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىز ‹سەنئەت قورالىدىن قورال سەنئىتىگە› ئۆتىدۇ» دېيىلگەن.

(117) بۇ، جاڭ دىڭخۇاڭنىڭ سۆزى، «ھازىرقى زامان مۇلاھىزىلىرى» نىڭ 1 - جىلد 7 - ۋە 8 - سانى (1925 - يىل 1 - ئاي) غا بېسىلغان «لۇشۈن ئەپەندى» دېگەن ماقالىگە قارالسۇن، ئۇنىڭدا: «لۇشۈن ئەپەندى تېبابەتچىلىكنى ئۆگىنىپ قانداق پەللىگە يەتكۈزۈپتۇ، ئوپېراتسىيە بۆلۈمىگە

كىرىپمۇ باققانمىدۇر، بىزگە نامەلۇم، لېكىن بىز ئۇنىڭ ئۇچ خۇسۇسىيىتى بارلىقىنى بىلىمىز. ئۇ بولسىمۇ، ئوپېراتسىيىگە ئۇستا، تەجرىبىگە باي دوختۇرلۇق خۇسۇسىيىتى: بىرىنچىسى ئېغىر - بېسىق، ئىككىنچىسىمۇ ئېغىر - بېسىق، ئۈچىنچىسى يەنىلا ئېغىر - بېسىقلىقتىن ئىبارەت» دېيىلگەن.

(118) ئوفخېبېن — نېمىسچە سۆز بولۇپ، رەت قىلىش دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

(119) چېڭ فاڭۋۇ «ئىجادىيەت» پەسىللىك ژۇرنىلىنىڭ 2 - جىلد 2 - سانى (1924 - يىل 1 - ئاي) دىكى «〈چۇقان〉 توغرىسىدا مۇلاھىزە» دە، «چۇقان» دىكى ھېكايىلەرنى «ئەكس ئەتتۇرۇش» ۋە «ئىپادىلەش» دەپ ئىككى خىلغا ئايرىغان. ئالدىنقىسىنى «ئاددىي»، «چاكىنا»، ئاپتورنىڭ «مەغلۇپ بولغان يېرى» دەپ ھېسابلىغان؛ كېيىنكىسىنى، مەسىلەن، «ياز بايرىمى» نى «ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىرنەچچە دوستۇمنىڭ ئىستىلى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ»، «ئاپتور ئۆزىنى ئىپادىلەش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقى بىلەن بىزگە يېقىنلاشتى» دېگەن.

(120) «تەنقىد قورالىدىن قورال تەنقىدىگە» — ماركسىنىڭ «〈گېگېلچە پەلسەپىۋى تەنقىد〉 نىڭ سۆز بېشى» گە قارالسۇن. ئۇنىڭدا: «تەنقىد قورالى ئەلۋەتتە قورال تەنقىدىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، ماددىي كۈچنى پەقەت ماددىي كۈچ بىلەنلا خاراب قىلغىلى بولىدۇ. لېكىن، نەزەرىيە ئاممىغا ئۆزلەشكەندىن كېيىن ماددىي كۈچكە ئايلىنىدۇ» دېيىلگەن. («ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 1 - توم).

(121) بۇ ئىككى جۈملە سۆزنىڭ مەنبەسى تېخى ئېنىقلانمىدى.

(122) «مۇلۇكدارلارنىڭ ئەلچىسى سۇچېڭنىڭ مەدداھلىقى» — مۇشۇ ماقالىنىڭ 6 - ئىزاھاتىغا قارالسۇن. سۇ چېڭ يېغىلىق دەۋرىدىكى سىياسىي پائالىيەتچى. ئۇ چى، چۇ، يەن، جاۋ، خەن، ۋېيدىن ئىبارەت ئالتە بەگلىكتە مەدداھلىق قىلىپ، ئۇلارنى چىن بەگلىكىگە قارشى تۇرۇشقا بىرلەشتۈرگەن.

(123) لى چيۇلىنىڭ «ئىنقىلابىي ئەدەبىياتنى قانداق گۈللەندۈرۈش كېرەك» دېگەن ماقالىسىگە قارالسۇن. ئۇنىڭدا: «بەزىلەر، پرولېتارىيات ئەدەبىياتى يوقسۇللارنىڭ ئۆزى يېزىپ چىققان ئەدەبىيات، دەيدۇ. ياق، ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى، يوقسۇللارنىڭ مۇلۇكدارلار ئېڭىدىن ئازاد بولغۇچە يازغانلىرى يەنىلا مۇلۇكدارلار ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بولىدۇ» دېيىلگەن.

(124) Upton Sinclair ئۇپتون سىنكلىر (1878 — 1968) — ئامېرىكىنىڭ رومان يازغۇچىسى. «قۇشخانا»، «تاشكۆمۈر كارولى»، «ئاخىر زامان» قاتارلىق رومانلارنى يازغان. «مەدەنىيەت تەنقىدى» نىڭ 2 -





سانى (1928 - يىل 2 - ئاي) غا ئۇنىڭ «دوللارغا چوقۇنۇش سەنئىتى (سەنئەتنىڭ ئىقتىسادىي تەتقىقاتى)» قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىنغان، تەرجىمە قىلغۇچى فېڭ نەيچاۋ تەرجىمىسىنىڭ كىرىش سۆزىدە: سىنكلىر «بىز بىلەن بىر مەۋقەدە تۇرۇپ، سەنئەت بىلەن جەمئىيەتتىكى سىنىپلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى شەرھلىگەن... ئۇ سەنئەتنىڭ سىنىپىيلىقىنى ئېچىپ تاشلاش بىلەنلا قالماي، بەلكى سەنئەتنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى يۆنىلىشىنى شەرھلىگەن» دېگەن.

(125) Vigny — ۋىگنى (1797—1863) — فرانسىيىلىك پاسسىپ رومانتىك شائىر، «يىراق ئۆتكەنكى زامان ۋە يېقىنقى زامان شېئىرلار توپلىمى»، «تەقدىر - تەلەي» قاتارلىقلارنى يازغان. «ئىجادىيەت ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 1 - جىلد 5 -، 7 -، 8 -، ۋە 9 - سانلىرىغا مۇمۇتيەنىنىڭ نەزەرىيە ماقالىلىرىدىن «ۋىگنى ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى» داۋاملىق بېسىلغان. «قەدەم تاشلاش» — چېڭ فاڭۋۇنىڭ «ئەدەبىيات ئىنقىلابىدىن ئىنقىلابىي ئەدەبىياتقا» دېگەن ماقالىسىدىكى سۆز بولۇپ، ئۇنىڭدا: «ئىسپىلاس دېھقان - ئىشچىلار ئاممىسىغا قاراپ قەدەم تاشلاش!» دېيىلگەن.

(126) بۇ يەردە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شۇ چاغدا نەشر قىلغان بەزى ژۇرناللىرى، مەسىلەن، «يېڭى ھايات» قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(127) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1928 - يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «تىل رىشتىسى» نىڭ 4 - جىلد 14 - سانىغا بېسىلغان.

1928 - يىل ئەتىيازدا، سىتۇ چياۋ شاڭخەيدە «چياۋنىڭ كىچىك رەسىمخانىسىدىكى ئەتىيازلىق كۆرگەزمە» ئۆتكۈزگەن، بۇ ماقالە لۇشۈنىنىڭ ئۇنىڭ كۆرگەزمىسىنىڭ مۇندەرىجىسى ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن كىرىش سۆزى.

(128) سىتۇ چياۋ (1902—1958) — گۇاڭدۇڭ كەيپىڭلىق، رەسسام.

(129) 1926 - يىل 6 - ئايدا، سىتۇ چياۋ بېيجىڭ جۇڭشياڭ باغچىسى (ھازىرقى جۇڭشەن باغچىسى) دىكى سۇ ئۈستى شىپاڭىدا ئاچقان سىزما رەسىملەر كۆرگەزمىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(130) «تۆت ساقچى بىلەن بىر ئايال» نىڭ ئەسلىي تېمىسى «بەش ساقچى بىلەن بىر ئايال».

(131) «ئەيسا مەسىھ» نىڭ ئەسلىي تېمىسى «تېۋىلغا شىلەپىگە سۇيۇش».

(132) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1928 - يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «تىل رىشتىسى» نىڭ 4 - جىلد 10 - سانىغا بېسىلغان.

(133) M خانىم — ما شياڭيىڭ كۆزدە تۇتۇلىدۇ، شۇ كەملەردە

شاڭخەي سىياسىي قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى. «لۇشۈن خاتىرىلىرى» نىڭ 1928 - يىل 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى يازغانلىرىدا: «تەرەققىيات كىتابخانىسى ئارقىلىق··· ما شياڭيىڭنىڭ خېتى چۈش ۋاقتىدا قولۇمغا تەگدى، دەرھال جاۋاب يازدىم» دېگەن سۆزلەر بار.

(134) مەنشۇ — سۇ مەنشۇ (1884—1918)، گۇاڭدۇڭنىڭ جۇڭشەن ناھىيىسىدىن، ئەدىب، «مەنشۇ توپلىمى» نى يازغان. ئۇنىڭ قەبرىسى خاڭجۇدىكى شىخۇ كۆلىنىڭ بويىدىكى گۇشەندە.

(135) H ئەپەندى — شۈي جىنۋېن كۆزدە تۇتۇلىدۇ، جېجياڭ شاۋشىڭلىق، شۇ كەمدىكى ياش يازغۇچى، «يۇرتۇم» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يازغان.

(136) «يول باشچى» — گاۋ چاڭخۇڭ 1926 - يىلى «يېڭى ئاياللار» ژۇرنىلىنىڭ 8 - سانىغا بېسىلغان. «‹قۇيۇن› تەھرىراتى ئېلانى» دا: «‹قۇيۇن› نى ئىدىيە ساھەسىنىڭ يول باشچىسى لۇشۈن بىلەن ئاز ساندىكى ئەڭ ئىلغار ياشلار بىرلىشىپ چىقارماقتا» دېگەن. «قاتاردىن قالغان» — فېڭ نەيچياۋ لۇشۈننى «ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش مەزگىلىدە قاتاردىن قالغانلارنىڭ ھەسرىتىنىلا ئەكس ئەتتۈرىدۇ» دېگەنىدى.

(137) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1928 - يىل 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى «تىل رىشتىسى» نىڭ 4 - جىلد 16 - سانىغا بېسىلغان.

(138) «يېڭىلىق گېزىتى» — 1893 - يىل 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلىغان، 1949 - يىل 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى نەشردىن توختىغان. 1928 - يىل 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، 30 - كۈنى بۇ گېزىت لۇشۈننىڭ 1927 - يىل 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى شاڭخەي جىنەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا سۆزلىگەن «ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن سىياسىينىڭ ئىختىلاپى» دېگەن ماۋزۇدىكى نۇتقىنى ئۇلاپ باسقان (كېيىن بۇ نۇتۇق «توپلام سىرتىدىكى توپلام» غا كىرگۈزۈلگەن).

(139) «ئاممىۋىلىق ۋە تالانت» — ياپونىيە يازغۇچىسى جېنزى جۇيىشىنىڭ ئەسىرى، YS تەرجىمىسى «تىل رىشتىسى» نىڭ 4 - جىلد 10 - سانى (1928 - يىل 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى) غا بېسىلغان.

(140) تايىنى (1828—1893) — فرانسىيە ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىچىسى. ئۇ: مىللەت، مۇھىت، دەۋر ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ھەل قىلغۇچ ئۈچ مۇھىم ئامىلى، دەپ ھېسابلىغان، ئۇ يازغان «سەنئەت پەلسەپىسى» دېگەن كىتابتا بۇ نۇقتا تولۇق جارى قىلدۇرۇلغان.

(141) دۇڭفېن — يەنى دۇڭ چيۇفاڭ (1897—1977)، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋشىن دېگەن يېرىدىن، شۇ چاغلاردا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىنگلىز تىلى فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى.





(142) زاماندىن خالىي بولۇش — شۇ چاغدىكى ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ھەرىكىتىدە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئەدەبىيات تەشەببۇسى، مەسىلەن، چيەن شىڭتۇڭنىڭ «قۇياش ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 1928 - يىل 3 - ئايدىكى سانىغا بېسىلغان «ئۆلۈپ كەتكەن ئا Q زامانى» دا: «ھەرقانداق دۆلەتنىڭ ئەدەبىياتىدىن قارىغاندا، ھەقىقىي دەۋر يازغۇچىسىنىڭ ئەسىرى دەۋرگە باقماي قالمايدۇ، دەۋرگە ۋەكىللىك قىلماي قالمايدۇ، دەۋردىن خالىي بۇ روھ دەۋر يازغۇچىسىنىڭ بىردىنبىر ھاياتى!» دېيىلگەن ھەمدە لۇشۈننىڭ ئەسەرلىرىنى تەنقىدلەپ «دەۋردىن خالىي بولمىدى» دېگەن.

(143) ئالىيجانابلار — «يېڭى ئاي» تەھرىراتىدىكىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار «يېڭى ئاي» ئايلىق ژۇرنىلىنى نەشر قىلىشنى باشلىغاندا (1928 - يىل 3 - ئاي) «‹يېڭى ئاي› نىڭ پوزىتسىيىسى» دېگەن ماۋزۇدىكى 1 - نەشرىگە يازغان بېغىشلىمىسىدا ئىنقىلابىي ئەدەبىياتنىڭ «ھەددىدىن ئاشقان» لىقىغا «پوزىتسىيىمىز يول قويمايدۇ» دەپ ھۇجۇم قىلغان. يەنە: «بىز ھەرقانداق ھەددىدىن ئېشىشنى قەدىرلىمەيمىز، چۈنكى بىز ئىجتىمائىي قانۇن مىزانىنىڭ ئىجابىي ھېسسىيات بىلەن قوغدىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز، مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتى نورمال ھالدىكى ئىجتىمائىي تارازىدا چوقۇم ئۆچمەنلىكنىڭ قۇدرىتىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ، ھەمكارلىق روھى چوقۇم زىيانكەشلىك ۋە قىرغىنچىلىق مۇددىئاسىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ» دېگەن.

(144) خۇاڭ چاۋ (؟— 884) — ساۋجۇنىڭ يۈەنجۇ (ھازىرقى شەندۇڭنىڭ) دېگەن يېرىدىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ داھىيسى، داچى ھاكىمىيىتىنى بەرپا قىلغان. كونا ۋە يېڭى «تاڭ دەستۇرى» دە خاتىرىلىنىشىچە، جۇڭخېنىڭ 3 - يىلى (883 —) ئۇ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى باشلاپ چاڭئەن (ھازىرقى شىئەن) دىن چېكىنىپ چىقىش يولىدا دۈشمەنلەرنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالغان، ئاش - ئوزۇقتا قاتتىق قىسىلغاچقا، قوزغىلاڭچى قوشۇن «ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى يەپ جېنىنى باققان».

(145) سىنكلېر «دوللارغا باش ئۇرۇش سەنئىتى (سەنئەت بويىچە ئىقتىسادىي تەتقىق)» دېگەن كىتابىدا: «بارلىق سەنئەتنىڭ ئۆزى تەشۋىقات» دېگەن. «مەدەنىيەت تەنقىدى» نىڭ 2 - سانى (1928 - يىل 2 - ئاي) غا فېڭ نەيچياۋنىڭ تەرجىمىسى بېسىلغاندا، بۇ سۆزنى چوڭ ھەرپ بىلەن تىزغان. لېنىن ئۆز ۋاقتىدا سىنكلېرنى: «مۇھەببىتى بار، لېكىن نەزەرىيە بىلىمى يوق سوتسىيالىزمچى» دېگەن («لېنىن ئەسەرلىرى»، 21 - توم).

(146) «داۋشياڭسۈن»، «لۇگاۋجيەن» — بۇرۇنقى شاڭخەي قاتارلىق

چوڭ شەھەرلەردىكى مەشھۇر قەنت ـ گېزەك دۇكىنى ۋە گۆش ـ ياغ دۇكىنى نامى.

(147) «تۇنۇگۇنكى ئەدىب» — فېن نەيچياۋ «زۇلمەتلىك يولدا بىللە مېڭىش» (1928 ـ يىل 1 ـ ئاي «مەدەنىيەت تەنقىدى» نىڭ 1 ـ سانىغا بېسىلغان) ناملىق بىر پەردىلىك دىرامىسىنىڭ «ئىلاۋە» سىدە: «سەھنە ئەسىرىنىڭ ماھىيىتىنى رول ئىگىلىرىنىڭ ھەرىكىتىدىن ئىزدەش لازىم، سۆز تاللاش، پاكىتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى تۇنۇگۇنكى ئەدىبلەرنىڭ تىرىشىپ ئورۇندىشىغا ئۆتۈنۈپ بېرەيلى» دېگەن. بۇ ماقالىنىڭ ئاخىرىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىل ئەنە شۇ سەھنە كىتابىدىكى دىئالوگلاردىن ئېلىنغان.

(148) قىرغاۋۇل — ھەر تەرەپكە پالاقلاپ، تاپقاننى يۇۋۇلمەي يەيدىغان بۇزۇقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ — ت.

(149) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1928 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى «تىل رىشتىسى» نىڭ 4 ـ جىلد 14 ـ سانىدىكى «پارچە تەسىراتلار» ئىستونىغا بېسىلغان.

(150) بۇ شاڭخو چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى سۇي شۇنىڭ «ئىناۋەت سىناش خاتىرىلىرى» دە خاتىرىلەنگەن.

(151) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1928 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى «تىل رىشتىسى» نىڭ 4 ـ جىلد 17 ـ سانىغا بېسىلغان.

(152) Gogol — گوگول (H. BГОГNO، 1809—1852)، روسىيە يازغۇچىسى، «ئۆلۈك جانلار» دېگەن رومانىنى، «رېۋىزور» (خان ئەلچىسى) دېگەن كومېدىيىنى يازغان.

(153) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1928 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى «تىل رىشتىسى» نىڭ 4 ـ جىلد 17 ـ سانىغا بېسىلغان.

(154) «شېنباۋ» گېزىتى — مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بۇرژۇئا گېزىتى. 1872 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلىغان، 1949 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى نەشردىن توختىغان.

(155) لياڭ شىچيۇ — جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خاڭشەن ناھىيىسى (ھازىرقى يۇخاڭ) دىن، «يېڭى ئاي» تەھرىراتىنىڭ ئاساسلىق ئەزاسى، دۆلەت سوتسىيال پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى. ئۇ بابىتنىڭ يېڭى ئىنسانپەرۋەرلىك نەزەرىيىسىنى تەشۋىق قىلىپ كەلگەن.

(156) بابىت (I. Babbit، 1865—1933) — ئامېرىكا خارۋارد ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، ئامېرىكىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى يېڭى ئىنسانپەرۋەرلىك ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ نەزەرىيىسىنىڭ مېغىزى بۇرژۇئا ئىنسان تەبىئىتى نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت. ئۇ





ئىنسان تەبىئىتىنىڭ تەڭپۇڭلۇقى دېگەن بىرنېمىنى تەرغىب قىلغان، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەت مىزانى دەيدىغان بىرنېمىنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ رومانتىزمغا قارشى تۇرۇپ، ياۋروپانىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى تىرىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ «يېڭى راۋكۇن»، «روسسو ۋە رومانتىزم»، «دېموكراتىيە ۋە رەھبەرلىك» دېگەن ئەسەرلەرنى يازغان.

(157) روسسو (L. L. Rousseu، 1712—1778) — فرانسىيە مەرىپەت مۇتەپەككۇرى، «ئىنساني ھوقۇق نەزەرىيىسى»، «ئېمىل»، «پۇشايمان» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(158) گو لياڭ (1901—1928) — خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭشا شەھىرىدىن، خۇنەندىكى ئىشچىلار ھەرىكىتى رەھبەرلىرىنىڭ بىرى، خۇنەن ئۆلكىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، ج ك پ خۇنەن ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، خۇنەن ـ خۇبېي ـ جياڭشى چېگرا رايون ئالاھىدە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1928 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى يۆياڭدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 29 ـ كۈنى قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈندىكى سانىغا بېسىلغان «گو لياڭ خۇنەندە قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى» دېگەن خەۋەردە: «گو لياڭنىڭ كېسىلگەن بېشى كۆشۈككە سېلىنىپ ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسىغا بىرقانچە كۈن ئېسىپ قويۇلدى. گو لياڭ تۇڭگۈەنلىك بولۇپ، ئۇ ئۇيەردە تېخىمۇ كۆپلىگەن شۇملۇقلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، كوممۇنىستلارنى يوقاتقۇچى سوت مەھكىمىسى ئۇنىڭ بېشىنى تۇنۇگۈن تۇڭگۈەنگە يۆتكەپ ئاپىرىشتى. ئۇ يەردە ئۈچ كۈن سازايى قىلماقچى، سازايى قىلىش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، يەنە يۆياڭغا ئەكېلىپ سازايى قىلماقچى. دېمەك، گو لياڭنىڭ كېسىلگەن بېشى يۆياڭنىڭ ھەممە يېرىدە سازايى قىلىنىدىغان بولدى» دېيىلگەن.

(159) «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» — تارىخي رومان، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا لو گۇەنجۇڭ يازغان، ئومۇميلاشقان نۇسخىسى 120 باب. بۇ رومانىنىڭ 30 ـ ۋە 31 ـ بابلىرىدا يۈەن شاۋ (بۇ ماقالىدە يۈەن شۇ، دەپ خاتا يېزىلغان) نىڭ تيەن فېڭنى ئۆلتۈرگەنلىكى يېزىلغان: تيەن فېڭ يۈەن شاۋنىڭ مەسلىھەتچىسى، ئۇ ساۋ ساۋ بىلەن ھازىرچە ئېلىشماسلىق ھەققىدە يۈەن شاۋغا نەسىھەت قىلسا، يۈەن شاۋ ئۇنى قوشۇنىنىڭ ئىرادىسىنى چۈشكۈنلەشتۈردۇڭ، دەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، نەتىجىدە يۈەن شاۋ ساۋ ساۋ بىلەن بولغان جەڭدە يېڭىلگەن. يۈەن شاۋنىڭ ئوغلى يۈەن شى بىلەن يۈەن شاۋ لياۋدۇڭدىكى مىلىتارىست گۇڭ سۇڭكاڭنى پاناھداپ بارغان، كۆرۈشكەندە يۈەن شاۋ كارىۋاتقا بورا سېلىشنى تەلەپ

قىلسا، گۇڭ سۈڭكاڭ ھۆكىرەپ: «سەن ئىككىڭنىڭ بېشىنى 10 مىڭ مۇساپىلىك يولغا سالىمەن! سەنلەرنىڭ ئاستىڭغا بورا - پاياندار نەدە تۇرۇپتۇ؟» دەپلا، يېنىدا تۇرغانلارغا بۇيرۇق بېرىپ ئۇلارنىڭ بېشىنى كەستۇرۇپ، يىجۇدا تۇرغان ساۋ ساۋغا ئەۋەتىپ بەرگەن.

(160) خاتىرىلەرگە قارىغاندا، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شيەندى زامانىسىدا رۇڭ جۇ پادىشاھنى تەختتىن قوغلاپ چۈشۈرۈپ، ئۆزى تەختكە چىقىشنى قەستلىگەن. يۈەن شاۋ بۇنىڭغا قارشى تۇرغاندا، رۇڭ جۇ ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇپ، ليۇ ئۇرۇقىدىن بولغانلارنىڭ پادىشاھ ۋارىسى بولۇشقا ھەققى يوق، دېگەن. يۈەن شاۋنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، دۇنيادىكى دانىشمەنلەر يالغۇز سەن رۇڭ جۇمىدىڭ، دەپ قىلىچىنى ئوينىتىپ، شەھەردىن چىقىپ كەتكەن، مەنسەپ دەستىكىنى كۈنچىقىش تامدىكى قوۋۇقتا ئېسىپ قويۇپ، جىجيۇغا قاراپ راۋان بولغان.»

(161) زىمىر — يېزىق قورالى؛ قەلەم.

(162) روسسو 1762 - يىلى مائارىپ ھەققىدىكى رومان «ئېمىل»نى نەشر قىلىپ، باللارنىڭ ئەركىن ئۆسۈپ يېتىلىشىنى تەشەببۇس قىلىپ، فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ۋە خرىستىئانلارنىڭ مائارىپ تۈزۈمىنى تەنقىدلىگەن. شۇ چاغدىكى فرانسىيە ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى بۇ رومانىنى كۆيدۈرۈش ۋە ئاپتورنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن بۇيرۇق چۈشۈرگەن. روسسو نائىلاج شىۋېتسارىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق جايلارغا قېچىپ بېرىپ، 1770 - يىلى پارىژغا قايتىپ كەلگەن.

(163) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1928 - يىل 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى «تىل رىشتىسى»نىڭ 4 - جىلد 17 - سانىغا بېسىلغان.

(164) بۇ يەردە چى مىڭ (جۇ زورېن) نىڭ سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ «تىل رىشتىسى»نىڭ 4 - جىلد 9 - سانى (1928 - يىل 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى) غا بېسىلغان «پوجاڭزا» ناملىق ماقالىسىدە: «ئەمەلىيەتتە جۇڭگودا ‹مۇلۇكدارلار ۋە يوقسۇللار› دېگەن تەبىقە بار، لېكىن ئۇلارنىڭ پىكىر - ھېسسىياتىدا پەرق يوق، مۇلۇكدارلار يۇقىرى مەنسەپكە چىقىپ باي بولۇش يولىدا تېخىمۇ يۇقىرى مەنسەپكە چىقىش ۋە تېخىمۇ باي بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ؛ يوقسۇللار كەلگۈسىدە يۇقىرى مەنسەپكە چىقىشنى، باي بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇڭا، تۇرمۇشتا ئىككى سىنىپ، ئىدىيىدە بىرلا سىنىپ بار، يەنى يۇقىرى مەنسەپكە چىقىش، باي بولۇش ئىدىيىسىلا بار» دەپ يازغان.

(165) «بېشىمنى قايتۇرۇپ بەر» — بۇ «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»دە تەسۋىرلەنگەن گۈەن يۈنچاڭنىڭ ئېيتقان سۆزى. گۈەن يۈنچاڭ جېنجۇدىكى جەڭدە يېڭىلىپ، كېچىسى مەيچېڭدىن ئۆتۈشتە ئۆلتۈرۈلگەن.





ۋۇ پادىشاھلىقىنىڭ چېرىكلىرى ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ تاشلىغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ «روھ - ئەرۋاھى ئۆلمەي»، يۈچۈەن تېغىغا بېرىپ، پۈجىڭ راھىبەگە نالە قىلىپ «بېشىمنى قايتۇرۇپ بەر» دەپ ۋارقىرىغان (مەزكۇر قىسسىنىڭ 77 - بابىغا قارالسۇن). لياڭ يۈچۈن (1904—1932) — فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ فۇجۇ شەھىرىدىن، شۇ كەمدىكى ياش يازغۇچى. ئۇ «‹بېشىمنى قايتۇرۇپ بەر› ۋە باشقىلار» (1927 - يىل 8 - ئايدا «تىل رىشتىسى»نىڭ 146 - سانىغا بېسىلغان) دېگەن سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە بۇ ئىبارىنى نەقىل كەلتۈرگەن.

(166) دۈەن چىرۈي (1864—1936) — ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ خېفېي شەھىرىدىن، ئەنخۇي سىستېمىسىدىكى شىمالىي مىلىتارىستلارنىڭ باشلىقى. يۈەن شىكەي ئۆلگەندىن كېيىن، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ قوللاپ بېرىشى بىلەن شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىنى بىرقانچە مەرتەم قولىغا چۈشۈرگەن. 1924 - يىلىدىن 1926 - يىلىغىچە شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىگە «ۋاقىتلىق ھۆكۈمدار» بولۇپ سايلانغان.

(167) «چاكىنا ئىنسانپەرۋەرلىك» — جىن بەيچى 1923 - يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1924 - يىلىنىڭ باشلىرىدا «ئىجادىيەت ھەپتىلىك گېزىتى» 33 - سانىدىن 35 - سانىغىچە «گرازدانلار ئەدەبىياتى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭدا «4 - ماي» يېڭى ئەدەبىيات ھەرىكىتىنى ۋە «ئاددىي پۇقرالار ئەدەبىياتى»نى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنى تەنقىدلەپ: «گرازدانلىق ئېڭى ئويغىتىلمىغان، گرازدانلىق روھى ئوتتەك يالدۇرۇلمىغان يېڭى ئەدەبىياتچىلارنىڭ ئادەتتىكى گرازدانلار تۇرمۇشىنى تەتقىق قىلىشقا بەربىر ھەۋىسى قوزغالمايدۇ. نەتىجىدە، چاكىنا ئىنسانپەرۋەرلىككە دائىر بىرنەچچىلا ئەسەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى - دە، يېڭى ئەدەبىيات ھەرىكىتىنىڭ بىرىنچى پەردىسى يېپىلدى» دەپ يازغان.

(168) ئا. ب لۇناچارسكىي — A. B. луначарский (1875—1933) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت مۇلاھىزىچىسى، سوۋېت ئىتتىپاقى مائارىپ خەلق كومىسسارىياتىنىڭ تۇنجى كومىسسارى (مىنىستىرى) بولغان، «ئازاد قىلىنغان دونكىخوت» ئۇنىڭ سەھنە ئەسىرى.

(169) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1928 - يىل 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى «تىل رىشتىسى»نىڭ 4 - جىلد 18 - سانىغا بېسىلغان.

(170) زۇڭلى — سۇن جۇڭشەن ئەپەندى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(171) توخۇنىڭ قوۋۇرغىسى — «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە، جيەنئەننىڭ 24 - يىلى (219) 3 - ئايدا، ساۋ ساۋ چاڭئەندىن شيگۇغا چىقىپ، لەشكەرلىرىنى خەنجۇڭغا تاقاپ، ليۇ بېينىڭ قوشۇنلىرى بىلەن تىركىشىپ، بىر باشقا چىقالماي، لەشكەرلىرىنى چېكىن-

دۇرمەكچى بولۇپ، توخۇ قوۋۇرغىسى دېگەن بۇيرۇقنى چۈشۈرىدۇ. قارى-
مىقىدىكى پالۋان - سەركەردىلەر ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ.
ئوردا مىرزابېگى ياڭ شۇ بولسا راۋۇرۇس جابدۇنىدۇ، باشقىلار ھەيران
بولۇپ، ئۇنىڭدىن: «قانداق ئۇقۇمنى بىلدىلە؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ: توخۇ
قوۋۇرغىسىنى تاشلىۋېتەي دېسە كۆز قىيمايدۇ، يەي دېسە ئېغىزغا بىرنېمە
چىقمايدۇ، خەنجۇڭنى بۇنىڭغا مىسال قىلدى، شۇڭا پادىشاھئالەمنىڭ (ساۋ
ساۋ) قايتماقچى بولغانلىقىنى بىلدىم، دېگەن.

(172) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1928 - يىل 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى
«تىل رىشتىسى» نىڭ 4 - جىلد 18 - سانىغا بېسىلغان.

(173) «شېنباۋ» گېزىتىگە بېسىلغان بىر خەۋەرنىڭ ماۋزۇسى «خۇ-
نەن ئۆلكىسىدە كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئۆلكىلىك كومىتېتى قولغا چۈشۈ-
رۈلدى» دىن ئىبارەت، تۆۋەندىكى ئىككى جۈملە نەقىل ئۇنىڭ قوشۇمچە
ماۋزۇسىدىن ئىبارەت.

(174) «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت» — ئەڭ ئاۋۋال فرانسىيىلىك يازغۇ-
چى گائوتېر (1811—1872) ئوتتۇرىغا قويغان بۇرژۇئا ئەدەبىيات - سەنئەت
كۆزقارىشى («موبان خانىم» ناملىق ھېكايىگە قاراڭ). ئۇ سەنئەت
بارلىق مەنپەئەتپەرەسلىكتىن خالىي مەۋجۇت تۇرۇشى لازىم، سەنئەتنىڭ
ئۆزى ئىجادىيەتنى مەقسەت قىلىدۇ، ئىجتىمائىي سىياسىي بىلەن مۇناسىۋەت-
سىز دەپ قارىغان. ئىجادىيەت تەھرىراتىمۇ بىر چاغلاردا مۇشۇ تەشەببۇسنى
ئوتتۇرىغا قويغان.

(175) روگاچېۋسكىي — В. Л. Рояческий (1874—1930) سوۋېت
ئىتتىپاقى ئەدەبىيات تارىخشۇناسى. ئۇ 1925 - يىلى نەشر قىلغان «ھازىرقى
زامان روسىيە ئەدەبىياتى. چېخوف ۋە يېڭى يول» دا: «تولستوي ئاندرېيېفنى
تەنقىدلەپ: 〈ئۇ مېنى قورقۇتماقچى، لېكىن قورقمايمەن〉 دېگەن؛ ئۇنداق
بولسا چېخوف توغرىسىدا بىز ئەكسىچە ئۇ بىزنى قورقۇتمىسىمۇ، لېكىن بەك
قورقۇنچلۇق دېيەلەيمىز» دەپ يازغان.

(176) چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ئىنقىلابچىلارنى زىن-
دانغا تاشلاش ۋەقەسى — بۇ يەردە چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنقىلاب-
چىلارغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقى، مەسىلەن، جاڭ تەيئەن، زۇ رۇڭلارنى
زىندانغا تاشلىغانلىقى، چيۇ جىن، شۈي شىلىن قاتارلىقلارنى قىرىپ تاشلى-
غانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(177) مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913) سۈن جۇڭشەن گۋاڭدۇڭ -
جياڭشى - ئەنخۇي قاتارلىق ئۆلكىلەرگە رەھبەرلىك قىلىپ، يۈەن شىكەيگە
جازا يۈرۈشى قىلغان، بۇنىڭدىن ئىلگىرى - كېيىن، يۈەن شىكەي نۇرغۇن
ئىنقىلابچىلارنى قىرىۋەتكەن.





(178) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1928 - يىل 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «تىل
رىشتىسى» نىڭ 4 - جىلد 19 - سانىغا بېسىلغان.

(179) «ئەدەبىيات - سەنئەتتە چېگرا ئايرىش» — ئاشۇ كەمدىكى
ئىجادىيەت تەھرىراتىدىكىلەرنىڭ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان سۆزى. مەسى-
لەن، «مەدەنىيەت تەنقىدى» نىڭ 2 - سانىدا (1928 - يىل 2 - ئايدا)
چىڭ فاڭۋۇ «ئۇلارنى يولغا سالايلى» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دېگەن:
«ئەدەبىيات - سەنئەتتە چېگرا ئايرىپ، ئىجتىمائىي ئېڭىمىزنى بىخۇدلاشتۇ-
رىدىغان دورا بىھوشنى ۋە دۈشمەنلىرىمىزنى ماختايدىغان غەزەل تېكىستلىرى-
نى ئېنىق تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ يازغۇچىلىرىغا قايتۇرۇپ بېرىپ،
ئۇلارنى بىللە يولغا سالايلى.»

(180) «سەپ» — ئەدەبىيات - سەنئەت خاراكتېرىدىكى ھەپتىلىك
ژۇرنال، 1928 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشنى
باشلاپ 5 - سانىغىچە چىقىرىلىپ توختىتىلغان. روشۈي دېگەن ئىمزا بىلەن
بېسىلغان بۇ ماقالىنىڭ ئەسلىي تېمىسى «جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئەدەبىيات
ساھەسى» دىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ژۇرنالنىڭ 1 - سانىغا بېسىلغان.
روشۈي — پەن زىنيەن (1893—1926)، جياڭسۇ يىشىنلىق، پەيلاسوپ.

(181) چىڭ شېيىڭ بىلەن بولغان مۇنازىرە — 1925 - يىلدىن
1926 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا لۇشۈن بىلەن ھازىرقى زامان مۇلاھىزى-
چىلىرىدىن چىڭ شېيىڭ قاتارلىقلار ئوتتۇرىسىدا قىزلار دارىلمۇئەللىمىنى
ۋەقەسى، «30 - ماي» دىكى پاجىئەلىك ۋەقە ۋە «18 - مارت» پاجىئەسىنى
چۆرىدىگەن ھالدا شىددەتلىك مۇنازىرە بولغان. گاۋ چاڭخۇڭ بىلەن بولغان
مۇنازىرە — 1926 - يىل ئاخىرىدا گاۋ چاڭخۇڭنىڭ بوھتانىغا لۇشۈن
تەرىپىدىن بېرىلگەن قايتۇرما زەربە.

(182) لىن چىننەن (1852—1924) — ئىسمى لىن شۇ، تەخەللۇسى
ۋېيلۇ، فۇجيەن مىڭخۇلۇق (ھازىرقى فۇجۇ شەھىرى)، كامالىغا يەتكەن
تەرجىمان. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا «4 - ماي» يېڭى ئەدەبىيات ھەرىكىتىدى-
كى كونىلىق تەرەپدارلىرىغا ۋەكىللىك قىلغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان.

(183) سەنئەت ئۇنىۋېرسىتېتى — يەنى شاڭخەي سەنئەت ئۇنىۋېرسىتې-
تى بولۇپ، جۇ چېڭخاۋنىڭ رەسىم سىزىشنى مەخسۇس ئۆگىتىش ئۈچۈن
قۇرغان مەكتىپى، 1928 - يىلى ئىجادىيەت تەھرىراتى بىلەن ھەمكارلىشىشقا
مۇيەسسەر بولۇپ، ئەدەبىيات، گۈزەل سەنئەت ۋە ئىجتىمائىي پەندىن ئىبارەت
ئۈچ فاكۇلتېتنى ئاچقان، ئىجادىيەت تەھرىراتىدىكىلەر ئاساسلىق دەرس ئۆ-
تۈشنى ئۈستىگە ئالغان.

(184) لاۋزى — ئەمىنىيە دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى چۇ بەگلى-
كىدىن، تەرىقەت دىنىنىڭ يارانقۇچىسى. نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆز «ئەخلاق

كالامى» دىن چىقىدۇ. ئۇنىڭدا: «ئالىمەن دەيدىكەنسەن ئاۋۋال بەر» دېيىلگەن.

(185) چېڭ شىيىڭ «ھازىرقى زامان ئوبزورى» نىڭ 3 - جىلد 71 - سانى (1926 - يىل 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى) غا بېسىلغان «قۇرۇق پاراڭ» دا ئاۋۋال لۇشۈننىڭ «چۇقان» ناملىق ئەسىرىنى يېڭى ئەدەبىياتنىڭ دەسلەپكى 10 يىل ئىچىدە يېزىلغان «نامايەندىسى» دەپ كېلىپ، كەينىدىنلا لۇشۈننىڭ فېلىيەتونلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ: «لۇشۈننىڭ سۇپىتىگە ھۆرمەت قىلمايدىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنى ياخشى ئەمەس دېيەلمەيمەن؛ ئۇنىڭ ھېكايىلىرىگە قول قويىدىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇنىڭ باشقا ماقالىلىرىنىمۇ ماختاپ يۈرمەيمەن. مېنىڭچە، ئۇنىڭ پارچە تەسىراتلىرىدىن ‹ئىسسىق شامال› دىكى ئىككى - ئۈچ پارچە ماقالىدىن باشقىسىنىڭ زادى ئوقۇشقا ئەرزىيدىغانلىرى يوق» دېيىلگەن.

(186) تاڭ يۇرېن (1893—1935) — خۇنەن ليۇياڭلىق، «ھازىرقى زامان ئەنزارى» غا دائىم ماقالە يېزىپ تۇرىدىغان كىشى، كېيىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار ۋازارىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان، مەشھۇر ياپونپەرەس. شاڭخەيدە چىقىدىغان «ئەينەك» ناملىق كىچىك گېزىتنىڭ 1926 - يىل 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىكى سانىغا «ھازىرقى زامان ئەنزارى سېتىلدىمۇ؟» دېگەن خەۋەر بېسىلىپ، ئۇنىڭدا «تىل رىشتىسى» نىڭ 76 - سانىدىكى «ھازىرقى زامان ئەنزارى» دىن دۈەن چىرۇينىڭ پۇلىنى قوبۇل قىلغانلىق توغرىسىدىكى ماقالىلەر نەقىل كەلتۈرۈلگەن. تاڭ يۇرېن 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «ئەينەك» كە خەت يېزىپ بۇ ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەن ھەمدە «ھازىرقى زامان ئەنزارى» نىڭ سېتىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر موسكۋادىن چىققان، دەپ پىتنە - پاسات تېرىغان.

(187) بۇ ھەقتە مۇشۇ كىتابتىكى «تەزىيە ۋە تەبرىك» كە قارالسۇن.

(188) چېڭ فاڭۋۇ «ئىجادىيەت» پەسىللىك ژۇرنالىنىڭ 2 - جىلد 2 - سانى (1924 - يىل 1 - ئاي) غا بېسىلغان «چۇقان توغرىسىدا مۇلاھىزە» دە مۇنداق دېگەن: «‹چۇقان›، نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ھەرخىل مەجمۇئەلەر بىردەك ئۇنىڭ ئۈچۈن چۇقان كۆتۈردى. ئۇ ھامان ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چۈشمىدى، لېكىن مەن ھەددى - ھېسابسىز كۈچ سەرپ قىلىپ ئارانلا بىر نۇسخىنى قولغا چۈشۈردۈم. ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن ماقالىنى گېزىت - ژۇرناللاردا كۆرگەنىدىم. لېكىن، كۆپىنچىسىنى يازغۇچىنىڭ مۇخلىسلىرى رەتلىگەن، شۇڭا تولىمۇ قوپال ئىدى، بۇ نۆۋەت ئىنىسى جۇ زورېن ئەپەندى رەتلەپ چىقىپتۇ، كىشىنى تولىمۇ قىزىقتۇرىدىكەن.»

(189) بۇ، فېڭ نەيچاۋنىڭ «سەنئەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش» دېگەن ماقالىسىدىكى سۆزى.





(190) بۇ، چېڭ فاڭۋۇنىڭ «ئەدەبىيات ئىنقىلابىمىزنى ئورۇندايلى» دېگەن ماقالىسىدىكى سۆزى، مۇشۇ كىتابنىڭ «كىرىش سۆز» دىكى ئىزاھاتىغا قارالسۇن.

(191) لى چيۇلىننىڭ «ئىنقىلابىي ئەدەبىياتنى قانداق گۈللەندۈرۈش كېرەك» دېگەن ماقالىسىگە قارالسۇن. «مەدەنىيەت تەنقىدى» نىڭ 2 - سانىغا (1928 - يىل 2 - ئاي) بېسىلغان.

(192) ئىنتېللىگېنسىيە — رۇسچە ИНТЕЛЛИГЕНЦИЯ دېگەن سۆز بولۇپ، زىيالىي دېگەن مەنىدە.

(193) گاۋ چاڭخۇڭ «قۇيۇن» نىڭ 5 - سانى (1926 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى) دا ئېلان قىلىنغان «بېيجىڭ مەتبۇئات ساھەسىنىڭ 1925 - يىلىدىكى ۋەزىيىتىنى چۈشەندۈرۈش خەرىتىسى» دە لۇشۈننى «جاھانساز چال» دەپ ھاقارەتلىگەن ۋە يەنە «جىسمانىي ھەم روھىي جەھەتتىن كېسەل تەگكەن ھالەتتە قالدى» دەپ زاڭلىق قىلغان.

(194) كروپوتكىن ПА. КРОПОТКИН (1842—1921) — روسىيە ھۆكۈمەتسىزلىرىدىن.

(195) لىن چىننەننىڭ سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ قۇيىدىغان بۇ ھېكايىسى «ھايات» دېگەن ماۋزۇ بىلەن 1919 - يىل 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى شاڭخەيدە چىقىدىغان «يېڭى شېنباۋ» گېزىتىگە بېسىلغان.

(196) «چوڭ كەمبەغەل» — روشۈي «جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئەدەبىيات ساھەسى» دە: «جۇڭگودا چوڭ كەمبەغەل، كىچىك كەمبەغەللەر بار، پەرقلىق سىنىپ يوق. لېكىن، كىچىك كەمبەغەللەر كىچىكلىكتە كاپىتالىستلار سىنىپىنىڭ دەرىجىسىگە يېتەلمەيدۇ، چوڭ كەمبەغەللەر چوڭلۇقتا پرولېتارىياتنىڭ دەرىجىسىگە يېتەلىگەننىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ!» دېگەن، «چوڭ كەمبەغەللەر» دېگەن سۆز دەسلەپتە سۈن جۇڭشەننىڭ «سەنمىنجۇيى. خەلق تۇرمۇش مەسىلىسى» دە: «جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەممىسى كەمبەغەل، چوڭ بايلار يوق، پەقەت چوڭ كەمبەغەل، كىچىك كەمبەغەلدىن ئىبارەت پەرقلا بار» دەپ تىلغا ئېلىنغان.

(197) «لۇشۈن گۇاڭدۇڭدا» — جۇڭ جېڭۋېن تۈزگەن ئەسەر. ئۇنىڭغا لۇشۈن گۇاڭجۇغا بارغاندىن كېيىن، شۇ چاغدىكى گېزىت - ژۇرناللارغا لۇشۈن توغرىسىدا بېسىلغان 12 پارچە ماقالە كىرگۈزۈلگەن. لۇشۈننىڭ فېلىيەتونلىرىدىن ۋە نۇتۇق خاتىرىلىرىدىن تۆت پارچە قوشۇمچە قىلىنىپ، 1927 - يىل 7 - ئايدا شاڭخەيدىكى «شىمال يېڭىلىقلىرى» كىتابخانىسى نەشر قىلغان. «ئۆچمەس» دېگەن سۆز «سەپ» ناملىق ھەپتىلىك ژۇرنالنىڭ 1 - جىلد 2 - سانى (1928 - يىل 4 - ئاي) غا تىڭ ۋاڭ ئىمزاسى بىلەن يېزىلغان «‹كەلدىم›… ۋە ‹باردىم›» دېگەن ماقالىدىن

چىققان. ئۇنىڭدا: «لۇشۇن گۇاڭدۇڭدا» دېگەن كىتابنى كۆردۈم، پەقەت كىشىنى قايمۇقتۇرىدىغان بۇ كىتابنىڭ ئىسمىنىلا كۆردۈم··· لۇشۇن ئۆچمەيدىكەن، شۇ قاتاردا مۇھەررىر جۇڭ جىڭۋېنمۇ ئۆچمەيدىكەن» دېيىلگەن.

(198) تروتسكىي Л. Д. ТРОЦКИЙ (1879 — 1940) — بۇرۇن روسىيە ئىشچىلىرى ھەرىكىتىگە قاتناشقان، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە رەھبەرلىك ئورگىنىغا كىرگەن، 1927 ـ يىلى سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار پارتىيىسى) تەرىپىدىن پارتىيىدىن چىقىرىلغان، 1929 ـ يىلى چەت ئەلگە سۈرگۈن قىلىۋېتىلگەن، مېكسىكىدا ئۆلگەن. بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆزى «ئەدەبىيات ۋە ئىنقىلاب» نىڭ سەككىزىنچى بابى «ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك سەنئەت» تىن ئېلىنغان.

(199) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1928 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى «تىل رىشتىسى» نىڭ 4 ـ جىلد 33 ـ سانىدا يۈ دافۇنىڭ «ئىنقىلابىي ئېلان» دېگەن ماقالىسىنىڭ ئايىغىغا «لۇشۇننىڭ قوشۇمچە ئىلاۋىسى» دېگەن ماۋزۇ بىلەن بېسىلغان، بۇ كىتابقا ھازىرقى ماۋزۇ بىلەن كىرگۈزۈلگەن.

(200) بۇ يەردە 1928 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىگە بېسىلغان «شاڭخەي قەھۋەسى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئاپتورنىڭ ئىمزاسى شېنجى.

(201) «مەينەت دېھقان ـ ئىشچىلار ئاممىسى» — چىڭ فاڭۋۇنىڭ سۆزى. ئۇ «ئىجادىيەت ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 1 ـ جىلد 9 ـ سانىدىدا (1928 ـ يىل 2 ـ ئايدا بېسىلغان) ئېلان قىلغان «ئەدەبىيات ئىنقىلابىدىن ئىنقىلابىي ئەدەبىياتقىچە» دېگەن ماقالىسىدە: «ئۆزۈڭنىڭ ئۇششاق بۇرژۇئا تەبىئىتىڭنى يېڭىپ، ئوفخېبېن بولۇش ئالدىدا تۇرغان سىنىپقا ئارقاڭنى قىلىپ ماڭ، ئىپلاس ئىشچى ـ دېھقانلار ئاممىسى تەرەپكە قاراپ ماڭ!» دېگەن.

(202) «دەۋر خاتالىقى» — چىڭ فاڭۋۇ «كەلكۈن» نىڭ 3 ـ جىلد 25 ـ سانى (1927 ـ يىل 1 ـ ئاي) دىكى «ئەدەبىيات ئىنقىلابىمىزنى ئورۇنداپلى» دېگەن ماقالىسىدە: «ئۆز ۋاقتىدىكى ئەدەبىيات مەجمۇئەلىرىدە «ئىجادىيەت»تە دەۋر خاتالىقى بىلەن بولغان ھەۋەسلەر ئەۋجىگە چىقتى، ئوبزورلاردا بولسا ئەسەبىيلەشكەن قۇرۇق گەپ كۆپەيدى» دېگەن.

(203) پەن خەننيەن (1906—1977) — جياڭسۇ يىشىنلىق، يازغۇچى، يې لىنفېڭ (1904—1975) — جياڭسۇ نەنجىڭلىق، يازغۇچى ۋە رەسسام. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىجادىيەت تەھرىراتىغا قاتناشقان.

(204) «چىشلىرى سارغايغان» — «كۆچمە قۇم» نىڭ 3 ـ سانى





(1928 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى) غا شىنگۇاڭ ئىمزاسى بىلەن بېسىلغان «لۇشۇن شاڭخەيدە» دېگەن ماقالىدە لۇشۇنگە ھۇجۇم قىلىپ مۇنداق دېيىلگەن: «قاراڭ، يېقىندا ئۇ سايىۋەنىنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ ‹مەست ـ ئەلەس نەزىرىدىكى خىرەلىك› دەپ بىر غىڭشىۋالدى. لېكىن، ئۇ بۇ ماقالىسىدە چىڭ فاڭۋۇنىڭ خاتالىقىنى سەلبىي يوسۇندا كۆرسىتىپ قويمىدى، يا ئۆزى ئىجابىي يوسۇندا بىز ياشلارغا بىر نىجاتلىق يولى كۆرسىتىپمۇ بەرمىدى، باشقىلارنىڭ تىرىشچانلىقىنى كۆرسىلا ھەسەت قىلدى، سارغايغان چىشلىرىنى چىقىرىپ ھىجىيىپ قويدى.»

(205) يې لىنفېڭنىڭ سىزغان رەسمى شاڭخەيدە نەشر قىلىنىدىغان «چۆل ـ جەزىرە» نىڭ 1 ـ جىلد 2 ـ سانى (1928 ـ يىل 5 ـ ئاي) غا بېسىلغان.

(206) بىر پارچە ئېلان — مۇشۇ كىتابقا ئېلىنغان «لۇشۇننىڭ شاڭخەيدىكى ئېلانى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «ئىنقىلابىي ئەدەبىياتچى» دەپ پەن خەننيەن كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ «سەپ» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ 1 ـ جىلد 4 ـ سانى (1928 ـ يىل 4 ـ ئاي) غا بېسىلغان «يالغان لۇشۇن بىلەن چىن لۇشۇن» دېگەن ماقالىسىدە لۇشۇننىڭ ئېلانىنى مۇنداق زاڭلىق قىلغان: «شۇ ياش خوجىكام لۇشۇننىڭ نامىنىڭ شۇ قەدەر سېھرىي كۈچى بولغانلىقى ئۈچۈن، مەنشۇ دەرۋىشنىڭ قەبرىسى يېنىدىكى M خانىمنىڭ ئالدىدا ‹لۇشۇننىڭ خاڭجۇنى سەيلە قىلغاندا قەدىناس دوستىغا بىلدۈرگەن تەزىيىسى› دېگەن بىرنېمىنى بېغىشلىما قىلىپ يېزىپ قويغانىكەن، ھازىر شاڭخەيدىكى لۇشۇن بۇ ھەقتە بىر ئېلان چىقىرىپتۇ··· بۇنداق قىلغانلىقى بۇنىڭدىن كېيىن ئەقىل سورايدىغان ياكى كۆرۈشىدىغان خانىملارغا، مېنى ئوبدان تونۇپ قويۇڭلار، مەندىن باشقا لۇشۇن يوق، دېگەنلىكى ئەمەسمۇ؟ شاڭخەيدىكى لۇشۇننىڭ ئېلانى ھېلىقى چوڭ سەھنىنىڭ ئۇدۇلىدا ئېسىقلىق تۇرغان، نېمە ئىكەنلىكىنى خۇدا بىلىدىغان بىرنەرسىچىلىك كۈچكە ئىگە بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچبولمىغاندا بىزنىڭ ھېلىقى ‹فامىلىسى ئەسلىدە جۇ ياكى جۇ ئەمەس، لېكىن جۇ فامىلىسىگە خۇشتار› بولغان يەنە بىر لۇشۇننى ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئايان قىلىپ تىترەپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى ـ دە! يالغان گۈەن يۈ ھەزرەت چىڭ گۈەن يۈ ھەزرەتكە دۇچ كېلىپ قاپتۇ، يالغان لۇشۇن چىن لۇشۇنگە ئۇچراپ قاپتۇ، دېگەن مانا شۇ».

(207) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1928 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «تىل رىشتىسى» نىڭ 4 ـ جىلد 34 ـ سانىغا بېسىلغان، ئەسلىي ماۋزۇسى «خەت ـ خەۋەر — 1» ئىدى، بۇ كىتابقا كىرگۈزۈشتە ھازىرقى ماۋزۇغا ئۆزگەرتىلگەن.

(208) شۈي يۈن — تەپسىلاتى ئېنىق ئەمەس.

(209) «ئىنقىلابىي ئەدەبىيات مۇھاكىمىلىرى توپلىمى» نىڭ توغرىسى «ئىنقىلابىي ئەدەبىيات توغرىسىدا» نى دىڭ دىڭ تەھرىرلىگەن، شۇ چاغدىكى «ئىنقىلابىي ئەدەبىيات توغرىسىدا» غا 17 پارچە ماقالە كىرگۈزۈلگەن، توپلامنى 1927 ـ يىلى شاڭخەي «داشىڭ» كىتابخانىسى نەشر قىلغان. دىڭ شۇ چاغدىكى پۇرسەتپەرەس ئەدىب بولۇپ، كېيىن خائىن بولۇپ كەتكەن.

(210) «ئىجادىيەت ئايلىق ژۇرنىلى» — ئىجادىيەت تەھرىراتىنىڭ ئاساسلىق ئەدەبىي ژۇرنىلىنىڭ بىرى، 1926 ـ يىل 3 ـ ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلاپ، 1929 ـ يىل 1 ـ ئايدا نەشردىن توختىتىلغان.

(211) «كۆچمە قۇم» — ئىجادىيەت تەھرىراتىنىڭ ئۇنىۋېرسال يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى، 1928 ـ يىل 3 ـ ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلاپ، 6 ـ سانىغىچە چىققان.

(212) «قۇياش» — «قۇياش» ئايلىق ژۇرنىلى، «قۇياش» تەھرىراتىنىڭ ئاساسلىق ئەدەبىيات مەجمۇئەلىرىنىڭ بىرى. 1928 ـ يىل 1 ـ ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلاپ 7 ـ سانىغىچە چىققان. جياڭ گۇاڭ × — جياڭ گۇاڭسى (1901 — 1931)، ئەسلىي ئىسمى جياڭ گۇاڭچى ئىدى (ئۇلۇغ ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن چى ([赤 قىزىل] نى سى [慈 مېھرىبان] غا ئۆزگەرتكەن)، ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ ليۇخې دېگەن يېرىدىن. «قۇياش» تەھرىراتىنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرىنىڭ بىرى، يازغۇچى. «يېڭى چۈش» شېئىرلار توپلىمى، «سولتەكلەر پارتىيىسى»، «ئېتىز شاملى» رومانلىرىنى يازغان.

(213) «بىز» — ئايلىق ژۇرنال، 1928 ـ يىل 5 ـ ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلاپ 3 ـ سانىغىچە چىققان. ۋاڭ دۇچىڭنىڭ «تەبرىك سۆزى» ژۇرنالنىڭ 1 ـ نەشرىنىڭ 1 ـ ماقالىسى قىلىپ بېسىلغان. ۋاڭ دۇچىڭ (1898—1940) — شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىئەن شەھىرىدىن، شۇ چاغدا ئىجادىيەت تەھرىراتىنىڭ ئەزاسى ئىدى، ئۇزاق ئۆتمەي تروتسكىيچى بولۇپ كەتكەن.

(214) «چۆل» — يېرىم ئايلىق ژۇرنال، 1928 ـ يىل 5 ـ ئايدىن باشلاپ شاڭخەيدە تۆت سان چىققان.

(215) «ھازىرقى زامان ھېكايىلىرى» — ئايلىق ژۇرنال، 1928 ـ يىل 1 ـ ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلىغان. 1930 ـ يىل 3 ـ ئايدا نەشردىن توختىغان.

(216) «دەشت» — يېرىم ئايلىق ژۇرنال، 1928 ـ يىل 9 ـ ئايدا شاڭخەيدە 3 ـ سانىغىچە نەشر قىلىنغان.

(217) K ئەپەندى — گو مورو كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ چىڭ فاڭۋۇ





بىلەن بىرلىكتە ياپونىيە «جەڭ تۇغى» تەھرىراتىنىڭ يازغۇچىسى تىڭجى جاڭفۇلار بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى ‹جەڭ تۇغى› نىڭ 1928 ـ يىل 7 ـ ئايلىق سانىغا بېسىلغان. «جەڭ تۇغى» شۇ كەملەردە ياپونىيە پرولېتارىيات سەنئەت ئىتتىپاقىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى بولۇپ، 1928 ـ يىل 5 ـ ئايدا نەشر قىلىنىشقا باشلاپ 1930 ـ يىل 6 ـ ئايدا نەشردىن توختىغان.

(218) «ئىككى يۇزلۇك» — «چۆل ـ جەزىرە» نىڭ 2 ـ سانى (1928 ـ يىل 5 ـ ئاي) غا يې لىنفېڭنىڭ غەربىي ياۋروپا سەنئىتىنى تەقلىد قىلغان ھالدا لۇشۈننى مەسخىرە قىلىپ سىزغان بىر پارچە رەسىمى بېسىلغان ھەمدە «لۇشۈن ئەپەندى، ئىككى يۇزلۇك مويسىپىت ئۆزىنىڭ ئۆتكەنكى جەڭ نەتىجىلىرىنى ۋۇيۇسكا قىلىپ، ھاراق كۇپىنىڭ دالدىسىدا ‹سەنئەت قورالى› نى پۇلاڭلىتىپ، ئۇچمۇئۇچ كېلىۋاتقان تاشقى خورلۇقلاردىن ئۆزىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ» دېگەن ئىزاھ قوشۇمچە قىلىنغان.

(219) «دون لۇشۈن» بۇ يەردە «بەربىر (مەست ـ ئەلەس) بولۇپ قاپتۇ» دېگەن ماقالە كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئۇ «ئىجادىيەت ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 1 ـ جىلد 11 ـ سانى (1928 ـ يىل 5 ـ ئاي) غا بېسىلغان. ئۇنىڭدا: «ئاجايىپ كاتتا ھەيرانلىق بىلەن كېلىدىغان ئاشۇ باھادىر پالۋاننىڭ ئالىچىپار ئەپتىنى ھۆرمەت بىلەن كۆرۈشكە تەقەززا بولدۇق. ئەڭ ئاۋۋال چاچراپ چىقىدىغانلار جاھانگىر دۆلەتلەردە قانداقتۇر چۇپرەندە ئەدەبىيات ئوقۇغان پروفېسسور ۋە مەشھۇر زاتلار بولمىغان تەقدىردىمۇ، شۇنداقلارنىڭ تەسىرىنى ئالغان، ياش تۇرۇپ قېرىپ قالغان كەنجى پالۋانلاردىن بولۇشى چوقۇم، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغانىدۇق. قاراڭلار! بەللى، بىرئاز غەلىتە ئىش! بۇ بۇرۇتلۇق ئەپەندى جۇڭگونىڭ Don Quixte (دون كىخوت) دون لۇشۈننىڭ ئۆزى ئىكەن!» دېيىلگەن. دون — ئىسپان تىلى بولۇپ، ئەپەندىم مەنىسىدە.

(220) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1928 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «تىل رىشتىسى» نىڭ 4 ـ جىلد 34 ـ سانىغا بېسىلغان، ئەسلىي ماۋزۇسى «خەت ـ خەۋەر — 2» بولۇپ، مۇشۇ كىتابقا كىرگۈزۈشتە ھازىرقى ماۋزۇغا ئۆزگەرتكەن.

(221) سىخېڭ — خەن سىخېڭ، تيەنجىنلىك، شۇ كەمدىكى ياش ئەدەبىياتچى. ئۇ تەرجىمە قىلغان لىنكۇي ۋېيفۇنىڭ ماقالىسى «تىل رىشتىسى» نىڭ 4 ـ جىلد 29 ـ سانى (1928 ـ يىل 7 ـ ئاي) غا بېسىلغان، ئەسلىي تېكىستى ياپونىيىدە چىقىدىغان «يېڭى دولقۇن» نىڭ 9 ـ سانى (1926 ـ يىلى) غا بېسىلغان، تەرجىمىسى پەقەت ئەسلىي تېكىستنىڭ بىرىنچى ئابزاسىدىنلا ئىبارەت. ئاپتور ماقالىسىدە: «مەن ‹تارىخىي ماتېرىيالىزمنى ئىنكار قىلىش› مەۋقەسىدە تۇرىمەن» دەپ بايان قىلغان. لىنكۇي ۋېيفۇ (1883—1947) — ياپونىيىنىڭ ئىقتىسادىي پەن ئالىمى ۋە ئىجتىما-

ئىي پەن ئالىمى.
(222) كەيلياڭ — تەپسىلاتى ئېنىق ئەمەس.
(223) «ئۆلۈم ۋەھىمىسى» — تروتسكىينىڭ «ئەدەبىيات ۋە ئىنقىـ
لاب» ناملىق ئەسىرىنىڭ سەككىزىنچى بابى «ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك
سەنئەت»كە قارالسۇن.
(224) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1929 - يىل 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى
«تىل رىشتىسى»نىڭ 5 - جىلد 2 - سانىغا بېسىلغان.
(225) شىخۇ كۆلى بويىدىكى كۆرگەزمە — گومىنداڭنىڭ شۇ چاغدىـ
كى جېجياڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇش نازارىتى باشقۇرغان مال
ئالماشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى كۆرگەزمە بولۇپ، 1929 - يىـل 6 -
ئاينىڭ 6 - كۈنى خاڭجۇ شەھىرىنىڭ شىخۇ دېگەن يېرىدە ئېچىلغان، بۇنىڭ
ئىچىدە «ئىنقىلابىي خاتىرە بۆلۈمى» بار ئىدى. كۆرگەزمىنى ئېچىشتىن
بۇرۇن، گېزىتتە «ئىنقىلاب يادىكارلىقلىرىنى يىغىپ توپلاش» ھەققىدە ئېلان
چىقىرىلغان.
(226) زو رۇڭ (1885—1905) — تەخەللۇسى ۋېيدەن، سىچۈەن
ئۆلكىسىنىڭ باشيەن ناھىيىسىدىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىـ
كى ئىنقىلابچى، 1902 - يىلى ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقاندا چىڭ خاندانلىقىغا
قارشى ئىنقىلاب قىلىشنى ئاكتىپ تۈردە تەشۋىق قىلغان، ۋەتەنگە قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن، 1903 - يىل 7 - ئايدا چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى
شاڭخەيدىكى ئەنگلىيە كونسېسسىيە دائىرىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ قولغا
ئالغان ۋە ئىككى يىللىق قاماق جـازاسى ھۆكـۈم قىلغان، 1905 - يىل
4 - ئايدا تۈرمىدە ئۆلگەن.
(227) «ئىنقىلاب قوشۇنى» — زو رۇڭ يازغان ئەسەر، كىرىش
سۆزنى جاڭ بىڭلىڭ يازغان، چىڭ خاندانلىقىنىڭ گۇاڭشۈي 29 - يىلى
(1903) نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان، پۈتۈن كىتاب جەمئىي يەتتە باب.
كىتابتا چىڭ خاندانلىقىنىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقى پاش قىلىنغان،
«ئەركىن، مۇستەقىل جۇڭخۇا جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش غايىسىنى ئوتتۇرىغا
قويۇپ، ناھايىتى زور ئىنقىلابىي رىغبەتلەندۈرۈش رولىنى ئوينىغان. ئاپتور
كىرىش سۆزىنىڭ ئاخىرىسىدا: «ئۇلۇغ خەنزۇ مىللىتى دۆلىتى مۇنقەرز
بولۇپ 260 يىلدىن كېيىنكى 3 - ئاي كۈنلىرىدە ئىنقىلاب قوشۇنىدىكى
چاپارمەن زو رۇڭ يازغان» دەپ ئىمزا قويغان.
(228) سەنمىنجۇيى — جۇڭگونىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى
ئۈچۈن سۇن جۇڭشەن ئوتتۇرىغا قويغان پرىنسىپ ۋە پروگرامما بولۇپ، يەنى
مىللەت مەسىلىكى، خەلق ھوقۇقى مەسىلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشى مەسىلىكىدىن
ئىبارەت. 1924 - يىلى سۇن جۇڭشەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ





ياردىمى ئاستىدا گومىنداڭنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇپ، روسىيە بىلەن بىرلىـ
شىش، كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىش، دېھقان - ئىشچىلارنى يۆلەشتىن
ئىبارەت ئۈچ بۈيۈك سىياسەتنى بەلگىلەپ، سەنمىنجۇيىنى يېڭىۋاشتىن چۈ-
شەندۈرگەن، ئۇ بولسىمۇ يېڭى سەنمىنجۇيىدىن ئىبارەت. جياڭ جيېشى
ئىنقىلابتىن يۈز ئۆرۈگەندىن كېيىن، ئۈچ بۈيۈك سىياسەتكە ئاسىيلىق
قىلغان، سەنمىنجۇيى تەلىماتىمۇ پۇچەكلەشتۈرۈلگەن.
(229) ئىتتىپاق — يەنى جۇڭگو ئىنقىلابىي ئىتتىپاقى، بۇرژۇئازىيىـ
نىڭ ئىنقىلابىي پارتىيىسى. 1905 - يىل 8 - ئايدا سۇن جۇڭشەن رەھبەرـ
لىكىدە جۇڭگونى گۈللەندۈرۈش جەمئىيىتى ۋە جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈش
جەمئىيىتى ئاساسىدا قايتۇرۇۋېلىش جەمئىيىتى بىلەن بىرلىشىپ، ياپونىيە
پايتەختى توكيودا قۇرۇلغان. ئۇ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ،
بۇرژۇئا دېموكراتىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى سىياسىي پروگرامما قىلغان.
(230) سۇن جۇڭشەن ئۆزىنىڭ «تەرجىمىھالى»دا چىڭ سۇلالىسىنىڭ
ئاخىرقى يىللىرىدىكى چىڭ خاندانلىقىغا قارشى ھەرىكەت توغرىسىدا توختالـ
غاندا: «شاڭخەيدە جاڭ تەييەن، ۋۇجىخۇي، زو رۇڭ قاتارلىقلار ‹جياڭسۇ
گېزىتى›دىن پايدىلىنىپ، ئىنقىلابنى تەرغىب قىلغانىدى، چىڭ ئوردىسى
تەقىب قىلىپ، تەييەن، زو رۇڭنى كونسېسسىيىدىكى تۈرمىگە قامىۋەتكەن،
ۋۇ جىخۇي ياۋروپاغا قېچىپ كەتكەن. بۇ دېلو چىڭ سۇلالىسىنىڭ خاقانىغا
بىۋاستە تاقالغانلىقتىن، ئوردا بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا دەۋا باشلانغان. بۇ
چىڭ سۇلالىسىدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش ئىدى. چىڭ ئوردىسى
دەۋادا غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن جاڭ تەييەن، زو رۇڭلار پەقەت
ئىككى يىل تۈرمىگە تاشلىنىش بىلەنلا خالاس تاپقان، نەتىجىدە خەلقنىڭ
جاسارىتى راسا ئۆرلىگەنىدى. زو رۇڭ ‹ئىنقىلاب قوشۇنى› ناملىق بىر
كىتاب يېزىپ چىققان، ئۇنىڭدا مەنچىڭ خاندانلىقىنى چەتكە قېقىشتا ئاچا-
يىپ شىددەتلىك سۆزلەر ئىشلىتىلگەن بولۇپ، جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ
ئىنتايىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان، مۇھاجىرلارنىڭ كەيپىياتىنى
ئىلھاملاندۇرۇشتا ناھايىتى زور كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلىغان» دېـگـەن.
(«زۇڭلى ئەسەرلىرى توپلىمى»غا قارالسۇن).
(231) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1929 - يىل 4 - ئايدا نەشر قىلىنغان
«يېقىنقى زامان دۇنيا ھېكايىلىرى توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن.
«يېقىنقى زامان دۇنيا ھېكايىلىرى توپلىمى» — لۇشۈن بىلەن رۇشى
قاتارلىقلار قۇرغان «سەھـەر غۇنچىسى» تەھرىراتىدىن نەشـر قىلىنغان
كىتابلارنىڭ بىرى بولۇپ، «ئاجايىپ زۇلپىقار ۋە باشقىلار»، «قۇملۇقتا»
دىن ئىبارەت ئىككى توپلامغا بۆلۈنىدۇ. بۇلارغا بېلگىيە، چېخ - سلوۋاكىيە،
فرانسىيە، ۋېنگرىيە، روسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى، يەھۇدىي، يۇگوسلاۋىـ

يە، ئىسپانىيە قاتارلىق دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ 24 پارچە ھېكايىسى كىرگۈزۈلگەن.

(232) سامگراھاما — بۇددا ئىبادەتخانىسى، بۇتخانا. — مۇھەررىر ئىلاۋىسى.

(233) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1929 - يىل 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بېيپىڭ «نامسىز» يېرىم ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 2 - جىلد 8 - سانىغا بېسىلغان.

(234) ئەجنەبىيلەرنىڭ غالچىسى — كونا زاماندا ئەجنەبىيلەر ياللىغان جۇڭگولۇق مالايلار مۇشۇنداق خارلانغان.

(235) «Yes» — ئىنگلىزچە تىل، خوش، بولىدۇ، دېگەن مەنىدە.

(236) «No» — ئىنگلىزچە تىل، يوقسۇ، بولمايدۇ، دېگەن مەنىدە.

(237) شۈي جىمۇ (1897—1931) — جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خەينىن دېگەن يېرىدىن، شائىر، «يېڭى ئاي» تەھرىراتىنىڭ ئاساسىي ئەزاسى، «جىمو شېئىرلىرى»، «يىرتقۇچ يولۋاس» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. 1924 - يىل 4 - ئايدا تاگور جۇڭگونى زىيارەت قىلغاندا تەرجىمانلىق قىلغان ھەمدە «ھېكايىلەر ئايلىق گېزىتى» دە تاگورنى مەدھىيىلەيدىغان ماقالىلىرىنى ئېلان قىلغان.

(238) دېۋېي J. Dewy (1859—1952) — ئامېرىكىلىق ئىدېئالىستىك پەيلاسوپ، پروگماتىزمچى. ئۇ ئوبيېكتىپ ھەقىقەت بىلەن مۇتلەق ھەقىقەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلغان، كېرەك بولغاننىڭ ئۆزى ھەقىقەت دەپ قارىغان. «پەلسەپىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى»، «لوگىكا: ئىزدىنىش نەزەرىيىسى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. خۇ شى — دېۋېي تەلىماتىنىڭ تەشۋىقاتچىسى. 1919 - يىل 5 - ئايدىن 1921 — يىل 7 - ئايغىچە دېۋېي جۇڭگودا لېكسىيە بەرگەندە ئۇ تەرجىمانلىق قىلغان.

(239) مانسفېلد K,Mansfield (1888—1923) — ئەنگلىيىنىڭ ئايال يازغۇچىسى. «بەخت»، «پاختەك چاڭگىسى» قاتارلىق پوۋېست ۋە ھېكايىلەرنى يازغان. شۈي جىمۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان. شۈي جىمۇ «ئۆزۈم ئۇستىدە تەھلىل. ياۋروپا ساياھىتى خاتىرىسى» دە، فرانسىيىدە مانسفېلدنىڭ قەبرىسىگە چىققانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ: «مەن بۇ قېتىم ياۋروپاغا خۇددى ئاتايىن قەبرە بېشىغا چىقىش ئۈچۈن كەلگەندەك كەلدىم؛ ئاتاقلىق كىشىلەرنىڭ ياكى مەن بىلەن مۇناسىۋىتى بار كىشىلەرنىڭ قەبرىسىگە چىقىپلا قالماستىن، … فوندانبورودا مانسفېلدنىڭ قەبرە بېشىغا ھەم چىقتىم…» دېگەن.

(240) ئۇتوپىيە — لاتىنچە Utopia، ئەسلىي ئەنگلىيىلىك تومون مولنىڭ — 1516 - يىلى يازغان «ئۇتوپىيە» ناملىق ھېكايىسىدىن ئېلىنغان.





كىتابتا ئاپتورنىڭ خىيالىي سوتسىيالىزم غايىسى باغلانغان «ئۇتوپىيە» دەيدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي تەشكىلات تەسۋىرلەنگەن. شۇ سەۋەبتىن «ئۇتوپىيە» دېگەن سۆز «خىيالىي» دېگەن سۆز بىلەن بىر مەنىدىكى سۆز بولۇپ قالغان.

(241) «جەنۇب» تەھرىراتى — ئەدەبىيات تەشكىلاتى، 1909 - يىلى ليۇ يازى قاتارلىقلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن سۇجۇدا قۇرۇلغان. گۇللەنگەن دەۋرىدە ئەزاسى 1000دىن ئاشقان. ئۇلار شېئىر يېزىش ئارقىلىق مەنچىڭ خانىدانلىقىغا قارشى ئىنقىلابقا ئىلھام بەرگەن. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن بۆلۈنۈش پەيدا بولۇپ، بەزىلىرى يۈەن شىكەيگە بېقىنغان، بەزىلىرى ھەر خىل سىياسەتۋازلار تەشكىلاتلىرىغا قاتناشقان، پەقەت ئاز ساندىكىلەر ئىلغارلىق مەيدانىدا چىڭ تۇرغان، 1923 - يىلى تارقىلىپ كەتكەن. بۇ تەھرىرات «جەنۇب تەھرىراتى» ناملىق مۇددەتسىز ژۇرنالنى چىقىرىپ، ئۆز ئەزالىرىنىڭ شېئىرلىرىنى باسقان، جەمئىي 22 توپلام چىقارغان.

(242) «خەن زامانىدىكى ئەمەلدارلىق يوسۇنلىرى» — خەن زامانىدىكى سۇن شۇتۇڭ قاتارلىقلار بەلگىلىگەن ئەدەپ - قائىدە تۈزۈملىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(243) ئېرېنبۇرگ И. Еренбург (1891—1967) — سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىدە سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتىنى بۇرمىلىغانلىقى ئۈچۈن، شۇ چاغدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىغان.

(244) گېرمانىيە شائىرى گېينې H. Геine (1797—1856) — ئۇنىڭ «پورتقا قايتىش خاتىرىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ 66 - پارچىسىدا مۇنداق مىسرالار بولغان: «ئاللانىڭ ئۆزى بوپ چۈشەپتىمەن، ئاجايىپ سۆلەت بېھىشتە ئولتۇرۇپتىمەن، پەرىشتىلەر ئەتراپىمنى ئوراپ تۇرۇپ، داستانىمنى تىنماي ماختاپتۇ؛ تۇخۇم پوشكىلى، قەنت - ناۋات يەپ تۇرۇپ، مەي - شارابمۇ ئىچىپ تۇرۇپ، پەرىشتىلەر بىلەن بىر داستىخاندا كۆڭۈل ئېچىپتىمەن؛ بەھرىمەن بولغان بۇ نازۇنېمەتلەر ئۈچۈن بىر پۇل چاغلىق چىقىم قىلماپتىمەن.»

(245) «ئۇششاق بۇرژۇئا ئەدەبىياتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى» — لى چيۇلىنىڭ «ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىياتى دېگەن بىرنېمىسىنىڭ باش كۆتۈرۈپ قېلىشىدىن پرولېتارىيات ئەدەبىياتى ئۆزىنى مۇداپىئەگە ئېلىشى لازىم» دېگەن ماقالىسىگە قارالسۇن (1928 - يىل 12 - ئايدا «ئىجادىيەت ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 2 - جىلد 6 - سانىغا بېسىلغان).

(246) ۋاڭ رۇچىڭنىڭ داستانى «Ⅱ Dec» («11 - دېكابىر») كۆزدە تۇتۇلىدۇ. 1928 يىل 11 - ئايدا نەشر قىلىنغان (نەشر قىلغۇچى

ئورۇن يېزىلمىغان).

(247) «بىر قول» — ھېكايە، 1928 ـ يىل «ئىجادىيەت ئايلىق ژۇرنىلى» 1 ـ جىلدنىڭ 9 ـ دىن 11 ـ سانىغىچە بېسىلغان، مەزمۇنى بۇ يەردە يېزىلغىنىدىن پەرقلىنىدۇ.

(248) «دەرد ـ ھەسرەتنىڭ سىمۋولى» — ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇھاكىمىلىرى توپلىمى، ياپونىيىلىك چۈەن بەيسۇن (1880—1923) يازغان، ئۆز ۋاقتىدا لۇشۈن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان، 1924 ـ يىل 12 ـ ئايدا بېيجىڭ «يېڭى دولقۇن» تەھرىراتى نەشر قىلغان، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ مۇقاۋىسىنى تاۋ يۈەنچىڭ ئىشلىگەن. مۇقاۋىدا بىر پولات ئارىنىڭ بىر ئايالنىڭ تىلىغا سانجىلغانلىقى سىزىلغان بولۇپ، «بۇ دۇنيانىڭ دەرد ـ ئەلىمى» سۈرەتلەنگەن.

(249) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1929 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى «تىل رىشتىسى» نىڭ 5 ـ جىلد 22 ـ سانىغا بېسىلغان.

«ئۇلۇغ چىنچە تېبابەتچىلىك» — ياپونلارنىڭ جۇڭگو تېبابەتچىلىك پرىنسىپلىرى بويىچە كېسەل داۋالايدىغان تېببىي ئىلمى.

(250) ئىنقىلاب ۋۇجۇدقا چىققان — گومىنداڭ 1927 ـ يىل «12 ـ ئاپرېل» ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىشنى قوزغىغاندىن كېيىن نەنجىڭدا ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەت قۇرۇپ، ئۇنى «ئىنقىلاب ۋۇجۇدقا چىقتى» دەۋالغان. ئاپتور بۇ سۆزنى بۇ يەردە مەسخىرە قىلىپ قوللانغان.

(251) تاڭبېن چۇجېن (1867—1941) — ياپونىيە دوختۇرى، جۇڭگوچە تېبابەتچىلىك ئالىمى. «ئۇلۇغ چىنچە تېبابەتچىلىك» ۋە «ياپونچە تېبابەتچىلىكتە قوللىنىدىغان جۇڭگوچە رېتسېپلار ھەققىدە چۈشەنچىلەر» دېگەن ئەسەرلەرنى يازغان. «ئۇلۇغ چىنچە تېبابەتچىلىك» تە، جۇڭگو تېبابەتچىلىك نەزەرىيىسى ئاساس قىلىنىپ، جۇڭگوچە داۋالاشنىڭ ئۈنۈمى شەرھلەنگەن. ئالدىنقى قىسمىدا ئېلىمىزنىڭ شەرقىي خەن زامانىدا ئۆتكەن جاڭ جىنىڭ تېببىي ئەسەرلىرىنى چۈشەندۈرۈش ئاساس قىلىنغان، كېيىنكى قىسمىدا، جۇڭگوچە داۋالاش رېتسېپلىرى بويىچە داۋالايدىغان كېسەللىك ئالامەتلىرى ئايرىم ـ ئايرىم بايان قىلىنغان. بۇنىڭ جۇ زىشۈنىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان نۇسخىسى بار، 1930 ـ يىل 9 ـ ئايدا شاڭخەي جۇڭخۇا كىتابخانىسى نەشر قىلغان.

(252) بۇ، جۇڭخۇا كىتابخانىسىنىڭ «〈ئۇلۇغ چىنچە تېبابەتچىلىك〉نى نەشر قىلىش ھەققىدىكى ئالدىن ئۇقتۇرۇشى»، 1929 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى شاڭخەي «ئاخبارات گېزىتى» گە بېسىلغان.

(253) «تەڭداشسىزلار دەستۇرى» — چىڭ زامانىسىدىكى جېيىن گۈلياڭ سىزغان رەسىم. بۇنىڭغا خەن سۇلالىسىدىن تارتىپ سۇڭ سۇلالىسى-





غىچە «سادىق، ۋاپادار، ئىختىساسلىق، ھەققانىيەتچى، تۆھپىكار ... ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان جادۇگەر» 40 كىشىنىڭ رەسىمى كىرگۈزۈلگەن ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە «ئۆز ھاياتىدىكى چوڭ ۋەقەلەر» دىن ئېلىنغان بىر پارچە نەزمە قوشۇمچە يېزىلغان.

(254) فەنئېر — يەنى لى بېيجۈڭ (؟ — 1940) سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ پىڭشەن دېگەن يېرىدىن، ئەسلىي بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، كېيىن خۋاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىگە كىرگەن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ۋە ياپونىيىدە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان، گومىنداڭنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى بولغان، ئىلگىرى ئاپتور بىلەن خېلى كۆپ خەت ـ ئالاقە قىلىشقان. «لۇشۈن خاتىرىلىرى» دە: 1929 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى «لى بېيجۈڭنىڭ تەقدىم قىلىپ ياپونىيىدىن ئەۋەتكەن ‹ساياھەت خاتىرىسى›، ناملىق ئۈچ توملۇق بىر پارچە ئەسىرىنى تاپشۇرۇۋالدىم» دەپ يېزىلغان.

(255) گاڭ چيەنرېن (1833—1914) — ياپون، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا جۇڭگوغا كېلىپ ساياھەت قىلغان. «شاڭخەيدە، «سۇجۇ — خاڭجۇدا»، «يەنجىڭ (بېيجىڭ) دا»، «گۇاڭدۇڭنىڭ جەنۇبىدا» قاتارلىق جەمئىي 10 جىلد خاتىرە يېزىپ، ئۇلارغا «ساياھەت خاتىرىسى» دەپ نام قويغان، 1885 ـ يىلى ئۆز پۇلى بىلەن نەشر قىلدۇرغان.

(256) دوجى ئەپەندى — دوجى لەنشى (1731—1801)، ياپونىيىلىك ئىچكى كېسەل دوختۇرى.

(257) جۇڭجېن ئەپەندى — ئەسلىي ئىسمى جاڭ جى، تەخەللۇسى جۇڭجىن، دەنياڭ ۋىلايىتىدىن (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ نەنياڭ شەھىرى)، شەرقىي خەن زامانىدا ئۆتكەن تېببىي ئالىم، «تۇرلۇك كېسەللىكلەر ئالامەتلىرى»، «كېزىك ھەققىدە» ناملىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(258) «بەدەن ھەققىدە يېڭى بايان» — ئەنگلىيىلىك خوشىنىنىڭ جۇڭگودا يازغان ئاناتومىيە ئەسىرى، چىڭ شۇتاڭ تەرجىمە قىلغان، 1851 ـ يىلى گۇاڭدۇڭدا تاش مەتبەئەدە باستۇرغان، كېيىن نىڭبو قاتارلىق جايلاردا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

(259) «4000 يىلدىن ئاشقان قەدىمىي ئەل» — بۇ سۆز مەنچىڭ زامانىدىكى خۇاڭ زۇڭشەننىڭ «لەشكەر تارتىش مارشى» دىن چىققان: «4000 يىلدىن ئاشقان قەدىمىي ئەلنىڭ مۇقەددەس تۇپرىقى پۈتۈنلەي بىزگە خاس» (1902 ـ يىل 10 ـ ئايدا «يېڭى ھېكايىلەر» نىڭ 1 ـ سانىغا بېسىلغان).

(260) مېيجى يىللىرىدىكى يېڭىلىق ياقلاش — ياپونىيىنىڭ مېيجى يىللىرىدىكى (1868—1912) يېڭىلىقنى ياقلاش ھەرىكىتى كۆزدە تۇتۇل-

دۇ. بۇ ھەرىكەت دېچۈەن مۇفۇنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىقىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، كاپىتالىزمنىڭ ياپونىيەدىكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

(261) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1929 - يىل 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «تىل رىشتىسى»نىڭ 5 - جىلد 22 - سانىغا بېسىلغان.

(262) جۇڭگو - سوۋېت بىرلىشىپ باشقۇرغان ئوتتۇرا شەرق تۆمۈريولىنى گومىنداڭ 1929 - يىل 7 - ئايدا قوراللىق كۈچ بىلەن ئۆتكۈزۈۋالغاندا ئىككى تەرەپ توقۇنۇشۇپ قالغان. گومىنداڭ بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ «روسىيىگە قارشى ھەرىكەت» قوزغىغان.

(263) «يېڭى ئاي» كىتابخانىسى — «يېڭى ئاي» تەھرىراتىنىڭ كىتابخانىسى، 1929 - يىلى ئەتىيازدا شاڭخەيدە قۇرۇلغان. بۇ كىتابخانا «روسىيىگە قارشى ھەرىكەت»كە ماسلىشىش ئۈچۈن، دۇنيا بۆلۈمىنىڭ خوجايىنى ئىمزالىق «سوۋېت روسىيىسى ھەققىدە تەقرىز»نى ۋە شۈي جىمۇنىڭ «روسىيىگە ساياھەت» خاتىرىسىنى قايتا نەشر قىلغان ھەمدە بۇ ھەقتە تەشۋىقات ئېلانى چىقارغان.

(264) چىڭگىزخان (1162 — 1227) — ئىسمى تىمۇچىن، قەدىمكى زاماندىكى موڭغۇللارنىڭ داھىيسى، XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موڭغۇللار قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، موڭغۇل خانىدانلىقىنى قۇرۇپ، چىڭگىزخان دېگەن نام بىلەن خانىدانلىق تەختىگە ئولتۇرغان، ئۇ موڭغۇل خانىدانلىقىنىڭ زېمىنىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جەنۇبىي روسىيىگىچە كېڭەيتكەن. كېيىن ئۇنىڭ ۋارىسلىرى روسىيىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، قىپچاق (ئالتۇن ئوردا) خانىدانلىقى قۇرغان؛ يەنە جەنۇبىي سۇڭ خانىدانلىقىنى يوقىتىپ، يۈەن سۇلالىسىنى قۇرغان.

(265) بۇ يەردە «جۇڭگو زېمىنى» دېمەكچى — مۇھەررىر.

(266) سۇبۇتاي (1176—1248) — موڭغۇل خانىدانلىقىنىڭ ئۇلۇغ سەركەردىسى. 1216 - يىل ئەتىيازدا چىڭگىزخان ئۇنى مەركىتلەرنى بويسۇندۇرۇشقا بۇيرۇق قىلغان. مەركىت — لياۋ - جىن زامانلىرىدا سېلىنگى ۋادىسىدىكى كۆچمەن قەبىلە ئىدى.

(267) گۇن تېڭگىر — ھازىرقى كاسپىي دېڭىزى.

(268) باتۇ (1209—1256) — موڭغۇل خانىدانلىقىنىڭ ئۇلۇغ سەركەردىسى، چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى؛ گۇيۈك (1206—1248) — يۈەن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى بوۋىسى ئوگدايىنىڭ چوڭ ئوغلى، كېيىن يۈەن دىڭزۇڭ دەپ تەرىپلەنگەن. مۆڭخە (1208—1259) — ئوگدايىنىڭ جىيەنى، كېيىن يۈەن شيەنزۇڭ دەپ تەرىپلەنگەن.

(269) ئىلزەن شەھرى — موسكۋانىڭ جەنۇبىدىكى بىر شەھەر.

(270) جۇجىخان (1177—1225) — موڭغۇل خانىدانلىقىنىڭ ئۇ-





لۇغ سەركەردىسى، چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى.

(271) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1929 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شاڭخەيدە «بازار دولقۇنى» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1 - جىلد 8 - سانىغا بېسىلغان.

يې يۇڭچىڭ — جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ يۇجىڭ دېگەن يېرىدىن، بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش دەۋرىدە خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتەپ 3 - قارارىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى، كېيىن گومىنداڭ قوشۇنىدا گېنېرال بولغان. «قىسقىغىنە 10 يىل» ئۇنىڭ تەرجىمىھال ئۇسلۇبىدا يازغان رومانى بولۇپ، ئۇنى 1929 - يىل 9 - ئايدا شاڭخەي «باھار دولقۇنى» كىتابخانىسى نەشر قىلغان.

(272) «سەپەرگە قايتا ئاتلىنىش» — «قىسقىغىنە 10 يىل»نىڭ ئاخىرقى بابى.

(273) ساكيامۇنى (Sakyamuni، تەخمىنەن مىلادىيىدىن 556 — 486 يىل ئىلگىرى ياشىغان بولسا كېرەك) — بۇددا دىنىنىڭ ياراتقۇچىسى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى كاپىلا پادىشاھلىقى (ھازىرقى نېپالدا) پادىشاھىنىڭ ئوغلى بولۇپ، 29 يېشىدا تائەت - ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەۋلىيا بولغان.

(274) ھىنايانا، ماھايانا — بۇددا دىنىنىڭ ئىككى مەزھىپى.

(275) ھېكايىنىڭ ئاپتورى «خاتىمە»دە: «يېزىپ مۇشۇ يەرگە كەلگىنىمدە، ھەرھالدا بىرنەچچە تۈمەن خەتكە بېرىپ قالدى، لېكىن زادى نېمىنى يازغانلىقىمنى بىلمەيمەن. ھېكايىمىكىن دېسەم، ئوخشاشمايدۇ! نەسرىي ئەسەرمىكىن دېسەم، ئوخشاشمايدۇ!» دەپ يازغان.

(276) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1929 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شاڭخەي «سەھەر غۇنچىسى» ناملىق 10 كۈنلۈك ژۇرنالنىڭ 1 - جىلد 10 - سانىغا بېسىلغان.

رۇشى (1903—1931) — ئەسلىي ئىسمى جاۋ پىڭفۇ، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ نىڭخەي (ھازىرقى شاڭشەن ناھىيىسىگە قوشۇۋېتىلگەن) دېگەن يېرىدىن، يازغۇچى، 1931 - يىل 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شاڭخەيدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن مەخپىي ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇ «كونا زاماننىڭ ئۆلۈشى» ناملىق پوۋېست، «قۇلنىڭ ئانىسى ئۈچۈن» ناملىق ھېكايە قاتارلىقلارنى يازغان. «2 - ئاي» ناملىق پوۋېستىنى 1929 - يىل 11 - ئايدا شاڭخەي «باھار دولقۇنى» كىتابخانىسى نەشر قىلغان.

(277) بۇۋى تېغى — «2 - ئاي» ناملىق ھېكايىدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى.

(278) خاۋسېنستېين W. Hausenstein (1882 — 1957) —

گېرمانىيىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەنقىدچىسى. بۇ يەردە ئۇنىڭ ساكيامۇنى-
نىڭ سوپى بولغانلىقى توغرىسىدىكى بايانلىرى نەقىل كەلتۈرۈلگەن، بۇ
ھەقتە ئۇنىڭ «سەنئەت ۋە جەمئىيەت، ھىندىستان جەمئىيىتى ۋە سەنئىتى»
دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن.

(279) بۇ ماقالە دەسلەپ 1929 ـ يىل 11 ـ ئايدا شاڭخەي «باھار
دولقۇنى» كىتابخانىسى نەشر قىلغان «كىچىك فېئوتېر» نىڭ خەنزۇچە نۇس-
خىسىغا كىرگۈزۈلگەن.

«كىچىك فېئوتېر» نىڭ ئەسلىي ئىسمى «كىچىك فېئوتېرنىڭ دوستلى-
رى ئېيتقان ھېكايىلىرى» بولۇپ، شۈي شيا (شۈي گۇاڭپىڭ) تەرجىمە
قىلغان، لۇشۈن سېلىشتۇرۇپ تەھرىرلەپ بەرگەن.

(280) لىنفاڭشۇڭ (1903—1975) — ياپونىيىلىك ھېكايە يازغۇچى،
مىللەتارىست.

(281) خېرمىننىيە زۇرمۇئېخلىن (1883—1915) نېمىس ئايال،
يازغۇچى، ۋېنادا تۇغۇلغان، بالىلىق دەۋرىدە ئاتىسى بىلەن بىللە ياۋروپا ـ
ئاسىيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە بارغان، ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشى بىلەن تو-
نۇشقان، گېرمانىيە پرولېتارىيات ئەدەبىياتى پائالىيىتىگە قاتناشقان.
1933 ـ يىلى گېرمانىيە ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ زۇلمى ئاستىدا ئۆزاققىچە
چەت ئەلدە مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن، ئۇنىڭ «كىچىك فېئوتېر» ۋە بۇ
ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان «ھەقىقەت شەھىرى» دىن باشقا يەنە «قىزىل-
گۈل»، «گىلەمچى ئەلى» ناملىق ئەسەرلىرىمۇ بار.

(282) «ھال رەڭ بۇلۇت» — روسىيىلىك ئېروشىنكو يازغان چۆچەك
دراما، لۇشۈننىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىنى 1923 ـ يىل 7 ـ ئايدا
بېيجىڭ «يېڭى دولقۇن» تەھرىراتى نەشر قىلغان.

(283) گېئورگى گروز (1893—1959) — گېرمانىيىلىك ھەجۋىي
رەسسام، مۇقاۋا لايىھىلەش مۇتەخەسسىسى، 1933 ـ يىلى ئامېرىكىغا كۆ-
چۈپ كەتكەن.

(284) ماتزا — ۋېنگرىيىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەنقىدچىسى،
چېختا تۇغۇلغان، 1923 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ بېرىپ، سەنئەت
نەزەرىيىسى بويىچە ئوقۇتۇش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللان-
غان، ئۇنىڭ گروز توغرىسىدىكى مۇلاھىزىسى توغرىسىدا ئۇ يازغان «ھازىر-
قى زامان ياۋروپا سەنئىتى» (فېن شۆفېڭنىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى
بار، 1930 ـ يىل 6 ـ ئايدا شاڭخەيدە «داجياڭ» كىتابخانىسى نەشر
قىلغان) گە قاراڭ.

(285) بۇ يەردە گروزنىڭ 1923 ـ يىلى سىزغان «ئەيسانىڭ دەردكە
قېلىشى» ناملىق رەسىمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ 1925 ـ يىلى «بۇرژۇئازىيە-





نىڭ ئەينىكى» ناملىق رەسىمنى سىزغانلىقى ئۈچۈن، گېرمانىيە دائىرىلىرى-
نىڭ سورىقىغا تارتىلغان.

(286) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1930 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شاڭخەي
«ئۈندۈرمە» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1 ـ جىلد 1 ـ سانىغا بېسىلغان.

(287) «تەقدىر» — بۇ يەردە كۆڭزىچىلار بىلەن مۇزىچىلارنىڭ ئە-
سەرلىرىدىكى «تەقدىر» كۆزدە تۇتۇلغان. مەسىلەن، «مۇھاكىمە ۋە بايان.
جى ھەزرەت» تە: ئالىيجانابلار ئۈچتىن قورقىدۇ: تەڭرىنىڭ ئىرادىسىدىن
(تەقدىردىن)، ئۇلۇغلاردىن، پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرىدىن قورقىدۇ، دېيىل-
گەن. «مۇزى تەڭرى ئىرادىسى» دە: «تەقدىرگە تەن بەرگەنلەر بىر ـ بىرىگە
مېھرىبان بولىدۇ، ئۆزئارا مەنپەئەتدار بولىدۇ، بۇلار مۇقەررەر ياخشىلىق
كۆرىدۇ؛ تەقدىرگە تەن بەرمىگەنلەر بىر ـ بىرىگە ئۆچ بولىدۇ، ئۆزئارا
زىيان ئۇرىدۇ، بۇلار مۇقەررەر جازالىنىدۇ» دېيىلگەن.

(288) مۇزى (تەخمىنەن مىلادىيە 468 يىلىدىن 376 يىل
ئىلگىرى) — يېغىلىق دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى لۇ بەگلىكىدىن،
مۇزى تەلىماتىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى. ئۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ
ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆلىمالار «مۇزى» دېگەن كىتابقا
كىرگۈزگەن. مۇزىنىڭ شاگىرتلىرى كۆپىنچە ئەمەلدارلىق بىلەن شۇغۇللان-
غان. مۇزى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەلىماتىدىكىلەر ئىچىدە بۆلۈنۈش
پەيدا بولۇپ، سۇڭ جيەن، شۈي شىڭ قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى ئەنئەنىۋى
مەزھەپتىكىلەر چىن، خەن زامانلىرىغا كەلگەندە، مەردانىلەرگە ئايلى-
نىپ كەتكەن.

(289) «ئۆلۈم» — بۇ يەردە مەردانىلەر ئارىسىدا تارقالغان ئاتالمىش:
«سۆزدە ئىشەنچلىك بولۇش، ھەرىكەتتە نەتىجىلىك بولۇش، ۋەدىگە ۋاپا
قىلىش، تەننى ئايىماسلىق» دېگەن مەردانىلىك روھى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ
مەردانىلەر كۆپىنچە ھوقۇقدارلارغا يانتاياق بولغان. «مەردلەر قەدىردانلار
ئۈچۈن قۇربان بولۇر» دېگەن سۆز ئەنە شۇلارنىڭ ئەخلاق كۆزقارىشى.

(290) «رايىشلار قانۇننى قەلەم بىلەن بۇزدى، مەردانىلەر بولسا
پەرمانغا ئەلەم بىلەن خىلاپلىق قىلدى» — بۇ گەپ «خەن فېيزى بەش
زىيانداش» دېگەن كىتابتىن چىققان.

(291) «بەش بەگ» — خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى چىڭدى (ليۇئاۋ)
خې پىڭنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيىدىن 27 يىل بۇرۇن) شىرەم تۇغقانلىرىدىن
ۋاڭ تەن، ۋاڭ فېڭشى، ۋاڭ گېڭ، ۋاڭ لى، ۋاڭ شاڭدىن ئىبارەت بەش
ئاكا ـ ئۇكىغا بىرلا كۈندە بەگلىك ئاتا قىلغان، بۇلار شۇ چاغدىلا «بەش
بەگ» دەپ ئاتالغان.

(292) لى كۈينىڭ جازا مەيدانىدىن ھەمراھىنى ئېلىپ قېچىشى —

بۇ ھەقتە 120 بابلىق «سۇ بويىدا» نىڭ 40 - بابىغا قارالسۇن.

(293) «سۇ بويىدا» — يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن شى نەيئەن يازغان، شىمالىي سۇڭ زامانىدا سۇڭ جياڭنىڭ يول باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى تەسۋىرلەيدىغان رومان. بۇنىڭدا سۇڭ جياڭنىڭ ئوردا تەرىپىدىن ئەل قىلىنغاندىن كېيىن، تۆپىلەپ يەنە فاڭلا قاتارلىق دېھقانلار قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. «تەڭرى يولىنى تۇتۇش» — سۇڭ جياڭنىڭ ئىزچىل شوئارى.

(294) «شىگۇڭ ھەزرەتنىڭ دېلولىرى» — چىڭ دەۋرىدىكى چېگىش دېلولار ھەققىدە يېزىلغان ھېكايە بولۇپ، جەمئىي 97 باب، ئاپتورى نامەلۇم.

(295) «پېڭگۇڭ ھەزرەتنىڭ دېلولىرى» — تەنمۇڭ ئىمزالىق دەرۋىش يازغان. بۇ چىڭ دەۋرىدىكى چېگىش دېلولار ھەققىدىكى ھېكايە بولۇپ، جەمئىي 100 باب.

(296) «يەتتە مەردان، بەش پالۋان» — شى يۈكۈن سۆزلەپ بەرگەن، مەستانە دەرۋىش رەتلىگەن، بۇ چىڭ دەۋرىدىكى پالۋان - مەردانلار ھەققىدىكى ھېكايە بولۇپ، جەمئىي 100 باب، 1879 - يىلى نەشر قىلىنغان.

(297) «توققۇز قۇيرۇقلۇق تاشپاقا» — جاڭ چۈنفەن يازغان، پاھىشە ئاياللارنىڭ تۇرمۇشى تەسۋىرلىنىدىغان ھېكايە، 1910 - يىلى نەشر قىلىنغان.

(298) جاڭ زىپىڭ (1893—1952) — گۇاڭدۇڭ مېيشيەنلىك، «ئىجادىيەت» تەھرىراتىنىڭ ئەزاسى بولغان. ئۈچ تەرەپلىمە مۇھەببەتكە دائىر نۇرغۇن ھېكايە يازغان. ئىنقىلابىي ئەدەبىيات توغرىسىدىكى بەس - مۇنازىرىدە «نىشانەمنى بۇرىدىم» دېگەن بولسىمۇ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە خائىن بولۇپ كەتكەن.

(299) بۇ ماقالە دەسلەپ 1930 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «ئۇندۇرمە» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1 - جىلد 1 - سانىغا بېسىلغان.

(300) «يېڭى ئاي» تەھرىراتىدىكى تەنقىدچىلەر — لياڭ شىچيۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ «يېڭى ئاي» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 2 - جىلد 5 - سانى (1929 - يىل 7 - ئاي) دا ئېلان قىلغان «تەنقىد قىلىش پوزىتسىيىسى توغرىسىدا» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە «توغرا تەنقىد» دېگەن بىرنېمىنى تەشەببۇس قىلىپ، «يۇمۇرلۇق ۋە ھەجۋىي ماقالە» — «قوپال جار سالىدىغان ماقالىدۇر» دەپ ھۇجۇم قىلغان؛ «ھازىرقى ھالەتكە نارازى» ياشلارنى «كىشىنىڭ قوۋۇرغىسىدىن ئۆتىدىغان بىرنەچچە ئېغىز ياپتا گەپ قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ» دەپ ئەيىبلىگەن.

(301) «پىكىر ئەركىنلىكى» — «يېڭى ئاي» تەرەپدارلىرى شۇ چاغدا





تەشەببۇس قىلغان «پىكىر ئەركىنلىكى». مەسىلەن، لياڭ شىچيۇ «يېڭى ئاي» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 2 - جىلد 3 - سانى (1929 - يىل 5 - ئاي) دىكى «پىكىر بىرلىكى توغرىسى» دا: «پىكىر بىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، پىكىر ئەركىنلىكىنى تەلەپ قىلىمىز» دېگەن. ئۇلار بۇ تەشەببۇسنى بۇرژۇئا دېموكراتىيىسى مەيدانىدا تۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويغان، ئەمەلىيەتتە خەلقتە ھەقىقىي پىكىر ئەركىنلىكى بولۇشقا قارشى تۇرغان.

(302) باشقا بىر خىل ئامانلىقنى ساقلاش قانۇنى — گومىنداڭنىڭ ئىدىيىۋى ھۆكۈمرانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇ چاغلاردا، «يېڭى ئاي» تەرەپدارلىرى تەلەپ قىلغان «پىكىر ئەركىنلىكى» گىمۇ يول قويۇلمىغان. مەسىلەن، خۇ شى 1929 - يىلى «يېڭى ئاي» ئايلىق ژۇرنىلىدا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ: «ئىنسانىي ھوقۇق ۋە قانۇن»، «بىلىش تەس، ئىشلەشمۇ ئاسان ئەمەس» دېگەن ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان، گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۇنى «پىرقىمىزنىڭ مەسلىكىنى تەنقىدلىدى، سۇن جۇڭشەننى خارلىدى» دەپ، مائارىپ ۋازارىتىدىن خۇشىغا «تەنبىھ» بېرىشنى قارار قىلغان.

(303) بۇ ماقالە دەسلەپ 1930 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «ئۇندۇرمە» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1 - جىلد 2 - سانىغا بېسىلغان.

(304) «يېڭى دولقۇن» تەھرىراتى — بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر قىسىم ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلاردىن تەشكىل قىلىنغان مەدەنىيەت تەشكىلاتى، فۇ سىنيەن، لو جيالۇن ۋە جۇ زورېنلار بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاساسلىق ئەزاسى بولغان. بۇ تەشكىلات 1918 - يىلى قۇرۇلغان، 1919 - يىل 1 - ئايدا «يېڭى دولقۇن» ئايلىق ژۇرنىلىنى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان، ئىككىنچى يىلى 8 - ئايدىن ئېتىبارەن «يېڭى دولقۇن تەھرىراتى مەجمۇئەسى» نى نەشر قىلغان، 1923 - يىلدىن ئېتىبارەن «يېڭى دولقۇن تەھرىراتى ئەدەبىيات - سەنئەت مەجمۇئەسى» نى نەشر قىلغان. «شىمال يېڭىلىقلىرى» كىتابخانىسى — 1925 - يىل 3 - ئايدا بېيجىڭدا قۇرۇلغان، بۇنىڭغا سابىق «يېڭى دولقۇن» تەھرىراتىنىڭ ئەزاسى لى شياۋفېڭ رىياسەتچىلىك قىلغان. ئۆز ۋاقتىدا ئاساسەن يېڭى ئەدەبىيات - سەنئەت كىتابلىرىنى نەشر قىلغان.

(305) بۇ يەردە شاڭخەي كۆزدە تۇتۇلىدۇ — مۇھەررىر.

(306) «پىلدىراق قىمارى» — ياۋروپا قىمارخانىلىرىدىكى بىر خىل قىمار ئويناش ئۇسۇلى. ئۆز ۋاقتىدا شاڭخەيدىكى كونسېسسىيىدىمۇ ئەۋج ئالغان.

(307) «كىتابتىن تاپارسەن ئالتۇن ھۇجرا» — رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، سۇڭ جېنزۇڭ (جاۋخېن) يازغان «ئوقۇشقا ئۈندەش» سەرلەۋھىلىك ماقالىدىكى سۆز: «ئوقۇ، ئوقۇ، ئوقۇ! كىتابتىن تاپارسەن ئالتۇن ھۇجرا؛ ئوقۇ، ئوقۇ، ئوقۇ! كىتابتىن تاپارسەن بايلىق بىباھا؛ ئوقۇ، ئوقۇ، ئوقۇ!

كىتابتىن تاپسەن دىلبەر ـ رەنا».

(308) «ئايال يازغۇچى»نى بىر نەۋئىگە ئايرىغان — جاڭ روگۇ «ئايال يازغۇچىلار ژۇرنىلى» چىقارغان، 1929 ـ يىل 9 ـ ئايدا شاڭخەي «ئايال يازغۇچىلار ژۇرنىلى» تەھرىراتى نەشر قىلغان.

(309) جاڭ جىڭشىن — گۇاڭدۇڭنىڭ راۋپىڭ دېگەن يېرىدىن، فرانسىيە پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەلسەپە دوكتورى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا پروفېسسور بولغان، «گۈزەل كىشىلىك ھاياتىغا قاراش»، «گۈزەل ئىجتىمائىي تەشكىلات قانۇنى» دېگەن ئەسەرلەرنى يازغان. 1926 ـ يىلدىن ئېتىبارەن شاڭخەيدە «يېڭى مەدەنىيەت» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرلىكىنى ئىشلىگەن، 1927 ـ يىلى «گۈزەللىك» كىتابخانىسى ئېچىپ (ئۇزاققا قالماي تاقىۋېتىلگەن)، شەھۋانىيلىك مەدەنىيىتىنى تەرغىب قىلغان. «ئۇچىنچى خىل سۇ» شۇ كىتابخانا نەشر قىلغان كىتابلارنىڭ بىرى.

(310) «توۋىنامە» — روسسونىڭ 1778 ـ يىلى يازغان تەرجىمىھال ھېكايىسى. جاڭ جىڭشىن ئۇنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى قىسمىنى تەرجىمە قىلغان. 1929 ـ يىلى شاڭخەيدىكى گۈزەللىك كىتابخانىسى نەشر قىلغان.

(311) بۇ ماقالە دەسلەپ 1930 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى «ئۇندۇرمە» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1 ـ جىلد 2 ـ سانىغا بېسىلغان، بۇنىڭ مەن ئۇچراتقان ئالتە ئەدەبىيات تەشكىلاتى — 5» دېگەن قوشۇمچە ماۋزۇسىمۇ بار ئىدى.

(312) «تاغ يامغۇرى» — يېرىم ئايلىق ژۇرنال، 1928 ـ يىل 8 ـ ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلاپ، شۇ يىلى 12 ـ ئايدا نەشر قىلىشتىن توختىتىلغان. بۇ ژۇرنالنىڭ 4 ـ جىلد 4 ـ سانى (1928 ـ يىل 10 ـ ئاي)دا شى بىڭ دېگەن ئىمزا بىلەن بېسىلغان «ئۆچ خىيال»دا مۇنداق گەپلەر بار ئىدى: «‹تاغ يامغۇرى›» «‹تىل رىشتىسى›نىڭ 4 ـ جىلد 17 ـ سانىدا بىر پارچە مۇناسىۋەتلىك خەۋەر ئېلان قىلىندى (بۇ يەردە ‹بۇت ۋە قۇل› ناملىق ماقالىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلغان، لۇشۈنگە قارىتىلغان خەتتە ‹تاغ يامغۇرى› نىڭبودا نەشر قىلىنماقچى بولۇپ ۋۇجۇدقا چىقمىدى، دېگەن گەپلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ، بۇ گەپ مۇشۇ ژۇرنالنىڭ 1 ـ سانىغا بېسىلغان باش ماقالىدە تىلغا ئېلىنغانىدى. ھازىر قايتىدىن تىلغا ئېلىنغانلىقى لۇشۈن ئەپەندى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. لۇشۈن ئەپەندى ھېلىقى مۇناسىۋەتلىك خەۋىرىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ قويغان جاۋاب خېتىدە: ‹كەلگەن ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، بەزى جايلىرىغا قوشۇلمىدىم. بىرىنچىدىن، ھېس قىلىشىمچە ئۆزۈممۇ چەت ئەل ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى قوبۇل قىلىشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلارنىڭ بىرى···›، دەپتۇ. بۇ گەپچە مەن قارشى تۇرغۇچى بولۇپ قاپتىمەن، تەكەللۇپ بىلەن ئېيتسام، چەت ئەل ئەدەبى-





يات ـ سەنئىتىنى قوبۇل قىلىشنى ياقتۇرمايدىغانلارنىڭ بىرىمىشمەن···، لۇشۈن ئەپەندىنىڭ مۇنداق خاتا چۈشەنچىگە كېلىپ قالغانلىقىغا ئۇمۇمەن مېنىڭ ماقالەمنىڭ بەك ناچارلىقى سەۋەب بولغان ئوخشايدۇ. چۈنكى، ئۇ ‹كەلگەن ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن›، دەپ يېزىپتۇ. ماقالىنىڭ تېمىسى بولسا ‹بۇت ۋە قۇل›، ئىدى، ئۇنىڭدا چەت ئەللەردىكى ئاتاقلىق كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىمۇ خېلى كۆپ نەقىل كەلتۈرۈلگەنىدى··· مېنىڭچە، بۇ ھېچبولمىغاندا مېنى ئەجنەبىيلەرنىڭكىنى قوبۇل قىلىشقا قارشى تۇرغۇچى تەرسا دەيدىغان گۇماندىن قۇتۇلدۇرالايتتى، لېكىن يەنىلا قۇتۇلدۇرالماپتۇ. شۇ ۋەجىدىن بىر ۋەقە خىيالىمغا كەلدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، سۈن فۇيۈەن ئەپەندى ‹تاڭ گېزىتى قوشۇمچە سانى›نى چىقارغاندا، كۈڭزىچىلارغا زەربە بەرگۈچى باش سەركەردە ۋۇ يۈينىڭ شېئىرىنى بېسىپ، پىكرىنى ئالاھىدە ئوچۇق ئىزھار قىلماي، كىتابخانلارنىڭ تاپا ـ تەنىسىگە قالغان. شۇنىڭ بىلەن سۈن فۇيۈەن ئەپەندى ‹نادان كىتابخان› ناملىق بىر پارچە تەنبىھ ماقالىسىنى يېزىپ، يۇمۇرنى تەشەببۇس قىلغانىدى. ئەمدى ئەسلىسەم، لۇشۈن ئەپەندىمۇ سۈن فۇيۈەن ئەپەندىنىڭ تەنبىھىگە ئۇچرىغان كىتابخانلار قاتارىغا كىرىشكە لايىقتەك تۇرىدۇ».

(313) جاڭ مىڭۋېن — تەخەللۇسى شىبىڭ، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ نىڭبو شەھىرىدىن، «تاغ يامغۇرى» يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى مۇھەررىرلىرىنىڭ بىرى. 1928 ـ يىل 3 ـ ، 4 ـ ئايلاردا، ئۇ لۇشۈن بىلەن «بۇت ۋە قۇل» ناملىق ماقالە توغرىسىدا خەت يېزىشقان. شۇ خەت ھازىر «توپلام سىرتىدىكى توپلامدىن تەرمىلەر»گە «خەت (جاڭ مىڭۋېنگە جاۋاب)» دېگەن ماۋزۇ بىلەن كىرگۈزۈلگەن.

(314) ناپولېئون Napolen Bonaparte (1769—1821) — فرانسىيە ھەربىي مۇتەخەسسىسى، سىياسىئون، فرانسىيە بىرىنچى ئىمپېرىيىسىنىڭ پادىشاھى. ئۇ ئەسكەر تارتىپ ياۋروپا ئەللىرىگە ئۆزلۈكسىز تاجاۋۇز قىلغان.

(315) «تاڭ گېزىتى قوشۇمچە سانى» — تەتقىقاتچىلارنىڭ ئورگان گېزىتى بولغان «تاڭ گېزىتى»نىڭ قوشۇمچە سانى. 1921 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان. «تاڭ گېزىتى» سىياسىي جەھەتتىن شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىنى ھىمايە قىلغان، لېكىن «تاڭ گېزىتى قوشۇمچە سانى» بولسا ئىلغار كۈچلەرنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا، بىر مەزگىلگىچە يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنى ياقلايدىغان مۇھىم ژۇرناللارنىڭ بىرى بولغان، 1921 ـ يىل كۈزدىن 1924 ـ يىل قىشقىچە سۈن فۇيۈەن تەھرىرلىگەن.

(316) چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇغان بىر ئوقۇغۇچى — ليۇ مېيەنجى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ 1924 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن «تاڭ گېزىتى»

نىڭ مۇۋەققەت باش مۇھەررىرى بولغان.

(317) «ئالىم» — چېن شىيىڭ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇي جىمۇ 1926 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى «تاڭ گېزىتى قوشۇمچە سانى» دىكى «قۇرۇق گەپتىن پەيدا بولغان قۇرۇق گەپ» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە: «چېن يۈەن فرانسىقا «قول بەرگەن»، ئۇنىڭدىن «ئوبدان» ئۆگەنگەن، پەقەت «شىيىڭدەك بولغاندىلا، ... ئاندىن ‹ئالىم› دېگەن نامغا مۇناسىپ بولالايدۇ» دەپ يازغان.

(318) فرانس Anatole Erance (1844—1924) — فرانسىيە يازغۇچىسى. «بۇنالىنىڭ جىنايىتى»، «تەيىس»، «خايخاۋ» قاتارلىق رومانلارنى يازغان.

(319) ۋېلىس H. G. Welis (1866—1946) — ئەنگلىيە يازغۇچىسى، «كەلگۈسى دۇنيا»، «دۇنيا تارىخى تېزىسى» قاتارلىق رومانلارنى يازغان. بېرنارد شاۋ G. B shaw (1856—1950) — ئەنگلىيىلىك دراماتورگ، تەنقىدچى. «ۋارون خانىمنىڭ كەسپى»، «بابارا شاۋشياۋ»، «سىرى ئاشكارا بولدى» قاتارلىق دراممىلارنى يازغان.

(320) بۇ يەردىكى چېن يۈەن دېگىنى خەنلۇ (يەنى گاۋ يىخەن) بولسا كېرەك. 1926 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، لۇشۈن بىلەن چېن يۈەن بەس ـ مۇنازىرە يۈرگۈزگەندە، خەنلۇ «ھازىرقى زامان مۇلاھىزىلىرى» نىڭ 4 ـ جىلد 89 ـ سانى (1926 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى) دىكى «قۇرۇق گەپ» دېگەن ماقالىسىدە «ئادەتتىكى ئەدىبلەرنىڭ تىللاش نەيرىڭىنى يىغىشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن... مۇبادا تىللاپ ئاغزى ئېچىلىپ كېتىپ يىغىشتۇرالماي قالسا، ھەقىقەتەن تىللاشقا تېگىشلىك، لېكىن ھەقىقەتەن تىللاشقا جۈرئەت قىلالمايدىغانلار بىلەن ئېلىشىپ كۆرسە بولىدۇ، ھەتتا تيەنچياۋ تەرەپكە بېرىپ باقسىمۇ ئەرزىيدۇ؛ ئۇنداق بولمايدىكەن يا تيەنچياۋغا بېرىشقا جۈرئەت قىلالماي، يا ئادەم تىللىماي تۇرالماي، نەيرىڭنى مىلتىقسىز سىنىپقا ئىشلەتسە، تىللاشنى تىللىغىنى بىلەن ئۆزىنىڭ ئېسىل بولۇپ كېتىشى تەس بولسا كېرەك» دەپ يازغان. ئىلاۋە: شۇ چاغلاردا بېيجىڭدىكى ئۆلۈم جازاسى بېرىش مەيدانى تيەنچياۋ دېگەن يەردە ئىدى.

(321) چۈەنداۋ — جاڭ تىڭچيەننىڭ تەخەللۇسى، جېجياڭنىڭ شاۋشىڭ دېگەن يېرىدىن، ئۆز ۋاقتىدا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى.

(322) تەن جېڭبى — جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ جياڭدىڭ (ھازىرقى شاڭخەيگە قاراشلىق) دېگەن يېرىدىن، ئەدەبىيات خادىمى. ئۇ «جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى» (1929 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شاڭخەي «نۇرلۇق جۇڭخۇا» كىتابخانىسى نەشر قىلغان) دا مۇنداق يازغان: «لۇشۈننىڭ ھېكايىلەر توپلىمى ‹چۇقان›، ۋە ‹تېڭىرقاش›، تىن ئىبارەت؛ شۇي چېڭۋېن، ۋاڭ





لۇيەن، لاۋشې، فاڭ ساۋ قاتارلىقلار ئۇنىڭ بىلەن بىر گۇرۇھ... بۇ گۇرۇھتىكى يازغۇچىلارنىڭ تولىسى دەسلەپتە جىمجىتلىققا چىدىماي ‹چۇقان›، كۆتۈرۈشۈپ قوپقان، كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈمىدسىزلىككە دۇچار بولۇپ، باشقىچە يىغانغا چۈشۈپ، تۆت يولنىڭ دوقمۇشىدا تېڭىرقاپ قالدى.»

(323) «Zarathustta» يە «زاراتۇسترا شۇنداق دەيدۇ» — نىتسىنىڭ 1883 ـ يىلدىن 1885 ـ يىلغىچە يازغان پەلسەپە ئەسىرى. ئەسەردە قەدىمكى پارسلارنىڭ «پەيغەمبىرى» زاراتۇسترادىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ ئىلاھ تەلىماتىنى تەرغىب قىلغان.

(324) شۈەنتۇڭ — چيەن شۈەنتۇڭ.

(325) «ئۇلۇغ مارشال جاڭ»، يەنى جاڭ زولىن (1875—1928) — لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ خەيچىڭ دېگەن يېرىدىن، لياۋنىڭ سىستېمىسىدىكى مىلىتارىستلارنىڭ سەردارى، 1924 ـ يىلدىن ئېتىبارەن شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىگە چاڭ سېلىۋالغان، 1927 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئۆزىگە «جۇڭخۇا مىنگو ھەربىي ھۆكۈمىتى قۇرۇقلۇق ـ دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئۇلۇغ مارشالى» دېگەن ئاتاقنى بەرگەن. ئۇ 1927 ـ يىلى 10 ـ ئايدا «شىمال يېڭىلىقلىرى» كىتابخانىسىنى ۋە «تىل رىشتىسى» نى پېچەتلىۋەتكەن.

(326) بىر سەھنە ئەسىرى — بەي ۋېي يازغان، «تىل رىشتىسى» نىڭ 4 ـ جىلد 12 ـ سانى (1928 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى) غا بېسىلغان «ئىنقىلاب ئىلاھىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەنلىكى» ناملىق بىر پەردىلىك تراگېدىيە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭدا ئىنقىلاب ئىلاھى بىر ئەكسىيەتچى ھەربىي ئەمەلدارنى: «مىنگونىڭ قەھرىمانىمۇسەن ياكى ئىنقىلاب ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانىمۇ؟»، «كۆرۈنۈشتە ئىنقىلابچى دېگەن چىرايلىق نامنى سۈيىئىستېمال قىلىپ، ئاستىرتىن ئادەمخورلۇق قىلىدىكەنسەن!» دېگەن سۆزلەر بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ يەردە جياڭ جيېشىغا دارىتىلغان، شۇڭا «تىل رىشتىسى» گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ «ئاگاھلاندۇرۇش» لىرىغا دۇچار بولغان.

(327) جېجياڭدىكى پىرقە ئىشچىلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغۇچى غوجام — شۇي شاۋدى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «تىل رىشتىسى» نىڭ 4 ـ جىلد 32 ـ سانى (1928 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى) غا كىتابخان فېن جاۋنىڭ «فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسى بېسىلغان. ئۇنىڭدا فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى چىرىكلەر پاش قىلىنغان. مەزكۇر مەكتەپتە ئوقۇپ چىققان شۇي شاۋدى 1928 ـ يىلى 9 ـ ئايدا گومىنداڭ جېجياڭ ئۆلكىلىك پىرقە ئىشلىرى يېتەكچىلىك ھەيئىتى نامىدىن «سۆزلىرى ئاجايىپ بىمەنە،

ئەتەي ئەكسىلھەرىكەت قىلىدۇ» دېگەن بەتنامنى توقۇپ، جىجياڭدا «تىل رىشتىسى»نى ۋە باشقا 15 خىل كىتاب ـ ژۇرنالنى مەنئى قىلغان.

(328) ليۇ بەننۇڭ (1891—1934) — ئىسمى فۇ، جياڭسۇنىڭ جياڭيىن دېگەن يېرىدىن، يازغۇچى. شۇ چاغدا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، «تىل رىشتىسى»گە داۋاملىق ماقالە يېزىپ بەرگۈچى ئىدى. ئۇ «تىل رىشتىسى»نىڭ 4 ـ جىلد 9 ـ سانى (1928 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى) دا بېسىلغان «پارچە خاتىرىلەر — 16. لىن زېشۈينىڭ ئەنگلىيە پادىشاھىغا تاپشۇرغان نوتىسى» دا: لىن زېشۈينى ئەنگلىيىلىكلەر ئەسىرلىككە ئالغان ھەمدە «قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، ھىندىستاندا ئولتۇرۇپ سازايى قىلىنغان» دەپ يازغان. «تىل رىشتىسى»نىڭ 4 ـ جىلد 14 ـ سانىغا كىتابخان لو چىڭدىن كەلگەن خەت بېسىلىپ، بۇ گەپنىڭ خاتا ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

(329) جياڭ شاۋيۈەن — ئەنخۈينىڭ شېڭدې دېگەن يېرىدىن، شۇ چاغدا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ لېكتورى، «تىل رىشتىسى»گە ماقالە يېزىپ بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

(330) «تۆھپە» — 10 كۈنلۈك ژۇرنال، گومىنداڭنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش گۇرۇھىنىڭ مەجمۇئەسى، 1827 ـ يىل 12 ـ ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلىغان. بۇ ژۇرنالنىڭ 3 ـ جىلد 1 ـ سانى (1928 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى) غا جيەن يۇۋېننىڭ «مەن بىلىدىغان فېڭ يۇشياڭ ۋە غەربىي شىمال ئارمىيىسى» دېگەن ماقالىسى بېسىلغان، بۇنىڭ بىلەن تەڭ جياڭ شاۋيۈەننىڭ تونۇشتۇرۇش ماقالىسمۇ بېسىلغان، بۇنىڭدا مۇنداق گەپلەر بار ئىدى: «ساۋاقدىشىم جيەن يۇۋېن ئەپەندى، يېقىندا ماڭا يازغان خېتىنىڭ ئىچىدە ئۆزى يازغان (16 ـ يىل 11 ـ ئايدا شاڭخەيدە ساياھەتتە بولغان، گۇاڭدۇڭ مەكتەپلەر بىرلەشمىسىدە لېكسىيە ئوقۇغان) «مەن بىلىدىغان فېڭ يۇشياڭ ۋە غەربىي شىمال ئارمىيىسى» ناملىق كىتابچىنى قوشۇپ ئەۋەتىپتۇ ھەمدە ‹تىل رىشتىسى› دە باسقىلى بولامدۇ، يوق، دەپ سوراپتۇ، لېكىن ‹تىل رىشتىسى› نەشردىن چىققان كىتابلارنى كۆچۈرۈپ باسمايدۇ (لۇشۈن ئەپەندىنىڭ جاۋاب خېتىدىكى سۆز). ئەمدى مەن بۇنى سۈن فۇيۈەن ئەپەندى چىقىرىۋاتقان ‹تۆھپە› گە تونۇشتۇردۇم. فېڭ جانابلىرىغا ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىغا دىققەت نەزىرىنى بېرىدىغانلار جيەن يۇۋېن ئەپەندىنىڭ كۆزىتىشلىرىدىن ۋە پىكرىدىن پايدىلىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ دەپ ئويلايمەن.»

(331) «دالا» — ئايلىق ژۇرنال، شاڭخەي جىنەن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى جۇڭگو مۇھاجىر ئوقۇغۇچىلىرى تەشكىلاتىنىڭ ژۇرنىلى، 1927 ـ يىل 11 ـ ئايدا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان، ئىككىنچى يىلى 10 ـ ئايدا نەشر





قىلىنىشتىن توختىتىلغان.

(332) بۇ يەردە «تىل رىشتىسى»نىڭ 5 ـ جىلد 4 ـ سانى (1929 ـ يىل 4 ـ ئاي) دىكى «ئېلاننى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەكلىپ قىلىمەن» دېگەن ماقالە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(333) جىڭسۇڭ — شۈي گۇاڭپىڭ (1898 — 1968) تەخەللۇسى جىڭسۇڭ، گۇاڭدۇڭنىڭ فەنيۇ دېگەن يېرىدىن، لۇشۈننىڭ رەپىقىسى، «تەسەللى خاتىرە»، «لۇشۈننىڭ ھاياتى توغرىسىدا»، «لۇشۈننى ئەسلەيمەن» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(334) «لۇشۈن ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدا» — تەي جىڭنۇڭ رەتلىگەن، شۇ چاغدىكى «چۇقان» توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەر ۋە لۇشۈننى زىيارەت قاتارلىق 14 پارچە ماقالە كىرگۈزۈلگەن، 1926 ـ يىل 7 ـ ئايدا نامسىز تەھرىرات نەشر قىلغان.

(335) «پۈتلىكاشاڭ تاش» — گاۋ چاڭخۇڭ «قۇيۇن» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ 10 ـ سانى (1926 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى) دىكى «پارچە خاتىرىلەردىن ئىككى پارچە» ناملىق ماقالىسىدە لۇشۈنگە «ياش يازغۇچىلار»غا «پۈتلىكاشاڭ» بولۇپ تۇرغان «تاش» دەپ كىنايە قىلغان؛ «كامالىغا يەتكەن نامدار يازغۇچىلاردىن شۇنى ئۆتۈنىمەنكى، ئەگەر ئۇلاردا ياشلارنىڭ سەنئەت ھەرىكىتىنى مەنزۇر كۆرىدىغان خۇسۇسىيەت بولمىسا، ياشلارنىڭ سەنئەت ھەرىكىتىگە ياردەم بېرىدىغان كەڭ قورساقمۇ بولمىسا، ھېچبولمىغاندا، ئۇلارنىڭ تارىخىي تەسىرىنى دەستەك قىلىپ، ياشلارنىڭ ئالدىدا پۈتلىكاشاڭ تاشتەك يول توسۇپ يېتىۋالماسلىقىنى، بىر ياقتىن چەت ئەل ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، بىر ياقتىن چاپاندەك قۇيرۇقىنى دىڭگايتىپ، ياش يازغۇچىلارنىڭ زوقىغا پەشۋا بەرمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن!»

(336) «ئېچىنارلىق پايدىسىز ئەجىر» — خەن يۇنىڭ «سۈي لىزىنىڭ باھاسىغا» سەرلەۋھىلىك شېئىرىدىن ئېلىنغان نەقىل: «ئېچىنارلىق پايدىسىز ئەجىر قىلىش، گويا ئالتۇننى زايە قىلغاندەك بىر ئىش».

(337) «ئىلغار ياش» — گاۋ چاڭخۇڭ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ «قۇيۇن» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ 5 ـ سانى (1926 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى) دىكى «بېيجىڭ نەشرىيات ساھەسىنىڭ 1925 ـ يىلىدىكى ۋەزىيىتى توغرىسىدا» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە: «لۇشۈن بولتۇر ئەمدىلا 45 كىرگەن... ئۆزىنى چال ئاتىۋالغانلىقى روھىي جەھەتتە چۈشكۈنلەشكەنلىكى!» دەپ يازغان.

(338) رېنان (1823 — 1892) — فرانسىيە يازغۇچىسى، «ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

# مالا گوگول

# كىرىش سۆز

بۇنىڭدىكىسى 1930 - ۋە 1931 - يىللىرىدا يېزىلغان فېلىيەتونلار توپلىمى.

30 - يىلىغا كەلگەندە، ژۇرناللار بارا - بارا ئازىيىپ كەتتى، بەزىلىرى ۋاقتى - قەرەلىدە چىقمايدىغان بولدى، ئېھتىمال كۈندىن - كۈنگە كۈچەيگەن زۇلۇمنىڭ كاساپىتى بولسا كېرەك. «تىل رىشتىسى» بىلەن «ئۆركەش»[1] كۆپىنچە پوچتىخانىدا تۇتۇپ قېلىنغان ۋە يەرلىك ئىدارىلەر تەرىپىدىن مەنئى قىلىنغانلىقتىن، ھەرقانچە قىلسىمۇ، ئاخىر داۋام قىلالمىدى. شۇ چاغلاردا مەن ماقالە بېرەلەيدىغان ژۇرناللاردىن پەقەت «ئۇندۇرمە»[2] قالغان بولسىمۇ، 5 - سانىغا يەتكەندە مەنئى قىلىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ كەينىدىن «يېڭى يەر» ژۇرنىلى چىقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇ بىر يىل ئىچىدە ئاران مۇشۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن 10 پارچىدەكلا قىسقا تەقرىز يازدىم.

بۇلاردىن باشقا، مەكتەپلەردە ئىككى - ئۈچ قېتىم نۇتۇق سۆزلىگەنىدىم[3]، ئۇ چاغدا بىرەر ئادەم خاتىرىلەپ قالدۇرمىغاچقا، نېمىلەرنى سۆزلىگەنلىكىم ھازىر ھەتتا ئۆزۈمنىڭمۇ يادىدا يوق، پەقەت قايسىبىر ئۇنىۋېرسىتېتتا سۆزلىگەن نۇتقىمنىڭ ماۋزۇسى — «پىل چىشى مۇنارى ۋە قۇلۇلە قېپى» — لا يادىمدا تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: پىل چىشى مۇنارى[4] ئىچىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت كەلگۈسىدە جۇڭگودا ھەرگىز پەيدا بولمايدۇ، چۈنكى مۇھىت ئوخشاشمايدۇ، بۇ يەردە

ھەتتا شۇنداق «پىل چىشى» مۇنارى»نى قويغۇدەك ئورۇنمۇ يوق؛ پات يېقىندا پەيدا بولىدىغىنى ناھايىتى كۆپ بولغاندا پەقەت بىرنەچچە «قۇلۇلە قېپى» دىنلا ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن. قۇلۇلە قېپى دېگىنىمىز، ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىكى «زاھىت» بولۇۋالغان جياۋ شيەن ئولتۇرغاندەك ساتما[5] بولۇپ، ھازىرقى ۋاقىتتا چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى كەمبەغەللەرنىڭ ساتمىلىرىغا ئوخشاپ كەتسە كېرەك، بىراق قۇلۇلە قېپى ئۇلاردىنمۇ كىچىك، ئۇنىڭغا كىرىۋالغانلار ئۇنىڭ ئىچىدە تۈگۈلۈپلا ياتىدۇ، تاشقىرىغا ئاز چىقىدۇ، ئاز قىمىرلايدۇ، كىيىم كىيمەيدۇ، ئوزۇق يېمەيدۇ، گەپ - سۆز قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇ چاغلار مىلىتارىستلار يېغىلىقى بولۇپ، مىلىتارىستلار خالىغانچە قىرغىن قىلىۋاتقان چاغلار ئىدى، كۆڭلىدە بۇ ئەھۋالغا نارازى بولغۇچىلار پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ئۆمرىنى ئۇزارتالايتتى. لېكىن، قۇلۇلىلەر دۇنياسىدا ئەدەبىيات - سەنئەت نېمىش قىلسۇن؟! دېمەك، شۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، جۇڭگودا ئەدەبىيات - سەنئەت بولماسلىقى چوقۇم. شۇنداق بولىدىغان بولسا، ھەقىقەتەن قۇلۇلە مىجەز قاپلاپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا بىر جەسۇر ياش كۇتۇلمىگەندە، ھۆكۈمەتنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان شاڭخەي «مىنگو گېزىتى»دە: ئۇنىڭ سۆزلىرى ماڭا زادىلا يارىمىدى، چۈنكى ئۇنىڭدا كوممۇنىستىك پارتىيە ھەققىدە گەپ - سۆز قىلىدىغان غەيرەت يوق ئىكەن[6] دەپ مېنى تەنقىدلەپتۇ. كەمتەرلىك بىلەن شۇنى ئەسلىتىمەنكى، «پارتىيىنى تازىلاش» ھەرىكىتىدىن كېيىنكى پارتىيە دۆلىتىدە كوممۇنىزم توغرىسىدا گەپ - سۆز قىلىش چوڭ جىنايەت ھېسابلىنىدۇ؛ تۇتقۇن قىلىش، ئۆلتۈرۈش تورلىرى پۈتۈن جۇڭگوغا يېيىلىپ كەتكەن، بۇ ھالدا گەپ - سۆز قىلماي تۇرۇۋالساڭ، پارتىيە دۆلىتىنىڭ سادىق، باتۇر ياشلىرى پەس كۆرىدۇ. دېمەك، راستتىن جىق قۇلۇلىگە ئايلىنىپ كەتكەندىلا، ئاز-





دىن «گۇناھتىن بەلكىم خارج بولۇش» راھىتىنى كۆرگىلى بولىدىكەن - دە.

سول قانات يازغۇچىلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن رۇبلى ئېلىۋاتىدۇ[7] دېگەن گەپلەرمۇ شۇ چاغلاردا ئاتالمىش «چوڭ گېزىت»لەردە ۋە كىچىك گېزىتلەردە بىر تەرەپتىن ھەدەپ تەشۋىق قىلىنىۋەردى، «يېڭى ئاي تەھرىراتى»دىكى تەنقىدچىلەرمۇ بىر چەتتىن ئۇلارغا خېلى دوست تارتىشتى. بەزى گېزىتلەر تېخى ئىلگىرىكى «ئىجادىيەت تەھرىراتى» تەرەپدارلىرىدىن بولغان بىرنەچچە ئادەمنىڭ كىچىك گېزىتلەرگە بەرگەن ماقالىلىرىدىكى سۆزلەرنى تېرىۋېلىپ، مېنى «تەسلىم بولۇپ كەتتى» دەپ مەسخىرىمۇ قىلدى. قايسىبىر گېزىت بولسا «ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى زامانساز ۋەزىرلەرنىڭ تەزكىرىسى»[8] نى باستى، ئۇنىڭدا بىرىنچى بولۇپ مېنى تىلغا ئالغان، لېكىن كېيىن «ۋەزىر»لىك قىلمىغاندەك تۇرىدۇ، دەپ يازغان.

رۇبلى توغرىسىدىكى پىتنىلەرگە قۇلىقىم پىششىپ قالدى. بۇنىڭدىن تەخمىنەن ئالتە - يەتتە يىل ئىلگىرى، «تىل رىشتىسى» بېيجىڭدا پروفېسسور چېن يۈەنگە[9] ۋە باشقا «سۇلكەتلىك»لەرگە ئالاقىدار بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلغاندا، شاڭخەيدىكى «سۈزۈك تاش» ناملىق گېزىت «ھازىرقى زامان ئەنزارى تەھرىراتىنىڭ باش قەھرىمانى» تاڭ يۈرېن ئەپەندىنىڭ مەكتۇپلىرىنى باستى، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بىزنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىمىز موسكۋانىڭ بۇيرۇقى بىلەن بولارمىش. بۇمۇ ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدىن تەۋەررۈك بولۇپ قالغان كونا مۇقامى. سۇڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە «ياتلارغا باغلانغان» دېگەن سۆز بار ئىدى، چىڭ خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىمۇ «چەتكە باغلانغان» دېگەن سۆز بار ئىدى: دېمەك، بۇرۇندىن تارتىپ شۇنداق باھانىلەر بىلەن بىرمۇنچە ئادەم زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. دېمەك، زەھەرلىك تۆھمەت قىلىش

جۇڭگو موللىلىرىنىڭ دەستۇرى بولۇپ قالدى. دۇنيادا ھەممە ئىشتا پۇلغا تەلمۈرىدىغان كۈچلەرگە كۆزى يېتىدىغانلار ھەقىقەتەن يالغۇز ئۇلارلا ئەمەس. «زامانساز ۋەزىر» دېگەن گەپكە كەلسەم، بۇنىڭدا خېلى مەنە بار. ئويلاپ باقسام، ئېقىم مەسىلىلىرى توغرىسىدا قەلەم تەۋرەتمىگەن تەقدىردىمۇ، بەزىدە قورسىقىمدا تىللاشتىن خالىي قالمىدىم، «كەمىنە گۇناھكار ۋەزىرلىرى پادىشاھئالەمنىڭ دانا ھۆكمى بىلەن ئۆلۈمگە لايىق» مەن، چۈنكى قورسىقىمدا تىللاش ھەرگىزمۇ سادىق ۋەزىرنىڭ ئىشى ئەمەس. لېكىن، مالاي ئەدىبلەرنىڭ ماڭا شۇنداق نامنى چاپلىغىنىغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ «ئەدەبىيات مۇنبىرى» دىمۇ پادىشاھى بار ئىكەن.

بۇلتۇر مېھرىنگ (Franz Mehring)[10] نىڭ بىرنەچچە پارچە ماقالىسىنى ئوقۇپ قالدىم، ئۇ ماقالىلەردە ئومۇمەن: ھەممە كاردىن چىققان كونا جەمئىيەتتە ئەگەر ھەرقانداق بىر ئادەمدە باشقىچىرەك پىكىر، بىرئاز ئالىيلىق بولىدىكەن، ئۇ چوقۇم قاتتىق رىيازەت چېكىدۇ؛ ھەممىدىن بەك ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئورىغا ئىتتىرىدىغانلار شۇ ئادەم بىلەن بىر سىنىپقا مەنسۇپ بولغان ئادەملەر؛ ئۇلار ئۇنى ئەڭ قەبىھ ئاسىي، يات سىنىپقا مەنسۇپ قۇللارنىڭ ئىسيانىدىنمۇ قەبىھ ئىسيانچى دەپ، ئۇنى زادى يوقاتمىغۇچە قويمايدۇ، دېگەن مەنە بار. جۇڭگودا، چەت ئەللەردە، قەدىمكى زاماندا ۋە ھازىرقى كۈندىمۇ ئەھۋال شۇنداق ئىكەنلىكىنى، ھەقىقەتەن كىتابنى ئوقۇۋەرگەندە مۇرەتتەپ بولۇپ يېتىشكىلى بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرىدىكىدەك «ھازىرقى ھالەتكە نارازى»[11] لىق بولمايدىغانلىقىنى ئەنە شۇ چاغدىلا چۈشەندىم، شۇنىڭدەك «ئۈچ بىكار» توپلىمى تەقلىدىدە ۋە لېكىن باشقىچىرەك مەنىدە قوللىنىپ، «ئالا» سۆزىنى مەزكۇر كىتابقا ئىسىم قىلىۋالدىم. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ مېنىڭ يوقسۇل (پرولېتار) ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلاپ بەرمەيدۇ. بىر سىنىپقا مەنسۇپ بولغان ئادەملەرمۇ خۇددى «شې-





ئېرنامە» دىكى «ئاكا - ئۇكىنىڭ ھويلىدا جېدەللىشىشى» دەك، ۋاقتى كەلگەندە ئۆزئارا جېدەللىشىپ قالىدۇ — لېكىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە «ياتلارنىڭ خورلىشىغا قارشى تۇرۇش» تەك مۇئامىلە قىلىشى ناتايىن. مەسىلەن، مىلىتارىستلار يىل بويى ھامان ئۆزئارا سوقۇشۇۋاتىدۇ. ئەجەبا ئۇلارنىڭ بىر تەرەپتىكىسى پرولېتارىياتمىكەن؟ مېنىڭ ھەمىشە ئۆز ئەھۋالىم توغرىسىدا، خۇددى پۈتۈن دۇنيادىكى دەرد - ئەلەمنى ئۆز ئۈستۈمگىلا ئېلىپ، ئاما ئۈچۈن رىيازەت چېكىۋاتقاندەك، قانداق «پەشۋا» يەۋاتقانلىقىم، قانداق قۇلۇلە بولۇۋېلىۋاتقانلىقىم توغرىسىدا سۆزلەپ قويىدىغانلىقىممۇ ئوتتۇراھال مۇلۇكدارلار سىنىپىنىڭ زىيالىيلىرىغا خاس يامان مىجەزنىڭ دەل ئۆزى. بىراق، ئىلگىرى ئۆزۈمگە ئوبدان تونۇش بولغان ئۆز سىنىپىمدىن بىزار بولۇپلا يۈرەتتىم، ئۇنىڭ ھالاكىتىگە قىلچىلىكمۇ ئەپسۇسلانمايتتىم؛ كېيىن پاكىتلاردىن ساۋاق ئالغاچقا، يېڭىدىن راۋاج تېپىۋاتقان يوقسۇللارلا ئىستىقباللىق بولىدۇ، دەيدىغان چۈشەنچىگە كەلگەنلىكىم ھەق - راست.

1931 - يىل 2 - ئايدىن تارتىپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىنمۇ كۆپرەك ماقالە يازدىم، لېكىن ئۇ ماقالىلىرىمنى باسىدىغان ژۇرناللار ئانچە ئوخشاش بولمىغاچقا، سۆزلىرىمنى شۇلارغا مۇناسىپ قىلىشقا توغرا كەلدى - دە، «ئىسسىق شامال» غا ئوخشاش ئاددىي نەرسىلەرنى ئاز يازدىم. مېنىڭ توغرامدىكى تەنقىدىي ماقالىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، تەقرىز - مۇھاكىمە تولىمۇ ئاددىي بولۇپ قالسا، مەنىسىز خاتا چۈشەنچىلەرگىمۇ ياكى غەرەزلىك بۇرمىلاشلارغىمۇ سەۋەبچى بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، دېگەن تەجرىبىنىمۇ ئالغانىدىم. يەنە بۇنىڭدىن كېيىن «قەبرە» گە ئوخشاش ماقالىلەر توپلىمىنىمۇ، «دالدىدىكى تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى» گە ئوخشاش تەرجىمە ماقالىلەر توپلىمىنىمۇ چىقارماسلىق نىيىتىگە كەلگەند-

دىم. بۇ نۆۋەتتە بۇنىڭغا خېلى ئۇزۇنراق يېزىلغان نەرسىلىرىمنىمۇ كىرگۈزدۈم، تەرجىمىلىرىمدىن «ھازىرقى زامان كىنوسى ۋە مۇلۇكدارلار سىنىپى»نى تاللاپ، بۇ توپلامنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ قويدۇم. چۈنكى، جۇڭگودا كىنونىڭ رەسىم - ئادەت بولۇپ قالغىنىغا خېلى ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەقتە مۇشۇنداق ئىنچام يېزىلغان ماقالە كەم تېپىلىدۇ، جاھاندىكى ئەھۋاللارغا كۆڭۈل قويىدىغان ئادەملەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن بىر ئوقۇپ بېقىش زۆرۈرىيىتى بار. خەتلەرمۇ بار، بىر تەرەپنىڭلا خېتى كىرگۈزۈلسە، كىتابخانلار ئەھۋالنى كۆپىنچە ئاسان چۈشىنەلمەيمۇ قالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا كەلگەن خەتلەرنىڭ بەزى مۇھىمراقلىرىنىمۇ ئۆزۈمچىلا رەتلەپ كىرگۈزۈپ قويدۇم.

1932 - يىل 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى
كېچىدە رەتلەپ بولۇپ يازدىم





# 1930 - يىل

# «قاتمال تەرجىمە» ۋە «ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىلىقى»[12]

## 1

ئاڭلىشىمچە، «يېڭى ئاي» ئايلىق ژۇرنىلى تەشكىلاتىدىكىلەر ھازىر بازىرىمىز ئىتتىك بولۇپ كەتتى، دەۋېتىپتىمىش. بۇ گەپ بەلكىم راستتۇر. مەن باردى - كەلدىسى ناھايىتى ئاز بولغان ئادەممۇ ئىككى ياش دوستىنىڭ قولىدا 2 - جىلدىنىڭ 6 - ۋە 7 - ئايلىق قوشما سانىنى كۆرۈپ قالدىم. ۋاراقلاپ باقسام، ئۇنىڭدا «سۆز ئەركىنلىكى»[13] دەۋاسىنى قىلىدىغانلارنىڭ ماقالە ۋە ھېكايىلىرى كۆپ ئىكەن. ئاياغ تەرىپىگە يېقىن بىر جايىدا لياڭ شىچيۇ[14] ئەپەندىنىڭ «لۇشۈن ئەپەندىنىڭ ‹قاتمال تەرجىمە› سى توغرىسىدا» دېگەن بىر پارچە ماقالىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا مېنىڭ تەرجىمەمنى «ئۆلۈك تەرجىمىگە يېقىن» دەپتۇ. «ئۆلۈك تەرجىمە قىلىش ئادىتىنى ھەرگىز ئەۋج ئالدۇرماسلىق كېرەك» دەپ، بۇنىڭغا مېنىڭ تەرجىمىلىرىمدىن ئۈچ ئابزاسىنى، شۇنىڭدەك «ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە تەنقىد»[15] دېگەن ماقالىنىڭ خاتىمىسىدىكى «لېكىن تەرجىماننىڭ ئىقتىدارى يېتەرسىز بولغانلىقى ۋە جۇڭگو يېزىقىنىڭ ئەسلىدىن كەمچىلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن، تەرجىمە قىلىپ بولۇپ ئوقۇپ باقسىڭىز، تۇتۇق ھەتتا چۈشىنىكسىز بولغان يەرلىرى ھەقىقەتەن كۆپ بولىدىكەن؛ مۇبادا جۈملە بۆلەك-

لىرىدىن بىرەرىنى ئېلىۋېتىدىغان بولسىڭىز، گەپنىڭ ئەسلىي ئو-
رامى يوقىلىپ كېتىدىكەن. شۇڭا، مەن مۇشۇنداق قاتمال تەرجىمە
قىلىۋېرىشتىن باشقا يول تاللىمىدىم. ئەمدى مېنىڭ بىردىنبىر
ئۈمىدىم: كىتابخانلارمۇ چىشىنى قاتتىق چىشلەپ چىداپ ئوقۇۋەر-
سە ئىكەن، دېگەندىن ئىبارەت» دېگەن سۆزلىرىمنى نەقىل كەلتۈ-
رۈپ، ئاستىغا تەكىتلەش بەلگىلىرىنى زېرىكمەي قويۇپتۇ، «قات-
مال تەرجىمە» دېگەن سۆزلەرنىڭ يېنىغا ھەتتا تەكىتلەش بەلگىلە-
رىنى قوشلاپ قويۇۋېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن «قەتئىيەت» بىلەن
«تەنقىد» قىلىپ: «بىز چىشىمىزنى قاتتىق چىشلەپ چىداپ ئوقۇ-
ۋەردۇق، لېكىن ھېچبىر نەپ ئالالمىدۇق، ‹قاتمال تەرجىمە›
بىلەن ‹ئۆلۈك تەرجىمە› نىڭ نېمە پەرقى بولسۇن؟» دەپتۇ.
«يېڭى ئاي» تەھرىراتى ئۆز باياناتىدا[16] ھېچقانداق تەشكىلا-
تىمىز يوق، دەپ جاكارلىسىمۇ، ماقالىلىرىدىنمۇ پرولېتارىياتچە
«تەشكىلات»، «گۇرۇھ» دېگەن سۆزلەرنى ناھايىتى يامان كۆرىدى-
غانلىقى مەلۇم بولۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە تەشكىلى بار.
ھېچبولمىغاندا مەزكۇر ساندىكى سىياسىي ماقالىلەردە بىر - بىرىگە
«ھە - ھۇ» دەپ ماسلاشقان. ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدا
بولسا، بۇ ماقالە يۇقىرىدىكى ئەنە شۇ تەنقىدچىنىڭ «ئەدەبىياتتا
سىنىپىيلىق بولامدۇ؟». دېگەن ماقالىسىنىڭ چۈشۈرگىسى بولغان.
شۇ ماقالىسىدە مۇنداق بىر ئابزاس سۆز بار: «… لېكىن، ناھايى-
تى ئەپسۇسكى، بۇنداق كىتابلاردىن مەن ئوقۇپ چۈشىنەلىگۈدەك-
لىرى يوق… مېنى ھەممىدىن قىينايدىغىنى ئۇنىڭ تىلى… بۇنى
ئوقۇماق ھەتتا تىلسىمنامىدىنمۇ تەس… پرولېتارىيات ئەدەبىيات
نەزەرىيىسىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ھازىر جۇڭگولۇقلار ئوقۇپ
چۈشىنەلىگۈدەك تىل بىلەن بىرەر پارچە ماقالە يېزىپ چۈشەندۈ-
رۈپ بېرەلەيدىغان بىرەر جۇڭگولۇق تېخى چىقمىدى». بۇ سۆزلەر-
نىڭ ئاستىغىمۇ دۈگىلەك بەلگىلەرنى سىزىۋېتىپتۇ. تىزىش ۋە





بېسىشتا ئاۋارىگەرچىلىك بولمىسۇن ئۈچۈن، ئۇنى ئەينەن سىزىپ
كۆرسەتمىدىم. قىسقىسى، لياڭ ئەپەندى ئۆزىنى بارلىق جۇڭگو-
لۇقلارنىڭ ۋەكىلىمەن، بۇ كىتابلارنى مەن ئوقۇپ چۈشىنەلمىگەندى-
كەنمەن، بارلىق جۇڭگولۇقلارمۇ ئوقۇپ چۈشىنەلمەيدۇ، جۇڭگودا
بۇنداق كىتابلارنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتۇۋېتىش كېرەك دەپ قارايدى-
كەن. شۇڭا، ئۇ «بۇنداق ئادەتنى ئەۋج ئالدۇرماسلىق كېرەك»
دەپ كۆرسەتمە بېرىپتۇ.
مەن باشقا «تىلسىمنامە» تەرجىمانلىرىنىڭ پىكرىگە ۋەكىللىك
قىلالمايمەن، شەخسەن ئۆزۈمنىڭ قارىشىچە، ئىش ئۇنداق ئاددىي
ئەمەس. بىرىنچىدىن، لياڭ ئەپەندى «چىشىمىزنى قاتتىق چىشلەپ
تۇرۇپ چىداپ ئوقۇدۇق» دەپتۇ؛ لېكىن، زادى زورۇقۇپ، چىشى-
نى قاتتىق چىشلىيەلىدىمۇ، بۇ تېخى بىر مەسىلە. ئۆزىنى زورۇ-
قۇپ، چىشىنى قاتتىق چىشلەپ تۇرغان قىلىپ كۆرسەتكىنى بىلەن
ئەمەلىيەتتە پاختىدەك بوش ئىكەنلىكى «يېڭى ئاي» تەھرىراتىنىڭ
بىر خۇسۇسىيىتى. ئىككىنچىدىن، لياڭ ئەپەندى ئۆزىنى ھەممە
جۇڭگولۇقلارغا ۋەكىل قىلىۋاپتۇ، لېكىن ئۇ زادى پۈتۈن جۇڭگو
بويىچە ئەڭ مۇنەۋۋەر ئادەممۇ، بۇمۇ بىر مەسىلە. بۇ مەسىلىلەرنى
«ئەدەبىياتتا سىنىپىيلىق بولامدۇ؟» دېگەن ماقالىسى بىلەن يەش-
كىلى بولىدۇ. proletary (پرولېتار) دېگەن سۆزنى ئاھاڭ بويىچە
تەرجىمە قىلىپ قوللانماستىن، مەنەن تەرجىمە قىلىش تامامەن
مۇمكىن، بۇنداق قىلىش يوللۇق. لېكىن، بۇ تەنقىدچى: «ئەمە-
لىيەتتە لۇغەتلەرنى ئاختۇرۇپ كۆرسىڭىز، بۇ سۆزنىڭ
مەنىسى چىرايلىق ئەمەس ئىكەن، «ۋېبېستى قامۇسى» غا قا-
رىغاندا، proletary نىڭ مەنىسى: served the state not wtih
Acitizen of lowest class who …property, but only by having children…
پرولېتارىيات بولسا مەملىكەتتە بالا - پەرزەنت تېپىشنىلا بىلىدىغان
سىنىپ! (ھېچبولمىغاندا رىم دەۋرىدە شۇنداق)» دەپتۇ. ئەمەلى-

يەتتە بۇنداق «چىرايلىق» لىقنى تاللىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئومۇمەن ئاز - تولا ساۋاتى بار ئادەملەر ھازىرنى رىم دەۋرى دەپ، ھازىرقى پرولېتارلارنى رىملىقلار دەپ قارىمىسا كېرەك. بۇ ئەھۋال خۇددى Chemie نى «خىمىيە» دەپ تەرجىمە قىلسا كىتابخانلار بۇنى مىسىرنىڭ «كىمىيا» سى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويمىغاندا، «لياڭ» ئەپەندى ماقالە يازسا، سۆزنىڭ مەنبەسىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، «يالغۇز ياغاچلىق كۆۋرۈك» مۇ قەلەم تەۋرىتەلەيدىكەن، دەپ چۈشىنىۋالمىغانغا ئوخشاش بىر ئىش. ھەتتا «لۇغەتلەرنى ئاختۇرۇپ» (ۋېبېستى قامۇسىنى!) مۇ «نەپ ئالالمىغان» مىش. جۇڭگولۇقنىڭ ھەممىسى بۇنداق بولمىسا كېرەك.

## 2

لېكىن، مېنى ھەممىدىن بەك قىزىقتۇرغىنى شۇكى، يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن لياڭ ئەپەندىنىڭ ماقالىسىدە ئىككى يەردە «بىز» سۆزى ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭدا «كۆپ سانلىق» ۋە «گۇرۇھ» دېگەن پۇراق خېلىلا بار. تەبىئىيكى، ئاپتور ئۆزى يالغۇز قەلەم تەۋرەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇرانىدىن قارىغاندا ھەرگىز يالغۇز بىر ئادەم ئەمەس. «بىزلەر» دەپ گەپ قىلغىنى جايىدا، ئوقۇغان ئادەمگىمۇ خېلى كۈچى باردەك تۇيۇلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە جاۋابكارلىقىمۇ بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىپ قالمايدۇ. لېكىن، «ئىدىيىدە بىرلىككە كېلەلمىگەن» چاغدا، «سۆز ئەركىنلىكى كېرەك» بولۇپ قالغاندا، خۇددى لياڭ ئەپەندىنىڭ كاپىتال تۈزۈمىنى تەنقىد قىلغىنىغا ئوخشاش، «ئىللەت» لەرمۇ پەيدا بولىدۇ، يەنى «بىزلەر» بولغىنىكەن، بىزلەردىن باشقا «ئۇلار» مۇ بولىدۇ. دېمەك، «يېڭى ئاي» تەھرىراتىنىڭ «بىز» لىرى مېنىڭ تەرجىملىرىم توغرىسىدا «ئۆلۈك تەرجىمە قىلىش ئادىتىنى ئەۋج





ئالدۇرماسلىق كېرەك» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇغاندىن كېيىن «نەپ ئالالماي» قالمايدىغان باشقا كىتابخانلارمۇ بار. مېنىڭ «قاتمال تەرجىمە» لىرىمنىڭ «ئۇلار» نىڭ ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى «ئۆلۈك تەرجىمە» دىن بىرئاز پەرق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مەنمۇ «يېڭى ئاي» تەھرىراتىنىڭ «ئۇلار» دېگەنلىرىدىن بىرى، چۈنكى مېنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرىم لياڭ ئەپەندى زۆرۈر تاپقان شەرتلەرگە زادىلا توغرا كەلمىگەن.

ھېلىقى «‹قاتمال تەرجىمە› توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىنىڭ بېشىدىلا خاتا تەرجىمە قىلىشنىڭ ئۆلۈك تەرجىمە قىلىشقا قارىغاندا ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىرەر كىتابنى پۈتۈنلەي بۇرمىلاپ تەرجىمە قىلىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، ··· قىسمەن بۇرمىلاپ تەرجىمە قىلىشمۇ خاتا بولغىنىكەن، بەرىبىر سىزگە بىرەر خاتا چۈشەنچىنى بېرىدۇ، بۇ خاتالىق ئېھتىمال كىشىلەرگە چەكسىز زىيان كەلتۈرەر، شۇنداق بولسىمۇ ئۇنى ئوقۇغىنىڭىزدا ھوزۇر قىلىسىز.» ئاخىرقى ئىككى ئېغىز سۆزى تەكىتلەش بەلگىسى ئۇرۇشقا تازا لايىق، لېكىن ئۇنداق قىلىق ماڭا يات. مېنىڭ تەرجىمە قىلىشتىكى مەقسىتىم ئەسلىدە كىتابخانلارنى «ھوزۇرلاندۇرۇش» ئەمەس، بەلكى كۆپ ھاللاردا بىئارام قىلىش، ھەتتا ئىچىنى قايىنىتىش، نەپرەتلەندۈرۈش، غەزەپلەندۈرۈش. ئوقۇغاندىن كېيىن «ھوزۇرلاندۇرىدۇ» غان نەرسىلەر — «يېڭى ئاي» تەھرىراتىدىكىلەرنىڭ تەرجىملىرى ۋە ئەسەرلىرىدىن: شۈي جىمۇ ئەپەندىنىڭ شېئىرلىرى، شېن سۇڭخېن، لىن شۈخۋا ئەپەندىلەرنىڭ ھېكايىلىرى[17]، چېن شىيىڭ (يەنى چېن يۈەن) ئەپەندىنىڭ بىكار پاراڭلىرى[18]، لياڭ شىچيۇ ئەپەندىنىڭ تەنقىدلىرى، پەن گۇاڭدەن[19] ئەپەندىنىڭ ئېسىل نەسەب تەلىماتى، شۇنىڭدەك بابىت ئەپەندىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكى تۇرۇپتۇ.



شۇنىڭ ئۈچۈن، لياڭ ئەپەندىنىڭ ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى
«بۇنداق كىتابنى ئوقۇسىڭىز، خۇددى خەرىتىگە قارىغانغا ئوخ-
شاش، بارماقلىرىڭىزنى چىقىرىپ، جۈملە تەركىبىنىڭ ئورۇنلى-
رىنى بارماقلاپ ئىزدەشكە مەجبۇر بولىسىز» دېگەن سۆزلىرى
مېنىڭچە قۇرۇق گەپ، گەرچە بۇ سۆزلەرنى قىلغان بولسىمۇ قىل-
مىغانغا باراۋەر. شۇنداق، مېنىڭچە، «بۇنداق كىتاب»نى ئوقۇش
ئۈچۈن خۇددى خەرىتىگە قارىغاندەك، بارماقلارنى چىقىرىپ،
«جۈملە تەركىبىنىڭ ئورنى»نى ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. خەرىتى-
گە قارىغاندا «كېنىزەك ياڭنىڭ ھامامدىن چىقىشى» ياكى «قەھ-
رىتاندىكى ئۈچ دوست» دېگەن سۈرەتلەرنى كۆرگەندىكىدەك «ھۇ-
زۇرلىنارلىق» بولمىسىمۇ، ھەتتا بارماقلاپ تۇرۇپ كۆرۈشكە توغ-
را كەلسىمۇ (ئەمەلىيەتتە لياڭ ئەپەندىنىڭ ئۆزى شۇنداق قىلسا
كېرەك. خەرىتىگە قاراپ ئادەتلەنگەن ئادەم كۆزى بىلەنلا قارىسا
بولىۋېرىدۇ)، لېكىن خەرىتە ئۆلۈك نەرسە ئەمەس. دېمەك، «قات-
مال تەرجىمە»گە ئوخشاشلا ئەمگەك سەرپ قىلىنغانىكەن، قائىدە
بويىچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ «ئۆلۈك تەرجىمە» دىن «قانداقتۇر پەر-
قى» بار. ABCD نى تونۇيدىغان ئادەم ئۆزىنى جەدىت ئالىم دەۋال-
سىمۇ، ئۇنىڭ خىمىيە تەڭلىمىلىرى بىلەن ئالاقىسى يوق؛ چوت
سوقۇشنى بىلىدىغان ئادەم ئۆزىنى ماتېماتىك دەۋالسىمۇ، قەلەم
ھېساباتىنى كۆرگەندە ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمەيدۇ. ھازىرقى دۇن-
يادا ئالىم بولۇۋالغانلىكى ئادەمنىڭ ھەممە ئىش بىلەن شىپەت-
چىلىكى بولىۋەرمەيدۇ.

لېكىن، لياڭ ئەپەندى «باش ـ ئايىغىدىكى سۆزلەرنىڭ بول-
مىغانلىقى ئۈچۈن، مەنىسى ئانچە روشەن بولماسلىقى مۇمكىن»
لىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، مېنىڭ تەرجىمەمدىن ئۈچ ئابزاسنى مى-
سال كەلتۈرۈپتۇ. ئۇ «ئەدەبىياتتا سىنىپىيلىق بولامدۇ» دېگەن
ماقالىسىدىمۇ شۇنداق ۋاستىنى قوللىنىپ، ئىككى پارچە تەرجىمە





شېئىر [20] نى مىسال كەلتۈرگەن ۋە: «ئۇلۇغ پرولېتارىيات ئەدە-
بىياتى تېخى ۋۇجۇدقا كەلمىگەندەك تۇرىدۇ. ئۇنداق بولسا مەن
تاقەت قىلىپ كۈتۈپ تۇراي، كۈتۈپ تۇراي، كۈتۈپ تۇراي» دەپ
ئومۇمىي باھا بەرگەن. بۇ ئۇسۇل ھەقىقەتەن ناھايىتى «ھۇزۇرلى-
نارلىق» بولسىمۇ، لېكىن مەن مۇشۇ «يېڭى ئاي» ژۇرنى-
لىنىڭ 8 ـ ۋارىقىدىكى «ئۆي كۆچۈش» سەرلەۋھىلىك ئىجادىي
ئەسەر — ئىجادىي ئەسەرمىش! — دىن ئازراق مىسال كەلتۈرەي:
— چۈجىنىڭ قۇلىقى بارمۇ؟
— چۈجىگە قۇلاق چىققاننى كۆرمەپتىكەنمەن.
— مېنىڭ قىچقارغىنىمنى ئۇ قانداق ئاڭلايدۇ؟ — ئۇ ئالدىن-
قى كۈنى ھاممىسىنىڭ، قۇلاق ئاڭلاش ۋەزىپىسىنى، كۆز كۆرۈش
ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ، دېگەنلىرىنى ئېسىگە ئالدى.
— بۇ تۇخۇمدىن ئاق چۈجە چىقامدۇ ياكى قارا چۈجە چىقام-
دۇ؟ — ھاممىسىنىڭ جاۋاب بەرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، جىئېر قىز
ئورنىدىن تۇرۇپ، تۇخۇمنى سىلاپ تۇرۇپ يەنە سورىدى.
— ھازىر بىلگىلى بولمايدۇ، چۈجە چىققاندىن كېيىن مەلۇم
بولىدۇ.
— ۋەنئېر ئاچام كىچىك توخۇ چوڭ توخۇغا ئايلىنىدۇ دەۋاتات-
تى، بۇ چۈجىلەرمۇ چوڭ توخۇغا ئايلىنامدۇ؟
— ئوبدان باقسا چوڭ بولىدۇ، ئاۋۇ توخۇمۇ يېڭى سېتىۋالغان-
دا مۇشۇنداق چوڭ ئەمەس بولغىيدى؟

بەس، «تىلى» چۈشىنىشلىك، بارماقلارنى چىقىرىپ، جۈملە
تەركىبلىرىنى ئىزدەشنىڭمۇ ھاجىتى يوق، لېكىن مەن «تاقەت»
قىلىپ تۇرالمايمەن، مۇشۇ سۆزلەرنىڭ ئۆزىنىلا ئالساق، ئۇ كى-
شىگە «ھۇزۇر» بەرمەيدۇلا ئەمەس، بەلكى ئىجادىيەت ئەمەسلىك-
تىنىمۇ ھېچقانچە پەرق قىلمايدۇ.

ئاخىرىدا، لياڭ ئەپەندى يەنە مۇنداق سوئال قويۇپتۇ: «جۇڭ-

گۇ تىلى چەت ئەل تىلىغا ئوخشاشمايدۇ... تەرجىمە قىلىشنىڭ
قىيىنلىقى ئەنە شۇ يەردە. ئەگەر ئىككى خىل تىلنىڭ گىرامماتىكى-
سى، سىنتاكسىس ۋە مورفولوگىيىسى تامامەن ئوخشاش بولىدىغان
بولسا، ئۇ چاغدا تەرجىمە ئىشى خىزمەت قاتارىغا كىرەرمىدى؟...
كىتابخانىلارنىڭ چۈشىنەلىشىنى بىرىنچى شەرت قىلىپ، جۈملە
تۈزۈلۈشلىرىنى ئالماشتۇرۇپ بېقىشىمىز مۇمكىن. چۈنكى، «زو-
رۇقۇش — چىشىنى قاتتىق چىشلەش» كۆڭۈللۈك ئىش ئەمەس،
ئۇنىڭ ئۈستىگە «قاتمال تەرجىمە» دە «تىلنىڭ ئەسلىدىكى ئىخچام
خۇسۇسىيىتى» نى ساقلاپ قېلىش ناتايىن. «قاتمال تەرجىمە» بى-
لەن «تىلنىڭ ئەسلىدىكى ئىخچام خۇسۇسىيىتى» نى ساقلاپ قالغى-
لى بولسا، ئۇ ھەقىقەتەن كارامەت بىر ئىش بولغان بولاتتى، ئۇ
ھالدا قانداقمۇ جۇڭگو تىلىدا «كەمچىلىك» بار دېگىلى بولسۇن؟
مەن جۇڭگو تىلى بىلەن ئوخشاش بولغان چەت ئەل تىلىنى ئىزدەپ
يۈرىدىغان ياكى «ئىككى خىل تىلنىڭ گىرامماتىكىسى، سىنتاكسى-
سى ۋە مورفولوگىيىسى تامامەن ئوخشاش» بولۇشىنى ئارزۇ قىلى-
دىغان نادانلاردىن ئەمەسمەن. لېكىن، مېنىڭچە، گىرامماتىكىسى
مۇرەككەپ بولغان دۆلەت تىلى چەت ئەل تىللىرىنى تەرجىمە قى-
لىشقا ئاسانراق چۈشىدۇ؛ تىل سىستېمىلىرى يېقىنراقلىرىمۇ تەر-
جىمە قىلىشقا ئاسانراق چۈشىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇمۇ خىزمەت
قاتارىغا كىرىدۇ. گوللاند تىلىنى نېمىس تىلىغا، رۇس تىلىنى
پولەك تىلىغا تەرجىمە قىلسا، بۇنى خىزمەت قىلمىغانلىقتىن ھېچ-
قانداق پەرقى يوق دېگىلى بولامدۇ؟ ياپون تىلى ياۋروپا، ئامېرىكى-
لىقلار تىلىدىن ناھايىتى «پەرق» قىلىدۇ، شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار
بارا - بارا يېڭى - يېڭى جۈملە شەكىللىرىنى قوشۇپ، قەدىمىي
تىلىغا قارىغاندا تىلنىڭ ئەسلىدىكى ئىخچام خۇسۇسىيەتلىرىنى يو-
قاتماي تەرجىمە قىلىشقا تېخىمۇ لايىقلاشتۇرماقتا. تەبىئىيكى،
دەسلەپكى چاغلاردا «جۈملە تەركىبىنىڭ ئورنىنى ئىزدەش» كە توغ-





-را كەلگەچكە، بەزىلەرنى «ھۇزۇر» لاندۇرالمىدى، لېكىن ئىزدەش
ۋە ئادەتلىنىش نەتىجىسىدە ھازىر ئۆزلەشتۇرۇپ ئۆزىنىڭ قىلىۋال-
دى. جۇڭگو گىراممانىكىسى ياپونىيىنىڭ قەدىمىي تىلىدىنمۇ مۇ-
كەممەل ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ بەزى ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن
كەچۈردى. مەسىلەن، «تارىخنامە»، «خەن يىلنامىسى»، «قەدىمـ
نامە» (21) دىن پەرق قىلىدۇ: ھازىرقى ئومۇمىي ئەدەبىي تىلمۇ
«تارىخنامە»، «خەن يىلنامىسى» نىڭكىدىن پەرق قىلىدۇ. ياسال-
غانلىرىمۇ بار. مەسىلەن، تاڭ دەۋرىدە سۇترانى تەرجىمە قىلغاندا،
يۈەن دەۋرىدە پادىشاھنىڭ يارلىقلىرىنى (22) تەرجىمە قىلغاندا، بە-
زى «گىراممانىكا، سىنتاكسىس، مورفولوگىيە» لەر ياسالغان، ئا-
دەتلىنىش نەتىجىسىدە بارماقلارنى چىقارماي تۇرۇپمۇ چۈشىنەلەيدى-
غان بولغان. مانا ئەمدى «چەت ئەل تىلى» كىردى، بىرمۇنچە
جۈملىلەرنى يېڭىدىن ياساشقا — يامانراق قىلىپ ئېيتسام، زورمۇ-
زور ياساشقا — توغرا كېلىۋاتىدۇ. مېنىڭ تەجرىبەمدىن قارىغاندا،
مۇشۇنداق تەرجىمە قىلغاندا، بىرنەچچە جۈملىنى ئۆزلەشتۇرۇۋەت-
كەنگە قارىغاندا، تىلنىڭ ئەسلىدىكى ئىخچام خۇسۇسىيەتلىرىنى
تېخىمۇ ئوبدان ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ، لېكىن ئەسلىدىكى جۇڭگو
يېزىقىدا كەمچىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، يېڭىدىن ياساشقا توغرا
كېلىدۇ. بۇ يەردە «نېمە بۇ» دەيدىغان قانداق «مۆجىزە» بار
ئىكەن؟ لېكىن، «بارماقنى چىقىرىش»، «چىشىنى قاتتىق چىش-
لەش» توغرا كەلگەچكە، بەزىلەر ئۈچۈن «ھۇزۇرلىنارلىق ئىش»
بولماسلىقى تەبىئىي. بىراق، مېنىڭ ھېلىقى جانابلارغا زادىلا
«ھۇزۇر» ياكى «خۇشاللىق» بېغىشلىغۇم كەلمەيدۇ، پەقەت باشقا
بىرقانچە كىتابخان نەپ ئالالىسىلا بولدى، لياڭ شىچيۇ ئەپەندى
«لەر» نىڭ ئازابلىنىشى ياكى ھۇزۇرلىنىشى ۋە نەپ ئالالماسلىقى
ھەقىقەتەن «مەن ئۈچۈن لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇت» تىنلا
ئىبارەت.

لېكىن، لياڭ ئەپەندى پرولېتارىيات ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە مۇراجىئەت قىلىشقا زادىلا ھاجىتى يوقتەك بولسىمۇ، يەنىلا ناھايىتى مۇجمەللىك قىلغان يەرلىرى بار. مەسىلەن، ئۇ: «لۇشۇن ئەپەندى ئالدىنقى يىللىرى تەرجىمە قىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر، مەسىلەن، چۇچۇەن بەيسۇننىڭ «دەرد - ھەسرەت سىمۋولى»[23] ئوقۇپ چۈشەنگىلى بولمايدىغان نەرسە ئەمەس ئىدى، لېكىن يېقىندىن بۇيان تەرجىمە قىلغان كىتابلىرىدا ئۇسلۇبىنى ئۆزگەرتىۋەتكەندەك تۇرىدۇ» دەپتۇ. «جۇڭگو تىلى چەت ئەل تىلىغا ئوخشاشمايدۇ» غانلىقىنى ئازغىنە ساۋاتى بار ئادەمنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ، لېكىن ئوخشاش بىر چەت ئەل تىلى بويىچە يازغۇچىلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئىشلەش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىغاچقا، «ئۇسلۇبى» ۋە «جۈملە تەركىبىنىڭ ئورنى» مۇ ناھايىتى پەرقلىق بولۇشى مۇمكىن. جۈملىلىرى مۇرەككەپ ياكى ئاددىي بولۇشى مۇمكىن، ئاتالغۇلىرى كۆپ ئۇچرايدىغان ياكى خاس ئاتالغۇلاردىن بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئوخشاش بىر خىل چەت ئەل تىلىدا يېزىلغان نەرسىلەرنىڭ چۈشىنىشلىك بولۇش دەرىجىسى ھەرگىز ئوخشاش بولۇۋەرمەيدۇ. مەن «دەرد - ھەسرەت سىمۋولى» نى تەرجىمە قىلىشىنىمۇ ھازىرقىدەكلا ئەسلىي جۈملە قېلىپى بويىچە تەرجىمە قىلغان، ھەتتا سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلغان، لېكىن لياڭ شىچيۇ ئەپەندى ئوقۇپ چۈشەنگىلى بولىدۇ دەپتۇ. بۇ، ئەسلىي ئەسەرنىڭ ئەسلىدە چۈشىنىشلىك بولغانلىقى، لياڭ شىچيۇ ئەپەندىنىڭ جۇڭگونىڭ يېڭى تەنقىدچىسى بولغانلىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى زورمۇزور ياسالغان جۈملە شەكىللىرىنى ئوقۇپ يۈرۈپ خېلىلا ئادەتلىنىپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن بولغان. ئەگەر پايناپ كەنتتىكى (سەنجياسۇندىكى) مەخسۇس «قەدىمكى ئېسىل يازمىلار»[24] نى ئوقۇش بىلەنلا بولىدىغان ئالىملار ئوقۇيدىغان بولسا، ئۇلارغا «تىلسىمنامە» دىنمۇ تەس كەلمەي قالارمۇ؟





## 3

لېكىن، «تىلسىمنامىدىنمۇ تەس» بولغان پرولېتار ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ بۇ قېتىمقى تەرجىمىلىرى لياڭ ئەپەندىگە بىرمۇنچە تەسىر قىپتۇ، ئوقۇپ چۈشىنەلمەپتۇيۇ، تەسىر ئاپتۇ. بۇ ئەھۋال كۈلكىلىك بولسىمۇ ۋە لېكىن راست. بۇ تەنقىدچى «ئەدەبىياتتا سىنىپىيلىق بولامدۇ؟» سىدا: «مەن ھازىر ئاتالمىش پرولېتار ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى تەنقىد قىلىشتىمۇ، پەقەت ئۆزۈم ئىگىلىگەن ئازغىنە ماتېرىياللىلا ئاساس قىلدىم»[25] دەپتۇ. دېمەك، ئۇنىڭ بۇ نەزەرىيە توغرىسىدىكى بىلىمى ئىنتايىن كەم ئىكەن.

لېكىن، بۇ سەۋەنلىك توغرىسىدا بىز (بارلىق «تىلسىمنامە» تەرجىمانلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە، شۇڭا «بىز» دەۋاتىمەن) پەقەت بىر قىسىم جاۋابكارلىقنىلا ئۆز ئۈستىمىزگە ئالىمىز، بىر قىسمىغا ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ كالۋالىقى ياكى ھورۇنلۇقى جاۋابكار. «قانداقتۇر لۇناچارسكىي، پلېخانوف» دېگەنلەرنىڭ كىتابلىرىدىن خەۋىرىم يوق، «بوگدانوف[26] دەك ئادەملەر» نىڭ ئۈچ پارچە نەزەرىيەۋى ماقالىسى بىلەن تروتسكىينىڭ «ئەدەبىيات ۋە ئىنقىلاب» دېگەن ئەسىرىنىڭ يېرىمىنىڭ ھەقىقەتەن ئىنگلىزچە تەرجىمىسى بار. ئەنگلىيىدە «لۇشۇن ئەپەندى» يوق، ئۇ تەرجىمىلەر ناھايىتى چۈشىنىشلىك بولسا كېرەك. لياڭ ئەپەندى ئۇلۇغ پرولېتار ئەدەبىياتىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى تاقەت قىلىپ، «كۇتۇپ تۇراي، كۇتۇپ تۇراي، كۇتۇپ تۇراي» دېگەن سەۋرچانلىقىنى ۋە غەيرىتىنى بىلدۈرگەنىدى، ئەمدى نەزەرىيىسىنىمۇ تاقەت بىلەن كۇتۇپ، ئىزدەپ تېپىپ ئوقۇپ، ئاندىن بىرنەرسە دېسە بولماسمىدى! بار ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇقلۇق ئىزدەنمەسلىكنىڭ ئۆزى كالۋالىق، بار

ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىزدەنمەسلىكنىڭ ئۆزى ھۇرۇنلۇق.
سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرۇش ئېھتىمال «ھۇزۇر» بولار، لېكىن ئۇ
ھالدا ئاغزىنى ئاچقان ھامان ئاسانلا سوغۇق شامال كىرىدىپ
كېتىدۇ.

مەسىلەن، ھېلىقى «ئەدەبىياتتا سىنىپىيلىق بولامدۇ؟» دې-
گەن ئېسىل ماقالىسىنى ئالساق، ئۇنىڭ خۇلاسىسى: سىنىپىيلىق
يوق. سىنىپىيلىقنى يوققا چىقىرىشتا، مېنىڭچە، ئەڭ ئۇچىغا
چىققىنى ۋۇ جىخۇي[27] ئەپەندىنىڭ «ماركس - پاركس دېگەن
بىرنېمە» دېگەنلىرى ۋە قايسىبىر ئەپەندىنىڭ «دۇنيادا سىنىپ
دېگەن نەرسە يوق» دېگەن تەلىماتى. شۇنداق ئىكەن، ھەممىنىڭ
ئۇنى ئۇچۇپ، ئالەم تىنچىپ كەتكەن بولسا بولاتتى. لېكىن، لياڭ
ئەپەندى «ماركس دېگەن بىرنېمە» بىلەن ئاز - پاز زەھەرلىنىپ،
ئاۋۋال: ھازىر بىرمۇنچە جايلاردا مۇلۇكدارلىق تۈزۈمى بار، بۇ
تۈزۈم ئاستىدا يوقسۇللار (پرولېتارلار) بار، بىراق بۇ «پرولېتار-
لاردا ئەسلىدە سىنىپىي ئاڭ يوق ئىدى، تولىمۇ ھېسداش بولغان
سەپرا مىجەز بىرنەچچە داھىي ئۇلارغا سىنىپىي كۆزقاراشنى سىڭ-
دۇرۇپ[28]»، ئۇلارنى بىرلەشتۇرمەكچى، ئۇلارنىڭ كۈرەش قى-
لىش ئارزۇسىنى قوزغىماقچى بولغان، دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ.
شۇنداق، لېكىن مېنىڭچە، سىڭدۇرگۈچىلەرنى ھېسداشلىق تۇپەي-
لىدىن ئەمەس، بەلكى دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئىدىيىسى بىلەن سىڭ-
دۇرگەن، دېيىش كېرەك. ھالبۇكى، «ئەسلىدە يوق» نەرسىنىڭ
ئويغىنىشى، قوزغىلىشى مۇمكىن ئەمەس؛ ئويغانغان، قوزغىلال-
غانىكەن. دېمەك، ئۇنىڭ ئەسلىدە بار نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆرسى-
تىدۇ. ئەسلىدە بار نەرسىنى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە يېپىپ قويغىلى
بولمايدۇ. مەسىلەن، گالىلېي[29] يەر شارى ھەرىكەتلىنىدۇ، دار-
ۋىن[30] جانلىقلار تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ، دېگەنىدى.
دەسلەپكى چاغلاردا بىرنەچچە دىنىي ئۆلىما گالىلېينى ئوتتا كۆيدۇ-





رۈپ ئۆلتۈرۈۋەتمىدىمۇ، مۇتەئەسسىپلەر دارۋىنغا ھەدەپ ھۇجۇم
قىلمىدىمۇ؟! لېكىن، ھازىرقى كۈندە كىشىلەر بۇ ئىككى تەلىماتقا
ئەجەبلەنمەيدىغان بولدى، چۈنكى يەر شارى بەرىبىر ھەرىكەتلىنىپ
تۇرىدۇ، جانلىقلارمۇ ھەقىقەتەن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ.
بار ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇقلۇق، ئۇنى يوق دەپ يوشۇ-
رۇش ئۇچۇن كارامەت كۆرسىتىدىغان ھۈنەر بولمىسا بولمايدۇ.

لېكىن، لياڭ ئەپەندىنىڭ ئۆزىچە كۈرەشنى يوققا چىقىرىش
چارىسى بار ئىكەن. ئۇنىڭچە، روسسو «مۈلۈك مەدەنىيەتنىڭ ئاسا-
سى»، «شۇنىڭ ئۇچۇن، مۈلۈكدارلىق تۈزۈمگە ھۇجۇم قىلىش
مەدەنىيەتكە قارشى چىققانلىق بولىدۇ»، «ئەگەر بىرەر پرولېتار-
نىڭ پەمى بولىدىكەن، ئۇ ئۆمۈر بويى جاپا چېكىپ، ھالاللىق بىلەن
ئىشلەۋېرىدىغان بولسا، ھەرھالدا خېلىلا مۈلۈك تاپالايدۇ. تۇرمۇش
يولىدا كۈرەش قىلىشنىڭ توغرا ئۇسۇلى ئەنە شۇ» دەپ ئېتىقاد-
مىش. مېنىڭچە، روسسونىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە ھازىر 150 يىل
بولدى، لېكىن ئۇ ئەينى زاماندا، ئۆتمۈشتىكى ۋە كەلگۈسىدىكى
مەدەنىيەت مۈلكىنى ئاساس قىلىدۇ دەپ قارىمىغان بولۇشى مۇم-
كىن (ئەگەر ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى ئاساس قىلىدۇ دېگەن بول-
سا، بۇ توغرا، ئەلۋەتتە). ئۇ يۇناننىڭ، ھىندىستاننىڭ مەدەنىيى-
تى بارلىقىنى، لېكىن ئۇلارنىڭ گۈللىگەن دەۋرى مۈلۈكدارلىق
(بۇرژۇئا) جەمئىيىتىدە بولمىغانلىقىنى بىلىسە كېرەك، ئەگەر
بىلمىگەن بولسا، بۇمۇ ئۇنىڭ خاتالىقى. پرولېتارلارنىڭ «جاپا
چېكىپ» بۇرژۇئازىيە دەرىجىسىگە يامىشىپ چىقىشىدىكى «توغرا»
ئۇسۇل دېگەنگە كەلسەك، بۇ، جۇڭگودىكى باي - خوجاملار خۇشى
كېلىپ قالغاندا گاداي ئىشچىلارغا ئېيتىدىغان كونا تەنبىھ. ئەمەلى-
يەتتە، ھازىرقى ۋاقىتتا بىر دەرىجە يۇقىرى ئۆرلەش ئارزۇسى
بىلەن «جاپا چېكىپ، ھالاللىق بىلەن» يامىشىپ كېتىۋاتقان
«پرولېتار» لارمۇ خېلى كۆپ، لېكىن بۇ «سىنىپىي ئاڭنى ئۇلارغا

سىڭدۇرىدىغان» ئادەم تېخى چىقمىغان ۋاقىتتىكى ئەھۋال. سىڭدۇرۇلگەن ھامان، ئۇلار بىر - بىرلەپ يامىشىپ، تىرمىشىپ ئولتۇرمايدۇ، خۇددى لياڭ ئەپەندى ئېيتقاندەك، «ئۇلار بىر سىنىپ بولۇپ قالىدۇ، تەشكىللىنىدۇ؛ ئۇلار بىر گۇرۇھ بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئادەتتىكى يولدىن چىقىپ، بىر سەكرەپلا سىياسىي ھوقۇقنى، مالىيۋى ھوقۇقنى تارتىۋالىدۇ، بىر سەكرەپلا ھۆكۈمران سىنىپ بولۇپ قالىدۇ». لېكىن، «ئۆمۈر بويى جاپا چېكىپ، ھالاللىق بىلەن ئىشلەۋەرسە، ھەرھالدا خېلىلا مۈلۈك تاپالايدۇ» غان بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان «پرولېتار» مۇ بولارمۇ؟ بولۇشى تەبىئىي. بىراق، ئۇنى «تېخى بېيىمىغان مۈلۈكدار (بۇرژۇئاز)» دەپ ھېسابلاشقا توغرا كېلىدۇ. لياڭ ئەپەندىنىڭ سەممىي نەسىھەتلىرىگە پرولېتارلار تۈكۈرىدۇ، ئەڭ ياخشىسى ئۇ باي - خوجاملار بىلەن ئۆزئارا ماختىشىپ ئۆتكىنى تۈزۈك.

خوش، ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولىدۇ؟ لياڭ ئەپەندىچە، بۇ ھەقتە قايغۇرۇش كېرەك ئەمەسمىش. چۈنكى، «بۇنداق ئىنقىلابىي ھادىسە ئۇزۇنغىچە داۋام قىلالمايدۇ. تەبىئىي تەدرىجىي تەرەققىياتتىن كېيىن كۈچلۈكلەرنىڭ غەلىبە قىلىشى، ئاجىزلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ھەققىدىكى قانۇنىيەت شۇنىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى، يەنىلا زېھنى قابىلىيىتى باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان، ئادەملەر ئۈستۈن ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، پرولېتار يەنىلا پرولېتارلىقىدا قېلىۋېرىدۇ» مىش. لېكىن، پرولېتارىيات «مەدەنىيەتكە قارشى كۈچلەرنىڭ ھەرقاچان مەدەنىيەت كۈچلىرى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلىدۇ» غانلىقىنى بىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، «ئاتالمىش 〈پرولېتارىيات مەدەنىيىتى〉نى... جۈملىدىن ئەدەبىيات ئىلمىنى بەرپا قىلماقچى» ئىمىش[31].

ئەمدى، ئەدەبىي تەنقىد دېگەن ئاساسىي تېمىغا ئۆتەيلى.





# 4

لياڭ ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، ھەممىدىن ئاۋۋال، پرولېتار ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ خاتالىقى «سىنىپ ئاسارىتىنى ئەدەبىياتقا تاڭغان» لىقىمىش. چۈنكى، كاپىتالىست بىلەن ئەمگەكچىنىڭ ئوخشاشمايدىغان يېرى بولسىمۇ، لېكىن ئوخشاش يەرلىرىمۇ بار ئىمىش، «ئۇلارنىڭ ئىنسانىي تەبىئىتى (بۇ ئىككى سۆزگە ئەسلىدە قوش تەكىتلەش بەلگىسى قويۇلغان) پەرقلەنمەيدۇ» مىش. مەسىلەن، ھەممىسىدە خۇشاللىق، خاپىلىق، قايغۇ، راھەت، ئىشق - مۇھەببەت (لېكىن «بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقىنى ئىشق - مۇھەببەت ئۇسۇلى ئەمەس، ئىشق - مۇھەببەتنىڭ ئۆزى») بارمىش، «ئەدەبىيات ئەنە شۇ ئەڭ تۈپ ئىنسان تەبىئىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سەنئەت» مىش. بۇ سۆزلەر بىر - بىرىگە زىت ۋە پۇچەك. خوش، مەدەنىيەت مۈلۈكنى ئاساس قىلىدىكەن، گادايلار تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۇقىرىغا ياماشسا «پەمى بار» ھېسابلىنىدىكەن، ئۇنداق بولسا، يۇقىرىغا يامىشىش — ئىنسان ھاياتىنىڭ دەستۇرى، بايلار — ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق ئادەملىرى بولغان بولىدۇ - دە، ئەدەبىياتمۇ بۇرژۇئازىيىنىلا تەسۋىرلىسە كۇپايە قىلىدۇ[32]. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، «ئاجىزلىقىدىن مەغلۇپ بولىدۇ» غان پرولېتارلارنى تولىمۇ ھېسداشلىق قىلىپ ئاشۇ قاتارغا قوشۇۋېلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ خوش، ئەمىسە «ئىنسان تەبىئىتى» نىڭ «ئۆزى» قانداق ئىپادىلىنىدۇ؟ ئالايلۇق، ئەسلىي ماددا ياكى ئارىلاشما ماددا خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن بىرىكىش ئىقتىدارىغا ئىگە، فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن قاتتىقلىق دەرىجىسىگە ئىگە، بۇ ئىقتىدار ۋە دەرىجىنى كۆرسىتىشتە، ئىككى خىل ماددا ئارقىلىق ئىپادىلەشكە توغرا كېلىدۇ، ماددىنى بىر

چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۇنىڭ بىرىكىش ئىقتىدارى ۋە قاتتىقلىق
دەرىجىسىنىڭ يالغۇز «ئۆزى» نىلا كۆرسىتىپ بېرىمەن دەيدىغان
بولسا، ئۇنداق ئەپچىل ئۇسۇل تېپىلمايدۇ، لېكىن ماددا ۋاستە
قىلىنىدىكەن، بۇنداق ھادىسىلەر ماددىغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ.
ئەدەبىياتتىمۇ ئادەمنى ۋاستە قىلمىغاندا «تەبىئىتى» نى كۆرسى-
تىپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئادەم ۋاستە قىلىنىدىكەن، يەنە كېلىپ
سىنىپىي جەمئىيەتتە شۇنداق قىلىنىدىكەن، ئۇنىڭ سىنىپىيلىقىنى
چىقىرىپ تاشلاش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭ سىنىپىيلىقى
مۇقەررەر ھادىسىكى، ئۇنىڭغا «ئاسارەت» نى تېڭىشنىڭ ھاجىتى
يوق، دەرۋەقە «خۇشاللىق ۋە خاپىلىق، قايغۇ ۋە راھەت ئىنسانىي
ھېسسىيات ھېسابلىنىدۇ»، لېكىن گادايلاردا بىرژا (جياۋيىسو)
ئېچىپ دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش قايغۇسى بولمايدۇ، كىر-
سىن ماگناتى (چوڭ كاپىتالىستى) بېيجىڭدىكى شاخار تېرىپ
قالايدىغان مومايلارنىڭ دەرد - ئەلىمىنى نەدىن بىلسۇن؟! ئاچار-
چىلىقتا قالغان رايونلاردىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق باي - خوجام-
لارغا ئوخشاش خۇشبۇي گۈل تېرىمىسا كېرەك؛ جيا ئائىلىسىدىكى
جياۋدامۇ لىن خېنىمغا مۇھەببەت باغلىمىسا كېرەك. «گۇدۇك —
پۇدۇك!» «لېنىن - پېنىن!» غۇ ئەلۋەتتە پرولېتارىيات ئەدەبىيا-
تى ئەمەس، «ھەممە نەرسە - پەرسە!» «ھەممە ئادەم -
پادەم!» «ياخشى ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، كىشىلەر خۇرسەن بولۇۋا-
تىدۇ!» لارمۇ «ئىنسان تەبىئىتى» نىڭ «ئۆزى» نى ئىپادىلەپ بېرد-
دىغان ئەدەبىيات ئەمەس. ئەگەر ئەڭ ئومۇمىي ئىنسان تەبىئىتىنى
ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئەدەبىيات ئېسىل بولىدىغان بولسا، ئەڭ ئو-
مۇمىي ھايۋانات تەبىئىتى — ئوزۇقلىنىش، نەپەس ئېلىش، ھەرد-
كەت قىلىش، نەسىللەشنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئەدەبىيات ياكى
«ھەرىكەت قىلىش» نى چىقىرىپ تاشلاپ، جانلىقلار تەبىئىتىنى
ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئەدەبىيات ئۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈن تۇرۇشى كې-





رەكقۇ. ئەگەر، بىز بولساق ئىنسان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان
تەبىئىتىنى ئىپادىلەپ بېرىش بىلەن چەكلىنىمىز، دېيىلىدىغان
بولسا، ئۇ ھالدا، پرولېتارلار پرولېتارىيات بولغانلىقى ئۈچۈن
پرولېتارىيات ئەدەبىياتى بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، لياڭ ئەپەندى، ئاپتورنىڭ سىنىپى ئۇنىڭ
ئەسەرلىرى بىلەن ئالاقىسىز[33]، دەيدۇ؛ تولستوي ئاقسۆڭەكتىن
كېلىپ چىققان بولۇپ، كەمبەغەللەرگە ھېسداشلىق قىلغانۇ، لې-
كىن سىنىپىي كۆرەشنى تەشەببۇس قىلمىغانىدى؛ ماركس پرولې-
تارلار تەركىبىدىكى شەخس ئەمەسىدى؛ ئۆمۈر بويى گادايلىق -
غۇربەتچىلىكتە ياشىغان ئالىم جونسۇن[34] نىڭ ئارزۇ - ئارمىنى
ۋە خۇي - پەيلى، ئېيتقان گەپ - سۆزلىرى ئاقسۆڭەكلەرنىڭكىنى
بېسىپ چۈشكەنىدى، دېمەك، ئەدەبىياتقا باھا بېرىشتە ئەسەرنىڭ
ئۆزىگە قاراش كېرەك، ئاپتورنىڭ سىنىپى ۋە مەرتىۋىسىگە چاتماس-
لىق كېرەكەي، دەيدۇ. بۇ مىساللىرىمۇ ئەدەبىياتنىڭ سىنىپسىز-
لىقىنى زادى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. تولستوي ئاقسۆڭەكتىن كې-
لىپ چىققان بولۇپ، تەبىئىتىنى تازىلاپ تۈگەتمىگەنلىكى ئۈچۈن
كەمبەغەللەرگە ھېسداشلىقلا قىلغان، لېكىن سىنىپىي كۆرەشنى
تەشەببۇس قىلمىغان. ماركس ھەقىقەتەن ئەسلىدە پرولېتارلار تەر-
كىبىدىكى شەخس ئەمەس، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىمۇ يوق، بىز،
ئۇ قەلەم تەۋرەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ئىپادىلەپ بەرگەنلىرى چوقۇم
ئۇسۇل ئىشلەتمەيدىغان ئىشق - مۇھەببەتنىڭ ئۆزىلا بولۇپ چىقاد-
تى، دەپ ئامالسىز پەرەز قىلالمايمىز. ئالىم جونسۇن ئۆمۈر بويى
گادايلىقتا - غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ ئارزۇ -
ئارمىنى ۋە خۇي - پەيلى، قىلغان گەپ - سۆزلىرىنىڭ
پادىشاھ - بەگلەرنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشكەنلىكىگە كەلسەم، ئۇنىڭ
سەۋەبلىرىنى ھەقىقەتەن بىلمەيمەن، چۈنكى ئەنگلىيە ئەدەبىياتىدىن
ۋە بۇنىڭ تەرجىمىھالىدىن خەۋىرىم يوق. ئېھتىمال ئۇ ئەسلىدە

«ئۆمۈر بويى جاپا ـ مۇشەققەت چېكىپ، هالاللىق بىلەن ئىشلەپ،
قانداقلا بولمىسۇن خېلىلا مۈلۈك تېپىش»، ئاندىن كېيىن ئاقسۆ-
ڭەكلەر دەرىجىسىگە يامىشىپ چىقىش ئارزۇسىدا بولغان بولۇشى،
لېكىن «ئاجىزلىقىدىن مەغلۇپ بولۇپ»، هەتتا خېلىلا مۈلۈكىنىمۇ
توپلىيالماي، ئاخىرىدا قۇرۇق سۆلـەت بولۇپ «ئـارام تاپقان»
بولۇشى مۇمكىن.

ئۈچىنچىدىن، لياڭ ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، «ياخشى ئەسەر
هەرقاچان ئاز سانلىق ئادەملەرگىلا خاس بولىدۇ. زور كۆپچىلىك
كىشىلەر هەرقاچان دۆت بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتتىن هەرگىز
نېسىۋىسى بولمايدۇ»مىش، لېكىن زوقلىنىش ئـىقـتـىدارىنىڭ
بار ـ يوقلۇقى سىنىپ بىلەن ئالاقىسىز بولارمىش، چۈنكى «ئەدە-
بىياتتىن زوقلىنىشمۇ تۇغما ئامەت»مىش، هەتتا پرولېتارىيات ئى-
چىدىمۇ شۇنداق «تۇغما ئامەتلىك» ئادەملەرمۇ بار ئىمىش[35].
مېنىڭ پەرىزىمچە، ئەنە شۇنداق «ئامىتى» بار ئادەملا بولىدىكەن،
ئۇ گادايلىقىدىن ئوقۇمىغان، ئېلىپبەنىڭ سۇنۇقىنىمۇ بىلمەيدىغان
بولسىمۇ، «يېڭى ئاي» ژۇرنىلىغا زوقلىنىپ، «ئىنسان تەبىئى-
تى»نىڭ ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ «ئۆزى»نىڭ ئەسلىدىن سى-
نىپسىزلىقىغا گۇۋاهچى بولىۋېرىدۇ. لېكىن، بۇنداق تۇغما ئالا-
مىتى بار پرولېتارلارنىڭ چوقۇم كۆپ ئەمەسلىكىنى لياڭ ئەپەندى-
نىڭ ئۆزىمۇ بىلىدۇ، شۇڭا ئۇ، ئۇلارغا كۆرۈش ئۈچۈن باشقا بىر
خىل نەرسە (ئەدەبىيات ـ سەنئەت؟) نى — «مەسىلەن، قانداقتۇر
ئاممىباب تىياتىر، كىنو، قانداقتۇر رازۋېدكا هېكايىلىرى ۋە شۇ-
نىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر»نى بەلگىلەپ بەرگەن، بۇنىڭغا «ئادەتتى-
كى ئەمگەكچى ئىشچى ـ دېهقانلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىشقا موهتاج
بولغانلىقى، بەلكىم ئازغىنە بەدىئىي كۆڭۈل ئېچىشقا موهتاج بول-
غانلىقى» سەۋەب بولغانمىش، بۇنىڭدىن قارىغاندا ئەدەبىيات هەقى-
قەتەن سىنىپقا قاراپ پەرقلىنىدىغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن بۇ زوق-





لىنىش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى بەلگىلىگەن پەرق ئى-
مىش. بۇنداق ئىقتىدارنى يېتىشتۈرۈش ئىقتىساد بىلەن مۇناسى-
ۋەتسىز بولۇپ، تەڭرى بەخش ئەتكەن «ئامەت»مىش. شۇنىڭ
ئۈچۈن ئەدىبلەر ئەركىن ئىجاد قىلىشى هەم خانزادە ـ ئېسىلزادى-
لەرگە ياللانماسلىقى، هەم پرولېتارىياتنىڭ مەدھىيە ئەسەرلىرىنى
يېزىش توغرىسىدىكى تەھدىتلىرىگە ئۈچرىماسلىقى كېرەك ئىمىش.
بۇ گەپ دۇرۇس، لېكىن بىز كۆرگەن پرولېتار ئەدەبىيات نەزەرى-
يىلىرىدە، مەلۇم بىر سىنىپنىڭ ئەدىبلىرى خانزادە ـ ئېسىلزادى-
لەرگە يالانماسلىقى، پرولېتارىياتنىڭ مەدھىيە ئەسەرلىرىنى ياز
دەيدىغان تەھدىتلىرىگە ئۈچرىشى كېرەك، دېگەن بىرەر ئادەمنى
كۆرمىدۇق. هالبۇكى، ئەدەبىيات سىنىپىي بولىدۇ. سىنىپىي
جەمئىيەتتە ئەدىبلەر «ئەركىن» مەن، سىنىپتىن خالىي تۇرىمەن
دېسىمۇ، لېكىن ئاڭسىز هالدا يەنىلا ئۆز سىنىپىنىڭ سىنىپىي
ئېڭىغا مەھكۇم بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ياراتقان ئەسەرلىرى باشقا
سىنىپنىڭ مەدەنىيىتى ئەمەس. مەسىلەن، لياڭ ئەپەندىنىڭ شۇ
ماقالىسىنى ئالساق، ئۇنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ئەدەبىياتتىكى سىنى-
پىيلىقنى ئېلىپ تاشلاش، ھەقىقەتنى ئاشكارىلاش ئىكەن، لېكىن
مۈلۈكنى مەدەنىيەتنىڭ بوۋىسى قىلىپ، گادايلارنى ئاجىزلىقىدىن
مەغلۇپ بولىدىغان داشقال قىلىپ كۆرسەتكەنلىكىگە بىر قاراپلا،
ئۇنىڭ كاپىتالىستلارنىڭ كۈرەش «قورالى»، ياق، «ئەسىرى»
ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى «پۈتۈن ئىنساني-
يەت» ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى، «سىنىپتىن خالىي» ئەدەبىيات
نەزەرىيىسىنى بۇرژۇئازىيىگە ياردەم بېرىدىغان نەرسە دەپ تەكىتلى-
گەن پرولېتار ئەدەبىيات نەزەرىيىچىلىرىنى ناهايىتى روشەن بىر
دەلىل بىلەن تەمىنلىدى. چېڭ فاڭۋۇ ئەپەندىگە ئوخشاش «ئۇلار
چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇلارغا يېتەكچىلىك
قىلىشقا، تەسەللى بېرىشكە بارىمىز» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چى-

قارغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىدىن باشقا بولغان «ئۇلار»نى «يولغا سېلىۋېتىپ» ئۆلتۈرىدىغان ئۇنداق پرولېتار ئەدىبلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭمۇ لياڭ ئەپەندىگە ئوخشاشلا پرولېتار ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئالدىدا «خالىغىنىچە ئىش كۆرۈش» خاتالىقىدىن خالىي بولالمايدىغانلىقىدا گەپ يوق.

تۆتىنچىدىن، لياڭ ئەپەندى پرولېتار ئەدەبىيات نەزەرىيىچىلىرىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى كۈرەش قورالى قىلىشىدىن، يەنى تەشۋىقات ماتېرىيالى قىلىۋالغانلىقىدىن ئىنتايىن ئوغىسى قاينايدىكەن. ئۇ «ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئەدەبىياتتىن پايدىلىنىپ باشقا مەقسەتلىرىگە يېتىۋېلىشىغا قارشى ئەمەس» ئىكەن، لېكىن «تەشۋىقات تەرىقىسىدىكى يازمىلارنى ئەدەبىيات دەپ ئېتىراپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس»[36] دەيدىكەن. مەن بۇنى ئۆز ئاغزىغا ئۆزى كاچات ئۇرۇش دەپ قارايمەن. مەن ئوقۇغان نەزەرىيىلەرگە قارىغاندا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتلا بولىدىكەن، ئۇنىڭدا مۇقەررەر تەشۋىقات بولىدۇ، ھېچكىم تەشۋىقات تەرىقىسىدىكى يازما بولسىلا، ئۇ ئەدەبىيات بولىدۇ، دەپ تەشەببۇس قىلغىنى يوق. دەرۋەقە، ئالدىنقى يىلدىن بۇيان، جۇڭگودا ھەقىقەتەن شوئارلارنى قىستۇرۇپ قويۇش بىلەن ئۆزىنى پرولېتار ئەدەبىياتى قىلىۋالغان بىرمۇنچە شېئىرلار، ھېكايىلەر چىقتى. لېكىن، بۇ ئۇلارنىڭ مەزمۇنىدا ۋە شەكلىدە پرولېتار پۇراق بولمىغاچقا، شوئارلارنى ئىشلەتمىسە ئۆزىنىڭ «يېڭى»لىقىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغانلىقىدىن بولغان، ئۇلار ئەمەلىيەتتە پرولېتارىيات ئەدەبىياتى ئەمەس. بۇ يىل مەشھۇر «پرولېتارىيات ئەدەبىي تەنقىدچىسى» چيەن شىنسۇن[37] ئەپەندى «بوز يەر ئاچقۇچى» ناملىق ژۇرنالدا لۇناچارسكىينىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئامما چۈشىنەلەيدىغان ئەدەبىياتنى قەدىرلىگەنلىكىنى شوئار ئىشلىتىشنى ئارتۇقچە ئەيىبلەشكە بولمايدىغانلىقىنىڭ دەلىلى ھېسابلاپ، ئاتالمىش «ئىنقىلابىي ئەدەبىيات»نى ئاقلىغان.





مېنىڭچە، بۇمۇ لياڭ شىچيۇ ئەپەندىگە ئوخشاشلا ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز بۇرمىلاش. لۇناچارسكىينىڭ ئامما چۈشىنەلەيدىغان نەرسە دېگىنى تولستوينىڭ دېھقانلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن يازغان كىتابچىلىرىگە ئوخشاش ئۇسلۇبتا يېزىلغان نەرسىلەرگە قارىتىلغان بولسا كېرەك. ئىشچى ـ دېھقانلار بىر قاراش بىلەنلا چۈشىنىپ كېتەلەيدىغان گرامماتىكا، شېئىر، چاقچاقلار توغرىسىدا، دېميان بېدنىي (Demian Bednii)[38] نىڭ شېئىر يازغانلىقى ئۈچۈن قىزىل بايراق مېدالى ئالغانلىقىغا، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا بولسا شوئار ئىشلىتىلمىگەنلىكىگە نەزەر سالساقلا كۇپايە.

ئاخىرىدا، لياڭ ئەپەندى ئەسەرنىڭ سۈپىتىگە قارايدىكەن، بۇ جايدا، بۇ ناھايىتى ئەمەلىي چارە، لېكىن ئىككى پارچە تەرجىمە شېئىرنى كۆچۈرۈۋېلىپ سازايى قىلىشى توغرا ئەمەس. «يېڭى ئاي» ژۇرنىلىدا «تەرجىمە قىلىشنىڭ تەسلىكى»[39] دېگەن ماقالە بېسىلغان، ھالبۇكى، شېئىر تەرجىمە قىلىش تېخىمۇ تەس ـ دە. ئۆزۈم ئوقۇغانلىرىمنى ئېلىپ ئېيتسام، 11 يىلدىن بۇيان جۇڭگودا لۇناچارسكىينىڭ «ئازاد قىلىنغان دونكىخوت»، فادېيېف[40]نىڭ «تارمار»، گلادكوف[41] نىڭ «سېمېنت» دېگەن ئەسەرلىرىگە تەڭ كېلەلەيدىغان ئەسەرلەر چىققىنى يوق. بۇ يەردە «يېڭى ئاي» تەھرىراتى»دىكى بۇرژۇئا مەدەنىيىتىنىڭ پۇشتلىرىنى ھەممە ئۇلارنى چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىدىغان يازغۇچىلارنى نەزەردە تۇتۇۋاتىمەن. پرولېتار يازغۇچىلىرى دەپ ئاتالغانلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن خېلى نەتىجىلىك دەپ بىرەرنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيمەن، لېكىن چيەن شىنسۇن ئەپەندى، يېڭى گۈللەنگەن سىنىپ ئەدەبىي ماھارەت جەھەتتە ئەلۋەتتە گۆدەك ۋە ئاددىي كېلىدۇ، ئۇلاردىن دەرھال ياخشى ئەسەر تەلەپ قىلىش «بۇرژۇئازىيە»چە يامان نىيەت[42]، دەپمۇ ئاقلىغانىدى. بۇ سۆز ئىشچى ـ دېھقانلارنى كۆزدە تۇتۇپ ئېيتىلغان بولسا ئىدى، ناھايىتى توغرا بولغان بولاتتى، يەنى

ئۇلارغا مۇنداق يولسىز تەلەپ قويۇش خۇددى ئۇلارنى ئۇزۇن ۋاقىت ئاچ - يالىڭاچ قالدۇرۇپ، نېمىشقا بايلارغا ئوخشاش سەمرىشمەيسەن، دەپ ئەيىبلىگەندەك بىر ئىش بولاتتى. لېكىن، جۇڭگونىڭ ئاپتورلىرى ئىچىدە ھازىر پالتا - كەتمەن دەستىسىنى يېڭىلا قولدىن چۈشۈرگەن ئادەملەر ھەقىقەتەن تېپىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى مەكتەپتە ئوقۇغان بىلىمدارلار، بەزىسى تېخى ئاللىقاچان داڭقى چىققان ئەدىب، ئۇلار ئۆزلىرىدىكى ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئاڭلىرىنى تۈگەتسە، ئىلگىرىكى ئەدەبىي ماھارىتىنىمۇ تەڭلا يوقاتقان بولامدۇ؟ ياق، روسىيىنىڭ پېشقەدەم يازغۇچىلىرىدىن ئالېكسېي تولستوي، ۋېرېسايېف، پرىشۋىن[43] ھازىرمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى ياراتماقتا. جۇڭگودا شوئار بار، ئەمما ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئەمەل قىلغۇچىلار يوق، بۇ كېسەلنىڭ مەنبەسى، مېنىڭچە، «ئەدەبىيات - سەنئەتنى سىنىپىي كۈرەش قورالى» قىلغانلىقتا ئەمەس، بەلكى «سىنىپىي كۈرەشنى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قورالى سۈپىتىدە سۈيىئىستېمال قىلغان»لىقتا، «پرولېتارىيات ئەدەبىياتى» دېگەن بايراق ئاستىغا ئۇشتۇمتۇتلا دوملاپ كېتىدىغان بىرمۇنچە ئادەملەرنى توپلاپ قويغانلىقتا. بۇلتۇرقى يېڭى كىتابلار ئېلانلىرىغا قاراپ باقساق، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ھېسابلانمايدىغىنى يوقتەك تۇرىدۇ، تەنقىدچىلەرمۇ ئاقلاشنى «ھېساب ئېلىش» قىلىۋالغان، يەنە ئەدەبىياتنى «سىنىپىي كۈرەش»نىڭ پاناھلىقى ئاستىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە كۈچ چىقىرىش ھاجەتسىز بولۇپ قالغان، شۇ سەۋەبتىن ئەدەبىيات بىلەن كۈرەشنىڭ مۇناسىۋىتى ئازىيىپ كەتكەن.

لېكىن، جۇڭگودا يۈز بېرىۋاتقان ھازىرقى ۋاقىتلىق ھادىسىلەر پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ يېڭىدىن باش كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنىڭ ئەكس دەلىلى بولالمايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنى لياڭ ئەپەندىمۇ بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئاخىر يول قويۇپ: «ئەگەر پرولېتارىيات ئىنـ





قىلابچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ تەشۋىقات ئەدەبىياتلىرىنى پرولېتارىيات ئەدەبىياتى، دەپ تۇرۇۋالىدىغان بولسا، ئۇنى ھەرھالدا يېڭىدىن باش كۆتۈرۈۋاتقان ئەدەبىيات ھېسابلاشقا، ئەدەبىيات زېمىنىدىكى يېڭى مەھسۇلات ھېسابلاشقا بولار؛ بۇرژۇئازىيە ئەدەبىياتىنى يوقىتىپ، ئەدەبىيات زېمىنىنى تارتىۋالايلى، دەپ ۋارقىرىشىنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى ئەدەبىيات زېمىنى تولىمۇ كەڭ، يېڭى نەرسىلەرگە ھەرقاچان ئورۇن تېپىلىدۇ»[44] دەيدۇ. لېكىن، بۇ قانات - قۇيرۇقى تېخى يېتىلمىگەن پرولېتارىياتنىڭ نەزىرىدە خۇددى «جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئىناق بولايلى، بىللە ياشاپ، بىللە گۈللىنەيلى» دېگەنگە ئوخشاش بىر خىل ئالدامچىلىق. شۇنداق قىلىشنى راۋا كۆرىدىغان «پرولېتارىيات ئەدەبىياتچىلىرى» بەلكىم ھازىر ھەقىقەتەن بولسا كېرەك، بىراق ئۇلار لياڭ ئەپەندى ئېيتقاندەك بۇرژۇئازىيە دەرىجىسىگە يامىشىپ چىقىشنى ئارزۇ قىلىدىغان «پەمى بار پرولېتار»لار. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى گاداي تالىپلارنىڭ قازى دەرىجىسىگە ئېرىشەلمىگەن چاغدىكى قاقشاشلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئىشنى باشلىغاندىن تارتىپ يامىشىپ چىققانغا قەدەر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەسەرلىرى ھەرگىز پرولېتارىيات ئەدەبىياتى ئەمەس. پرولېتارىيات ئەدەبىياتى ئۆز سىنىپىنى ۋە بارلىق سىنىپلارنى ئۆزلىرىنىڭ كۈچى بىلەن ئازاد قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان بىر قانات، ئۇلارنىڭ ئېرىشمەكچى بولغىنى بىر بۆلۈكىدىكى ئورۇن ئەمەس، بەلكى ھەممە ئورۇن. ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدچىلىرىنى مىسال كەلتۈرەيلى، ئەگەر «ئىنسان تەبىئىتى»نىڭ «سەنئەت ئوردىسى»[45] (بۇ سۆزنى چېڭ فاڭۋۇ ئەپەندى ھۇزۇرىدىن ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلىتىپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى) دا جەنۇب تەرەپكە ئىككى دانە يولۋاس تېرىسى سېلىنغان ئېسىل ئورۇندۇق قويۇپ، لياڭ شىچيۇ ئەپەندى بىلەن چيەن شىنسۇن ئەپەندىنى قاتار ئولتۇرغۇزۇپ قويساق، بىرى ئوڭ قولىغا «يېڭى ئاي»

نى ئالسا، بىرى سول قولىغا «قوياش» نى ئالسا، بۇ كۆرۈنۈش
خۇددى «ئەمگەك بىلەن كاپىتال» نىڭ گۈزەللىك سىمۋولى(?)
ئوخشاپ كېتىدۇ.

## 5

ئەمدى بۇ يەردە، ئۆزۈمنىڭ «قاتمال تەرجىمە» لىرىم ئۈستىدە
يەنە توختىلاي.

پەرەز قىلغاندا، بۇمۇ تەڭلا يۈز بېرىشكە تېگىشلىك مەسىلە:
پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ سالمىقى تەشۋىقات ئىكەن، تەشۋىقاتنى
كۆپچىلىك ئادەم چۈشىنەلىشى شەرت ئىكەن، ئۇنداقتا سەن بۇ
«قاتمال تەرجىمە» قىلغان ۋە چۈشەنگىلى بولمايدىغان نەزەرىيىۋى
«تىلسىمنامە» نى زادى نېمە ئۈچۈن تەرجىمە قىلدىڭ؟ بۇ تەرجىمە
قىلمىغانغا ئوخشاش ئەمەسمۇ؟

مېنىڭ جاۋابىم مۇنداق: ئۆزۈم ئۈچۈن ۋە ئۆزىنى پرولېتارد-
يات ئەدەبىياتىنىڭ تەنقىدچىسى، دەپ ئاتىۋالغان بىرنەچچە ئادەم
ئۈچۈن «ھۇزۇر» لىنىشتا بېرىلمەيدىغان، مۇشەققەتتىن قورقمايدى-
غان، بۇ نەزەرىيىلەرنى ئاز - تولا چۈشىنىشنى ئارزۇ قىلىدىغان
كىتابخانلار ئۈچۈن تەرجىمە قىلدىم.

ئالدىنقى يىلدىن بۇيان شەخسەن ماڭا ھۇجۇم قىلىدىغانلار
تولىمۇ كۆپىيىپ كەتتى، ھەر خىل ژۇرناللاردا «لۇشۈن» دېگەن
ئىسىم ئومۇمەن ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئاپتورلىرىنىڭ تەلەپپۇزىدىن،
شۇنداقلا قارىغاندا، ئىنقىلابىي ئەدىبلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ. لې-
كىن، بىرنەچچە پارچە ماقالىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، قۇرۇق
گەپلىرىنىڭ تولىمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى بارا - بارا ھېس قىلدىم.
نەشتەر جان تومۇرغا، ئوق جايىغا تەگمىسە جانغا خەۋپ يەتكۈزەل-
مەيدۇ. مەسىلەن، مەن تەۋە بولغان سىنىپ توغرىسىدا، تاكى





ھازىرغىچە بىرنېمە دەپ ھۆكۈم قىلىشالمىدى، بىر تۈرۈپ ئۇششاق
بۇرژۇئازىيە دېيىشىدۇ، بىر تۈرۈپ «بۇرژۇئازىيە» دېيىشىدۇ،
بەزىدە تېخى «فېئودالىزمنىڭ پۇشتى»[46]، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئا-
دەمسىمان مايمۇن بىلەن ئوخشاش («ئىجادىيەت ژۇرنىلى» دىكى
«توكيودىن خەت» كە قارالسۇن) قىلىپمۇ قويۇشىدۇ؛ قايسىبىر
قېتىمدا ھەتتا چىشلىرىمنىڭ رەڭگىگىچە تىللاشتى. مۇشۇنداق
جەمئىيەتتە فېئودالىزم پۇشتلىرىنىڭ دەۋران سۈرۈشى ئېھتىمالغا
ناھايىتى يېقىن، لېكىن فېئودالىزمنىڭ پۇشتى بولسا ئادەمسىمان
مايمۇن دەپ ھېچقانداق «تارىخقا ماتېرىيالىستىك قاراش» تا شەرھ-
لەنگەن ئەمەس ۋە ئۇنىڭدىن چىشىنىڭ رەڭگى سېرىق بولسا،
پرولېتارىيات ئىنقىلابىغا زىيانلىق بولىدىغانلىقىغا دەلىل تاپقىلىمۇ
بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئويلاپ قالىمەنكى، بۇ ھەقتە پايدىلىنىپ
كۆرگۈدەك نەزەرىيە تولىمۇ ئاز بولغاچقا، ئۇلار بىرئاز كولدۇرلاپ
قالغان. دۈشمەننى يېرىپ تەكشۈرۈشتىن، چايناپ بېقىشتىن ھا-
زىرقى ۋاقىتتا خالىي بولغىلى بولمايدۇ. بىراق، يېرىپ تەكشۈ-
رۈش ئىلمىگە دائىر بىرەر كىتاب، قاينىتىپ پىشۇرۇش ئۇسۇلىغا
دائىر بىرەر كىتاب بولغان بولسا، شۇنىڭغا قاراپ ئىش قىلىنىسا
تەم پەيدا بولاتتى - دە، ئايدىڭلىشاتتى، لەززەتلىك بولاتتى. كىشى-
لەر تولا چاغلاردا رىۋايەتلەردىكى Prometheus[47] نى ئىنقىلابچىغا
سېلىشتۇرۇپ، ئۇ ئىنسانلارغا ئوت ئوغرىلاپ بەرگەن، خۇدا شۇنچە
ئازابلىسىمۇ توۋا قىلمىغان، ئۇنىڭ قورسىقى كەڭلىكى ۋە قەيسەر-
لىكى ئىنقىلابچىنىڭكىگە راسا ئوخشايدۇ، دېيىشىدۇ. لېكىن، مەن
باشقا دۆلەتلەردىن ئوت ئوغرىلاپ كېلىشتە، ئەسلىدە ئۆز گۆشۈمنى
پىشۇرۇشنى مەقسەت قىلغانىدىم، تەمى ياخشىراق بولسا، چاينىغۇ-
چىلارمۇ كۆپرەك نەپ ئالسا، تېنىممۇ زايە كەتمىگەن بولاتتى دەپ
ئويلىغانىدىم، مۇددىئايىم پۈتۈنلەي شەخسىيەتچىلىك بولغانىنىڭ
ئۈستىگە، ئۇنىڭغا مىشچانلارچە ھەشەمەتچىلىكمۇ، شۇنىڭدەك نەش-

تىرىمنى ئاستا چىقىرىپ، مېنى يېرىپ كۆرگۈچىلەرنىڭ يۈرىكىگە
تىقىپ، «ئىنتىقام ئېلىش»مۇ ئارىلاشقانىدى. لياڭ ئەپەندى «ئۇ-
لار ئىنتىقام ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ!» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە يالغۇز
«ئۇلار»لا ئەمەس، ئۇنداق ئادەملەر «فېئودالىزمنىڭ پۇشت»لىرى
ئىچىدىمۇ تولا. لېكىن، مەن جەمئىيەتكە ئاز ـ تولا نەپ يەتكۈزۈش-
نى، كىتابخانلار كۆرىدىغان نەتىجىنىڭ يەنىلا ئوت ۋە نۇر بولۇپ
چىقىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاۋۋال قول سېلىپ
ئىشلىگىنىم «ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىياسىتى»[48] بولدى، چۈنكى
ئۇنىڭدا تۈرلۈك گۇرۇھلارنىڭ مۇھاكىمىلىرى بار.

جېن بوچى[49] ئەپەندى ھازىر كىتابپۇرۇشلۇق قىلىۋاتىدۇ،
Hauptmann ۋە Gregory خانىمنىڭ[50] سەھنە ئەسىرىنى باستى؛
ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئىنقىلابىي ئەدىب ئىدى، ئۇ ئۆزى تەھرىرلەيدىغان
«ئەدەبىيات ـ سەنئەت تۇرمۇشى»[51] دا مېنىڭ شۇ كىتابنى تەر-
جىمە قىلغانلىقىمنى، قاتاردىن قالمايمەن دەپ تەرجىمە قىلغاند-
ىكەن، دەپ مەسخىرە قىلغانىدى. ئەپسۇسكى، مەندىن ئاۋۋال باش-
قىلاردىن قامچا يېدى. بىرەر كىتابنى تەرجىمە قىلىش بىلەنلا
ھاكاۋۇرلىشىپ كەتسە، ئىنقىلابىي ئەدىب بولۇش تولىمۇ ئاسان
ئىش بولۇپ قالىدۇ. لېكىن، مەن ئۇنداق ئويلىمايمەن. كىچىككى-
نە بىر گېزىت مېنىڭ «سەنئەت توغرىسىدا»نى تەرجىمە قىلغانلى-
قىمنى «تەسلىمچىلىك»[52] دەپتۇ. شۇنداق، تەسلىم بولىدىغان
ئىشلار دۇنيادا دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ، لېكىن ئۇ چاغدا چيڭ فاڭۋۇ
يۈەنشۈەي ئاللىقاچان ياپونىيىنىڭ ئارىشاڭىدىن ئۆملەپ چىقىپ،
پارىژدىكى مېھمانخانىغا كىرىپ جايلىشىپ بولغان تۇرسا، بۇ يەردە
يەنە كىمگە تەسلىم بولغان ئىش ئىكەنتاڭ؟! بۇ يىل باشقىچە گەپ
چىقىپ قالدى. «بوز يەر ئاچقۇچى» بىلەن «ھازىرقى زامان
ھېكايىلىرى»دا «يۈنىلىشنى بۇرىۋەتتى»[53] دېيىشىۋاتىدۇ.
ياپونىيىنىڭ بەزى ژۇرناللىرى بۇ سۆزنى يېڭى ھېسسىياتنىڭ سا-





بىق تەرەپدارى پيەنگاڭ تيېبىڭگە[54] ياخشى ئىسىم دەپ چاپلاشقاند-
ى. ئەمەلىيەتتە بۇنداق كوتۇلداشلار پەقەت ئىسمىغىلا قاراپ قو-
يۇپ، ئويلاپ كۆرۈشنىمۇ خالىمايدىغان كونا كېسەلدىن ئىبارەت.
پرولېتارىيات ئەدەبىياتىغا دائىر بىرەر كىتابنى تەرجىمە قىلىش
بىلەن يۆنىلىشنى ئىسپاتلاپ بەرگىلى بولمايدۇ، ئەگەر بۇرمىلاپ
تەرجىمە قىلسا، ئەكسىچە زىيان كەلتۈرىدۇ. مەن كىتابنى ئەنە
شۇنداق چۈس پرولېتار ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىگە ئاتاپ تەرجىمە
قىلىمەن، چۈنكى ئۇلارنىڭ «ھۇزۇرلىنىش»قا بېرىلمەي، بۇ نەزە-
رىيىلەرنى دەردكە چىداپ تۇرۇپ تەتقىق قىلىدىغان مەجبۇرىيىتى
بار.

لېكىن، شۇنداق ئىشەنچىم باركى، مېنىڭ ئەتەي بۇرمىلىمى-
غان تەرجىمىلىرىم مەن ياراتمايدىغان تەنقىدچىلەرنىڭ يېغىرىغا
تەگسە ھۇزۇرلىنىپ كۈلىمەن، ئۆزۈمنىڭ يېغىرىغا تەگسە چىداي-
مەن. لېكىن، ھەرگىز ئاشۇرۇۋەتمەيمەن ھەم كېمەيتمەيمەن،
بۇمۇ مېنىڭ «قاتمال تەرجىمە» قىلىشىمنىڭ بىر سەۋەبى. دەرۋەقە
دۇنيادا ئاخىر ياخشىراق تەرجىمانلار چىقىدۇ. ئۇلار ھەم بۇرمىلى-
ماي، ھەم «قاتمال» ياكى «ئۆلۈك»مۇ قىلماي تەرجىمە قىلالايدۇ،
شۇ چاغدا مېنىڭ تەرجىمىلىرىم شاللاپ تاشلىنىدۇ، ئەلۋەتتە مەن
ئەنە شۇنداق «يوق» لۇقتىن «ياخشىراق»قا ئۆتكۈچە بولغان بوش-
لۇقنى تولدۇرسام بولدى.

ۋەھالەنكى، دۇنيادا قەغەز تولا، لېكىن ئەدەبىيات تەھرىراتلى-
رىدا ئادەم ئاز؛ ئۇلارنىڭ ئىرادىسى چوڭ ۋە لېكىن كۈچى ئاجىز؛
ئۇلار ھەممە قەغەزنى يېزىپ تۈگىتەلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر
تەھرىراتتا دۈشمىنىگە قارشى دوستلىرىغا ياردەم بېرىش، ياتلارنى
سۈپۈرۈپ تاشلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان تەنقىدچىلەر باشقى-
لارنى قەغەزگە يازماقچى بولغىنىنى كۆرۈپ قالسا، ئاھ ئۇرۇپ،
بېشىنى چايقاپ، تېپىچەكلەپ كېتىدۇ. شاڭخەيدىكى «شېنباۋ»

گېزىتى ھەتتا ئىجتىمائىي پەن تەرجىمانلىرىنى «ئىتباي، مۇشۇكباي»[55] دەپ ئاتىغان – دە، ئۇلارنىڭ ئوغىسى ئەنە شۇنداق قايناپ كەتكەن. «جۇڭگونىڭ يېقىندىن باش كۆتۈرۈۋاتقان ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى ئاللىقاچان كىتابخانلارغا مەلۇم بولغان» جياڭ گۇاڭ Z[56] ئەپەندى ياپونىيىنىڭ توكيو شەھىرىگە كېسەل داۋالاتقىلى بېرىپ، زاگىيۇەن ۋېيرېن[57] بىلەن كۆرۈشكىنىدە، زاگىيۇەن ۋېيرېنىنىڭ، ياپونىيىدە بىرمۇنچە تولىمۇ ناچار تەرجىمىلەر بار، ئۇ تەرجىمىلەرنى چۈشىنىش ھەتتا ئەسلىنى ئوقۇپ چۈشىنىشتىنمۇ تەس... دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، كۈلۈپ كېتىپ: «... جۇڭگودا تەرجىمانلار تېخىمۇ قاملاشمىغان، يېقىندىن بۇيان جۇڭگودا ياپون تىلىدىن بىرمۇنچە كىتاب تەرجىمە قىلىندى، ئەگەر ياپونلار ياۋروپادىكى بىرەر مەملىكەتنىڭ ئەسەرلىرىگە بىرئاز خاتالىق كىرگۈزۈپ قويغان ۋە ئۇ ئەسەرلەرنى بىرئاز ئۆزگەرتىۋەتكەن بولسا، ياپون تىلىدىن جۇڭگو تىلىغا تەرجىمە قىلىنسا، بۇ ئەسەرلەرنىڭ قىياپىتىنىڭ يېرىمى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولمامدۇ؟...» («بوز يەر ئاچقۇچى»غا قارالسۇن) دەپتىكەن. دېمەك، ئۇ تەرجىمىگە، بولۇپمۇ تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىشقا ناھايىتى نارازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. لياڭ ئەپەندىغۇ كىتابلارنىڭ ئىسمىنى ۋە يامان يەرلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلىگەن، بىراق جياڭ ئەپەندى بولسا پىسىڭلاپ كۈلۈپ قويۇپ، ھېچ نەرسىنى قالدۇرماي سۈپۈرۈپ تاشلىغان، ھەقىقەتەن ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىۋەتكەن. زاگىيۇەن ۋېيرېن رۇس تىلىدىن بىرمۇنچە ئەدەبىيات – سەنئەت نەزەرىيىلىرىنى ۋە ھېكايىلەرنى بىۋاستە تەرجىمە قىلغان، ئۇنىڭ شەخسەن ماڭا ناھايىتى پايدىسى تەگدى. مەن جۇڭگودىمۇ شۇنداق ھالال ئىشلەيدىغان بىر – ئىككى رۇسچە تەرجىمان چىقىپ، ياخشى كىتابلارنى داۋاملىق تەرجىمە قىلىشىنى، ئۆزىنى «ھارامزادە» دەپ بىر ئېغىز تىللاپ قويۇش بىلەنلا ئىنقىلابىي ئەدىبلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۆتەپ





بولغان بولۇۋالماسلىقىنى ئارزۇ قىلىمەن.

ھازىرچۇ، بۇ نەرسىلەرنى لياڭ شىچيۇ ئەپەندى تەرجىمە قىلالمايدىغان بولدى، باشقىلارنى «ئىتباي، مۇشۇكباي» دەپ ئاتايدىغان ئۇلۇغلارمۇ تەرجىمە قىلالمايدىغان بولدى. رۇس تىلىنى ئۆگەنگەن جياڭ ئەپەندى بۇ ئىشقا ئەسلىدە ناھايىتى باب ئىدى، ئەپسۇسكى ئۇ كېسەلدىن ساقايغاندىن كېيىن، ئاران «بىر ھەپتە ئىچىدە»[58] دېگەن بىر ئەسەرنىلا چىقاردى، ۋەھالەنكى بۇنىڭ ياپونىيىدە خېلى بۇرۇنلا ئىككى خىل تەرجىمىسى چىققانىدى. جۇڭگو بىر چاغلاردا ۋاي دارۋىن[59]، ۋاي نىتسې، دەپ يۈرگەنىدى، ياۋروپا ئۇرۇشى دەۋرىدە بولسا ئۇلارنى تىللاشقا باشلىدى. شۇنداق بولسىمۇ دارۋىن ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىسىدىن ھازىر بىر خىلىلا بار، نىتسېنىڭ بولسا يېرىم قىسمى بار، ئىنگلىز، نېمىس تىللىرىنى ئۆگەنگەن ئالىملارنىڭ ۋە كاتتا ئەدىبلەرنىڭ چولىسى تەگمىگەچكە ياكى نەزەرىگە ئېلىنمىغاچقا بىر چەتكە قايرىلىپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرچە باشقىلار مەسخىرە قىلسىمۇ، تىللىسىمۇ پەرۋا قىلماي، ياپون تىلىدىكى تەرجىمىسىدىن تەرجىمە قىلىش ياكى ئەسلىي نۇسخىسىنى تېپىپ ياپونچە تەرجىمىسىگە قاراپ تۇرۇپ ئۇدۇلمۇئۇدۇل تەرجىمە قىلىش توغرا كەلسە كېرەك. مېنىڭ يەنە شۇنداق قىلغۇم بار ھەمدە تېخىمۇ كۆپ شۇنداق قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئۈزۈل – كېسىل قۇرۇق گەپ ئىچىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن، چۈنكى بىزگە جياڭ ئەپەندىگە ئوخشاش «كۈلۈپ قويۇش» يارىمايدۇ، لياڭ ئەپەندىگە ئوخشاش «تاقەت قىلىپ كۈتۈپ تۇرۇش، كۈتۈپ تۇرۇش»مۇ كېرەك ئەمەس.

## 6

مەن باشتا «ئۆزىنى زورۇققان، چىشىنى قاتتىق چىشلىگەن

قىلىپ كۆرسەتكىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە پاختىدەك بوش ئىكەنلىكى
‹يېڭى ئاي› جەمئىيىتىنىڭ خۇسۇسىيىتى» دېگەن سۆزلەرنى قىل-
غاندىم، ئەمدى بۇ يەردە بۇ ماقالىنىڭ ئاخىرى سۇپىتىدە قىسقىچە
بىرنەچچە ئېغىز سۆزنى قوشۇپ قويۇشقا توغرا كەلدى.

«يېڭى ئاي» دۇنياغا كېلىش بىلەنلا «جىددىي پوزىتسى-
يە»[60] نى تەشەببۇس قىلىپ، تىللايدىغانلارنى تىللاش كېرەك،
تەنە قىلغۇچىلارنى تەنە قىلىش كېرەك، دېگەنىدى. بۇمۇ جايىدا
گەپ بولغان. بۇ دەل «ئۆزىنىڭ يولى بىلەن ئۆزىنى بابلاش»
بولىدۇ. بۇ «ئىنتىقام ئېلىش»نىڭ بىر تۈرى بولسىمۇ، لېكىن
ئۆز نەپسىگە چوغ تارتماسلىق كېرەك. 2 ـ جىلدىنىڭ 6 ـ
ۋە 7 ـ قوشما سانىدىكى ئېلانىدا «بىز ‹سەۋر ـ تاقەت قىلىش›
(‹سەۋر ـ تاقەتلىك› بولالمىغانلارغا سەۋر ـ تاقەت قىلالمايدىغان-
لىقىمىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا) پوزىتسىيىمىزنى ساقلاپ قالىمىز،
بىز سالماقلىق، ئەقلىيلىككە مۇۋاپىق تەلىماتنى ياقتۇرىمىز» دې-
گەن سۆزلىرىمۇ بار. بۇ گەپلەرنىڭ يۇقىرىقى ئىككى جۈملىسىمۇ
جايىدا، «كۆزۈڭنى ئويغاننىڭ كۆزىنى ئوي، چىشىڭنى چاققاننىڭ
چىشىنى چاق» دېگەندەك، دەسلەپكىسى بىلەن ئىزچىللىشىپ كەل-
گەن. لېكىن، مۇشۇ يول بىلەن كېتىۋېرىدىغان بولسا، «زورلۇق
كۈچكە زورلۇق كۈچ بىلەن قارشى تۇرۇش»قا دۇچ كې-
لىپ قالىدۇ ـ دە، بۇمۇ «يېڭى ئاي» تەھرىراتىدىكى جانابلار
ياقتۇرىدىغان «سالماقلىق» بىلەن پېتىنالمايدۇ.

بۇ نۆۋەت «يېڭى ئاي» تەھرىراتىنىڭ «ئەركىن سۆز»لىرى
زۇلۇمغا ئۇچرىدى[61]، كونا چارە بويىچە، زۇلۇم قىلغۇچىغا زۇ-
لۇم قىلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، «يېڭى ئاي»دا چىققان ئىن-
كاس پەقەت «سۆز ئەركىنلىكىگە زۇلۇم سالغۇچىلارغا»[62] دېگەن
بىر پارچە ماقالە بولدى، بۇنىڭدا ئاۋۋال قارشى تەرەپنىڭ مەسلى-
كى، ئاندىن كېيىن چەت ئەل قانۇنلىرى، ئاخىرىدا شەرق ۋە





غەربنىڭ تارىخي مىساللىرى نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، ئەركىنلىكنى
بوغقۇچىلار ھامان ھالاك بولىدۇ، دەپ، قارشى تەرەپنىڭ غېمىنى
يەيدىغان ئاگاھلاندۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ.

دېمەك، «يېڭى ئاي» تەھرىراتىنىڭ «جىددىي پوزىتسىيە»
سى، «كۆزۈڭنى ئويغاننىڭ كۆزىنى ئويۇش» ئۇسۇلى، تېگى ـ
تەكتىدىن ئالغاندا، مەخسۇسلا كۈچتە تەڭ ياكى كۈچى ئاجىزراق
ئادەملەرگىلا قارىتىلغان. ئەگەر كۈچى بارلاردىن مۇشت يەپ كۆزى-
نى ئىششىتىۋالىدىغان بولسا، ئادەتتە بۇزۇپلا ئۆزىنىڭ يۈزىنى
قولى بىلەن ئېتىۋېلىپ، «ئۆزۈڭنىڭ كۆزىگە دىققەت قىل!» دەپ
توۋلاپ قويىدۇ، خالاس.

# ئادەت ۋە ئىسلاھات[63]

تېنى ۋە روھى قېتىپ قالغان خەلق ناھايىتى ئازغىنە ئىسلاھاتقىمۇ توسقۇنلۇق قىلماي قالمايدۇ، ئۇلار كۆرۈنۈشتە خۇددى شۇ ئىسلاھاتنىڭ ئۆزلىرىگە قولايسىزلىق كەلتۈرۈپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلىدىغاندەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىگە پايدىسىز بولۇپ چىقىشىدىن ئەندىشە قىلىدۇ؛ لېكىن ئۇلار توسقۇنلۇق قىلىشتا بولسا، ئىنتايىن ئادىل ۋە چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ۋەجە كۆرسىتىدۇ.

بۇ يىل قەمەرىيە (كونىچە يىل) تەقۋىمى (كالېندار) ئىشلىتىشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقى[64] ئەسلىدە ھېچقانچە چوڭ بىر ئىش ئەمەس ئىدى، لېكىن سودىگەرلەر كۆككە يەتكۈدەك نالە قىلىشتى. يالغۇز ئۇلارلا ئەمەس، ھەتتا شاڭخەيدىكى غېرىب - غۇرۋالارمۇ، شىركەتلەرنىڭ خىزمەتچىلىرىمۇ ھەسرەت بىلەن ئاھ چېكىشىپ، بەزىلىرى بۇنداق قىلىش دېھقانلارنىڭ دېھقانچىلىق قىلىشىغا تولىمۇ قولايسىزلىق كەلتۈرىدۇ، دېيىشسە، بەزىلىرى دېڭىزدا ماڭىدىغان كېمىلەرنىڭ دولقۇن كۆتۈرۈلىدىغان مەزگىلنى مۆلچەرلىشىگە قولايسىزلىق كەلتۈرىدۇ، دېيىشتى. دېمەك، ئۇلار شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، خۇددى خېلى مېھرىبان ئادەملەردەك ئۆزلىرى ئۇزۇندىن بۇيان كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان سەھرادىكى دېھقانلارنى، دېڭىزدىكى كېمىچىلەرنى ئەسكە ئېلىشتى.

قەمەرىيە تەقۋىمى بويىچە 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى يېتىپ كېلىشى بىلەنلا ھەممە جايدا پوجاڭزىلار پاراسلاپ ئېتىلىشقا باشلىدى، مەن بىر دۇكانداردىن: «بۇ يىل قەمەرىيە تەقۋىمى بويىچە چاغان ئويناپ، كېلەر يىل شەمسىيە تەقۋىمى بويىچە يېڭى يىل بايرىمىنى ئۆتكۈزسەك كېرەك؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «كېلەر يىل دېگەن كېلەر يىل، كېلەر يىلى كەلگەندە كۆرمەمدۇق» دېگەن جاۋابنى بەردى. ئۇ كېلەر يىل چوقۇم شەمسىيە تەقۋىمى قوللىنىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىكەن. ئەمما، تەقۋىمدە دەرۋەقە قەمەرىيە ھېسابى چىقىرىپ تاشلىنىپ، پەقەت مەۋسۇملارلا قالدۇرۇلغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، گېزىتلەردە «قەمەرىيە بىلەن شەمسىيىنىڭ 120 يىللىق قوشما كالېندارى»[65] نىڭ ئېلانى پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇلار ھەتتا چەۋرە - ئەۋرىلەر زامانىسىغىمۇ قەمەرىيە تەقۋىمىنى، 120 يىللىق تەقۋىمنى راسلاپ قويۇپتۇ!

لياڭ شىچيۇ ئەپەندىلەر كۆپ سانلىقلارنى ياقتۇرمايدۇ، ئەمما كۆپ سانلىقلارنىڭ كۈچى ئۇلۇغ ۋە مۇھىم. ئىسلاھات ئۆتكۈزۈشكە نىيەت قىلغانلار ئەگەر خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىنى چوڭقۇر بىلمىسە، ئۇلارنى ئالغا يېتەكلەشنىڭ، تەرەققىي تاپتۇرۇشنىڭ چارىسىنى قىلمىسا، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق پاساھەتلىك ۋە ئۇلۇغۋار مۇھاكىمىلىرىمۇ، رومانتىك ۋە كلاسسىك دېگەن بىرنېمىلىرىمۇ[66] بىكار بولۇپ چىقىدۇ، بىرنەچچە ئادەمنىڭ ئۆز ھۇجرىسىدا ئولتۇرۇپ، بىر - بىرىنى ماختاپ، ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى قانائەت تاپتۇرۇشتىن باشقا نەتىجە چىقمايدۇ. مۇبادا «ياخشى كىشىلەر ھۆكۈمىتى»[67] ۋۇجۇدقا چىقىپ، ئۇنىڭ پەرمانى بىلەن ئىسلاھات ئۆتكۈزۈلسە، كۆپ ئۆتمەيلا، ئۇلار ئۇ ئىسلاھاتنى كونا ئىزىدىغا چۈشۈرۈۋالىدۇ.

ھەقىقىي ئىنقىلابچىلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە كۆزقارىشى بولىدۇ. ئۇليانوف[68] ئەپەندى «ئۆرپ» ۋە «ئادەت»نىمۇ «مەدەنىيەت» جۈملىسىگە كىرگۈزگەن ۋە بۇ نەرسىلەرنى ئىسلاھ قىلىشنى ناھايىتى تەس، دەپ ھېسابلىغان. لېكىن، مېنىڭچە، ئەگەر بۇ

نەرسلەر ئىسلاھ قىلىنمىسا قوۋم ئۈستىگە مۇنار سالسا دەرھال ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك، ئىنقىلاب مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان بىلەن باراۋەر بولىدۇ. جۇڭگونىڭ ئەڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكى مانجۇلارنى چەتكە قېقىش ئىنقىلابىنىڭ ھەمدەملەرنى ئاسانلا تاپالىشىغا ئۇنىڭ كونا نەرسلەرنى تىرىلدۈرۈش، يەنى «قەدىمكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» شوئارىنىڭ مۇتەئەسسىپلەرگە ماقۇل كۆرۈلگەنلىكى سەۋەب بولغانىدى. لېكىن، كېيىن تارىختا رەسىم بولۇپ قالغان، يېڭى ھاكىمىيەت بەرپا بولغاندا بارلىققا كېلىدىغان ئاۋاتچىلىق بولمىدى، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ئۆرۈمە چېچىدىن قۇرۇقتىن - قۇرۇق ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن زارلاندى.

كېيىنكى چاغلاردا بىرقەدەر يېڭى ئىسلاھاتلارمۇ كەينى - كەينىدىن مەغلۇپ بولدى؛ مىسقاللاپ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلسا، پاتمانلاپ ئەكسىيەتچىلىك كېلىپ باستى. مەسىلەن، يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، بىر يىللىق كالېندارغا قەمەرىيە ھېسابى ھەققىدە ئىزاھ بېرىشكە رۇخسەت قىلىنمىغانىدى، 120 يىللىق قەمەرىيە بىلەن شەمسىيە قوشما كالېندارى پەيدا بولدى.

بۇنداق قوشما كالېندارنى ئالقىشلايدىغان ئادەمنىڭ ناھايىتى كۆپ بولۇشى تۇرغان گەپ، چۈنكى بۇنداق قوشما كالېندار ئۆرپ ۋە ئادەتكە ياتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆرپ ۋە ئادەت ئۇنىڭغا مەدەتكار بولىدۇ. باشقا ئىشلارمۇ شۇنداق. ئەگەر خەلق ئاممىسىنىڭ كەڭ قاتلىمىغا چوڭقۇر چۆكمەيدىغان، ئۇلارنىڭ ئۆرپ ۋە ئادىتىنى تەتقىق قىلمايدىغان، ئۇجۇر - بۇجۇرىنى بىلمەيدىغان، ياخشى - يامىنىنى پەرقلەندۈرمەيدىغان، ساقلاپ قېلىش ۋە بىكار قىلىش ئۆلچىمىنى تىكلىمەيدىغان، ساقلاپ قېلىشقىمۇ ياكى بىكار قىلىشقىمۇ ئېھتىيات بىلەن ئۇسۇل تاللىمايدىغان بولساق، ئۇنداقتا، ھەرقانداق ئىسلاھات ئادەتنىڭ قورام تېشى ئاستىدا يانجىلىپ كېتىدۇ ياكى بىر مەزگىل خۇددى كۆپۈكتەك لەيلەپ تۇرىدۇ، خالاس.





ھازىر ھۇجرىدا كىتابنى قولدىن چۈشۈرمەي ئولتۇرۇپ، دىن، قانۇن، ئەدەبىيات - سەنئەت، گۈزەل سەنئەت… ھەققىدە گەپ ساتىدىغان ۋاقىت ئەمەس؛ بۇلار ھەققىدە مۇلاھىزە قىلغان تەقدىردىمۇ ئاۋۋال ئادەت ۋە ئۆرپنى بىلىش شەرت ۋە بۇ قاراڭغۇ تەرەپلەرگە تىكىلىپ قارىيالايدىغان جاسارەت، غەيرەت بولۇش كېرەك. چۈنكى، ئۇنى ئېنىق كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنى ئىسلاھ قىلىش مۇمكىن ئەمەس. پارلاق ئىستىقبال ھەققىدە چۇقان سېلىش بىلەنلا توختاپ قېلىش ئەمەلىيەتتە، ئېرىنچەكلىشىپ قالغان ئۆزىنى ۋە ئېرىنچەكلىشىپ قالغان ئاممىنى ئالداش بولىدۇ.

# ئىنقىلاب قىلمايدىغان رادىكال ئىنقىلابچىلار[69]

ئەگەر، زور ئىنقىلاب قوشۇنىدىكى ھەربىر جەڭچىنىڭ ئاڭ - چۈشەنچىسى كەم - كۈتىسىز توغرا، روشەن بولۇشى شەرت، ئەنە شۇنداق بولغاندىلا ئۇ ئاندىن چىن ئىنقىلاب قوشۇنى بولالايدۇ، ئۇنداق بولمىسا بىر پەشۋاغىمۇ يارىمايدۇ، دېيىلىدىغان بولسا، بۇ گەپ قارىماققا ناھايىتى توغرا، ئۇزۇل - كېسىل ئېيتىلغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن مۇمكىن بولمايدىغان مۇشكۈل مەسىلە، قۇرۇق لاپ، ئىنقىلابنى زەھەرلەيدىغان شېرىن دورا.

مەسىلەن، جاھانگىرلار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان شارائىتتا، ئۇلارنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھەربىرىنى «كىشىلىك مۇھەببەت» روھى بىلەن تەربىيىلەپ، ئاندىن كېيىن دۇنيانى ئويۇن - كۈلكە ۋە تەزىم بىلەن «بۈيۈك بىرلىككە كەلگەن دۇنيا»[70] غا ئايلاندۇرۇشقا يول قويمايدىغانلىقىغا ئوخشاش، ئىنقىلابچىلار قارشى چىقىۋاتقان كۈچلەر ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان شارائىتتىمۇ بۇ كۈچلەر ئادەملەرنىڭ تولىسىنى سۆز ياكى ھەرىكەت بىلەن توغرا ئاڭ - پىكىرلىك قىلىشقا ھەرگىز يول قويمايدۇ. دېمەك، ھەربىر ئىنقىلاب قوشۇنى قوزغىلىپ چىققاندا، جەڭچىلەرنىڭ كۆپىنچە ھازىرقى ھالەتتە قارشى تۇرۇش نىيەتلىرى ئومۇمەن ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، ئاخىرقى مەقسەتلىرى ناھايىتى پەرقلىق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسى جەمئىيەتكە، بەزىسى كىچىك گۇرۇھقا، بەزىسى مەھبۇبىغا، بەزىسى ئۆزىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى، بەزىسى ھەتتا ئۆلۈۋېلىشنى





مەقسەت قىلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئىنقىلاب قوشۇنى ئالغا كېتىۋېرىدۇ. يۈرۈش داۋامىدا شەخسىيەتچىلەر ئاتقان ئوقمۇ، كوللېكتىپچىلار ئاتقان ئوقمۇ دۈشمەنلەرنىڭ جېنىنى ئوخشاشلا ئالالايدۇ؛ ھەرقانداق جەڭچى ئۆلسە ياكى يارىلانسا، قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقى ئازىيىپ بارىدۇ. دېمەك، ھەر ئىككى تەرەپكە ئوخشاش. تەبىئىيكى، ئاخىرقى مەقسەتلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، يۈرۈش داۋامىدا بەزىلەر سەپتىن چېكىنىپمۇ كېتىدۇ، بەزىلەر تاشلىنىپ قالىدۇ، بەزىلەر چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ، بەزىلەر خائىنلىق قىلىدۇ، لېكىن يۈرۈشكە دەخلىسى يەتمىسىلا، ئاخىرىغا بارغانسېرى بۇ قوشۇنمۇ پاك، خىللانغان قوشۇن بولۇپ قالىدۇ.

ئىلگىرى يې يۈڭجېننىڭ «قىسقىغىنە 10 يىل» ناملىق رومانىغا يازغان مۇقەددىمەمدىكى، جەمئىيەت ئۈچۈن ئاز - پاز كۈچ چىقىرىپتۇ، دېگەن سۆزۈمنىڭ مەنىسى ئەنە شۇ. روماندىكى باش قەھرىمان، قانداقلا بولمىسۇن، ئالدىنقى سەپكە بارغان. قاراۋۇللۇق قىلغان (ھەتتا مىلتىق ئېتىش ئۇسۇلى ئۆگىتىلمىگەن بولسىمۇ)، باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ مەرسىيە ئوقۇيدىغان، قەلەمنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ ئاھۇپىغان قىلىدىغان كاتتا ئەدىبلەر ئۇنىڭ ئالدىدا ھەقىقەتەن ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. ئەگەر ھازىرقى جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى ئاڭ - پىكىردە توغرا ۋە پولاتتەك چىڭ جەڭچى بولسۇن دېيىلىدىغان بولسا، بۇ ئۈتوپىيە[71] — خام خىيال بولۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئادەت - يوسۇندىن تاشقىرى بىھۇدە تەلەپ بولۇپ قالىدۇ.

لېكىن، كېيىنكى كۈنلەردە چىققان «شېنباۋ» گېزىتىدە تېخىمۇ قاتتىق، تېخىمۇ ئۇزۇل - كېسىل تەنقىدلەر[72] نى كۆرۈپ قالدىم، روماندىكى باش قەھرىماننىڭ قوشۇنغا قاتنىشىش مۇددىئاسى ئۆز مەنپەئەتىنىلا كۆزلەش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرگەن. «شېنباۋ» تىنچلىقنى ھەممىدىن بەك ئارزۇ

قىلىدىغان، ئىنقىلابنى ھەرگىز تەرغىب قىلمايدىغان گېزىت، بۇنداق قىلىشى قارىماققا ئۇنىڭ ئۆزىگە زادىلا مۇناسىپ كەلمىگەندەك كۆرۈنىدۇ. مەن بۇ يەردە كۆرۈنۈشىدىن ئۇزۇل - كېسىل ئىنقىلابچىغا ئوخشىشىدىغان، ئەمەلىيەتتە بولسا ھەرگىز ئىنقىلاب قىلمايدىغان، ئىنقىلابقا زىيان كەلتۈرىدىغان شەخسىيەتچى مەمەدانلارنى تىلغا ئېلىپ، تەنقىدنىڭ روھىنى گېزىتنىڭ ۋۇجۇدىغا دەل ماسلاشتۇرماقچىمەن.

بۇلارنىڭ بىرى — چۇشكۇنلەشكۈچىلەر. ئۇلار ئۆزىدە بەلگىلىك غايە ۋە ئىقتىدار بولمىغاچقا، چۇشكۇنلىشىپ بىردەملىك راھەتكە بېرىلىدۇ؛ بەلگىلىك راھەتتىنمۇ زېرىككەندە، دائىم يېڭى تۈرتكىنى ئىزدەيدۇ. بۇ يېڭى تۈرتكە ئۆتكۈر بولۇشى شەرت، ئەنە شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن ئۇلار راھەتلىنىدۇ. ئىنقىلابمۇ ئەنە شۇ چۇشكۇنلەشكۈچىلەرنىڭ يېڭى تۈرتكىلىرىدىن بىرى. بۇ ئەھۋال خۇددى يالماۋۇز ئاچ كۆزلەرنىڭ ياغلىق، شېرىن نەرسىلەرنى يەۋېرىپ، زېرىكىپ، مەيدىسى سۇسلاشقاندا، قارىمۇچ ۋە لازىغا ئوخشاش نەرسىلەرنى يەپ، چېكىسىدىن تەر چىقارغاندىن كېيىن، ئاران يېرىم قاچا غىزا يېيەلەيدىغان بولۇپ قالغىنىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەت ئۇزۇل - كېسىل بولۇشى كېرەك، تولۇق ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەت بولۇشى كېرەك دەيدۇ. ئەگەر دەۋرنىڭ قۇسۇرلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ قويسا، ئۇلارنىڭ قوشۇملىرىنى تۈرۈشكە سەۋەب بولىدىكەن - دە، ئۇنداق ئەدەبىيات - سەنئەت بىر پەشۋاغا يارىماسمىش. پاكىتتىن چەتنەپ كەتكىنىنىڭ كارايىتى يوقمىش، پەقەت ئۇلارنى ھۇزۇرلاندۇرسىلا بولارمىش. فرانسىيىلىك بودلېر[73] نىڭ چۇشكۇنپەرەس شائىر ئىكەنلىكى، لېكىن ئىنقىلابنى ئالقىشلىغانلىقى، ئىنقىلاب ئۆزىنىڭ چۇشكۇنلەشكەن تۇرمۇشىغا زىيان يەتكۈزىدىغان چاغدا ئىنقىلابتىن بەزگەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. دېمەك، ئىنقىلاب ھارپىسىدى-





كى قەغەز يۈزىدىكى ئىنقىلابچىلار، يەنە كېلىپ ھەممىدىن ئۇزۇل - كېسىل، ھەممىدىن كەسكىن ئىنقىلابچىلار دەل ئىنقىلاب باشلانغان چاغدا ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى نىقابىنى — ئويلاشماي تارتىۋالغان نىقابىنى يىرتىپ تاشلىۋېتەلەيدۇ. مۇشۇنداق تارىخىي مىساللار كىچىككىنە ئابرۇي (ياكى ئازغىنە پۇل) غا ئىگە بولۇۋېلىپلا شەرقتە دۇڭجىڭغا، غەربتە پارىژغا قاتراپ يۈرگەن چېك فاڭۋۇغا ئوخشاش «ئىنقىلابىي ئەدىب» لەرگە كىچىككىنە دەككە بېرىشى كېرەك.

يەنە بىرى — تېخى بۇلارغا نام قويالمايۋاتىمەن. قىسقىسى، بۇلار — قىلچىلىكمۇ مۇئەييەن كۆزقارىشى بولمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيادا ھېچ نەرسىنى توغرا تاپمايدىغان، ئۆزىنىڭ ھەممە نېمىسىنى توغرا دەپ قارايدىغان، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ھازىرقى ھالەتنى ھەممىدىن ياخشى دەپ قارايدىغانلار. ئۇلار ھازىرقى ۋاقىتتا تەنقىدچى بولۇپ سۆز قىلغانلىرىدا، ئەكس نەرسىلەرگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن بىر خىل نەرسىنى ئۆز مەيلىچە دەستەك قىلىۋالىدۇ؛ ھەمكارلىشىش تەلىماتى[74] غا رەددىيە بېرىشتە ياشاش رىقابىتى تەلىماتىدىن پايدىلىنىدۇ؛ ياشاش رىقابىتى تەلىماتىغا رەددىيە بېرىشتە ھەمكارلىشىش تەلىماتىدىن پايدىلىنىدۇ؛ تىنچلىق نەزەرىيىسىگە قارشى تۇرۇشتا سىنىپىي كۈرەش تەلىماتىدىن پايدىلىنىدۇ؛ كۈرەشكە قارشى تۇرۇشتا كىشىلىك مۇھەببىتىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مۇھاكىمىلەشكەن رەقىبى ئىدېئالىست بولسا ئۆزى ماتېرىيالىست مەيدانىدا تۇرىدۇ، ماتېرىيالىستلار بىلەن مۇنازىرىلەشكەندە، ئۇ يەنە ئىدېئالىست بولۇۋالىدۇ. قىسقىسى، ئۇلار روسىيە مىلىنى (چاقىرىم، يول) ئەنگلىيە فۇتى بىلەن، مېترىنى فرانسىيە گەزى بىلەن ئۆلچەپ، بىرەرىمۇ توغرا چىقمىدى، دەپ قارايدىغان ئادەملەر. ئۇلار باشقىلارنىڭ ھېچ نەرسىسىنى توغرا تاپمىغاچقا، ئۆزلىرىنى مەڭگۈ «لىللا - خالىس» دەپ ھېسابلاپ،

مەڭگۈ ئۆزلىرىدىن قانائەتلىنىدۇ. بۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەنقىدىي يول-يورۇقلىرىدا مۇكەممەلسىزلىك، قۇسۇرلارنى ئۇچرىتىپلا قالسا، يارىماسقا چىقىرىدۇ، لېكىن ھازىرقى ئادەملەرنىڭ، ئىشلارنىڭ مۇكەممەل، قۇسۇرسىزلىرى نەدىمۇ بولسۇن؟! مۇكەممەل بولۇش ئۈچۈن قىمىرلىماي يېتىشلا كېرەك، لېكىن بۇنداق قىمىرلىماسلىقنىڭ ئۆزى چوڭ خاتالىق. قىسقىسى، ئادەمنىڭ ئادەم بولمىقى ناھايىتى تەس، ئىنقىلابچى بولۇشقۇ تېخىمۇ تەس، ئەلۋەتتە.

«شېنباۋ گېزىتى»نىڭ تەنقىدچىلىرى «قىسقىغىنە 10 يىل» توغرىسىدا سۆزلىگەندە، ئۇزۇل - كېسىل ئىنقىلابىي باش قەھرىمانىنى تەلەپ قىلىدۇيۇ، ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ تەرجىملىرىگە زەھەرلىك تەنە قىلىدۇ[75]. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ روھى كېيىنكىلەر قاتارىغا كىرىدۇ، ئۇلاردا چۈشكۈنلەشكۈچىلەرنىڭ كىشىلىك ھاياتتىن زېرىككىنىگە ئوخشاش زېرىككىدىغان، ئىشتىھاسىنى لازا يەپ ئېچىشنى ئارزۇ قىلىدىغان پۇراقمۇ ئانچە - مۇنچە بار.





# جاڭ زىپىڭ ئەپەندىنىڭ «ھېكايىشۇناسلىقى»[76]

ئاڭلىشىمچە، جاڭ زىپىڭ[77] ئەپەندى «ئەڭ ئىلغار» «پرولېتارىيات يازغۇچىسى» مىش، سىلەر تېخى «ئۇندۇرمە» ھالىتىدە تۇرغاندا، «بوز يەر ئاچقۇچى» بولۇپ تۇرغاندا، ئۇ ئاللىقاچان ھوسۇل ئېلىشقا كىرىشىۋېتىپتۇ. ئىلغارلىق تاقلاپ كۆز يەتمەيدىغان دەرىجىدە ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەش دېگەن ئەنە شۇ. بىراق، سىز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىزدەپ بارىدىغان بولسىڭىز، ئۇنىڭ شۇنداق يۈگۈرگىنىچە «راھەتى ئاما» ناملىق كىتابخانىغا[78] كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسىز.

جاڭ زىپىڭ ئەپەندى ئىلگىرىكى ئۈچ تەرەپلىمە ئىشق - مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى يازىدىغان يازغۇچى ئىدى، ئۇ ئاياللارنىڭ جىنسىي تەلىپى قوزغالغاندا ھەتتا ئەرلەردىنمۇ بەكرەك ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، ئەرلەرنى ئۆزى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەنىكەن؛ ئاياللارنى، ھەي پەسلەر، ھەي پەسلەر، خورلۇق تارتىش پېشانەڭگە پۈتۈلگەن، دەيدىكەن.

بۇنداق بىرنېمىلەر پرولېتارىيات ھېكايىسى ئەمەسلىكى تەبىئىي، لېكىن بۇ يازغۇچى بىردىنلا بۇرۇلۇش ياساپ، مالائىكىگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ توخۇ ۋە ئىتىمۇ ئەرشكە چىقىپ كېتىپتۇ[79]. بۇ، مالائىكىلەرنىڭ تېنىنى تاشلاپ، روھى بىلەن ئەرشكە كېتىشىغۇ. دېمەك، «جاڭ زىپىڭ ئەسەرلىرى»نى يەنە ئوقۇش كېرەك، چۈنكى ئۇ ھوسۇل - دە، بىلدىڭىزمۇ؟

يەنە باشقا ھوسۇلمۇ بار، تېخى. «شىنباۋ» گېزىتىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، «ئۇلۇغ جۇڭگو» ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى «ياشلار ئىخلاس قىلىدىغان جاڭ زىپىڭ ئەپەندى» نى بۇ يىل «ھېكايىشۇناسلىق» تىن دەرس ئۆتۈشكە ھۆرمەت بىلەن تەكلىپ قىپتۇ. جۇڭگونىڭ كونا ئۇدۇمى بويىچە، ئىنگلىز تىلى مۇئەللىمى چوقۇم چەت ئەل تارىخىدىن دەرس بېرەلەيدۇ؛ ئانا تىل مۇئەللىمى چوقۇم ئەخلاق ئىلمىدىن دەرس بېرەلەيدۇ؛ ھېكايە مۇئەللىمىنىڭ قورسىقى ھېكايىشۇناسلىق بىلەن تولۇپ تۇرغان بولۇشى تۇرغان گەپ، ئۇنداق بولمىسا ئۇ ھېكايە يازالامدۇ؟ گومىر[80] نىڭ «تارىخىي داستان يېزىش ئۇسۇلى» يوق، شېكىسپىر[81] نىڭ «دراماشۇناسلىق توغرىسىدا ئوچېرك» لىرى يوق، دەپ ئېيتالايمىزمۇ؟

ھا - ھا، دەرس ئاڭلايدىغان مۇخلىسلار، سىلەرنىڭ ئامىتىڭلار بار ئىكەن، ئەمدى قانداق ئۈچ تەرەپلىمىلىك قىلىشنى، قانداق ئىشق - مۇھەببەت باغلاشنى بىلىۋالىدىغان بوپسىلەر - دە؟! ئايال سېغىنىپ قالساڭلار، ئاياللارنىڭ جىنسىي تەلپىنىڭ ئويغىنىشى سىلەرنىڭكىدىنمۇ كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆزى ئالدىڭلارغا يۈگۈرۈپ كېلىدىكەن - دە؟! بۇرادەر، كۈتۈپ تۇرۇۋېرىڭ. لېكىن، ئۆزى شاڭخەيدە بولمىغان، يىراقتا «ئىخلاس» قىلىپ تۇرۇشقىلا مەجبۇر بولۇپ قالغان، دەرسخانىغا كېلىشكە مۇيەسسەر بولالمىغان ياشلارنىڭ بۇ ئۇلۇغ «ھېكايىشۇناسلىق» دەرسىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىيالمىغانلىقىغا ئىسىت! ئەنە شۇ ئىخلاسمەنلەرنىڭ «دەردىگە دەۋا» بولۇپ قالسۇن ئۈچۈن، ھازىر «جاڭ زىپىڭ ئەسەرلىرى» بىلەن «ھېكايىشۇناسلىق» نىڭ جەۋھىرىنى تۆۋەندىكىچە سۇزۇۋېلىپ، شۇ ئىخلاسمەنلەرگە يىراقتىن سوۋغا قىلاي.

بۇ جەۋھەر مۇنداق: △

2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى





# سول قانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى توغرىسىدا پىكىر[82]

(3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سول قانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ[83] تەسىس يىغىنىدا سۆزلەنگەن)

نۇرغۇن ئىشلار توغرىسىدا بەزىلەر ناھايىتى تەپسىلىي سۆزلەپ ئۆتتى، مېنىڭ ئۇ ھەقتە سۆزلەپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوق. مېنىڭچە، ھازىرقى كۈندە «سول قانات» يازغۇچىلارنىڭ «ئوڭ قانات» يازغۇچىلارغا ئايلىنىپ قېلىشى ناھايىتى ئاسان. نېمىشقا؟ بىرىنچىدىن، ئەمەلىي ئىجتىمائىي كۈرەشلەرگە قاتناشماي، پەقەت ئەينەكلىك دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ئەسەر يېزىش، مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش بىلەنمۇ ھەرقانداقلىكى بولسۇن كەسكىن، «سول» بولۇش ناھايىتى ئاسان ئىش، لېكىن ئەمەلىي مەسىلىلەرگە دۈچ كېلىشى بىلەنلا ئۇ پاچاقلىنىپ كېتىدۇ. ئۆيگە كىرىۋېلىپ ئۇزۇل - كېسىل مەسىلىلەر توغرىسىدا گەپ سېتىشقۇ ناھايىتى ئاسان، ئەمما «ئوڭچىل» بولۇپ قېلىشمۇ ناھايىتى ئاسان. پەرەڭلەرنىڭ «Salon سوتسىيالىستلىرى» دېگەنلىرى ئەنە شۇنىڭغا قارىتىلغان. «Salon» مېھمانخانا دېگەن سۆز، مېھمانخانىدا ئولتۇرۇپ، سوتسىيالىزم توغرىسىدا پاراڭ قىلىشقاندا، ناھايىتى نازاكەتلىك، ناھايىتى چىرايلىق سۆزلىشىدۇيۇ، لېكىن ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمەيدۇ. بۇنداق سوتسىيالىستلارغا قىلچە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە موسسولىنى[84] نى

ھېسابقا ئالمىغاندا (لېكىن موسسولىن ئەدەبىي ئەسەر يېزىپ باقـ
مىغان)، ھازىرقى كۈندە كەڭرەك مەنىدىكى سوتسىيالىزم ھەققىدە
ئاز ـ تولا چۈشەنچىگە ئىگە بولمىغان يازغۇچى ياكى سەنئەتكار
يوق، يەنى ئىشچى ـ دېھقانلار ئاممىسى قۇل بولۇشى كېرەك،
قىرىپ تاشلىنىشى كېرەك، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىشى كېرەك،
دەيدىغان يازغۇچى ياكى سەنئەتكار يوق، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ
(ئەلۋەتتە، ئۇنداق يازغۇچىلارنى زادىلا يوق دېگىلىمۇ بولمايدۇ.
مەسىلەن، جۇڭگونىڭ «يېڭى ئاي» تەرەپدارى بولغان ئەدىبلىرى
ۋە موسسولىنى ئامراق بولغان گ. د. ئانتونزىئو[85] لار بار).

ئىككىنچىدىن، ئىنقىلابنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چۈشەنمىسىـ
مۇ «ئوڭ قانات»قا ئايلىنىپ قېلىش ئاسان. ئىنقىلاب جاپالىق
بىر ئىش، ئۇ زادىلا شائىرلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدەك كۆڭۈل ئاچىدىـ
غان، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىك ئىش ئەمەس، ئۇنىڭغا داغ ۋە قاننىڭ
ئارىلىشىشىمۇ مۇقەررەر؛ ئىنقىلاب ناھايىتى رېئال بىر ئىش، ئۇ
ھېچقاچان شائىرلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدەك رومانتىك بىر ئىش ئەـ
مەس، ئۇنىڭدا قارا ئىشلارنى، ئاۋارە قىلىدىغان خىزمەتلەرنىمۇ
ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئىنقىلابتا ئەلۋەتتە بۇزغۇنچىلىق بولىدـ
دۇ، لېكىن قۇرۇلۇش ئۇنىڭدىنمۇ زۆرۈر. بۇزۇش ئاسانغا چۈشىـ
دىغان، قۇرۇش بولسا ئاۋارە قىلىدىغان ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن،
ئىنقىلابقا رومانتىك خىيال بىلەن قارايدىغان كىشى ئىنقىلاب يېـ
قىنلاشقاندا، ئىنقىلاب باشلانغاندا، ئاسانلا ئۈمىدسىزلىنىپ قالىدـ
دۇ. ئاڭلىشىمچە، رۇس شائىرى يېسېنىن[86] دەسلەپتە ئۆكتەبىر
ئىنقىلابىنى ناھايىتى قارشى ئالغانىكەن، بۇ چاغدا «ياشىسۇن ئاسـ
مان ۋە زېمىندىكى ئىنقىلاب!» دەپ ۋارقىرىغان ھەم ئۆزىنى «مەن
بولشېۋىكمەن!» دەپ يۈرگەنىكەن. ۋەھالەنكى، ئىنقىلاب بولۇشى
بىلەنلا ئەمەلىي ئەھۋال ئۇنى تەسەۋۋۇرىدىكىدەك بولمىغاچقا، ئۇ
ئۈمىدسىزلەنگەن، روھى چۈشكۈنلەشكەن. كېيىنكى چاغلاردا يېـ





سېنىن ئۆلۈۋالغان. ئاڭلىشىمچە، ئۇنىڭ ئۆلۈۋېلىشىدىكى سەۋەبـ
لەردىن بىرىمۇ ھېلىقى ئۈمىدسىزلىك ئىكەن. پىلنىياك بىلەن
ئېرىنبۇرگمۇ[87] شۇنىڭدا مىسال بولالايدۇ. بىزدە، شىنخەي ئىنـ
قىلابى دەۋرىدىمۇ شۇنداق ئەھۋاللار يۈز بەردى. ئۇ چاغدا نۇرغۇن
ئەدىبلەر، مەسىلەن، «جەنۇب تەھرىراتى»[88] دىكى كىشىلەرنىڭ
تولىسى دەسلەپتە ناھايىتى ئىنقىلابچى بولدى. لېكىن، ئۇلار ماندـ
جۇلارنى قوغلاپ چىقارغاندىلا، ھەممە ئىشتا «خەن ئەمەلدارلىرىـ
نىڭ ھەشەمەتلىرى»[89] تىكلىنىدۇ، كىشىلەر كەڭ يەڭلىك يەكـ
تەكلىرىنى، كۇلالىرىنى كىيىپ، كەمەرلىرىنى باغلاپ، رەستىـ
لەردە بەھۇزۇر ماڭالايدىغان بولىدۇ، دەپ خام خىيال قىلىشقانىـ
دى. نەدىن بىلسۇن، مەنچىڭ خانى ھەيدەپ چىقىرىلغاندىن كېـ
يىن، مىنگو قۇرۇلدى ـ دە، ئەھۋال تامامەن باشقىچە بولدى،
بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۈمىدسىزلىككە چۈشتى؛ كېيىنكى چاغلاردا
ھەتتا ئۇلاردىن بەزىلەر يېڭى ھەرىكەتنىڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ئايلىـ
نىپ قالدى. بىزمۇ ئىنقىلابنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى چۈشەنمەيدىـ
كەنمىز، ئەنە شۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قېلىشىمىز ئاسان گەپ.

يەنە، شائىرلار ياكى ئەدىبلەر ھەممە ئادەمدىن ئۈستۈن تۇرىـ
دۇ، ئۇلارنىڭ خىزمىتى باشقىلارنىڭكىدىن قەدىرلىك، دەپ قاراشـ
مۇ توغرا ئەمەس. مەسىلەن، ئىلگىرىكى چاغلاردا ھىنرىخ
ھېينى[90] شائىرلار ھەممىدىن قەدىرلىك، تەڭرى ھەممىدىن ئاـ
دىل، شائىرلار ئۆلگەندىن كېيىن تەڭرى ھۇزۇرىغا بېرىپ، تەڭرىـ
نى چۆرىدەپ ئولتۇرىدۇ، تەڭرى ئۇلارنى تاتلىق تائاملارغا تەكلىپ
قىلىدۇ، دەپ قارايدىكەنمىش. تەڭرىنىڭ تاتلىق تائاملارغا تەكلىپ
قىلىدىغانلىقىغا، ھازىرقى كۈندە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ، ئەلۋەتتە.
لېكىن، ھازىرقى كۈندە شائىرلار ياكى ئەدىبلەر ئەمگەكچىلەر ئامـ
مىسى ئۈچۈن ئىنقىلاب قىلىۋاتىدۇ، ئىنقىلاب مۇۋەپپەقىيەت قازانـ
غاندىن كېيىن، ئەمگەكچىلەر ئۇلارنى تولۇق رازى قىلىشقا، ئايـ

رىمچە كۆتۈشكە، ئەلا دەرىجىلىك ماشىنىلاردا ئولتۇرغۇزۇشقا، ئەلا دەرىجىلىك تائاملارنى يېدۈرۈشكە ياكى قۇيماق - پوشكاللارنى كۆتۈرۈشۈپ كېلىپ، «شائىرىمىز، ئىلتىپات قىلىسىلا!» دېيىشكە مەجبۇر دەپ قاراشمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئىشنىڭ بولۇشى زادى مۇمكىن ئەمەس، بەلكى ئۇ چاغدا هازىرقىدىنمۇ بەكرەك مۇشكۇلچىلىك يۈز بېرىشى، قۇيماق - پوشكال بۇ ياقتا تۇرسۇن، زاغرا نانمۇ بولماسلىقى مۇمكىن. روسىيە ئىنقىلابىدىن بىر - ئىككى يىل كېيىنكى ئەھۋال بۇنىڭغا ئوبدان مىسال بولالايدۇ. بۇ ئەھۋاللارنى بىلمىگەندىمۇ «ئوڭ قانات» بولۇپ قېلىشى ئاسان گەپ. ئەمەلىيەتتە، ئەمگەكچىلەر ئاممىسى لياڭ شىچيۇ ئېيتقاندەك «پەمى» بارلاردىن ئەمەس ئىكەن، ئۇلار زىيالىيلارنى هەرگىزمۇ ئايرىمچە قەدىرلەپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن، مەن تەرجىمە قىلغان «تارمار» دىكى مېتىك (زىيالىيلار ئىچىدىن كېلىپ چىققان) هەمىشە خاكچىلار ۋە باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە قالىدۇ. زىيالىيلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىشى بار، ئۇلارنى ئارتۇقچە كەمسىتىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئولتۇرۇشنىڭ هاجىتى يوق، لېكىن ئەمگەكچىلەرمۇ شائىرلارنى ياكى ئەدىبلەرنى ئايرىمچە قەدىرلەشكە زادىلا مەجبۇر ئەمەس.

ئەمدى، بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلىدىغان ئىشلىرىمىز ئۈستىدە بىرئاز توختىلىمەن.

بىرىنچىدىن، كونا جەمئىيەتكە ۋە كونا كۈچلەرگە قارشى قەتئىي ۋە داۋاملىق كۈرەش قىلىش كېرەك، شۇنىڭدەك هەقىقىي كۈچنى ئۆستۈرۈشكە ئەهمىيەت بېرىش كېرەك. كونا جەمئىيەتنىڭ يىلتىزى ناهايىتى چىڭ بولىدۇ، يېڭى هەرىكەت تېخىمۇ زور كۈچكە ئىگە بولمىسا، ئۇنىڭ هېچنېمىسىنى تەۋرىتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كونا جەمئىيەتنىڭ يېڭى كۈچلەرنى مۇرەسسەگە كەلتۈرىدىغان ئۇستىلىقلىرىمۇ بار، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزى هەرگىز مۇرەسسەگە





كەلمەيدۇ. جۇڭگودىمۇ نۇرغۇن يېڭى هەرىكەتلەر بولۇپ ئۆتكەندى، ئەمما هەر قېتىم كونا كۈچلەرگە تەڭ كېلەلمىدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى ئومۇمەن يېڭى كۈچلەر تەرەپتە قەتئىي ۋە زور مەقسەت بولمىدى، تەلەپ دائىرىسى ناهايىتى كىچىك بولۇپ، ئاسانلا قانائەتلىنىپ قېلىشتىن ئىبارەت بولدى. مەسىلەن، ئومۇمىي ئەدەبىي تىل هەرىكىتىنى ئالساق، دەسلەپتە كونا جەمئىيەت بۇ هەرىكەتكە ئۆلگۈدەك قارشى تۇردى، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئومۇمىي ئەدەبىي تىلنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئېچىنارلىق كىچىككىنە ئورۇن بەردى. شۇنىڭ بىلەن گېزىتلەرنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا ئومۇمىي ئەدەبىي تىل بىلەن يېزىلغان ماقالىلەر كۆزگە چېلىقىدىغان بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، كونا جەمئىيەتنىڭ نەزىرىدە يېڭى نەرسىلەر هېچقانچە بىر نەرسە ئەمەس، قورقۇنچلۇقمۇ ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇلغانىدى. يېڭى كۈچلەر بولسا، ئومۇمىي ئەدەبىي تىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش هوقۇقىغا ئىگە بولدى، دەپ قانائەتلىنىپ كەتتى. شۇنىڭدەك، مۇشۇ بىر - ئىككى يىلدىن بۇيان، پرولېتار ئەدەبىيات هەرىكىتىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇۋاتىدۇ، يەنى كونا جەمئىيەت پرولېتار ئەدەبىياتىنى ئانچە دەهشەتلىك نەرسە ئەمەس دەپ، ئۇنىڭغىمۇ يول بەردى. ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ خۇددى مېهمانلارغا تىزىپ قويۇلغان بىرمۇنچە كونا زامان قاچا - قۇچىلىرىنىڭ ئۈستىگە يەنە غەلىتە كۆرۈنسۇن ئۈچۈن ئىشچىلار ئىشلىتىدىغان بىرەر غىدىرنىمۇ قوشۇپ قويغانغا ئوخشاش، پەرداز ئۈچۈن پرولېتار ئەدەبىياتى بىلەنمۇ هەپىلىشىۋاتىدۇ. پرولېتار ئەدەبىياتچىلىرىچۇ؟ ئۇلار ئەدەبىيات سەھنىسىدە كىچىككىنە ئورۇن ئالغاچقا، ئەسەرلىرىنىڭمۇ بازىرى چىققاچقا، كۈرەشنى داۋام قىلدۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىدى، دەپ قارىماقتا. تەنقىدچىلەرمۇ «پرولېتار ئەدەبىياتى غەلىبە قىلدى!» دەپ زەپەر مارشىنى ئوقۇ-

ماقتا. لېكىن، شەخسىي غەلىبىنى قويۇپ تۇرۇپ، پرولېتار ئەدەبىياتنى ئالساق، ئۇنىڭ غەلىبىسى زادى قانچىلىك بولدى؟ پرولېتار ئەدەبىياتى پرولېتارىياتنىڭ ئازادلىق كۈرىشىنىڭ بىر قانىتى، ئۇ پرولېتارىياتنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرىنىڭ ئۆسۈشىگە قاراپ ئۆسىدۇ، پرولېتارىياتنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ناھايىتى تۆۋەن چاغدا، پرولېتار ئەدەبىياتىنىڭ ئەدەبىيات سەھنىسىدىكى ئورنى ئەكسىچە يۇقىرى بولسا، بۇ ھال پەقەت پرولېتار ئەدەبىياتچىلىرىنىڭ پرولېتارىياتتىن ئاجراپ، كونا جەمئىيەتكە قايتىپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، خالاس.

ئىككىنچىدىن، مېنىڭچە سەپنى كېڭەيتىش كېرەك. ئالدىنقى يىلى ۋە بۇلتۇر ئەدەبىيات ساھەسىدە جەڭ ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كىچىك بولدى. يېڭىلىق تەرەپدارلىرى بارلىق كونا ئەدەبىيات ۋە كونا ئىدىيىلەرگە دىققەت قىلمىدى، ئەكسىچە، يېڭى ئەدەبىياتچىلارنىڭ بىر قىسمى بىلەن ئۇنىڭ ئىككىنچى بىر قىسمى بىر بۇلۇڭدا تۇتۇشۇپ قالدى، كونىلىق تەرەپدارلىرى بولسا بىر چەتتە تۇرۇپ، بۇ جەڭنى بەھۇزۇر تاماشا قىلدى.

ئۈچىنچىدىن، نۇرغۇنلىغان يېڭى جەڭچىلەرنى يېتىشتۈرۈشىمىز لازىم. چۈنكى، ھازىر ياراملىق ئادەملەر ناھايىتى ئاز، مەسىلەن، بىرنەچچە تۈرلۈك ژۇرنىلىمىز بار، كىتابچىلارنىمۇ خېلى كۆپ نەشر قىلدۇق، لېكىن يازىدىغانلارمۇ شۇ بىرنەچچە ئادەمدىنلا ئىبارەت بولغاچقا، يازغانلىرىمىز مەزمۇن جەھەتتىن غورىگىل بولۇپ چىقىۋاتىدۇ. ھەربىر ئادەم ئىختىساسلاشماي، ئۇنىمۇ قىلىپ باقسا، ئۇنىمۇ قىلىپ باقسا، تەرجىمىنىمۇ قىلسا، ھېكايە ـ رومانمۇ يازسا، تېخى تەنقىدچىلىكمۇ قىلسا، شېئىرمۇ يازسا، ئىشنى قانداقسىغا ياخشىلىغىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭغا ئادەمنىڭ ئازلىقى سەۋەب بولۇۋاتىدۇ. ئادەم كۆپ بولسا، تەرجىمە قىلىدىغانلار مەخسۇس





تەرجىمانلىق قىلىشى، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار مەخسۇسلا ئىجادىيەت بىلەنلا شۇغۇللىنىشى، تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار مەخسۇس تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشى مۇمكىن. كۈچ كۆپ بولغاندا دۈشمەنگە قارشى جەڭدىمۇ دۈشمەننى يېڭىش ئاسان بولىدۇ. بۇ ھەقتە مەن مۇنداق بىر ۋەقەنى ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتمەكچىمەن: ئالدىنقى يىلى «ئىجادىيەت» تەھرىراتى بىلەن «قۇياش» تەھرىراتى ماڭا ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇلار ھەقىقەتەن ناھايىتى ئاجىزلىق قىلدى. كېيىنكى چاغلاردا ھەتتا ئۆزۈممۇ ئۇ ھېچقانداق قايتۇرما ھۇجۇم قىلغۇچىلىكى يوق تېتىقسىز ـ مەنىسىز بىرنەرسە دېگەن ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم. چۈنكى، دۈشمەنلەرنىڭ «قۇرۇق شەھەر ھىيلىسى»نى قىلىۋاتقانلىقىنى پەملەپ قالغانىدىم. ئۇ چاغدا مېنىڭ دۈشمەنلىرىم ئەسكەر توپلاش، قوماندان تەييارلاش بىلەن شۇغۇللانماستىن، پەقەت پوپوزا بىلەنلا شۇغۇللاندى. دەرۋەقە، ماڭا زەربە بېرىش نىيىتى بىلەن يېزىلغان ماقالىلەر ناھايىتى كۆپ بولدى، لېكىن ئۇ ماقالىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تەخەللۇسى بىلەن چىقىرىلغانلىقىنى، ھەرقانچە تىللىغىنى بىلەن، مەزمۇنى يەنىلا شۇ بىرنەچچە جۈملىدىن نېرى كېتەلمىگەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولاتتى. شۇ چاغلاردا ماڭا ماركسچە تەنقىد قورالى بىلەن زەربە بېرەلەيدىغان ئادەمنى كۈتكەنىدىم، لېكىن ئۇنداق ئادەم زادىلا ئوتتۇرىغا چىقمىدى. مەن ئەزەلدىن تارتىپ يېڭى، ياش جەڭچىلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەلدىم، بىرنەچچە ئەدەبىيات تەشكىلاتىنىمۇ قۇرۇپ باقتىم، لېكىن ئۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ئاز بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز زۆرۈر.

تېزدىن نۇرغۇن يېڭى جەڭچىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشىمىز لازىم. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەدەبىيات سېپىدىكىلەر «سۇنماس» بولۇشى كېرەك. «سۇنماس» دېگەن سۆز چىڭ سۇلالـ

سى دەۋرىدە باگۇ ئەدەبىياتى يازغانلارنىڭ «دەرۋازا قاقىدىغان پاخشەخىش»نى ئىشلەتكىنىگە ئوخشاش يولنى تۇتماسلىق كېرەك، دېمەكتۇر. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان باگۇ ئەدەبىياتى «ئىلىم ئەھلى» بولۇۋېلىپ مەنسەپ تۇتۇش قورالى ئىدى. ئىشقىلىپ «تەكشى، راۋان، ئۆزگىرىشچان، چوڭقۇر» يازالىسىلا، شۇنىڭ ياردىمى بىلەن «موللا، خەتمەكەردە» ئۇنۋانىغا ئېرىشىۋالاتتى - دە، باگۇ ئەدەبىياتىنى چۆرۈۋېتىپ، ئۆمۈر بويى ئىككىنچىلەپ قولىغا ئالمايتتى. ئۇ ئەدەبىياتنىڭ «دەرۋازا قاقىدىغان پاخشەخىش» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ ئەدەبىيات خۇددى دەرۋازا قېقىشقا ئىشلىتىلىپ، دەرۋازا ئېچىلغاندىن كېيىن چۆرۈپ تاشلىنىدىغان، ھەرگىز ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرمەيدىغان پاخشە خىشقا ئوخشايتتى. بۇ چارىنى بىرمۇنچە كىشىلەر ھازىرغىچە قوللىنىپ يۈرمەكتە. بىر - ئىككى پارچە شېئىرلار توپلىمىنى ياكى ھېكايىلەر توپلىمىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىنلا ئەبەدىي غايىب بولۇپ كېتىدىغان كىشىلەرنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. ئۇلار نەگە يوقىلىپ كېتىدۇ؟ ئۇلار بىر ياكى ئىككى پارچە كىتاب يېزىپ، ئاز - تولا ئاتاق چىقىرىپ، پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ياكى باشقا بىرەر ئورۇنغا ئىگە بولۇۋالغاندىن كېيىن، خىزمەتمۇ كۆرسەتكەن، ئابرۇيمۇ قازانغان بولۇپ شېئىر ياكى ھېكايە يېزىشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ بىلىدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ غايىب بولۇپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، جۇڭگودا مەيلى ئەدەبىيات ياكى پەن ساھەسىدە ھېچ نەرسە ۋۇجۇدقا كەلمەيدۇ. ۋەھالەنكى، بىزگە بولسا نەزمە لازىم، چۇنكى ئۇ بىزگە كېرەك (ئا. ۋ. لۇناچارسكىي ھەتتا روسىيە دېھقانلىرىنىڭ گۇزەل سەنئەتلىرىنىمۇ ساقلاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، چۇنكى ئۇلارنى ئىشلەپ چەت ئەل كىشىلىرىگە ساتساق، بىزگە ئىقتىسادىي ياردىمى بولىدۇ، دەيدۇ. مېنىڭچە، ئەگەر بىزدە ئەدەبىيات ياكى پەن ساھەسىدە باشقىلارغا بەرگۇدەك بىرنەرسە بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ بىزگە ھەتتا جاھانگىرلىك زۇلمىدىن قۇتۇلۇش جەھەتتىكى سىياسىي ھەرىكەتلەردىمۇ پايدىسى تېگىدۇ). لېكىن، مەدەنىيەت ساھەسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۇچۇن سۇنماس بولماي مۇمكىن ئەمەس.





ئاخىرىدا، مېنىڭچە، بىرلىك سەپ ئومۇمىي مەقسەتنى ئۆزىگە زۆرۈر شەرت قىلىشى كېرەك. «ئەكسىيەتچىلەر بىرلىك سەپ قۇرۇپ بولدى، بىز تېخىچە ئىتتىپاقلىشالمىدۇق!» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ قالغانلىقىم ئېسىمدە. ھەقىقەتتە، ئۇلاردا ئاڭلىق بىرلىك سەپ يوق، ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئوخشاش بولغاچقا، ھەرىكىتىمۇ بىر، شۇڭا بۇ ھال بىزگە بىرلىك سەپتەك كۆرۈنىدۇ. بىزنىڭ سەپلىرىمىزنىڭ بىرلىككە كېلەلمىگەنلىكى بولسا، مەقسەتتە بىر بولالمىغانلىقىمىزنى ياكى پەقەت كىچىك تەشكىلاتلارنى ياكى پەقەت شەخسىي مەنپەئەتنىلا كۆزدە تۇتقانلىقىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. ئەگەر بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئىشچى - دېھقان ئاممىسى مەنپەئىتى بولىدىكەن، سەپلىرىمىزمۇ بىرلىككە كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.

# «ياخشى ھۆكۈمەتىزم» (91)

لياڭ شىچيۇ ئەپەندىمۇ بۇ قېتىم «يېڭى ئاي» نىڭ «پارچە ـ پۇرات» لىرىدا «ھازىرقى ھالەتكە نارازى» (92) لىقنى قۇۋۋەتلەپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ قارىشىچە، «ھازىرقى بىلىملىك ئادەملەر (بولۇپمۇ ئىلگىرىكىدىنلا ‹باشلامچى›، ‹نوپۇز ئىگىسى›، ‹ئىلغار› دېگەن ناملىرى بار ئادەملەر) نىڭ مەسخىرە ۋە تەنە بىلەن ‹ھازىرقى ھالەتكە نارازى› پارچە تەسىراتلارنى ئېلان قىلىش بىلەنلا توختاپ قالماستىن، ‹ھازىرقى ھالەت› كە ئاكتىپ داۋا بولىدىغان رېتسېپلارنىمۇ تېخىمۇ ئىخلاس بىلەن ئىزدەپ تېپىش مەسئۇلىيىتى بار» ئىكەن.

نېمىشقا؟ چۈنكى، كېسەل بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا دورا بېرىش شەرت، «سەنمىنجۇيى بۇنىڭ بىر دورىسى، — دەيدۇ لياڭ ئەپەندى، — كوممۇنىزممۇ بۇنىڭ بىر دورىسى، دۆلەتچىلىك (93) مۇ بۇنىڭ بىر دورىسى، ھۆكۈمەتسىزلىك (94) مۇ بۇنىڭ بىر دورىسى، ياخشى ھۆكۈمەتىزممۇ بۇنىڭ بىر دورىسى»، ھازىر سەن «دورىلارنىڭ ھەممىسىنى كەمسىتىپ، بىر تىيىنگە ئەرزىمەس قىلىۋەتتىڭ، راسا جېنىغا تەگدىڭ... خىيالىڭ نېمە زادى؟».

بۇنداق خىيالنى ھەقىقەتەن تەرگەش كېرەك. لېكىن، ئەمەلىيەتتە ئوخشاش بىر ئاپتورنىڭ سەنمىنجۇيىچىنى ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىچە ئەركىنلىككە خىلاپلىق قىلىدى دەپ، كوممۇنىزمچىنى روسىيىنىڭ رۇبلىلىرىنى قوبۇل قىلدى دەپ، دۆلەتچىلىكنى





تولىمۇ تار دەپ، ھۆكۈمەتسىزلىكنى تولىمۇ پۇچەك دەپ... يازغان پارچە تەسىراتلىرىنى كۆرگىنىم يوق. دېمەك، لياڭ ئەپەندىنىڭ «پارچە ـ پۇرات» لىرى ئۇ كۆرگەن پارچە تەسىراتلارنىڭ جىنايىتىنى مۇبالىغە قىلىۋېتىپتۇ.

ئەمەلىيەتتە بىرەر خىل ئىزم (مەسلەك) نىڭ ئاساسلىرىدىكى كەمچىلىكلەرنى ياكى شۇ كەمچىلىكلەردىن كېلىپ چىققان ئىللەتلەرنى ئەيىبلەيدىغان ئادەملەر مەلۇم ئىزمچى بولمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ. مەسىلەن، يانچىلىش زەربىسىدىن ئاغرىسا، ھەرقانداق ئادەم ۋارقىرايدۇ، تېخىمۇ ئوبدان ئىزمنى ئويلاپ تاپقۇچە لېۋىنى چىشلەپ تۇرىۋېرىشى ناتايىن. دەرۋەقە، تېخىمۇ ئوبدان تەشەببۇس تېپىلىسىغۇ، ئۇ باشقا گەپ ئىدى.

بىراق، مېنىڭچە، لياڭ ئەپەندى كەمتەرلىك بىلەن ئاخىرىغا قويغان «ياخشى ھۆكۈمەتىزم» نى تېخىمۇ كەمتەرلىك بىلەن مۇستەسنا قىلىۋېتىش توغرا كېلىدۇ، چۈنكى مەيلى سەنمىنجۇيى، ھەتتا ھۆكۈمەتسىزلىك بولسۇن، مەيلى بۇلارنىڭ خۇسۇسىيەت جەھەتتىكى ئىسسىق ياكى سوغۇقلۇقى قانداق بولسا بولسۇن، ئۇنىڭ يازغىنى خۇددى گەج، دارچىن دېگەنگە ئوخشاش دورىلارنىڭ ئىسمىدىنلا ئىبارەت، بۇلارنى ئىچكەندىن كېيىن مەنپەئەت قىلامدۇ ياكى زىيان قىلامدۇ، ئۇ باشقا گەپ. پەقەت «ياخشى ھۆكۈمەتىزم» دېيىلگەن بۇ «دورا» توغرىسىدا ئۇنىڭ رېتسېپتا يازغىنى دورىنىڭ ئىسمى ئەمەس، «ياخشى دورا ـ دەرمەك» دېگەن سۆز ۋە قۇرۇق گەپنى تولا قىلىدىغان ئېتى ئۇلۇغ، سۈپۈرسى قۇرۇق تېۋىپلارچە بەزى «تەشەببۇس». دۇرۇس، ھېچكىم كېسەلنى داۋالاشتا يامان دورىنى ئىشلىتىش كېرەك، دەپ ئېيتالمايدۇ، لېكىن بۇ رېتسېپقا تېۋىپلارلا بېشىنى چايقاپ قالماستىن، ھەرقانداق ئادەممۇ ئۇنى «ماختاپ ـ كەمسىتىپ بىر تىيىنگە ئەرزىمەس» قىلىۋېتىشى مۇمكىن (بۇ يەردە «ماختاپ» دېگەن سۆزنى قوللىنىش قاملاشمايلا

قالماستىن، لياڭ ئەپەندىنىڭ «ماختاش» بىلەن «كەمستىش» نىڭ قارىمۇقارشى مەنىلىرىنى ئايرىۋالالمايدىغانلىقىنىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، لېكىن لياڭ ئەپەندىنىڭ ئەسلىي يازغىنى شۇنداق بولغاچقا، ئەسلىي پېتىچە قويۇپ قويدۇم).

ئەگەر بۇ تېۋىپ ئىزاغا چىدىماي: «مېنىڭ ياخشى دورا ئىزمىلىرىمغا تەنە قىلغۇچە، ئۆزۈڭنىڭ دورىلىرىڭنى يېزىپ باققىنا!» دەپ تېرىكسە، بۇ تېخىمۇ چوڭ كۈلكىلىك بولۇۋاتقان «هازىرقى هالەت» نىڭ بىرى بولۇپ چىقىدۇ، ئۇ هالدا بىرەر ئىزمغا ئاساسلانماي تۇرۇپمۇ، پارچە تەسىراتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش مۇمكىن. پارچە تەسىراتلارنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەسلىكىگە ئەنە شۇنداق «هازىرقى هالەت» لەرنىڭ تولىمۇ كۆپ بولۇۋاتقانلىقى سەۋەبچى بولماقتا.

1930 - يىل 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى





# «كاپىتالىستلار» نىڭ «سالپايغان» «لالما ئىتى» [95]

لياڭ شىچيۇ ئەپەندى «بوز يەر ئاچقۇچى» ژۇرنىلىدا ئۆزىنىڭ «كاپىتالىستنىڭ ئىتى» [96] دەپ ئاتالغانلىقى ئۈچۈن، «مەن خاپا بولمايمەن» [97] دېگەن ماقالىنى يېزىپتۇ، بۇنىڭدا ئاۋۋال ئۇ «بوز يەر ئاچقۇچى» نىڭ 2 - سان 672 - بېتىدىكى تەبىر [98] گە ئاساسەن، «ئۆزۈمنى پرولېتارىيات سىنىپىدىكىلەرنىڭ بىرىگە بىرئاز ئوخشايدىغاندەك هېس قىلىمەن» دېگەندىن كېيىن، «ئىت» قا تەبىر بېرىپ، «ئومۇمەن ئىت (غالچا) لارنىڭ هەممىسى خوجايىنىنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ، شۇنىڭ بىلەن بىرئاز ئىنئامغا ئىگە بولۇش كويىدا بولىدۇ» دەپتۇ ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مۇنداق بىر گۇماننى يېزىپتۇ:

«‹بوز يەر ئاچقۇچى› مېنى كاپىتالىستنىڭ ئىتى - غالچىسى دەپتۇ. قايسى كاپىتالىستنىڭ ئىكەنمەن ياكى هەممە كاپىتالىستنىڭمىكەنمەن؟ مەن تېخى ئۆز خوجايىنىمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، ئەگەر بىلگەن بولسام، چوقۇم بىرنەچچە نۇسخا ژۇرنالنى ئېلىپ بېرىپ، خوجايىنىمغا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىمنى ئىزهار قىلاتتىم، بەلكىم بىرنەچچە تىللا ياكى رۇبلى مۇكاپات ئالغان بولاتتىم… داۋاملىق ئەمگەك قىلىۋەرسەملا پۇل تېپىپ جان باقالايدىغانلىقىمنى بىلىمەن. كاپىتالىستنىڭ خەزىنىچىسىنىڭ ئالدىغا قانداق بېرىپ

تىللا ئېلىشنىڭ، ×× پارتىيىگە قانداق بېرىپ رۇبلى ئېلىشنىڭ يوللىرىنى مەن نەدىن بىلەي؟…»

مانا بۇ — «كاپىتالىستنىڭ غالچىسى» نىڭ دەل جانلىق تەسۋىرى. غالچىلا بولىدىكەن، ئۇنى بىر كاپىتالىست باققان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەممە كاپىتالىستقا مەنسۇپ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بايلارنى كۆرگەندە كۈچۈكلىنىدۇ، گادايلارنى كۆرگەندە قاۋايدۇ. ئۆزىنىڭ خوجايىنى كىم ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكى — ئۇنىڭ ھەرقانداق بايىنى كۆرگەندە كۈچۈكلىنىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى، شۇنىڭدەك ھەممە كاپىتالىستقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنىڭمۇ دەلىلى. باقىدىغان ئادىمى بولماي، ئاچلىقتىن ئورۇقلاپ كەتكەن، لالما ئىتقا ئايلىنىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا بايلارنى كۆرگەندە كۈچۈكلىنىپ، گادايلارنى كۆرگەندە قاۋايدۇ، بىراق بۇ چاغدا ئۇ خوجايىنىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ.

لياڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ خۇددى پرولېتارىيات (لياڭ ئەپەندىنىڭ ئىلگىرى ئېيتقىنىدەك «ئاجىزلىقىدىن مەغلۇپ بولغۇچى») قا ئوخشاش جاپا چېكىپ يۈرگەنلىكىنى ۋە لېكىن «خوجايىنىنىڭ كىم» لىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلغانىكەن، ئۇ كېيىنكى بىر خىلغا كىرىدۇ، ئېنىق بولسۇن ئۈچۈن، بۇنىڭغا يەنە بىر سۆزنى قوشۇپ، «كاپىتالىستلار» نىڭ «لالما ئىتى» دېيىشكە توغرا كېلىدۇ.

لېكىن، بۇ نامنىڭ بىرئاز كەمچىلىكىمۇ بار. لياڭ ئەپەندى قانداقلا بولمىسۇن بىلىملىك پروفېسسور، شۇڭا ئادەتتىكىلەرگە ئوخشاشمايدۇ. ئۇ ئاخىر «ئەدەبىياتتا سىنىپىيلىق بولامدۇ؟» دەپ سۆزلىمەيدىغان بولدى، ئۇ «لۇشۈن ئەپەندىگە جاۋاب»[99] دېگەن ماقالىسىگە، سىم تاناب تۇۋرۇكىگە «سوۋېت ئىتتىپاقىنى قوراللىق قوغدايلى» دېگەن سۆزلەرنى يېزىشىپتۇ، گېزىتخانىنىڭ ئەينەكلى-





رىنى چېقىۋېتىشىپتۇ، دېگەن جۈملىلەرنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن كىرگۈزگەن؛ يۇقىرىقى نەقىل كەلتۈرۈلگەن يەردە «×× پارتىيىگە بېرىپ رۇبلى ئاپتۇ» دېگەن سۆزلەرنىمۇ يازغان؛ قەستەن كىرگۈزگەن ئىككى ×× ھەرقانداق ئادەم دەرھال پەم قىلالايدىغان «كوممۇنىست» دېگەن سۆز بولۇپ، بۇ سۆزىدە «ئەدەبىياتتا سىنىپىيلىق بار» لىقىنى تەشەببۇس قىلىپ، لياڭ ئەپەندىنىڭ زىتىغا تېگىپ قويغانلىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى «سوۋېت ئىتتىپاقىنى ھىمايە قىلىدۇ» ياكى «بېرىپ رۇبلى ئالىدۇ» دېمەكچى. بۇ دۈەن چىرۋىنىڭ قاراۋۇللىرى ئوقۇغۇچىلارنى ئېتىپ ئۆلتۈرسە[100]، «سەھەر» گېزىتى[101] نىڭ ئوقۇغۇچىلار بىرنەچچە رۇبلىنى دەپ جېنىنى سېلىپ بەردى، دېگىنى بىلەن، بۈيۈك ئەركىنلىك ئىتتىپاقى[102] دا مېنىڭ ئىسمىم چىقسا، «ئىنقىلاب گېزىتى»[103] نىڭ ئۆز خەۋىرىدە «ساپسېرىق يالتىراپ تۇرىدىغان رۇبلىغا سېتىلغان» دېگىنى بىلەن ئوخشاش بىر نەيرەڭ. لياڭ ئەپەندى، ئېھتىمال، ئۆز خوجايىنىمغا باسمىچىلار («ئىلىم باسمىچىلىرى»)[104] نى ھىدلاپ تېپىپ بېرىمەن، بۇمۇ «تەنقىد» نىڭ بىر خىلى بولىدۇ، دەپ ئويلىسا كېرەك، لېكىن بۇنداق كەسىپ «جاللات» لىقتىنمۇ ئۆتۈپ كەتكەن پەسلىك بولىدۇ.

يادىمدا تۇرۇپتۇ، «گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ھەمكارلاشقان» دەۋردە، خەۋەر ۋە نۇتۇقلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنى ماختاش ناھايىتى مودا بولۇپ قالغانىدى. لېكىن، ھازىر ئۇنداق ئەمەس، گېزىتلەرنىڭ يېزىشىچە، ساقچىلار سىم تاناب تۇۋرۇكىگە خەت يازغانلارنى ۋە «×× پارتىيە» دىكىلەرنى جان - جەھلى بىلەن تۇتماقتا، شۇڭا ئۆزىنىڭ مۇنازىرىچى رەقىبلىرىنى «سوۋېت ئىتتىپاقىنى ھىمايە قىلغۇچى» ياكى «×× پارتىيە» نىڭ ئەزاسى دەپ قارىلاشنىڭ راسا مودا بولۇشىمۇ تەبىئىي. بەلكىم خوجايىنىدىن «بىرئاز ئىنئام» ئېلىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن، لياڭ ئەپەندىنىڭ



غەرىزى «ئىنئام» ياكى «تىللا» ئېلىش دېيىلسە ئۇۋال بولىدۇ، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. بىراق، ئۇ پەقەت بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ «ئەدەبىي تەنقىد» جەھەتتىكى ماغدۇرسىزلىقىغا ياردەم بېرىدىغان مەدەت ئالماقچى، خالاس. شۇنىڭ ئۇچۇن، «ئەدەبىي تەنقىد» جەھەتتىن ئالغاندا، «ئىت ـ غالچا» دېگەن سۆزنىڭ ئالدىغا «سالپايغان» دېگەن سۈپەتنىمۇ قوشۇپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ.

1930 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى





# «تەرەققىيات ۋە چېكىنىش»كە قىسقىچە كىرىش سۆز[105]

بۇ، تەرجىماننىڭ 10 يىلدىن بۇيان تەرجىمە قىلغان 100 پارچىغا يېقىن ماقالىدىن تاللىغان، ئانچە بەك مەخسۇس مەسىلىلەرگىمۇ قارىتىلمىغان، ھەممە ئادەم ئوقۇپ كۆرۈشكە بولىدىغان ئەسەرلەرنى كەڭرەك تارقالسۇن، دەپ توپلىغان كىتابى. بۇنىڭدىن، بىرىنچىدىن، تەدرىجىي تەرەققىيات توغرىسىدىكى تەلىماتنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئەھۋالىنى كۆرگىلى بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، جۇڭگولۇقلارنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا نەزەر سالغىلى بولىدۇ.

تەدرىجىي تەرەققىيات تەلىماتى جۇڭگوغا خېلى بۇرۇن، يەنى يەن فۇ[106] نىڭ ھېكسلىنىڭ[107] «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى»نى تەرجىمە، بايان قىلىپ بېرىشى بىلەن كىرگەن. لېكىن، ئاخىر ئۇ تەلىماتنىڭ قۇرۇق ئىسمىلا قالدى، ياۋروپا ئۇرۇشى دەۋرىدە مۇلاھىزىچىلەر ھەتتا ئۇنى خاتا چۈشىنىۋالدى، ھازىر ئۇنىڭ ھەتتا ئىسمىمۇ ئۆچۈپ كېتەي دەپ قالدى. بۇ جەرياندا تەلىماتلاردا بىرقانچە قېتىم ئۆزگىرىش تۇغۇلدى: ھۇگودې ۋرېس[108] نىڭ «ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىش» تەلىماتى بىر مەزگىل دەۋر سۈرگەندىن كېيىن سۇنۇپ قالدى؛ لامارك[109] نىڭ «مۇھىت تەلىماتى» بىر مەزگىل سۇنۇپ قالغاندىن كېيىن يەنە قايتا جانلاندى. بىز تەبىئەت دۇنياسىدا ياشاپ تۇرغان بولساقمۇ، لېكىن تەبىئەتنىڭ ئەنە شۇنداق زور قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشقا ئومۇ-



مەن كۆڭۈل بۆلگىنىمىز يوق. بۇ كىتابنىڭ باش قىسمىدىكى ئىككى پارچە ماقالە بىلەن ئاخىرىدىكى ئىككى پارچە ماقالە، يەنى يېڭى لاماركچىلار[110] نىڭ نەزەرىيىسىدىن ئومۇمىي ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇپ، ھېلىقىدەك قۇسۇرلارنى بىرئاز تۈگەتكىلى بولىدۇ.

لېكىن، ھەممىدىن مۇھىمى ئاخىرقى ئىككى پارچە ماقالە[111] دەشت - چۆللەرنىڭ بارا - بارا جەنۇبقا كۆچۈۋاتقانلىقى، ئوزۇقلۇقلارنىڭ يېتەرسىزلىك قىلىۋاتقانلىقى جۇڭگو ئادەملىرى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، ئىنتايىن زۆرۈر مەسىلە بولۇپ قالدى، ئەگەر بۇ مەسىلە ھەل قىلىنمايدىكەن، ئاقىۋىتىمىز ھالاكەتتىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ. جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخى تېگىگە يېتەلمىگەن سەۋەبلەرنى يېشىشكە، جۇڭگولۇقلار جاپاغا ناھايىتى چىدايدۇ، دەيدىغان سەپسەتىلەرنى يوقىتىشقا ياردەم بېرەلەيدىغانلىقى بۇ كىتابنىڭ بىزگە بېرىدىغان ئىككىنچى ئورۇندىكى بەھرىسى. ئورمانلار كېسىلىپ تۈگەۋاتىدۇ، سۇلار قۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ، كەلگۈسىدە بىر تامچە سۇ قانغا ئوخشاش قىممەتلىك بولۇپ كېتىشى مۇمكىن، ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى ياشلار ئەنە شۇ ئەھۋاللارنى ئېسىدە تۇتالىسا ۋە ئەسلىيەلىسە، ئۇ ھالدا بۇ كىتابنىڭ قەدىر - قىممىتى ناھايىتى كۆپ ئاشقان بولىدۇ.

بىراق، تەبىئىي پەن دائىرىسىدىكى گەپلەر ئەنە شۇ يەردىلا توختايدۇ، ئۇنىڭ بېرىدىغان جاۋابلىرىمۇ سۇنى تىزگىنلەش ۋە ئورمان بىنا قىلىشتىنلا ئىبارەت. بۇلار قارىماققا ناھايىتى ئاددىي، ناھايىتى ئاسان بىر ئىشتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئاددىي، ئاسان ئەمەس. بۇ يەردە سىمېدلىيې[112] خانىمنىڭ «جۇڭگو يېزىلىرىدىكى تۇرمۇشتىن پارچىلار» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدىن ئىككى ئابزاسنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرەي:

«ئۇنىڭ (خىزمەتكار ئايالنىڭ) ئېيتىشىچە، ئۇ ئەتە ئۆز





قېرىندىشىنى قاماقتىن بوشىتىش يولىدا گۇندىپايىغا يېلىنىپ كۆرۈش ئۈچۈن نەنيۈەنگە[113] بارماقچى، ئۇنىڭ قېرىندىشى 60 نەپەر — ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ بار ئىكەن — يېزا ئادىمى بىلەن بىللە بۇنىڭدىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى قولغا ئېلىنىپ قاماققا چۈشۈپ قاپتۇ، ئۇلار باشقا تۇرمۇش ۋاستىلىرى تۈگەپ قالغاندىن كېيىن، دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى كەسكەن ياكى قوۋزاقلىرىنى سويغانىكەن. ئۇلار بۇزۇپ تاشلايلى دېگەن نىيەت بىلەن ئەمەس، ياغاچ - شاخلارنى سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا ئاشلىق ئالارمىز، دەپ شۇنداق قىلغانىكەن...

نەنيۈەن خەلقى ھوسۇل ئالالمىغان تۇرسا، ئاشلىقى ئۈزۈلۈپ قالغان تۇرسا، قىلارغا ئىش تېپىلمىسا، ئىككى مو يېرى نېمىگە ئەسقاتسۇن؟... ئازغىنە پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىسا، ئۇ پاراكەندىچىلىك مىڭلىغان ئادەمنى غېرىب - غۇرۋالار قاتارىغا تاشلايدىكەن... شۇ چاغلاردا (مىلىتارىستلار يېغىنى بولۇپ تۇرغاندا) نەنيۈەندە دەل - دەرەختىن باشقا نەرسە قالماپتۇ؛ يېزا خەلقى دەل - دەرەخنى كېسىشكە باشلىغاندا، ساقچىلار ئۇلارنى تۇتۇۋاپتۇ ۋە قاماپ قويۇپتۇ.» («ئۇندۇرمە» ژۇرنىلىنىڭ 5 - سانىدىكى 177 - بېتىگە قاراڭ).

دېمەك، دەل - دەرەخنى ئەنە شۇنداق قوغداش نەتىجىسىدە، دەرەخلەرنىڭ قوۋزاقلىرىنى سويىدىغان، ئوت - چۆپلەرنىڭ يىلتىزىنى كولايدىغان ئادەملەر كۆپىيىدۇ، بۇ ئەھۋال ئەكسىچە چۆل - جەزىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا زامىن بولىدۇ. لېكىن، بۇ كىتاب تەبىئىي پەن بىلەنلا چەكلەنگەچكە، بۇنداق ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتمىغان. بۇ تەبىئىي پەندە بايان قىلىنغان پاكىتلاردىن كېيىن مەسىلىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ھەل قىلىدىغىنى ئىجتىمائىي پەن.

1930 - يىل 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى

# «سەنئەت توغرىسىدا»نىڭ تەرجىمىسىگە مۇقەددىمە[114]

## 1

پىلېخانوف (Geore Valentinovitch Plekhanov) 1857 ـ يىلى تامبوۋ ئۆلكىسىدىكى بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ تۇغۇلۇپ ياش قۇرامىغا يەتكەنگە قەدەر بولغان ئارىلىق دەل روسىيە ئىنقىلابىي ھەرىكىتى تارىخىدا زىيالىيلار دەسلەپتە: روسىيە خەلقى، يەنى كۆپ سانلىق دېھقانلار سوتسىيالىزمنى چۈشىنىۋالدى، ئۇلار روھىي جەھەتتىن ئاڭسىز سوتسىيالىزمچىلار بولۇپ قالدى، شۇنىڭ ئۈچۈن نارودنىكلارنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت «نارود (خەلق) ئارىسىغا بېرىش»، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ تارتقۇلۇقلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ پومېشچىك ۋە ئەمەلدارلارغا بولغان نەپرىتىنى قوزغاش، ئەنە شۇ چاغدىلا دېھقانلار ئۆزلۈكىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئەركىن ئاپتونومىيىنى، يەنى ھۆكۈمەتسىزلىك ئاساسىدىكى ئىجتىمائىي تەشكىلاتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ، دېگەن پىكىردە ئىدى.

لېكىن، دېھقانلار نارودنىكلارنىڭ تەشۋىقاتلىرىغا قۇلاق سالمايتتى، ئەكسىچە، شۇ تەرەققىيپەرۋەر ئاقسۆڭەك پەرزەنتلىرىگە نارازى ئىدى. پادىشاھ ئالېكساندىر II[115] نىڭ ھۆكۈمىتى بولسا ئۇلارنى قاتتىق جازالىغانىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىر ئۇلارنىڭ بىر قىسمى نەزىرىنى دېھقانلار تەرەپتىن يۆتكەپ، غەربىي ياۋروپادىكى





تەرەققىي قىلغان مەملىكەتلەردىن ئۈلگە ئېلىپ، مۇلۈكدارلار بەھرىمەن قىلغان مەملىكەتلەردىن ئۈلگە ئېلىپ، مۇلۈكدارلار بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇق ۋە مەنپەئەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. دېمەك، «يەر ۋە ئەركىنلىك» پارتىيىسى[116] دىن «خەلق ئىرادىسى» پارتىيىسى بۆلۈنۈپ چىقىپ، سىياسىي كۈرەش بىلەن شۇغۇللاندى، لېكىن ئۇلارنىڭ تەدبىرى ئادەتتىكى ئىجتىمائىي ھەرىكەت بولماستىن، بەلكى ھۆكۈمەت بىلەن تەنها كۈرەش قىلىش، بارلىق كۈچىنى تېررورلۇق ۋاستىسىگە — يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشكە — سەرپ قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

ياش پىلېخانوف ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيىتىنى ئېھتىمال مۇشۇنداق ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمى ئاستىدا باشلىغان بولسا كېرەك. لېكىن، بۆلۈنۈش ۋاقتىدىمۇ، دېھقانلار سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت تۇپ كۆزقاراشتا چىڭ تۇرغانلار تېررورلۇققا، پۇقرالارنىڭ سىياسىي ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشكە قارشى تۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا «يەر ئۆزلەشتۈرۈش» پارتىيىسى[117] نى تەشكىللەپ، ئۇمىدىنى پەقەت دېھقانلار قوزغىلىڭىغا باغلىغان، پىلېخانوف بولسا، زىيالىيلار سىنىپىنىڭ تەنها ھالدا ھۆكۈمەتكە قارشى كۈرەش قىلىشى بىلەن ئىنقىلابنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈش ناھايىتى تەس، دېھقانلاردا سوتسىيالىستىك خاھىش كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئەمگەكچىلەر (ئىشچىلار) ئىنتايىن مۇھىم، دېگەن مۇستەقىل كۆزقاراشتا بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئىنقىلابىي ھەرىكەتتىكى رۇس ئىشچىلىرى» دېگەن ماقالىسىدە: ئىشچىلار شەھەرلەرگە كېلىپ قالغان، ھازىر بولسا زاۋۇتلاردا ئىشلەۋاتقان دېھقانلاردۇر، سوتسىيالىزمنى يېزىلارغا سىڭدۈرۈشتە ئەنە شۇ دېھقان ئىشچىلار ئەڭ باب ۋاستىچى بولالايدۇ. چۈنكى، دېھقانلار ئۆزىدىن چىققان ئىشچىلارنىڭ گېپىگە زىيالىيلار سىنىپىغا قارىغاندا بەكرەك ئىشىنىدۇ، دېگەن.

ئەمەلىيەتمۇ ئۇنىڭ پەرەز قىلغىنىدىن ئانچە يىراق بولۇپ
چىقمىدى. 1881 ـ يىلى تېرروروچىلار بارلىق كۈچىنى ئىشقا
سېلىپ، ئالېكساندىر Ⅱ نى يوشۇرۇن ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ، خەلق
ئاممىسى كۆتۈرۈلۈپ چىقمىدى. پۇقرالارمۇ ئەركىنلىككە ئېرىشەل-
مىدى. نەتىجىدە، قابىل رەھبەرلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۆلتۈرۈلدى،
بەزىلىرى قاماققا ئېلىندى، «خەلق ئىرادىسى» پارتىيىسى ھالاكەت
گىردابىغا بېرىپ قالدى، ھەتتا بۇ پارتىيىگە مەنسۇپ بولماي،
ئىشچىلار سوتسىيالىزمىغا مايىل بولغان پلېخانوف قاتارلىق كى-
شىلەرمۇ ھۆكۈمەتنىڭ زۇلمىغا ئۇچراپ، ئاخىر چەت ئەلگە قېچىپ
كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

ئۇ ئەنە شۇ چاغدا غەربىي ياۋروپادىكى ئەمگەكچىلەر ھەرىكىتى
بىلەن بارغانسېرى يېقىنلىشىپ، ماركس ئەسەرلىرىنى تەتقىق قى-
لىشقا باشلىدى.

ماركسنىڭ نامى روسىيىگە ئاللىقاچانلا مەلۇم ئىدى، «كاپى-
تال»نىڭ 1 ـ تومى باشقا دۆلەتلەردىكىگە قارىغاندا روسىيىدە
بالدۇر تەرجىمە قىلىنغانىدى[118]. نۇرغۇنلىغان «خەلق ئىراد-
سى» تەرەپدارلىرى ماركسنىڭ شەخسەن ئۆزى بىلەن تونۇشاتتى،
خەت ـ ئالاقە قىلاتتى، لېكىن ئۆزلىرى شۇنچە قەدىرلىگەن ماركس-
نىڭ ئىدىيىسى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە روسىيىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس
كەلمەيدىغان ۋە رۇسلار بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان نوقۇل
«نەزەرىيە» ئىدى. ئۇلارچە، روسىيىدە كاپىتالىزم يوق، روسىيى-
دە سوتسىيالىزم زاۋۇتتا ئەمەس، بەلكى يېزىدا پەيدا بولىدۇمىش.
پلېخانوف پېتىربۇرگدىكى ئەمگەكچىلەر ھەرىكىتىنى ئەسلىگەن
چېغىدىلا ئۇنىڭدا يېزا ھەققىدە شۇبھە پەيدا بولغانىدى، ماركسىزم
ئەسەرلىرىنى ئەسلىي نۇسخىلىرىدىن ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىسىدا،
ئۇنىڭ بۇ شۇبھىسى يەنىمۇ كۈچەيدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەينى
زاماندىكى بارلىق سانلىق مەلۇماتلارنى توپلاپ، ھەقىقىي ماركسچە





ئۇسۇل بىلەن تەتقىق قىلىپ، ئاخىر كاپىتالىزمنىڭ روسىيىگە
قەدەم تەشرىپ قىلىۋاتقانلىقىغا قەتئىي ئىشەندى. ئۇنىڭ 1884 ـ
يىلى ئېلان قىلىنغان «بىزنىڭ ئىختىلاپلىرىمىز» دېگەن كىتابى
نارودنىكلىق خاتالىقىنى ئەيىبلىگەن، ماركسىزمنىڭ ھەققانىي ئى-
كەنلىكىنى ئىسپاتلىغان مەشھۇر ئەسەر. ئۇ بۇ كىتابىدا كۆپ
سانلىق ئاماما ھېسابلانغان دېھقانلارنىڭ ئەمدىلىكتە سوتسىيالىزم-
نىڭ تۈۋرۈكى بولالمايدىغانلىقىنى؛ روسىيىدە شۇ كەملەردە شەھەر
سانائىتى راۋاجلىنىپ كاپىتالىستىك تۈزۈم شەكىللىنىۋات-
قانلىقىنى؛ بۇنىڭغا يارىشا كاپىتالىزمنىڭ دۈشمىنى، يەنى كاپىتا-
لىزمنى نەسلى ـ ۋەسلى بىلەن يوقىتىدىغان پرولېتارلارنىڭ مەيدا-
نغا كېلىشىنىڭ مۇقەررەر ئىكەنلىكىنى؛ شۇ سەۋەبتىن روسىيىدىمۇ
پرولېتارلار، غەربىي ياۋروپادىكىگە ئوخشاشلا، سىياسىي ئۆزگەر-
تىشتە ئەڭ ئەھمىيەتلىك سىنىپ بولىدىغانلىقىنى؛ ئۇلارنىڭ تۇتقان
ئورنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار قەتئىي ۋە تەشكىللىك ئىنقىلاب
قىلىشتا باشقا سىنىپلارغا قارىغاندا تېخىمۇ زور ئىقتىدارغا ئىگە
ھەمدە كەلگۈسىدىكى روسىيە ئىنقىلابىنىڭ مەرگەنلىرى بولۇشقا
ئەڭ مۇۋاپىق سىنىپ ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەنىدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، پلېخانوف ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر بولۇپلا
قالماستىن، بەلكى روسىيە ماركسىزمچىلىرىنىڭ سەركەردى-
سى ۋە ئويغانغان ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۇستازى ھەم يېتەكچىسى بولۇپ
قالدى.

## 2

لېكىن، پلېخانوفنىڭ پرولېتارىياتقا قوشقان ئالاھىدە تۆھپى-
سى كۆپىنچە نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى ئېلان قىلىشتىن ئىبارەت
بولدى، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس سىياسىي كۆزقارىشى تولا چاغلاردا

ئارىسالدىلىقتىن خالىي بولالمىدى.

1889 ـ يىلى، سوتسىيالىزمچىلار پارىژدا 1 ـ قېتىملىق خەلقئارا يىغىننى ئاچتى. يىغىندا پلېخانوف: «روسىيىدە ئىنقىلابىي ھەرىكەت پەقەت ئەمگەكچىلەر ھەرىكىتى بىلەنلا غەلىبە قىلالايدۇ، بۇنىڭدىن باشقا ھەل قىلىش يولى يوق» دېگەندە، بۇ گەپكە ھەتتا ياۋروپادىكى نۇرغۇنلىغان مەشھۇر سوتسىيالىزمچىلارمۇ تامامەن قارشى تۇرغانىدى، ئەمما كۆپ ئۆتمەي ئۇ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. يېزىق جەھەتتە، 1895 ـ يىلى «تارىخقا بىر نېگىزدىن قاراشنىڭ تەرەققىياتى» دېگەن ئەسەرنى نەشر قىلدى؛ پەلسەپە ساھەسىدە، ماتېرىيالىزمنى قوغداپ، نارودنىكلارغا قارشى كۈرەش قىلدى. ماركسىزمنىڭ ئومۇملاشقان دەۋرىدىكىلەرمۇ ئەنە شۇنىڭدىن تەلىم ئالدى، جەڭگىۋار ماتېرىيالىزمنىڭ ئاساسىنى چۈشىنىشتە ئەنە شۇنى ۋاستە قىلدى. كېيىنكى چاغلاردىكى ئەھلى ئىلىملار، تەبىئىيكى، ئۇنى ئەيىبلەپ تەنقىدلەپمۇ باقتى، لېكىن سىۋېيېنىف: «ئۇنداق قىلغاندىن كۆرە، دىققەتكە سازاۋەر بولغان بۇ كىتابلارنى يېڭى زامان كىشىلىرىگە چۈشەندۇرۇپ ۋە شەرھلەپ بېرىلگەن بولسا، تېخىمۇ ياخشى ئىش بولاتتى» دېدى. ئىككىنچى يىلى، ئەمەلىيەت جەھەتتە، ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ نارودنىكلارغا قارشى كۈرىشى نەتىجىسىدە، ئاخىر پېتىربۇرگدا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ 30 مىڭ كىشىلىك بىرلەشمە ئىش تاشلاش ھەرىكىتى پارتلاپ، روسىيە تارىخىدا يېڭى دەۋر ئاچتى، روسىيە پرولېتارىياتىنىڭ ئىنقىلابىي رولى كۆپچىلىككە تونۇلۇشقا باشلىدى. شۇ چاغدا لوندوندا ئېچىلغان سوتسىيالىزمچىلارنىڭ 4 ـ قېتىملىق خەلقئارا يىغىنىمۇ بۇنى قاتتىق ھاياجان بىلەن ئالقىشلىدى.

ۋەھالەنكى، پلېخانوف ئاخىرقى ھېسابتا نەزەرىيىچى ئىدى. لېنىن ئۆزىنىڭ پائالىيىتىنى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىلا باشلىدى، ئۇ پلېخانوفتىن ياش ئىدى، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا تەبىئىي ئىش تەقسىماتى بارلىققا كەلگەنىدى. پلېخانوفنىڭ ئارتۇقچىلىقى نەزەرىيە جەھەتتە بولۇپ، ئۇ دۈشمەن بىلەن پەلسەپە جەھەتتىن بەس ـ مۇنازىرە قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى، لېنىن بولسا ئۆزىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرىدىن باشلاپلا دىققىتىنى ئىجتىمائىي سىياسىي مەسىلىلەرگە، پارتىيە ۋە ئەمگەكچىلەر سىنىپى تەشكىلاتلىرىغا قاراتتى. ئۇلارنىڭ شۇ چاغدا ئۆزئارا ماسلىشىش ئارقىسىدا چىقارغان گېزىتى Iskara («ئۇچقۇن»)[119] بولدى، بۇنىڭغا قەلەم تەۋرەتكۈچىلەرنىڭ ئارىسىدا گەرچە ساپ بولمىغان ئۇنسۇرلار بولسىمۇ، لېكىن بۇ گېزىت ئەينى ۋاقىتتا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداپ، ئەمگەكچىلەر ۋە ئىنقىلابچىلارنىڭ بىرەر قاتلىمىنى كۈرەشكە قوزغاپ، نارودنىك زىيالىيلارنى تەۋرىتىپ قويدى.

بولۇپمۇ مەتبۇئات پائالىيىتى ۋە ئەمەلىي پائالىيەت مۇھىم ئورۇن تۇتتى. شۇ چاغدا (1900 ـ يىلىدىن 1901 ـ يىلىغىچە)، ئىنقىلابچىلار ئۆزلىرىنى تار دائىرىدە چەكلەپ قويۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىستىقبالىنى چۈشەنمەيتتى، ئۇلار پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىستىقبالىغا تايانغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى، ئېنىق پىلانىمۇ يوق ئىدى. قانچىلىك كۈچ سەرپ قىلىش لازىملىقىنى ۋە بۇنىڭ بىلەن قانداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى، مۇشۇنداق بىر ۋاقىتتا ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرگەن پارتىيىنى قۇرۇپ كۆرۈش، پۈتۈن پرولېتارىياتنىڭ ئومۇمىي روسىيىلىك سىياسىي تەشكىلاتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى كۆزقاراش تېخى يېڭى ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇش قىيىن كۆزقاراش ئىدى. «ئۇچقۇن» بۇ كۆزقاراشنى نەزەرىيە جەھەتتە شەرھلەپلا قالماستىن، بەلكى «ئۇچقۇن» تەشكىلاتىنىمۇ

قۇردى. پلېخانوفنىڭ گېزىتتە يېزىق شەكلىدە ئىپادىلىگەن پىلا-
نىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، «ئۇچقۇن» تەرەپدارى بولغان يارام-
لىق ئىنقىلابچىلاردىن 100 — 150 كىشى بۇ تەشكىلاتقا قاتناشتى.

ئەمما، 1903 - يىلىغا كەلگەندە، روسىيە ماركسىزمچىلىرى
بولشېۋىكلار (كۆپ سانلىقلار) ۋە مېنشېۋىكلار (ئاز سانلىقلار)
غا بۆلۈنۈپ كەتتى، لېنىن بولشېۋىكلارنىڭ يېتەكچىسى بولدى،
پلېخانوف بولسا، مېنشېۋىكلار قاتارىدا تۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ
ئىككىسى بەزىدە كېلىشىپ ئىشلىدى، بەزىدە كېلىشەلمىدى. مە-
سىلەن، 1904 - يىلى ياپونىيە - روسىيە ئۇرۇشىدا[120] چار
پادىشاھنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشتا،
1907 — 1909 - يىللاردا پارتىيە قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان دەۋردە
پلېخانوف لېنىن بىلەن بىر نىيەتتە بولدى. بولۇپمۇ كېيىنكى بىر
مەزگىلدە بولشېۋىكلارنىڭ تولىسى نائىلاج چەت ئەلگە قېچىپ كەت-
تى، ھەممە يەرنى چۈشكۈنلۈك قاپلىدى، ھەممىلا يەردە خائىنلار
پەيدا بولدى؛ ھەممە ئادەم بىر - بىرىنى كۆزىتىپ، بىر - بىرىدىن
قورقۇپ، بىر - بىرىدىن گۇمانلىنىپ يۈردى. ئەدەبىيات جەھەتتە
بولسا، شەھۋانىي ئەدەبىيات ئەۋج ئالدى، «سېنىن»[121] دېگەن
كىتاب ئەنە شۇ چاغدا مەيدانغا چىقتى. بۇنداق كەيپىيات بارلىق
ئىنقىلابچىلار قوشۇنىغا سىڭىپ كىردى، پارتىيە ئەزالىرى
ئايرىم - ئايرىم كىچىك تەشكىلاتلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى. بىكىرەكچى
مېنشېۋىكلار[122] بولشېۋىكلارغا ئۆلۈم تىلىگەنىدى. ئەنە شۇ پەيت-
تە، مېنشېۋىكلارنىڭ نوپۇزلۇق ئەربابى بولغان پلېخانوف بىكې-
رەكچىلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىش كېرەك، بولشېۋىكلارنى قوللاش
كېرەك، دەپ سۇرەن سالدى ھەمدە گېزىت - ژۇرناللاردا، پارلا-
مېنتتا بولشېۋىكلارغا باتۇرلۇق بىلەن ياردەم بەردى. شۇنىڭ بىلەن
باشقا مېنشېۋىكلار ئۇنى «ئۇ قېرىپ، يەر ئاستى قازناقنىڭ كۈيچە-
سى بولۇپ قالدى» دەپ مەسخىرە قىلىشتى.





ئىنقىلابنى جانلاندۇرۇش مەقسىتىدە يېڭى ئۇيۇشتۇرۇلغان
Zvezda («يۇلتۇز»)[123] گېزىتى 1910 - يىلىدىن باشلاپ چە-
قىرىلدى. پلېخانوف ۋە لېنىن ئۇنىڭغا چەت ئەلدىن ماقالە ئەۋە-
تىپ تۇردى. ئۇ ئىككى تەرەپ ھەمكارلىقىنىڭ نەشر ئەپكارى بول-
غاچقا، سىياسىي جەھەتتىكى يۈنىلىشنى دېگۈدەك ئېنىق ئىپادىلەپ
بېرەلمىدى. ئەمما، بۇ گېزىت سىياسىي ھەرىكەت بىلەن ئالاقىسى
زىچلاشقان مەزگىلدە ئۆزىنىڭ ھەمكارلىشىپ ئىشلەش خۇسۇسىيە-
تىنى يوقاتتى، ئاخىر پلېخانوف تەرەپدارلىرىنىڭ نامى تامامەن
ئۆچۈپ، گېزىت پۈتۈنلەي بولشېۋىكلارنىڭ جەڭگىۋار نەشر ئەپكارى
بولۇپ قالدى. 1912 - يىلى ئىككى تەرەپ يەنە بىرلىشىپ Pravda
(«ھەقىقەت»)[124] گېزىتىنى چىقاردى، بىراق ئىش قانات يايغان
چاغدا، پلېخانوف تەرەپدارلىرى ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا
سىقىپ چىقىرىلىپ، Zvezda ۋاقتىدىكىدەك تەقدىرگە قالدى.

ياۋروپا ئۇرۇشىدىن باشلاپ، پلېخانوف گېرمانىيە جاھانگىر-
لىكىنى ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ ۋە ئەمگەكچىلەر سىنىپىنىڭ ئەڭ
خەتەرلىك دۈشمىنى ھېسابلاپ، ئىككىنچى ئىنتېرناتسىئونال رەھ-
بەرلىرىگە ئوخشاشلا، ۋەتەنپەرۋەرلىك مەۋقەسىدە تۇرۇپ، ئەڭ
ياۋۇز نېمىسلار بىلەن كۈرەش قىلىش ئۈچۈن، ئۆز دۆلىتىنىڭ
بۇرژۇئازىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلىشىشتىن ۋە مۇرەس-
سەلىشىشتىن يانمىدى. 1917 - يىلىدىكى فېۋرال ئىنقىلابىدىن
كېيىن، ئۇ مەملىكىتىگە قايتىپ، سوتسىيالىستىك ۋەتەنپەرۋەر-
لەرنىڭ «ھەمكارلىق»[125] تەشكىلاتىنى ئۇيۇشتۇردى. بىراق،
روسىيىگە پرولېتارىياتنىڭ ئاتىسى بولغان پلېخانوفنىڭ ئىنقىلا-
بىي ھېسسىياتى ئەمەلىيەتتە روسىيە ئەمگەكچىلىرىنى تەسىرلەندۈ-
رۈش ئىقتىدارىنى يوقاتقانىدى. بىرېست سۈلھى[126] دىن كېيىن،
ئۇ روسىيە ئىشچى - دېھقانلىرىنىڭ ئېسىدىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك
كۆتۈرۈلۈپ، ئاخىر 1918 - يىل 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، شۇ

چاغدا گېرمانىيە ئارمىيىسى ئىشغالىيىتى ئاستىدا تۇرغان فىنلاندد-
ىيىدە يالغۇزلۇق ئىچىدە ۋاپات بولدى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ
سەكراتتا چۇشۇپ قالغان چاغدا: «ئەمگەكچىلەر سىنىپى مېنىڭ
پائالىيەتلىرىمنى بىلىۋاتامدىغاندۇر؟» دەپ جۆيلۈگەنمىش.

## 3

ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، InprekoL[127] (8 ـ يىللىق 54 ـ
سانى) دا بېسىلغان «گ. ۋ. پلېخانوف ۋە پرولېتارىيات ھەرىكىتى»
دېگەن بىر پارچە ماقالىدە ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى تۆھپىسى ۋە
خاتالىقىغا قىسقىچە باھا بېرىلگەن:

«... ئەسلىدە، پلېخانوف شۇنداق سوئال قويۇشقا ھەق-
لىق. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، ياش ئەمگەكچىلەر سىنىپى ئۇنى
ۋەتەنپەرۋەر سوتسىيالىست، مېنشېۋىك، جاھانگىرلىكنىڭ
ئەگەشكۈچىسى، ئىنقىلابىي ئەمگەكچىلەرنىڭ روسىيە بۇرژۇ-
ئازىيىسىنىڭ يېتەكچىسى بولغان مىليوكوف[128] بىلەن مۇ-
رەسسەگە كېلىشنى تەشەببۇس قىلغۇچى ئادەم سۈپىتىدە بىلەت-
تى. چۈنكى، ئەمگەكچىلەر سىنىپىنىڭ تۇتقان يولى پلېخا-
نوفنىڭ تۇتقان يولىدىن پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى.

لېكىن، بىز قىلچە ئىككىلەنمەستىن پلېخانوفنى رو-
سىيە ئەمگەكچىلەر سىنىپىنىڭ، ياق، خەلقئارا ئەمگەكچد-
لەر سىنىپىنىڭ ئەڭ چوڭ مېھرىبان ئۇستازلىرى قاتارىغا
قوشىمىز.

نېمە ئۈچۈن مۇنداق دەيمىز؟ ھەل قىلغۇچ سىنىپىي
جەڭ ۋاقتىدا پلېخانوف سەپىنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرغان ئەمەس-
مىدى؟ شۇنداق، ھەقىقەتەن شۇنداق. ئەمما، ئۇنىڭ بۇ ھەل





قىلغۇچ جەڭدىن خېلى ئىلگىرىكى پائالىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ
نەزەرىيە جەھەتتىكى نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرى ئۇنىڭ مىراس-
لىرى ئىچىدە قىممەتلىك ئورۇننى تۇتىدۇ.

پەقەت توغرا سىنىپىي دۇنيا قاراش ئۈچۈن بولغان جەڭ-
لەردىكى كۈرەش سىنىپىي جەڭلەرنىڭ ھەممە شەكىللىرى
ئىچىدە ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىرى. پلېخانوفنىڭ نەزەرىيە
جەھەتتىكى نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرى ئۇزۇن يىللار داۋامىدا
كۆپلىگەن ئەمگەكچى ئىنقىلابچىلارنى تەربىيىلىدى. ئۇ مۇشۇ
ئارقىلىق روسىيە ئەمگەكچىلەر سىنىپىنىڭ سىياسىي جەھەتتە
ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇشىدا قالتىس خىزمەت كۆرسەتتى.

پلېخانوفنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى ئالدى بىلەن شۇنىڭدىن
ئىبارەتكى، ئۇ «خەلق ئىرادىسى» پارتىيىسىگە، يەنى ئالدىن-
قى ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا روسىيىنىڭ تەرەققىياتى ئالا-
ھىدە بىر خىل يول بىلەن، يەنى غەيرىي كاپىتالىزم يولى
بىلەن ماڭىدۇ، دەپ ئىشەنگەن زىيالىيلار گۇرۇھىغا قارشى
كۈرەش قىلدى. 70 ـ يىللاردىن كېيىنكى شۇ بىرنەچچە ئون
يىل ئىچىدە، روسىيىدە كاپىتالىزمنىڭ كارامەت تەرەققىي
قىلغانلىقى «خەلق ئىرادىسى» تەرەپدارلىرىنىڭ كۆزقارىشد-
نىڭ نەقەدەر خاتا ئىكەنلىكىنى، پلېخانوفنىڭ كۆزقارىشد-
نىڭ نەقەدەر توغرا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەردى.

1984 ـ يىلى پلېخانوف تەشكىللىگەن، ئەمگەكنى ئازاد
قىلىشنى مەقسەت قىلغان تەشكىلات (ئەمگەكچىلەرنى ئازاد
قىلىش گۇرۇپپىسى)[129] نىڭ پروگراممىسى — دەل روسد-
يىدىكى ئەمگەكچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى خىتابنا-
مىسى، شۇنداقلا 1878 — 1879 ـ يىللاردىكى ئەمگەكچىلەر-
نىڭ ئارىسالدىلىقىغا بەرگەن بىۋاستە جاۋابى بولدى.

ئۇ مۇنداق يازغان:

«ئىمكانقەدەر تېزلىك بىلەن ئەمگەكچىلەر پارتىيىسىنى تەشكىل قىلىش ھازىرقى روسىيىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى بارلىق زىددىيەتلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر تەدبىرىدۇر.»

1989 - يىلى، پلېخانوف پارىژدا ئېچىلغان خەلقئارا سوتسىيالىستىك پارتىيىلەر يىغىنىدا مۇنداق دېگەنىدى:

«روسىيىدىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەت پەقەت ئىنقىلابىي ئەمگەكچىلەر ھەرىكىتىگە تايانغاندىلا، ئاندىن غەلىبە قازىنالايدۇ. بىزنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ھەل قىلىش يولىمىز يوق، بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.»

پلېخانوفنىڭ بۇ مەشھۇر سۆزلىرى ھەرگىز تاسادىپىي ئېيتىلغان ئەمەس. پلېخانوف ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ تالانتى بىلەن پرولېتارىياتنىڭ شەھەر ئاھالىسىنىڭ نارودنىكلارچە ئىنقىلابىدىكى مۇستەقىللىقىنى نەچچە ئون يىلغىچە ھىمايە قىلدى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە، لىبېرالىست مۇلۇكدارلارنىڭ پادىشاھلىق تۈزۈمىگە قارشى كۈرەشتە زەئىپلىك قىلىپ خائىنلارغا، دېلىغۇللۇقتا چېكىگە يەتكەن بىرنەرسىلەرگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى پىكرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدى.

پلېخانوف لېنىن بىلەن بىللە «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ ئاساسچىسى ۋە يېتەكچىسى بولغانىدى. روسىيىدە سىياسىي پارتىيە تەشكىلاتىنى قۇرۇش ئۈچۈن بولغان كۈرەشتە «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ ئادا قىلغان ئۇلۇغ تەشكىلاتچىلىق ۋەزىپىسى ھەممىگە ئايان.

1903 - يىلدىن 1917 - يىلغىچە پلېخانوف نەچچە قېتىم قاتتىق تەۋرەندى. ئۇ ھەمىشە ئىنقىلابىي ماركسىزمغا خىلاپلىق قىلدى ھەمدە مېنشېۋىكلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىنقىلابىي ماركسىزمغا خىلاپلىق قىلىشىغا سەۋەبچى





بولغان مەسىلىلەر ئومۇمەن قايسىلار؟

ئالدى بىلەن، ئۇ دېھقانلار قاتلىمىنىڭ ئىنقىلاب قىلىش ئىمكانىيىتىنى بەكمۇ تۆۋەن مۆلچەرلىدى. پلېخانوف «خەلق ئىرادىسى» تەرەپدارلىرىنىڭ زىيانلىق تەرىپىگە قارشى كۈرەشتە دېھقانلار قاتلىمىنىڭ ئىنقىلابىي تىرىشچانلىق كۆرسىتەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتمىدى.

ئۇنىڭدىن قالسا، دۆلەت مەسىلىسىدە ئۇ شەھەر ئاھالىسىنىڭ نارودنىكلىق ماھىيىتىنى چۈشەنمىدى، يەنى بۇرژۇئا دۆلەت ئورگانلىرىنى قانداقلا بولمىسۇن پاچاقلاپ تاشلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەنمىدى.

ئاخىردا، ئۇ كاپىتالىزمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچى بولغان جاھانگىرلىك مەسىلىسىنى ۋە جاھانگىرلىك ئۇرۇشىنىڭ خاراكتېرى مەسىلىسىنى چۈشەنمىدى.

قىسقىسى، لېنىننىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ئالدىدا پلېخانوفنىڭ ئاجىزلىقى بار ئىدى. ئۇ «جاھانگىرلىك ۋە پرولېتارىيات ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ماركسىزمچى» بولالمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەممە ئىشى پەقەت ماركسىزمچى بولۇش بىلەنلا تاماملاندى. شۇنداق قىلىپ پلېخانوف بارا - بارا، خۇددى رونو لىيۇكسېمبۇرگ[130] ئېيتقاندەك: «قەدىرلىك تاش مۇردا»غا ئايلىنىپ قالدى.

روسىيىدە ماركسىزم ئاساسىنى سالغان پلېخانوف ماركس ۋە ئېنگېلسنىڭ سىياسىي ئىقتىسادىنىڭ تارىخ ۋە پەلسەپىسىنىڭ تونۇشتۇرغۇچىسىلا ئەمەس، شۇنداقلا ئۇ بۇ ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىنىڭ ئاجايىپ داڭدار ئەمگىكىنى تۆھپە قىلغۇچى. روسىيە ئەمگەكچىلىرى ۋە زىيالىيلار سىنىپىنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەت تەپەككۇر تارىخىنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئىلمىي مۇۋەپپەقىيىتى ماركسىزم ئىكەنلىكىنى ئېنىق

چۈشىنىۋېلىشىدا پلېخانوفنىڭ قوشقان ھەسسىسى بار. پلېخانوپنىڭ نەزەرىيىۋى تەتقىقاتلىرى ئۇنىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى مىراسلىرى ئىچىدە ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېنىن ھەققانىي تۈردە دائىم ياشلارنى پلېخانوفنىڭ كىتابلىرىنى تەتقىق قىلىشقا دەۋەت قىلاتتى. «‹كىمدەكىم ئەگەر بۇنى (پلېخانوفنىڭ پەلسەپە ھەققىدىكى بايانلىرىنى) تەتقىق قىلمىسا، ئۇ ھەرگىز ئاڭلىق، ھەقىقىي كوممۇنىزمچى بولالمايدۇ، چۈنكى بۇ خەلقئارادىكى بارلىق ماركسىزم ئەسەرلىرى ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.›[131] — دەيدۇ لېنىن.»)

## 4

پلېخانوف ماركسچە سەنئەت نەزەرىيىسىگىمۇ ئاساس سالدى. پلېخانوفنىڭ سەنئەت نەزەرىيىسى گەرچە سەلتەنەتلىك بىر پۈتۈن گەۋدە بولالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئۇسۇلىنى ۋە مۇۋەپپەقىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەسەرلىرى كېيىنكى كىشىلەرنىڭ تەتقىقات ماۋزۇسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ماركسچە سەنئەت نەزەرىيىسىنى، ئىجتىمائىي سەنئەتشۇناسلىقنى بەرپا قىلىشتىكى كلاسسىك ئەسەرلەر، دەپ ئاتاشقىمۇ مۇناسىپ.

بۇ يەردىكى خەت - چەك شەكلىدە يېزىلغان ئۈچ پارچە ماقالە ئۇنىڭ بۇ خىلدىكى ئەسەرلىرىنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت.

«سەنئەت توغرىسىدا» دېگەن بىرىنچى پارچە ماقالىدە ئالدى بىلەن ئۇ «سەنئەت دېگەن نېمە» دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تولستوينىڭ بۇنىڭغا بەرگەن تەبىرىنى[132] تولۇقلايدۇ. سەنئەتنىڭ خۇسۇسىيىتى ھېسسىيات بىلەن پىكىرنىڭ كونكرېت ۋە





ئوبرازلىق ئىپادىسىدۇر، دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا، سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي ھادىسە ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى كۆزەتكەندە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق مەيداندا تۇرۇش لازىملىقىنى بايان قىلغان ۋە بۇنىڭغا زىت بولغان تارىخىي ئىدېئالىزم (St. Simon, Conte, Hegel)[133] نى تەنقىد قىلغان؛ بۇنىڭغا (تارىخىي ماتېرىيالىزمغا) ماس كېلىدىغان جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ گۈزەللىككە بولغان ھەۋەسلىرى ھەققىدىكى دارۋىنچە ماتېرىيالىزملىق قاراشلارنى تونۇشتۇرغان. ئۇ بۇ يەردە قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ مەنبەسىنى بىئولوگىيىدىن ئىزدەش كېرەك، دەيدىغان تەكلىپىنى پەرەز قىلىپ تۇرۇپ، دارۋىنىنىڭ ئۆز سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، «گۈزەللىك توغرىسىدىكى ئۇقۇم··· ئىنسانلارنىڭ ھەر خىل ئىرقلىرى ئىچىدە ھەر تۈرلۈك بولىدۇ، ھەتتا بىر خىل ئىرقتىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى ئىچىدىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇ «مەدەنىيەتلىك كىشىلەردە بۇنداق تۇيغۇلار ھەر تۈرلۈك مۇرەككەپ ئاڭ ۋە ئىدىيىلەر بىلەن زەنجىرسىمان باغلىنىشتا بولىدۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، يەنى بۇ «مەدەنىيەتلىك كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك تۇيغۇسى··· روشەنكى، ھەر خىل ئىجتىمائىي سەۋەبلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ» دېگەن سۆز.

دېمەك، «بىئولوگىيىدىن ئىجتىمائىيەتكە ئۆتۈش» كە، ئىنسانلارنى «جانلىق مەۋجۇدات تۈرلىرى» سۈپىتىدە تەتقىق قىلىدىغان دارۋىنچە ساھەدىن جانلىق مەۋجۇداتلار تۈرلىرىنىڭ تارىخىي تەقدىرىنى تەتقىقلاش ساھەسىگە ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. سەنئەتنىڭ ئۆزىنىلا ئالىدىغان بولساق، ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىمكانىيىتى (تۈرلەر توغرىسىدىكى ئۇقۇم) نى ئۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدىغان شەرتلەر (تارىخىي ئۇقۇم) تاكامۇللاشتۇرىدۇ. تەبىئىيكى، بۇ شەرتلەر شۇ جەمئىيەتنىڭ

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىدىن ئىبارەت بو-
لىدۇ. لېكىن، پلېخانوف بۇ يەردە بۇنى مۇھىم بەدىئىي ئىشلەپچى-
قىرىش مەسىلىسى دەپ ھېسابلاپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بى-
لەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ
ۋە سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ سەنئەتكە قانداق شەكىلدە
تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى شۇ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى
ئۈستىگە قۇرۇلغان جەمئىيەت سەنئىتىنىڭ قانداق قىلىپ ئايرىم
(ئالاھىدە) شەكىلگە ئىگە بولۇپ، باشقا جەمئىيەتلەردىكى سەنئەت-
تىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرىدۇ. دارۋىننىڭ «قارد-
مۇقارشىلىق مەنبەلىرىنىڭ رولى» دېگەن سۆزىنى ئىشلىتىپ،
كەڭ تۈردە مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق، ئىجتىمائىي شەرت -
شارائىتلارنىڭ گۈزەللىك تۈيغۇلىرىنىڭ شەكىللىرى بىلەن، شۇن-
داقلا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى بىلەن ھەمدە ۋە-
زىن، ئاھاڭداشلىق، تەڭداشلىق قائىدىلىرى بىلەن ئالاقىدار
ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېقىن-
قى زامان فرانسۇز سەنئەت نەزەرىيىسىنىڭ تەرەققىياتىنى
(Stael, Guizot, Taine) (134) تەنقىد قىلىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى بىلەن تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ سەن-
ئەت ھادىسىلىرىدە ئەڭ بىۋاستە ئەكس ئېتىشى ئىپتىدائىي مىل-
لەتلەر دەۋرىدە بولغان. پلېخانوف ئەنە شۇنداق ئىپتىدائىي مىل-
لەتلەرنىڭ سەنئىتىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ماركسچە سەنئەت
نەزەرىيىسىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى يەشمەكچى بولغان. «ئىپتى-
دائىي مىللەتلەرنىڭ سەنئىتى» دېگەن ئىككىنچى پارچە ماقالىدە
ئالدى بىلەن ئىنسانشۇناسلار، ساياھەتچىلەر ۋە باشقىلارنىڭ ئەمەل-
يەتتىن ھاسىل قىلغان پىكىرلىرىگە ئاساسلىنىپ، بۇشمان، ۋېد-
دا، ئىندىئان(135) ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئوۋچىلىق،
دېھقانچىلىق، بايلىقلارنى تەقسىم قىلىشتەك ئىشلىرىنى مىسال





كەلتۈرۈش ئارقىلىق، ئىپتىدائىي ئوۋچى مىللەتلەرنىڭ ھەقىقەتەن
كوممۇنىستىك جامائەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ ۋە بېكېر(136)
نىڭ پىكىرلىرىنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. «يەنە
ئىپتىدائىي مىللەتلەرنىڭ سەنئىتى توغرىسىدا» دېگەن ئۈچىنچى
پارچە ماقالىدە بولسا، ئويۇن ئىقتىدارى ئەمگەكتىن ئاۋۋال پەيدا
بولغان دەپ دەۋا قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ خاتالىقىنى تەنقىد قىلىدۇ
ھەمدە مول ئەمەلىي پاكىتلار ۋە ئۆتكۈر نەزەرىيە ئارقىلىق پايدىلىق
ئوبيېكتنىڭ ئىشلەپ چىقىرىلىشى (ئەمگەك) بەدىئىي ئىشلەپچى-
قىرىشتىن بۇرۇن بولغان، دېگەن ماتېرىيالىستىك تارىخىي قاراش-
نىڭ توپ مەسىلىسىنى ئېنىق شەرھلەيدۇ. ئوچۇقراق ئېيتقاندا،
پلېخانوفنىڭ شەرھىسى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى: ئىجتىمائىي ئادەم-
لەر شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرنى كۆزىتىشتىن ئاۋۋال پايدا - مەنپەئە-
تىنى كۆزدە تۇتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنلا گۈزەللىكنى كۆزدە تۇتى-
دۇ. بارلىق ئىنسانلار ئۆزلىرىگە پايدىلىق بولغان، ياشاش يولىدا
تەبىئەتكە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشتە ۋە باشقا ئىجتىمائىي ھايات
ساھەسىدىكى كۈرەشلەردە ئەھمىيەتلىك بولغان نەرسىلەرنى گۈزەل
نەرسىلەر، دەپ ھېسابلايدۇ. كىشىلەر پايدا - مەنپەئەتنى بىلىشتە
ئەقىلگە تايىنىدۇ، گۈزەللىكنى بىلىشتە بولسا بىۋاستە تۇيغۇنىڭ
كۈچىگە تايىنىدۇ. كىشىلەر گۈزەللىكتىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان
چېغىدا گويا پايدىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمىگەندەك قىلىسمۇ، لې-
كىن ئۇ ئىلمىي تەھلىل قىلىش ئارقىسىدا نامايان بولىدۇ. دې-
مەك، گۈزەللىكتىن بەھرىمەن بولۇشنىڭ ئالاھىدىلىكى — ئۇنىڭ
ئاشۇ بىۋاستىلىكىدە، ۋەھالەنكى ئەگەر گۈزەللىك زوقىنىڭ تېگى-
دە پايدا يوشۇرۇنۇپ ياتمايدىغان بولسا، ئۇ شەيئىنىڭ گۈزەل
بولالىشى ناتايىن. ئادەم گۈزەللىك ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى گۈزەل-
لىك ئادەم ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دېگەن بۇ خۇلاسە

ئارقىلىق، پلېخانوف تارىخىي ئىدېئالىستلار قاتتىق ئۆچ كۆرىدىغان ئىجتىمائىي، ئىرقىي، سىنىپىي مەنپەئەتپەرەسلىك كۆزقارىشىنى سەنئەت ساھەسىگە سىڭدۈرگەن.

ئۈچىنچى پارچە ماقالىنىڭ ئاخىرىغا قارىغاندا، پلېخانوف بۇنىڭ كەينىدىن ئىرقشۇناسلىقتىكى كونىچە تۇرگە ئايرىشنىڭ ئەمەلىيەتكە مۇۋاپىق بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى مۇلاھىزە قىلماقچى بولغان، لېكىن بۇنى يازمىغان، شۇڭا بۇ يەردە ئۇنى شۇنىڭ بىلەن تاماملانغان، دەپ ھېسابلاشقا توغرا كەلدى.

## 5

بۇ كىتاب ياپونىيىلىك ۋەيسۇن شىلاڭ تەرجىمە قىلغان نۇسخىسىنى ئاساس قىلىپ تەرجىمە قىلىندى. ئىلگىرى بۇنى لىن بو ئەپەندى تەرجىمە قىلغاچقا، يەنە تەرجىمە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، لېكىن بۇ مەجمۇئەنىڭ مۇندەرىجىسى ئاللىقاچان بەلگىلىنىپ بولغانلىقى ئۈچۈن، بەرىبىر بۇنداق بىھۇدە دېگۈدەك ئەمگەكنى سەرپ قىلىشقا توغرا كەلدى. تەرجىمە داۋامىدا لىن بونىڭ تەرجىمىسىدىن پايدىلىنىپ ماڭدىم. ئۇنىڭدىن ياپونچە تەرجىمىسىدىكىگە قارىغاندا ياخشىراق بولغان بەزىبىر ئىسىملارنى ئالدىم، بەزى جۈملىلەرمۇ ئېھتىمال ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىنقى تەرجىمىلەردىن ساۋاق ئېلىپ خېلى كۆپ جايلاردا خاتا تەرجىمە قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىپ قالدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ تەشەككۈر ئىزھار قىلىشىم كېرەك.

بۇ مۇقەددىمىنىڭ تۆتىنچى بۆلىكى ئىچىدە ئۈچىنچى بۆلىكىنى تەرجىمە قىلىۋالغاندىن تاشقىرى، قالغانلىرىنى زاسۇۋېيفنىڭ «روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئەمگەك پارتىيىسى-





نىڭ تارىخى»، شەنبىي خېنجىيېنىڭ «روسىيە ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ تارىخى» ۋە «پرولېتارىيات سەنئىتى دەرسلىكى» دىكى «پلېخانوف ۋە سەنئەت» دېگەن ئەسەرلەردىن تاللىۋېلىپ يېزىپ چىقتىم. ئالدىراش ئىشلىگەچكە خاتالىقلاردىن خالىي بولالماسلىقى تەبىئىي، بۇنى يۈزەكى بىر كىرىش سۆز، دەپ ھېسابلاشقىلا بولىدۇ. ئەڭ مۇھىم بولغان سەنئەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ھەققىدە بۇ يەردە توختالمىدىم، چۈنكى ئىلگىرى ۋارىپسوننىڭ «پلېخانوف ۋە سەنئەت مەسىلىسى» دېگەن ماقالىسى «سوۋېت روسىيىسىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ھەققىدىكى بەس - مۇنازىرىلىرى» («نامسىز مەجمۇئە»[137] نىڭ بىرى) گە قوشۇمچە قىلىپ بېسىلغانىدى. ئەمدى كۆپ ئۆتمەي لېشىننىڭ «ئەدەبىي تەنقىد توغرىسىدا» ۋە ياكوۋلېفنىڭ «پلېخانوف توغرىسىدا» (بۇلار شۇ مەجمۇئە[138] نىڭ مۇندەرىجىسىگە كىرگۈزۈلگەن) دېگەن ماقالىلىرى نەشر قىلىنىدۇ. سەنئەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ئۈستىدە مەيلى ئىنچام ياكى كەڭ دائىرىدە بولسۇن پىكىر بايان قىلىش ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ تەرجىمانىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ توغرۇلۇق سۆزلىمەسلىكنى ئەۋزەل كۆردۈم. ئۇلارنىڭ ماقالىلىرىنى كىتابخانلارنىڭ ئۆزلىرى تەتقىق قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەجمۇئەنىڭ ئاخىرىدىكى ئاشۇ ماقالىنى «باھار دولقۇنى»[139] ئايلىق ژۇرنىلىغا بېسىلغان زاڭيۇەن ۋېيرېن تەرجىمە قىلغان «سىنىپىي جەمئىيەتتىكى سەنئەت» دېگەن ماقالىدىن تەرجىمە قىلدىم. بۇنىڭدا پلېخانوفنىڭ سەنئەت توغرىسىدا ئۆز ئاغزىدىن بايان قىلغان كۆزقاراشلىرى بار، بۇ مۇشۇ كىتابتىكى بىرىنچى ماقالىنىڭ دەلىلى بولالايدۇ، شۇڭا ئۇ مەجمۇئەنىڭ ئاخىرىغا قوشۇمچە قىلىپ كىرگۈزۈلدى.

لېكىن، پەمىمچە تەرجىمەم بۇ قېتىممۇ «قاتمال تەرجىمە»

بولغاندەك تۇردۇ، قابىلىيىتىم شۇنچىلىك. كىتابخانىلارنىڭ يەنىلا
خەرىتە كۆرگەندەك بارماقلىرىنى ئىشقا سېلىپ جۇملە بۆلەكلىرىنى
ئىزدەشتۈرۈشكە توغرا كېلەر. بۇنىڭ ئۇچۇن ئۆزرىخاھلىق سورى-
ماي تۇرالمايمەن.

1930 - يىل 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كېچىسى،
شاڭخەي جيابېي كوچىسىدىكى ھۇجرامدا سېلىشتۇ-
رۇپ چىقىپ يازدىم. لۇشۈن





# قەدىمي ئۇسلۇبتا يېزىش ۋە ياخشى ئادەم بولۇشنىڭ سىرى[140]

## — كېچە خاتىرىلىرى — 5

ئۆتكەن بىر يېرىم يىل ئىچىدە ئومۇمەن بىزگە قارىتىلغان
تەنقىدىي ماقالىلەر ئىچىدە مېنىڭ زەردەمنى قايناتقىنى ۋە كۈلكى-
لىكى چاڭ يەنشېڭ[141] ئەپەندىنىڭ «تاڭ ئاتماس تۈن»[142] نام-
لىق ژۇرنالدا ئادىل قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، لۇشۈننىڭ ئەسەرلىرى
ئاز دېگەندە يەنە 10 يىل ئۆمۈر سۈرىدۇ، دېگەن سۆزى بولدى.
ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى «قۇ-
يۇن» نەشرىدىن توختىغان چاغدىمۇ، مۇشۇ چاڭ يەنشېڭ ئەپەندى:
«قۇيۇن» لۇشۈنگە ھۇجۇم قىلغانىدى، ھازىر كىتابخانا «قۇيۇن»
نى نەشر قىلىپ بېرىشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالدى، لۇشۈننىڭ
كىتابخانا خوجايىنلىرىغا گەپ يېگۈزۈپ زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى
نەدىن بىلسۇن؟ دېگەن مەزمۇندىمۇ ماقالە[143] ئېلان قىلىپ، شى-
مالىي مىلىتارىستلارنى قورسىقى تولىمۇ كەڭ ئىكەن، دەپ ماختى-
غانىدى. مېنىڭ ھەرھالدا بىرئاز ئېسىم بار، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ
نۆۋەتتىكى ئادىل قىياپىتىدە شۇ بەتنام چاپلىغان ماقالىسىنىڭ يې-
زىقلىق تۇرغانلىقىنى يەنىلا غۇۋا كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. يەنە بىر
تەرەپتىن پروفېسسور چېن يۈەننىڭ تەنقىدلەش ئۇسۇلى، يەنى
ئۆزىنىڭ ئادىللىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئاۋۋال بىرئاز ياخ-
شى تەرەپلىرىنى مىسال كەلتۈرۈپ، ئاندىن كېيىن بىرمۇنچە چوڭ

جىنايەتلەرنى — ئادىل باھالاشتىن كېلىپ چىققان چوڭ جىنايەتلەرنى — توقۇيدىغانلىقى، گۇناھقا ياخشىلىقنى بەدەل قىلىپ، ئاخىرىغا كېلىپ يەنە شۇ كىشىنىڭ كاللىسىنى كېسىپ، ئۇنى «ئېسىل ئالىيجاناب»لارنىڭ ئالدىدا سازايى قىلىپ ئېسىپ قويۇشقا لايىق «ئىلىم باندىتى»غا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغانلىقى كۆز ئالدىمغا كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ تەجرىبەم مۇنداق: نابۇت قىلىۋەتسە ھېچ گەپ يوق، لېكىن ماختىشى قورقۇنچلۇق، بەزىدە ناھايىتى «خەۋپلىك». بۇ چاڭ يەنشىڭ ئەپەندى ۋۇجۇدىدىن بەش رەڭلىك بايراق[144]نىڭ ھىدى پۇرقىراپ چىقىپ تۇرسىمۇ، مېنىڭ ئەسەرلىرىمگە چىن كۆڭلى بىلەن ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىگەن. ئۇنىڭ بۇ ئىلتىپاتى مېنىڭ نەزىرىمدە، خۇددى پادىشاھ شۇەنتۇڭنىڭ رەھىم - شەپقەت ياغدۇرغىنىدەك، مەن ئۆلگەندىن كېيىن ماڭا «ساداقەتمەن قەلەم ئىگىسى» دېگەن سۈپەتنى بەرمەكچى بولغانلىقى. زەردەم قايناپ، كۆلكەم قىستاپ، ۋەھىمىگە چۈشتۈم - دە، ئاتايىتەن شەپكەمنى قولۇمغا ئېلىپ، نادانلىق قىلغانلىقىمغا ئۆزرە ئېيتىپ، تەزىم قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

لېكىن، يەنە شۇ «تاڭ ئاتماس تۈن»نىڭ يەنە بىر سانىدا لىيۇ داجيې[145] ئەپەندىنىڭ بىر پارچە ماقالىسى چىقتى — بۇ ماقالىلەر «جۇڭگودا ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى مۇنازىرە»[146]گە كىرگۈزۈلمىگەن بولسا كېرەك — بۇ ماقالىنى ناھايىتى ھاياجان بىلەن ئوقۇپ چىقتىم، بۇنىڭ سەۋەبى خۇددى ئاپتورنىڭ يازغىنىدەك، بىزنىڭ ئىلگىرىدىن تونۇش ئەمەسلىكىمىز، بىزنىڭ ئارىمىزدا خۇسۇسىي ئاداۋەت يوقلۇقى بولسا كېرەك. شۇنداق بولسىمۇ، مېنىڭ نەزىرىمدە پايدىلىق يېرى شۇكى، ئاپتور مېنىڭ غېمىمنى يەپ، مۇشۇنداق تەرەپتىن مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان شارائىتتا نەشتەر قەلىمىنى تاشلاپ قويۇپ، ھازىرچە چەت ئەلگە چىقىپ كەتكىنى ياخشى ئىدى، دەپتۇ ۋە ھەرقانداق ئادەم





ئۆزىنىڭ تۇرمۇش تارىخىدا بىرنەچچە ۋاراق قەغەزنى ئاق تاشلاپ كەتسىمۇ ھېچ گەپ يوق، دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. بىرەر ئادەمنىڭ تۇرمۇش تارىخىدا بىرنەچچە ۋاراق قەغەز ئاق قالسا ياكى پۈتۈن تارىخىنىڭ ھەممىسى ئاق قالسا ۋە ياكى پۈتۈن تارىخى قارا بويىلىپ كەتسە، يەر شارى بۇنىڭلىق بىلەن ھەرگىز يېرىلىپ كەتمەيدۇ، بۇنى ئاللىقاچان چۈشەنگەنمەن. بۇ نۆۋەت كۈتۈلمىگەن ھالدا تاپقان پايدام شۇ بولدىكى، 30 يىلدىن بۇيان قەدىمىي ئۇسلۇبتا يېزىشنىڭ ۋە ياخشى ئادەم بولۇشنىڭ ئۇسۇلىنى تاپقاندەك بولساممۇ، ئۇنىڭ پروگراممىسىنى ئىخچام ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ ئېيتىپ بېرەلمەي كەلدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن بىردىنلا ئۇنىڭ يولىنى ئۇقتۇم.

بۇ ئىشنىڭ ئېپى: قەدىمىي ئۇسلۇبتا يېزىش، ياخشى ئادەم بولۇش ئۈچۈن، بىرقۇر ئىشلىسىمۇ، يەنىلا بىر ۋاراق ئاق قەغەزدەك بولۇش ئىكەن.

بىزگە ماقالە يېزىشتىن تەلىم بەرگەن ئىلگىرىكى مۇئەللىملەر «ما جانابىنىڭ يازغۇچىلىق دەستۇرى»، «ماقالە يېزىش ئۇسۇلى»[147] دېگەنگە ئوخشاش بىرنەرسىلەردىن تەلىم بەرگەن ئەمەس؛ ئۇلار ئەتىگەندىن كەچكىچە ئوقۇتاتتى، يازدۇراتتى، يەنە ئوقۇتاتتى، يازدۇراتتى؛ يازغانلىرىمىز يارىماي قالسا يەنە ئوقۇتاتتى، يازدۇراتتى. ئۇلار قايسى يېرىنىڭ يارىمايدىغانلىقىنى، قانداق يېزىش كېرەكلىكىنى ھەرگىز ئېيتىپ بەرمەيتتى؛ يولىنى ئۆزۈڭ تېپىۋال دېگەندەك قىلىپ، قاراڭغۇ كوچىغا كىرگۈزۈپ قوياتتى. يولنى تېپىپ مېڭىش - ماڭالماسلىقىمىز پېشانىمىزگە باغلىق ئىدى. لېكىن، گاھىدا ۋە نېمە ئۈچۈندۇر — ھەقىقەتەن «گاھىدا» ۋە «نېمە ئۈچۈندۇر» — قەغەزدىكى ماقالىلىرىمىزنىڭ بويالغان يەرلىرى ئازىيىپ، ئەينەن قالغانلىرى ۋە تەستىق ئالامەتلىرى قويۇلغان يەرلىرى كۆپىيىپ قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار خۇشاللىقىنى ئىچىگە پاتۇرالماي، شۇ تەرىقىدە — ئۆزىمىزمۇ بو-

نىڭ تېگىنى چۈشەنمەيتتۇق، لېكىن «شۇ تەرىقىدە» — يېزىۋېرەتتى. ئاينىڭ، يىلنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، مۇئەللىمىمىز ماقالىمىزنى ئۆزگەرتىپ ئولتۇرماستىن، پەقەت ماقالىمىزنىڭ ئايىغىغا «مەزمۇنمۇ بار، بەدىئىيلىكمۇ بار، ئىخچام، راۋان» دەپلا يېزىپ قوياتتى. دېمەك، ئەنە شۇ چاغدا «يارىغان» بولۇپ ھېسابلىناتتى. تەبىئىيكى، يۇقىرى دەرىجىلىك تەنقىدچى لياڭ شىچيۇ ئەپەندىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارساق، يارىماسلىقى ئېھتىمال، لېكىن مەن ئادەتتىكى ئادەملەر نۇقتىسىدىن ئېيتىۋاتىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرچە ئەل نەرخى سۆزلەپ تۇراي.

شۇنداق ماقالىلەردە مەقسەتنىڭ ئېنىق بولىدىغانلىقى تۇرغان گەپ، باشقا پىكىرلەر ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. مەسىلەن، «ئىشنى ساز قىلاي دېسەڭ، ئاۋۋال قورالىڭنى ساز قىل توغرىسىدا»نى ئالايلى، بۇ ھەقتە «قورالىڭ ساز بولمىسا، ئىشىڭ ساز بولمايدۇ» دەپ توغرىدىن ـ توغرا بايان قىلىشمۇ مۇمكىن؛ «ئىشتا ھۈنەر ئەۋزەل، ھۈنەردە كامىل بولمىساڭ، قورالىڭ ساز بولغان تەقدىردىمۇ ئىشىڭ ساز بولمايدۇ» دەپ ئەكس تەرەپتىن بايان قىلىشمۇ مۇمكىن. ھەتتا پادىشاھقا ئالاقىدار مەسىلىلەردە، «دانا پادىشاھىم، ھۆزۈرلىرى ئالدىدا ئۆلۈمگە لايىقمەن» دېيىش مۇمكىن؛ پادىشاھ يامان ئىكەن، ئۇنى بوغۇزلاپ تاشلاش كېرەك دېيىش ھەم مۇمكىن. چۈنكى، بىزنىڭ مېڭزى پىرىمىز باشتىلا «زالىم جۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن خەۋىرىم بار، پادىشاھنى بوغۇزلاپ تاشلىغاندىن خەۋىرىم يوقتۇر» دەپتىكەن. ھازىرقى كۈندىكى ئەۋلىيالىرىمىزنىڭ مۇددىئاسىمۇ شۇنداق. لېكىن، قىسقىسى، باشتىن ـ ئاياغ رەتمۇرەت يېزىش كېرەك. دانا پادىشاھىم دېمەكچىمۇ ياكى بوغۇزلاپ تاشلاش كېرەك دېمەكچىمۇ، بۇلارنى چۈشىنىشلىك قىلىپ ئېنىق يېزىش كېرەك. ئەگەر بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ماقۇللىمايدىغان بولسىڭىز، ئاخىرىدا: «قىلمىغان ئەيش ـ





ئىشرەت، زورلۇق ـ زومبۇلۇقى قالمىغان بولسىمۇ، ھامان پادىشاھ بىلەن پۇقرانىڭ نېسىۋىسى ئايرىم. ئالىيجانابلار چېكىدىن ئاشقان ئىشلارنى قىلمايدۇ، شۇڭا چەت ـ ياقىلارغا سۈرگۈن قىلىنسا كۇپايە» دەپ بايان قىلسا بولىدۇ. شۇنداق يازغاندا، مۇئەللىممۇ ياراتماي قالماس، چۈنكى «مۇرەسسە ـ مادارا»مۇ بىزنىڭ قەدىمكى پەيغەمبەر، دانىشمەنلىرىمىزنىڭ تەلىمى.

بىراق، يۇقىرىدىكىلەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى گەپ. ئەگەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا بىرەر ئادەم چېقىپ قويىدىغان بولساق، شۇنداق يازغان ئادەمنىڭ «نەسلى قۇرۇتۇلۇشى»مۇ مۇمكىن، ئۇنداق ئادەمنى «چەت ـ ياقىلارغا سۈرگۈن قىلىنسا كۇپايە» دېيىشكىمۇ بولمايتتى. ئۇ چاغدا بۇلار سەن بىلەن مېڭزى، كۇڭزى توغرىسىدا سۆزلەشمەيتتى. ھازىر «ئىنقىلاب ئەمدىلا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى»، ھازىرقى ئەھۋالمۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى ھاكىمىيەت قۇرغان ۋاقتىدىكىگە ئوخشىشىپ كەتسە كېرەك. (تۈگىمىدى)

يۇقىرىدىكىلەر «كېچە خاتىرىلىرى»نىڭ 5 ـ قىسمىنىڭ ئازغىنە كەم يېرىمى. «كېچە خاتىرىلىرى» دېگەن نەرسىنى 1927 ـ يىلىدىن باشلىغانىدىم، بۇنىڭدا ئۇشتۇمتۇت ئېسىمگە كەلگەنلەرنى چىراغ تۈۋىدە يېزىپ قالدۇرۇپ، كېيىنچە توپلام قىلىشنى ئويلىغانىدىم. شۇ يىلى ئىككى پارچىسىنى[148] ئېلان قىلدىم. شاڭخەيگە كەلگەندىن كېيىن، قىرغىنچىلىقنىڭ دەھشەتلىك بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يەنە «زۇلۇم، قىرغىنچىلىق» دېگەن تېمىدا بىر يېرىم پارچە يازدىم. ئۇنىڭدا ئاۋۋال ياپونىيە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ناسارالارنى قىرغانلىقى[149]، روسىيە پادىشاھىنىڭ ئىنقىلابچىلارغا زۇلۇم قىلغانلىقى دېگەندەك ئەھۋاللارنى بايان قىلدىم. لېكىن،

ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئىنسانپەرۋەرلىكنى قارغاش دولقۇنى[150] غا
يولۇقتۇم، شۇ باھانە بىلەن ھۇرۇنلۇقۇم تۇتتى، داۋاملىق
يازمىدىم، ھازىر ھەتتا ئەسلىي كوپىيىلىرىمنىمۇ تاپالمىدىم.
ئالدىنقى يىلى رۇ شى قايسىبىر كىتابخانا[151] غا ژۇرنال
مۇھەررىرى بولۇپ بارماقچى بولۇپ، ماڭا ئۆزۈم خالىغان،
ئانچە باش ئاغرىتمايدىغان قىلىپ بىرئاز ماقالە يېزىپ بېرىش-
نى تاپشۇردى. شۇ كېچىسى يەنە «كېچە خاتىرىلىرى» كۆز
ئالدىمغا كەلدى، ماۋزۇسىنى شۇنداق قويۇپ يازدىم. ئۇنىڭدا
دېمەكچى بولغانلىرىم: جۇڭگودا ماقالە يېزىش ۋە ئادەم بو-
لۇش ئۈچۈن قەدىمكىدىن نەقىل كەلتۈرۈش لازىم ئىكەن؛
لېكىن ماقالىنى پۈتۈنلەي كۆچۈرۈۋالماي، ئۇ يەردىن - بۇ
يەردىن ئۈزۈۋېلىپ چانمايدىغان قىلىپ پەردازلاپ چىقسا، ئاد-
دىن كارامەت ماقالە، دەپ ھېسابلايدىكەن. دېمەك، بىرمۇنچە
يېزىلىسىمۇ، يازمىغان بىلەن باراۋەر، لېكىن تەنقىدچىلەر
بولسا، ياخشى ماقالە ياكى ياخشى ئادەم ئىكەن، دېيىشىدۇ.
جەمئىيەتتە ھېچ نەرسىنىڭ ئالغا باسمىغانلىقىنىڭ مەنبەسى
ئەنە شۇ يەردە. شۇ كېچە يېزىپ تۈگەتمەيلا ئۇخلاپ قالدىم.
ئەتىسى رۇ شى كەپتۇ، يازغانلىرىمنى كۆرسىتىۋىدىم، ئۇش-
شاق گەپ تولىمۇ كۆپ بولۇپ كېتىپتۇ، ژۇرنالدىن بىرمۇنچە
ئورۇننى ئەكېتىدىغان بولدى دېگەندەك قىلىپ، قوشۇمىسىنى
تۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا باشقا بىر قىسقا ماقالىنى
تەرجىمە قىلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلىپ، بۇنى قالدۇرۇپ
قويدۇم.

ھازىر رۇ شىنىڭ قازاغا يولۇققانلىقىغا بىر يىل بولۇپ
ئاشتى. پارچە - پۇرات قەغەزلەر ئىچىدىن بۇ كوپىيە قولۇمغا
چىقىپ قېلىۋىدى، ناھايىتى ھەسرەتتە قالدىم، بۇ ماقالىنىڭ
چالىسىنى پۈتتۈرۈۋەتكۈم كەلدى، لېكىن يازالماي قالدىم.





قەلەمنى ئەمدىلا تەۋرىتەي دەپ تۇرۇۋشۇمغا خىيالىم باشقا بىر
ئەھۋالغا كۆچۈپ كەتتى. «قالۇنمۇ ئىگىسى بىلەن بىللە ئۇۋ-
لۇپتۇ»[152] دېگەن گەپ ئەنە شۇنداق بولسا كېرەك. شۇنىڭ
ئۈچۈن بۇ يېرىم پارچە ماقالىنى بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ قويدۇم،
رۇ شىنىڭ خاتىرىسى بولۇپ قالسۇن.

1932 - يىل 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى
كېچىدە يازدىم

# 1931 - يىل

## «تاڭ خانىدانلىقى سۇترا دامولىلىسىنىڭ سۇترا كالامىنامىلىرىنى ئەكېلىشى ھەققىدە داستان» نىڭ مەتبەئە نۇسخىسى توغرىسىدا[153]

— «مەرىپەت كىتابخانىسى» دىكى «ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى» تەھرىراتىغا

مۇھەررىر ئەپەندى:

بۇ خېتىمنى «ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى»[154] ژۇرنىلىغا چىقىرىشقا بولارمۇ؟

ئەھۋال مۇنداق:

جېن جېڭدو[155] ئەپەندىنىڭ «ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى» نىڭ يېڭى يىلغا بېغىشلانغان سانىدىكى «سۇن زامانىسىدىكى ئادەملەرنىڭ ھېكايىلىرى» دېگەن كاتتا ئەسىرىدە «تاڭ خانىدانلىقى سۇترا دامولىلىسىنىڭ سۇترا كالامىنامىلىرىنى ئەكېلىشى ھەققىدە داستان»[156] ھەققىدە مۇنداق سۆزلەر بار ئىكەن:

بۇ ھېكايىلەرنىڭ نۇسخىلىرىنىڭ دەۋرى مەلۇم ئەمەس، لېكىن ۋاڭ گوۋېي[157] ھەزرەت شۇ كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى «جۇڭۋازىلىق جاڭ خەلپەت نەشر قىلغان» دېگەن سۆزلەرگە





ئاساسەن، سۇڭ دەۋرىدە نەشر قىلىنغان، دەپ ھۆكۈم چىقارغان، ئۇنىڭ بۇ سۆزى كىشىنى قايىل قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھېكايىلەرنىڭ مەتبەئە نۇسخىسىنىڭمۇ سۇڭ دەۋرى مەھسۇلى ئىكەنلىكىدە گەپ يوق، لېكىن بۇنىڭغا شەك كەلتۈرىدىغان ئادەملەرمۇ بار. بىراق، بىز يۈەن دەۋرلىرىدىكى ۋۇ جاڭلىن[158] يازغان «غەرب ساياھىتى» ناملىق چاۋچىلە كىتابنى ئوقۇپ كۆرىدىغان بولساق، سۇترا كالامىنى ئەكېلىش توغرىسىدىكى بۇ ئىپتىدائىي ھېكايىلەر ۋۇ جاڭلىنىڭ «غەرب ساياھىتى» ناملىق چاۋچىلىسىدىن بۇرۇن بارلىققا كەلگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. «جۇڭۋازى...» دېگەن سۆزلەرمۇ ئۇنىڭ جەنۇبىي سۇڭ دەۋرىدىكى لىنئەن شەھىرىدە بارلىققا كەلگەنلىكىنى، بۇنىڭدا ھېچقانداق گۇمان يوقلۇقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇۋېتىدۇ.»

مەن ئىلگىرى «جۇڭگو ھېكايىلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» نى يازغان ۋاقتىمدا، ئۇ كىتابنى يۈەن دەۋرىدە نەشر قىلىنغان دەپ ئويلىغانىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن كىتاب ساقلىغۇچى دېڭ سۇفېڭ[159] ئەپەندى نارازى بولۇپ، بۇ خاتالىققا رەددىيە يازغانىدى، مەنمۇ مۇنازىرىلەشكەن ۋە بۇ مۇنازىرەمنى كېيىنكى چاغلاردا پارچە تەسىراتلىرىمنىڭ توپلىمىغا كىرگۈزگەنىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن جېن جېڭدو ئەپەندىنىڭ ئۆزىنىڭ كاتتا ئەسىرىدە «ئادەم» دېگىنى ئەمەلىيەتتە «لۇشۈن» دېگىنى. ئۇ ھاقارەتلىگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىر ئاز ئايىغان، بۇنىڭدىن ناھايىتى خىجىلمەن ۋە مىننەتدارمەن.

بىراق، مېنىڭچە، دەلىللەشتە شاللاقلىق قىلىش يارىمايدۇ، كاجلىق قىلىشمۇ قاملاشمايدۇ، دۇنيادا نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ساۋات ياردىمى بىلەنلا چۈشىنىۋالغىلىمۇ بولىدۇ. كىتاب ساقلىغۇچىلار ئۆزلىرى ساقلاپ تۇرغان نۇسخىلارنىڭ كونا بولۇشىنى ئارزۇ

قىلىدۇ، تارىخچىلار بولسا ئۇنداق ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن كونا كىتابلارنىڭ نەشر قىلىنغان دەۋرىنى بىرەر قەلەم كەم تارتىلغان[160] ھەرپلەرگە قاراپ بەلگىلىگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، سارقىندى قېرىلار ھازىرمۇ 仪 ھەرپىنىڭ ئاخىرقى بىر قەلىمىنى كەم يېزىۋاتىدۇ. ۋەھالەنكى، ھازىر بولسا جۇڭخۇا مىنگو دەۋرى. دەۋرنى مەخسۇس يەر ئىسمىغا قاراپمۇ بەلگىلىگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، مەن شاۋشىڭدا[161] تۇغۇلغان، لېكىن جەنۇبىي سۇڭ دەۋرىنىڭ ئادىمى ئەمەس، چۈنكى بىرمۇنچە يەر ئىسىملىرى سۇلالە - دەۋرگە قاراپ ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. دەۋرنى ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ئېسىل ياكى ئاددىيلىقىغا، قاملاشقان ياكى قاملاشمىغانلىقىغا قاراپمۇ بەلگىلىگىلى بولمايدۇ، ئاپتورنىڭ ئەدىب ياكى سودىگەر بولۇشى ئەسەر ئۈچۈن ناھايىتى پەرقلىق بولىدۇ.

دېمەك، ئاكتىپ دەلىل يوق ئىكەن، «تاڭ خانىدانلىقى سۇترا دامولىسىنىڭ سۇترا كالامىنامىلىرىنى ئەكېلىشى ھەققىدە داستان»نى يۈەن دەۋرىدە بېسىلغان، دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن بولسا كېرەك. جىن جېڭدو ئەپەندى دەلىل كەلتۈرگەن «ۋاڭ گوۋېي ھەزرەت»نىڭ يەنە باشقا «جېجياڭدىكى قەدىمكى نەشرلەر ئەسلەتمىسى»[162] ناملىق ئىككى توم كىتابى بار، ئۇنىڭدا مىنگونىڭ 11 - يىلى مۇقەددىمە يازغان، ئۇنىڭ بۇ مۇقەددىمىسى ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن رەتلەنگەن كىتابلىرىنىڭ 2 - توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ 1 - تومىدىكى «خاڭجۇ ۋىلايىتىدە نەشر قىلىنغان»، «سۇڭ، يۈەن دەۋرىدىكى غەيرىي رەسمىي نۇسخىلار» دېگەن بابىدا مۇنداق ئىككى كىتاب بار:

«بېيجىڭ نۇسخىسىدىكى ئاممىباب ھېكايىلەر»[163]

«ئۇلۇغ تاڭ خانىدانلىقىنىڭ سۇترا دامولىسىنىڭ سۇترا كالامىنامىلىرىنى ئەكېلىشى ھەققىدە داستان»، ئۈچ توم.

بۇنىڭدا «سۇترا كالامىنامىلىرىنى ئەكېلىش ھەققىدە





داستان»نىلا يۈەن دەۋرىدە نەشر قىلىنغان نۇسخا، دەپ ھۆكۈم قىلىش بىلەنلا قالماستىن، «ئاممىباب ھېكايىلەر»نىمۇ يۈەن دەۋرى نۇسخىسى، دەپ بېكىتكەن. «جېجياڭدىكى قەدىمكى نەشرلەر ئەسلەتمىسى» ئانچە نادىر كىتاب بولمىسىمۇ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مەخسۇسلا ئەدەبىيات تارىخى بىلەن شۇغۇللانمىغاچقا، ئۇنىڭغا كۆز يۈگۈرتۈپ بېقىشى ناتايىن.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنى كۆچۈرۈپ ژۇرنىلىڭىزغا يوللىدىم، بېسىپ چىقىرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. بىرىنچىدىن، قولاق موللىسى بولۇپ قېلىشقا ئاز - تولا ياردەم بېرەر؛ ئىككىنچىدىن، ئاندا - ساندا ئۇچراپ قالغان ماقالە ياكى دەلىللەرگە قاراپ بىرەر تارىخىي پاكىتقا «ھېچقانداق گۇمان يوق» دەپ «ھۆكۈم قىلىش» تەس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەر.

ئامانلىقىڭىزنى سوراپ

ھۆرمەت بىلەن: لۇشۈن

1 - ئاينىڭ 19 - كېچىسى

# رۇ شىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى[164]

رۇشى، ئەسلىي ئىسمى پىڭفۇ، فامىلىسى جاۋ، 1901 ـ يىلى جېجياڭ ئۆلكىسى تەيجۇ ۋىلايىتى نىڭخەي ناھىيىسىنىڭ شىمىنتۇ دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ بىرنەچچە بوۋىسى ئوقۇمۇشلۇق ئادەم؛ دادىسىنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، دادىسى قول ـ ئىلكى قىسقا بولغاچقا ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولغان، شۇنىڭ ئۈچۈن رۇشى 10 ياشقا يەتكەندە باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەن. 1971 ـ يىلى خاڭجۇغا بېرىپ، 1 ـ دارىلمۇئەللىمىنگە كىرگەن. ئۇ بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن خاڭجۇدىكى «تاڭ نۇرى» تەھرىراتى[165] غا ئەزا بولۇپ، يېڭى ئەدەبىيات ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان. مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن سىشى قاتارلىق جايلاردا باشلانغۇچ مەكتەپ مۇئەللىمى بولغان ۋە ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. نىڭپۇ شەھىرىدە نەشر قىلىنغان «سالاڭ»[166] ناملىق قىسقا ھېكايىلەر توپلىمى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ نەشر قىلىنىشىنىڭ باشلىنىشى. 1923 ـ يىلى بېيجىڭغا بېرىپ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا چەتتىن دەرس ئاڭلىغۇچى ئوقۇغۇچى بولغان.

يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، 1925 ـ يىل ئەتىيازدا جېڭخەي ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئىلمىي مۇدىر بولغان، شىمالىي مىلىتارىستلارنىڭ زۇلمىغا كۈچلۈك قارشى چىققان. كۈزدە قان سەپىرا قىلغان، شۇنداق بولسىمۇ نىڭخەي ياشلىرىغا كۈچلۈك ياردەملىشىپ، نىڭخەيدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئاچقان. ئىككىنچى يىلى ئىئانە پۇل توپلاپ،





مەكتەپ بىناسىنى سالدۇرغان، يەنە بىر تەرەپتىن، مائارىپ ئىدارىسىگە باشلىق بولۇپ، پۈتۈن ناھىيە بويىچە مائارىپ ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلغان.

1928 ـ يىل 4 ـ ئايدا يېزىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەممىلا يەرنى ئەكسىيەتچىلىك قاپلاپ، يېڭىراق شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى خاراب قىلىنغان؛ نىڭخەي ئوتتۇرا مەكتىپىمۇ تارقىتىۋېتىلگەن؛ رۇشىمۇ تىنىغ جان يۇرتىدىن چىقىپ، شاڭخەيگە ئورۇنلىشىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقاتى بىلەن مەشغۇل بولغان. 12 ـ ئايدا «تىل رىشتىسى» گە مۇھەررىر بولغان ۋە يار ـ بۇرادەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ «سەھەر غۇنچىسى» تەھرىراتى[167] نى قۇرغان؛ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندىن تاشقىرى، چەت ئەللەرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى، بولۇپمۇ شىمالىي ۋە شەرقىي ياۋروپا ئەدەبىياتى ھەم ئويما رەسىملىرىنى تونۇشتۇرۇشقا تىرىشقان. «سەھەر غۇنچىسى»[168] ناملىق ھەپتىلىك سەھىپىدىن 20 سان، 10 كۈنلۈك سەھىپىدىن 12 سان، «سەنئەت گۈلزارلىقىنىڭ سەھەر غۇنچىسى»[169] دىن بەش نۇسخا چىقارغان. كېيىن ۋاكالىتەن سېتىپ بەرگۈچىلەر كىتاب ھەققىنى بەرمىگەنلىكى ۋە ئۆزىنىڭ قولىنىڭ قىسقىراپ قالغانلىقى سەۋەبلىك مەتبۇئاتلىرىنى توختىتىپ قويغان.

1930 ـ يىل ئەتىيازدا بۈيۈك ئەركىنلىك ھەرىكىتى ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندا، رۇ شى ئۇنىڭ تەشەببۇسچىلىرىدىن بىرى بولغان. ئۇزاق ئۆتمەي، سول قانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندا، ئۇنىڭمۇ ئاساسىي ئەزالىرىدىن بىرى بولۇپ، پرولېتارىيات ئەدەبىيات ھەرىكىتىگە كۈچ چىقارغان. ئاۋۋال ئىجرائىي ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلانغان، كېيىن دائىمىي ھەيئەت ئەزالار تەھرىر بۆلۈمىگە مۇدىر بولغان؛ 5 ـ ئايدا سول قاناتلار ئىتتىپاقىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە مەملىكەتلىك سوۋېت رايونلىرى قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان،

قۇرۇلتايدىن كېيىن «ئۇلۇغ تەسىرات»[170] سەرلەۋھىلىك ماقالە يازغان.

1931 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى قولغا ئېلىنىپ، ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن ئالاھىدە سوت ئارقىلىق لۇڭخۇا گارنىزون قوماندانلىق شتابىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن، 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئاخشىمى مەخپىي ئېتىلغان، 10 يېرىگە ئوق تەگكەن.

رۇ شىنىڭ ئىككى ئوغلى، بىر قىزى بار بولۇپ، شۇ چاغدا ھەممىسى كىچىك ئىدى. ئۇنىڭ ئەدەبىيات جەھەتتە ئىجادىي ئەسەرلىرىدىن «ئىنسانىيەت ئالىمىدىكى كومېدىيە» ناملىق شېئىرىي دراممىسى بار، بېسىلمىغان؛ «كونا دەۋرنىڭ ئۆلۈشى»، «ئۈچ ئاچا ـ سىڭىل»، «2 ـ ئاي»، «ئۈمىد» ناملىق ھېكايىلىرى بار[171]؛ تەرجىمىلىرىدىن لۇناچارسكىينىڭ «فائۇست ۋە شەھەر»[172]، گوركىينىڭ «ئارتومانوفلارنىڭ ئىشى»[173] ۋە «دانىيە ھېكايىلىرى»[174] بار.





# جۇڭگو پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئەدەبىياتى ۋە پېشقەدەملەرنىڭ قېنى[175]

جۇڭگو پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئەدەبىياتى بۈگۈن بىلەن ئەتىنىڭ ئارىلىقىدا بارلىققا كېلىپ، بوھتان ۋە زۇلۇم ئىچىدە ئۆسۈپ، ئاخىر ئەڭ قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە يولداشلىرىمىزنىڭ قېنى بىلەن تۇنجى ماقالىسىنى يازدى.

بىزنىڭ مېھنەتكەش ئاممىمىز ئەزەلدىن ئەڭ ئېغىر جەبىر ـ زۇلۇم ئاستىدا ئۆتتى، ھەتتا خەت ـ ساۋاتىنى چىقىرىش دېگەن خەير ـ ئېھسانغىمۇ ئېرىشەلمىدى، جەبىر ـ جاپا ۋە ھالاكەت دەردىنىلا تارتىپ كەلدى. قىيىن ـ مۇشكۈل سۈرەت خەتمۇ ئۇلارغا ئۆز ـ ئۆزىدىن ئۆگىنىش پۇرسىتىنى بەرمىدى. زىيالىي ياشلار ئۆزلىرىنىڭ پېشقەدەم باشلامچى بولۇش ۋەزىپىسىنى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن، ھەممىدىن ئاۋۋال جەڭگىۋار سادا چىقاردى. بۇ جەڭگىۋار سادا مېھنەتكەش ئاممىنىڭ ئىسيانكار ساداسىغا ئوخشاشلا، ھۆكۈمرانلارنىڭ بېشىغا ۋەھىمە سالدى. شۇنىڭ بىلەن يۈندىخور ئەدىبلەر ھۇجۇمغا ئۆتتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى پىتنە ـ ئىغۋا پەيدا قىلدى، بەزىسى ئۆزۈن قۇلاق ئىشپىيونلاردىن بولۇۋالدى، ئۇلار بۇ ئىشلارنى يوشۇرۇن ـ خۇپىيانە قىلىشتى، يوشۇرۇن ناملار بىلەن ئىشلىدى، مانا بۇ ئەھۋال ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قاراڭغۇلۇق مەخلۇقلىرى ئىكەنلىكىنىلا ئىسپاتلاپ بەردى.

ھۆكۈمرانلارنىڭ يۈندىخور ئەدىبلەرنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئەدەبىياتىغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، بىر

تەرەپتىن، كىتاب - گېزىتلەرنى مەنئى قىلغان، كىتابخانىلارنى
پېچەتلىگەن، قەبىھ نەشرىياتچىلىق قانۇنلىرىدىنى چىقارغان،
ئاپتور - يازغۇچىلارنى تۇتقۇن قىلىش توغرىسىدا ئومۇمىي بۇيرۇق-
لارنى تارقاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاخىرقى ۋاستە سۈپى-
تىدە سول قانات يازغۇچىلارنى قولغا ئالدى، قامىدى، مەخپىي
هالدا ئۆلۈم جازاسى بىلەن جازالىدى ۋە لېكىن تاكى هازىرغىچە
ئاشكارا ئېلان قىلمىدى. تەبىئىيكى، بۇ ئەھۋال بىر تەرەپتىن،
ئۇلارنىڭ زاۋاللىقىغا يۈز تۇتقان قاراڭغۇلۇق مەخلۇقلىرى ئىكەنلى-
كىنى ئىسپاتلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگو پرولېتارىيات ئىن-
قىلابىي ئەدەبىياتى لاگېرىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنىمۇ ئىسپاتلاپ
بېرىدۇ. چۈنكى، خۇددى ئۆلتۈرۈلگەن يولداشلىرىمىزنىڭ تەرجى-
مىھاللىرىدا[176] يېزىلغىنىدەك، ئۇلارنىڭ ياش قۇرامى،
غەيرەت - جاسارىتى، بولۇپمۇ ئادەتتىكى ئەسەرلىرىنىڭ نەتىجىلى-
رى يۈندىخورلارنىڭ ھەممىسىنى كاپشىيالماس قىلىپ قويغانىدى.
شۇنداق بولسىمۇ، بۇ بىرنەچچە يولدىشىمىز يوشۇرۇن ئۆلتۈ-
رۈلدى. تەبىئىيكى، بۇ، پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئەدەبىياتى ئۇ-
چۇن مەلۇم زىيان، بىز ئۈچۈن ناھايىتى زور قايغۇ - ئەلەم.
لېكىن، پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئەدەبىياتى ئۆسۈپ كېتىۋاتىدۇ،
چۈنكى بۇ كەڭ ئىنقىلابىي مېھنەتكەشلەر ئاممىسىغا مەنسۇپ، ئامما
قاچانغىچە مەۋجۇت ياشايدىكەن، قۇدرەت تاپالايدىكەن، پرولېتارى-
يات ئىنقىلابىي ئەدەبىياتمۇ شۇڭغىچە ئۆسۈۋېرىدۇ. يولداشلىرى-
مىزنىڭ قېنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتىكى: پرولېتارىيات ئىنقىلابىي
ئەدەبىياتمۇ ئىنقىلابىي مېھنەتكەشلەر ئوخشاشلا زۇلۇم چەكمەكتە،
ئوخشاشلا قىرغىنچىلىققا ئۇچرىماقتا، ئوخشاشلا كۈرەش قىلماقتا،
ئوخشاش تەقدىردە ياشىماقتا، ئۇ ئىنقىلابىي مېھنەتكەشلەر ئامما-
سىنىڭ ئەدەبىياتى.
هازىر مىلىتارىستلارنىڭ دوكلاتلىرىنى ھەتتا 60 ياشلىق مو-





مايلارمۇ «بولمىغۇر» گەپ، دەپ ھېسابلايدۇ؛ كونسېپسىيە ساق-
چىلىرى ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بالىلارنىمۇ دائىم
تەكشۈرمەكتە. شۇ مىلىتارىستلارنىڭ جاهانگىرلاردىن ئالغان مىلى-
تىق - زەمبىرەكلىرىدىن ۋە بىرنەچچە غالچىسىدىن باشقا ھېچ
نەرسىسى قالمىدى، بارى پەقەت چوڭ - كىچىك — ياشلارغۇ
ئەلۋەتتە شۇنداق — دۈشمەندىنلا ئىبارەت. ئۇلارنىڭ بۇ دۈشمەنلى-
رى تامامەن بىز تەرەپتە.
بىز هازىر ئۆز شېھىتلىرىمىزگە ئېچىنىپ تەزىيە بىلدۈرى-
مىز، ئۇلارنى قەلبىمىزدىن خاتىرىلەيمىز، يەنى جۇڭگو پرولېتارى-
يات ئىنقىلابىي ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ بىرىنچى ۋارىقى يولداشلىرى-
مىزنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن يېزىلغانلىقىنى ئېسىمىزدە چىڭ
تۇتىمىز، بۇ خاتىرە دۈشمەنلەرنىڭ قەبىھ ۋە ياۋۇزلۇقىنى مەڭگۈ
ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ، بىزنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىشىمىزغا
ئىلھام بېرىدۇ.

# زۇلمەت باسقان جۇڭگودىكى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى [177]

— ئامېرىكىنىڭ «يېڭى ئاممىا»سىغا ئاتاپ يېزىلدى

ھازىر جۇڭگودا پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتى ھەقىقەتەن بىردىنبىر ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتى بولۇپ تۇرماقتا. چۈنكى، ئۇ چۆل - باياۋاندا ئۈنۈۋاتقان بىخ، جۇڭگودا ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئەدەبىيات - سەنئەت يوق. ھۆكۈمرانلار سىنىپىغا مەنسۇپ بولغان ئاتالمىش «ئەدىب، سەنئەتكار»لار ئاتالمىش «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت»نىمۇ، ھەتتا «چۈشكۈن» ئەسەرلىرىنىمۇ يارىتالمايدىغان دەرىجىدە چىرىپ كەتتى. ھازىر سول قانات ئەدەبىيات - سەنئەتكە قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقىنى پەقەت بوھتان، زۇلۇم، قاماش ۋە ئۆلتۈرۈش؛ سول قانات يازغۇچىلارغا تاقابىل تۇرۇۋاتقىنىمۇ پەقەت لۈكچەك، پايلاقچى، غالچا - ئىت، جاللاتلار.

بۇنى ئىككى يىلدىن بۇيانقى پاكىتلار ناھايىتى ئېنىق ئىسپاتلاپ بەردى.

ئالدىنقى يىلى، پلېخانوف (Plekhanov) ۋە لۇناچارسكىي (Lunacharsky) نىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى دەسلەپ قېتىم جۇڭگوغا تونۇشتۇرۇلغاندا، ئاۋۋال بابىت ئەپەندى (Mr. prof. lrving Babbitt) نىڭ مۇرىتى، سەزگۈر «ئالىم» [178] نىڭ ئۇغىسى قايناپ كەتتى. ئۇنىڭچە، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسلىدە پرولېتارىياتنىڭ نەرسىسى ئەمەسمىش؛ پرولېتارلار ئەدەبىيات - سەنئەت ياراتماقچى ياكى ئۇنىڭدىن لەززەتلەنمەكچى بولسا، ئاۋۋال جاپا چېكىپ پۇل توپلاپ، بۇرژۇئازىيە دەرىجىسىگە يامىشىپ چىقىشى، بۇ گۈلزارلىقتا يىرتىق - ياماق چاپانلىرى بىلەن كېلىپ غەلۋە قىلىپ يۈرمەسلىكى كېرەكمىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ، جۇڭگودا پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنى تەشەببۇس قىلىدىغانلار سوۋېت روسىيىسىدىن رۇبلى ئالغان، دېگەن پىتنە - ئىغۋانىمۇ پەيدا قىلدى. بۇ چارە ئۈنۈم بەرمەيمۇ قالمىدى، شاڭخەيدىكى بىرمۇنچە مۇخبىرلار پات - پاتلا ئۇيدۇرما خەۋەرلەرنى تارقىتىپ يۈردى، بەزىدە تېخى رۇبلىنىڭ سانىنىمۇ گېزىتكە چىقىرىشتى. لېكىن، چۈشەنگەن كىتابخانلار ئۇلارغا ئىشىنىپ كەتمىدى، چۈنكى ئۇلار جاھانگىر دۆلەتلەردىن پرولېتارلارنى قىرىدىغان مىلتىق - زەمبىرەكلەرلا كەلتۈرۈۋاتقانلىقىنى گېزىتتىكى خەۋەرلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئەمەلىي بولغان پاكىتلاردىن كۆرگەن.

ھۆكۈمران سىنىپ تۆرە - مەنسەپدارلىرىنىڭ تۇيغۇسى ئالىملارنىڭكىدىن گالراق ئىدى، لېكىن ئۇلارمۇ بۆلتۈر زۇلۇمنى كۈندىن - كۈنگە ئاشۇرۇۋەتتى: ژۇرناللارنى مەنئى قىلدى، كىتابلارنى مەنئى قىلدى، مەزمۇنى سەل ئىنقىلابىيراق بولغانلىرىنىلا ئەمەس، ھەتتا تېشىدا قىزىل خەت بارلىرىنىمۇ، ئاپتورى روسىيەلىك بولغانلىرىنىمۇ — سېرافىموۋىچ (A. Serafimovich)، ئىۋانوف (V. Ivanov)، ئوگنېف (N. Ognev) لارنىڭغۇ بىر ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا چېخوف (A. Chekhov) ۋە ئاندرېيېف (L. Andreev) [179] لارنىڭ بەزى رومانلىرىنىمۇ مەنئى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كىتابخانلار ھېساب دەرسلىكى ۋە چۆچەكلەرنىلا چىقىرىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى. مەسىلەن، Mr. Cat بىلەن Miss Rose [180] نىڭ پاراڭلىرىنىلا، باھارنىڭ قانداق يېقىملىق

ئىكەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىدىغان كىتابلارنىلا چىقىرىدىغان بولدى؛ زۇرمۇخلېن (H. Zur Muhlen)[181] يازغان چۆچەكلەرنىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرىمۇ مەنئى قىلىندى، شۇڭا بارلىق كۆچى بىلەن باھارنى مەدھىيىلەشكە توغرا كەلدى. شۇنداق بولسىمۇ، ھازىر يەنە بىر گېنېرال[182]، ھايۋانلارمۇ گەپ قىلالايدىغان ۋە ئۇنىڭ ئۇستىگە Mr دەپ ئاتىلىدىغان بولسا، ئىنسانلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە دەخلى يېتىدۇ، دەپ كايىماقتا.

يالغۇز مەنئى قىلىشنىڭ ئۆزىلا تۈپ چارە بولمىغاچقا، بۇ يىل بەش نەپەر سول قانات يازغۇچى ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى، بالا - چاقىلىرى سۈرۈشتۈرۈپ قارىسا، گارنىزون قوماندانلىق شتابىدا ئىكەن، لېكىن كۆرۈشتۈرمەيدىكەن، يېرىم ئايدىن كېيىن بېرىپ سورىسا، «ئازاد» (بۇ «ئۆلۈم جازاسى» دېگەن سۆزنىڭ مەسخىرىلەپ ئېيتىلىشى) قىلىنىۋەتتۇق دەپتۇ، لېكىن شاڭخەيدە چىقىدىغان جۇڭگوچە، غەربچە گېزىت - ژۇرناللاردا بۇ ھەقتە زادىلا گەپ يوق. ئۇنىڭدىن كېيىن يېڭى كىتاب چىقارغان ياكى يېڭى كىتاب ساتقان كىتابخانىلارنى كۆپ بولغان كۈنلىرى بىر كۈن ئىچىدە بەشنى پېچەتلىۋەتكەندى، لېكىن ھازىر ئۇلار يەنە ئارقا - ئارقىدىن ئېچىلىۋاتىدۇ، بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمىدۇق، كىتابخانىلارنىڭ ئېلانلىرىدىنلا بىلىۋاتىمىزكى، ئۇلار ھەدەپ ستېۋېنسون (Robert Stvenson)، ۋىلدې (Oskar Wilde)[183] قاتارلىق ئادەملەرنىڭ ئىنگلىزچە - خەنزۇچە سېلىشتۇرما ئەسەرلىرىنىلا بېسىپ چىقىرىۋېتىپتۇ.

شۇنداق بولسىمۇ، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتتە ئاكتىپ قۇرۇلۇشلىرىمۇ يوق ئەمەس. بىر تەرەپتىن، ئۇلار بىرنەچچە كىتابخانىلارنىڭ كونا خوجايىنلىرىنى ۋە خىزمەتچىلىرىنى قوغلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىنىڭ گەپ ئاڭلايدىغان ئادەملىرىنى بىلىندۇرمەي يەڭگۈشلەپ قويدى، لېكىن بۇ





ئىشتىمۇ دەرھال مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. چۈنكى، ئۇ كىتابخانىلار پۈتۈنلەي غالجىر ئىتلار بىلەن تولۇپ كەتكەچكە، خۇددى سۈرلۈك يامۇلغا ئوخشاپ قالدى. جۇڭگونىڭ يامۇللىرى خەلق ھەممىدىن بەك قورقىدىغان، ھەممىدىن بەك نەپرەتلىنىدىغان جاي، شۇڭا ئۇنداق جايغا كىشىلەرنىڭ بارماسلىقى تەبىئىي. بېرىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغانلار يەنىلا بىرنەچچە بىكار تەلەپ غالچىلار. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، بازىرىنى قانداقمۇ قىزىتالىسۇن؟ لېكىن، يەنە بىر تەرىپىمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ ئاز - پاز ماقالە يېزىپ، مەنئى قىلىنغان سول قانات ژۇرناللارنىڭ ئورنىغا ژۇرنال چىقىرىش. ھازىرغىچە 10 خىل ژۇرنال چىقاردى، لېكىن بۇنىڭدىمۇ مەغلۇپ بولدى. بۇ «ئەدەبىيات - سەنئەت» لەرگە شاڭخەي شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىر ئەزاسى بىلەن گارنىزون قوماندانلىق شتابىدىكى پايلاقچىلار باشلىقى[184] نىڭ رىياسەتچىلىك قىلغانلىقى ھەممىدىن بەك كاشىلا قىلدى، ئۇلارنىڭ «ئازاد» قىلىشقا ماھىرلىق داڭقى «ئىجاد» قىلىش داڭقىدىنمۇ كۆپ چىقىپ كەتكەن. ئۇلار «ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلى» ياكى «پايلاقچىلىق تېخنىكىسى» نى يازغان بولسا، ئوقۇپ باقىدىغان ئادەم چىقىپ قېلىشى ئېھتىمال ئىدى، لېكىن ئۇلار تېخى ئۆز بەختىگە قارشى رەسسام سىزىدىش، شېئىر توقۇش كويىدا يۈرمەكتە. بۇ خۇددى ئامېرىكىدىكى ھېنرى فورد (Henry Ford)[185] ئەپەندىنىڭ ئاپتوماشىنا ھەققىدە گەپ قىلماي، كۆپچىلىككە غەزەل ئوقۇپ بەرگىنىگە ئوخشاش، كىشىنى ناھايىتى ئەجەبلەندۈرىدۇ.

تۆرە - مەنسەپدارلارنىڭ كىتابخانىلىرىغا بارىدىغان ئادەم يوق، ژۇرناللىرىنى ئوقۇيدىغان ئادەم يوق. ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالىنى ئوڭشاشتا تاپقان ئامالى بۇرۇنلا داڭقى چىققان، ئەمما سولچىل ئىكەنلىكى ناتايىن بولغان يازغۇچىلارنى مەجبۇرلاپ ماقالە يازدۇرۇش، ئۆز ژۇرناللىرىنىڭ تارقىلىشىغا ياردەملەشتۈرۈش بولدى. نەتىجە-

دە، پەقەت بىر - ئىككىلا هاماقەت ئالدام خالتىغا چۈشتى، كۆپچىلىكى تا هازىرغىچە قەلەم تەۋرەتكىنى يوق، بىرى قورققىنىدىن نەگە مۆكۈنۈۋالدىكىنتاڭ.

هازىر ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ قەدىرلىك بولۇپ قالغان ئەدىبلەر، سەنئەتكارلار بولسا، سول قانات ئەدەبىيات - سەنئەت هەرىكىتى باشلانغان چاغلاردا زىيانكەشلىككە ئۇچرىمىغان، ئىنقىلابىي ياشلار هىمايە قىلغان چاغلاردا ئۆزلىرىنى سول قانات دەپ ئاتىشىۋالغان، هازىر بولسا مەنسەپدارلارنىڭ قىلىچى ئاستىدا تىز پۈككەن، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ سول قانات يازغۇچىلارغا زىيانكەشلىك قىلىۋاتقان بىرنەچچە ئادەمدىنلا[186] ئىبارەت. بۇنداق ئادەملەرنى ئۇلار نېمە ئۈچۈن قەدىرلەيدىغان بولۇپ قالدى؟ چۈنكى، ئۇلار ئىلگىرى سول قانات ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بىرنەچچە خىل ژۇرناللىرىنىڭ چىرايىدا يەنە ئاز - پاز قىزىللىق بار، لېكىن ئۇلار ئۇ ژۇرناللاردىكى دېھقانلارنىڭ، ئىشچىلارنىڭ سۈرەتلىرىنى بېئاردسلېي (Aubrey Beardsley)[187] سىزغان كېسەلمەنلەرگە ئوخشاش سۈرەتلەرگە يەڭگۈشلىۋەتتى.

مۇشۇنداق شارائىتتا، كونىچە قاراقچىلىق رومانلىرىنى ۋە يېڭىچە شەھۋانىيەت رومانلىرىنى ئوقۇشقا هېرىس بولۇپ قالغان كىتابخانلار ئوڭايسىزلانماي ئوقۇۋېرىدىغان بولدى، لېكىن ئىلغار ياشلار بولسا، ئوقۇغۇدەك كىتاب تاپالماي، نائىلاج قۇرۇق گەپنى كۆپ ساتىدىغان، مەزمۇنى ناهايىتى پۇچەك — چۈنكى مۇشۇنداقلىرى مەنئى قىلىنمايدۇ — كىتابلارنى ئوقۇپ، شۇنىڭ بىلەن تەشنالىقىنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ قاندۇرۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇلار هۆكۈمەت چىقارغان، كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرۇپ قەي قىلدۇرىدىغان زەھەرلىك دورىلارنى سېتىۋالغاندىن كۆرە، قۇرۇق پىيالىنى ئېغىزغا دوملاپ قويسا، هېچبولمىغاندا زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ





كۆپچىلىك ئىنقىلابىي ياشلار، قانداقلا بولمىسۇن يەنىلا سول قانات ئەدەبىيات - سەنئەتنى ناهايىتى قىزغىن تەلەپ قىلماقتا، هىمايە قىلماقتا، راۋاجلاندۇرماقتا.

شۇنىڭ ئۈچۈن، هۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرى چىقىرىۋاتقان ژۇرناللاردىن تاشقىرى، باشقا كىتابخانىلارنىڭ ژۇرناللىرى بىرنەچچە پارچە ئىلغارراق ئەسەرلەرنى تۈرلۈك چارە - ئاماللار بىلەن قوشۇپ چىقىرىدىغان بولدى، چۈنكى ئۇلارمۇ قۇرۇق پىيالىنى سېتىۋەرسە، ئوقىتىنى ئۇزاققىچە داۋام قىلدۇرالمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. سول قانات ئەدەبىيات - سەنئەتكە ئىنقىلابىي كىتابخانىلار مەدەت بەرمەكتە، «كېلەچەك» شۇ تەرەپكە مەنسۇپ.

دېمەك، سول قانات ئەدەبىيات - سەنئەت يەنىلا ئۆسمەكتە، لېكىن قورام تاشنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ قالغان مايسىغا ئوخشاش ئەگرى - بۈگرى هالدا ئۆسمەكتە.

ئەپسۇسكى، سول قانات يازغۇچىلار ئىچىدە تېخىچە دېھقان - ئىشچىلاردىن كېلىپ چىققان يازغۇچى يوق. بۇنىڭ سەۋەبى، بىرىنچىدىن، دېھقان - ئىشچىلار ئەزەلدىن تارتىپ جەبىر - زۇلۇم تارتىپ كەلگەچكە، ئاز - تولا تەربىيە ئېلىش پۇرسىتىگىمۇ ئىگە ئەمەس؛ ئىككىنچىدىن، جۇڭگونىڭ سۈرەتسىمان — هازىر سۈرەتكىمۇ ئوخشاشمايدىغان بولۇپ كەتتى — تۆت چاسا هەرپلىرى تۈپەيلىدىن دېھقانلار - ئىشچىلار 10 يىل ئوقۇسىمۇ، ئۆزىنىڭ پىكرىنى خالىغىنىچە يازالمايدۇ. بۇ ئەھۋال قولىدا قىلىچى بار «ئەدىب - سەنئەتكار»لارنى مەمنۇن قىلماقتا. ئۇلارنىڭ قارىشىچە: ئوقۇپ ماقالە يازالىغۇدەك دەرىجىگە يېتەلەيدىغانلار ئەقەللىيسى ئۇششاق بۇرژۇئازلارمىش؛ ئۇششاق بۇرژۇئازلار ئۆزىنىڭ ئاز - تولا مال - مۈلكىنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك تۇرسا، ئەمدىلىكتە، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ پرولېتارلارغا مايىل بولۇپ كېتىۋاتقانلىقى تايىنلىق «يالغان»مىش؛ پەقەت پرولېتارىيات ئەدەبىيات - سەنئىتىد-

گە قارشى تۇرىدىغان بۇرژۇئا يازغۇچىلىرىلا «راست» نىيەتلىك-مىش. «يالغان»غا قارىغاندا «راستلىق» ياخشى بولغاچقا، ئۇلار-نىڭ سول قانات يازغۇچىلارغا بوھتان قىلىشى، زۇلۇم قىلىشى، ئۇلارنى تۇتۇپ قامىشى ۋە ئۆلتۈرۈۋېتىشى تېخىمۇ ياخشى ئەدەبىيات - سەنئەتمىش.

لېكىن، قىلچىقا تايىنىدىغان بۇ «تېخىمۇ ياخشى ئەدە-بىيات - سەنئەت» ئەمەلىيەتتە سول قانات يازغۇچىلارنىڭ زۇلۇم چېكىۋاتقان، ئۆلتۈرۈلۈۋاتقان پرولېتارلار بىلەن تەقدىرداش ئىكەن-لىكىنى، سول قانات ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ھازىر پرولېتارلار بىلەن ھەمدەرد (Passion) ئىكەنلىكىنى، كەلگۈسىدىمۇ چوقۇم پرولېتارلار بىلەن بىللە قوزغىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا. ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ ئۆزى، بەرىبىر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەمەس، مۇشۇ سەۋەب بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەممىدىن قۇرۇق قالغانلىقىنى ئۆزلىرى جاكارلاشتى.





# شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئىتىگە بىر نەزەر[188]

## (8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات جەمئىيىتىدە سۆزلەنگەن)

شاڭخەيدە ئۆتمۈشتە ئەدەبىيات - سەنئەتنى «شېنباۋ»[189] گېزىتى باشلاپ بەردى. «شېنباۋ» گېزىتىدىن گەپ ئاچساق، بۇ-نىڭدىن 60 يىل ئىلگىرىكى ئىشلاردىن سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ، لېكىن ئۇ ئىشلارنى مەن ئۇقمايمەن. مېنىڭ ئېسىمدە قالغىنى بۇنىڭدىن 30 يىل ئىلگىرىكىسى، ئۇ چاغدا «شېنباۋ» گېزىتى جۇڭگونىڭ بامبۇك قومۇشىدىن ئىشلەنگەن قەغىزىنىڭ بىر يۈزىگە بېسىلاتتى، ئۇنىڭغا ماقالە يازىدىغانلارنىڭ تولىسى باشقا يەرلەردىن كېلىۋالغان «ئەپەندىم»لەر ئىدى.

ئۇ چاغدىكى ئوقۇغان ئادەملەر، ئومۇمەن، موللا ۋە ئەپەن-دىملەر دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنسە كېرەك. موللىلار «چاھار كىتاب»، «پەنجنامە»لەرنىلا ئوقۇيتتى، باگۇ ئۇسلۇبىدا ماقالە يازاتتى، ئۇلار ناھايىتى سىپايە ئىدى. ئەپەندىملەر بولسا، ئۇلاردىن باشقا ھېكايىلەرنى، مەسىلەن، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نىمۇ ئوقۇيتتى. ئىمتىھاندا كېرەك بولمايدىغان قەدىمىي ۋە ئەينى زامان ئۇسلۇبىدا[190] شېئىرلارمۇ يازاتتى. يەنى ئەپەندىملەر «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نى ئاشكارا ئوقۇۋېرەتتى، لېكىن موللىلارمۇ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نى ئوغرىلىقچە ئوقۇمدىكىنتاڭ، ئۇنىڭ-دىن مېنىڭ خەۋىرىم يوق. شاڭخەيدە كونسېسسىيە — ئۇ چاغدا

«پەرەڭلەر دىيارى» دەپ ئاتىلاتتى، «ياتلار دىيارى» دەپمۇ ئاتىلاتـ
تى، كېيىنچە چاتاق چىقىشىدىن قورقۇپ «غەيرىيلەر دىيارى»
دەپمۇ يېزىشىدىغان بولغان — پەيدا بولغاندىن كېيىن، بەزى ئەپەنـ
دىلەر شاڭخەيگە كېلىۋالىدىغان بولدى؛ ئەپەندىلەر بىپەرۋا بولـ
غاچقا ھەرقانداق يەرگە بېرىۋېرەتتى؛ موللىلار بولسا چەت ئەللىكـ
لەرنىڭ بىرنېمىلىرىنى بىرئاز يامان كۆرەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە
ھىدايەت تېپىپ شۆھرەت قازىنىش كويىدا بولغاچقا، ئاسانلىقچە
ئۇيان - بۇيان قاترىمايتتى. كۇڭزى «تەرىقىتىم ئاقماي قالسا،
سالغا چۈشۈپ باشقا ئەلگە كېتىمەن» دەپتىكەن. دېمەك، ئەپەندـ
لەردە بىرئاز ئەپەندى مىجەز بولسا كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار
موللىلارنىڭ قىلىقلىرىنى «گىرىلىك» دەپ ئاتايتتى.

ئەپەندىلەر ئەسلىدە غەمخان، كېسەلچان كېلەتتى، شاپاقچى
ئاياللار توغرىسىدىكى گەپلەر قۇلىقىغا كىرىپ قالسا، ئاچچىقى
كېلەتتى، تولۇن ئاينى كۆرسە كۆڭلى بۇزۇلاتتى. لېكىن، شاڭـ
خەيگە كېلىش بىلەنلا جالاپقا يولۇقىدىغان بولدى، جالاپ ئۆيىناشقا
بارغىنىدا، خۇددى «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»تىكىگە ئوخشاش،
10 — 20 چوكاننى بىر يەرگە چاقىرىدىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىـ
رىنى جيا باۋيۇدەك ھېس قىلىدىغان بولدى. ئۆزلىرى ئەپەندىم
بولغاچقا، ئويناپدىغان جالاپلىرى ئەلۋەتتە نازىنىن بولىدۇ - دە،
ئەنە شۇنداق قىلىپ، ئەپەندىم - نازىنىنلار كىتابلىرى پەيدا بولـ
دى. بۇنداق كىتابلارنىڭ تولىسىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:
ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرىپ ۋەيران بولغان نازىنىنلارغا
پەقەت ئەپەندىلەرلا ئىچ ئاغرىتىدۇ، جاپا چېكىپمۇ ۋىسالغا ئېرىـ
شەلمىگەن ئەپەندىلەرنىڭ قەدرىگە پەقەت نازىنىنلارلا يېتىدۇ؛
ئۇلار مىڭ تۈمەن جاپا - مۇشەققەتنى باشلىرىدىن كەچۈرگەندىن
كېيىن، ئاخىر مەقسەت - مۇرادىغا يېتىپ جۈپ بولۇپ قالىدۇ
ياكى ھۆر - غىلمانلارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.





ئۇلار «شېنباۋ» گېزىتخانىسىغا مىڭ، چىڭ دەۋرىدىن قالغان
بەزى كىچىك رىسالىلەرنى نەشر قىلىشىپ، سېتىشىپ بېرەتتى،
ئۆزلىرىمۇ بەزى تەھرىراتلارنى قۇرۇپ، پانۇس تېپىشماقلىرىنى
چىقىرىشاتتى، تاللانغانلىرىغا شۇ كىتابلاردىن ھەدىيە قىلاتتى، شۇـ
ڭا ئۇ كىتابلار ناھايىتى كەڭ تارقالغان. «ئۆلىمالارنىڭ غەيرىي
رەسمىي قىسسىسى»[191]، «ئاغۋات»[192] سەنباۋنىڭ غەربكە
ساياھىتى»[193]، «پاراغەتنامە»[194] دېگەندەك چوڭ - چوڭ كىـ
تابلارنىمۇ چىقىرىشقان. ھازىرقى كۈندىمۇ كونا كىتابپۇرۇش دۇـ
كانلىرىدا بىزگە بەزىدە ئۇچراپ قالىدىغان، 1 - بېتىدىلا «شاڭخەي
شېنباۋ گېزىتخانىسى ‹جۈيجېن› نۇسخىسىدىن كۆچۈرۈپ باسقان»
دېگەن سۆزلەر بار كىتابچىلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىـ
سىگە كىرىدۇ.

نازىنىن، ئەپەندىلەر كىتابلىرى بىرقانچە يىل دەۋر سۈردى.
كېيىنكى ئەۋلادلاردىن ھېسابلانغان ئەپەندىلەرنىڭ پىكىر - خىياـ
لى بارا - بارا ئۆزگەردى. ئۇلار نازىنىنلار «ئەپەندىلەرنىڭ
زەكىيلىكىگە ئاشىق - بىقارار» بولغانلىقىدىن جالاپ بولۇپ كەتـ
كەن ئەمەس، نازىنىنلارنىڭ كۆزلەيدىغىنى پەقەت پۇل، ھالبۇكى
نازىنىنلار ئەپەندىلەرنىڭ پۇلىنى ئېلىشقا تېگىشلىك ئەمەس دەپ
ئويلاپ، جالاپلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىدىغان ھەر خىل ئەپلىك چارىـ
لەرنى تاپىدىغان بولدى، ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈش بۇياقـ
تا تۇرسۇن، بەلكى ئۇلاردىن نەپ ئالىدىغان بولدى. ئەنە شۇنداق
چارىلەرنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ھېكايىلەر پەيدا بولدى، بۇنداق
ھېكايىلەر جەمئىيەتتىمۇ كەڭ تارقىلىدىغان بولدى، چۈنكى ئۇلارنى
ئىلمىي تەرىيابۇت دەرسلىكى تەرىقىسىدە ئوقۇش مۇمكىن ئىدى.
شۇڭا، بۇ كىتابلاردىكى قەھرىمانلار ئەمدى ئەپەندىم + تەلۋە ئەـ
مەس، جالاپلار ئۇستىدىن غەلىبە قىلغان باتۇر ئەزىمەت، ئەپەنـ
دىم + لۈكچەك بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، «دىيەنشىجەي

رەسىملىك ژۇرنىلى»[195] دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل رەسىملىك ژۇرنال چىققان. ئۇنىڭ ئاساسىي قەلەم تەۋرەتكۈچىسى ۋۇ يورۇ ئىدى. ئۇ ھۆر - غىلمانلارنى، ئىچكى - تاشقى يېڭىلىقلارنى سىزاتتى، ئۇنىڭ سىزمايدىغىنى يوق ئىدى، لېكىن چەت ئەللەرنىڭ ئەھۋالىنى ئانچە بىلمەيتتى. مەسىلەن، ھەربىي پاراخوتنى سىزىش توغرا كەلگەن بولسا، سودا پاراخوتىنى سىزىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە زەمبىرەكنى ئورنىتىپ قوياتتى؛ دۇئېلنى سىزىش توغرا كەلگەن بولسا، رەسمىيەت كىيىمىنى كىيگەن ئىككى ھەربىي ئادەم مېھمانخانىدا قىلىچلىرىنى سۇغۇرۇپ بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان، گۈل لوڭقىلىرىنىمۇ ئۇرۇپ چېقىۋەتكەن قىلىپ سىزىلاتتى. لېكىن، «دەللىنىڭ جالاپنى بوزەك تېپىشى»، «لوكچەكنىڭ نەيرەڭلىرى» دېگەنگە ئوخشاشلارنى بولسا، ھەقىقەتەن ناھايىتى ئوخشىتىپ سىزاتتى. مېنىڭچە، بۇ ئۇنىڭ شۇنداقلارنى تولىمۇ كۆپ كۆرگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. ھەتتا ھازىرمۇ شاڭخەيدە ئۇنىڭ سىزغانلىرىغا ئوخشاش چىرايلارنى پات - پات ئۇچرىتىپ قالىمىز. ئۆز ۋاقتىدا بۇ رەسىملىك ژۇرنالنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ ئىدى، ھەممە ئۆلكىلەرگە تارقىلاتتى، ئۇنى «زامانە ئىشلىرى» — بۇ نام ھازىرقى «يېڭى ئىلىم»نىڭ شۇ چاغدىكى ئاتىلىشى — دىن خەۋەردار بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ كۆز - قۇلىقى، دەپ ئېيتىش مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرىمۇ «ۋۇ يورۇنىڭ قەلەم گۆھەرلىرى» دەپ ئاتالغان بىرنەرسە كۆچۈرۈپ بېسىلدى، بۇنىڭ تەسىرىمۇ كېيىنكى چاغلاردا قالتىس چوڭ بولدى. ھېكايە كىتابلارنىڭ بېشىدىكى رەسىملەر[196] نى ئېيتمايلا قويايلى، ھەتتا دەرسلىكلەردىكى قىستۇرما رەسىملەرگە قارايدىغان بولساقمۇ، ئۇلاردا كۆرىدىغىنىمىز: باللارنىڭ تولىسى شەپكىسىنى قىڭغىر كىيگەن، قىسماق كۆز، ھۇررەك چىراي، ئەپتىدىن لوكچەكلىك چىقىپ تۇرىدۇ. ھازىر يېڭى لوكچەك رەسساملاردىن





يې لېيىڭفېڭ[197] ئەپەندى پەيدا بولدى، يې ئەپەندى ئۆز رەسىملىرىدە ئەنگلىيىلىك بېئاردسلېي (Aubrey Beardsley) نىڭ رەسىملىرىدىن ئۆلگە ئالغان، بېئاردسلېي «سەنئەت» تەرەپدارى، ئۇ ئۆز رەسىملىرىدە ياپونىيىنىڭ «ئۇكىيو (Ukiyoe)[198] سىدىن ناھايىتى كۆپ تەسىر ئالغان. ئۇكىيو خەلق سەنئىتى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا سىزىلغانلىرىنىڭ تولىسى جالاپلار ۋە سەتەڭ ئارتىسلار بولۇپ، ئۇلار پوسىملاق تەنلىك، خۇمار كۆز Erotie — (شەھۋانىي) كۆز ئىدى. لېكىن، بېئاردسلېي سىزغان ئادەملەر ياداڭغۇ ئىدى، بۇنداق بولۇشىغا ئۇنىڭ چۈشكۈنلۈك تەرەپدارى (Decadence) بولغانلىقى سەۋەب بولغان. چۈشكۈنلۈك تەرەپدارلىرىنىڭ تولىسى ئاۋاق، روھسىز ئىدى، ئۇلار تېمەن ئاياللارنى كۆرگەندە بىرئاز خىجىل بولغانلىقىدىن ياخشى كۆرمىسە كېرەك. بىزنىڭ يې ئەپەندىنىڭ يېڭى خۇمار كۆزلۈك رەسىملىرى ۋۇ يورۇنىڭ كونا خۇمار كۆزلۈك رەسىملىرى بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىرقانچە يىل دەۋر سۈرۈشى تەبىئىي. لېكىن، ئۇ لوكچەكلەرنى سىزىش بىلەنلا توختاپ قالمىدى، بىر مەزگىل پرولېتارىياتنىمۇ سىزدى، بىراق ئۇ سىزغان ئىشچىلارمۇ كۆزىنى قىسىپ قاراپ تۇرغان، ناھايىتى يوغان مۇشتۇملىرىنى چىقىرىپ تۇرغان بولۇپ چىقتى. مېنىڭچە، پرولېتارىياتنى سىزغاندا ئەينەن سىزىش كېرەك، ئىشچىلارنىڭ ئەسلىي قىياپىتى بويىچە سىزىش كېرەك، مۇشتۇمىنى كاللىسىدىنمۇ يوغان قىلىپ سىزماسلىق كېرەك.

ھازىرقى جۇڭگو كىنولىرى تېخىچە شۇ «ئەپەندىم + لوكچەك»لەرچە تەسىرگە ئۇچرىماقتا، ئۇ كىنولاردا قەھرىمانلار، «ياخشى ئادەم»لەردىن بولغان قەھرىمانلارمۇ مايلانغان چاچلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان يالتىراق باش بولۇپ، ئۇلار شاڭخەيدە كۆپ تۇرۇپ، «نەيرەڭۋازلىق»، «قاقتى - سوقتى» قىلىش، «ئاياللار-

غا ساقال تاشلاش» يوللىرىنى بىلىۋالغان قاقۋاش ئۆسمۈرلەرگە
ئوخشايدۇ. ئۇ كىنولارنى كۆرگەن ئادەم هازىرقى كۈندە قەھرى-
مان، ياخشى ئادەم بولۇش ئۈچۈن لۈكچەك بولۇش كېرەك ئوخشاي-
دۇ، دېگەن خىيالغا كېلىپ قالىدۇ.

لېكىن، ئەپەندىم + لۈكچەك ھېكايىلىرىمۇ بارا - بارا كاسات-
لىششقا باشلىدى. ئۇنىڭ سەۋەبى، مېنىڭچە، بىرىنچىدىن، بۇن-
داق كونا مۇقاملار — پاھىشىۋاز ئاياللارنىڭ پۇل سورىشى، زىنا-
خور ئەركەكلەرنىڭ ھىيلە ئىشلىتىشى — ئەسلىدە يېزىپ تۈگەتكى-
لى بولمايدىغان نەرسە ئەمەس؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلاردا جياڭسۇ
شېۋىلىرى، مەسىلەن، «ۋو» («مەن») سۆزىنى «نى» دەپ، «نى»
(سەن) سۆزىنى «نەي» دەپ، «شىفو» (شۇنداقمۇ، - ئەمەسمۇ)
سۆزىنى «ئاشى» دەپ، كونا شاڭخەيلىكلەر بىلەن جياڭسۇ،
جېجياڭلىقلاردىن باشقا ھېچكىممۇ چۈشەنمەيدىغان شېۋىلەر
ئىشلىتىلگەن.

ئەپەندىم + نازىنىنلار كىتابلىرىدىن ئۆز ۋاقتىدا بىرمەھەل
پۇر كەتكەن بىر ھېكايىمۇ چىقتى، ئۇ بولسىمۇ ئىنگلىزچىدىن
تەرجىمە قىلىنغان «جوئاننىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى»[199]
(H. R. Haggard :Joan Haste)، لېكىن ئۇنىڭ باش قىسمىلا
چىقتى. تەرجىماننىڭ يېزىشىچە، ئەسلىي نۇسخىسى كونا كىتابپۇ-
رۇش دۇكىنىدىن تېپىلغان، ناھايىتى ياخشى ئىكەن، بىراق
2 - قىسمى تېپىلمىغاچقا، ئىلاجى بولمىغان. دەرۋەقە، بۇ كىتاب
ئەپەندىم + نازىنىنلارنىڭ نازۇك يۈرەكلىرىنى ئويىنىتىۋەتكەن،
شۇڭا ئۇ ناھايىتى كەڭ، ناھايىتى كەڭ تارقالغان. كېيىنكى چاغ-
لاردا لىن چىڭنەن[200] ئەپەندىنىمۇ مەپتۇن قىلىۋەتكەچكە، ئۇ
ھەممىسىنى تەرجىمە قىلغان، يەنى «جوئاننىڭ قىسقىچە تەرجىمى-
ھالى» دېگەن كونا نام بىلەن چىققان. لېكىن ئىلگىرىكى تەرجىماز-
دىن، بۇنىڭ ھەممىسىنى تەرجىمە قىلىپ، جوئاننىڭ قىممىتىنى





چۈشۈرۈۋېتىپتۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەيپىنى قاچۇرۇپ قويۇپتۇ،
دېگەن قاتتىق دەشنامنى ئىشتكەن. ئىلگىرى پەقەت يېرىم قىسمىلا
تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئەسلىدە ئەسلىي نۇسخىسىنىڭ كەمتۈك بول-
غانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى جوئاننىڭ هارامدىن بالا تاپقانلىقى ئۈ-
چۈن، تەرجىماننىڭ قەستەن تەرجىمە قىلمىغانلىقىدىن بولغانلىقى
ئەنە شۇنىڭ بىلەن مەلۇم بولدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئەسەرمۇ چەت
ئەلدە ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ نەشر قىلىغۇدەك ئۇزۇن ئەمەس ئىدى.
شۇنداق بولسىمۇ، جۇڭگودا ئۆز ۋاقتىدىكى نىكاھ توغرىسىدىكى
قاراشلارنى مۇشۇ ئەھۋالدىنمۇ بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

مۇشۇ كەملەردە، يېڭى ئەپەندىم + نازىنىنلار ھېكايىسى يەنە
ئەۋج ئېلىپ كەتتى، لېكىن نازىنىنلار تېگى ياخشى ئادەملەرنىڭ
قىزلىرى بولۇپ، ئەپەندىملەر بىلەن ئاشىق - مەشۇق بولىدۇ؛
ئۇلار دەرەخ سايىسىدە، چىمەنلەر ئىچىدە بىر - بىرىدىن ئايرىلغۇ-
سى كەلمەي، خۇددى بىر جۈپ كېپىنەككە، قوشماق ئۆردەككە
ئوخشاش يۈرىدۇ؛ لېكىن بەزىدە چىڭ تۇتىدىغان ئاتا - ئانىلىرىنىڭ
سەۋەبى بىلەن ياكى تەلىيىنىڭ شۇملۇقى سەۋەبى بىلەن پاجىئەلىك
ئاقىۋەتلەرگىمۇ قالىدۇ، ھۆر - غىلمانلارغىمۇ ئايلىنالمايدۇ. بۇنى
ھەقىقەتەن زور ئىلگىرىلىش دېمەي مۇمكىن ئەمەس. يېقىندىن بۇ-
يان، يۈزگىمۇ سۈرتكىلى بولىدىغان چىش پاراشوكىنى قوشۇمچە
ئىشلەپ چىقىرىدىغان تيەنشۈي ۋۇشېڭ[201] ئەپەندى تەھرىرلىگەن
«قاش - كىرپىك تىلى» ناملىق ئايلىق ژۇرنال پەيدا بولغان ۋاقىت
ئەنە شۇنداق قوشماق ئۆردەك، جۈپ كېپىنەك ئەدەبىياتى[202] تازا
ئەۋج ئالغان بىر ۋاقىت بولدى. كېيىنكى چاغلاردا «قاش -
كىرپىك تىلى» مەنئى قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەسىرى
قايتمىدى، «يېڭى ياش»[203] ئەۋج ئالغاندىن كېيىنلا
ئاندىن زەربە يېدى. شۇ چاغدا ئىبسېننىڭ سەھنە ئەسەرلىرى
تونۇشتۇرۇلدى[204]، خۇ شى ئەپەندىنىڭ «ئۆمۈرلۈك ئىش»نىڭ

يەنە بىر خىل شەكىلدىكىسى پەيدا بولدى، بۇ ئەھۋال قەستەن بولمىسىمۇ، لېكىن قوشماق ئۆردەك، جۇپ كېپىنەكچىلەر جان تومۇر قىلىۋالغان نىكاھ مەسىلىسىمۇ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خۇددى نورا (Nora) غا ئوخشاش بەدەر تىكىۋەتتى.

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن، يېڭى ئەپەندىم ئېقىمىدىكىلەرنىڭ «ئىجادىيەت تەھرىراتى» پەيدا بولدى. ئىجادىيەت تەھرىراتى تالانتىنى قەدىرلەيدۇ، سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئۆزىنىڭكىنىلا قەدىرلەيدۇ، ئىجادىيەتكە تېۋىنىدۇ، تەرجىمە قىلىشنى يامان كۆرىدۇ، بولۇپمۇ تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىشقا ئۆچ، شۇنىڭدەك ئۇ شاڭخەيدىكى ئەدەبىي تەتقىقات جەمئىيىتى[205] بىلەن زىتلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقارغان بىرىنچى ئېلانىدىلا[206]، بەزىلەر ئەدەبىيات مۇنبەرلىرىنى «چاڭگىللىغا ئېلىۋالدى» دېگىنىدە، ئەدەبىي تەتقىقات جەمئىيىتىنى كۆزدە تۇتقان. ئەدەبىي تەتقىقات جەمئىيىتى بولسا دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە كىشىلىك ھاياتقا خىزمەت قىلىدىغان سەنئەتنى، بىر تەرەپتىن ئىجاد قىلىپ يېزىشنى، يەنە بىر تەرەپتىن تەرجىمىنى قەدىرلەشنىمۇ تەشەببۇس قىلىدۇ، يەنى ئېزىلگەن مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى تونۇشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كىچىك مەملىكەتلەر، ئۇلارنىڭ تىل - يېزىقىنى بىلىدىغانلار يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتى پۈتۈنلەي دېگۈدەك تەرجىمىدىن تەرجىمە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەدەبىي تەتقىقات جەمئىيىتى «يېڭى ياش» قا مەدەت بەرگەنلىكتىن، ھازىر ئۈچ تەرەپنىڭ كونا ئاداۋىتىدە يېڭى نەپرەتلىرىنى قوشۇپ ھۇجۇم قىلىشقا ئۇچرىدى. بىر تەرەپ — ئىجادىيەت تەھرىراتى. بۇلار تالانت سەنئىتى بىلەن شۇغۇللانغاچقا، كىشىلىك ھاياتنى كۆزلەيدىغان سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەدەبىي تەتقىقات جەمئىيىتىگە، ھەممىگە چېپىلىۋالىدۇ، «چاكىنا» لىقتىن خالىي ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنقىتدار-





سىز، دەپ قارىشى تەبىئىي . شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر سەۋەن تەرجىمىنى ئۇچرىتىپ قالسا، بەزىدە ھەتتا ئاتايىتەن بىر تاغار گەپ بىلەن مەخسۇس ماقالە يازىدۇ[207]. يەنە بىر تەرەپ — ئامېرىكىدا ئوقۇپ كەلگەن يۇرت مۆتىۋەرلىرى. ئۇلار ئەدەبىيات - سەنئەت مەخسۇسلا بەگ - غوجام، خان - ئاغىچىلارنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈنلا يېزىلىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىرى — بەگ - غوجام، خان - ئاغىچىلار بولۇشى، بۇلارغا ئەدىبلەر، ئالىملار، سەنئەتكارلار، پروفېسسورلار، خانىم ۋەھاكازالار قوشۇمچە بولۇشى كېرەك، Yes, No دېيەلىسە يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ سالاپىتىگە لايىق كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ. بىر چاغلاردا ۋۇمى[208] ئەپەندى ماقالە يېزىپ، بەزىلەرنىڭ پەگاھدىكىلەر جەمئىيىتىنى تەسۋىرلەشكە خۇشتار بولۇپ قالغانلىقىنى زادىلا چۈشەنمەيمەن، دېگەنىدى. ئۈچىنچى تەرەپ — يۇقىرىدا ئېيتىلغان قوشماق ئۆردەك، جۇپ كېپىنەكچىلەر. ئۇلارنىڭ كىتابخانا خوجايىنىنى كۇشكۇرتۇپ، ئەدەبىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ «ھېكايە» ناملىق ئايلىق ژۇرنىلى[209] نى تەھرىرلەيدىغان بىر ئەزاسىنى يەڭگۈشلەشتە، ئۆزلىرىنىڭ ماقالىلىرىنى تارقىتىش ئۈچۈن «ھېكايىلەر دۇنياسى»[210] نى چىقىرىشتا قانداق ئۇسۇل ئىشلەتكەنلىكىنى بىلمىدىم. بۇ ژۇرنال ئۆتكەن يىلىلا نەشردىن توختىدى.

ئىجادىيەت تەھرىراتى بۇ جەڭدە كۆرۈنۈشتە غەلىبە قىلدى. بىرمۇنچە ئەسەرلىرى ئەينى زاماندا ئۆزلىرىنى ئەپەندىم دەپ ئاتىۋالغانلارنىڭ كۆڭلىگە ياقتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەشرىياتچىلارمۇ ياردەم بەردى، شۇڭا قۇدرەت تاپتى. قۇدرەت تاپقاندىن كېيىن، تىجارەت نەشرىياتىغا ئوخشاش سودا دۇكانلىرىمۇ ئىجادىيەت تەھرىراتىنىڭ ئەزالىرىنىڭ — يەنى گو مورو[211]، جاڭ زىپىڭ ئەپەندىلەرنىڭ تەرجىملىرىنى، ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىپ بېرىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئېسىمدە قېلىشىچە، ئىجادىيەت تەھرىرا-

تى تىجارەت نەشرىياتى نەشر قىلغان نەرسىلەرنىڭ سەۋەن تەرجىمە قىلىنغان يەرلىرىنى ئەمدى تەكشۈرۈپ ئولتۇرمايدىغان، بۇ ھەقتە مەخسۇس ماقالىلەر يازمايدىغان بولدى. مېنىڭچە، ئۇ يەرلەردىمۇ بىرئاز ئەپەندىم + لۈكچەكلەرچە قىلىق يوق ئەمەس. لېكىن، «يېڭى شاڭخەيچىلەر» بەربىر «كونا شاڭخەيچىلەر»گە تەڭ كېلەلمىدى، ئىجادىيەت تەھرىراتىنىڭ ئەزالىرى زەپەر مارشى ئىچىدە ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ ئۆز نەشرىياتچىلىرىنىڭ تاۋارلىرى بولۇپ قالغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ تۈرلۈك تىرىشچانلىقلىرى خوجايىنىنىڭ نەزىرىدە خۇددى كۆزەينەك دۇكانلىرىنىڭ چوڭ ئەينەكلىك دېرىزىلىرى ئىچىدىكى قەغەز ئادەمنىڭ كۆزىنى قىسىپ تۇرغىنىغا ئوخشاش «خېرىدار جەلپ قىلىش»تىن باشقا ئىش ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇلار ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇپ نەشر قىلىش كويىغا چۈشكەندە، خوجايىنى ئۇلار ئۈستىدىن ئەرز قىلدى، ئۇلار ئاخىر مۇستەقىل بولغان بولسىمۇ، كىتابلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئالاھىدە تۈزەتتۇق، باشقىدىن باستۇق، دەپ يېڭىۋاشتىن دۇكان ئاچقان بولسىمۇ، لېكىن كونا خوجايىنى يەنىلا ھەدەپ كونا نۇسخىلىرىنى بېسىپ چىقىرىۋەردى، سېتىۋەردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر يىلى ھەر بايرام - خاتىرە كۈنلەر مۇناسىۋىتى بىلەن باھاسىنى كۆپ ئەرزانلىتىۋەردى.

تاۋار بولۇپ قېلىۋېرىشى مۇمكىن بولمىغانىكەن، مۇستەقىل بولۇپ ياشاپ كېتىۋېرىشىگىمۇ مۇمكىن بولمىدى. ئىجادىيەت تەھرىراتىنىڭ ئادەملىرىنىڭ بارىدىغان جايى، تەبىئىيكى، «ئىنقىلابنىڭ ئوچىقى» بولغان بىرئاز ئۈمىدلىكرەك گۇاڭدۇڭ بولدى. شۇنىڭ بىلەن گۇاڭدۇڭدىمۇ «ئىنقىلابىي ئەدەبىيات» دېگەن ئاتالغۇ پەيدا بولدى، لېكىن بىرەر ئەسەر چىقمىدى، شاڭخەيدە بولسا ئۇنداق ئاتالغۇ تېخى يوق ئىدى.

«ئىنقىلابىي ئەدەبىيات» دېگەن ئىسىم ئالدىنقى يىلىدىلا ئەۋج





ئالغىلى باشلىدى، ئۇنى تەشەببۇس قىلغانلار ئىجادىيەت تەھرىراتىنىڭ «ئىنقىلاب ئوچىقى»دىن قايتىپ كەلگەن بىرنەچچە پېشقەدەملىرى ۋە بىرنەچچە يېڭى كۈچلىرى بولدى. ئىنقىلابىي ئەدەبىياتنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا دەرۋەقە ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش سەۋەب بولدى، ئادەتتىكى ئاممىدا، ياشلاردا شۇنداق تەلەپ پەيدا بولغانىدى. گۇاڭدۇڭدىن شىمالغا يۈرۈش باشلانغاندا، ئادەتتىكى ئاكتىپ ياشلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىي خىزمەتكە ئۆتتى، ئۇ چاغدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك بىرەر ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ھەرىكىتى تېخى يوق ئىدى؛ سىياسىي ۋەزىيەت ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىپ، ئىنقىلاب ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، سىنىپلارغا ئايرىلىش ناھايىتى روشەنلەشتى، گومىنداڭ «پارتىيىنى تازىلاش» دېگەن باھانە بىلەن كوممۇنىستلارنى ۋە ئىنقىلابىي ئاممىنى كەڭ كۆلەمدە قىردى؛ ئۆلمەي قېپقالغان ياشلار بولسا يەنە زۇلۇم گىردابىغا كىرىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابىي ئەدەبىيات شاڭخەيدە كۈچلۈك ھەرىكەتكە ئۆتتى. دېمەك، بۇ ئىنقىلابىي ئەدەبىياتنىڭ ئەۋج ئېلىشى كۆرۈنۈشتە باشقا مەملىكەتلەرنىڭكىگە ئوخشاشمايدۇ، ئۇ ئىنقىلابنىڭ يۈكسەكلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئىنقىلابنىڭ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقىدىن ئەۋج ئالدى؛ بۇ قاتاردىكى بەزى ئادەملەر كونا ئەدىب بولۇپ، ئۇلار قوماندانلىق قىلىچلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، كونا كەسپىنى — دۇۋەت - قەلەمنى يېڭىۋاشتىن قولغا ئالغان بولسىمۇ، بەزىسى بىرنەچچە ياش بولۇپ، بۇلار ئەمەلىي خىزمەتتىن سىقىپ چىقىرىلغان، مۇشۇنىڭ بىلەن جان بېقىش كويىغا چۈشۈشكە مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھەرىكەت ھەقىقەتەن ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولغاچقا، يېڭى كۈچلەر ئىچىدە ناھايىتى مۇستەھكەم، توغرا ئادەملەر بار ئىدى. لېكىن، بۇ ئۇ چاغدىكى ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ھەرىكىتى، مېنىڭ پىكرىمچە، ئوبدان پىلانلانمىغان، ئۇنىڭ خېلى خاتالىقلىرى بار ئىدى. مەسىلەن،

بىرىنچىدىن، ئۇلار جۇڭگو جەمئىيىتىنى تەپسىلىي تەھلىل قىلماستىنلا، سوۋېت ھاكىمىيىتى شارائىتىدىلا قوللانغىلى بولىدىغان ئۇسۇللارنى ئۆلۈك ھالدا قوللانغان. ئۇنىڭدىن قالسا، ئۇلار بولۇپمۇ چېك فاڭۋۇ ئەپەندى ئىنقىلابنى ئادەتتىكى كىشىلەرگە تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىش قىلىپ چۈشەندۈرگەن، خۇددى ئىنقىلاب بولسىلا غەيرىي ئىنقىلابچىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلۈمگە لايىق قىلىۋېتىدىغاندەك، ئىنتايىن سولچىل ياۋۇز قىياپەتتە بولۇۋېلىپ، كىشىلەرنى ئىنقىلابتىن ۋەھىمە يەيدىغان قىلىپ قويغان. ئەمەلىيەتتە، ئىنقىلاب ئادەملەرگە ئۆلۈشنى ئەمەس، ياشاشنى ئۆگىتىدۇ. ھېلىقىدەك «ئىنقىلابنىڭ يامانلىقىنى بىرئاز بىلىپ قوي» دەپ، ئۆزىنىڭ پۇخادىن چىققۇدەك سۆزلىشىشىلا كۆزلەشمۇ ئەپەندىم + لۇكچەكلەرنىڭ زەھىرى بىلەن زەھەرلەنگەنلىك.

ئاسانلا كەسكىنلىشىپ كېتىدىغانلار ئاسانلا بوشىشىپ كېتىدۇ، ھەتتا روھى چۈشكۈنلىشىشتىن تېز بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئەدىب بولسا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى ئاقلايدىغان ئاساسلىرى ۋە پەتىۋالىرى بولىدۇ. مەسىلەن، باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ھاجىتى چۈشكەندە كروپوتكىننىڭ ھەمكارلىشىش نەزەرىيىسىدىن پايدىلىنىدۇ؛ باشقىلار بىلەن دەتالاش قىلغاندا دارۋىننىڭ ھاياتلىق رىقابىتى تەلىماتىدىن پايدىلىنىدۇ. مەيلى بۇرۇن بولسۇن ياكى ھازىر بولسۇن، ئومۇمەن مۇئەييەن نەزەرىيىسى بولمىغان ياكى تەشەببۇسىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى تاپقىلى بولغۇدەك يىپ ئۇچى بولمىغان ۋە لېكىن ھەر خىل ئېقىملاردىكى نەزەرىيىلەرنى ھەرقاچان قورال قىلىۋالىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى لۇكچەك، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، شاڭخەيىنىڭ لۇكچەكلىرى سەھرادىن كەلگەن بىر ئەركەك بىلەن بىر ئايالنىڭ كوچىدا كېتىۋاتقىنىنى كۆرسە: «ھەي، سىلەرنىڭ بۇنداق مېڭىشىڭلار ئەخلاققا توغرا كەلمەيدۇ، سىلەر قانۇنغا خىلاپلىق قىلدىڭلار!» دېگىنىدە، جۇڭگونىڭ قانۇن-





دىن پايدىلىنىدۇ؛ ئەگەر سەھرالىقنىڭ يول بويىدا تەرەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، ئۇ: «ھەي، بۇنداق قىلىشقا رۇخسەت يوق، سەن قانۇنغا خىلاپلىق قىلدىڭ، سېنى ساقچىغا ئاپىرىپ بېرىش كېرەك!» دېگىنىدە، ئۇنىڭ پايدىلانغىنى چەت ئەل قانۇنى. لېكىن، ئەسلىنى ئالغاندا، قانۇن - پانۇن دېگەن گەپ يوق، ئۇ شۇنداق قىلىپ بىرنەچچە تەڭگە قاقتى - سوقتى قىلىۋالسا بولدى، ئىش تۈگەيدۇ.

جۇڭگودا بۇلتۇرقى ئىنقىلابىي ئەدەبىياتچىلار ئالدىنقى يىلدىكىلەردىن خېلىلا پەرق قىلدى، بۇ ئۆز ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدىن بولغان، ئەلۋەتتە. لېكىن، بەزى «ئىنقىلابىي ئەدەبىياتچىلار» نىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدا ئاسانلا قوزغىلىدىغان كېسەل مەنبەلىرىمۇ بار. ئۇلار «ئىنقىلاب» بىلەن «ئەدەبىيات» نى گاھىدا بىر - بىرىدىن ئۈزۈپ قويىدۇ، گاھىدا بىر - بىرىگە چاتىدۇ، گويا يېنىدا تۇرغان ئىككى كېمە، ئۇنىڭ بىرى «ئىنقىلاب»، يەنە بىرى «ئەدەبىيات»؛ يازغۇچىنىڭ ھەربىر پۇتى بىر كېمە ئۈستىگە قويۇلغان. مۇھىت ياخشىراق بولۇپ قالغاندا، ئىنقىلاب كېمىسىگە چىڭراق دەسسەيدۇ - دە، ئىنقىلابچى بولۇپ كۆرۈنىدۇ؛ ئىنقىلاب بېسىمغا ئۇچرىغاندا، ئەدەبىيات كېمىسىگە چىڭراق دەسسەيدۇ - دە، ئەدىبكە ئايلىنىۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىنقى يىلى تەشەببۇسى تولىمۇ كەسكىن بولغان، غەيرىي ئىنقىلابىي ئەدەبىياتنىڭ ھەممىسىنى سۈپۈرۈپ تاشلاش كېرەك، دەيدىغان ئادەملەر بۇلتۇر لېنىننىڭ گونچاروف (I. A. Gontcharov) [212] نىڭ ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ، غەيرىي ئىنقىلابىي ئەدەبىياتنىڭ ئەھمىيىتىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر ئىكەن، دېگەن ھېسسىياتقا كەلگەن؛ ھەممىدىن ئۈزۈل - كېسىل ئىنقىلابىي ئەدىب يې لىڭفىڭ ئەپەندىمۇ ئىنقىلابچىلارنى تەسۋىرلەشتە شۇنداق ئۈزۈل - كېسىل دەرىجىگە يەتكەنكى، ھەر قېتىم تەرەتخانىغا

بارغاندا مېنىڭ «چۇقان»لىرىم بىلەن قوڭنى سۈرتكەن[213] ئىد-
دى، ھازىر، نېمە ئۈچۈندۇر، ئۇ ئاتالمىش مىللەتپەرۋەر ئەدىبلەر-
نىڭ قوڭىدىن سوكۇلداپ يۈرمەكتە.

بۇنداق ئىشلارغا شاڭ پېيلياڭ[214] ئەپەندىنىمۇ مىسال قىلىپ
كۆرسىتىش مۇمكىن. ئىنقىلاب بارا - بارا يۇكسىلىۋاتقان ۋاقىت-
لاردا، ئۇ ناھايىتى ئىنقىلابچى ئىدى. ئۇ ئىلگىرى، ياشلار ھۇۋ-
لاش بىلەنلا توختاپ قالماستىن، بۆرە چىشلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ
قويۇشى كېرەك، دېگەنىدى. دەرۋەقە، بۇنداق قىلىشمۇ يامان ئە-
مەس ۋە لېكىن ئېھتىيات قىلىشمۇ كېرەككى، بۆرە ئىتنىڭ بوۋ-
ىسى بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى قولغا ئۆگەتكەندە، ئۇ ئىتقا ئايلىنىپ
قالىدۇ. شاڭ پېيلياڭ ئەپەندى ھازىر ئىنسانىيەت ئەدەبىياتىنى
تەرغىب قىلىۋاتىدۇ، ئۇ سىنىپىي سەنئەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇ-
رۇشىغا قارشى ئىكەنۇ، ئىنسانلارنى ياخشى ئادەم ۋە يامان ئادەمگە
بۆلۈۋېتىدىكەن، بۇ سەنئەت «ياخشى بىلەن يامان ئوتتۇرىسىدىكى
كۈرەش»نىڭ قورالىمىش. ئىتمۇ ئادەملەرنى ئىككى خىلغا بۆلى-
دۇ، ئۆزىنى باققان خوجايىنىنى ياخشى ئادەم دەپ قارايدۇ، باشقا
گادايلارنى ۋە قەلەندەرلەرنى ئۆز نەزىرىدە يامان ئادەم دەپ قاراپ
يا قاۋايدۇ يا چىشلەيدۇ. لېكىن، بۇنىڭ ئانچە يامىنى يوق، چۈنكى
بەربىر ئۇنىڭدا بىرئاز ياۋايىلىقمۇ بار، ئەگەر يەنە بىر دوملاپلا
پىستە - كۈكىگە ئايلىنىپ، باشقا ئىشلارغا چېپىلمىغاندەك تۇرسى-
مۇ، ئەمەلىيەتتە خوجايىنىغا خىزمەت قىلسا، خۇددى چاكىنا ئىش-
لار بىلەن كارىم يوق دەپ، سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت بىلەن شۇغۇل-
لىنىدىغان ھازىرقى مەشھۇر ئادەملەرگە ئوخشاش، ئۇنىۋېرسىتېت-
لارنىڭ دەرسخانىلىرىغا بېزەك بولۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ.

مۇشۇنداق موللاقلاپ - دوملاپ يۈرىدىغان ئۇششاق بۇرژۇئاز-
لار ئىنقىلابىي ئەدىب بولغان، ئىنقىلابىي ئەدەبىي ئەسەر يېزىش
بىلەن شۇغۇللانغان تەقدىردىمۇ، ئىنقىلابنى ناھايىتى ئاسانلا





مايماق - قىڭغىر يېزىپ قويىدۇ؛ مايماق - قىڭغىر يازسا ئىنقىلابقا
زىيان كەلتۈرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇ دوملاپ يۈرۈشى
ئەپسۇسلىنىشقا قىلچىلىكمۇ ئەرزىمەيدۇ. ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ھە-
رىكىتى باش كۆتۈرگەن چاغدا، بىرمۇنچە ئۇششاق بۇرژۇئا ئەدىبلى-
رى ئۇشتۇمتۇتلا دوملاپ بۇ تەرەپكە كەلگەنىدى، شۇ چاغدا بۇ
ھادىسىنى بىردىنلا ئۆزگىرىش، دەپ يېشىشكەنىدى. لېكىن، بىز-
گە مەلۇمكى، بىردىنلا ئۆزگىرىش دېگەن سۆز A نىڭ B گە
ئۆزگىرىشى ئۈچۈن بىرنەچچە شەرت ھازىرلانغان، لېكىن شەرتلەر-
نىڭ بىرىلا كەم قالغان ۋاقىتتا، كەم قالغان شۇ شەرت ھازىرلانسىلا
ئۇ B گە ئايلىنىدۇ، دېگەن سۆز. مەسىلەن، سۇنىڭ مۇزغا ئايلىنى-
شى ئۈچۈن، گرادۇس 0 گە يەتكەن بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە
ھاۋانىڭ تەۋرىنىشى شەرت، بۇ شەرت بولمىغاندا، گرادۇس 0 گە
يەتكەن تەقدىردىمۇ مۇز تۇتالمايدۇ، ھاۋا تەۋرەنگەن چاغدىلا، ئاندىن
بىردىنلا مۇزغا ئايلىنالايدۇ. دېمەك، سىرتىدىن بىردىنلا ئۆزگەر-
گەندەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. تېگىشلىك شەرت-
لەرنى ھازىرلىماي تۇرۇپ، ئۆزىچە ئۆزگەردىم دېگەنبىلەنمۇ، ئەمە-
لىيەتتە ئۆزگەرمىگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر ئاخشامدا بىردىنلا
ئۆزگىرىپ كەلدىم دەۋالغان ئۇششاق بۇرژۇئا ئىنقىلابىي ئەدىبلىرى
ئۇزاق ئۆتمەي يەنە بىردىنلا ئۆزگىرىپ ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى.

بۇلتۇر سول قانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ شاڭخەيدە قۇ-
رۇلغانلىقى مۇھىم بىر ۋەقە بولدى. چۈنكى، شۇ چاغلاردا پىلېخا-
نوف، لۇناچارسكىيلارنىڭ نەزەرىيىلىرى كىرىپ، ھەممەيلەنگە
ئۆزئارا تەنقىد قىلىش ئىمكانىيىتىنى بەرگەن ۋە ھەممەيلەننى تېخى-
مۇ تولۇق، كۈچلۈك ھالغا كەلتۈرگەنىدى. لېكىن، ئۇلار تېخىمۇ
تولۇق ۋە كۈچلۈك بولغانلىقتىن دۇنيا بويىچە قەدىمدىن تارتىپ
ھازىرغىچە كەم كۆرۈلگەن جەبىر - زۇلۇمغا دۇچ كەلدى، ئەنە
شۇنداق جەبىر - زۇلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز ۋاقتىدا: سول

قانات ئەدەبىيات مانا ئەمدى تازا باش كۆتۈرىدىغان بولدى، يازغۇچىلار ئەمدى ئەمگەكچىلەر خونچىلاپ ئەكەلگەن سىرىقماي، بولكىلارنى يەيدىغان بولدى دەپ ئويلىغان ئاتالمىش ئىنقىلابىي ئەدىبلەر دەرھال ئەسلىي قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ قويدى: بەزىلىرى توۋبىنامە يازدى، بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇ يىل تونۇشتا يەنە بىر قەدەم ئالغا باسقانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بىر دومىلاپلا سول قاناتلار ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ، سول قاناتلار ئىتتىپاقىنىڭ بىۋاسىتە ئۆز ھەرىكىتى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ بىر خىل تازىلىنىش بولدى، بۇنداق ئاپتورلار مەيلى ئۆزگەرسۇن، مەيلى ئۆزگەرمىسۇن، بەرىبىر ياخشى ئەسەر يازالمايتتى.

لېكىن، ھازىرقى سول قانات يازغۇچىلار ياخشى پرولېتار ئەدەبىياتىنى يازالامدۇ؟ مېنىڭچە، خېلى تەس. چۈنكى، ھازىرقى سول قانات يازغۇچىلارمۇ ئوقۇمۇشلۇقلار — زىيالىيلار، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي ئەمەلىيەتنى يېزىپ چىقالىشى ئاسان ئەمەس. ياپونىيىلىك كۇرىياكاۋا (H. Kuriyakawa) يازغۇچىنىڭ يازىدىغانلىرى ئۆز تەجرىبىسىدىن ئۆتكەن بولۇشى كېرەكمۇ، دېگەن بىر سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزى: ئۇنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى ئۇ پەملىيەلەيدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن[215]. دېمەك، ئوغرىنى يېزىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئوغرىلىق قىلىشى ھاجەتسىز؛ پاھىشىۋازلىقنى يېزىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پاھىشىگە بېرىشى ھاجەتسىز. لېكىن، مېنىڭچە، يازغۇچى كونا جەمئىيەتتە ئۆسكەن بولسا، كونا جەمئىيەتنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىدۇ، كونا جەمئىيەتتىكى ئادەملەرنى كۆپ كۆرگەن، شۇڭا ئۇ پەملىيەلەيدۇ: ئۆزى ئەزەلدىن ئالاقىلىشىپ كۆرمىگەن پرولېتارىياتنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئادەملىرىنى يازالماسلىقى ياكى خاتا تەسۋىرلەپ قويۇشى مۇمكىن. دېمەك، ئىنقىلابىي ئەدىب ھېچبولمىغاندا ئىنقىلاب بىلەن بىللە ئۆمۈر سۈرۈشى ياكى ئىنقىلاب تومۇرىنىڭ سوقۇشىنى ئوبدان بىلىشى





شەرت (يېقىندا سول قاناتلار ئىتتىپاقىنىڭ «يازغۇچىلارنىڭ پرولېتارلىشىشى» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئەنە شۇنىڭ ناھايىتى توغرا چۈشەنگەنلىكتىن بولدى).

ھازىرقى جۇڭگودا، يەنى مۇشۇنداق بىر جەمئىيەتتە بارلىققا كېلىشكە ھەممىدىن ئاسان ئۈمىد باغلىنىدىغىنى ئىسيانكار ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ قارشىلىقلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان ياكى جەمئىيەتنى پاش قىلىدىغان ئەسەر. چۈنكى، ئۇنداق يازغۇچى ھالاك بولۇپ كېتىۋاتقان شۇ سىنىپتا ئۆسكەن، شۇڭا ئۇ چوڭقۇر بىلىدۇ، قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۇرغان خەنجىرىمۇ ھەممىدىن بەك ئەجەللىك بولىدۇ ۋە كۈچلۈك بولىدۇ. دەرۋەقە، ئىنقىلابىي ئەسەرگە ئوخشىشىپراق كېتىدىغان بەزى ئەسەرلەر ئۆز سىنىپىنىڭ ياكى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىنى ئارزۇ قىلمايدۇ، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئىسلاھاتقا قادىر بولالمىغانلىقىدىن، ئۆز ئورنىنى ئۇزاقراق ساقلاپ قالالمايۋاتقانلىقىدىن نەپرەتلىنىدۇ ياكى ئۈمىدسىزلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن پرولېتارىياتنىڭ نەزىرىدە، ئۇلار بىر - بىرىگە دۈشمەن بولۇپ «ھويلىدا سوقۇشۇپ قالغان ئاكا - ئۇكا»دىن باشقا نەرسە ئەمەس، لېكىن ئۇنىڭ نەتىجىسى ئىنقىلاب دولقۇنىدا كۆپۈپ چىققان ماغزاپقا ئايلىنىش بولۇپ چىقىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەرنى، مېنىڭچە ھەرگىزمۇ پرولېتارىيات ئەدەبىياتى، دەپ ئاتاش كېرەك ئەمەس، ئۇنداق يازغۇچىمۇ كەلگۈسىدىكى شۆھرىتىنى كۆزلەپ ئۆزىنى پرولېتارىيات يازغۇچىسى، دەپ ئاتاپ يۈرمەسلىكى كېرەك.

لېكىن، كونا جەمئىيەتكە ھۇجۇم قىلىش بىلەنلا چەكلىنىدىغان ئەسەرلەر، ئەگەر كونا جەمئىيەتنىڭ كەمچىلىكىنى ئېنىق بىلمىسە، كېسەللىرىنىڭ يىلتىزىنى تاپالمىسا، ئۇلارمۇ ئىنقىلابقا زىيانلىق. ئەپسۇسكى، ھازىرقى يازغۇچىلار، ھەتتا ئىنقىلابىي يازغۇچىلار ۋە تەنقىدچىلەرمۇ ھازىرقى جەمئىيەتكە توغرا قاراشقا

ياكى ئۇنىڭ بىلىشكە قادىر بولالمايۋاتىدۇ ياكى جۇرئەت قىلالـ
مايۋاتىدۇ. شۇنداقلا بىر مىسال كەلتۈرەي، ئىلگىرى «لېنىنـ
چى ياش» [216] تا جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات ساھەسىنى مۇلاھىزە قىلىـ
دىغان بىر پارچە ماقالە چىققان، ئۇنىڭدا ئەدەبىيات ساھەسىدىكىـ
لەرنى ئۈچ گۇرۇھقا بۆلگەن، بىرىنچىسى، «ئىجادىيەت» تەھرىراـ
تى بولۇپ، ئۇنى پرولېتارىيات ئەدەبىياتى گۇرۇھى قىلىپ تۇرۇپ
ناھايىتى كۆپ سۆزلىگەن؛ ئىككىنچىسى، «تىل رىشتىسى» تەھـ
رىراتى بولۇپ، ئۇنى ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئەدەبىيات گۇرۇھى
قىلىپ تۇرۇپ قىسقىچە سۆزلىگەن؛ ئۈچىنچىسى، «يېڭى ئاي»
تەھرىراتى بولۇپ، ئۇنى بۇرژۇئا ئەدەبىيات گۇرۇھى قىلىپ تۇـ
رۇپ، تېخىمۇ قىسقا بايان قىلغانكى، ھەتتا بىر بەتكىمۇ يەتمەيدۇ.
بۇ شۇنى بىلدۈرىدۇكى، بۇ ياش تەنقىدچى قانچىكى دۈشمەن دەپ
قارالغانلار توغرىسىدا سۆز قىلىشقا شۇنچە گەپ تاپالماي قالغان،
يەنى ئۇنى شۇنچە تەپسىلىي تەكشۈرمىگەن. تەبىئىيكى، بىز كىتاب
ئوقۇغاندا ئەگەر قارشى نەرسىلەرنى كۆرسەك، گۇرۇھداشلارنىڭ
نەرسىلىرىنى كۆرگەندىكىدەك ھۇزۇر قىلمايمىز، راھەتلەنمەيمىز،
نەپ ئالمايمىز. لېكىن، جەڭچى بولغان ئادەم، مېنىڭچە، ئىنقىلاب
بىلەن دۈشمەننى بىلىش جەھەتتە ئالدىدىكى دۈشمەننى تېخىمۇ كۆپ
يېرىپ تەكشۈرۈشى شەرت. ئەدەبىي ئەسەر يېزىشتىمۇ شۇنداق،
ئىنقىلاب ئەمەلىيىتىنى بىلىش بىلەنلا قالماستىن، دۈشمەننىڭ
ئەھۋالىنىمۇ، ھازىرقى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەھۋالىنىمۇ چوڭـ
قۇر بىلىپ، ئاندىن كېيىن ئىنقىلابنىڭ ئىستىقبالىغا ھۆكۈم قىـ
لىشى كېرەك. كونىسىنى بىلىپ يېڭىسىغا نەزەر سالغاندىلا، ئۆتـ
مۈشنى چۈشىنىپ، كەلگۈسىگە ھۆكۈم قىلغاندىلا، ئاندىن ئەدەبىـ
ياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئۈمىد باغلىغىلى بولىدۇ. مېنىڭچە،
ھازىرقى شارائىتتىكى يازغۇچىلار تىرىشىدىغانلا بولسا، شۇنـ
داق قىلىپ كېتەلەيدۇ.





خۇددى يۇقىرىدا ئېيتقىنىمدەك، ھازىر ئەدەبىيات - سەنئەت
كەم كۆرۈلگەن جەبىر - زۇلۇمغا ئۇچرىماقتا، مەنۋى ئاچارچىلىق
ھالىتى كەڭ كۆلەمدە پەيدا بولماقتا. ئىنقىلابىي ئەدەبىيات -
سەنئەتلا ئەمەس، سەل - پەل نارازىلىقى بولغان ئەدەبىيات -
سەنئەتمۇ، ھازىرقى ھالەتكە لەنەت ئوقۇيدىغانلىرىلا ئەمەس، كونا
ئىللەتلەرگە ھۇجۇم قىلىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەتمۇ زىيانكەشلىكـ
كە ئۇچرىماقتا. بۇ ئەھۋال ھازىرغىچە بولغان ھۆكۈمران سىنىپلار
ئىنقىلابىنىڭ كونا ئورۇندۇقنى تالىشىشتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىـ
كىنى بىلدۈرىدۇ. نېرى ئىتتىرىۋېتىدىغان چاغدا، بۇ ئورۇندۇقـ
تىن گويا نەپرەتلىنىدۇ؛ قولغا كەلتۈرگىنىدە بولسا ئۇنى گۆھەرـ
دەك كۆرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىنىڭمۇ شۇ «كونا» بىلەن
ئېپى كېلىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بۇنىڭدىن 20 نەچچە
يىل ئىلگىرى ھەممە ئادەم جۇ يۈەنجاڭ (مىڭ خانىدانلىقىنىڭ
بىرىنچى پادىشاھى[217]) نى مىللىي ئىنقىلابچى دەيتتى، ئەمەلىـ
يەتتە ئۇنداق ئەمەس، ئۇ پادىشاھ بولغاندىن كېيىن موڭغۇللار
سۇلالىسىنى «ئۇلۇغ يۈەن سۇلالىسى» دەپ ئاتىغان، خەنزۇلارنى
موڭغۇللاردىنمۇ كۆپرەك قىرغان. قۇللار خوجايىن بولۇۋالغاندىن
كېيىن، «غوجام» دەپ ئاتاشنى ھەرگىز ئەمەلدىن قالدۇرمايدۇ،
ئېھتىمال، ئۇلارنىڭ كىبىرىسى ئۆز خوجايىنىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىـ
دۇ، كۈلكىلىك بولىدۇ. بۇ ئەھۋال خۇددى شاڭخەيدە بىرئاز پۇل
تاپقان ئىشچىلارنىڭ كىچىك زاۋۇتلارنى ئېچىپ، ئىشچىلارغا يامانـ
لىق قىلىشتا چېكىگە يەتكىنىگە ئوخشايدۇ.

خاتىرە تەرىقىسىدە يېزىلغان بىر كونا ھېكايىدە — بۇ كىتابىـ
نىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن — مۇنداق بىر ۋەقە يېزىلغان:
مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بىر ھەربىي ئەمەلدار بىر مەدداھنى ھېكايە
سۆزلەپ بەر دەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن مەدداھ تەن داۋجى — جىن
سۇلالىسىنىڭ بىر سەركەردىسى — توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى ھەربىي ئەمەلدار مەدداھنى
دۇمبالاشقا بۇيرۇق قىپتۇ، بەزىلەر بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىسا، ئۇ:
«ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا تەن داۋجىنىڭ ۋەقەسىنى سۆزلەپ بەرگەند-
كەن، تەن داۋجىغا چوقۇم مېنىڭ ۋەقەلىرىمنى سۆزلەپ بەرمەي
قالمايدۇ»(218) دەپتۇ. ھازىرقى ھۆكۈمرانلارمۇ نىرۋا ئاجىزلىقتا
شۇ ھەربىي ئەمەلدارغا ئوخشىشىدۇ، ئۇلار ھەممىدىن ۋايىم يەيدۇ،
شۇنىڭ ئۈچۈن نەشرىيات ساھەسىگە ئىلگىرىكىدىنمۇ يامان لۇك-
چەكلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدى. ئۇلارنىڭ لۈكچەكلىك شەكلى-
نى سەزگىلى بولمايدۇ ۋە لېكىن ئۇلار تېخىمۇ يامان لۈكچەكلىك
ۋاستىلىرىنى — ئېلان چىقىرىش، تۆھمەت قىلىش، پوپوزا قى-
لىش ۋاستىلىرىنى — ئىشلەتمەكتە؛ ھەتتا بىرنەچچە ئەدىب ئۆزى-
نىڭ خاتىرجەملىكىنى ۋە مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، لۈكچەكلەرنى
غوجاكا(219) قىلىۋالدى. دېمەك، ئىنقىلابىي ئەدىبلەر ئۇدۇلىدىن
كەلگەن دۈشمەنلەرگە دىققەت قىلىش بىلەنلا قالماستىن، ئۆز تەرى-
پىدىكى تاۋۇزدەك دومىلاپ يۈرىدىغان خۇپىيانە پايلاقچىلاردىنمۇ
ھەزەر ئەيلىشى كېرەك. بۇ جەھەتتە ئاددىي ھالدىلا ئەدەبىيات -
سەنئەت كۈرىشىنى ئىشلەتكەنگە قارىغاندا ناھايىتى كۈچ كېتىدۇ،
شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەھۋال ئەدەبىيات - سەنئەتكىمۇ تەسىر قىلىدۇ.

ھازىر شاڭخەيدە بىر تالاي ئاتالمىش ئەدەبىيات - سەنئەت
ژۇرناللىرى نەشر قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە سۈپرىسى
قۇرۇق. پۇل تېپىشنى مەقسەت قىلغان كىتابخانىلاردا چىقىۋاتقان
نەرسىلەرگە پالاكەتكە يولۇقۇشتىن قورققانلىقتىن، «ئىنقىلابنى
قىلماي بولمايدۇ، لېكىن تولىمۇ ئاشۇرۇۋەتسىمۇ بولمايدۇ» دېگەن-
دەك يېغىرىغا تەگمەيدىغان ماقالىلەر تاللاپ كىرگۈزۈلمەكتە. بۇ-
لارنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، بۇلارنى باشتىن - ئاخىر ئوقۇپ
چىقسىڭىزمۇ ئوقۇمىغان بىلەن باراۋەر بولۇپ چىقىدۇ. ھۆكۈمەت
قولىدىكى ياكى ھۆكۈمەتكە ھە - ھۇ دېيىشىپ بېرىدىغان ژۇرنال-





لارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ يازغۇچىلىرى بىرى باغدىن، بىرى تاغ-
دىن كېلىپ قالغانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورتاق مەقسىتى بىرنەچچە
تىيىن قەلەم ھەققى تېپىش. ئۇلارنىڭ يازغان ماقالىلىرى «ئەنگلى-
يە ۋىكتورىيە خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات»، «لېۋىسنىڭ
نوبېل مۇكاپاتى ئالغانلىقى توغرىسىدا» ۋەھاكازا دېگەندەك، ھەتتا
دەۋاتقان گەپلىرىگە ئۆزىمۇ ئىشەنمەيدىغان، يازغانلىرىنى ئۆزىمۇ
كۆزگە ئىلمايدىغان ماقالىلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ھازىر شاڭ-
خەيدە چىقىۋاتقان ئەدەبىيات - سەنئەت ژۇرناللىرىنى قۇرۇق -
پۇچەك دەيمەن. ئىنقىلابچىلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىغۇ بېسىمغا
ئۇچراۋاتىدۇ، زالىملار چىقىرىۋاتقان ئەدەبىيات - سەنئەت ژۇرنال-
لىرىدىمۇ كۆز سالغۇدەك ئەدەبىيات - سەنئەت يوق. لېكىن،
زالىملارنىڭ راستىنلا ئەدەبىيات - سەنئىتى يوقمۇ؟ بار، بىراق
ئەدەبىيات - سەنئەت ئەمەس، بەلكى ئومۇمىي تېلېگرامما، ئېلان،
ئاخبارات، مىللەتپەرۋەر «ئەدەبىيات»(220)، سوراقچىلارنىڭ ھۆ-
كۈمنامىسى ۋەھاكازالاردىن ئىبارەت. مەسىلەن، ئالدىنقى كۈنلەر-
دە، «شېنباۋ» گېزىتىدە يېزىلىشىچە، بىر ئايال ئۆز ئېرىنىڭ
زورلاپ بەچچىۋازلىق قىلماقچى بولغانلىقى ۋە ئۇرۇپ بەدىنىنى
كۆكەرتىۋەتكەنلىكى ئۈستىدىن ئەرز قىپتۇ؛ سوراقچى ئۆزىنىڭ
ھۆكۈمنامىسىدە: قانۇندا ئېرىنىڭ ئۆز خوتۇنىغا بەچچىۋازلىق قى-
لىشىنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا ئېنىق ماددا يوق، بەدىنىنى
ئۇرۇپ كۆكەرتىۋەتكەن بولسىمۇ، فىزىئولوگىيىلىك ئىقتىدارىغا
زىيان يەتمەپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەرز ئاقمايدۇ، دەپتۇ. مانا
ئەمدى ھېلىقى ئەر ئەكسىچە ئۆز خوتۇنى ئۈستىدىن «بوھتان قىل-
دى» دەپ ئەرز قىلىۋېتىپتۇ. مېنىڭ قانۇندىن خەۋىرىم يوق،
فىزىئولوگىيىنى ئازراق ئوقۇغانمەن، بەدىنى ئۇرۇپ كۆكەرتىلسە،
ئۆپكە، جىگەر ياكى ئۈچەي - ئاشقازاننىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئىق-
تىدارىغا زىيان يەتمەيدۇ، لېكىن كۆكەرگەن يەرنىڭ تېرىسىنىڭ

فىزئولوگىيىلىك ئىقتىدارىغا زىيان يېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ھازىرقى جۇڭگودا دائىم ئۇچراپ تۇرغاچقا ھېچقانداق غەلىتە بىر ئىش ئەمەس. لېكىن، مېنىڭچە، بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم ھادىسىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ، ئۇ ئادەتتىكى بىرەر ھېكايە ياكى داستاننى بېسىپ چۈشىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمدىن باشقا، ھېلىقى ئاتالمىش مىللەتپەرۋەر ئەدەبىيات دېگەنلەرنىمۇ، ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان دەۋر سۈرۈپ كېلىۋاتقان جەڭنامىلەرگە ئوخشاش بىرنەرسىلەرنىمۇ تەپسىلىي يېزىپ كۆرۈش لازىم ئىدى، بىراق ھازىر ۋاقىت يېتىشمەيدۇ، كەلگۈسىدە پۇرسەت چىقىپ قالسا سۆزلەپ بېرەرمەن، بۈگۈن سۆزۈمنى مۇشۇنىڭ بىلەن توختىتىپ قوياي.





# «8 ـ يانۋار سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى»نىڭ مەشىق ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىگە كىرىش سۆز [221]

ھازىرقى ۋاقىتتا ئۆزىنى ناھايىتى مەلۇماتلىق چاغلايدىغان ئادەملەر «ئىنسانىيەتكە خىزمەت قىلىدىغان سەنئەت» نى تەرىپلەۋاتىدۇ، لېكىن ھازىرقى جەمئىيەتتە ئۇنداق سەنئەت ئەسلا يوق. قاراڭلار، «ئىنسانىيەتكە خىزمەت قىلىدىغان سەنئەت» نى تەرىپلەيدىغان شۇ ئادەملەرمۇ ئىنسانلارنى توغرا ۋە خاتا ياكى ياخشى ۋە يامانغا ئايرىپ، ئاتالمىش خاتالىرىنى ياكى يامانلىرىنى چىشلەپ تارتماقتا.

دېمەك، ھازىرقى ۋاقىتتىكى سەنئەت بىر تەرەپتىن خورلۇقتا، ھاقارەتتە، زىيانكەشلىكتە ئۇچرىماقتا، يەنە بىر تەرەپتىن خەيرخاھلىقتا، ھىمايىگە، مەدەتكە ئېرىشمەكتە.

«8 ـ يانۋار سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى»[222] مۇ شۇ تەمسىلدىن خالىي ئەمەس. چۈنكى ئۇ بۇ كونا جەمئىيەتتە تۇرماقتا، ئۇ يېڭى، ياش، ئىلغار.

جۇڭگودا يېقىندىن بۇيان ئەمەلىيەتتە سەنئەتكار يوق. «سەنئەتكار» دەپ ئاتالغانلار سەنئەت بىلەن ئەمەس، ئەكسىچە ئۆزلىرىنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئەسەرلىرىنىڭ چىرايلىق، پاساھەتلىك، غەلىتە، چوڭقۇر مازمۇنلىرى بىلەن نام چىقارماقتا. ئۇلار باشقىلارنى ئالداش، قورقۇتۇش يولى بىلەن، باشقىلاردا قالتىس ئىكەن، دېگەن تەسىراتنى پەيدا قىلماقتا. لېكىن، دەۋرنىڭ چاقى تىنماستىن

ئىلگىرىلىمەكتە. ھازىرقى يېڭى، ياش، نامى چىقمىغان ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى مانا بۇ يەردە تۇرۇپتۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆسۈۋاتقان ساغلام يېڭى بىخلىرىنى سەگەك ئاڭ ۋە مۇستەھكەم شىجائىتى بىلەن يانتاق - تىكەن ئارىسىدىن نامايان قىلماقتا.

تەبىئىيكى، بۇلار تېخى يۇمران نوتا، لېكىن يۇمران نوتا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۈمىد مانا مۇشۇ تەرەپتە.

مەنمۇ ئۆز سۆزۈمنى مانا مۇشۇلار تەرىپىگە قىلىۋاتىمەن.

(1931 - يىل 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى)





# «ئەدەبىيات - سەنئەت ئاخباراتى» تەھرىراتىنىڭ سوئالىغا جاۋاب[223]

## — ياپونىيىنىڭ شەرقىي ئۈچ ئۆلكىنى بېسىۋالغانلىقىنىڭ ئەھمىيتى

بۇ بىر تەرەپتىن، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ئۆزىنىڭ غالچىلىرىنى — جۇڭگو مىلىتارىستلىرىنى — «جازا»[224] لىغانلىقى، يەنى جۇڭگو خەلقىنى «جازا» لىغانلىقى، چۈنكى جۇڭگو خەلقىمۇ مىلىتارىستلارنىڭ قۇلى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، س س س ر گە ھۇجۇمغا ئۆتىدىغانلىقىنىڭ باشلىنىشى، دۇنيا ئەمگەكچىلىرى ئاممىسىنى مەڭگۈ قۇللۇق ئازابىغا چۈشۈرۈش نىشانىسىنىڭ بىرىنچى قەدىمى.

9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى

# «مىللەتپەرۋەرلىك ئەدەبىياتى»نىڭ ۋەزىپىسى ۋە تەقدىرى[225]

## 1

مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتى لۈكچەكلەرنى چوقۇم ئاسرايدۇ ۋە بېقىپ تەربىيىلەيدۇ. جاھانگىرلارنىڭ نەزىرىدە پەقەت شۇلارلا ھەممىدىن مۇھىم مالاي ۋە كارغا يارايدىغان تايغان. ئۇلار مۇستەملىكە بولغان خەلق ئورۇندىمىسا بولمايدىغان ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىيالايدۇ: بىر تەرەپتىن، جاھانگىرلارنىڭ زوراۋان كۈچلىرىگە تايىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆز مەملىكىتىدىكى ئەنئەنىۋى كۈچلەردىن پايدىلىنىپ، «يۇرت بۇزۇقلىرى»نى، ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈرى قىلمايدىغان «شۇمبۇيا»لارنى يوقىتىپ بېرەلەيدۇ. دېمەك، بۇ لۈكچەكلەر مۇستەملىكىلەردىكى پەرەڭ غوجاملارنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلى، ياق، ئوماق كۈچۈكى. ئۇلار ئۆز غوجىسىدىن پەس بولغان بىلەن ھامان باشقا مەھكۇملاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

شاڭخەيدىكى ئەھۋالمۇ بۇ مىسالنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمەيدۇ، ئەلۋەتتە. كۆزەتچى ساقچىلار گۇرۇھلارغا ئەزا بولۇپ كىرمەيدۇ، ئۇششاق سودا - سېتىقچىلارنىڭ ئۆزىگە لايىق ئاز - پاز دەسمايىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار باشقا بىرەر لۈكچەكنى تېپىپ، ئۇنىڭغا قەرزدار بولۇپ ئېغىر ئۆسۈم تۆلەپ تۇرمىسا، تىرىكچىلىك قىلىشى تەس. بۇلتۇر ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىمۇ «قېرى چاللارغا قول بېرىدىغان» «ئەدىب»لەر پەيدا بولدى.

لېكىن، بۇ تولىمۇ ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر پاكىت.





ئەمەلىيەتتە شۇ ئاتالمىش «ئەدەبىيات - سەنئەتچى»لەرنىڭ بىرمۇنچىسى گۇرۇھداش بولمىسىمۇ، بەربىر «ئوماق كۈچۈك»لۈك ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەكتە. ئۇلارنىڭ دەستەك قىلىۋالغان شوئارلىرى سەنئەت ئەلاچىلىق، مىللىي ئەتىقچىلىق، مىللەتپەرۋەرلىك، ئىنسانىيەتكە خىزمەت قىلىدىغان سەنئەت دېگەندەك ھەر خىل بولسىمۇ، لېكىن بۇ خۇددى كۆزەتچى ساقچىلارنىڭ قولىدىكى مىلتىقلىرى بەردەنكە، مۇزاپان، رەيفىل، ماۋزىر دېگەندەك ھەر خىل بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى پەقەتلا جاھانگىرلىككە قارشى، يەنى ھۆكۈمەتكە قارشى، ۋە يەنى «ئىنقىلابقا قارشى» تۇرغۇچىلارنى ياكى بىرئاز نارازى بولغۇچى خەلقنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈش بولغىنىغا ئوخشايدۇ.

شۇ ئوماق كۈچۈكلەر ئەدەبىياتى قاتارىدا داپ - دۇمبىقىنى راسا كۈچەپ چېلىۋاتقىنى — ئاتالمىش «مىللەتپەرۋەرلىك ئەدەبىياتى»[226]، لېكىن پايلاقچىلارنىڭ، پاششاپلارنىڭ، جاللاتلارنىڭ ئالاھىدە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئالدىدا، ئۇلارنىڭ چېنىپ تۇرىدىغان يەرلىرى كۆپ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار تېخىمۇ ھاۋشىپ - قاۋاپ يۈرگەن بولسىمۇ، بىۋاستە چىشلىيەلمەيدۇ، ئۇلاردا ئومۇمەن لۈكچەكلەردىكىدەك قان قىزىقلىق يوق، بىراق ئۇلار لاغايلاپ يۈرىدىغان تىرىك مۇردا. ھالبۇكى، «مىللەتپەرۋەرلىك ئەدەبىياتى»نىڭ خۇسۇسىيىتى ئەنە شۇنداق بولغاچقا، ئۆزىنىڭ «ئوماق»لىقىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ.

ئۇلارنىڭ نەشر ئەپكارىدىن بىرەر سانىغا قاراپ باقايلى، ئىلگىرى ھەر خىل ئىزمىلارنى كۆتۈرۈپ چىققان ئادەملەر ھازىر بىر يەرگە توپلىشىۋالغان. ئۇلارنى «مىللەتپەرۋەرلىك» دېگەن ئەزىمەتنىڭ قولى بىر يەرگە يىغقانمۇ؟ ياق، ئۇلار ئەسلىدە شاڭخەي ساھىلىدە ئۇزاقتىن بۇيان بىردەم غايىب بولۇپ، بىردەم پەيدا بولۇپ يۈرگەن تىرىك مۇردىلار ئىدى، ئەسلىدە ئۇيەر - بۇيەردە

ساياق بولۇپ يۇرۇشكەنىدى، لېكىن دولقۇننىڭ سوقۇشى بىلەن
لەيلەپ كېلىپ بىر يەرگە يىغىلىپ، دۆۋە ھاسىل قىلغان. ئۇلار
ئەسلىي زاتىدىن چىرىپ ـ سېسىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، خېلىلا
بەتبۇي تارقاتماقتا.

بۇ «قاۋاش» ۋە «بەتبۇي» خېلى يىراقلارغا دارىش خۇسۇسىد-
يىتىگە ئىگە، ئۇلار جاھانگىرلىككە «غوجامنىڭ سەركىسى»[227]
گە ئوخشاش نەپ يەتكۈزىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىك مۇردا ئەدەبىيا-
تى لۈكچەكلەر سىياسىيسى بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

## 2

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دولقۇن نېمە؟ ئۇ پرولېتارىياتنىڭ
باش كۆتۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن كۆتۈرۈلگەن كىچىككىنە دول-
قۇن. ئىلگىرىكى بەزى ئاتالمىش ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ئۆزلى-
رىنىڭ چىرىپ كەتكەنلىكىنى مەيلى يېرىم ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز
بولسىمۇ سەزمەي، ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئالداپ، ئۆزلىرىنى
بەھۇزۇر، بىمالال (يېڭىچە سۆز بىلەن ئېيتقاندا «روھى چۈش-
كۈن» ) دېگەندەك چىرايلىق ناملار بىلەن پەردازلاپ، يالىڭاچ ئايال-
لارنىڭ سۈرەتلىرىنى، ھەرىكەتسىز نەرسىلەرنى، ئۆلۈكلەرنى سى-
زىپ يۈردى؛ گۈل ـ غۇنچىلارنى، تولۇن ئاينى، قۇددۇسنى،
ئۇيقۇسىزلىقنى، هاراق ـ شارابنى، خوتۇن ـ قىزلارنى تەسۋىرلەپ
يازدى. كونا جەمئىيەتنىڭ ھالاكىتى تېخىمۇ روشەنلەشكەن، سىند-
پىي كۈرەش تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشكەن چاغلاردا بولسا، ئۆز
كۈشەندە ـ رەقىبلىرىنىڭ يېڭى مەدەنىيەت يارىتىدىغان، كونا رەز-
گىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلايدىغان پرولېتارىيات ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ
ۋە ئۆزلىرىنىڭ شۇنداق رەزگى ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئۈستى-
دە تۇرغان ھۆكۈمرانلار بىلەن تەقدىرداش ئىكەنلىكىنى ھېس قىل-





دى، شۇنىڭ بىلەن جاھانگىرلارنىڭ ئىلكىگە چۈشۈپ قالغان مىل-
لەت ئىچىدىكى رايىش بەندىلەر تىكلىگەن «مىللەتپەرۋەرلىك ئەدە-
بىياتى» دېگەن تۈغ ئاستىغا مۇقەررەر يوسۇندا يىغىلىپ، ئۆز
غوجىلىرى بىلەن بىللە جان تالاشقىلى تۇردى.

دېمەك، ئۇلار قىيما ـ چىيما بولۇپ كەتكەن مۇردا بولسىمۇ،
ئۇلارنىڭ نىشانىسى بىر: ئۆز غوجىلىرىغا ئوخشاش بارلىق ۋاستىد-
لەرنى قوللىنىپ، پرولېتارىياتقا زۇلۇم سېلىپ، شۇ يول بىلەن
ئۆز ئۆمرىنى ئۇزارتىش. بىراق، بەرىبىر قىيما ـ چىيما بولغانلى-
قى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈگىمەي قالغان يۇك ـ قاسماقلىرى بولغانلى-
قى ئۈچۈن، خىتابنامە[228] ئېلان قىلغىنىدىن بۇيان، يۆنىلىشى
روشەنرەك ئەسەرلىرىنى كۆرمىدۇق. ئۇلارنىڭ خىتابنامىسى بولسا
قىيما ـ چىيمىدىن تەركىب تاپقان چىقىرىندى، ئۇ ئاساس قىلىشقا
يارىمايدۇ.

شـۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار «ئاۋانگـارت» ئـايلـىـق ژۇرنىلى[229]
نىڭ 5 ـ سانىدا بىزنى ئۇقۇملۇق بىر پارچە ئەسەر بىلەن
تەمىنلىدى، مۇھەررىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ «يەن شىسەن، فېڭ
يۇشياڭلارغا قارشى ئۇرۇشقا[230] قاتناشقانلارنىڭ ئەمەلىي تەسۋى-
رى» ئىكەن. ئۇرۇشنى تەسۋىرلەيدىغان ھېكايىنىڭ ئەجەبلەنگۈچى-
لىكى يوق؛ كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى — شۇ «ياش ھەربىي»
ئاپتور بايان قىلغان جەڭ مەيدانىدىكى روھىي ھالەت بولۇپ، بۇ
«مىللەتپەرۋەر ئەدىب»نىڭ ئۆز تەسۋىرى، ئۇنىڭ ئېتىبار بىلەن
نەقىل كەلتۈرۈش قىممىتى بار.

«ھەر كۈنى كېـچـىـدە جىمىرلاپ تۇرغان يۇلـتۇزلار
ئاستىدا، قـولىغا كارابىن ئالغان ھالدا، قۇرت ـ قوڭغۇز-
لارنىڭ چىرىلدىغان ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ تۇراتـتى. ئەتراپىدا
سان ـ ساناقسىز پاشا گىڭىلداپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. بۇ ئەھۋال

كىشىگە فرانسىيە ‹ئىستېلاچىلىرى› نىڭ ئافرىقا چۆللىرىدە ئەرەبلەرگە قارشى قانلىق كۈرەش قىلغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ.» (خۇاڭ جېنشيا: «لۇڭخەي سەپلىرىدە»)

جۇڭگو مىلتارىستلىرىنىڭ ئۆزئارا جەڭ - جېدەللىرى، «ياش ھەربىي» نىڭ، «مىللەتپەرۋەر ئەدىب» نىڭ نەزىرىدە، بىر مەملىكەت خەلقىنىڭ ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشى ئەمەس ئىكەن، بەلكى چەت ئەللىكلەرنىڭ باشقا بىر چەت ئەل خەلقلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلغىنى ئىكەن؛ ئىككى مەملىكەت، ئىككى مىللەت جەڭ مەيدانىدا قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەنلا ئۆزلىرىنى ئاق ئۆڭلۈك، قاڭشارلىق بولۇپ قالغاندەك، لاتىن مىللىتى(231) جەڭچىلىرىگە ئايلىنىپ قالغاندەك، بەدەۋىلەر ئافرىقىسىدا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىدىكەن. بەللى، شۇڭا ئۇلار ئۆز ئەتراپىدىكى پۇقرالارنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ ئۆلتۈرۈۋەتمىسە بولمايدىغان دۈشمەن دەپ قارىغانىكەن - دە! مىللەتپەرۋەرلىك نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، فرانسۇزلارنىڭ نەزىرىدە ئافرىقا ئەرەبلىرىگە رەھىم - شەپقەت قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا، يوغىنىتىپىراق ئېيتساق، جۇڭگو مىلتارىستلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئۆزلىرىنى «فرانسىيە ئىستېلاچىلىرى» دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن جاھانگىرلارغا غالچىلىق قىلىپ، جۇڭگو خەلقىنى قىرىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. كىچىكلىتىپىرەك ئېيتساق، جۇڭگونىڭ «مىللەتپەرۋەر ئەدىب» لىرىنىڭ ئەسلىي زاتىدىن چەت ئەللىك خوجايىنلار بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ تۇرۇۋقلۇق ئۆزلىرىنى «مىللەتپەرۋەر» دەۋېلىپ، كىتابخانلارنىڭ كۆزىنى بوياۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى بەزىدە لاتىن مىللىتىگە، ئوردىن مىللىتىگە(232) ئوخشىتىۋېلىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.





## 3

خۇاڭ جېنشيا ئەپەندى شۇنىڭ ئۈچۈن يازغانكى، ئۇ تەسۋىرلىگەن روھىي ھالەت ھەق - راست، بىراق ئۇنىڭ ئۆز ھېكايىسىدە ئىپادىلىگەن ئەقلىي پەرەزلىرىگە قارىغاندا، ئۆزى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن قەستەن ئېيتماي قويغان خۇدۇكلىرىمۇ يوق ئەمەس. ئۇنىڭ خۇدۇكى شۇكى، ئۇ «فرانسىيىنىڭ ئاننام قوشۇنى» نى مۇجمەللىك بىلەن «فرانسىيە ئىستېلاچىلىرى» غا ئۆزگەرتىۋەتكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن «ئەمەلىي تەسۋىر» دىن خېلى يىراقلىشىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىدا ئېيتىلغان گەپ - سۆزلەرگىمۇ قالغان.

لېكىن، ئاپتور چېچەن ئىكەن، ئۇ «بۇرادەر فۇ يەنچاڭ ئەپەندىنىڭ ئادەتتىكى بىرمۇنچە سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ... بىرمۇنچە جايلاردا ئۇنىڭدىن ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان تەسىراتلارنى ئالغان»(233) ھەمدە جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ تارىخ، جەڭنامىلىرىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، يەنە «مىللەتپەرۋەرلىك» دېگەن تېمىغا يېقىنراق كېلىدىغان بىر پارچە غەزەلىيات يازغان، بۇ قېتىم فرانسۇزنىڭ ئورنىغا «سېرىق تەنلىكلەرنىڭ قېنى» نى ئىشلەتكەن («ئاۋانگارد» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 7 - سانى).

بۇ غەزەلىياتتا سېرىق تەنلىكلەرنىڭ غەربكە ھەربىي يۈرۈش قىلغانلىقى بايان قىلىنغان: بۇ ھەربىي يۈرۈشنىڭ سەركەردىسى چىڭگىزخان(234) نىڭ نەۋرىسى بولغان لەشكەربېشى باتۇخان ھەققىي سېرىق تەنلىك؛ بۇ ھەربىي يۈرۈشتە ئىستېلا قىلىنىدىغان يېرى ياۋروپا. ئەمەلىيەتتە روسىيىدىلا بولغان — بۇ ئاپتورنىڭ نىشانىسى؛ بىرلەشمە قوشۇن تەركىبىدىكىلەر خەنزۇ، تاتار، جۇرجىن، كىدان(235) — بۇ ئاپتور پىلانى؛ ئۇلار زەپەر بىلەن ئىلگىرىلەپ كېتىۋېرىدۇ، ئەپسۇسكى كېيىنكى چاغلاردا بۇ تۆت خىل ئادەملەر

«دوستلۇق» نىڭ قەدرىگە يەتمەي ۋە «ئىتتىپاقلىقنىڭ كۈچ - قۇد-
رىتى» نى چۈشەنمەي، ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىپ، ئاخىر ئاق
تەنلىك باتۇرلاردىن پەشۋا يەيدۇ، بۇ ئاپتورنىڭ كىنايىسى ۋە
ھەسرىتى.

شۇنداق بولسىمۇ، بۇ سېرىق تەنلىك قوشۇننىڭ سۈرىگە،
ئۇساللىقىغا قاراپ باقايلى:

......

ۋاھ دەھشەت ئاز، پىژغىرايدۇ مۇردىلارنىڭ ياغ - مۇنلىرى!
ئاھ، ۋەھشەت — ئا، دالىدا ياتۇر تاپلار، بەتبۇيلىرى؛
قۇچاقلاپتۇ ئاق قىزلارنى ئەزرائىللار بولۇپ سەيياتى؛
نازىنىنلار بولمىشتۇر يىرگىنچلىك سۆڭەك، ھەيھات!
ئوردىلاردا ۋەھشىيلەرچە تالاشماقتا بەدەۋلەر،
مىڭ يىللىق تاۋۇت - كېپەن چاچماقتا خوپ بەتبۇيلەر؛
ئەھلىسەلىپ جەڭچىلىرى غەمدىن بولمىش زەپىران؛
چەيلىمەكتە ئۇستىلەپ، سىنىغان سۆڭەكنى تۆمۈر تاپان؛
تۆگىنىڭ بۇۋلىشى بولمىش دىۋە نەرىسى شۇنچە،
تەگرى قېچىپ، ئىبلىس ئالمىش قىساس ئۇچۇن ئوت قامچا؛
كەلدى سېرىق ئاپەت - ھەي! سېرىق ئاپەت كەلتۈردى چاڭ!
ئاسىيا پالۋانلىرى ئاچتى قانخور ئاغزىنى ھاڭ.

گېرمانىيە پادىشاھى ۋىلگېلىم[236] «گېرمانىيە، گېرمانىيە،
ئەلاسەن ھەممىگە» دەپ تەرغىب قىلىش نىيىتى بىلەن جار سالغان
بۇ «سېرىق ئاپەت» نى، «ئاسىيا پالۋانلىرى ھاڭ» ئاچقان بۇ «قاند-
خور ئېغىز» لارنى بىزنىڭ بۇ شائىرىمىز روسىيىگە، يەنى ھازىرقى
كۈندە يوقسۇللار دىكتاتورىلىق قىلىۋاتقان تۇنجى دۆلەتكە پرولېتا-
رىياتنىڭ ئۆلگىسىنى يوقىتىش مەقسىتى بىلەن قاراتقان، بۇ،





«مىللەتپەرۋەرلىك ئەدەبىياتى» نىڭ نىشانىسى. لېكىن، قانداقلا
بولمىسۇن، مۇستەملىكە رايىش بەندىلىرىنىڭ «مىللەتپەۋەرلىك
ئەدەبىياتى» بولغاچقا، بىزنىڭ شائىرىمىزنىڭ سەردار قىلىۋالغىنى
جۇڭخۇا ئەھلى بولغان جاۋ گۇ[237] ئەمەس، بەلكى موڭغۇل باتۇ-
خان؛ «قانخور ئېغىز» نى ئېچىپ تۇرغىنى جۇڭگو پالۋانلىرى ئە-
مەس، بەلكى «ئاسىيا پالۋانلىرى» ؛ ئارزۇ قىلىدىغىنى ھەرقايسى
مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك - بۇرادەرلىكى ئەمەس، بەلكى باتۇخان
تىزگىنلەپ تۇرىدىغان «دوستلۇق» . «مىللەتپەرۋەرلىك ئەدەبىيا-
تى» دېگەن بىرنېمىنىڭ قىپيالىڭاچ خۇسۇسىيىتى ئەنە شۇ، شۇن-
داقلا ياش ھەربىي ئاپتورنىڭ ھەسرەت - نادامىتىمۇ ئەنە شۇ.

## 4

باتۇخان ئۆلۈپ كەتتى، ئاسىيادىكى سېرىق تەنلىكلەر ئىچىدە
ھازىر ئۆز ۋاقتىدىكى موڭغۇلىيىگە ئوخشاتقىلى بولىدىغىنى ياپوند-
يىلا بولۇپ قالدى. ياپونىيە پالۋانلىرىمۇ سوۋېت روسىيىسىگە
ئۆچ، لېكىن ئۇلار جۇڭخۇا پالۋانلىرىنىمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ.
ئۇلارنىڭ «ياپون - چىن ئىناقلىقى» دېگەن مۇقامى «دوستلۇق»
تەشەببۇسى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيىتى ئاغزىدا
ئېيتقىنىدەك ئەمەس؛ جۇڭگونىڭ «مىللەتپەرۋەر ئەدىب» لىرىنىڭ
ئۆز مەيدانىدا تۇرۇپ ھەسرەت چېكىشى، ئۇلارغا كىنايە قىلىش
ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق.

دەرۋەقە، شائىرنىڭ ھەسرەت تۇيغۇسى ئىسپاتلانغاندەك تۇرد-
دۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەھۋالى تېخىمۇ يامان بولۇۋاتىدۇ. «ئوت
قامچىسىنى ئوينىتىپ» ، «روسىيە» نىڭ كۇلىنى كۆككە سورۇشقا
كىرىشىدىغان چاغدا، خۇددى باتۇخاننىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئاقىۋد-
ىنگە ئوخشاش، چاۋشيەنلىكلەر جۇڭگولۇقلارنى قىرىشقا

كىرىشتى[238]، ياپونلار «قانخور ئاغزىنى هاڭ ئېچىپ»، شەرقىي ئۈچ ئۆلكىنى يۇتۇپ كەتتى. ئۇلار پۇ يەنچاڭ ئەپەندىدىن تەسىرات ئالمىغانلىقى، «ئىتتىپاقلىقنىڭ كۈچ - قۇدرىتى»نىڭ مۇھىملىقىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ «پالۋانلىرى»نىمۇ ئافرىقا ئەرەبلىرىگە ئوخشاتقانىكەن - دە؟!

## 5

بۇ ھەقىقەتەن چوڭ زەربە. ھەربىي ئاپتور ئۆزىنىڭ شىرمەتلەرچە ساداسىنى چىقىرىپ بولغۇچە، هازىر «مىللەتپەرۋەرلىك» تۈغى ئاستىدىكى گېزىت - ژۇرناللارغا بېسىلغان كىچىك پالۋانلارنىڭ غەزەپ - نەپرەتلىرى ۋە ئۈمىدسىزلىكلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇمىز. بۇمۇ ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، هەيران قالغۇچىلىكى يوق. غايە بىلەن رېئاللىق ئەسلىدە ئاسانلا توقۇنۇشۇپ قالىدۇ، غايىگە ئىنتىلگەن چاغدىلا مەيۈسلەنگەن ئادەمنىڭ رېئاللىق يۈز بەرگەندە ئۈمىدسىزلىنىشى تەبىئىي، شۇنىڭ ئۈچۈن كىچىك پالۋانلار جەڭگە ئاتلانماقچى:

ئاتلان جەڭگە،
كېلىپ قەتئىي نىيەتكە.
قىرىپ تۈگەت دۈشمەننى،
قارا، گۈمبۈرلىمەكتە
دۈشمەن زەمبىرەكلىرى؛
تېز باس قەدەمنى،
ياسايلى سەددىچىن
ۋۇجۇدىمىزدىن.
گۈركىرىمەكتە ئۈستىمىزدە





گۈلدۈر - چېقىن؛
هۆركىرىمەكتە ئايغىمىزدا
دولقۇن - ئېقىن.
قەلبىمىزدە قاينىماقتا
ئىسسىق قانلار،
چاپايلى ئالغا
فرونتقا!»

(سۇفېڭ: «جەڭ مارشى»، «مىنگو گېزىتى»دىن)

«يۈرەيلى فرونتقا،
قاينىماقتا ئىسسىق قانلىرىمىز،
گوياكى مەجنۇن بۇ جىسمىمىز؛
داتلاشتۇرسۇن
دۈشمەن قوراللىرىنى
ئىسسىق قانلىرىمىز؛
يۈر، قاپلانسۇن
دۈشمەن توپلىرى ئاغزىغا
گۆش - تەنلىرىمىز.
يۈرەيلى، فرونتقا،
تايانچىمىز — ئۆز غەيرىتىمىز،
پاك ۋىجدان ۋە جۈرئىتىمىز؛
سۈرەيلى، شۇم رەقىبلەرنى
ياق،
قىرايلى شۇم رەقىبلەرنى.»

(گەن يۈچىڭ: «يۈرەيلى فرونتقا»، «شېنباۋ» گېزىتىدىن)

«ئويغان، قېرىنداش،
تاشلا ئاجىزلىق دىلىنى،
چۆرۈۋەت زەئىپ كاللىنى.
قارا، قارا، قارا،
بۇلدۇقلاپ ئاقماقتا
قېرىنداشلار قانلىرى،
لەختە - لەختە بولماقتا
قېرىنداشلار تەنلىرى؛
ئەنە ئېسىلماقتا،
قېرىنداشلار جەسەتلىرى.»

(شاۋ گۇەنخۇا: «ئويغان، قېرىنداش»، يۇقىرىقىغا ئوخشاش)

قورال - ياراغ يوقلۇقىنى بىلگەچكە، ئاپتورلارنىڭ «ۋۇجۇد»، «پاك ۋىجدان» ۋە «جەسەت»نى قورال ئورنىدا ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولغانلىقى بۇ شېئىرلاردىن روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. «سېرىق تەنلىكلەرنىڭ قېنى»نىڭ ئاپتورىنىڭ ئىلگىرى ھەسرەت چەككەنلىكىنىڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن لەشكەربېشى باتۇخاننىڭ كەينىگە كىرىپ، «دوستلۇق»نى تەشەببۇس قىلماقچى بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى دەل ئەنە شۇ. ئۇلار قورالنى ئۆز غوجىلىرىدىن سېتىۋالىدۇ، چۈنكى يوقسۇللار ئاللىقاچان ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بولۇپ قالغان؛ ئەگەر غوجىلىرى ئۇلارنىڭ ھالىغا يەتمەي، ئۇستىلەپ «جازاسى»نى بېرىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇلارغا ئۆلۈشتىن باشقا يول تېپىلمايدۇ:

«بىز يېڭىلا تەربىيىلەنگەن ئەترەتمىز،
چىڭ ئىرادە بىلەن ئىش باشلايمىز،





قايناپ تاشقان ئىسسىق قانلىرىمىز
شۇم ياۋۇزلارنى سۈپۈرۈپ تاشلايمىز.

قېرىنداش، ھەي قەدىردان،
قېنى، جەڭگە تەييارلان.
بول، ئاتلان كۈرەشكە
نىجات يولىمىز — ئۆلۈش جەڭدە.»

(شاشەن: «ئوقۇغۇچىلار قوشۇنى»، يۇقىرىقىغا ئوخشاش)

«ئاسمان گۈركىرىمەكتە،
زېمىن تەۋرىمەكتە،
ئادەم ئالغا ئېتىلماقتا،
ھايۋان ھۆركىرىمەكتە،
ئالەمدىكى ھەممە نەرە تارتماقتا.
ھەي، دوستلىرىم،
بېشىمىزنى دۈشمەن قىلىچىغا تەييارلايلى.»

(شۈي جىجىن: «ئۇلۇغ ئۆلۈم»، يۇقىرىقىغا ئوخشاش)

بىر تۈركۈمى جەسۇر - شىجائەتلىك بولسا، بىر تۈركۈمى قايغۇلۇق ۋە مەيۈسلۈكنى ئىپادىلىگەن. بۇنداق ھالەتنى قەغەز يۈزىگە يېزىش ھېچ گەپ ئەمەس، لېكىن راستتىن شۇنداق قىلىدىغان بولسا، «مىللەتپەرۋەرلىك ئەدەبىياتى»نىڭ ماھىيىتىنى راسا چۈشەنمىگەنلىك بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ «مىللەتپەرۋەرلىك ئەدەبىياتى»نىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغان بولىدۇ.

## 6

«ئاۋانگارد» ئايلىق ژۇرنىلىدا چوڭ ھەرپ بىلەن بېسىلغان
«سېرىق تەنلىكلەرنىڭ قېنى» دېگەن ماۋزۇلۇق ئەسەرنىڭ
ئاپتورى، شائىر خۋا جېنشىيا ئۆز غايىسىدە تەسەۋۋۇر قىلغان
لەشكەربېشى باتۇخاننى بىزگە ئاللىقاچان ئېيتىپ بەرمىگەنمىدى؟
بۇ شائىر فۇ يەنچاڭ ئەپەندىدىن تەسىرات ئالغان، جۇڭگو ۋە چەت
ئەل تارىخلىرى، داستانلىرىنى ئوقۇپ كۆرگەن، «ئوتتۇرا ئەسىر-
دىكى شەرقىي ياۋروپا ئۈچ خىل ئىدىيە توقۇنۇشقان يەر»[239]
ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىدىغان تۇرۇقلۇق، جاۋ جەمەتىنىڭ ئاخىرقى
دەۋرىدىكى جۇڭگونىڭ موڭغۇللار باسقۇنچىلىق قىلىدىغان جاي بو-
لۇپ قالغانلىقىنى بىلمەسمۇ؟ لەشكەربېشى باتۇخاننىڭ بوۋىسى
چىڭگىزخان جۇڭگوغا بېسىپ كىرگەندە، ئايىغى تەگكەنلا يەردە
خوتۇن - قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلغان، ئۆي - ئىمارەتلەرگە ئوت
قويغان؛ موڭغۇل ئەسكەرلەر شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ چۈيفۇ ناھىيە-
سىگە بارغىنىدا، جانابىي كۇڭ سولتەكنىڭ بۇتلىرىنى كۆرۈپ،
«‹يات قەبىلىلەرنىڭ پادىشاھ - ھۆكۈمدارلىق بولۇشى جۇشيانىڭ
ھۆكۈمدارسىز بولغىنىغا يەتمەيدۇ›، دېگەن گەپنى قىلغان
ئادەم سەن ئەمەسمۇ؟» دەپ تىللاپ، پېشانىسىگە قارىتىپ ئوقياسىدى-
نى ئاتقانىكەن. بۇ خۇددى ھازىرقى ۋاقىتتا گېزىت - ژۇرناللاردا
ئۇچراپ تۇرىدىغان يىغلاڭغۇ ماقالىلەرگە ئوخشاشلا، سۇڭ سۇلالى-
سى زامانىسىدىكى ئادەملەرنىڭ ئۆز خاتىرىلىرىگە ماقىلىرىنى ئې-
قىتىپ تۇرۇپ يازغان سۆزلىرى[240]. شائىر خۋاڭ جېنشيا «رو-
سىيە» دە «قۇچاقلاپتۇ ئاق قىزلارنى ئەزرائىللار بولۇپ سەي-
يات...» دەپ ئۇستىلىق بىلەن تەسۋىرلىگەن ئەھۋاللار ئەمەلىيەتتە
ئۆز ۋاقتىدا جۇڭگودا پەيدا بولغان ئەھۋال ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ





نەۋرىلىرىنىڭ دەۋرى كەلگەندە، ئۇلار قولغا قول تۇتۇشۇپ،
«غەربكە ھەربىي يۈرۈش» قىلمىغانمىدى؟ ھازىر ياپون ئەسكەرلىدى-
رىنىڭ «شەرققە ھەربىي يۈرۈش» قىلىپ، شەرقىي ئۈچ ئۆلكىنى
بېسىۋالغانلىقى «مىللەتپەرۋەر ئەدەب» لەرنىڭ غايىسىدىكى «غەربكە
ھەربىي يۈرۈش» قىلىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى، «ئاسىيا پالۋانلىرى-
نىڭ قانخور ئېغىزلىرىنى ھاڭ ئېچىشى» نىڭ مۇقەددىمىسى، بى-
راق ئاۋۋال جۇڭگونى چىشلەشكە مەجبۇر. چۈنكى، چىڭگىزخانمۇ
ئۆز ۋاقتىدا «روسىيە» گە ھەربىي يۈرۈش قىلىشتا، ئاۋۋال جۇڭ-
گولۇقلارنى قۇلغا ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن كېيىن ئۇلارنى جەڭگە
ھەيدىگەنىدى، ئۇلارنى «دوستانە» باغاق بىلەن تەكلىپ قىلىپ
بارغان ئەمەس. دېمەك، ھازىرقى شېنياڭ ۋەقەسى «مىللەتپەرۋەر-
لىك ئەدەبىياتى» بىلەن توقۇنۇشۇش بوياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۇلار-
نى مۇرادىغا يەتكۈزدى. مۇبادا بۇ ماھىيەتنى چۈشەنمەي، باشنى
زورمۇزور تۇتۇپ بېرىش بىلەن، «ئاسىيا پالۋانلىرى» نى ئازايتماق-
چى بولسا، بۇ ھەقىقەتەن ئېچىنارلىق ئىش بولۇپ قالىدۇ.

ئۇنداق بولسا، «مىللەتپەرۋەرلىك ئەدەبىياتى» غا ۋاي ئاللا،
ۋايجان، ئاھ - پاھ دەيدىغان تەلەپپۇز ھاجەت ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭغا
تەكەللۇپ بىلەن بېرىلىدىغان جاۋاب شۇكى: ھاجەت، ئۇلارغىمۇ
شۇنداق تەلەپپۇز ئەلۋەتتە ھاجەت. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇلارنىڭ
قارشى چىقماسلىقلىرى، يار بويىدا قىستالغاندا بەرگەن ۋەدىلى-
رى[241]، يەرلەرنى بۆلۈپ بەرگەنلىكى — بۇ ئەسكىلىكلىرى تىم-
تاسلىق ئىچىدە تېخىمۇ چېنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆركىرەپ
يىغلاپ چۇقان سېلىشى، يەڭلىرىنى شىمايلاپ مۇشتلىرىنى تۈگۈ-
شى، باشقىلارنى ئەنە شۇ غوۋغا بىلەن ئازدۇرۇشى، مۇڭلۇق ناخ-
شىلار بىلەن يىغلىتىشى، مەردانە ناخشىلار بىلەن غەزەپلەندۈرۈشى
شەرت، ئەنە شۇنداق قىلغاندا، «شەرققە ھەربىي يۈرۈش»، يەنى
«غەربكە ھەربىي يۈرۈش» قىلىش يولىدىكى بىرىنچى قەدەممۇ چاق-

دۇرماستىن، تۇيدۇرماستىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھازىدارلار قاتاردا ھەسرەتلىك يىغا - زار بولىدۇ، ھەيۋەتلىك ھەربىي مۇزىكا چېلىنىدۇ، بۇنىڭ ۋەزىپىسى ئۆلگۈچىنى تۇپراققا كۆمۈش داۋامىدا، شۇ «ئۆلۈم»نى شۇنداق دەبدەبىنىڭ ياردىمى بىلەن پەردىلەپ، ھەممە ئادەمنى «ئۇنتۇش» ھالىتىگە كەلتۈرۈش. ھازىرقى «مىللەتپەرۋەرلىك ئەدەبىياتى»نىڭ جەسۇر - شىجائەتلىك ياكى قايغۇلۇق - مەيۇسلۇك ماقالىلىرى ئەنە شۇنداق ۋەزىپىنى ئورۇندىماقتا.

لېكىن، «مىللەتپەرۋەر ئەدىب»لەر بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ غەم - قايغۇغا قالىدۇ. چۈنكى، ئۇلار مۇنداق بىر مەسىلىگە تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كېتىۋاتىدۇ: خوجايىنلىرى كەلگۈسىدە لەشكەربېشى باتۇخاننىڭ ئىزىنى باسماي، سادىق، باتۇر قۇللىرىغا، ياق، پالۋانلىرىغا ئىشىنەرمۇ ۋە ياخشى مۇئامىلە قىلارمۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى مۇھىم، ناھايىتى ۋەھىمىلىك مەسىلە، خوجايىن بىلەن قۇلنىڭ «بىللە ياشاپ بىللە كۆكلىشى»نىڭ ھەل قىلىغۇچ ئاچقۇچى.

تارىخ بىزگە شۇنى ئېيتىدۇكى: ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ، ھەتتا «مىللەتپەرۋەر ئەدىب»لەرنىڭ ئۆزىگىمۇ مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇنداق بولمايدۇ. ئۇلار ھازا تۇتۇش ۋەزىپىسىنىلا ئورۇندايدۇ، خوجايىنلىرىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي مەڭگۇ ھەسرەتتە قالىدۇ، ئۇلار بۇ ئىپلاس ۋە چىرىك تەقدىرىدىن پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ بوران - چاپقۇنلىرى غەزەپلىك ھۆركىرەپ ۋەتىنىمىزنى تازىلىغاندىلا قۇتۇلالايدۇ.





# تىنىپ كەتكەن دۇغلارنىڭ لەيلەپ چىقىشى[242]

ياپونىيە شەرقىي ئۈچ ئۆلكىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن شاڭخەي خەلقىنىڭ بىلدۈرگەن ئىپادىلىرىنى گېزىت - ژۇرناللار «ۋەتەننىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەنلىكى توغرىسىدىكى سادا» دەپ ئاتىدى. ئەنە شۇ «سادا»لار داۋامىدا، خۇددى كۆپ يىللاردىن بۇيان توختاپ قالغان كۆلنى كالتەك بىلەن قوچۇغاندا خىلمۇخىل، كونا ۋە يېڭى لاتقىلارنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن قوزغىلىپ، سۇنىڭ يۈزىگە لەيلەپ چىقىپ، سۇ ئۈستىدە بىر ئۆرۈلۈپلا ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغاندەك بولدى.

ھازىر ئۇرۇشقا ئاتلانساق بولىدۇ، دەپ ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالايدىغانلار ئۇزۇندىن بۇيان خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان پەرەڭ مىلتىقلىرىنى مەشىق قىلماقچى بولدى؛ ھازىر جەڭگە ئاتلانغۇسى يوقلارمۇ بار، ئۇلار ياۋروپا ئۇرۇشى ۋاقتىدا گېرمانىيە ئىمپېرىيەسى قوللانغان ئۇسۇل بويىچە «مېڭە سەپەرۋەرلىكى»نى يولغا قويۇپ، «پۇقرا بولغانغا لايىق» مەجبۇرىيەتنى ئۆتىمەكچى بولدى. بەزىلىرى «تاڭ دەۋرى تارىخى»[243]نى ئاختۇرۇپ، ياپونلارنىڭ قەدىمىي ئىسمى «پاكار قۇل» ئىكەن، دېيىشتى؛ بەزىسى لۇغەتلەرنى ئاختۇرۇپ، پاكار دېگەن سۆز پەتەك، پاپى دېگەن سۆز ئىكەن، دېيىشتى؛ بەزىسى ۋېن تيەنشياڭ، يۆ فېي ۋە لىن زېشۈي[244]نى ئېسىگە ئېلىشتى؛ لېكىن، تەبىئىيكى، بۇ جەھەتتە تېخىمۇ ئاكتىپلىق كۆرسەتكەنلەر يېڭى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بولدى.

هازىرچە گەپنى باشقا بىر نۇقتىدىن، يەنى «تىنچلىق ساداسى» دىن باشلاي. ئەنە شۇنداق بىر سادا چىقىپ تۇرغاندا، «خۇ جەنتاڭ[245] ئەپەندى» شاڭخەيگە كەپتۇ. ئۇ ياشلارغا «قۇۋۋەت» توپلاڭلار، «بەل» قويۇۋەتمەڭلار، دەپ ۋەز - نەسىھەت قىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن شىپالىق دورا تېپىلىپتۇ. ئەتىسىلا گېزىتلەردە: «خۇ خەنمىن (خۇ جەنتاڭ) ئەپەندى، ياپونىيە ھەققىدىكى دىپلوماتىيىدە مۇستەھكەم بىر پرىنسىپ بەلگىلەش كېرەك، — دېدى ۋە ياشلارغا، — قۇۋۋەت توپلاڭلار، بەل قويۇۋەتمەڭلار، قۇۋۋەت توپلاش — بەدەننى كۈچەيتىش، بەل قويۇۋېتىش — ئۈمىدسىزلىنىش بولىدۇ. بەدەننى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئۈمىدسىزلىكنى يوقىتىش كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىچ - قارنىڭلارنى ئېچىپ، بىر قېتىم قاقاقلاپ كۈلۈڭلار، دەپ مەسلىھەت بەردى» دېگەن ئېلان چىقىرىلىپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ شۇنداق كۈلدۈرىدىغان گۆھىرى نېمە؟ ئۇ — ئامېرىكىنىڭ ئېكسپېدىتسىيىسىنى كۈلكىلىك بىر ئىشقا ئايلاندۇرۇپ، شۇ يول بىلەن مىشچانلارنى كۈلدۈرىدىغان «قۇدا - باجىلارنىڭ ئافرىقىغا ساياھىتى» ناملىق كونا كىنو فىلىمى.

«ۋەتەننىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەنلىكى توغرىسىدىكى سادا» ئىچىدىكى ھەقىقىي كۆڭۈل ئېچىش دورىسىچۇ؟ ئۇ دورا «ۋەتەنپەرۋەرلىك كونسېرتلىرى»[246] ئىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، «مىللىي خۇسۇسىيەتنىڭ جانلىنىشى، ناخشا - ئۇسسۇل ساھەسىنىڭ ئىلگىرىكى قېرىنداشلىرىمىزنى ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشىش يولىدا تىرىشىدىغان قىلىدۇ» مىش. ئەنە شۇنداق كارامەت رول ئوينايدىغان كاتتا چولپانلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇلار: ۋاڭ رېنمېي، شۆ لېنشيەن، لى لىلى.

ئاخىر، «شاڭخەيدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەر ئىتتىپاقلىشىپ» تۇمىش. «كۆكلەم»[247] (6 - جىلد 7 - سان)





دە بۇنىڭ تەنتەنىسىنى مۇنداق تەسۋىرلەپتۇ: «شاڭخەيدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى سەپداشلار ئادەتتە ئۆزئارا كەم ئالاقە قىلاتتى، ھازىرقى ئېغىر كۈنلەردە ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى باشقا تەشكىلاتلارنىڭ خىزمەتلىرىگە قاتناشقاندىن باشقا، يەنە ئۈچەيلەننىڭ، يەنى شيې لىيۇيى[248]، جۇ يىڭپېڭ، شۆ ۋېينەننىڭ تەشەببۇسى بىلەن… يىغىن ئۆتكۈزۈپ مۇزاكىرىلەشتى. 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە ئۇلار شەرقىي ئاسىيا رېستورانىغا كەينى - كەينىدىن بېرىپ… بىرئاز چاي - پاي ئىچكەندىن كېيىن مۇزاكىرىنى باشلاپ، خېلى كۆپ نەرسىلەرنى دېيىشتى… ئاخىرىدا شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىنىڭ ۋەتەن قۇتقۇزۇش جەمئىيىتى[249] دەپ نام قويدى».

نېمىلەرنى «دېيىشكەن» لىكى بىزگە تېخى مەلۇم ئەمەس. كۆز ئالدىمىزدىكى ئۇسۇللىرىدىن قارىغاندا، ئاۋۋال «قۇدا - باجىلارنىڭ ئافرىقىغا ساياھىتى» نى كۆرۈپ قۇۋۋەت توپلىغان بولۇشى، ئاندىن كېيىن «ۋەتەنپەرۋەرلىك كونسېرتلىرى» نى كۆرۈپ كۆڭۈل ئاچقان بولۇشى، ئۇنىڭدىن كېيىن «ياپونىيە فېلىيەتونلىرىدىن تاللانما»[250] نى، «ئۈچ سەنئەتكارنىڭ سۆزى»[251] نى كۆرگەن بولۇشى ۋە يەنە بىرئاز چاي - پاي ئىچىشكەن بولۇشى مۇمكىن. دېمەك، جۇڭگو ئەمدى نىجات تاپىدىكەن - دە.

ياق، بۇنىڭغا ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ھەۋەسكار ياشلارلا ئەمەس، ھەتتا كىچىك قىز باللىرمۇ ئىشەنمىسە كېرەك. ئامال يوق، بۇنىڭغا باشقا ئىككى خۇش خەۋەرنى قوشۇپ قوياي، بۇ خەۋەرلەرنى ھازىرقى ۋەتەنپەرۋەر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ئىلكىدىكى «شېنباۋ» گېزىتى ئېلان قىلغان:

«چارىسىز خەلقنىڭ چارىلىك ھۆكۈمىتى نەدىمۇ بولسۇن؟ خەلقئارا ئىتتىپاقتىن ئۈمىد ئۈزۈلدى… قىل ئۇستىدە

تۇرغان ھازىرقى ۋاقىتتا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئىرادە باغلاپ، قولىدىن كەلگەن ئىقتىدارىنى كۆرسىتىشى، ئۆز پىكرىنى كەڭ - كۆشادە بايان قىلىشى كېرەك. پېقىر ئىقتىدارسىز بولسامۇ، جەڭ ئىتى توغرىسىدا خەلقىمىزگە مەسلىھەت بەرمەكچىمەن… تۈرلۈك ئىتلار ئىچىدە گېرمانىيىنىڭ ساقچى ئىتى ناھايىتى كارغا يارايدۇ، بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە ئەنە شۇنداق ئىتلارنى تاللاپ جەڭگە سېلىشنى تەشەببۇس قىلىمەن…»

يەنە شۇ ئاينىڭ 25 - كۈنى چىققان «ئەركىن پاراڭ» دىكى «سۈمىننىڭ خەنكۇدىن يازغان خېتى» دىمۇ مۇنداق گەپلەر بار ئىكەن:

«بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى شاڭخەيدىكى بۇرادىرىم ۋاڭزى جۇڭلياڭغا خەت يېزىپ، ئۆزۈمنىڭ كېسەل ئەھۋالىمنى ۋە شۇ كېسەل سەۋەبىدىن پىدائىيلار قوشۇنىغا كىرەلمىگەنلىكىمگە ھەسرەت قىلغانلىقىمنى بايان قىلغانىدىم. ۋاڭزى… بىر بولاق شىپالىق دورا ئەۋەتىپتۇ ۋە ‹ھاياتقا قۇۋۋەت›، دورا شىركىتىدىن تەييارلانغان قۇۋۋەت دورىسى ئۆپكە كېسىلىنى ساقايتالايدىكەن، قان سەپرا قىلىش ھادىسىسىنى توختىتالايدىكەن، ئىشلىتىپ كۆرەرسىز، دەپتۇ… بۇ دورىنى دەرھال ئىچىپ كۆرگەنىدىم، دەرۋەقە قاننى دەرھال توختاتتى، 20 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن دەرمانىمغا كەلدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن… ئەمدى دۆلەتتە بىرەر ئەھۋال يۈز بەرسە، ئۆزۈمنى جەڭ مەيدانىغا ئېتىپ، ئۆمۈرلۈك ئىرادەمنى ئىشقا ئاشۇرماقچىمەن، دۈشمەننى يوقىتىش ئۈچۈن، ئالدىمدىكى تاماقتىنمۇ كېچىمەن، سەپەرگە تەييارمەن…»





ھەتتا كېسەل ئادەمنىڭمۇ دەرھال ئەسكەرلىككە كىرمەكچى بولغانلىقى، ساقچى ئىتلىرىنىڭمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىلىپ بېرىدىغانلىقى ۋەتەنپەرۋەر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە قالتىس چوڭ ئۈمىدۋارلىق بېغىشلايدىغان ئىش، بۇنداق ئەھۋالدا «دۈشمەننى يوقىتىش ئۈچۈن ئالدىدىكى تاماقتىن كېچىش»(252) كېرەك. بىراق، ئەپسۇسكى، بۇنى ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ھەۋەسكار ياشلارلا ئەمەس، ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ھەۋەسكار قىزچاقلارمۇ قۇرمۇقۇر ئوقۇغاندىن كېيىن، «ئېلان» ئىكەن دەپ قارىمىغان تەقدىردىمۇ، كونا ماللىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن چىقارغان يېڭى ئېلان ئىكەن، «دۆلەت بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەن ۋاقىتتىكى سادا» لاردىن ياكى «تىنچلىق سادالىرى» دىن پايدىلىنىپ، تېخىمۇ كۆپ پايدا تاپماقچى، دەپ ئويلىشى مۇمكىن.

ئۇلار تېخىمۇ كۆپ پايدا تاپماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەممىسى دەل مۇشۇنداق بىر ۋاقىتتا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوتتۇرىغا لەيلەپ چىقتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە چولپانلارمۇ بار، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرمۇ بار، ساقچى ئىتلارمۇ بار، دورىمۇ بار… ئۇلار پۇرسەتتىن پايدىلانغاچقا، لەيلەشتە ئانچە جاپامۇ تارتمايدۇ. لېكىن، لەيلەپ چىققان نەرسە تىنىپ قالغان لاتقا بولغاچقا، تىنىپ قالغان لاتقىلار يەنىلا لاتقا بولغاچقا، لەيلەپ چىقىشى بىلەنلا ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتى تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ، ئاخىرقى تەقدىرى بولسا يەنىلا تىنىپ - ئولتۇرۇشۇپ كېتىشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى

# ۋەتەنگە پۇت بىلەن خىزمەت يەتكۈزۈش(253)

بۇ يىل 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چىققان «شېنباۋ» گېزىتىـ
نىڭ «ئەركىن پاراڭ» سەھىپىسىدە «ياڭ مەنخۇا خانىمنىڭ ياۋروپا
ساياھىتىدىن پارچە تەسىرات» سەرلەۋھىلىك، جىپىڭ ئىمزالىق
بىر پارچە ماقالىنى كۆردۈم؛ ئۇنىڭ بىر قىسمى ماڭا ناھايىتى
قىزىق تۇيۇلدى، شۇنى تۆۋەندىكىچە كۆچۈردۈم:

«بىر كۈنى بىز بېلگىيىنىڭ بىر يېزىسىغا باردۇق.
بىرمۇنچە ئاياللار مېنىڭ پۇتۇمنى كۆرۈش ئۈچۈن بەس ـ بەس
بىلەن كېلىشتى. ئۇلارغا پۇتۇمنى چىقىرىپ كۆرسەتكەنىدىم،
شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەيرانلىقى بېسىلدى. شۇ ئاياللاردىن
بىرى: ‹بىز ئىلگىرى جۇڭگولۇقلارنى كۆرمىگەن، لېكىن
جۇڭگولۇقلارنىڭ قۇيرۇقى (ئۆرۈمە چېچىنى دېمەكچى) بار
ئىكەن، توقال ئالىدىكەن، ئاياللىرىنىڭ ھەممىسى كىچىك
پۇت بولىدىكەن، نايناقلاپ ماڭىدىكەن، دېگەن گەپلەرنى كىـ
چىكىمىزدىن ئاڭلاپ كەلگەنىدۇق، مانا ئەمدى بىلدۇق، ئۇلار
يالغان گەپ ئىكەن، بىزنىڭ خاتا چۈشىنىپ قالغانلىقىمىزنى
كەچۈرۈڭ› دېدى. يەنە بىرى شەرقىي ئاسىيانىڭ ئەھۋالىنى
ئوبدان بىلمەن دېگەندەك قىلىپ، مەسخىرە قىلغان قىياپەتـ
تە: ‹جۇڭگونىڭ مىلىتارىستلىرى تولىمۇ زالىم. ھەممىلا
يېرىنى يېغىلىق قاپلىغان. خەلقى دوزاخ تۇرمۇشىنى كەچۈرىـ





دۇ› دېدى ۋە مۇشۇنداق بىمەنە گەپلەرنى بىر تاغار قىلدى.
مەن: ‹بۇنداق گەپلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسسىز گەپ› دېدىم.
ھەمراھىم پالانىمۇ: ‹سىلەر دۆلەت بولۇپ قۇرۇلغىنىغا بىرـ
نەچچە مىڭ يىل بولغان ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىنگونى بىلمەيدىغان
ئوخشايسىلەر. ئىنقىلابىمىز مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېـ
يىن، سىلەرنىڭ بېلگىيەيىڭلارغا مىكروسكوپ بىلەن قارايـ
مىز› دېگەن كۈلكىلىك گەپنى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار
كۈلۈشۈپ تارقىلىپ كەتتى.»

بىزنىڭ ياڭ خانىم بېلگىيە ئاياللىرىنى ئۆزىنىڭ مۇبارەك پۇتى
بىلەن قايىل قىلىپ، دۆلەتكە شان ـ شەرەپ كەلتۈرگەن بولسىمۇ،
لېكىن ئىككى «خاتا» چۈشەنچە تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بىرى، بىزنىڭ
جۇڭگو ئادەملىرىنىڭ ھەقىقەتەن قۇيرۇقى (يەنى ئۆرۈمە چېچى)
بار ئىدى، پۇتلىرىنى بوغۇپ كىچىكلىتەتتى، توقال ئالاتتى، ھاـ
زىرمۇ ئالماقتا. ئىككىنچىسى، ياڭ خانىمنىڭ پۇتى، خۇددى چەت
ئەللەردە ئوقۇغان قىز ئوقۇغۇچىلار ھەممە جۇڭگو قىزلىرىغا ۋەـ
كىللىك قىلالمايدىغاندەك، جۇڭگونىڭ بارلىق ئاياللىرىنىڭ پۇتىغا
ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. چەت ئەللەردە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ
تولىسى باي ئادەملەرنىڭ بالىلىرى ياكى ئۇلارنى ھۆكۈمەت ئەۋەتـ
كەن، ئۇلارنى ئەۋەتىشتىن مەقسىتى ئۇرۇق ـ ئەۋلادىغا ياكى
دۆلەتكە شان ـ شەرەپ كەلتۈرۈش. كەمبەغەللەرنىڭ ۋە تەربىيە
ئېلىشقا مۇيەسسەر بولالمىغان ئاياللارنىڭ بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشى
مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەتتا ھازىرمۇ ئەمەلىيەتتە پۇتىنى
بوغۇپ كىچىكلىتىدىغان، «نايناقلاپ ماڭىدۇ»غان ئاياللار ئاز
ئەمەس.
مۇشكۇلچىلىك توغرىسىدا كۆپ سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق،
يەنە شۇ «شېنباۋ» گېزىتىگە قارايدىغان بولساق، «تىنچلىقتا ئۇنـ

دەش» قىلىدىغان تېلېگراممىلار، جىددىي ياردەمگە ئېئانە توپلاش ئېلانلىرى، ھەربىي يېغىلىقلار ۋە ئادەمنى تۇتۇۋېلىپ پۇل ئېلىش توغرىسىدىكى خاتىرىلەر بىرمۇنچە چىقىپ تۇرۇپتۇ. چەت ئەللەردە ئوقۇۋاتقان بەگزادىلەر ۋە خان قىزلار ئارىلىقىنىڭ يىراقلىقىدىن بىلمىگەن بولسىمۇ، مىكروسكوپنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلىگەنكەن، دۇربۇن ئىشلىتىش خىيالىغا كەچمەي قالارمۇ؟ دۇربۇن ئىشلىتىشنىڭمۇ نېمە كېرىكى بولسۇن، يەنە شۇ «ياڭ مەنخۇا خانىمنىڭ ياۋروپا ساياھىتىدىن پارچە تەسىرات»تا مۇنداق گەپلەرمۇ بار:

«ئەلچىخانىمىزنىڭ مۇشكۇلچىلىكى ھازىردىن باشلانغان ئەمەس ئىكەن، لېكىن يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ. مەسىلەن، ھەرقاچان دۆلەت بايرىمى ياكى چوڭراق بايرام كۈنلىرى يېتىپ كەلگەندە، ئادەت بويىچە چەت ئەللىكلەرنى مېھمانغا چاقىرىش، كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈش توغرا كېلىدىكەن. بۇنىڭدىن مەقسەت دۆلەتنىڭ گۈللىنىۋاتقانلىقىنى تەبرىكلەش ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن دوست دۆلەتلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلچىخانىمىز ئىلگىرى كاتتا زىياپەت بېرىپ، ئېسىل مېھمانلارنى كۈتۈۋالغانىكەن. بۇلتۇر ئەلچىخانىمىز خىراجەتتىن قىسىلىپ، كاتتا زىياپەت ئورنىغا ئاددىي چاي بېرىپتۇ، ھازىرقى ئەھۋالدىن قىياس قىلغاندا، بۇنىڭدىن كېيىن ئاددىي چايمۇ بېرەلمەيدىغاندەك تۇرىدۇ. خەلقئارادا يۈز - ئابرۇيىنى ھەممىدىن بەك ئايايدىغانلار ياپونىيە. ياپونىيە ھۆكۈمىتى مەمۇرىي خىراجىتىنى ئالاھىدە تېجەيدۇكى، چەت ئەللەردىكى ئەلچىخانىلىرىنىڭ خىراجىتىنى ناھايىتى مول قىلىدۇ. پەقەت ئەنە شۇ جەھەتتىن سېلىشتۇرساق، بىز ئۇلارنىڭ ئال-





دىدا يەپ ئېشەلمەيمىز.»

ئەلچىخانا بىلەن كونسۇلخانا دۆلىتىمىزگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، خۇددى ياڭ خانىمنىڭ يازغىنىدەك، «دۆلەتنىڭ گۈللىنىۋاتقانلىقىنى تەبرىكلەيدۇ»، لېكىن ئەھۋالى «بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ». مېڭزى: «خەلقتە يوق، بەگكىمۇ يوق» دېگەنىكەن[254]. خەلقنىڭ نېمە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى ئەنە شۇنىڭدىن بىلگىلىمۇ بولىدۇ. لېكىن كىچىككىنە بېلگىيە دۆلىتىنىڭ ئاياللىرى ھەرھالدا ساددا ئىكەن، ئۇلار ھەرھالدا ئەپۇ سوراپتۇ. ئەگەر ئۇلار ھەقىقەتەن «دۆلەت بولۇپ قۇرۇلغىنىغا بىرنەچچە مىڭ يىل بولغان ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىنگو»نىڭ خەلقىنىڭ ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئالدايدىغان ساقايماس كېسىلى بارلىقىنى بىلىپ قالسا، ئۇ ھالدا بۇ خەلقنىڭ يۈزى تۆكۈلۈپ كېتىشى تۇرغان گەپ.

ئەگەر شۇنداق بولسا قانداق قىلىشار؟ مەن ئويلايمەنكى، «شۇنىڭ بىلەن كۈلۈشۈپ تارقىلىپ كېتىشەر».

# تاڭ دەۋرىدىكى ئارقىسىغا كىرىۋېلىش[255]

شائىخەينىڭ نۆدەر بەگزادىلىرى پۇزۇر خان ـ قىزلارنى ئۆزىگە تارتىشتا، ئاۋۋال ھەمىشە كەينىگە چۈشۈۋالىدۇ، تېرمىن نۇقتىسى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ «ئارقىسىغا كىرىۋېلىش» دەپ ئاتىلىدۇ. «ئارقىسىغا كىرىۋېلىش» دېگىنى، كۆزىدىن يوقاتماي ئارقىسىدىن يۈرۈش دېگىنى. بۇ سۆزنى كىتابىي تىل بىلەن «پەرۋانە بولۇش» دېيىشكە بولار. ئارقىسىغا كىرىۋېلىش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئېيتىشچە، ئارقىسىغا كىرىۋېلىشنىڭ ئىككىنچى قەدىمى «گەپ تاشلاش» ئىكەن؛ گەپ تاشلىغاندا تىللاپ سالسىمۇ، چوڭ ئۈمىد تۇغۇلىدىكەن، چۈنكى تىللىسىلا سۆزلەشكىنى ئىكەن، شۇنىڭ ئۇچۈن تىللىغانلىقى سۆزلىشىشنىڭ باشلىنىشى ئىكەن. مەن بۇنداق ئەھۋالنى ھازىرقى پەرەڭلەر دىيارى[256] دىلا بار دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم، بۈگۈن «گۈللەر ئارا»[257] ناملىق كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن بىلدىمكى، تاڭ دەۋرىدىمۇ شۇنداق ئەھۋال بار ئىكەن، ئۇ كىتابتا جاڭ مى[258] نىڭ «ۋەنشىسا» مۇقامىدا يازغان 10 شېئىرى بار ئىكەن، ئۇنىڭ توققۇزىنچىسى مۇنداق:

كەچتە ئەگىشىپ ماڭدىم ئوردىغا ماڭغان ياسىداق مەپە كەينىدىن،
قايرىلدى مەپىنىڭ كەشتە پەردىسى لەرزان سوققان شامالدىن،
جانانىنىڭ قايرىلىپ باققان خۇمار كۆزى ئازدۇردى مېنى ئەقلىمدىن،
بىلمىدىم ئۇنىڭ خۇش تەبەسسۇمى بېرەر دېرەك نېمىدىن.





نائىلاج ئېلىپ ئۆزۈمنى مەستلىككە ماڭدىم ئەگىشىپ كەينىدىن،
«تولىمۇ تەلۋە بالىكەن» دېگەن سۆزى ئاڭلاندى يەرنىڭ تېگىدىن.

روشەنكى، بۇ ھازىرقى زاماندىكى ئارقىسىغا كىرىۋېلىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش. بۇ شېئىرنى ئاممىباب تىلغا تەرجىمە قىلغاندا، مۇنداق بولسا كېرەك:

تۈندە ئەگىشىپ ماڭدىم رىكشا كەينىدىن ئۇچقاندەك،
سەلكىن شامال قايرىدى ئەتلەس كۆڭلىكىنى بىلگەندەك،
كۆرۈندى دىلبەرنىڭ ئاپئاق يوتىسى گويا بېلىقتەك،
تەبەسسۇم كۆزلىرى ئوينايتتى گويا ئىشقۋاز يىگىتتەك.
سۆز تاشلاشقا نېمە چارە، تاپالمىدىم قېيىشقاندەك،
شېرىن سۆزلەر بىلەن كەينىدىن كېتىۋەردىم چاپلاشقاندەك،
بىراق ئاڭلاندى «ھوي ئۆلگۈر» دېگەن سۆز تىللىغاندەك.

لېكىن، قەدىمكى كىتابلاردا بۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى ئەھۋاللارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن بولسا كېرەك، كاتتا ئالىملارنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى، ئۇ «ئارقىسىغا كىرىۋېلىش تارىخى»نى تەتقىق قىلىدىغان ئادەملەرگە ناھايىتى كېرەكلىك.

# «ھاۋا خاتىرىسى» گە قىسقىچە مۇقەددىمە [259]

مارك تۋېن (Mark Twain) [260] توغرىسىدا كۆپ سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق، ئامېرىكىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنى ۋاراقلاپ كۆرىدىغانلا بولساق، ئۇنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن ھازىرقى ئەسىرنىڭ بېشىغىچە ياشىغان مەشھۇر يۇمۇرچى (Humorist) ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئوقۇغان ئادەمنى كۈلدۇرۇش بىلەن قالماستىن، ئۇنىڭ تەخەللۇسىمۇ كىشىگە قىزىق تۇيۇلىدۇ.

ئۇنىڭ ئەسلي ئىسمى كىلېمېنس (1835—1910، Samuel Langhorne Clemens)، ئەسلي كېمىگە يول كۆرسىتىپ بەرگۈچى بولغان، ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلغاندا، سۇنى ئۆلچەش ۋاقتىدا توۋلايدىغان ئىشارەتلىك ئاھاڭنى تەخەللۇس قىلىپ قوللانغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۆز ۋاقتىدا ناھايىتى ئالقىشقا ئىگە بولۇپ، كۆپچىلىك ئادەم نەزىرىدە، كۈلكىلىك پاراڭ قىلىدىغان قىزىقچى بولۇپ قالغان. لېكىن، 1916 - يىلى ئۇنىڭ تەۋەررۇك قالدۇرغان ئەسىرى [261] «The mysterious stranger» نىڭ نەشردىن چىقىشى بىلەنلا ئۇنىڭ تەركىدۇنيالىق ئىدىيىسىگە ناھايىتى قاتتىق بېرىلگەنلىكى ئىسپاتلاندى.

دەرد - ھەسرەتتى بار تۇرۇقلۇق كۈلكە - چاقچاق قىلالىغىنى قانداق گەپ؟

بىزگە مەلۇم، ئامېرىكىدىن ئېدگار ئاللان پوئې،





(Edgar Allanpoe)، خاۋتورنى (N. Hawtorne)، ۋ. ۋىتمان (W. Whitman) [262] چىققان. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مارك تۋېنغا ئوخشاش ئىچى باشقا، تېشى باشقا ئەمەس. لېكىن بۇ جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش [263] تىن ئىلگىرىكى ئەھۋال، شۇ ئۇرۇشتىن كېيىن ۋىتمان كۈيلىيەلمەس بولۇپ قالغان؛ چۈنكى شۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكا سانائەتچى جەمئىيەتكە ئايلانغان، ئۇ جەمئىيەتتە ھەربىر ئادەمنىڭ شەخسىي مىجەز - خۇلقى بىر قېلىپتىن چىقاتتى، ھەركىم ئۆز ئالدىغا مانا مەن دېيەلمەيتتى. ئەگەر ئۇنداق قىلسا بالاغا قالاتتى. شۇ چاغدىكى يازغۇچىلارنىڭ ئەھمىيەت بېرىدىغىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي مىجەز - خۇلقىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش ئەمەس، قانداق يازسا كىتابخانلارنى خۇشتار قىلغىلى، ماقالىسىنى سېتىپ، شۆھرەت قازانغىلى بولىدىغانلىقى ئىدى. ھەتتا مەشھۇر ھوۋېلس (W. D. Howells) [264] مۇ، ئەدىبلەر كىشىلەرگە كۆڭۈل ئاچىدىغان بىرنەرسە بېرەلىگەنلىكى ئۈچۈن، جەمئىيەتكە سىغىپ كېتەلەيدۇ، دەپ قارايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆنۈكەلمىگەنلىرى تۇرالمىغان، بەزىسى، مەسىلەن، جامېس (Henre James) [265] چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن؛ بەزىسى كۈلكىلىك گەپلەرنى يازىدىغان بولۇپ قالغان، مارك تۋېن ئەنە شۇلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

مارك تۋېن تۇرمۇشنى دەپ يۇمۇرچى بولۇپ قالغان، ئۇنىڭ يۇمۇرلىرىدا دەرد - ھەسرەتنىڭ، ھەجۋىينىڭ بولغانلىقى ئۇنىڭ شۇنداق تۇرمۇشتىن بىزار ئىكەنلىكىدىن بولغان. ئەنە شۇنداق ئازغىنە ئىسيانكارلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھازىرقى يېڭى يەر [266] نىڭ باللىرىمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، مارك تۋېن بولسا بىزنىڭكى، دېيىشمەكتە.

مانا بۇ «ھاۋا خاتىرىسى» (Eve's Diary) 1906 - يىلى نەشردىن چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدىكى ئەسىرى. بۇ

بىر خىل فىلىيەتوندىنلا ئىبارەت بولسىمۇ، لېكىن بالىلارچە ئاق كۆڭۈللۈك ئىچىدىن ئاجىزلىق چىقىپ تۇرىدۇ؛ بايانلىرىغا ھەجۋىي باھا ئارىلاشقان، بۇنىڭدا ئۆز ۋاقتىدىكى ئامېرىكا قىزى ئوبرازلاش- تۇرۇلغان؛ ئاپتور بۇنى بارلىق خوتۇن - قىزلارنى ئوبرازى دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن كۆلكە چىرايىدىن بۇنىڭ خېلى ياشلارغا كىرىپ قالغانلىقى مانا مەن دەپ تۇرىدۇ. خەيرىيەت، ئاپتورنىڭ پىشقان ماھارىتى تۇپەيلىدىن بۇ ئەھۋالنى دەرھال بايقاش قىيىن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەر يەنىلا جۇشقۇن ئەسەرلىكىنى يوقاتمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەرجىمان ئەسەرنىڭ روھىنى تولۇق، ساددا ۋە ساپ ئىپادىلەپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، كىشىنى، ئەگەر ھاۋا ئۆز خاتىرى- سىنى خەنزۇچە يازغان بولسا، ئۇ ھالدىمۇ شۇنداق بولۇپ چىققان بولاتتى، كۆرۈپ بېقىشقا تېخىمۇ ئەرزىيتتى، دېگەن ھېسسىياتقا كەلتۈرىدۇ.

رالف (Lester Ralph) نىڭ[267] 50 نەچچە پارچە سىدام قىستۇرما رەسىملىرى ئەۋرىشىمدەك سىزىلغان بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى ئېنىق. رەسىملەرنىڭ قىياپىتىگە قارىغاندا، جۇڭگونىڭ چىڭ دەۋرىدە ياشىغان رەسسامى رېن ۋېيچاڭ[268] نىڭ ئەسەرلىرى كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىشى ئېھتىمال. لېكىن ئۇنىڭ سىزغان- لىرى خۇددى قورايغا ئوخشاش ئورۇق مالائىكە، شاھىمەردان ۋە زاھىتلار بولۇپ، رالفنىڭ سىزغانلىرىدىكىدەك ساغلام ئەمەس؛ بۇنىڭ جۇڭگودا ھازىرقى ۋاقىتتا قىيپاش كۆزلۈك، دوقا يەلكىلىك پەرىزاتلارنىڭ سۈرەتلىرىنى تولا كۆرۈپ ئادەتلىنىپ قالغان كۆز- لەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى سۇزۇلدۇرۇشكە پايدىسى كۆپ.

1931 - يىل 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى
كېچىدە يېزىلدى





# يېڭى «ئايال باتۇر»[269]

شاڭخەيدە رەسىم سېنكىسىنى ئىشلەش باشقا يەرلەرگە قارىغان- دا ياخشىراق بولسا كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن كۈندىلىك گېزىتلەر- نىڭ يەكشەنبىلىك قوشۇمچە رەسىملىك بەتلىرىمۇ، كىنابخانىلارنىڭ بەزىبىر ئايلىق رەسىملىك ژۇرناللىرىمۇ باشقا جايلاردىكىدىن كۆپ چىقىرىلىۋاتىدۇ. بۇ رەسىملىك گېزىت - ژۇرناللاردا كاتتا جاناب- لارنىڭ ئۇنداق ياكى مۇنداق يىغىندا قاتار ئولتۇرغان ياكى يىغىن- دىن كېيىن خاتىرە ئۈچۈن چۈشكەن سۈرەتلىرىدىن باشقا، «خا- نىم»لارنىڭ سۈرەتلىرىمۇ بېسىلماي قالمايدۇ.

«خانىم»لارنىڭ جامالى نېمىشقا جەمئىيەتكە تونۇشتۇرۇلىدۇ؟ بۇنى ئىزاھلىرىغا قارىساقلا چۈشىنىۋالالايمىز. مەسىلەن:

«A خانىم — B مەكتەپنىڭ مەلىكىسى، مۇزىكىنى ياخشى كۆرىدۇ.»

«C خانىم — D مەكتەپنىڭ ئەلا ئوقۇغۇچىسى، پىستە بېقىش- نى ياخشى كۆرىدۇ.»

«E خانىم — F ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان، G ئەپەندىنىڭ بەشىنچى قىزى.»

ئەمدى كىيىنىشكە قاراپ باقايلى: ئەتىيازدا ھەممىسى ئەتى- يازلىق بەل پۇرمە، تار يەڭلىك كىيىم كىيىشىۋالغان؛ يازدا ئۇزۇن ئىشتان، ئۇزۇن يەڭلىك كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ، دېڭىز بويىدا «دېڭىز ۋاننىسى» قىلىمىز دەپ ئولتۇرغان؛ ھاۋا ئىسسىپ كەتكەن چاغلاردا بۇنداق قىلىشمۇ يوللۇق. كۆزدە سوغۇق

چۈشۈپ قالدى، بەختكە قارشى ياپونىيە ئەسكەرلىرى شەرقىي ئۈچ ئۆلكىمىزگە بېسىپ كىردى. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسىملىك گېزىت - ژۇرناللاردا ئاپئاق ھەمشىرىلەرچە كىيىم كىيگەن ياكى جەڭ كىيىملىرى كىيگەن ۋە مىلتىق ئاسقان خانىملار پەيدا بولۇپ قالدى.

بۇلار كىتابخانلارغا ياقىدۇ، چۈنكى بۇ كىشىنى قىزىقسىندۇرىدۇ. جۇڭگو ئەسلىدە قىزىقچىلىقنى ياخشى كۆرىدۇ، يېزىلاردىكى چاڭچىلە سەھنىلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىگە كۆپ ھاللاردا «سەھنە — كىچىك دۇنيا»، «دۇنيا — چوڭ سەھنە» دېگەن لەۋھەنى ئېسىپ قويۇشىدۇ. ئۇ يەرلەر يېزا بولغاچقا، «پادىشاھ چيەنلۇڭنىڭ جياڭنەنگە ساياھىتى» دېگەنگە ئوخشاش چاڭچىلىلەر قويۇلمايدۇ، كۆپىنچە «شۇاڭياڭ مەلىكىنىڭ يات يىگىتكە ئاشىق بولۇشى»، «شۇي رېنگۇينىڭ ئۆيلىنىشى» دېگەن ئويۇنلار قويۇلىدۇ، بۇ ئويۇنلاردىكى ئايال جەڭچىلەرنى تاماشىچىلار «ئايال باتۇرلار» دەپ ئاتايدۇ. ئۇلار بېشىغا قىرغاۋۇلنىڭ قۇيرۇقىنى قادىۋالغان، قولىغا قوش قىلىچ ئالغان (ياكى ھەر ئىككى ئۇچى ئۇچلۇق ئۇزۇن نەيزە ئالغان)، ئۇلارنىڭ سەھنىگە چىقىشى بىلەنلا تاماشىچىلار ناھايىتى قىزىقىپ قارايدۇ، بۇنىڭ ئويۇن ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، بېرىلىپ كۆرىدۇ.

شۇنچە كۆپ يىلدىن بۇيان مەشىق قىلىپ تەربىيە ئالغان ھەربىيلەر دۇمباق چېلىنىشى بىلەنلا قارشى تۇرمايدىغانلارغا ئايلىنىپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلاردىن يىراقتا تۇرغان ئەدىب - ئالىملار گويا بىر نەرە تارتىلىشى بىلەنلا كۈتۈلمىگەن ئەربابلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، «ۋەتەنگە شان - شەرەپ كەلتۈرسە» ئىكەن دېگەندەك، «قەلەندەرنىڭ دۈشمەننى ئۆلتۈرۈشى»، «قاسساپنىڭ جان پىدا قىلىشى»، «كارامەتلىك ئايالنىڭ ۋەتەنگە نىجاتلىق كەلتۈرۈشى» دېگەنگە ئوخشاش خىيالىي تەمسىللەر ئۈستىدە ھەدەپ





مەدداھلىق قىلىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، رەسىملىك گېزىت - ژۇرناللاردىمۇ شۇنداق خىيالىي قىستۇرما رەسىملەر پەيدا بولۇپ قالدى. لېكىن مالائىكە خەنجەرلىرىنىڭ ۋاللىداپ تۇرغان نۇرلىرىنى تېخى تىلغا ئېلىشقىنى يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرھالدا ئەمەلىيرەك كۆرۈنمەكتە.

لېكىن، مېنىڭ سۆزۈمنى خاتا چۈشىنىپ قالماڭلار. مېنىڭ «خانىم»لارنىڭ ھەممىنى قازناقتا سولاپ قويۇش كېرەك، دەۋاتقىنىم يوق. مەن پەقەت مەرد ئوغلانلارنىڭ قوراللارنى تاشلاپ قاچقانلىقى، مىس (خېنىم) لارنىڭ ئۆشنىسىگە مىلتىق ئالغانلىقى قىزىق بىر ئىش، دېمەكچىمەن.

بۇنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان پاكىتمۇ بار.

(1) ياپونلارنىڭ «جۇڭگونىڭ ئەدىپىنى بەرگۈچى قوشۇنى» دىكى ھەمشىرىلەرنىڭ رەسىملىرىنى ھېچقايسىمىزنىڭ كۆرگىنى يوق؛

(2) ياپونىيە قوشۇنلىرىدا ئايال باتۇر يوق، شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار ئۇرۇش قىلماقتا. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ياپونلار ئىشنى ئىشچە، ئويۇننى ئويۇنچە قىلىدۇ، بۇنى ھەرگىز ئارىلاشتۇرۇۋەتمەيدۇ.

# تەشۋىقات ۋە ئويۇن(270)

ھېلىراقتا گېپىنى قىلىپ ئۆتكەن ياپونلارنىڭ جۇڭگونىڭ مىللىي خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا يازغان ماقالىلىرىدە دائىم «تەشۋىقاتقا ئۇستا» دېگەن سۆزنى ئۇچرىتىپ قالىمىز. ئۇلارنىڭ بۇ سۆز توغرىسىدىكى ئىزاھاتىغا قارايدىغان بولساق، «تەشۋىقات» دېگەن سۆزنى ئادەتتىكى «Propaganda»(271) دەپ ئىزاھلىماستىن «باشقىلارغا يالغان سۆزلەش» دېگەن مەنىدە ئىزاھلايدۇ.

شۇنداق مەنىنىڭ ئەسىرىمۇ يوق ئەمەس. مەسىلەن، مائارىپ خىراجىتىنى ئىشلىتىپ تۈگىتىۋەتكەن تۇرۇقلۇق، يەنە ئۆزىنى ئوخشىتىش ئۈچۈن بىرنەچچە مەكتەپ ئاچماقچى بولۇشۇۋاتىدۇ؛ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئوندىن توققۇزى ساۋاتسىز تۇرسا، جۇڭگونىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتى توغرىسىدا پەرەڭلەرگە مەدداھلىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىرنەچچە ئالىمنى تەكلىپ قىلىشىۋاتىدۇ؛ ھازىرقى كۈندىمۇ ئۆز مەيلىچە قىيناپ سوراق قىلىشنى، مەيلىچە ئۆلتۈرۈشنى يولغا قويۇپ تۇرۇقلۇق، چەت ئەللىكلەرگە داملاش ئۈچۈن پەرەڭلەرنىڭكىچە بىرنەچچە «ئۆلگىلىك تۈرمە»نى ساقلاپ كەلمەكتە. يەنە، دۈشمەنلەردىن ناھايىتى يىراقتا تۇرغان قوماندان ئۆزىنىڭ ئالدىنقى سەپتىن ناھايىتى يىراقتا تۇرغانلىقىغا باقماي، «ۋەتەن ئۈچۈن جېنىم پىدا» دەپ ھەدەپ تېلېگىراما سوقماقتا. ھەتتا تەنتەربىيە سىنىپىغا كىرىشنىمۇ خالىمايدىغان ئوقۇغۇچى بەگزادىلەر «دۈشمەننى يوقاتمىغۇچە گېلىمدىن تاماق ئۆتمەيدۇ» دەپ، ھەربىي كىيىم كىيمەكچى بولۇۋاتىدۇ.





بىراق، بۇلاردىنمۇ ئاز - پاز ئەسەر بار، ھەرھالدا بىرنەچچە مەكتەپ، بىرنەچچە ئالىم، بىرنەچچە ئۆلگىلىك تۈرمە، بىرنەچچە پارچە ئومۇمىي تېلېگىراما، بىرنەچچە ياقىلىق ھەربىي كىيىم يوق ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن «يالغان سۆز» دېيىش توغرا ئەمەس. مېنىڭ «ئويۇن» دېگىنىم ئەنە شۇ.

بىراق، ئادەتتىكى ئويۇن جىق ئويۇندىنمۇ يامان. جىق ئويۇن پەقەت بىر دەملا ئوينىلىدۇ، ئارتىسلار ئويۇننى ئويناپ بولغاندىن كېيىن ئادەتتىكى ھالىتىگە قايتىدۇ. ياڭ شياۋلۇ «تىغ جېنى بىلەن زىياپەتكە بېرىش»(272) دېگەن ئويۇننى، مېي لەنفاڭ(273) «لىن دەييۈنىڭ گۈل چېچەكنى دەپنە قىلىشى» دېگەن ئويۇننى ئوينىغاندا، پەقەت سەھنىدىكى چېغىدىلا گەۋدە يۇنچاڭ، لىن دەييۈ بولۇپ چىقىدۇ، سەھنىدىن چۈشكەندىن كېيىن ئادەتتىكى ئادەم بولۇپ يۈرىۋېرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭ ئانچە چوڭ زىيىنى يوق. ئەگەر ئۇلار بىر قېتىم رولغا چىققاندىن كېيىنمۇ ئەجدىھا دەستىلىك يوغان قىلىچنى ياكى كەتمەننى دائىم قولىدىن چۈشۈرمەي، گەۋدە يۇنچاڭ غوجام، لىن دەييۈ خېنىم بولۇۋېلىپ، ھەرەڭ - سەرەڭ تۈۋلاپ يۈرىدىغان بولسا، ئۇلارنى ئالجىپ قاپتۇ، دېمەكتىن باشقا چارە يوق.

لېكىن، «دۇنيا چوڭ سەھنە» بولغانلىقى ئۈچۈن، ئادەتتىكى ئويۇنچىلارنىڭ سەھنىدىن چۈشىدىغان ۋاقتى ناھايىتى ئاز. مەسىلەن، ياڭ مەنخۇا خانىم كىچىككىنە بېلگىيە دۆلىتىنىڭ ئاياللىرىنىڭ «جۇڭگو ئاياللىرى پۈتىنى بوغىدىكەن» دېگەن سۆزىنى ئۆزىنىڭ تەبىئىي پۈتى بىلەن ئاياغ ئاستى قىلىۋەتكەن، يۈزىنى ئاياپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئەپلەپ ئاقلىغان، بۇنى ئەپۇ قىلىش مۇمكىن. مېنىڭچە، شۇنداق بولغان بولسا مەيلى ئىدى، لېكىن ھازىر ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ماقالە قىلىپ يازغانلىقى ئۇنىڭ سەھنىنىڭ ئارقىغا ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئەجدىھا دەستىلىك قىلىچنى تاشلاشنى

خالىمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ماقالىسىنى جۇڭگونىڭ «شىنباۋ» گېزىتىگە ئەۋەتىپ ئېلان قىلغانلىقى گويا ئەجدىها دەستىلىك قىلىچىنى كۆتۈرگىنىچە ناخشىسىنى يول بويى تىنماي ئېيتىپ ئۆيىگە — يۇرتىغا قايتقانلىقى، ئاپتور جۇڭگو ئاياللىرىنىڭ ئىلگىرى پۇتىنى بوغقانلىقىنى، هازىرمۇ پۇتىنى بوغۇۋاتقانلارنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالغانمۇ؟ ياكى جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرىنىڭ كۆزلىرىنى ئۆزلىرى باغلاپ قويۇپتۇ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاياللار ئېگىز پاشنىلىق بەتىنكە كىيىۋاپتۇ، دەپ ئويلىغانمۇ؟

بۇ بىر مىسال، بۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار ناهايىتى كۆپ، لېكىن جاھان ئۇزاققا قالماي يورۇپ كېتىشى ئېھتىمال.





# بىلىش تەس، ئىشلەشمۇ تەس[274]

جۇڭگودا ئەزەلدىن كېلىۋاتقان بىر ئۇدۇم بار، پادىشاھلار تەختتە مۇستەھكەم ئولتۇرغان ياكى پېشكەلچىلىككە قالغان چاغلىرىدا هامان ئەدىب ـ ئالىملار بىلەن ئوبدان چىقىشىۋالىدۇ؛ مۇستەھكەم ئولتۇرغان چېغىدا «ئەلەمنى نەزەردىن قالدۇرۇپ، قەلەمگە مەدەت بېرىپ»، شۇ يول بىلەن سەلتەنىتىنى بېزەيدۇ؛ پېشكەلچىلىككە قالغان چاغلىرىدىمۇ، ئۇلار «يۇرتنى سوراش»نىڭ يولىنى بىلىدۇ، ئۇلاردىن سوراپ كۆرۈش كېرەك، دەيدۇ؛ ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتسام، خۇددى «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»تە ئېيتىلغىنىدەك، «كېسەلى ئېغىرلاشقاندا ئۇتتۇر كەلگەن تېۋىپقا كۆرۈنىدۇ.»

«پادىشاھ شۆھنتۇڭ» تەختتىن چېكىنىپ، زېرىككەن چاغدا، بىزنىڭ خۇ شىزى دېگەن ئالىمىمىز ئەنە شۇنداق ۋەزىپىنى ئۆتىگەنىكەن[275].

ئۇ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، قىزىق ئىش، كىشىلەر نېمە ئۈچۈندۇر ئاۋۋال ئۇنىڭدىن بىر ـ بىرىنى نېمىدەپ ئاتاشقانلىقىنى سورىغانىكەن، ئۇ ئالىم:

«ئۇ مېنى ئەپەندىم دەپ ئاتىدى، مەن ئۇنى پادىشاھ هەزرەتلىرى دەپ ئاتىدىم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

شۇ چاغدا دۆلەتكە دائىر بىرەر چوڭ مەسىلە ئۇستىدە سۆھبەتلەشمىگەن بولسا كېرەك، چۈنكى ئۇ «پادىشاھ هەزرەتلىرى» كېيىنكى كۈنلەردە جانلىق تىل ئۇسلۇبىدا بىرنەچچە شېئىر يېزىپتۇ،

ئاخىر ھالى خارابلىشىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئالتۇن ئوردىدىنمۇ
قوغلاپ چىقىرىلىپتۇ.
ھازىر بولسا يەنە باش كۆتۈرۈپ قاپتۇ، شەرقىي ئۈچ ئۆلكىگە
پادىشاھ بولۇپ بارماقچى بولۇۋېتىپتۇ[276].
شاڭخەيدىمۇ، «جياڭ جېيشى خۇ شىزى ۋە دىڭ ۋېنجياڭنى
قوبۇل قىلدى»[277] دېگەن خەۋەر چىقتى:

«نەنجىڭدىن مەخسۇس تېلېگراممىا: دىڭ ۋېنجياڭ، خۇ
شىزى جياڭ جېيشىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن نەنجىڭغا كەل-
دى. ئۇلارنى جياڭ جېيشى ۋەزىيەت توغرىسىدا مەسلىھەت
سوراش ئۈچۈن چاقىرتقان...» (10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى،
«شېنباۋ» گېزىتىدىن).

ھازىر ئۇنىڭ قانداق ئاتاشقانلىقىنى سورىغان ئادەم يوق. نې-
مىشقا؟ بۇ نۆۋەت «مەن ئۇنى رەئىس دەپ ئاتىدىم...!» دەيدىغانلى-
قى مەلۇملۇق.
ئەنخۇي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى، پروفېسسور ليۇ
ۋېندىيەن[278] «رەئىس» دەپ ئاتىمىغانلىقى ئۈچۈن بىرقانچە كۈن
قاماقتا ئېلىنىپ، خېلى تەسلىكتە كېپىل بىلەن قۇتۇلۇپ چىققان.
ئالىم كونا يۇرتدىشىنى، كونا خىزمەتدىشىنى ئوبدان بىلىدۇ، ئەل-
ۋەتتە، شۇنىڭ ئۈچۈن، «مەن ئۇنى رەئىس دەپ ئاتىدىم» دەيدىغان-
لىقىدا گەپ يوق.
ئۇنىڭدىن نېمىلەر توغرىسىدا «مەسلىھەت سورىغان» لىقىنىمۇ
سوراپ كۆرگەن ئادەم يوق.
نېمىشقا؟ بۇنىڭمۇ «ۋەزىيەت» توغرىسىدا ئىكەنلىكى مەلۇم-
لۇق. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ «ۋەزىيەت»نىمۇ «گومىنداڭ دىكتاتورد-
لىقى» بىلەن «ئەنگلىيىچە ئەركىنلىك» مۇنازىرىسى دېگەندەك ئا-





ۋارىگەرچىلىكمۇ يوق؛ «بىلىش تەس، ئىشلەشمۇ ئاسان» بىلەن
«بىلىش ئاسان، ئىشلەش تەس»[279] مۇنازىرىسى دېگەندەك ئاۋارد-
گەرچىلىكمۇ يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىم ئاسان قۇتۇلغان.
«يېڭى ئاي»چى ئالىم لو لۇڭجى[280] «ھۆكۈمەت تۇپ ـ
تېگىدىن قايتا تەشكىللەنسە... پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى ساھە-
لىرىدىكى قابىلىيەتلىك ئادەملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، تۇرلۇك
سىياسىي كۆزقاراشلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ھۆكۈمەت
قۇرۇلسا... سىياسىي پىكىرلەرنى قۇربان بېرىش مۇمكىن، قۇربان
قىلىش كېرەك» («شېنياڭ ۋەقەسى») دەيدۇ.
تۇرلۇك سىياسىي كۆزقاراشلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان قابىلى-
يەتلىك ئادەملەردىن ھۆكۈمەت تەشكىللەنسە ۋە يەنە سىياسىي پى-
كىرلەر قۇربان قىلىنسا — بۇ ھەقىقەتەن ئاجايىپ كارامەت «ھۆ-
كۈمەت» ئىكەن. لېكىن، «بىلىش تەس، ئىشلەش ئاسان» تەرەپ-
دارىنىڭ «بىلىش تەس، ئىشلەشمۇ ئاسان ئەمەس» تەرەپدارىدىن
«مەسلىھەت سورايدۇ»غانلىقى بۇنىڭ بىر بېشارىتى.

# بىرنەچچە «راۋان» تەرجىمە[281]

مۇشۇ بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، «قاتمال تەرجىمە»گە جان - جەھلى بىلەن ھۇجۇم قىلىدىغان مەشھۇر ئادەملەردىن ئۈچ ئەۋلاد پەيدا بولدى: بىرىنچىسى، پىرى بولغان پروفېسسور لياڭ شىچيۇ، ئىككىنچىسى، ئۇنىڭ شاگىرتى پروفېسسور جاۋ جىڭشېڭ[282]، يېقىندا تالىپچاق — ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ياڭ جىڭخاۋ[283] مەيدانغا چىقتى، بۇ ئۈچ ئەۋلاد ئىچىدە پروفېسسور جاۋ جىڭشېڭنىڭ تەشەببۇسى ھەممىدىن بەك ئېنىق ۋە ئۇزۇل - كېسىل بولۇپ، ئۇنىڭ مەپھۇمى مۇنداق:

دۇرۇس بولۇپ راۋان بولمىغىنىدىن كۆرە،
راۋان بولۇپ دۇرۇس بولمىغىنى تۈزۈك.

بۇ ھېكمەتلىك سۆز بىرئاز غەلىتە بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇغۇچىلارغا كار قىلىدۇ. چۈنكى، كىشى «دۇرۇس بولۇپ راۋان بولمىغان» تەرجىمىنى ئوقۇش بىلەنلا قىينىلىپ قالىدۇ. ئۆز روھىغا كىتاب بىلەن دەم بېرىدىغان كىتابخانلار دەرۋەقە پروفېسسور جاۋ جىڭشېڭنىڭ ھېكمەتلىك سۆزىگە قايىل بولار. «راۋان بولسىمۇ، دۇرۇس بولمىغان» تەرجىمىنى ئەسلىگە سېلىشتۇرمىغۇچە، دۇرۇس بولمىغان يەرلىرىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ھالبۇكى، ئەسلىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان كىتابخانلاردىن جۇڭگودا قانچىلىك تېپىلاركىنتاڭ؟! مۇنداق چاغدا، كىتابخان تەرجىماندىنمۇ كۆپرەك بىرنەرسىنى بىلىشى شەرت، شۇنىڭدىلا ئۇنىڭدىكى خاتالىقنى تاپالايدۇ - دە، «دۇرۇس بولمىغان»





جايلىرىنى بىلىۋالىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ئۇقا - ئۇقمايلا مېڭىسىگە قارىقويۇق قاچىلىۋالىدۇ.

مېنىڭ ئىلىم - پەن جەھەتتە بىلىدىغانلىرىم ناھايىتى ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە قولۇمدا چەت ئەل كىتابلىرىمۇ بولمىغاچقا، تەرجىمە قىلىنغانلىرىنىلا ئوقۇشقا مەجبۇرمەن. لېكىن، يېقىندىن بۇيان گۇمانلىق يەرلەرنى پات - پاتلا ئۇچرىتىپ قالىدىغان بولدۇم. شۇنداقلا بىرنەچچە مىسال كەلتۈرەي: «پۈتۈن كائىنات توغرىسىدىكى ئەسەرلەر خەزىنىسى»[284] دېگەن كىتابلار مەجمۇئەسىدىكى جۇ تەيشۇەن ئەپەندىنىڭ «بىئولوگىيە توغرىسىدا ئاددىي ساۋات» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق بىر جۈملە بار ئىكەن:

«يېقىندا نىل ۋە ئېل ئەپەندىلەرنىڭ بۇغداي توغرىسىدىكى...»

مېنىڭ بىلىشىمچە، شىۋېتسىيىدە Nilsson — Ehle ناملىق مەشھۇر بىر بىئولوگ بولۇپ، ئۇ بۇغداينىڭ ئىرسىيەت قانۇنىنى تەكشۈرىدىغان ئالىم ئىدى، لېكىن ئۇ قوش فامىلىلىك بىر ئادەم، ئۇنىڭ ئىسمى «نىلسون ئېل» دەپ تەرجىمە قىلىنسا توغرا بولاتتى، ھازىر بولسا «ئەپەندىلەر» دەپ تەرجىمە قىلىنغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە «ۋە» سۆزىمۇ قوشۇلغان. بۇنىڭ راۋانلىقىغۇ راۋان، لېكىن مەندە باشقا ئىككى ئادەم بولسا كېرەك، دېگەن گۇماننى پەيدا قىلدى. بۇ كىچىك مەسىلە بولسىمۇ، بىئولوگىيە توغرىسىدا سۆزلىنىۋاتقانىكەن، شۇنداق كىچىك تەرەپلىرىگىمۇ سەل قارىماسلىق ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، بىز ھازىرچە سالاۋات قىلىپ تۇرايلى.

بۇ يىل 3 - ئايلىق «ھېكايە» ژۇرنىلىدىكى فېڭ خۇشېڭ

ئەپەندى تەرجىمە قىلغان «بوۋاي» دىمۇ مۇنداق بىر جۈملە بار ئىكەن:

«ئۇنىڭ كېزىك كېسىلى ئېغىر كېسەلگە، يەنى يۇقۇملۇق زۇكام (Influenza) غا ئۆزگىرىپ كەتتى…»

بۇمۇ ناھايىتى «راۋان»، لېكىن مېنىڭ بىلىشىمچە، يۇقۇملۇق زۇكام كېزىكتىن ئېغىر ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرى نەپەس يوللىرىدا بولىدىغان كېسەل، يەنە بىرى ھەزىم يوللىرىدا بولىدىغان كېسەل. سەن ئۇنى ھەرقانچە «ئۆزگەرت» سەڭمۇ «ئۆزگەر» تىپ كېتەلمەيسەن، پەقەت «تەپ» تۇتۇپ ياكى «جاڭداپ» قالغاندىلا ئۆزگىرىشى مۇمكىن، لېكىن ھېكايە «بىئولوگىيە توغرىسىدا ئادىي ساۋات» قا ئوخشاشمايدۇ. بۇنىڭغىمۇ سالاۋات قىلىپ تۇرايلى. ئەمدى باشقا بىر ئاجايىپ تەجرىبىگە قاراپ باقايلى.

بۇ تەجرىبە خې دىڭجى بىلەن جاڭ جىياۋ بىرلىشىپ تەرجىمە قىلغان، ئامېرىكىلىق Conklin يازغان «ئىرسىيەت ۋە مۇھىت» تىن چىقىپ قالدى. ئۇنىڭ تەرجىمىسى مۇنداق:

«… ئۇلار ئاۋۋال توشقاننىڭ كۆزىدىكى يىلىكسىمان خرۇستالنى ئېلىپ، ئۆي قۇشىغا ئوكۇل قىلدى. ئۆي قۇشىنىڭ كۆزىدە تاشقىرىدىن كەلگەن ئاقسىل ماددىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان خرۇستال سەپلەنمىسى پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئۆي قۇشىنىڭ قېنىنى ئېلىپ، بوغاز توشقانغا ئوكۇل قىلدى. چىشى توشقانلار بۇ ئوكۇلغا بەرداشلىق بېرەلمەي تولىسى ئۆلۈپ كەتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە ياكى خرۇستاللىرىغا بىرەر زىيان يەتمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئۇرۇقدانلىرىغا توپلانغان ئۇرۇقلىرىغىمۇ بىرەر ئالاھىدە زىيان يەتمىگەن، چۈنكى ئۇلارنىڭ كېيىن تۇغقان بوجەنلىرىگە قارىغاندا، كۆزلىرى مېيىپ بولۇپ تۇغۇلغان ئەمەس.»





بۇ ئابزاستىكى جۈملىلەرمۇ ناھايىتى «راۋان» دەك، چۈشىنىشلىكتەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن تەپسىلىي ئويلاپ قارىغاندا، چۈشىنىكسىزلىكتىن خالىي ئەمەس. بىرىنچى، «يىلىكسىمان خرۇستال» دېگەن نېمە؟ چۈنكى، خرۇستال يىلىكسىمان، تېرىسىمان، دەپ ئايرىلمايدۇ. ئىككىنچى، «خرۇستالنىڭ سەپلەنمىسى» دېگىنى نېمىسى؟ ئۈچىنچى، «تاشقىرىدىن كەلگەن ئاقسىل ماددىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان» دېگىنى قانداق گەپ؟ مەندە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە ئەسلىي نۇسخىسى بولمىغاچقا ناھايىتى ئىچىم پۇشتى، ئۇنداق ئويلاپ، بۇنداق ئويلاپ، مۇنداق ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلىش كېرەك ئىكەن، دېگەن يەرگە كەلدىم:

«ئۇلار ئاۋۋال توشقاننىڭ كۆزىدىكى شىلىمشىق تەييارلىقى بولىدىغان (ئوكۇل قىلىش ئۈچۈن) خرۇستالنى ئېلىپ ئۆي قۇشىغا ئوكۇل قىلدى، ئۆي قۇشى بۇ يات ئاقسىل ماددا (يەنى شىلىم ھالىتىدىكى خرۇستال) نى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىپ خرۇستالغا قارشى ماددا (يەنى ھېلىقى شىلىم ھالىتىدىكى خرۇستالغا قارشى ماددا) نى پەيدا قىلغان، ئاندىن كېيىن ئۇلار ئۇنىڭ قېنىنى ئېلىپ بوغاز توشقانغا ئوكۇل قىلغان…»

يۇقىرىقىلىرى ئۇتتۇر كەلگىنى بويىچە كەلتۈرۈلگەن بىرنەچچە

مىسالدىنلا ئىبارەت، بۇلاردىن باشقا، مۇھىتقا قاراپ پىكىر ـ تۇيغۇنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى بىلەن ئۇنتۇپ قالغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس، ئۆزۈم بىلمەيدىغان بىرمۇنچىلىرىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن ياكى خاتا يېتىپ مېڭەمگە قاچىلىۋالغان بولۇشۇم تەبىئىي. شۇنداق بولسىمۇ، مۇشۇ بىرنەچچە مىسالدىنلا شۇنىڭغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇكى، «تەرجىمە دۇرۇس بولۇپ، راۋانسىز» قىلىنسا، ھەرقانچە دېگەندىمۇ چۈشىنىكسىز چىقار، ئويلاپ كۆرگەندە چۈشىنىپ كەتكىلىمۇ بولار؛ تەرجىمە «راۋان بولسىمۇ دۇرۇس بولمىسا» كىشىنى ئازدۇرۇپ قويىدۇ، ھەرقانچە ئويلىغان بىلەنمۇ چۈشىنىۋالغىلى بولمايدۇ، ئەگەر چۈشەنگەندەك قىلغان بولسىڭىز، تۇيۇق يولغا كىرىپ كەتكەن بولىسىز.





# ئات ـ كالا قاچىرىقلىرى[285]

«دۇرۇس بولمىسىمۇ راۋان» تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىدىغانلارنىڭ سەركەردىسى جاۋ جىڭشېڭ ئەپەندى يېقىندىن بۇيان بىرەر چوڭ ئەسەرنى تەرجىمە قىلغىنى يوق. ئېھتىمال ئۇ «ھېكايە» ژۇرنىلىدا بىزگە «چەت ئەل ئەدەبىياتى مۇنبىرىدىن خەۋەرلەر»[286]نى تونۇشتۇرۇشقىلا تۇرغان بولسا كېرەك. دەرۋەقە، بۇنىڭغا ناھايىتى تەشەككۈر بىلدۈرىمىز. ئۇ خەۋەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ تاپقانمۇ ياكى تونۇشتۇرغۇچى ئۆزى ئۇقۇشۇپ ۋەياكى تەتقىق قىلىپ تاپقانمۇ؟ بۇنى ھېچنېمىدىن قىياس قىلالمىدۇق. تەرجىمە قىلىپ تاپقان دەيلى دېسەك، ئومۇمەن ئۇلارنىڭ چىققان يېرى كۆرسىتىلمىگەن، بىزمۇ نەدىن سۈرۈشتۈرۈشنى بىلەلمىدۇق. دەرۋەقە «دۇرۇس بولمىسىمۇ راۋان» تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىۋاتقان جاۋ ئەپەندى بۇلارغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىسە كېرەك، بىرئاز «دۇرۇس بولماي» قالسىمۇ بەربىر مەقسىتى ئىشقا ئاشقان بولىدۇ ـ دە:

شۇنداق بولسىمۇ، گۇمانلىق يەرلىرى يەنىلا ماڭا ئۇچراپ تۇرۇۋاتىدۇ.

«ھېكايە» ژۇرنىلىنىڭ 2 ـ ئايلىق سانىدا، جاۋ جىڭشېڭ ئەپەندى «يېڭى ئامما يازغۇچىلىرىنىڭ يېقىنقى خەۋەرلىرى»نى بىزگە يەتكۈزۈپتۇ. بۇلارنىڭ بىرىدە «ۋ. گروپپېر[287] سېرك ئويۇنىنىڭ ‹Alay Oop› ناملىق رەسىملىك ھېكايىسىنى يېزىپ پۈتتۈردى» دەپتۇ. بۇ سۆز ناھايىتى «راۋان»، ئەمما كېيىن بۇ

رەسىملىك كىتابقا قارىسام، سىرك ئەمەس ئىكەن. ئىنگلىزچە
لۇغەتنى قەرز ئېلىپ كېلىپ، كىتابنىڭ ئىسمى ئاستىغا
[288] Lifeand Love Amng the Acrobats Tod Entire yin Pictur
دەپ ئىزاھلاپ يېزىلغان ئىككى قۇر ئىنگلىزچە سۆزنى بىرقۇر
تەكشۈرۈپ كۆرسەم، ئەسلىدە «سىرك» نىڭ ھېكايىسى ئەمەس،
بەلكى «سىرك ئوينايدىغان سىركچىلەر» نىڭ ھېكايىسى ئىكەن.
دېمەك، بۇ گەپكە قارىغاندا، دەرۋەقە، ئۇ بىرئاز «راۋان» بولماي
چىقتى. لېكىن، مەزمۇن ئەنە شۇنداق تۇرسا، بۇ ھەقتە ئويلاشقا
نېمە چارە بولسۇن؟ «سىركچىلەر» بولغاچقا، «Love» [289] دېگەن
سۆز كەلگەن - دە.

«ھېكايە» ژۇرنىلىنىڭ 11 - ئايلىق سانىدا، جاۋ جىڭشېڭ
ئەپەندى بىزگە يەنە «تېپىس [290] تۆت تومۇلۇق رومانىنى پۇت-
تۇردى»، ئۇنىڭ ئۇستىگە «ھەتتا يېرىمى ئادەم، يېرىمى كالا
سۈرەتلىك دىۋە (Der Zentaur) دېگەن ئاخىرقى قىسمىمۇ بۇ يىل
نەشردىن چىقتى» دەپ خەۋەر قىپتۇ. مانا ئەمدى «Der» دېگەن
سۆزى ئادەمنىڭ كۆزلىرىنى چەكچەيتىۋەتتى، چۈنكى بۇ گېرمان
تىلى بولغاچقا، لۇغەتتىن تەكشۈرۈپ كۆرۈپ باقاي دېگەن مەقسەت
بىلەن، ئۇنداق لۇغەتنى «تۇڭجى» مەكتىپى [291] مۇ تاپالمىغان يەر-
دە، باشقىچە خىيالدا بولۇشقا قانداقمۇ پېتىنغىلى بولسۇن؟! ھال-
بۇكى، ئاستىدىكى بىر ئاتالغۇنى يازمىغان بولسىغۇ مەيلىدى، ئۇنى
يازغانلىقى ئۈچۈن چىگىش كېسەلگە ئايلىنىپ قالغان. بۇ سۆز
ئېھتىمال، يۇنان تىلىدىن چىققان بولسا كېرەك، ئىنگلىزچە لۇ-
غەتلەردىمۇ ئۇچرايدۇ، بىز ئۇنى بەزىلەرنىڭ دائىم رەسىم سىزىشتا
ماتېرىيال قىلغانلىقىنىمۇ كۆرگەنمىز، ئەسلىدە بېلىنىڭ يۇقىرى-
سى ئادەم، بېلىنىڭ تۆۋىنى كالا ئەمەس، ئات ئىدى. كالا بىلەن
ئات ئوخشاشلا سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، «راۋان» لاشتۇرۇش ئۈچۈن
بىرەر قېتىم ئارىلاشتۇرۇۋەتسىمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق. شۇنداق بول-





سىمۇ ئات تاق تۇياقلىقلار تۈرىگە، كالا جۈپ تۇياقلىقلار تۈرىگە
كىرىدۇ، بىرئاز ئوخشاشمايدۇ، شۇڭا ئۇلارنى پەرق ئەتكەن ياخ-
شى، «ئاخىرقى قىسمى نەشردىن چىققان» چاغدا، قەستەن «كالا»
لاشتۇرۇپ قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

«كالا» لاشتۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن، جاۋ جىڭشېڭ ئەپەندى-
نىڭ مەشھۇر «كالا سۈتى يولى» [292] ئېسىمگە چۈشۈپ قالدى.
بۇ قارىماققا خېلىلا سۆزمۇسۆز تەرجىمە ياكى «قاتمال تەرجىمە»
گە ئوخشىشىپ تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، بۇ يەرگىمۇ
سەۋەبسىزلا «كالا» نى كىرگۈزۈپ قويغان. بۇ ھېكايە توغرىسىدا
لۇغەت ئاختۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. بۇنى رەسىم-
لىك كىتابلاردىنمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. يۇنان ئاساتىرلىرىدە ئېيتى-
لىشىچە، ئۇلۇغ تەڭرى زېۋس ئاياللارغا ناھايىتى خۇشتار تەڭرى
ئىكەن، ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئادەمزات ئارىسىغا كېلىپ، مەلۇم
بىر خانىمدىن بىر ئوغۇل تېپىپتۇ. ھەر نەرسىنىڭ جۈپى
بولىدۇ - دە، زېۋسنىڭ خانىمى ناھايىتى قىزغانچۇق ئايال تەڭرى
ئىكەن، ئۇ بىر كۈنى ئەھۋالنى بىلىپ قېلىپ، ئۇستەل - ئورۇن-
دۇقنى ئۆرۈپ - چېقىپ (؟) دەرغەزەپ بولغاندىن كېيىن،
ھېلىقى بالىنى ئەرشكە ئاچىقىپ، پەيتى كەلگەندە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەت-
مەكچى بوپتۇ. لېكىن، بالا گۆدەك، ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق
بولغاچقا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ زېۋس خېنىمنىڭ ئەمچىكىدىگە
دۈچ كېلىپ قاپتۇ - دە، ئۇنى شورىۋاپتۇ، خېنىم قاتتىق چۆچۈپ
كېتىپ، ئۇنى بىر ئىتتىرىپتىكەن، ئۇ ئادەمزات ئارىسىغا چۈشۈپ
كېتىپتۇ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىمايلا قالماستىن، بەلكى كېيىن
قەھرىمان بولۇپ يېتىشىپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ بىرلا شورىۋالغانلىقى
ئۈچۈن، زېۋس خېنىمنىڭ سۈتى جىرتلا قىلىپ چىقىپ، ئاسمانغا
چېچىلىپ، سامانيولىغا، يەنى «كالا سۈتى يولى» — ياق، ھەقى-
قەتتە «ئىلاھىي سۈت يولى» غا ئايلىنىپتۇ. لېكىن، ئاق تەنلىكلەر

«سۈت» نىڭ ھەرقاندىقىنى «milk» دەيدۇ، بىز سۈت كونسېرۋالىرىدىكى خەتلەرنى كۆرۈپ ئادەتلىنىپ كەتكەن، بەزىدە خاتا تەرجىمە قىلىپ قويۇشتىن خالىي بولالمايمىز. شۇنداق، بۇمۇ ھەيران قالغۇدەك بىر ئىش ئەمەس.

لېكىن، تەرجىمە توغرىسىدا چوڭ تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ يۈرگەن مەشھۇر ئادەم ئاتنى كۆرگەندە كاللىسى ئايلىنىپ قالسا، كالىغا ئېچىل بولۇپ تۇرسا، «كالىنىڭ بېشى ئاتنىڭ ئاغزىغا توغرا كەلمەپتۇ» («پايپاققا نال قاققاندەك» دېگەن ماقال ئورنىدا ئىشلىتىلىۋاتىدۇ — ت) دېگەندەك تەرجىمە قىلسا، بۇمۇ بىر شاڭخو ئۈچۈن دەستەك — بۇ پەقەت باشقىلار توغرىسىدىكى شاڭخو ئۈچۈن دەستەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇنان ئاساتىرىدىن بىرئاز خەۋەردار بولۇپ قالدۇق، بۇنىڭ جاۋ جىڭشېڭ ئەپەندىنىڭ «دۇرۇس بولۇپ راۋان بولمىغىنىدىن كۆرە، راۋان بولۇپ دۇرۇس بولمىغىنى تۈزۈك» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىگە قىلچىلىك زىيىنى يوق. بۇنىڭ نامى «كەلسە - كەلمەس تەرجىمە قىلىۋېرىش ياشىسۇن!» دەپ ئاتىلىدۇ.





# يەنە بىر «راۋان» تەرجىمە توغرىسىدا[293]

«راۋان» تەرجىمىنىڭ پەيدا بولغىنىغا خېلى ۋاقىت بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭ ئەدىب ۋە چوڭ تەرجىمە نەزەرىيىچىلىرىنىڭ بولغاچقا، ئۇنىڭغا ھېچكىممۇ دىققەت قىلمايدۇ. لېكىن، مەن توپلىغان «راۋان تەرجىمىلەر ئۈلگىلىرىنىڭ توپلىمى» دىن ئۇشتۇمتۇت مۇشۇنداق بىر مىسال ئۇچراپ قالغانلىقى ئۈچۈن، يەنە بىر قېتىم گەپ قىلىشقا توغرا كەلدى.

بۇ مىسالدىن گەپ باشلاي، جۇڭخۇا مىنگونىڭ 19 - يىلى 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى «دەۋر» گېزىتى[294] دە «ئىككى قولىغا يىڭنە ئۆتكۈزۈلگەن…» دېگەن 1 - نومۇرلۇق چوڭ ھەرپلەر بىلەن تىزىلغان ماۋزۇ ئاستىدا مۇنداق گەپ بار ئىكەن:

كوممۇنىستلار تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن پۇل تۆلەپ چاڭشادىن قېچىپ چىققان بىر جۇڭگولۇق سودىگەر ئۆزىنىڭ ئىككى خىزمەتچىسى بىلەن بىللە تۇنۇگۈن خەنكوۇغا كەلدى، بۇ خوجايىن بىلەن چاكارلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈستۈۋېشى قان. ئۇلار دوستلىرىغا، چاڭشادا كوممۇنىستلارنىڭ پايلاقچىلىرى بار ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇرژۇئازلارنىڭ تولىسى 29 - كۈنى سەھەردە قولغا ئېلىنىپتۇ، بىز 28 - كۈنى كېچىدە قولغا ئېلىندۇق، دەرھال قوللىرىمىزدىن يىڭنە ئۆتكۈزۈپ جىڭلىدى، دەپتۇ. ئۇلار بۇ ئەھۋالنى سۆزلەپ بەرگە-

ىندە ئىككى قوللىرىنى چىقىرىپ، لاتىلىرىنى يېشىپ، يىڭنە ئۆتكۈزۈلگەن تۆشۈكلىرىنى كۆرسەتتى، قانغا مىلەنگەن... (دېيەنتۇڭشى ئاگېنتلىقىنىڭ 2 - كۈنى خەنكۇدىن بەرگەن تېلېگراممىسى)».

تەبىئىيكى، بۇ سۆز ناھايىتى «راۋان» بولسىمۇ، ئازغىنە دىققەت قىلغاندا، بۇنىڭدىن ئاز - پاز گۇمانلىق يەرلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، بىرىنچىدىن، خوجايىن بۇرژۇئاز بولغاچقا، «ئۇستۇڭشى قانغا مىلەنگەن» بولۇشى تەبىئىي؛ ئىككى چاكىرى ھەرھالدا كەمبەغەل بولسا كېرەك، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا ئۇلارمۇ بىللە «ئۇستۇڭشى قانغا مىلەنگەن» بولىدىكەن؟ ئىككىنچىدىن، «قوللىرىغا يىڭنە ئۆتكۈزۈپ جىڭلاپ نېمە قىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ ۋەزنىگە قاراپ جىنايىتىنى بېكىتەمدىكەن - يا؟ لېكىن، شۇنداق بولسىمۇ ماقالە - گەپ يەنە «راۋان»، چۈنكى جەمئىيەتتە كوممۇنىستلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئاجايىپ - غارايىپ دەيدىغان گەپلەر ئەسلىدىنلا بار. ھالبۇكى، «ئاخىرەتنامە»[295] نى ئوقۇغانلار ئادەم 10 قات دوزاخنىڭ مەلۇم بىرىدە گۇناھكارنى تارازىغا سېلىپ جىڭلايدىغان ئۇسۇلنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، شۇڭا، «جىڭلىغان»نىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. لېكىن جىڭلىغاندا «جىڭنىڭ ئىلمىكىنى» ئىشلەتمەي، «يىڭنە» ئىشلەتكەنلىكى بىرئاز باشقىچىرەك بولۇپ قاپتۇ.

بەختىمگە يارىشا، شۇ كۈنكى ياپون تىلىدىكى گېزىت — «شاڭخەي گېزىتى»[296] دىمۇ دېيەنتۇڭشې ئاگېنتلىقى[297] نىڭ شۇ مەزمۇندىكى تېلېگراما خەۋىرىگە لىپپىدە كۆزۈم چۈشتى - دە، «دەۋر» گېزىتىدىكىسىنى تەرجىمانىنىڭ «قاتمال تەرجىمە»گە بېرىلمەي، «راۋان» قىلىشقا بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، بىرئاز «دۇرۇس» قىلمىغانلىقىنى چۈشەندىم. ئەگەر «دۇرۇس بولغىنى بىلەن





راۋان ئەمەس»تەك تەرجىمە قىلىنسا، ئومۇمەن مۇنداق بولۇشى كېرەك:

«... ئۇلار — خوجايىن ۋە چاكارلىرى تەشۋىشلىك ۋە قانلىق ئەھۋاللار توغرىسىدا مۇبالىغە قىلىنغان كەچۈرمىش پاراڭلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇلار ئېيتىدۇ: شۇ يەردىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئېيتىشىچە، كوممۇنىستلار قوشۇنى ئىچىدە چاڭشانىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىدىغانلار بار ئىكەن... بىز 28 - كۈنى يېرىم كېچىدە تۇتۇلدۇق، ھەيدەپ ئېلىپ ماڭغاندا، بېغىشلىرىمىزنى تېشىپ سىم ئۆتكۈزدى، بىرنەچچە ياكى نەچچە ئون ئادەمنى بىر قىلىپ چاتتى. ئۇلار سۆزلەپ بېرىۋېتىپ، قان بولۇپ كەتكەن لاتا بىلەن تېڭىقلىق قوللىرىنى كۆرسەتتى...»

مانا ئەمدى ئېنىق چۈشىنىلدىكى، «ئۇستۇڭشى قانغا مىلەنگەن»لەر «ئۇلار — خوجايىن ۋە چاكارلار» ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ سۆزلەپ بەرگەن «كەچۈرمىش» پاراڭلىرى ئىكەن، ئىككى چاكارنىڭ قولىدا ھەقىقەتەن بىرەر تۆشۈكمۇ يوق ئىكەن. قولىنى تېشىپ ئۆتكۈزىدىغان نەرسىنى ياپونچە «يىڭنە» دېسىمۇ، لېكىن تەرجىمىدە «سىم» دەپ تەرجىمە قىلىش توغرا كېلىدۇ، «يىڭنە» ئەمەس. يىڭنە كىيىم تىكىدىغان نەرسە. «جىڭلىغان» دېگەن سۆزگە كەلسەك، ئۇنىڭ سايىسىمۇ يوق.

بىزنىڭ «دوست دۆلەتلەر»دىكى ياخشى دوستلىرىمىز جۇڭگودىكى غەلىتە - غەلىتە ئىشلارنى، بولۇپمۇ «كوممۇنىستلار»نىڭ ئىشلىرىنى يېيىشقا ناھايىتى خۇشتار. بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى «يالىڭاچ نامايىش ئۆتكۈزۈش»[298] نى خۇددى راستتەكلا چۆيلىمە - چۆچەك قىلىشقانىدى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگولۇقلارمۇ

بىرنەچچە ئاي دوست تارتىشقانىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ساقچىلار-
نىڭ مۇستەملىكىلەردىكى ئىنقىلابچىلارنىڭ قولىلىرىغا سىم ئۆتكۈ-
زۈپ، چاتما - چېتىق قىلىپ ھەيدەپ مېڭىشى ئاتالمىش «مەدەنى-
يەتلىك» خەلقنىڭ ھەرىكىتى. جۇڭگولۇقلار ئۇنداق قىلىشنى تې-
خى بىلمەيدۇ، سىممۇ يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتىنىڭ مەھسۇلاتى
ئەمەس. تاڭ دەۋرىدىن تارتىپ سۇڭ دەۋرىگىچە، خۇراپاتلىق سەۋە-
بى بىلەن، «جادۇگەر»لەر ئۆزگىرىشتىن ساقلىنىشنىڭ ئامالى
سۈپىتىدە ئوقۇرەك سۆڭىكىگە سىم ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۇسۇلىنى قول-
لانغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇسۇللار ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان
ئىشلىتىلمەي، بۇنى بىلگۈچىلەرمۇ يوق دېيەرلىك بولۇپ قالغان.
مەدەنىي دۆلەت ئادەملىرى ئۆزلىرى قوللانغان مەدەنىي ئۇسۇلنى
جۇڭگوغا زورمۇزور دۆڭگىگەن. ئەپسۇسكى، جۇڭگولۇقلاردا تېخى
ئۇنداق مەدەنىيەت يوق، ھەتتا شاڭخەيدىكى تەرجىمانلارمۇ چۈشەن-
مەي، سىم ئۆتكۈزمەستىن، دوزاختىكى چارە بويىچە
«جىڭلاپ»لا ئىشنى تۈگەتكەن.

پىتنىخورلارنىڭمۇ ۋە پىتنە قىلىشىپ بەرگۈچىلەرنىڭمۇ ئەس-
لىي قىياپىتى ئاشكارىلاندى.





# جۇڭخۇا مىنگونىڭ يېڭى «دونكىخوت» لىرى(299)

XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدا، ئىسپانىيىلىك ئەدىب
سېرۋانتىس[300] يازغان «دونكىخوت» ناملىق چوڭ روماندا يېزى-
لىشىچە، كىخوت ئەپەندى شاھسەردانلار توغرىسىدىكى يېزىلغان
ھېكايىلەرنى كۆرىۋېرىپ، ئۇلارغا بېرىلىپ كېتىپ، قەدىمكى زا-
ماندا ئۆتكەن شاھسەردانلارنى دورايمەن دەپ ئۇستىگە يىرتىق سا-
ۋۇت كىيىپ، ئورۇق ئاتقا مىنىپ، بىر خىزمەتكارنى ئەگەشتۈ-
رۈپ، دېۋىلەرنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن، شەيتاننى بويسۇندۇرىمەن،
زالىملارنى يوقىتىمەن، ياخشىلارنى ئەمىن تاپتۇرىمەن دەپ،
ئۇيان - بۇيان كېزىپ يۈرۈپتۇ. شۇ چاغلاردا قەدىمكى كەپپىياتلار-
نىڭ ئاللىقاچان تۈگەپ كەتكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن؟! شۇنىڭ
ئۈچۈن بىرمۇنچە كۈلكىگە قېلىپ، بىرمۇنچە جاپا چېكىپ، ئاخىر
چوڭ قاپقانغا چۈشۈپ ئېغىر ياردار بولۇپ، پەرىشان ھالدا قايتىپ
كېلىپ، ئۆز ئۆيىدە ئۆلۈپتۇ، ئۆزىنىڭ ھېچقانداق چوڭ شاھسەر-
دان ئەمەس، ئادەتتىكىلا بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى جان ئۈزۈش ۋاقتى-
دىلا چۈشىنىپتۇ.

بۇ رىۋايەت بۇلتۇر جۇڭگودىمۇ خېلى كۆپ نەقىل كەلتۈرۈل-
دى، شۇنداق ئۇنۋان بېرىلگەن مەشھۇر ئادەملەرنىڭ بىر ئاز قورسى-
قى كۆپكەندەكمۇ بولدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق كىتاب مەستانىلىرى
ئىسپانىيىنىڭلا كىتاب مەستانىلىرى، ئەزەلدىن «مۇرەسسە - مادا-
را»نى ياخشى كۆرىدىغان جۇڭگودا بولماسلىقى مۇمكىن. ئىسپانى-

يىلىكلەر مۇھەببەت ئوتىدا كۆيگەن بولسا، ھەر كۈنى مەشۇقىنىڭ
دېرىزىسى ئالدىغا بېرىپ ناخشا ئوقۇيدۇ؛ كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد
قىلسا بىدئەتلەرنى ئوتتا كۆيدۈرىدۇ؛ ئىنقىلاب قىلسا چېركاۋلارنى
ۋەيران قىلىپ تاشلايدۇ؛ پادىشاھنى قوغلىۋېتىدۇ. لېكىن، بىز-
نىڭ جۇڭگونىڭ ئەدىب ـ ئالىملىرى دائىم: ئاياللار ئاۋۋال كېلىپ
ئەركەكلەرنى ئازدۇرىدۇ، ھەممە دىنىنىڭ مەنبەسى بىر، بۇتخانىلار-
نىڭ ۋەخپىلىرىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك، دېمىدىمۇ؟ شۇەنتۇڭغا
ئىنقىلابتىن كېيىن ئوردىدا بىرنەچچە يىل پادىشاھلىق قىلىپ بې-
رىشكىمۇ يول قويمىدىمۇ؟

ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، ئىلگىرى گېزىت ـ ژۇرناللاردا بىرنەچچە
دۇكاندارنىڭ خىزمەتكارلىرى باتۇرلار توغرىسىدا يېزىلغان ھېكايى-
لەرنى ئوقۇپ، بىردىنلا ۋۇداڭشەن تېغى[301] غا بېرىپ ماھارەت
ئۆگەنمەكچى بولغانلىقى يېزىلغانىدى. شۇ ئەھۋاللار «دونكىخوت»
قا ناھايىتى ئوخشايدۇ، بىراق ئۇ ئەھۋالنىڭ كېيىن قانداق بولغان-
لىقىدىن ئۇچۇر بولمىدى، ئۇلارمۇ بىرمۇنچە كارامەتلەرنى قىلدى-
مىكىن ياكى ئۇزاق ئۆتمەي ئۆيلىرىگە قايتىپ كەلگەنمىكىنتاڭ؟
«مۇرەسسە ـ مادارا» دېگەن ئۇدۇم بويىچە پەرەز قىلىدىغان بول-
ساق، ئۆيلىرىگە قايتىپ كەلگىنى دۇرۇس بولسا كېرەك.

شۇنىڭدىن كېيىن پەيدا بولغان جۇڭگوچە «دونكىخوت» —
«ما جەنشەنگە ياردەم بەرگۈچى ياشلار ئۆمىكى»[302] بولدى. ئۇلار
ئۆزلىرى ئەسكەر ئەمەس تۇرۇقلۇق، جەڭ مەيدانىغا بارماقچى بوپ-
تۇ، ھۆكۈمەت خەلقئارا ئىتتىپاق[303] قا داد ئېيتماقچى بولسا،
ئۇلار ئۆزىمىز بېرىپ تۇتۇش قىلىمىز، دەپ تۇرۇۋاپتۇ؛ ھۆكۈمەت
رۇخسەت قىلمىسىمۇ بارىمىز، دەپ تۇرۇۋاپتۇ؛ جۇڭگودا ھازىر
ھەرھالدا بىرئاز تۆمۈريول بار، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار مېڭىپ
بارىمىز، دەپ تۇرۇۋاپتۇ؛ شىمال تەرەپ سوغۇق بولسىمۇ، ئۇلار
يېلىڭ كىيىم كىيىۋاپتۇ؛ جەڭ بولغاندا ھەربىي قورال ناھايىتى





مۇھىم، لېكىن ئۇلار مەنىۋى جەھەتكىلا ئەھمىيەت بېرىپتۇ، مانا
بۇلارنىڭ ھەممىسى كەم ـ كۈتىسىز «دونكىخوت»لۇق ـ دە.
بىراق، قانداقلا بولمىسۇن، بۇلار جۇڭگونىڭ «دونكىخوت»لىرى.
دېمەك، دونكىخوت بىر، بۇلار بىر ئۆمەك؛ ئۇنى كۈلكە ـ مەسخى-
رە ئۇزاتقان بولسا، بۇلارنى ئۇزاتقىنى ئالقىش سادالىرى؛ ئۇنى
كۈتۈۋالغىنى ھاڭ ـ تاڭلىق بولسا، بۇلارنى كۈتۈۋالغىنى ئالقىش
سادالىرى؛ ئۇ تاغ ئىچىگە چۈشكەن بولسا، بۇلار جېنىرۇ بازىرىغا
چۈشكەن؛ ئۇ تۈگمەندە شامال تۈگمىنى بىلەن ئېلىشقان بولسا،
بۇلار چاڭجۇدا تارغاق ـ سۈزگۈچ بىلەن بولۇپ كەتكەن، پەرىزاتلار
بىلەن تېپىشقان، بۇ نېمىدېگەن بەخت (12 ـ ئايدا چىققان «شېن-
باۋ گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە قاراڭ). ئۇ شۇنداق جاپا
چەككەن، بۇلار مۇنداق ھۇزۇر قىلغان، توۋا!

دۇرۇس، جۇڭگونىڭ، چەت ئەللەرنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى
ھېكايىلىرى ناھايىتى كۆپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە «ئاخىرەتلىكنى تەي-
يارلاپ قويۇش»[304]، «بارمىقىنى كېسىش»، «چىن ئوردىسىدا
يىغلاپ يېلىنىش»[305]، «خۇدا ئالدىدا قەسەم ئىچىش» دېگەن
ھېكايىلەرمۇ بار. قۇلاقتىن ـ قۇلاققا ئاڭلىغانلارنىڭ، كۆزى بى-
لەن كۆرگەنلەرنىڭ دوراپ، ئۆزى ئۈچۈن جىنازىنى تەييارلاپ
قويىدىغان، بارمىقىنى كېسىپ تاشلايدىغان، سۈن جۇڭشەن قەبرى-
سىگە بېرىپ يىغلايدىغان، ئاتلىنىشقا قەسەم بېرىدىغانلارمۇ بولۇشى
مۇمكىن. لېكىن، «4 ـ ماي» ھەرىكىتى دەۋرىدە ئالىم خۇ شىزى
ئەدەبىيات ئىنقىلابى ئۈستىدە توختالغىنىدا «كونا تەمسىللەرنى
ئىشلەتمەس»[306] بولغانىدى، ئەمدى ئەمەلىي ھەرىكىتىدىمۇ ئىش-
لەتمەيدىغاندەك تۇرىدۇ.

XX ئەسىردىكى ئۇرۇش توغرىسىدا يېزىلغان ھېكايىلەرنىڭ
كونىراقلىرىدىن رېماركنىڭ «غەربىي سەپتە ئۇرۇش يوق»[307]
دېگەن رومانى، لۇدۋىگ رېننىڭ «ئۇرۇش»[308] دېگەن رومانى

بار؛ يېڭىراقلىرىدىن سىرافىموۋىچنىڭ «تۆمۈر ئېقىن» دېگەن رومانى، فادىيېفنىڭ «تارمار» دېگەن رومانى بار. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدا بۇنداق «ياشلار ئۆمىكى» يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ ئەسەردىكىلەر ئەمەلدە ئۇرۇش قىلغان.





# «ياۋا گىياھ»نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىگە مۇقەددىمە[309]

فېڭ Y.S[310] ئەپەندى ئۆزىنىڭ بىر بۇرادىرىدىن ماڭا «ياۋا گىياھ»نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى كۆرۈپ باقسىڭىز، بىرنەچچە ئېغىز بىرنەرسە يېزىپ بەرسىڭىز، دەپ ئەۋەتىپتۇ. ئەپسۇسكى، مەن ئىنگلىزچىنى بىلمەيمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت بىرنەچچە ئېغىز سۆزنىلا قىلالىشىم مۇمكىن. لېكىن، تەرجىمانىنىڭ، ئۈمىد قىلغانلىرىمنىڭ يېرىمىنىلا ئورۇنداپتۇ، دەپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ توپلامدىكى 20 نەچچە پارچە فېلىيەتوننى، خۇددى ھەربىرىنىڭ ئاخىرىدا ئىزاھلىغىنىمدەك، 1924 ـ يىلدىن 1926 ـ يىلغىچە بېيجىڭدا يېزىپ، «تىل رىشتىسى» ناملىق ژۇرنالدا ئۇتتۇرلۇق ئېلان قىلغانىدىم. بۇلارنىڭ تولىسى ئۇتتۇرلۇق پەيدا بولغان كىچىككىنە تەسىراتلاردىنلا ئىبارەت. ئۆز ۋاقتىدا گەپنى ئۇتتۇر قىلىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزىدە ئىبارىلىرىم تۇتۇق بولدى.

بۇ ھەقتە بىرنەچچە مىسال كەلتۈرەي: ئۆز ۋاقتىدا ئەۋج ئالغان ھىجران شېئىرلىرىغا تەنە قىلىش ئۈچۈن «مېنىڭ ھىجرانىم»نى يازغان؛ جەمئىيەتتە بىتەرەپ بولۇپ تاماشا كۆرىدىغانلارنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىگە غەزىپىم ئۆرلىگەنلىكى ئۈچۈن «ئىنتىقام»نىڭ بىرىنچىسىنى يازغان؛ ياشلارنىڭ غەپلەتكە چۆكۈپ كەتكەنلىكىگە ھەيران بولغانلىقىم ئۈچۈن «ئۈمىد»نى يازغان؛

«شۇنداق جەڭچى» نى ئەدىب - ئالىملارنىڭ مىلتارىستلارغا ياردەم بەرگەنلىكىدىن ئەجەبلىنىپ يازغان؛ «زېمىستان يوپۇرمىقى» نى بولسا مېنى ياخشى كۆرىدىغانلارنىڭ مېنى ئاسرىماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن يازغان؛ دۈەن چىرۇي ھۆكۈمىتى قۇرۇق قول ئاممىنى ئوققا تۇتقاندىن كېيىن، «سۈس قان داغلىرى ئىچىدە» نى يازدىم، شۇ چاغدا باشقا بىر جايدا[311] پاناھلىنىپ تۇرغانىدىم؛ شەرقىي شىمال مىلتارىستلىرى بىلەن خېبېي مىلتارىستلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش[312] بولغاندا، «بىردەملىك ھېسسىيات» نى يازدىم، شۇنىڭدىن كېيىن بېيجىڭدا تۇرۇشۇمغا مۇمكىن بولمىدى.

دېمەك، شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، بۇلارنىڭ تولىسى كاردىن چىققان دوزاخ بويىدىكى ئېقىش - بەدرەڭ گۈل، بۇلارنىڭ چىرايلىق ئەمەسلىكى تۇرغان گەپ، بىراق شۇ دوزاخنى تاشلىۋېتىش كېرەك. بۇ گەپنى ماڭا سۆزمەن، قاتتىق قول ۋە لېكىن ئۆز ۋاقتىدا مۇددىئاسىغا يېتەلمىگەن بىرنەچچە قەھرىماننىڭ چىرايى ۋە تەلەپپۇزى ئىزھار قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن «تاشلىۋەتكەن ياخشى دوزاخ» نى يازدىم.

كېيىن ئۇنداق بىرنەرسىلەرنى يازمايدىغان بولدۇم. كۈندىن - كۈنگە ئۆزگىرىۋاتقان دەۋر ئۇنداق ماقالىلەرگە، ھەتتا ئۇنداق تەسىراتلارنىڭ مەۋجۇت تۇرۇشىغىمۇ يول قويمايدىغان بولدى. مېنىڭچە، بۇمۇ ياخشى ئەھۋال بولسا كېرەك.

تەرجىمىسى ئۈچۈن يازىدىغان مۇقەددىمەمنىمۇ مۇشۇ يەردە تاماملاي.

11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى





# «ئەقلىي ئەمگەكچى» ياشاپ كەتكەي[313]

«ئەمگەكچى» دېگەن سۆزنىڭ «جىنايەتچى» دېگەن سۆزنىڭ ئالمىشى بولۇپ قالغىنىغا توپتوغرا تۆت يىل بولدى. ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنىۋاتسىمۇ، ھېچكىم لام - جىم دېمىدى؛ ئۇلار قىرىپ - چىپىلىۋاتسىمۇ لام - جىم دەيدىغان ھېچكىم بولمىدى. ئەدەبىياتتا بۇ سۆز تىلغا ئېلىنسىلا، بىرمۇنچە «ئەدىبلەر، ئۆلىمالار» ۋە «ئالىيجانابلار» مەسخىرە - ھاقارەت قىلىشتى، شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ بىرمۇنچە چەرەندە - پەرەندە پۇشتىلىرىمۇ مەسخىرە - ھاقارەت قىلىشتى. ئەمگەكچى، ھەي ئەمگەكچى، مەڭگۈ قەد كۆتۈرەلمەيدىغان ئوخشايسەن.

بىراق، سېنى ئېسىگە ئالىدىغانلارمۇ چىقىپ قالدى.

يەنى، جاھانگىر لويىلار پارتىيە دۆلىتى[314] چاپسان قىرمايۋاتىدۇ دەپ، ئۆزى بىۋاسىتە قول سېلىپ بومباردىمان قىلىدىغان، توپقا تۇتىدىغان بولدى. «خەلق» نى «ئەكسىيەتچى» دەپ ئاتاش پارتىيە دۆلىتىنىڭ قالتىس پەتىۋاسى ئىدى، بىراق جاھانگىر لويىلارنىڭمۇ شۇنداق كارامىتى بار ئىكەن، ئۇلار قارشىلىق كۆرسەتمەيدىغان ئىتائەتچان مۆمىن پارتىيە دۆلىتى ئەسكەرلىرىنى «قاراقچى» ھېسابلاپ، ئۇلارنى «قاتتىق جازا» لايدىغان بولدى! بۇ نېمىدېگەن ناھەقچىلىك؟! بۇ «مۆمىن» بىلەن «ئاسىي» نى ئايرىمىغانلىق، گۆھەر بىلەن تاشنى تەڭلا نابۇت قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟!

شۇڭا، ئەمگەكچىلەرنى يەنە ئەسكە ئالىدىغانلار چىقىپ قالدى.

يەنى، خېلى چاغلاردىن بېرى ئاڭلانماس بولۇپ قالغان «ۋاي قەدىرلىك ئەمگەكچىلەر!» دېگەن يېقىملىق ئاۋازلارمۇ گېزىت - ژۇرناللاردا كۆزگە چېلىقىدىغان بولۇپ قالدى؛ كۆزگە چېلىقمىغىنىغا خېلى چاغلار بولۇپ قالغان «ئەقلىي ئەمگەكچى» دېگەن كارامەت ئۇنۋانلارمۇ گېزىت - ژۇرناللاردا پەيدا بولۇپ قالدى؛ «ئالاقە باغلاش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلغان»لىقى ئۈچۈن، ھەتتا «جەمئىيەت»[315] قۇرۇپ، جەمئىيەتكە فەن جۇڭيۈن[316]، ۋاڭ فۇچۈەن[317] دېگەندەك بىرمۇنچە يېڭى «ئەقلىي ئەمگەكچى» كادىر ئەپەندىلەرنى خىزمەتكە تەيىنلەشتى.

قانداق «ئەقلى» بارلىقىنى، نېمە «ئەمگەك» قىلىدىغانلىقىنى، «ئالاقە باغلاپ» نېمە قىلىدىغانلىقىنى؛ «زۆرۈرلۈكى» نەدىلىكىنى ھازىرچە ئېيتمىسىمۇ مەيلىكەن، بۇنى سۈرۈشتۈرۈشكە «ئەقلى (بىلىمى)» يوق جىسمانىي ئەمگەكچىلەرنىڭ چىشى پاتمايدىكەن.

ۋاي «قەدىرلىك ئەمگەكچىلەر!» سىلەر بۇ ئېسىل «ئەقلىي ئەمگەكچى»لەر ئۈچۈن يەنە بىر پەس ئېلىشىپ بېرىڭلار! ئۇلارغا يەنىلا ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئېسىل «ئەقلى (بىلىمى)»نى «ئەمگەك» (ئىش) كە سېلىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىڭلار. مەغلۇپ بولۇپ قالساڭلارمۇ، «جىسمانىي كۈچ»لا مەغلۇپ بولىدۇكى، «ئەقلىي كۈچ» بەرىبىر ئۆز پېتىدە تۇرىۋېرىدۇ!

«ئەقلىي» ئەمگەكچىلەر ياشاپ كەتكەي!





# «دوست دۆلەت ئەجەبلەنمەكتە» توغرىسىدا[318]

ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ نۆۋەت تەلەپ قويۇشىغا[319] ياپونىيىنىڭ لياۋنىڭ بىلەن جىلىننى بېسىۋالغانلىقى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ توغرىدا ئامالسىز بولۇپ، خەلقئارا ئىتتىپاققا يېلىنىپلا[320] يۈرگەنلىكى، خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ بولسا ياپونىيىگە ئوخشاشلا بىرنېمە ئىكەنلىكى سەۋەبچى بولغانلىقىنى ئاز - تولا ئەقلى بار ئادەمنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. ئوقۇش كېرەك، ئوقۇش كېرەك دېيىشىدۇ. دۇرۇس، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش كېرەك، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، چوڭ - كاتتىلىرىمىزمۇ زېمىنلىرىمىزنى ياتلارغا تۇتۇپ بەرمەسلىكى كېرەك، ئەنە شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن خاتىرجەم ئوقۇغىلى بولىدۇ. گېزىتلەردە: شەرقىي شىمال ئۆلكىلىرىدە ئۇنىۋېرسىتېتلار قېچىپ بولدى، پېكىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلىرى[321] قېچىپ بولدى، ياپون ئەسكەرلىرى ئوقۇغۇچى قىياپىتىدىكىلەرنى كۆرگەن ھامان ئاتىدىغان بولدى، دەپ يازمىدىمۇ!؟ كىتاب بوغچىلىرىنى تاشلاپ قويۇپ تەلەپ قويۇشقا بارغانلىقى ھەقىقەتەن بىچارىلىك ئىدى. ئەپسۇسكى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ھەرقايسى جايلاردىكى ھەربىي - مەمۇرىي دائىرىلىرىگە ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىدا، ئۇلارغا «ئىدارە - ئورگانلارنى بۇزۇپ - چاقتى، قاتناشنى توسۇپ، ئۇرۇپ قويدى، مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىنى ئۇرۇپ يارىدار قىلدى، ماشىنىلارنى توسۇپ بۇلىدى، يولدا كېتىۋاتقانلارغا ۋە

ھۆكۈمەت خادىملىرىغا تويلىشىپ ھۇجۇم قىلدى، ئۆز ئالدىغا قولغا
ئېلىپ، قىيىن ـ قىستاق بىلەن سوراق قىلدى، جەمئىيەت تەرتى-
پىنى پۈتۈنلەي بۇزۇپ تاشلىدى» دېگەن بەتنامىلارنى چاپلىغانلىقى،
ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرسىتىپ، «دوست دۆلەت
ئەرباپلىرى ئەجەبلىنىۋاتىدۇ، بۇنداق كېتىۋەرسە، دۆلەت دۆلەت
بولماي قالىدۇ» دېگەنلىكىنى كۆرمەمسىز، تېخى!

راسا «دوست دۆلەت ئەرباپلىرى» ئىكەن ـ دە! ياپون جاھاڭ-
گىرلىكىنىڭ ئەسكەرلىرى لياۋنىڭنى، جىلىننى بېسىۋالسا، ئىدا-
رە ـ ئورگانلارنى تويقا تۇتسا، ئۇلار چۆچۈمەيدىكىنا! تۆمۈريوللار-
نى توسۇپ ئۈزۈپ تاشلىسا، يولۇچىلار پويىزلىرىنى بومباردىمان
قىلسا، ئەمەلدارلارنى تۇتۇپ قامىسا، خەلقنى ئاتسا، ئۇلار ئەجەب-
لەنمەيدىكىنا! جۇڭگو گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا يىل-
مۇيىل ئۇدا ئىچكى ئۇرۇش بولۇۋاتسا، مىسلىسىز سۇ ئاپىتى يۈز
بېرىۋاتسا، بەزىلەر گادايلىق دەستىدىن پەرزەنتلىرىنى سېتىشقا
مەجبۇر قىلىنىۋاتسا، بەزىلەرنىڭ كاللىسى كېسىلىپ سازايى قى-
لىپ ئېسىلىۋاتسا، بەزىلەر مەخپىي ئۆلتۈرۈلۈۋاتسا، توك بىلەن
قىيناپ سوراق قىلىنىۋاتسا، ئەجەبا ئۇلار بۇنىڭغىمۇ ئەجەبلەنمەيدى-
كىنا! ئوقۇغۇچىلار داد ئېيتىپ تەلەپ قويۇشقا ماڭغاندا ئازغىنە
مالىمانچىلىق بولسا ئۇلار ئەجەبلىنىپ كېتەمدىكىنا!

گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ «دوست دۆلەت ئەرباپلىرى» مىش!
ئۇلار نېمىدى!

چاپلىغان بەتنامىلىرى راست بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ ئىشلار
قايسىبىر «دوست دۆلەت»تە بولسۇن، ھەممىسىدە بولۇپ تۇرىدى-
غان ئىش، ئۇلارنىڭ ئۆز «تەرتىپ»لىرىنى ساقلاشقا خىزمەت
قىلىدىغان تۈرمىلىرى ئۆزلىرىنىڭ «مەدەنىي» دېگەن چۈمپەردى-
سىنى يىرتىپ تاشلىغان. نېمىسگە «ئەجەبلەندۇق» دېگەن سېسىق
قىياپەتكە كىرىۋالىدىكەن؟





لېكىن، «دوست دۆلەت ئەرباپلىرى» نىڭ ئەجەبلىنىشى بىلەنلا
بىزنىڭ گومىن جىڭفۇ ھۆكۈمىتىمىز «مۇشۇنداق كېتىۋەرسە،
دۆلەت دۆلەت بولماي قالىدۇ» دەپ قورقۇپ كېتىپتۇ. گوياكى
شەرقىي ئۈچ ئۆلكە قولدىن كەتسىمۇ پارتىيە دۆلىتى تېخىمۇ بىر
دۆلەت بولۇپ قېلىۋېرىدىغان، شەرقىي ئۈچ ئۆلكە قولدىن كەتكەندە
ھېچكىممۇ غىڭ ـ پىڭ قىلمىسا، پارتىيە دۆلىتى تېخىمۇ بىر
دۆلەت بولۇپ قېلىۋېرىدىغان، شەرقىي ئۈچ ئۆلكە قولدىن كەتكەندە
بىرنەچچە ئوقۇغۇچىلا بىرنەچچە پارچە «مۇراجىئەت» سۇنۇپ قوي-
سىلا پارتىيە دۆلىتى تېخىمۇ بىر دۆلەت بولۇپ قېلىۋېرىدىغان،
شۇنىڭ بىلەن «دوست دۆلەت ئەرباپلىرى» نىڭ ماختىشىغا سازاۋەر
بولۇپ، مەڭگۈ «دۆلەت» بولۇپ كېتىۋېرىدىغان ئوخشايدۇ ـ دە.

پارتىيە دۆلىتىنىڭ قانداقلىقىنى، «دوست دۆلەت» نىڭ قان-
داقلىقىنى ئۇنىڭ بىرنەچچە جۈملىلىك تېلېگراممىسى ناھايىتى
ئېنىق چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇ. «دوست دۆلەت» بىزنىڭ خەلقىمىز-
گە: تالان ـ تاراج قىلىۋەتسەكمۇ غىڭ ـ پىڭ قىلىشمايسەن، سەللا
«يولدىن چىقىپ» كېتىشىدىكەنسەن، قىرىپ تاشلايمىز دەيدۇ؛
پارتىيە دۆلىتى بولسا بىزگە: بۇ «دوست دۆلەت ئەرباپلىرى» نىڭ
ئارزۇسىغا بويسۇن، ئۇنداق قىلمىساڭ، «دەرھال جىددىي چارە
كۆرۈلسۇن، ۋەقەدىن كېيىن نەسىھەت قىلىپمۇ توسۇيالمىدۇق،
دېگەن باھانە بىلەن مەسئۇلىيەتتىن قېچىشقا يول قويۇلمايدۇ»
دەپ، «ھەرقايسى جايلاردىكى ھەربىي ـ مەمۇرىي دائىرىلىرىگە
ئومۇمىي تېلېگراما بەردىم» دەيدۇ.

چۈنكى، «دوست دۆلەت ئەرباپلىرى» شۇنى ئوبدان بىلىدۇ-
كى: ياپون ئەسكەرلىرىنى «نەسىھەت قىلىپ توسۇيالمايۋاتقان»
يەردە، ئوقۇغۇچىلارنى قانداقسىگە «نەسىھەت قىلىپ توسۇ-
يالماي قالسۇن؟» ئېيىغا كېتىۋاتقان 18 مىليون ھەربىي خىراجەت-
نى، 4 مىليون مەمۇرىي خىراجەتنى زادى نېمىگە ئىشلىتىدى-

غان «ھەربىي ـ مەمۇرىي دائىرىلەر» ئىكەن ـ بۇ؟
بۇ ماقالىنى يېزىپ بولۇپ ئەمدىلا بىر كۈن ئۆتكەندە، «شېنـ
باۋ» گېزىتىنىڭ 21 ـ كۈندىكى سانىدا نەنجىڭدىن كەلگەن مۇنـ
داق بىر مەخسۇس تېلېگراممىا خەۋىرىنى كۆرۈپ قالدىم:

«ئىمتىھان پالاتاسىنىڭ ئەزاسى جاڭ يىكۈەننى ئوقۇ‌ـ
غۇچىلار ئۇلۇشكۈن تۇتۇپ كېتىپ ئېغىر ياردار قىلىۋېـ
تىپتۇ، دېگەن گەپ كەڭ تارقالغانىدى. جاڭنىڭ ئۆزىنىڭ
ئېيتىپ بېرىشىچە، شۇ چاغدا ئۇ شوپۇرنىڭ سەۋەنلىكى
تۈپەيلىدىن ئاما بىلەن بىللە جۇڭيائ ئۇنىۋېرستېتىغا
بېرىپ قاپتۇ، ئاندىن كېيىن دەرھال ئۇ مەكتەپتىن چىـ
قىپ، ئۆيىگە قايتىپتۇ. ياردار بولغان ئىش يوق ئىكەن.
مەمۇرىي پالاتانىڭ مەلۇم بىر كاتىپىمۇ جۇڭيائ ئۇنىۋېرسىـ
تېتىغا بارغانىكەن، ئۇ شۇ ھامان چىقىپ كېتىپتۇ، دېـ
رەكسىز يوقىلىپ كەتتى، دېگەن يوق ئىش ئىكەن. لېـ
كىن، «مائارىپ خەۋەرلىرى» دېگەن ئىستوندا، بۇ شەھەرـ
دىكى ئازغىنە بىر قىسىم مەكتەپلەردىن نەنجىڭغا داد ئېيـ
تىپ بارغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆلگەن ـ ياردار بولغانلىرىـ
نىڭ ئېنىق سانى مۇنداق قەيت قىلىنغان: ‹جۇڭگو گۇڭـ
شۆ مەكتىپىدىن ئىككى ئوقۇغۇچى ئۆلگەن، 30 ئوقۇغۇچى
ياردار بولغان؛ فۇدەن ئۇنىۋېرستېتىدىن ئىككى ئوقۇغۇـ
چى ياردار بولغان؛ فۇدەن ئۇنىۋېرستېتى قارمىقىدىكى
تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتىن 10 ئوقۇغۇچى ياردار بولغان؛
شەرقىي ئاسىيا تەنتەربىيە تېخنىكومىدىن بىر ئوقۇغۇچى
(قىز) دېرەكسىز يوقالغان؛ شاڭخەي ئوتتۇرا مەكتىپىدىن
بىر ئوقۇغۇچى دېرەكسىز يوقالغان، ئۈچ ئوقۇغۇچى ياردار
بولغان؛ ۋېنشېڭ نامىدىكى ئىنگلىز تىلى ئالىي مەكتىپىـ





دىن بىر ئوقۇغۇچى ئۆلگەن، بەش ئوقۇغۇچى ياردار بولـ
غان…» دېمەك، ئوقۇغۇچىلار گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ
تېلېگراممىسىدا ئېيتىلغىنىدەك «جەمئىيەت تەرتىپىنى پۇـ
تۈنلەي بۇزغان» ئەمەس، ئەكسىچە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى
ھازىرمۇ باستۇرۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى بوھتان
قىلماقتا، قىرماقتا. «دوست دۆلەت ئەربابلىرى» بۇنىڭـ
دىن كېيىن «ھەيران ـ ھەس بولۇپ» يۈرمىسىمۇ بولىـ
دۇ، خاتىرجەم تالان ـ تاراج قىلىۋەرسۇن.

# «ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى» ژۇرنىلى تەھرىراتىنىڭ سوئالىغا جاۋاب(322)

«ئەپەندىم، ئەگەر ئالدىڭىزدا بىر نەپەر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تۇرغان بولسا، ئىچكى مالىمان ۋە تاشقى ئاپەت چىرمىشىپ كەتكەن ھازىرقى ئالاھىدە دەۋردە، ئۇنىڭ تىرىشىش نىشانى سۈپىتىدە نېمىدېگەن بولاتتىڭىز؟»

مۇھەررىر ئەپەندى:

مېنىڭمۇ ئۆزىڭىزگە ياندۇرۇپ سوئال قويۇشۇمغا رۇخسەت قىلىڭ: ھازىر بىزدە سۆز ئەركىنلىكى بارمۇ؟ ئەگەر «يوق» دەپ جاۋاب بېرىدىكەنسىز، ئۇ ھالدا مېنىڭ گەپ - سۆز قىلمايدىغانلىقىمدىن ئەجەبلەنمەسلىكىڭىز تۇرغان گەپ. ئەگەر «ئالدىڭىزدا بىر نەپەر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تۇرغان بولسا» دېگەن باھانە بىلەن مېنى بىرنەرسە دېيىشكە مەجبۇر قىلىدىكەنسىز، ئۇ ھالدا مېنىڭ گېپىم مۇشۇنداق: بىرىنچى قەدەمدە سۆز ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك.





# «قۇتۇپ يۇلتۇزى» ژۇرنىلى تەھرىراتىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب(323)

## — ئىجادىيەت قانداق قىلغاندا ياخشى بولىدۇ؟

مۇھەررىر ئەپەندى:

ئەۋەتكەن خېتىڭىزلاردىكى سوئاللارغا ئامېرىكا يازغۇچىلىرىنى ۋە جۇڭگو شاڭخەيدىكى پروفېسسورلارنى جاۋاب بېرىشكە تەكلىپ قىلساڭلارمۇ بوپتىكەن، ئۇلارنىڭ قورسىقى «رومان يېزىش قائىدىسى» ۋە «رومان يېزىش ئۇسۇلى»(324) بىلەن تولۇپ كەتكەن. 20 نەچچە پارچە ھېكايە يازغان بولساممۇ، لېكىن مەندە ئەزەلدىن بۇ ھەقتە «پىشقان چۈشەنچە»مۇ يوق، خۇددى جۇڭگو تىلى بىلەن سۆزلەشنى بىلسەممۇ، «جۇڭگو گىراماتىكىسىدىن دەسلەپكى ساۋات»نى يازالمايدىغىنىمغا ئوخشاش. بىراق، ئىلتىپاتىڭلار ئۈچۈن يۈز كېلەلمىدىم، شۇڭا ئۆز تەجرىبەمدىن ئۆتكەن ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى تۆۋەندىكىچە يېزىشقا مەجبۇر بولدۇم.

(1) تۇرلۇك ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك، ئانچە - مۇنچە كۆرۈش بىلەنلا يازماستىن، كۆپرەك كۆرۈش كېرەك.

(2) يازالمىغاندا زورمۇزور يازماسلىق كېرەك.

(3) بەلگىلىك بىر ئادەمنى مودېل قىلماي، كۆپنى كۆرۈپ، قۇراشتۇرۇش كېرەك.

(4) يېزىپ بولغاندىن كېيىن، ئاز دېگەندە ئىككى قېتىم

ئوقۇپ چىقىش كېرەك، ئالسىمۇ بولىدىغان، ئالمىسىمۇ بولىدىغان سۆز، جۈملە، ئابزاسلارنى قىلچە ئايىماستىن چىقىرىۋېتىش كېرەك. ھېكايە يېزىشقا بولىدىغان ماتېرىياللارنى قىسقارتىپ Sketch[325] قىلىشقا بولىدۇكى، ھەرگىز Sketch يېزىلىدىغان ماتېرىيالنى ئۇزارتىپ ھېكايە قىلىشقا بولمايدۇ.

(5) چەت ئەللەرنىڭ ھېكايىلىرىنى، تامامەن دېگۈدەك شەرقىي ۋە شىمالىي ياۋروپا ئەسەرلىرىنى ئوقۇش كېرەك، ياپونىيە ئەسەرلىرىنىمۇ ئوقۇش كېرەك.

(6) ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم چۈشەنمەيدىغان تەسۋىرىي سۆزلەرنى ياسىماسلىق كېرەك.

(7) «رومان يېزىش ئۇسۇلى» دېگەندەك بىرنېمىلەردىكى گەپلەرگە ئىشەنمەسلىك كېرەك.

(8) جۇڭگودىكى ئاتالمىش «تەنقىدچىلەر»نىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمەسلىك كېرەك. ئىشەنچلىك چەت ئەل تەنقىدچىلىرىنىڭ تەقرىزلىرىگە قاراپ بېقىش كېرەك.

ھازىرچە دەپ بېرەلەيدىغانلىرىم ئەنە شۇ. مەزكۇر جاۋابىم بىلەن، ئامانلىقىڭىزنى تىلەيمەن.

12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى





# ھېكايە تېمىسى[326] توغرىسىدا خەت - چەكلەر[327]

## كەلگەن خەت

L. S ئەپەندى:

جانابلىرىنى مۇشۇنداق مالال قىلىدىغان تەنتەكلىك قىلىش ھېسسىياتىمىزنى بېسىپ كەلگىنىمىزگە خېلى ئۇزاق ۋاقىت بولغانىدى. لېكىن، دىلىمىزدىن سۆيىدىغان جانابلىرىنى بىزدەك ئوت يۈرەك ياشلارنىڭ تەلپىمىزنى ھەرھالدا يەردە قويمايدىغۇ دەپ تەكرار - تەكرار ئويلانغاندىن كېيىن، ئاخىر ئۆزىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتتە، بولۇپمۇ ھېكايە جەھەتتە، يېتىشەلمىگەن ۋە بىر قارارغا كېلەلمىگەن يەرلىرىمىزنى تەۋەككۇل قىلىپ جانابلىرىغا ئىزھار قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق.

بىز بىرنەچچە پارچە ھېكايە يېزىپ كۆردۇق، بىز تاللىغان تېمىلار مۇنداق: بىرى، ئۆزىمىزگە ئوبدان تونۇش بولغان ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ياشلىرىنىڭ ھازىرقى دەۋردە ئاشكارىلانغان ۋە ئاشكارىلانمىغان ئادەتتىكى ئاجىزلىقلىرىنى ھەجۋىي بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن كۆرسىتىپ بېرىش؛ يەنە بىرى، ئۆزىمىزگە ئوبدان تونۇش بولغان تۆۋەن قاتلامدىكى شەخسلەرنىڭ، يەنى ھازىرقى دەۋر ئېقىمىنىڭ زەربىسىدە چەتكە قېقىلىۋاتقان تۆۋەن قاتلامدىكى شەخسلەرنىڭ تۇرمۇش ئازابى ئاستىدا تۇرۇپ ھايات ياشاشقا كۈچلۈك ئىنتىلىشلىرىنى، قارشىلىق كۆرسىتىش يولىدىكى غۇۋا ئۇرۇنۇشلىرى-



نى ئۆز ئىجادىيىتىمىزدە تەسۋىرلەش. مۇشۇنداق مەزمۇندىكى ئە-
سەرلەرنى ھازىرقى زامان ئۇچۇن تۆھپە بولارلىق قىممىتىگە ئىگە،
دېيىشكە بولامدۇ، يوق؟ بىز بۇ مەسىلىنى دەسلەپتە يېشەلمىدۇق،
كېيىن قەلەمنى قولغا ئېلىپ، يەنە ئىككىلىنىپ قالدۇق. بۇ ھەقتە
جانابلىرىدىن يوليورۇق سوراشقا مەجبۇر بولدۇق، چۈنكى ئەدەبى-
يات - سەنئەت يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىمىزنىڭ ھازىرقى دەۋر
ئۈچۈن كېرەكسىز، ئەھمىيەتسىز بولۇپ چىقىشىنى خالىمايمىز.
بىز مۇشۇ دەۋردە ئۆزىمىزنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئەھمىيەت-
لىك ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىگە بېغىشلاپ، شۇ يول بىلەن
ئۆزىمىزنىڭ تېگىشلىك ھەسسىمىزنى ۋە تۆھپىمىزنى قوشۇشقا بەل
باغلىغانمىز، بىز جانابلىرى ئۈپىتقاندەك، ئاز - پاز نام چىقىرىۋال-
غاندىن كېيىن، پەشنى قىستۇرۇپ باشقا يولغا كىرىپ كېتىدىغان
ئەدىبلەرنى دورايدىغان ئادەملەردىن ئەمەسمىز. دېمەك، ئەگەر جا-
نابلىرى شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە يول كۆرسىتىپ بېرىدىغان بولسىلا،
بۇ يوليورۇقلىرى بىزگە ئۆمۈر بويى تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز
بىرمۇنچە پرولېتار يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرگەن بولساق-
مۇ، لېكىن بەزى ياسالما شەخسلەرنى بىر دومىلىتىپلا ئىنقىلابچى
قىلىپ قويۇشنى زادى خالىمايمىز. ئۆزىمىزگە تونۇش بولغان
بىرنەچچە مودېلنى قولدىن بەرمەي، ئۇلارنى چىنلىق بىلەن تەسۋىر-
لەشنى ياخشى كۆرىمىز. مۇشۇنداق خاھىش مۇۋاپىقمۇ، يوق، بۇ
ھەقتە زادى بىر قارارغا كېلەلمىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن قايتا - قايتا
ئويلانغاندىن كېيىن، تەنتەكلىك قىلىپ جانابلىرىنى مالال قىلىشقا
مەجبۇر بولدۇق.

ئاخىرىدا ئامان - ئېسەنلىكلىرىنى تىلەپ:
Y—f. T ۋە Ts—e. Y

(11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى)





## جاۋاب خەت

Y ۋە T (328) ئەپەندى:
خېتىڭىزلارنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، جاۋاب يازغۇچە يۇ-
قۇملۇق زۇكام بىلەن ئاغرىپ، بېشىم ئېغىرلىشىپ، قاپاقلىرىم
ئىششىپ، بىرەر قۇر بىرنەرسە يېزىشقىمۇ ماجالىم يەتمىدى. يې-
قىنقى بىرنەچچە كۈندىن بۇيان بىرئاز ئوڭلىنىپ، مانا ئەمدىلا
جاۋاب يېزىۋاتىمەن. ئۆزۈممۇ شاڭخەيدە تۇرۇۋقلۇق بىر ئاي كېچىك-
تۈرۈپ قويغانلىقىمغا ناھايىتى خىجىلمەن.
ئىككىڭىزلار ھېكايە يېزىشقا كېرەكلىك تېمىلارنى تاللاش
مەسىلىسىنى سوراپسىزلەر. خېتىڭىزلاردا يازغىنىڭىزلارغا قارى-
غاندا، ئاپتورنىڭ مەيدانى ئۇششاق بۇرژۇئازىيە مەيدانى ئىكەن.
ئەگەر ئاپتور جەڭگىۋار پرولېتار بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ يازغىنى
بەدىئىي ئەسەر بولالىشى ئىكەن، ئۇ ھالدا يازغىنى ھەرقانداق بىر
ۋەقە، ئىشلەتكىنى ھەرقانداق ماتېرىيال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،
ئۇ ھازىرقى زامان ئۈچۈنمۇ، كەلگۈسى ئۈچۈنمۇ چوقۇم تۆھپە
قوشقان ئەھمىيەتلىك بولىدىكەن. نېمىشقا؟ چۈنكى، ئاپتورنىڭ
ئۆزى جەڭگىۋار بولغانلىقتىن شۇنداق بولىدىكەن.
لېكىن، ئىككىڭلار ئۇ سىنىپتىن ئەمەس ئىكەنسىلەر، شۇنىڭ
ئۈچۈن قەلەم تەۋرەتمەي تۇرۇپلا، خۇددى خېتىڭىزلاردا يازغىنى-
ڭىزلاردەك، گۇمان تۇغۇلغان. مېنىڭچە، بۇنىڭ ھازىرقى دەۋر
ئۈچۈنمۇ ئەھمىيىتى بار، بىراق مەڭگۈ شۇنداق خاھىشتا تۇرىۋې-
رىش مۇۋاپىق ئەمەس.
باشقا سىنىپلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى، ئومۇمەن ئالغاندا،
كۈرەش قىلىۋاتقان پرولېتار بىلەن ئالاقىسىز، ئۇششاق بۇرژۇئازى-
يە ئەگەر ئەمەلىيەتتە پرولېتارىيات بىلەن ھەمنەپەس بولمايدىكەن،

ئۇنىڭ ئۆز سىنىپىغا لەنەت ئوقۇشى ياكى كىنايە قىلىشى پرولېتار-
لارنىڭ نەزىرىدە، خۇددى ئاز - پاز ئەقلى - هوشى بار بەگزادىنىڭ
ئۆز ئائىلىسىدىكى پەمى يوق پەرزەنتلەرنى يامان كۆرگىنىگە ئوخ-
شاش، شۇ بىر ئائىلىنىڭلا ئىشى، ئۇنىڭغا ۋاي دېيىشىنىڭ هاجىتى
يوق، ئۇنىڭ پايدا - زىيىنى توغرىسىدا سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ
تېخىمۇ هاجىتى يوق. فرانسىيىلىك تېئوپىل گوتېر[329] نى ئال-
سام، ئۇ بۇرژۇئازىيىگە ئىنتايىن ئۆچ، هالبۇكى، ئۇنىڭ ئۆزى
بولسا سېپى ئۆزىدىن بۇرژۇئا يازغۇچىسى. تۆۋەن قاتلامدىكى
شەخسلەر (مېنىڭچە ئۇلارنىڭ «هازىرقى دەۋر ئېقىمىنىڭ زەربى-
سىدە چەتكە قېقىلىپ چىقىرىۋېتىلىشى» مۇمكىن ئەمەس) نى يازد-
مىز دەيدىكەنسىلەر، ئوبيېكتىپ هالدا دېگىنىڭلار ئەمەلىيەتتە بالد-
خانىدا تۇرۇپ هومىيىشتىن، هېسداشلىق دېگىنىڭلارمۇ ئېغىزد-
كى قۇرۇق سەدىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇنىڭ پرولېتارلارغا
ياردىمى بولمايدۇ، كېيىنكى كۆنلەردە نەپ تېگىشىمۇ تەس. يەنە
فرانسۇز چارلىز باۋدىلەيىر[330] نى ئالاي، ئۇ پارىژ كوممۇنىسى
يېڭى قۇرۇلغان چاغدا ئۇنىڭغا ناهايىتى مىننەتدارلىق بىلەن ياردەم
بەرگەن، بىراق كېيىن كوممۇنا قۇدرەت تاپقاندا ئۆز تۇرمۇشىمۇغا
زىيان يېتىپ قالىدىغان بولدى دەپ، ئەكسىيەتچى بولۇپ كەتكەن.
لېكىن، جۇڭگونىڭ هازىرقى ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتسام، مېنىڭ-
چە، سىزلەر ئېيتقان ئىككى خىل تېمىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇ-
رۇش ئەهمىيىتىمۇ بار. مەسىلەن، بىرىنچى خىلىنى ئالسام،
ئۇنداق ئاجىزلىقنى ئۆز سىنىپىدىكى ئادەملەر باشقىلارغا قارىغاندا
ئوبدان بىلىدۇ؛ ئۆز سىنىپىدىكى ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان
هۇجۇمى، ئۇنىڭ نىقابىنى يىرتىپ تاشلىشى ئۇنداق ئەھۋال بىلەن
تونۇشمايدىغان ئادەملەرنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.
ئىككىنچى خىلىنى ئالسام، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ئېھتىمال





كېيىنكى ئاپتورلار كۆرۈپ بولغۇچىلا دەۋر بىلەن تەڭ ئۆزگىرىپ
كېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇتتۇرلۇق خاتىرىلەپ قالدۇرۇلسا، هېچ-
بولمىغاندا ئۇ شۇ زاماننىڭ خاتىرىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن؛
دېمەك، ئۇ هەم هازىر ئۈچۈنمۇ، كەلگۈسى ئۈچۈنمۇ ئەهمىيەتلىك
بولىدۇ. بىراق، «تونۇش» بولغان تەقدىردىمۇ «توغرا» بولۇشى
ناتايىن، ئۇنىڭ ئەهمىيەتلىك تەرەپلىرىنى تاللاپ، ئۇنى ئالاھىدە
روشەنلەشتۇرۇپ ۋە چوڭايتىپ كۆرسىتىپ بېرىش توغرا تەنقىدچى-
لەرنىڭ ۋەزىپىسى.

دېمەك، مېنىڭچە، هەر ئىككىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ قولۇڭلاردىن
كېلىدىغان تېما بويىچە قەلەم تەۋرىتىپ يېزىۋەرسەڭلار بولىدۇ.
لېكىن، ماتېرىيالنى پۇختا تاللاڭلار، چوڭقۇر قېزىڭلار؛
ئۇششاق - چۈششەك مەنىسىز ۋەقەلىكلەرنى قۇراشتۇرۇپ، شۇنىڭ
بىلەن ئىجادىمىز مول بولدى، دەپ ئۆز كۆڭلۈڭلارنى خۇش قىلىپ
يۈرمەڭلار. ئۇنداق يېزىۋەرسەڭلار، پەمىچە، مەلۇم بىر ۋاقىت
ئۆتكەندىن كېيىن، يازغۇدەك نەرسە قالمىغاندەك هېسسىياتقا كې-
لىپ قالىسىلەر. شۇنداق تېمىدىكى شەخسلەر يەنە نەچچە ئون يىل
ئۆتكەندىن كېيىن سارقىندى تەرىقىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىمۇ،
لېكىن ئۇ چاغدا ئۇنى تەسۋىرلەپ يازىدىغانلار باشقا بىر خىل
ئاپتورلار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ قاراشلىرىمۇ باشقىچە بولىدۇ. هالبۇ-
كى، سىلەر ئىككىڭلار ئالغا قاراپ كېتىۋاتقان ياشلاردىن ئىكەنسى-
لەر، دەۋرگە ھەسسىمىزنى ۋە تۆھپىمىزنى قوشىمىز دەيدىغان
ئىرادەڭلارمۇ بار ئىكەن، ۋاقتى كەلگەندە سىلەرنىڭمۇ ئۆز تۇرمۇ-
شۇڭلارنى ۋە ئىككىڭلارنى بارا - بارا توغرىلاپ، يېڭى يولغا كۆز
يەتكۈزۈشۈڭلار مۇقەررەر.

قىسقىسى، مېنىڭ پىكرىم مۇنداق: هازىر نېمىنى يېزىشقا،
قادىر بولساڭلار شۇنى يېزىڭلار، زامانپەزلىك قىلىشىنىڭ هاجىتى

يوق؛ ئۇشتۇمتۇت ئۆزگەرگەن ئىنقىلابىي قەھرىماننى زوردىن ـ زورغا ياساپ چىقىرىپ، ئۇنى «ئىنقىلابىي ئەدەبىيات» دەۋېلىشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق. لېكىن، يېڭىلىق ياراتماستىن بىر نۇقتىدىلا توختاپ قېلىپ، ئۆزىنى زايە كەتكۈزۈش، يەنى زامانغا قوشىدىغان ھەسسىسى ۋە تۆھپىسىدىن قۇرۇق قېلىش يارىمايدۇ.

خەيرلىك تىلەپ: L. S

(12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى)





# تەرجىمە توغرىسىدا خەت(331)

## كەلگەن خەت

مۆھتەرەم يولداش:

سىز تەرجىمە قىلغان «تارمار» نىڭ نەشر قىلىنغانلىقى جۇڭگونىڭ ئەدەبىي تۇرمۇشىدا ناھايىتى خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان ئىش. دۇنيا پرولېتارىيات ئىنقىلابى ئەدەبىياتى بويىچە مەشھۇر ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش ۋە جۇڭگو كىتابخانلىرىغا سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇش (بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىنى، چۈنكى ئۇلار ئۇلۇغ ئۆكتەبىر، گىراژدانلار ئۇرۇشى ۋە بەش يىللىق پىلان «قەھرىمان» لىرىنى كونكرېت ئوبراز، بەدىئىي روناق بىلەن كىتابخانلارغا تەقدىم قىلالايدۇ) — جۇڭگو پرولېتار ئەدىبلىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى. دەرۋەقە، ھازىر بۇ ئىش تامامەن دېگۈدەك شەخسەن سىزنىڭلا ۋە يولداش Z(332) نىڭلا تىرىشچانلىقىغا باغلىق بولۇپ قالدى، لېكىن بۇنى خۇسۇسىي ئىش دەپ كىم ئېيتالىسۇن؟! كىم؟! «تارمار»، «تۆمۈر ئېقىن» ۋەھاكازالارنى نەشر قىلىشنى جۇڭگونىڭ بارلىق ئىنقىلابىي ئەدىبلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ قاراش كېرەك. ئىنقىلابىي ئەدەبىيات سېپىدىكى ھەربىر جەڭچى، ھەربىر ئىنقىلابىي كىتابخان بۇ غەلىبىنى تەبرىكلىشى كېرەك، گەرچە بۇ كىچىككىنە غەلىبە بولسىمۇ.

سىزنىڭ تەرجىمىڭىز ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن ساداقەتلىك بىلەن ئىشلەنگەن، «كىتابخانلارنى ھەرگىز ئالدىمايمەن» دېگەن جۈملە ھەرگىزمۇ بايانات ئەمەس! بۇنىڭدىن سەمىمىيەتلىك، ئوت يۈرەك،

يورۇقلۇق ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ئادەمنىڭ جاپاغا چىداملىق
ۋە مەسئۇلىيەتچان بولماي قالمايدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.
XX ئەسىرنىڭ ماھارەت ئىگىلىرى ۋە پەرەڭلىشىپ كەتكەن مەشھۇر
جانابلار «ئازغىنە ئەمگەك بىلەن چوڭ ئابرۇي» تېپىشى مۇمكىن،
لېكىن ئۇنداق ئادەملەر ئۇزۇل - كېسىل ھالدا ئۆزىنى ئۆزگەرتمەي-
دىغان بولسا، ھەرقاچان «سالون» (Salon) لاردىكى پىستە كۇ-
چۇكلەردىن بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. ھازىرقى كۈندىكى بولۇشىچە قوپال
ئىشلەنگەن تەرجىمىلەر ياكى ئەنە شۇنداقلارنىڭ ئىشى ياكى بەزى
كىتابپۇرۇشلارنىڭ ھايانكەشلىكى، سىزنىڭ تىرىشچانلىقىڭىز —
مەن ۋە ھەممىمىز شۇنداق تىرىشچانلىقنىڭ كوللېكتىپ تىرىشچان-
لىقىغا ئايلىنىشىنى ئارزۇ قىلىمىز — داۋاملاشسۇن، كېڭەيسۇن،
چوڭقۇرلاشسۇن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەنمۇ خۇددى سىزگە ئوخشاشلا،
بۇ «تارمار»نى كۆرۈۋېتىپ ناھايىتى ھاياجانلاندىم: مەن ئۇنىڭغا
خۇددى ئۆز پەرزەنتىمگە كۆيۈنگەندەك سۆيۈنۈپ كەتتىم. بىزنىڭ
بۇنداق كۆيۈنۈشىمىز بىزنىڭ قۇدرىتىمىزنىڭ ئۆسۈشىگە، كىچىك-
كىنە مەشغۇلاتىمىزنىڭ كېڭىيىشىگە چوقۇم ياردەم بېرەلەيدۇ.
تەرجىمىنىڭ — ئەسلىي مەزمۇنىنى جۇڭگو كىتابخانلىرىغا تونۇش-
تۇرۇپ بېرەلىگەندىن باشقا يەنە بىر ناھايىتى مۇھىم رولى بار:
جۇڭگونىڭ يېڭى، زامانىۋى تىلىنى يارىتىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.
جۇڭگونىڭ تىلى (يېزىقى) شۇنچە گادايكى، ھەتتا كۈندىلىك ئىس-
تېمال بۇيۇملىرىنىڭمۇناملىرى يوق. جۇڭگونىڭ تىلى گويا ئا-
تالمىش «ئىشارەت تىلى» دەرىجىسىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ
كەتمىگەن — ئادەتتىكى گەپ - سۆزلىرىمىزمۇ ھەتتا «قول ئىشا-
رىتى» دىن دېگۈدەك قۇتۇلۇپ كەتمىگەن. ھالبۇكى، نازۇك پەرق-
لەرنى ۋە مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەرنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۈپەت،
پېئىل، سۆز ئالدى قوشۇمچىلىرى يوق دېيەرلىك. پاترى-
ئارخاللىق — فېئوداللىق ئوتتۇرا ئەسىردىن قالغان سارقىندىلەر





جۇڭگولۇقلارنىڭ (يالغۇز ئىشچى - دېھقانلار ئامىسىنىڭلا
ئەمەس! ) جانلىق تىلىنى تېخىچە چىڭ چىرماپ تۇرماقتا، مۇشۇن-
داق شارائىتتا، يېڭى تىل يارىتىش تولىمۇ زور ۋەزىپە. بۇ
ۋەزىپىنى ياۋروپادىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بۇنىڭدىن
200 — 300 يىل، 400 — 500 يىل بۇرۇن ئومۇمەن ئورۇنداپ
بولغان. ھەتتا تارىختا ئارقىدىراق قالغان روسىيىمۇ «چېركاۋ
سلاۋيان تىلى»[333] غا بۇنىڭدىن 150 — 160 يىل ئىلگىرى
خېلىلا خاتىمە بەرگەن. ئۇلاردا بۇ ئىشنى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەدەبىي
ئويغىنىش ھەرىكىتى ۋە مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى ئورۇندىدى. مە-
سىلەن، روسىيىدە لومونوسوف... پۇشكىن[334] . لېكىن، جۇڭگو
بۇرژۇئازىيىسىدە ئۇنداق ئىقتىدار يوق. دۇرۇس، جۇڭگودىكى
پەرەڭلىشىپ كەتكەن تۆرە - سودىگەرلەر، مەسىلەن، خۇ شىزىدەك
بىرنېمىلەر بۇ ھەرىكەتنى باشلاپ باقتى، لېكىن بۇ ھەرىكەتنىڭ
نەتىجىسى شۇ ھەرىكەتنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى خوجايىنى بىلەن
ئوخشاش بولۇپ چىقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ۋەزىپىنى داۋاملىق
ئۈزۈل - كېسىل ئورۇنداش، بۇ ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلىش
پرولېتارىياتقا توغرا كەلدى. تەرجىمە ھەقىقەتەن بىزنىڭ بىرمۇنچە
يېڭى سۆز، يېڭى جۈملە، كەڭ مەزمۇنلۇق ئاتالغۇ ۋە نازۇك،
مۇكەممەل، توغرا ئىپادىلەرنى يارىتىشىمىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز جۇڭگونىڭ زامانىۋى يېڭى تىلىنى يارىتىش
يولىدا كۈرەش قىلىۋاتقانىكەنمىز، تەرجىمىگە تەلەپ قويماي تۇرال-
مايمىز: مۇتلەق توغرا ۋە مۇتلەق جۇڭگو ئومۇمىي ئەدەبىي تىلى
كىرەك — بۇ ئامما يېڭى مەدەنىي تىلنى تونۇشتۇرسۇن.

يەن جىداۋنىڭ تەرجىمىسىنى تىلغا ئېلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھا-
جىتى يوق. ئۇ دەيدۇ:

تەرجىمە دۇرۇس، ئۇقۇملۇق، پاساھەتلىك بولسۇن؛
ئەسەر شىيا، يىن، جۇ دەۋرلىرىدىكىدەك بولسۇن[335] .

هەقىقەتتە ئۇ «دۇرۇس» ۋە «ئۇقۇملۇق» بولۇشنى «پاساھەتلىك» دېگەن سۆزى بىلەن يوققا چىقارغان. يېقىندا تىجارەت كىتابخانىسى «يەن تەرجىمە قىلغان مەشھۇر ئەسەرلەر»[336] نى كۆچۈرۈپ بېسىپتۇ. بىلەلمىدىم، ئۇلارنىڭ «غەرىزى نېمىكىنتاڭ!» بۇ گويا جۇڭگو خەلقى ۋە ياشلىرى ھېسابىغا ئويناشقانلىق. قەدىمكى كىتابلاردىكى يېزىق ئەدەبىي تىلى بىلەن قانداقمۇ «دۇرۇس» تەرجىمە قىلغىلى بولسۇن؛ ھازىرقى، كەلگۈسىدىكى كەڭ كىتابخانلارغا قانداقمۇ «ئۇقۇملۇق» قىلغىلى بولسۇن!

مانا ئەمدى جاۋ جىڭشېندەك بىرنېمىلەر تەلەپ قويۇشۇۋاتىدۇ:

خاتا بولسا بولسۇنكى، راۋان بولسۇن؛
گىدە - گاراڭ بولمىسۇنكى، دۇرۇسلا بولسۇن[337].

جاۋ غوجىنىڭ تەشەببۇسى ئەمەلىيەتتە چېڭخۇاڭمياۋ بۇتخانىسىدىكى پەرەڭ ھېكايىلىرىنى سۆزلەيدىغان مەدداھلار بىلەن بىر تۆشۈكتىن نەپەس ئالغانلىق. بۇ، ئۆزى چەت ئەل تىلىنى بىلىۋېلىپ (؟) بەزى كىتاب - گېزىتلىرىنى ئوقۇپ، قولىغا قەلەم ئېلىپلا قانداقتۇر راۋان دېيىلگەن، جۇڭگو تىلىدا ئۆز مەيلىچە بولار - بولماس بىرنەچچە جۈملە يازغانلىق؛ بۇ، جۇڭگو كىتابخانلىرىنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق بوزەك قىلىپ، چەت ئەلچە غەلىتە گەپلەرنى ۋاراقلاپ سۆزلەپ كەتكەنلىك، بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ «راۋان» دېگىنى ئازراق «خاتا» بولسىمۇ بولىۋېرىدىغان «راۋان» ئىكەن، بۇ ئەلۋەتتە جۇڭگونىڭ چاكىنا تىلىغا يول قويۇپ، ئەسلىي مەنىنى يوققا چىقىرىشنىڭ چارىسى. بۇ، يېڭى تىل ياراتقانلىق ئەمەس، بەلكى جۇڭگونىڭ بەدەۋلەر تىلى سەۋىيىسىنى ساقلاپ قېلىشقا، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشقا بېرىلگەنلىك. ئىككىنچىدىن، «خاتا» راق بولسىمۇ مەيلىكەن. دېمەك بۇ، كىتابخانلارنى قايمۇقتۇرغانلىق، كىتابخانلارنى ئاپتورنىڭ ئەسلىي مەقسىتىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلماسلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن





مەن ئېيتىمەنكى، جاۋ جىڭشېننىڭ تەشەببۇسى خەلقنى نادانلىقتا تۇتىدىغان سىياسەت، ئىلىم - بىلىمنى چاڭگىللىغا ئېلىۋالىدىغان بىلىم زوراۋانلىقى، بۇ گەپ ئازراقمۇ ئوشۇقچىلىق قىلمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، روشەنكى ئۇ پرولېتارىيات ئەدەبىياتىغا قارشى تۇرۇشقا ئىشارەت قىلغان (ۋاي ئەبگار) «ئالاھىدە يۇندىخور»! ) ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى پرولېتارىيات ئەدەبىياتىغا قارشى تۇرغانلىقى، پرولېتارىيات ئەدەبىياتىغا دائىر بەزى نەزەرىيىۋى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش ۋە ئىجادىيەتلەرنى تەرجىمە قىلىشنى دارىتمىلاپ ئەيىبلىگەنلىكى. بۇ، پرولېتارىيات ئەدەبىيات دۈشمەنلىرىنىڭ سۆزى.

لېكىن، پرولېتارىيات ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى خەنزۇچە كىتابلارنىڭ ھەقىقەتەن بىرمۇنچىسىنىڭ تەرجىمىسى «راۋان» ئەمەس. بۇ، بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىقى، دۈشمەنلەر ئەنە شۇ ئاجىزلىقتىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ غەلىبە قىلىش يولىمىز، ئەلۋەتتە، دۈشمەن قوشۇنىغا تازا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىشلا ئەمەس، بەلكى ئۆز قوشۇنىمىزنىمۇ تېخىمۇ رەتكە سېلىش. بىزنىڭ ئۆز - ئۆزىمىزنى تەنقىد قىلىش جاسارىتىمىز كۆپ ھاللاردا دۈشمەنلەرنى قورالسىزلاندۇرالايدۇ. ھازىر، ئاتالمىش تەرجىمە ھەققىدىكى مۇنازىرە جېڭى توغرىسىدا بىزنىڭ يولداشلىرىمىز مۇنداق خۇلاسە چىقارماقتا:

«تەرجىمىدە خاتالىققا مۇتلەق يول قويۇلمايدۇ. لېكىن، بەزىدە تەرجىمە قىلىنىدىغان ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ، ئەسلىي روھىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئاز - تولا راۋان بولمىسىمۇ، ئۇنىڭغا يول قويۇش مۇمكىن.»

بۇ پەقەت «مۇداپىئە تاكتىكىسى» دىنلا ئىبارەت. پلېخانوف دىئالېكتىكىچى ماتېرىيالىزمچىلار «مۇداپىئەدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈش» نى بىلىش كېرەك، دېگەن. بىرىنچىدىن، بىز ھەممىدىن ئاۋۋال

شۇنى ئېيتىشىمىز كېرەككى، بىز چۈشەنگەن «راۋان» دېگەنلىك جاۋ جىڭشېن قاتارلىقلارنىڭ ئېيتقىنىغا ئوخشىمايدۇ. ئىككىنچىدىن، بىزنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنىمىز: مۇتلەق توغرا ۋە مۇتلەق ئومۇمىي ئەدەبىي تىل. مۇتلەق ئومۇمىي ئەدەبىي تىل دېگىنىمىز شۇكى، ئۈنلۈك ئوقۇغاندا چۈشەنگىلى بولىدىغان بولسۇن. ئۈچىنچىدىن، بىز شۇنى ئېتىراپ قىلىمىزكى: پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ تەرجىمىسى ھازىر تېخى بۇ دەرىجىگە يەتمىدى، بىز داۋاملىق تىرىشىمىز. تۆتىنچىدىن، بىز جاۋ جىڭشېن قاتارلىقلارنىڭ ئۆز تەرجىمىلىرىنى يالىڭاچلاپ، ئۇلارنىڭ «راۋان» دېگەن تەرجىمىلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە نىياڭ چىچاۋ(338) بىلەن خۇشىزىنىڭ خالىيدا تېپىشىپ قېلىشى بىلەن پەيدا بولغان شالغۇت — يېزىق تىلى دېسە يېزىق تىلى ئەمەس، ئومۇمىي ئەدەبىي تىل دېسە ئۇمۇ ئەمەس، يېرىم ئۆلۈك، يېرىم جانلىق تىل؛ ئۇ كۆپچىلىك ئامما ئۈچۈن بۇرۇنقىدەكلا «راۋان»سىز.

بۇ يەردە، سىز يېقىندا نەشر قىلدۇرغان «تارمار»غا ئۆتەي. شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، ئۇنىڭدا «توغرا» بولۇش تەلىپى ئورۇندالغان، لېكىن «مۇتلەق ئومۇمىي ئەدەبىي تىل»دا بولۇش تەلىپى ئورۇندالمىغان.

تەرجىمىدە مۇتلەق ئومۇمىي ئەدەبىي تىل قوللىنىلسا، «ئەسلى ئەسەرنىڭ روھىنى ساقلاش» مۇمكىن بولمايدۇ ئەمەس. ئەلۋەتتە، بۇنداق قىلىش خېلى تەس، ئۇنىڭغا خېلى ئەجىر كېتىدۇ. لېكىن بىز قىيىنچىلىقتىن ھەرگىز قورقمايمىز، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى تىرىشىپ يېڭىمىز.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، يالغۇز تەرجىمىدىلا ئەمەس، ھەتتا ئۆزى يازغان ئەسەرلەردىمۇ ئەھۋال ئوخشاش، ھازىرقى ئەدىبلەر، پەيلاسوپلار، سىياسىي مۇھاكىمىچىلەر ۋە بارلىق ئادەتتىكى كىشىلەر ھازىرقى جۇڭگو جەمئىيىتىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن يېڭى مۇناسىۋەتلەر-





نى، يېڭى ھادىسىلەرنى، يېڭى شەيئىلەرنى، يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولسا، ھەممىسىنىڭ «ساڭجىيې»(339) بولۇشىغا، يەنى ھەر كۈنى يېڭى سۆز، يېڭى جۈملە يارىتىشىغا توغرا كېلىدۇ. ئەمەلىي تۇرمۇشنىڭ تەلىپى شۇنداق. 1925 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا شاڭخەيدىكى شياۋشادۇدا ئاممىغا «ئىش تاشلاش» دېگەن سۆزنى يارىتىپ بەرمىگەنمىدۇق؟ «پارتىزان»، «پارتىزانلىق ئۇرۇشى»، «ئوڭچىل»، «سولچىل»، «قۇيرۇقچىلىق» ھەتتا «ئادەتتىكى ئىنتىپاقلىق»، «قەتئىي»، «ئارىسالدىلىق» ۋەھاكازالارمۇ بار… ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان بۇ يېڭى سۆزلەر بارا ـ بارا ئاممىنىڭ ئېغىز تىلىغا سىڭىپ كەتتى، تولۇق سىڭىپ بولمىغانلىرى بولسىمۇ، سىڭىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. يېڭى جۈملە شەكلىگە كەلسەك، بۇلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش قىيىنراق، لېكىن ئېغىز تىلىدا جۈملە شەكلىمۇ ناھايىتى كۆپ ئۆزگەرمەكتە، ناھايىتى ئىلگىرىلىمەكتە، ئۆزىمىز سۆزلەپ تۇرغان تىل بىلەن كونا رومان ـ قىسسەلەردىكى دىئالوگلارنى سېلىشتۇرۇپ قارايدىغان بولساقلا، بايقىۋالالايمىز، ئەمما بۇ يېڭى سۆز ۋە جۈملىلەرنى ئىجاد قىلىشتا ئاڭسىز ۋە تەبىئىي ھالدا جۇڭگو ئومۇمىي ئەدەبىي تىلىنىڭ گراماتىكىلىق قانۇنىيىتىگە رىئايە قىلىنماقتا. «ئومۇمىي ئەدەبىي تىل»دىكى بۇ قانۇنىيەتلەرگە خىلاپ يېڭى سۆز ۋە جۈملە شەكىللىرى، يەنى ئېغىزغا چۈشمەيدىغانلىرى تەبىئىي يوسۇندا شاللاپ چىقىرىلماقتا، مەۋجۇت تۇرۇش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولماقتا.

شۇنىڭ ئۈچۈن، «راۋان»نىڭ نېمە ئىكەنلىكى ئۈستىدە سۆزلىگەندە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ھەقىقىي ئومۇمىي ئەدەبىي تىل ھەقىقىي راۋان ھازىرقى زامان جۇڭگو. تىلى بۇ يەردە ئېيتىلغان ئومۇمىي ئەدەبىي تىل «ئائىلىۋى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار» بىلەن چەكلىنىدىغان ئومۇمىي تىل، يەنى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ

ئادەتتىكى گەپ ـ سۆزلىرىدىن تارتىپ تاكى ئالىي مەكتەپ پروفېسسورلىرى دەرس ئۆتكەندە ئىشلىتىدىغان ئېغىزدىكى ئۇمۇمىي ئەدەبىي تىل. جۇڭگولۇقلارنىڭ ھازىر پەلسەپە، پەن، سەنئەت… ئۈستىدە سۆزلىگەندە قوللىنىدىغان ئاغزاكى ئۇمۇمىي ئەدەبىي تىلى بار. شۇنداق ئەمەسمۇ ـ يا؟ شۇنداق ئىكەن، قەغەزگە يېزىلغان گەپلەر (يېزىق) ئەلۋەتتە شۇنداق ئۇمۇمىي ئەدەبىي تىل بولىدۇ، بىراق ئۇ بىرئاز ئىخچام، بىرئاز رەتلىك ئۇيۇشتۇرۇلغان بولىدۇ، خالاس. بۇنداق يېزىقنى ھازىرمۇ ئۇمۇمەن ئانچە ـ مۇنچە ساۋاتى چىققان بىرمۇنچە ئاممىمۇ يەنىلا ئوقۇپ چۈشىنەلمەيدۇ، چۈنكى بۇنداق تىلنى ئۇمۇمەن خەت ـ ساۋاتى يوق ئاممىمۇ ئاڭلاپ چۈشىنەلمەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ؛ بىرىنچىدىن، بۇنداق ئەھۋال يېزىقنىڭ ئۆزىدە ئەمەس، بەلكى پەقەت ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىككىنچىدىن، بۇنداق يېزىق جانلاندى، ئۇ ئامما تەرەپىدىن سىڭدۈرۈلۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە، ئۇ جانلىق تىل.

دېمەك، يېزىقتىكى ئۇمۇمىي ئەدەبىي تىلدا، ئەگەر جۇڭگو ئۇمۇمىي ئەدەبىي تىلىنىڭ گىراماتىكىلىق قانۇنىيىتىگە ئەھمىيەت بەرمەستىن، جۇڭگو ئۇمۇمىي ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەسلىي قانۇنىيىتىگە رىئايە قىلماستىن، يېڭىسى يارىتىلىدىغان بولسا، «راۋاندسىز» دېيىلگەن تەرەپكە ئاسانلا ئۆتۈپ كېتىش مۇمكىن. بۇ، يېڭى سۆز، يېڭى جۈملە شەكلى يارىتىشتا ئادەتتىكى ئاممىنىڭ ئاغزاكى سۆز قىلىش ئادىتىگە زادىلا قارىماستىن، يېزىق تىلىنى ئاساس قىلغانلىقنىڭ نەتىجىسى. شۇنداق يېزىلغان يېزىقنىڭ ئۆزى ئۆلۈك تىل بولۇپ قالىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، مېنىڭچە، بۇ مەسىلە توغرىسىدا باتۇرلۇق بىلەن ئۆزىمىزنى تەنقىد قىلىدىغان روھتا بولۇپ، يېڭى كۆرەشنى باشلىشىمىز كېرەك، سىزنىڭچە قانداق؟





مېنىڭ پىكرىم: تەرجىمىدە ئەسلىي ئەسەرنىڭ تۈپ مەنىسىنى جۇڭگو كىتابخانلىرىغا پۈتۈنلەي توغرا تونۇشتۇرۇش كېرەك، جۇڭگو كىتابخانلىرى چۈشەنگەن ئۇقۇم ئىنگلىز، رۇس، ياپون، نېمىس، فرانسۇز… كىتابخانلىرىنىڭ ئەسلىي ئەسەردىن ئالغان ئۇقۇمى بىلەن ئوخشاش بولسۇن، مۇشۇنداق ئۇدۇل (تۈپتۈز) تەرجىمىنى جۇڭگولۇقلار ئېغىزدا سۆزلىشىدىغان ئۇمۇمىي ئەدەبىي تىل بىلەن يېزىش كېرەك. ئەسلىي ئەسەرنىڭ روھىنى ساقلاش ئۈچۈن، «ئاز ـ پاز راۋانسىز»لىققا يول قويماسلىق كېرەك. ئەكسىچە، «ئاز ـ پاز راۋانسىزلىق» (ئېغىزدىكى ئۇمۇمىي ئەدەبىي تىلنى ئىشلەتمەسلىك) كە يول قويۇلىدىكەن، ئەسلىي ئەسەرنىڭ روھى ئاز ـ تولا يوقىلىپ كېتىدۇ.

دەرۋەقە، بەدىئىي ئەسەرلەردە تىل جەھەتتىكى تەلەپ تېخىمۇ قاتتىق بولىدۇ، ئۇنىڭ تىلى ئادەتتىكى نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنىڭكىدىنمۇ نازۇك بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا ھەر خىل ئادەملەرنىڭ ھەر خىل تەلەپپۇزلىرى، ھەر خىل سۆزلىرى، ھەر خىل ئاھاڭ ئۇرغۇلىرى، ھەر خىل كەيپىياتلىرى… بولىدۇ ھەمدە بۇلار دىئالوگ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بۇلارغا جاۋاب بېرىش پەلسەپە، پەن…لەرگە ئائىت نەزەرىيىۋى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشتىنمۇ قىيىن. لېكىن، بۇ قىيىنچىلىق بىزنىڭ ۋەزىپىمىزنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرىدۇكى بۇ ۋەزىپىمىزنى يوققا چىقىرىۋەتمەيدۇ.

ھازىر «تارمار»نىڭ تەرجىمىسىدىكى بىرنەچچە مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇمغا رۇخسەت قىلىڭ. پۈتۈن ئەسەرنى تېخى تولۇق ئوقۇپ بولالمىدىم، ئەسلىسىگە سېلىشتۇرۇپ ئوقۇغىنىم ناھايىتى ئاز. بۇ يەردە ۋە فىرىتسىنىڭ كىرىش سۆزىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئەسلىي تېكىستى بىلەنلا سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم (ئەسلىي تېكىستنىڭ تەرتىپى بويىچە بەت نومۇرى سالدىم، سىزنىڭ تەرجىمىڭىزدىن نەقىل كەلتۈرمىدىم. ئۆزىڭىز مەن سالغان بەت نومۇرى بويىچە

كىتابتىن تاپارسىز. كىرىش سۆزنىڭ تەرجىمىسىدىكى خاتالىقلار ئۈستىدە بۇ يەردە توختالمىدىم).

......

(ئەسلىي خەنزۇچە تېكىست بۇ يەردە قىسقارتىلدى)

بۇ تەرجىملەرنى ئۆزىڭىز ياپونچىسى بىلەن نېمىسچىسىغا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ، بۇنىڭ توغرا قىلىنغان سۆزمۇسۆز تەرجىمە ئىكەنلىكىنى ياكى ئەمەسلىكىنى سېلىشتۇرۇپ بىلگىلى بولىدۇ. مېنىڭ تەرجىمەم جۇڭگونىڭ جانلىق تىل ئاساسىدىكى جۈملە تۈزۈلۈشلىرى ۋە ئىستىلىستىكىسى بويىچە ئىشلەنگەندىن باشقا، بەزىلىرى ئەسلىي تېكىستكە نىسبەتەن ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ ئىشلەندى؛ بەزىدە ئىگە، پېئىل، تولدۇرغۇچىلار تەكرار ئېلىندى، بۇلاردىن باشقىسى تامامەن ئۇدۇل تەرجىمە قىلىندى.

بۇ يەردە بىر مىسال كەلتۈرەي: (8) ماددىدىكى «比他自己还要亲近……» دېگەن جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنى رۇسچىسى بىلەن تامامەن ئوخشاش. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ سۆزلەرنى ئېغىزدا ئېيتقاندا ئەسلىي روھىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ. لېكىن سىزنىڭ «较之自己较之别人,还要亲近的人们» دېگەن تەرجىمىڭىزدە خاتالىق بار (ئېھتىمال ياپونچە، نېمىسچە تەرجىمىلىرىدىن كەلگەن خاتالىقتۇر). خاتالىق شۇ يەردىكى (1) «甚至于» دېگەن سۆز چۈشۈپ قالغان؛ (2) جۇڭگونىڭ كىتابىي تىل گرامماتىكىسىنى قوللانغاندا، شۇ سۆزنىڭ روھىنى ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ.

مەن بۇ سۆزلىرىمنى، خۇددى ئۆزۈم سۆزلەپ، ئۆزۈم ماختىغاندەك، تارتىنمايلا يازدىم. دەرۋەقە بۇ، چاكىنا ئادەملەر نەزىرىدە «ئەدەپسىزلىك» بولار، لېكىن بىز بىر - بىرىمىزگە كۆڭلىمىز شۇنداق يېقىن ئادەملەرمىزكى، دىدار كۆرۈشمىگەن چاغلاردىمۇ





بىر - بىرىمىزگە كۆڭلىمىز شۇنداق يېقىن. بۇ ھېسسىيات مېنى سىز بىلەن سۆزلەشكەندە، خۇددى ئۆزۈمگە ئۆزۈم گەپ قىلغاندەكلا، ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم مەسلىھەتلەشكەندەكلا سۆزلەشكە مۇۋەپپەق قىلدى.

ئەمدى، يەنە بىر مىسال بار، بۇ خېلى مۇھىم، بۇ يالغۇز تەرجىمە ئۇسۇلىدىكىلا مەسىلە ئەمەس، يەنى («تارمار»نىڭ تەرجىمىسىدىكى — ت) «يېڭى… ئادەم» مەسىلىسى.

«تارمار»نىڭ تېمىسى — يېڭى ئادەمنىڭ بارلىققا كېلىشى. بۇ يەردە ۋىلىچمۇ، فادىيېفمۇ ئەسلىي رۇسچىسىدا ئادەتتىكى «ئادەم» دېگەن سۆزنىڭ بىرلىك شەكلىنى ئىشلەتكەن. دېمەك، ئىنسانىيەت دېگەن سۆز بولمايلا قالماستىن، بەلكى «ئادەم» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلىمۇ ئەمەس. بۇ يەردە گەپ ئىنقىلاب، گرازدانلار ئۇرۇشى… جەريانىدا بىر خىل يېڭى تىپتىكى ئادەم، بىر خىل يېڭى «ئۆرنەك» (Type) — بەدىئىيلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلغاندا تىپ دېيىلسە بولار — پەيدا بولۇۋاتقانلىقى ئۈستىدە باردۇ، بۇنى پۈتۈن «تارمار»دىن كۆرگىلى بولىدۇ. ھازىر سىزنىڭ تەرجىمىڭىزدە «ئىنسانلار» دەپ يېزىلغان. لىۋىنسۇن بىر خىل يېڭى… ئىنسانلارنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇنىڭدا باشقا بىر تېمىغا ئۆتۈپ كەتكەن، دەپ خاتا چۈشىنىلگەن بولۇشى مۇمكىن. گويا ئومۇمەن پۈتۈن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى ئارزۇ قىلىۋاتقاندەك، ئەمەلىيەتتە «تارمار»دىكى «يېڭى ئادەم» — نۆۋەتتىكى كۈرەشنىڭ جىددىي ۋەزىپىسى، يەنى كۈرەش داۋامىدا بىر خىل يېڭى تىپتىكى ئادەمنى ۋە موروزكا، مېتكا… قاتارلىق بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان شەخسلەرنى يارىتىش، چېنىقتۇرۇش، ئۆزگەرتىپ يېتىشتۈرۈش. لېكىن، بۇلار ھازىرقى ئادەم، ھازىرقى بەزى ئادەملەر، ئاما ئىچىدىكى تايانچ ئادەملەر، ئەمما ئومۇمەن ئىنسانلار ئەمەس، قارىقويۇق ئىنسانىيەت ئەمەس، دەل ئاما ئىچىدىكى بەزى ئادەم-

لەر، رەھبەرلەر، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ يېڭى باشلامچىلىرى.

بۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. دەرۋەقە، تەرجىمىدىكى خاتالىق پەقەت بىرلا سۆز ئۈستىدىكى خاتالىق: «ئادەم» بىر سۆز، «ئىنسانلار» باشقا بىر سۆز، پۈتۈن كىتاب هازىرمۇ ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ، سىز ئۆزىڭىزنىڭ خاتىمىسىدىمۇ «تارمار» نىڭ تېمىسىنى ناھايىتى توغرا چۈشەنگەن. بىراق، تەرجىمىنى قىيامىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ھەربىر سۆزنى مۆلچەرلەپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

«تارمار» نىڭ نەشر قىلىنغانلىقى ھەرقاچان خاتىرىلەشكە ئەرزىيدۇ. سىزنى مۇبارەكلەيمەن. مېنىڭ پىكرىمنى نەزەرگە ئېلىشىڭىزنى، تەرجىمە مەسىلىسى، ئومۇمەن تىل ئىنقىلابى مەسىلىسى توغرىسىدا يېڭى كۈرەش باشلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

J. K

1931 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

## جاۋاب خەت

مۆھتەرەم يولداش J. K:[340]

تەرجىمە توغرىسىدىكى خېتىڭىزنى ئوقۇغاندىن كېيىن ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم. بۇلتۇر تەرجىمە كەلكۈنى يامرىغاندىن بۇيان، بىرمۇنچە ئادەملەر قاپىقىنى تۈرۈپ ئاھ ئۇردى، ھەتتا سوغۇق گەپلەرنىمۇ قىلدى. مەنمۇ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ كىتاب تەرجىمە قىلىدىغان ئادەملەردىن بىرى بولغاچقا، مېنىڭمۇ بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلىشىم لازىم ئىدى، لېكىن تا هازىرغىچە ئېغىز ئېچىپ باقمىدىم. «گەپكە گەپ كەلگەندە ئاتاڭدىن يانما» دېگەن گەپ بار، بۇنداق قىلىش باتۇرانە ھەرىكەت بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ ئەمەل قىلىپ كەلگىنىم «سۇنى سەپ سىڭەر يەرگە، گەپنى قىل سىغار يەرگە» دېگەن كونا گەپ بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئالدىمىغا كەلگەن-





لەر ئومۇمەن قەغەز ئادەم، قەغەز ئات، قۇلاقتا تونۇشراق قىلىپ ئېيتسام، «ھاروت ـ ماروتلار» تۇرسا، مۇنداقلارنىڭ كومشىرىغا ئۇرۇشقا ھەقىقەتەن ئامالمۇ بولمايدىكەن. پروفېسسور جاۋ جىڭشېن غوجامنى مىسال كەلتۈرسەم، ئۇ بىر تەرەپتىن، ئىلمىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىلىرىنىڭ تەرجىمىلىرى يارىمايدۇ، دەپ ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ، ئېزىلگەن يازغۇچىلارغا ئىسمىنى يوشۇرۇپ كۈلكىگە قالدى دەپ بوھتان قىلىۋاتىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بۇنداق تەرجىمىلەرنى ئاما چۈشىنەلمەي قالارمىكىن، دەپ مېھرىبانلىق قىلىۋاتىدۇ. گويا ئۇنىڭ ئۆزى ھەر كۈنى ئامىمىغا چارە ـ تەدبىر تېپىپ بېرىۋاتقاندەك، باشقا تەرجىمانلار بولسا، ئۇنىڭ سەپلىرىنى مالىمان قىلىۋاتقاندەك، بۇ خۇددى روسىيە ئىنقىلابىدىن كېيىن، ياۋروپالىق، ئامېرىكىلىق بايلارنىڭ روسىيىگە كېلىپ كۆرۈپ كەتكەندىن كېيىن بېشىنى چايقاپ، تەرىنى تۈرۈپ، ماقالىلەر يېزىپ، ۋاي ئىشچى ـ دېھقانلار ئۇنداق ئازاب چېكىۋېتىپتۇ، مۇنداق ئاچارچىلىققا قاپتۇ دەپ، پۈتۈنلەي پاجىئەلىك قىلىپ تەسۋىرلىگىنىگە ئوخشايدۇ. گويا پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىلا ئىشچى ـ دېھقانلارنىڭ بىر موللاق ئېتىپلا ئوردا ـ سارايلارغا كىرىپ ئولتۇرۇشىنى، نازۇنېمەتلەرنى يەيدىغان، لۆم ـ لۆم ئورۇندۇقلاردا يېتىپ راھەت كۆرىدىغان بولۇشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىپ كەلگەن بىر ئادەم ئىمىش؛ لېكىن، ئۇنىڭ كۈتكىنىنىڭ تەتۈرىسىچە، ئۇلار يەنىلا جەبىر ـ جاپا چەكمەكتىمىش، شۇنىڭ ئۈچۈن روسىيىنىڭ ئىشى قاملاشماپتۇمىش، ئىنقىلاب يامان بولغانمىش، ئاپلا، ئەستاغپۇرۇللا، تولىمۇ قەبىھ بولغانمىش. مانا مۇشۇنداق يىغلاڭغۇغا نېمە دېگۈلۈك؟ ئەگەر ئۇنىڭدىن بىزار بولسىڭىز، مېنىڭچە، قەغەز بىلەن يەملەنگەن ئىسكەتىدىن تىرنىقىڭىز بىلەن ئەپلەپ بىر تۆشۈك ئېچىپ قويسىڭىزلا كۇپايە قىلىدۇ.

جاۋ غوجام تەرجىمە ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، يەن يۇ-

لىگنى شىپى كەلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاھ ئۇرغانىدى، شۇڭا سىزنىڭ خېتىڭىزدىمۇ دەشنەم يەپتۇ، لېكىن مېنىڭچە، ئۇۋال قىلىنىپتۇ. يەن غوجام بىلەن جاۋ غوجامنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەمەلىيەتتە يولۋاس بىلەن ئىتنىڭ پەرقىدەك پەرق بار. ئۇنىڭ ناھايىتى روشەن مىسالى شۇكى، يەن يۈلىڭ كىتاب تەرجىمە قىلىش ئۇچۇن، خەن، جىن ۋە ئالتە سۇلالە زامانىسىدىكىلەرنىڭ بۇددا كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئۇسۇللىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەنىكەن؛ جاۋ غوجام يەن يۈلىڭنى غايىبانە سىرداش قىلىۋالغانۇ، يەن يۈلىڭ تەرجىمە قىلغان كىتابلارنى كۆرۈپ باقمىغان. يەن تەرجىمە قىلغان كىتابلارنىڭ ھەممىسى ھازىر نەشر قىلىندى. ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمىسىمۇ، لېكىن يەننىڭ قانچىلىك ئەجىر قىلغانلىقىنى شۇ كىتابلاردىن تەكشۈرۈپ بىلگىلى بولىدۇ. مېنىڭ ئەسلىشىمچە، ئۇ تەرجىمە قىلىشتا ھەممىدىن بەك قىينالغان ۋە ئوقۇغان ئادەمگىمۇ ھەممىدىن بەك تەس كېلىدىغان كىتاب — «مىللىنىڭ مەشھۇر تەلىماتى» ۋە «جامائەتنىڭ ئۆزلۈك ھوقۇقى ساھەسى توغرىسىدا» دېگەن ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى يازغان كىرىش سۆز، ئۇنىڭدىن قالسا شۇ ئەسەرنىڭ ئۆزى بولغان. قانداق بولىدىكىنتاڭ، كېيىن بۇ ئەسەرنىڭ ئىسمى «ھوقۇق ساھەسى» گە ئۆزگەرتىلگەن، كىتابنىڭ نامىنى چۈشىنىشمۇ تەس. ھەممىدىن ئاسان چۈشەنگىلى بولىدىغىنى، تەبىئىيكى، «تەبىئىي تەرەققىيات توغرىسىدا»، بۇنىڭدىن تۇڭچېڭلىقلار(341) نىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدا ھەتتا سۆزلەرنىڭ ئۇرغۇلۇق ئاھاڭلىرىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىلگەن، بېشىڭىزنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ ئوقۇيدىغان بولسىڭىز، ئاھاڭ ئۇرغۇلىرى جاراڭلاپ كېتىدۇ - دە، بېشىڭىزنىڭ قېيىۋاتقانلىقىنى تۇيمايسىز. مانا بۇ تەرىپى تۇڭچېڭلىقلار تەرەپدارى بولغان ئاقساقال ۋۇ رۇلۇن(342) نىمۇ تەسىرلەندۇرۇۋەتكەن، شۇڭا ئۇ: «جۇ، چىن زامانلىرىدىكى مۇللىلارنىڭكىدىنمۇ قېلىشمايدىكەن»





دېگەن. لېكىن، يەن يۈلىڭ بۇنداق تولىمۇ «ئۇقۇملۇق» تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى بىلگەچكە، ئۇ بۇنى «تەرجىمە» دەپ ئاتىماي، «خۇگۇەنلىك يەن فۇ مەپھۇمىنى ئۇقتۇرغان» دەپ يېزىپ قويغان. ئۇ ئۆزىنىڭ كىرىش سۆزلىرىدە «دۇرۇس، ئۇقۇملۇق، پاساھەت» دېگەن بىرنېمىلىرى ئۈستىدە بىرقۇر گەپ ساتقاندىن كېيىن، ئاخىرىدا: «كوماراجىۋا(343) مېنى دورىساڭ كېسەلگە گىرىپتار بولىسەن دەپتىكەن، ۋارىسلار كۆپىيىۋاتىدۇ، بۇ كىتابتىكىلەرنى راست ئىكەن دەپ ئويلاپ قالماڭلار؟» دەپ بايانات ئېلان قىلىپ قويغان. گويا ئۇ جاۋ غوجامنىڭ قارىسىغىلا سىردىشىم دەۋالىدىغانلىقىنى 40 يىل ئىلگىرى پەملەپ، قويۇقا چىچى تىك تۇرغان. پەقەت مۇشۇ بىر نۇقتىغىلا ئاساسلىنىپ شۇنى ئېيتىمەنكى، يەن ئۇستاز بىلەن جاۋ ئۇستاز ئوتتۇرىسىدا يولۋاس بىلەن ئىتتەك پەرق بار، بۇلارنى ئوخشاش دەپ قارىغىلى بولمايدۇ.

ئۇنداق بولسا، ئۇ نېمىشقا بۇنداق رەڭۋازلىق قىلىدۇ؟ جاۋاب: ئۇ چاغدا چەت ئەللەردە ئوقۇپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ھازىرقىدەك سۆلەتلىك ئەمەس ئىدى، جەمئىيەتتە ئومۇمەن، غەربلىكلەر ماشىنا — بولۇپمۇ ئۆزى جىرىڭلايدىغان سائەت — ياساشنىلا بىلىدۇ؛ چەت ئەللەردە ئوقۇپ كەلگەنلەر بولسا چەت ئەللىك ئالۋاستىلارچە سۆزلەشنىلا بىلىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى «ئوقۇمۇشلۇق» دېگىلى بولمايدۇ دەپ قارىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ جاراڭلاتقىلى تۇردى. ئۇنىڭ جاراڭلىتىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ۋۇ رۇلۇنمۇ ئۇنىڭغا كىرىش سۆز يېزىپ بەردى، ئەنە شۇ كىرىش سۆز مۇناسىۋىتى بىلەن باشقا ئىش - ئوقەتكىمۇ كۆپلەپ تۇتۇش قىلدى - دە، شۇنىڭ بىلەن «مەشھۇر تەلىمات»، «قانۇن ماھىيىتى»، «تەبىئىي بايلىق» ۋەھاكازالارنى پەيدا قىلغان. لېكىن، ئۇ كېيىنكى چاغلاردىكى تەرجىمىلىرىدە «ئۇقۇملۇق ۋە پاساھەتلىك» بولۇشقا قارىغاندا، «دۇرۇس» بولۇشقا كۆپرەك ئەھمىيەت بەرگەن.

ئۇنىڭ تەرجىمىلىرى ھەقىقەتەن خەن، تاڭ دەۋرلىرىنىڭ دىنىي كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش تارىخىنىڭ كىچىك كارتىنىسى جۇڭگودا بۇددا سۇترا (نامە) لىرىنى تەرجىمە قىلىشتا، خەن دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا ئۇدۇلىسىغا تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان، يەن فۇمۇ بۇ ئۇسۇلغا تەقلىد قىلمىغان. ئالتە سۇلالە دەۋرىدىكى تەرجىمىلەر ھەقىقەتەن «ئوقۇملۇق» ۋە «پاساھەتلىك» بولغان، يەن فۇ «تەبىئىي تەرەققىيات توغرىسىدا» نى تەرجىمە قىلىشتا ئەنە شۇنى ئۈلگە قىلغان. تاڭ دەۋرىدە بولسا «دۇرۇس» قىلىش ئاساس قىلىنغان، يۈزە قارىغاندا زادىلا چۈشەنگىلى بولمايدۇ. بۇ، يەن فۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردىكى تەرجىمىلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. سۇترا ـ نامىلەر تەرجىمىسىنىڭ ئاددىي ئۈلگىسى سۈپىتىدە، جىلىندىكى سۇترا ـ نامە باسمىخانىسى تۈپلاپ باسقان «ماخايانا دىنىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا»[344] نىڭ ئۈچ خىل تەرجىمە نۇسخىسى بار، بۇلارمۇ جاۋ غوجامنىڭ كۆشەندىسى.

لېكىن، مەن ئويلايمەنكى، بىزنىڭ تەرجىمە قىلغان كىتابلىرىمىز ئۇنداق ئاددىي بولماسلىقى كېرەك، ئالدى بىلەن، ئامما ئىچىدىكى قانداق كىتابخانلارغا تەرجىمە قىلىپ بېرىدىغانلىقىمىزنى مۆئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. بۇ ئاممىنى ئاددىي ھالدا پەرقلەندۈرگەندە: A — خېلى ئوبدان ئوقۇغانلار، B — ئاز ـ پاز خەت ـ ساۋاتى بارلار، D — ھېچقانچە خەت ـ ساۋاتى يوقلار دەپ ئايرىلىدۇ. D خىلغا كىرىدىغانلار «كىتابخانلار» نىڭ قاتارىدىن مۇستەسنا بولۇپ، بۇلارنى ئويغىتىش ئىشى — رەسىم، نۇتۇق، تىياتىر ۋە كىنونىڭ ۋەزىپىسى، بۇ ھەقتە بۇ يەردە توختالمىساممۇ بولار، لېكىن A بىلەن B گىمۇ ئوخشاش كىتابنى بەرگىلى بولمايدۇ، ئۇلارنىمۇ ئۆزىگە لايىق كىتابلار بىلەن تەمىنلەش كېرەك. B گە تەرجىمە قىلىنغان كىتابلارنى بەرگىلى بولمايدۇ، ھېچبولمىغاندا ئۆزگەرتىپ يېزىلغان كىتابلارنى، ئەڭ ياخشىسى ئىجادىي كىتابلار-





نى بېرىش كېرەك، لېكىن بۇ ئىجادىي كىتابلاردا كىتابخانلارنىڭ دىتىغا يېقىشنى، كىتابخانلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى، كۆپرەك ئوقۇشنىلا مەقسەت قىلماسلىق كېرەك. A خىلغا كىرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان تەرجىمىلەر توغرىسىدا — مەيلى نېمە بولسا بولسۇن — مەن ھازىرغىچە «راۋان بولمىسا مەيلىكى، دۇرۇس بولسۇن» دەپ تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتىمەن. دەرۋەقە «راۋان بولمىسىمۇ مەيلى» دېگەن سۆز ھەرگىز «تىزلىنىش» دېگەن سۆزنى «تىزنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇش» دەپ، «سامانيولى» نى «كالا سۈتى يولى» دەپ تەرجىمە قىلىۋېرىش كېرەك، دېگەن سۆز ئەمەس، بەلكى چاينى «غۇرتتىدە» ئىچىۋەتكەندەك نەچچە يالماپ يۇتۇۋەتمەستىن، چىش بىلەن چاينىغۇدەك قىلىپ بېرىش كېرەك، دېگەن سۆز. بۇ يەردە: نېمىشقا پۈتۈنلەي جۇڭگوچىلاشتۇرۇپ، كىتابخانلارغا بىر ئاز ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەرمەيمىز، شۇنداق جاپا بىلەن چۈشىنىلىدىغان نەرسىنى قانداقمۇ تەرجىمە دېگىلى بولسۇن، دېگەن سوئال كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭغا بېرىدىغان جاۋابىم شۇكى: بۇمۇ تەرجىمە. بۇنداق تەرجىمە يېڭى مەزمۇنلارنى كىرگۈزۈش بىلەنلا قالماستىن، يېڭى ئىپادە شەكىللىرىنىمۇ كىرگۈزىدۇ. جۇڭگو يېزىقى ياكى تىلى، ئىپادە شەكلى جەھەتتە، ھەقىقەتەن دېگەندەك مۇكەممەل ئەمەس. ماقالە يېزىشنىڭ ئەپلىك چارىسى شۇكى، ھەممىگە تونۇش بولغان سۆزلەر بىر چەتكە قايرىپ قويۇلىدۇ، قوشۇمچە سۆزلەر چىقىرىپ تاشلىنىدۇ، ئەنە شۇنداق ماقالە ياخشى ماقالە ھېسابلىنىدۇ. سۆز قىلغاندىمۇ كۆپىنچە ئىستېمال قىلىنغان سۆزلەر مەقسەتنى ئۇقتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ، بۇ سۆزلەرنىڭ يېتىشمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلار دەرس بەرگەندىمۇ بورىغا مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. گىرامماتىكىدىكى بۇ مۇكەممەلسىزلىك پىكىر قىلىشنىڭ مۇكەممەلسىزلىكىنى، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، مېڭىنىڭ بىر-

ئاز دۆتلۈكنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق دۆتلەرچە گەپ مەڭگۈ ئىشلىتىلىۋېرىدىغان بولسا، ھەتتا شارىلداپ ئوقۇغان تەقدىردىمۇ، ئېلىنىدىغان نەتىجە ئاخىر يەنە شۇ دۆتلۈك بولۇپ چىقىدۇ. بۇ كېسەلنى ساقايتىش ئۈچۈن، مېنىڭچە داۋاملىق ھالدا بىرئاز جاپا تارتىپ، قەدىمكى، باشقا ئۆلكە، باشقا ۋىلايەتلەرنىڭ، چەت ئەللەرنىڭ غەيرىي - غەيرىي جۈملە شەكىللىرىنى مېڭىگە قۇيۇپ، ئاندىن كېيىن ئۇلارنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش كېرەك. بۇ قۇرۇق خىيال بىلەن بولىدىغان ئىش ئەمەس. يىراقتىن ياپونىيىنى مىسالغا ئالسام، ئۇلارنىڭ ماقالىلىرىدە ياۋروپالاشقان گراماتىك قائىدىلەر ئىنتايىن ئادەتتىكى بىرنەرسە بولۇپ قالغان، لياڭ چىچاۋ «ياپونچىنى خەنزۇچە ئوقۇش ئۇسۇلى»نى يازغان دەۋردىكىگە زادىلا ئوخشاشمايدۇ. يېقىنقى مىسال ئۈچۈن مانا بۇ ئەۋەتكەن خېتىڭىزدا ئېيتىلغىنىنى ئالسام، 1925 - يىلى ئاممىغا «ئىش تاشلاش» دېگەن سۆز يارىتىپ بېرىلگەن، بۇ سۆز ئەسلىدە بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىر ئامما چۈشىنىدىغان بولۇپ كەتتى.

يەنە، مېنىڭچە، B خىلدىكى كىتابخانلارغا بېغىشلاپ تەرجىمە قىلىنىدىغان كىتابلارغىمۇ پات - پات يېڭى سۆز، يېڭى گراماتىكا قائىدىلىرىنى كىرگۈزۈپ تۇرۇش كېرەك، لېكىن تولىمۇ كۆپ بولۇپ كەتمىسۇن، ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۇچراپ قالغاندا، ئويلاپ كۆرۈش ياكى سوراش بىلەنلا چۈشىنىۋالالىغۇدەك بولسا كۇپايە. ئەنە شۇنداق قىلغاندىلا، ئاممىنىڭ تىلىنى ئاندىن بېيىتقىلى بولىدۇ.

ھەرقانداق ئادەم ئوقۇپ چۈشىنىپ كېتەلەيدىغان كىتاب ھازىرچە تېپىلماس، بۇددا مۇرىتلىرىنىڭ «ئوم» (an —) دېگەن سۆزىنى «ھەممە ئادەم چۈشىنەلەر»مىش، ئەپسۇسكى «ھەركىمنىڭ شەرھلىشى ئوخشاش ئەمەس»، ھەتتا ماتېماتىكا ياكى خىمىيە كىتابلىرىدا جاۋ غوجام چۈشەنمەيدىغان بىرمۇنچە «ئاتالغۇلار»نى





يوق دېگىلى بولماس. لېكىن، جاۋ غوجام بۇلارنى تىلغا ئالمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭغا يەن يۇلىڭ تولىمۇ بەك يات بولۇپ كەتكەن.

ئەدەبىيات - سەنئەت تەرجىمىسىگە كەلسەم، ئەگەر A خىلدىكى كىتابخانلار نىشان قىلىنىدىغان بولسا، مەنمۇ ئۇدۇل تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىمەن. مېنىڭ تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلۇم مۇنداق: مەسىلەن، «تاغ ئارقىسىدا كۈن ئولتۇرۇپ كەتتى». بۇ راۋان بولمىسىمۇ، لېكىن بۇنى ھەرگىز «كۈن تاغنىڭ تەسكىرىسىگە ئولتۇردى» دەپ ئۆزگەرتمەيمەن. چۈنكى، ئەسلىدە تاغ ئاساس قىلىنغان، ئۆزگەرتىلگەندە كۈن ئاساس بولۇپ قالىدۇ، ئىجادىي ئەسەردىمۇ ئاپتور شۇنداق پەرق ئېتىشى كېرەك، بىر تەرەپتىن، ئىمكانقەدەر چەتتىن قوبۇل قىلىش كېرەك، بىر تەرەپتىن، ئىمكانقەدەر ھەزىم قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا كارغا يارايدىغانلىرى ئۆمۈر سۈرۈپ كېتىۋېرىدۇ، داشقاللىرى چۈشۈپ قېلىۋېرىدۇ. دېمەك، ھازىرقى ۋاقىتتا «ئاز - تولا راۋانسىز» لىققا يول قويۇشنى «مۇداپىئە قىلىش» قاتارىغا چىقىرىۋەتكىلى بولمايدۇ، ھەقىقەتتە بولسا، ئۇ يەنىلا «ھۇجۇم قىلىش» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىر ئاممىنىڭ ئاغزىدىكى سۆزلەر جايىدا، ھەممىسى «راۋان»، لېكىن ئاممىنىڭ ئېغىز تىلىدىن توپلانغان خام سۆزلەرنىمۇ ئەمەلىيەتتە راۋان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەنمۇ «راۋانسىز»لىققا يول قويۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلارنىڭ بىرى.

لېكىن، بۇ ئەھۋالمۇ مەڭگۈلۈك بولىۋەرمەيدۇ، ئەلۋەتتە. بۇلارنىڭ بىر قىسمى «راۋانسىز»لىقتىن «راۋان»لىققا ئۆتىدۇ: بىر قىسمى بولسا تېگىدىن «راۋانسىز» بولغانلىقى ئۈچۈن شاللىنىپ چىقىپ تېپىك يەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىمى ئۆزىمىزنىڭ باھالىشىغا باغلىق. يازغان خېتىڭىزدە كەلتۈرۈلگەن تەرجىمە مىساللىرىنى ئالسام، سىزنىڭ تەرجىمىلىرىڭىزنىڭ مې-

نىڭ تەرجىمىلىرىمىدىنمۇ «ئۇقۇملۇق» ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمەن، مېنىڭكىدىنمۇ «دۇرۇس» ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىمەن، بۇ تەرجىمانغىمۇ، كىتابخانلارغىمۇ ناھايىتى چوڭ پايدىلىق. بىراق، بۇلار پەقەت A خىلدىكى كىتابخانلارغىلا چۈشىنىشلىك، B خىلدىكى كىتابخانلارغا بولسا تولىمۇ چوڭقۇرلۇق قىلىدۇ. دېمەك، ھازىرقى ۋاقىتتا، تۈرلۈك كىتابخانلار قاتلىمىنى پەرق ئېتىپ، ئۆز لايىقىدىكى تەرجىمە ئەسەرلەرنى بېرىش كېرەك.

B خىلدىكى كىتابخانلار ئۈچۈن تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدا تەپسىلىي ئويلىنىپ كۆرمىگەنىكەنمەن. ھازىر بۇ ھەقتە بىرنەرسە دېيەلمەيمەن. لېكىن، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ھازىر تېخى ئېغىز تىلى — ھەرقايسى جايلارنىڭ ھەر خىل يەرلىك لەھجىلىرى — بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بىر خىل ئالاھىدە ئومۇمىي ئەدەبىي تىلغا ياكى مەلۇم بىرەر جاي بىلەنلا چەكلىنىدىغان ئومۇمىي ئەدەبىي تىلغا ئايلاندۇرغىلى بولمايدۇ. كېيىنكى بىر خىلدىكىسىنى شۇ مەلۇم جايدىن باشقا جايلاردىكى كىتابخانلار چۈشەنمەي قالىدۇ. بۇنىڭ كەڭرەك تارقىلىشى ئۈچۈن ئالدىنقى خىلىنى قوللىنىش توغرا كەلگەندىمۇ، بىراق ئۇمۇ يەنىلا ئالاھىدە بىر خىل ئومۇمىي ئەدەبىي تىل بولۇپ قالىدۇ - دە، يېزىق ئەدەبىي تىلى ئامىللىرىمۇ كۆپىيىپ كېتىدۇ. مەن بىرەر جاي بىلەنلا چەكلىنىدىغان يەرلىك لەھجە قوللىنىشقا قارشى. مەسىلەن، رومانلاردا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان « 别闹 »، « 别说 » دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى ئالاي، ئەگەر بېيجىڭغا بارمىغان بولسام، چوقۇم « 另外捣乱 » « 不要 » دېگەن مەنىدە چۈشەنگەن بولاتتىم، ئۇ ھەقىقەتەن بىرقەدەر يېقىن زامان يېزىق ئەدەبىي تىلىدىكى 不要 دېگەن سۆزدەك ئاسان چۈشىنىشلىك ئەمەس. دېمەك، بىر جايدا ئېقىپ تۇرغان ئېغىز تىلىنى زادىلا ئىلاجى بولماي قالمىسا قوللىنىشتىن ساقلىنىش كېرەك. «ئەل قىسسە ۋە پەسلى - بايان»





تەرزىدىكى رومانلارنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى ناھايىتى تونۇش بولسىمۇ، ئۇلارنى قوللىنىۋېرىش ھاجەتسىز. مەسىلەن، «لىن چۈڭ كۈلۈپ تۇرۇپ ئېيتتى: ئەسلىدە سىز تونۇيدىكەنسىز - دە» ۋە «ئەسلىدە تونۇيدىكەنسىز - دە، — دېدى لىن چۈڭ كۈلۈپ تۇرۇپ». بۇ ئىككى مىسالنىڭ كېيىنكىسى قارىماققا ئەجنەبىيچىرەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىز سۆزلىگەن چاغلىرىمىزدا پات - پات ئىشلىتىپ قالىمىز، ئاڭلاۋېرىپ «قۇلاققا سىڭىپ» قالغان. شۇنداق بولسىمۇ، جۇڭگولۇقلار رومان ئوقۇيدۇ، شۇڭا ئالدىنقى مىسالنى «كۆزگە تونۇش» دەپ قارايدۇ - دە، كىتابلاردا كېيىنكى مىسالدىكىدەك يېزىش ئۇسلۇبى ئۇچراپ قالسا، ياتتەك تۇيۇلىدۇ. ئىلاجى يوق، ھازىرچە مەدداھلارنىڭ ئۇسۇلىنى قوللىنىش ۋە لېكىن لوللىقلىرىنى چىقىرىپ تاشلاش، قۇرۇق گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىمۇ ئۇنىڭ چېچىلاڭغۇ قىسىملىرىنى چىقىرىپ تاشلاش، ئاممىنىڭ ئېغىز تىلىدىن كەڭ پايدىلىنىپ ئۇنىڭدىن كۆپچىلىك ئوبدانراق چۈشىنەلەيدىغان سۆز - جۈملىلەرنى ساقلاپ قېلىش يولى بىلەن ھېچنېمىگە ئوخشاشمايدىغان ئومۇمىي ئەدەبىي تىل قىلىۋېلىشقا مەجبۇرمىز. بۇنداق ئومۇمىي ئەدەبىي تىل جانلىق بولىدۇ. جانلىق بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، بەزىلىرى ئاممىنىڭ جانلىق ئېغىز تىلىدىن ئېلىنىدۇ، بەزىلىرى شۇنىڭدىن باشلاپ جانلىق ئامما ئىچىگە سىڭدۈرۈلىدۇ.

ئاخىرىدا، خېتىڭىزنىڭ تۈگەنچىسىدە كەلتۈرۈلگەن ئىككى مىسالدىن ناھايىتى مەمنۇن بولدۇم. بىرىنچىدىن، مەن «…، ھەتتا ئۆزىدىنمۇ يېقىن كۆرىدۇ» دېگەن سۆزنى «ئۆزىدىنمۇ، باشقىلاردىنمۇ يېقىن كۆرىدىغان ئادەملەر» دەپ تەرجىمە قىلىشتا نېمىسچە، ياپونچە تەرجىمىلىرىدىكى سۆزدىن ئۇدۇللىسىغا تەرجىمە قىلغان، بۇ ئېھتىمال ئۇلارنىڭ گىراماتىكىسىدا شۇنداق تەلەپپۇزنى «ھەتتا» دېگەن سۆزدەك ئەپچىل ۋە ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان

سۆز بولمىغانلىقىدىن بولسا كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سۆز ئايلى-
نىپ يۈرۈپ شۇنداق قاملاشمىغان بىر گەپ بولۇپ قالغان. ئىك-
كىنچىدىن، «يېڭى... ئادەم» دېگەن جۈملىدىكى «ئادەم» نى «ئىن-
سانلار» دەپ تەرجىمە قىلىپ قويۇش مېنىڭ خاتالىقىم، تولىمۇ
تېشىپ كىرىپ كەتكەندىن كېيىن بولغان خاتالىق. لىۋىنسون
خاماندىكى ئادەملەرنى كۆرۈپ، ئۇلارنى ھازىرقى جەڭنىڭ ئادەملى-
رىدىن قىلىپ يېتىشتۈرمەكچى بولغان. مەن بۇنى چۈشەنگەنىدىم،
لېكىن ئۇ «يېڭى... ئادەم» نى خىيالىغا كەلتۈرگىنىدە، مەن خېلى
كۆپ ئويلاندىم: (1) «ئادەم» سۆزىنىڭ ئەسلىي ياپونچىغا «ئادەم-
زات» دەپ، نېمىسچىسىغا «Mensch» دەپ تەرجىمە قىلىنغان،
ھەممىسى بىرلىك سان، لېكىن بەزىدە بۇلارنى «ئادەملەر» دەپ
چۈشىنىشمۇ مۇمكىن؛ (2) ئۇنىڭ ھازىرلا «يېڭى، ناھايىتى ياخ-
شى، قۇۋۋەتلىك، شەپقەتلىك ئادەم» نىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئارزۇ
قىلغانلىقى تولىمۇ بىھۇدە، تولىمۇ قۇرۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن
ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى سودىگەر بالىسى، زىيالىي ئىكەنلىكىنى
كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ كۈرەش قىلىشتىن مەقسىتى سى-
نىپىي كۈرەشتىن كېيىنكى سىنىپسىز جەمئىيەت ئىكەنلىكىنى
پەرەز قىلىپ، ئۇ تەسەۋۋۇر قىلغان ھازىرقى ئادەملەرنى ئۆزۈمنىڭ
سۇبيېكتىپ خاتالىقىم بىلەن بىللە كېلەچەككە يۆتكەپ قويغان ھەم-
دە «ئادەملەر» گە — ئىنسانلارغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. سىز بۇنى
كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى، مەن تېخى بۇ چۈشەنچەمنى قال-
تىس جايىدا دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم. بۇنى كىتابخانلار ئالدىدا دەرھال
تۈزىتىدىغانلىقىمنى ئېلان قىلىمەن.

ئومۇمەن، بۇ يىل قانداقلا بولمىسۇن بۇ خاتىرە تېشى بولغان
رومانىنى بۇ يەردىكى كىتابخانلارغا سوۋغا قىلدىم. تەرجىمە قىلىش
ۋاقتىدا ۋە باستۇرۇش ۋاقتىدا، بىرمۇنچە قىيىنچىلىقلارنى تارتقاند-
ىم، ھازىر بۇ قىيىنچىلىقلار ئەس - خاتىرەمدىن چىقىپمۇ كەت-





تى، لېكىن ھەقىقەتەن سىز ئۆز خېتىڭىزدە يازغىنىڭىزدەك، ئۇنى
ئۆز ئوغلۇمدەك ياخشى كۆرىمەن ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئوغلۇم-
نىڭ ئوغلىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن. «تۆمۈر ئېقىن» نىمۇ
ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن. بۇ ئىككى رومان قوپاللىراق ئىشلەنگەن
بولسىمۇ، لېكىن كەلسە - كەلمەس قىلىپ بولۇشىچە ئىشلەنگەن
ئەمەس؛ ئۇلاردىكى پولاتتەك ئادەملەر ۋە قانلىق كۈرەشلەر ئالدىدا،
غەمگۈزار، كېسەلچان مىرزىلارنى ۋە ناز - كەرەشمە بىلەن نايناق-
لاپ يۈرىدىغان سەتەڭلەرنى بولۇشىچە تەسۋىرلىگەن ئاتالمىش «گۈ-
زەل ئەسەر» لەر ھېچنېمىگە ئەرزىمەس پۇچەك نەرسە بولۇپ قالى-
دۇ. مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا، بۇنى كىچىككىنە بىر غەلىبە دەپلا
قارايمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپرەك ئادەمنىڭ ھەمكارلىشىپ تېخىمۇ
كۆپ تونۇشتۇرۇشىنى، ھېچبولمىغاندا بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ
يىل ئىچىدە گرازدانلار ئۇرۇشى دەۋرىنىڭ ۋە قۇرۇلۇش دەۋرىنىڭ
خاتىرىسى بولۇپ قالغان ئەدەبىي كىتابلاردىن 8 — 10 خىلىنىڭ
تونۇشتۇرۇلۇشىنى، بۇنىڭدىن باشقا پرولېتارىيات ئەدەبىياتى دەپ
ئاتالسىمۇ، لېكىن ئوششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ بىر تەرەپلىمە «قا-
راشلىرىدىن (مەسىلەن، ھېنرى باربۇس[345] نىڭ) ۋە كاتولىك
سوتسىيالىزمى[346] كۆزقارىشىدىن (مەسىلەن، سىنلېرنىڭ) خا-
لىي بولالمىغان ۋەكىللىك خاراكتېردىكى ئەسەرلەرنىڭ جىددىي
تەنقىد بەرگەن ھالدا ياخشىلىقى نەدە، سېلىشتۇرۇپ پايدىلىنىش
ئۈچۈن تەھلىل ۋە جىددىي تەنقىد قوشۇلغان ھالدا تەرجىمە قىلىند-
ىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. شۇنداق بولغاندا، كىتابخانلار كۆزقاراشلى-
رى كۈندىن - كۈنگە روشەنلىشىش بىلەنلا قالماستىن، يېڭى
ئىجادكارلارمۇ توغرا ئۆلگىگە ئىگە بولالايدۇ.

لۇشۈن

1931 - يىل 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى

# هازىرقى زامان كىنوسى ۋە مۇلۇكدارلار سىنىپى[347]

ئاپتورى: (ياپونىيىدىن) يەنچى[348]

## 1. كىنو ۋە تاماشىچى

كىنونىڭ كەشىپ قىلىنغانلىقى يېڭى مەتبەئەچىلىك تېخنىكىـ
سىنىڭ مەنبەسى. مىخ مەتبەئە ۋە قەغەزنىڭ ياردىمى بىلەن تارقالـ
غان، كۆچۈرۈپ چىقىرىلغان ئىدىيە ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېئودال،
كاتولىك ئىجتىمائىي ئاڭلىرىنى هالاك قىلىش قۇدرىتىگە ئىگە.
مۇلۇكدارلار جەمئىيىتىنىڭ راۋاج تاپقانلىقى، دىنىي ئىسلاـ
هات، زور تارىخىي بۆرۈلۈشلار ئەنە شۇنىڭ نەتىجىسى. هازىر
ئىدىيىنى كەڭ تارقىتىش، ئىدېئولوگىيىنى قارارلاشتۇرۇش جەـ
ھەتتە كىنونىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ۋەزىپە تېخىمۇ ئاكتىپ، تېخىمۇ
مەقسەتلىك بولۇپ قالدى. ئۇ سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ هامىيسى،
شۇنداقلا يېڭى «دىنىي ئىسلاهات».
بۇ يېڭى مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى هەرىكەتنىڭ سىستېمىلىق
سۈرەتلىرىنى Zlluloid دېگەن نېپىز پەردىگە بېسىش بىلەن هاسىل
قىلىنىدۇ. بۇ مەتبەئە هەرپلىرى ئۆزىنىڭ مۇشتەرىلىرىنى ئۇقۇم
بىلەن ئەمەس، هەرىكەت ۋە سۈرەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. كۆز بىلەن
بىۋاستە كۆرۈش ماهىيىتىدىن ئالغاندا بۇ، تەڭداشسىز ئاممىباب
ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە تەسىرلىك مىخ مەتبەئە هېسابلىنىدۇ؛
پرىنسىپ جەھەتتە تىلسىزلىقى ماهىيىتىدىن ئالغاندا، خەلقئارا مىخ





مەتبەئە هېسابلىنىدۇ. تەشۋىقات ـ تەرغىبات ۋاستىسى بولغان
كىنونىڭ رولى ئەنە شۇ يەردە.
تەشۋىقات ـ تەرغىبات ۋاستىسى بولغان كىنونى تەكشۈرۈپ
كۆرىدىغان بولساق، ئۇنىڭ هەممىدىن چوڭ ئەهمىيىتى ئۆزىنىڭ
تەسىرى ئاستىدىكى ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە.
بۇنى كونكرېت رەقەملەر بىلەن تەسۋىرلەپ بەرمەكچىمەن.
ئەنگلىيە كىنو ژۇرنىلى «The Cinema» دا ئېلان قىلىنغان
هېساباتقا قارىغاندا، بىر هەپتە ئىچىدە كىنو كۆرگەن ئادەملەرنىڭ
سانى مۇنداق كۆپ بولغان:

ئامېرىكىدا

| | |
|---|---|
| دائىملىق كىنوخانا | 15,000 |
| نوپۇس | 106,000,000 |
| هەر هەپتىدىكى تاماشىچىلار | 47,000,000 |
| نوپۇسقا نىسبىتى | 45% |

ئەنگلىيىدە

| | |
|---|---|
| دائىملىق كىنوخانا | 3,800 |
| نوپۇس | 44,000,000 |
| هەر هەپتىدىكى تاماشىچىلار | 14,000,000 |
| نوپۇسقا نىسبىتى | 33.3% |

گېرمانىيىدە

| | |
|---|---|
| دائىملىق كىنوخانا | 3.600 |
| نوپۇس | 63,000,000 |
| هەر هەپتىدىكى تاماشىچىلار | 6,000,000 |
| نوپۇسقا نىسبىتى | 10.5% |

(Hans Buchner — Im Banne des Films. S. 21.)

يەنە بۇ داۋاملىق كىنوخانىلارنىڭ ئومۇمىي سىغدۇرۇش ئىقـ
تىدارىنى كۈندىلىك تاماشىچىلار سانىنىڭ ئوتتۇرىچە مىقدارى دەپ

قاراش مۇمكىن، خۇددى تۆۋەندە كۆرسىتىلگىنىدەك:

دائىملىق كىنوخانا ۋە سىغدۇرۇش ئىقتىدارى

| | دائىملىق كىنوخانا | سىغدۇرىدىغان ئادەم |
|---|---|---|
| ئامېرىكىدا | 15,000 | 8,000,000 |
| گېرمانىيىدە | 3.600 | 1,500,000 |
| ئەنگلىيىدە | 3.800 | 1,250,000 |

بۇ رەقەملەرنى 365 كە كۆپەيتسەك مۇنداق بولىدۇ:

8,000,000×365=2,920,000,000 (ئامېرىكىدا)

1,500,000×365=547,500,000 (گېرمانىيىدە)

1,250,000×365=456,250,000 (ئەنگلىيىدە)

مانا بۇنى تاماشىچىلارنىڭ بىر يىللىق تەخمىنەن جەمئىيسى دەپ قاراش مۇمكىن.

بۇ رەقەملەر تېخى 1925 ـ يىللىق تەكشۈرۈشتىن چىققان، ئەگەر يېڭىراق ھېساباتقا قارايدىغان بولساق، دۇنيا ئەللىرىدىكى دائىملىق كىنوخانىلارنىڭ ئومۇمىي سانى تەخمىنەن 65.000 دىن ئاشىدۇ.

بۇلاردىن:

| | |
|---|---|
| ئامېرىكىدا | 20,000 |
| گېرمانىيىدە | 4,000 |
| فىرانسىيىدە | 3,000 |
| روسىيىدە | 10,000 |
| ئىتالىيىدە | 2,000 |
| ئىسپانىيىدە | 2,000 |
| ئەنگلىيىدە | 4,000 |
| ياپونىيىدە | 1,100 |

(Leon moussinac—panoramiqaedu Cenema, p. 17) (349)

بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئامېرىكىدا، گېرمانىيىدە ۋە ئەنگلىيىدە





دائىملىق كىنوخانا تەخمىنەن 10 پىرسەنتتىن 30 پىرسەنتكىچە كۆپەيگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، تاماشىچىلارنىڭ سانىمۇ تەخمىنەن شۇنداق نىسبەت بويىچە كۆپەيگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئۈچ دۆلەتتىن باشقا دۆلەتلەردىمۇ شۇنداق نىسبەت بىلەن كۆپەيگەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ.

1925 ـ يىلىدىكى ھېسابات بويىچە ئالغاندىمۇ كىنو تاماشىچىلىرىنىڭ بىر يىللىق ئومۇمىي سانى ئامېرىكىدا تەخمىنەن 2 ملىيارد 900 ملىيونغا، ياۋروپادا 2 ملياردقا، ئاسىيا، لاتىن ئامېرىكىسى، كانادا ۋە ئافرىقىدا 1 ملياردقا يەتكەن. دېمەك، ئومۇمىي جەمئىي 5 ملىيارد 900 ملىيونغا، يەنى چۆچەكلەردىكىدەك مىسلىسىز دەرىجىگە يەتكەن.

كىنو ئۆز ئىلكىگە ئالغان بۇ نۇرغۇن تاماشىچى ۋە كىنونىڭ شەكىل جەھەتتىكى بىۋاستىلىكى، خەلقئارالىقى كىنونىڭ سان ۋە سۈپەت جەھەتتە ئاممىغا تەشۋىق ـ تەرغىب قىلىشىنىڭ ناھايىتى ياخشى قورالى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

## 2. كىنو ۋە تەشۋىقات

تەشۋىقات ـ تەرغىبات ۋاستىسى بولغان كىنونىڭ قىممىتىنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن، «تەشۋىقات كىنوسى» دېگەن سۆزنى ۋە شۇ ئۇقۇمنىڭ ئەھمىيەتسىزلىكىنى بىلىش كېرەك.

ياپونىيىنىڭ ياخشى مەنزىرىلىرىنى چەت ئەللەرگە تونۇشتۇرۇپ، ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىش قىلىشەن تېغىنى، ھۈنەرۋەنلەرنى، ئاپتاپ ۋە ئارىشاڭلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان كىنولارنى دائىم «تەشۋىقات كىنوسى» دەپ ئاتايمىز. بۇ كىنولار بەزىدە كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىش، پوچتىخانىغا پۇل ئامانەت قويۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش، سۇغۇرتا قىلىشقا دەۋەت قىلىش

قاتارلىق مەقسەتلەر بىلەن ئىشلىنىدۇ. شۇ كىنولارنى كۆرگىنمىزدە شۇ فىلىملەردىكى مەقسەتنى دەرھال ھېس قىلىپ، ئۆپكە تۇبېركۇلىيوزىنىڭ خەۋپىنى بايقاپ، پۇل يىغىشقا، جان سۇغۇرتىسىغا قاتنىششقا باشلايمىز. لېكىن، جامائەت تەشكىلاتلىرىنىڭ كۇلۇبلىرىدىن، مەكتەپ دەرسخانىلىرىدىن پايدىلىنىپ قويغان كىنولارغا ئادەتتە پۇل ئېلىنمايدۇ؛ كىنو بىكارغا قويۇپ بېرىلسە، بۇنى بىكارغا قويۇپ بېرىشتە بىر گەپ بار، دەپ دەرھال گۇمانغا كېلىمىز. بۇنداق تەشۋىقات كىنولىرىنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى دەرھال بايقىۋالغىلى بولىدۇ.

قېرى ۋە كۆزى كۆرمەس ئانىسى بار يالغۇز ئوغۇل يىتەيلاڭ ئەسكەرلىككە چاقىرتىلغان بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئانىسىنى قېرىلىقىدا ۋە قارىغۇلۇقىدا قالدۇرۇپ، «پادىشاھ دۆلىتى ئۈچۈن»، «ياۋۇز دۈشمەننىڭ جاجىسىنى بېرىش» كە ماڭىدۇ. باتۇرانە كۆن بەلگىلىك بايراقلار، «ياشا، يىتەيلاڭ!» دېگەن سادالار... بىزگە كۆپ چاغلاردا ئەنە شۇنداق مىلىتارىزم شېرىن پاراڭلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان نەرسىلەرنى قويۇپ بېرىدۇ. بۇ نەرسىلەر ××× كىنو شىركىتى ئىشلىگەن تىجارەت كىنولىرى بولۇپ، بۇلارنى قويۇشتا جامائەت تەشكىلاتلىرىنىڭ كۇلۇبلىرىغا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسخانىلىرىغا يېلىنىپ ئولتۇرماستىن، ئۆز يارىشىقىدا كۆتۈش پۇلى ئېلىپ، ئادەتتىكى دائىملىق كىنوخانىلاردا بەھۇزۇر قويىۋېرىدۇ. شۇنداق چاغلاردا ئاق كۆڭۈل ۋە گۇمانسىز تاماشچىلار بۇنى تەشۋىقات كىنوسى دەپ ئويلىمايدۇ. ئۇلار شۇ فىلىمنىڭ تەشۋىقات كىنوسى ئەمەسلىكىگە ئۆزىنىڭ ھەققانىي كۆرۈش پۇلى تۆلىگەنلىكى بىلەن گۇۋاھچى بولۇپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە ساددا تاماشچىلار ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان تەشۋىقات ئۈچۈپ كەتكەنلىكىنى، ئالدانغانلىقىنى ھېس قىلمايدۇ، ۋەھالەنكى شۇنداق ئالدانغاننىڭ ئۈستىگە يەنە پۇل تۆلەپ تۇرۇپ





ئىككىنچى قېتىم ئالدىنىدۇ.

شەھەر ئاھالىسىنىڭ تىل ئادىتىدىكى «تەشۋىقات كىنوسى» نىڭ ئەھمىيەتسىزلىكى ئومۇمەن شۇنداق. نېمىشقا؟ چۈنكى، مەقسەتسىز كىنو ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن تەشۋىقات كىنوسى ئەمەس كىنولار خىيالىي تەسەۋۋۇردىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ھازىرقى ۋاقىتتا ئىشلەنگەن فىلىملەرنىڭ غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان مەقسىتىنى — بەزىدە ئۆز مەقسىتىگە ئاڭسىز ھالدا يەتكەن بولىسىمۇ، پەقەت خاھىش ۋە ھەۋەستىنلا ئىبارەت، لېكىن شۇ خاھىش ۋە ھەۋەسمۇ نەتىجىدە مۇھىم بىر تەشۋىقات قىممىتىدىن ئىبارەت — تاپالايمىز. ئۇ مەقسەت ياكى جاھانگىرلىك ئۇرۇشى ئۈچۈن يۇرۇش كارنىيى چېلىش، ياكى ۋەتەنپەرۋەرلىك، پادىشاھپەرەسلىك ئۈچۈن نەرە تارتىش، ياكى دىندىن پايدىلىنىپ ئەكسيەتچىل تەشۋىق قىلىش، ياكى بۇرژۇئا جەمئىيىتىنى ھىمايە قىلىش، ئىنقىلابنى بېسىش، ئەمگەك بىلەن كاپىتالنىڭ مۇرەسسەلىششىنى تەرغىب قىلىش، مىشچانلارنىڭ ئىجتىمائىي بىخۇدلۇقى ئۈچۈن بىھوش دورىسى بېرىش، قىسقىسى، كاپىتالىستىك تەرتىپنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىدىيىۋى تۇزاق قۇرۇش يولىدا ئەجىر قىلىش.

1928 ـ يىلى موسكۋادا ئېچىلغان مەركىزىي كومىتېت يىغىنىدا كىنو توغرىسىدا: «كىنونى ئەمگەكچىلەر سىنىپى ئۆز قولىغا ئېلىپ، سوۋېت مائارىپى ۋە مەدەنىيىتىنى ئالغا باستۇرۇش ۋەزىپىسى جەھەتتە ئاممىغا يېتەكچىلىك قىلىش، ئاممىنى تەربىيىلەش، تەشكىللەش ۋاستىسى قىلىش كېرەك» دېگەن قارار چىقىرىلدى. سوۋېت كىنوسىنىڭ ۋەزىپىسى شۇكى، ئۇ دۇنياۋى كىنو بازارلىرىدا كاپىتالىستىك تەشۋىقاتنىڭ ئۆركەشلەپ تۇرغان دولقۇنىغا ××××× تەشۋىقاتى بولغىنى ھالدا قارشى چىقماقتا.

دۇنيا ھازىر ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ تەييارلىقى بولغان



ئىدېئولوگىيە كۈرىشى قاينىمى ئىچىدە تۇرماقتا. كىنو 5 مىليارد
900 مىليون تاماشىچى بىلەن بىرلىكتە ئەنە شۇ كۈرەشنىڭ تارازد.
ـسىدا ھەل قىلغۇچ سالماقنى تۇتالايدۇ.

## 3. كىنو ۋە ئۇرۇش

كاپىتالىستىك تەشۋىقات كىنولىرى ئىچىدە ھەممىدىن مۇھىم
ئورۇن تۇتىدىغان تارماق — ئۇرۇش فىلىمى.
ئۇرۇشنىڭ كىنوغا كىرگۈزۈلگىنىگە ناھايىتى ئۇزاق بولدى.
كىنو ئەمدىلا زاكىدىن ئايرىلغان چاغدا رىم، بابىل ۋە مىسىر
ئەسكەرلىرىنىڭ جەڭ قىلغانلىقىنى كۆردۇق. بۇ، شۇ چاغلاردىكى
كىنونىڭ سەھنىگە قارىغاندا بىردىنبىر ئارتۇقچىلىقى. ئەركىن
Location (ئۆز جايىدا فىلىمغا ئېلىش) نىڭ ۋە ناھايىتى زور Set
(ئىچكى جاھاز) نىڭ ھەم ئاممىۋى فوتو مەنزىرىلىرىنىڭ كىشىنى
جەلپ قىلىش ئىقتىدارىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە تېپىش ئۈچۈن
كىنو بىر ئامال قىلىپ ئىشلەپ چىقىرىلغان — ھەشەمەتلىك قەدىم.
ـكى ساۋۇتلار، قورغانلىق شەھەرلەر، گۈمبەزلەر، ئاجايىپ بۇت.
ـلار، مىلتىق، سۇپەر، نەيزە، ئوت ئوق، كامالەكلەر —
مۇشۇنداق غەيرىي - غەيرىي نەرسىلەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز ۋاقتى.
ـدىكى سەلتەنەتلىك جاھازلار كىنو جەھەتتە تېخى گۆدەك ھالىتىدە
تۇرغان ئاممىنىڭ كۆزىنى بىردىنلا چاقنىتىۋەتكەن، زامانغا ئۇيغۇن
كەلگەن.

لېكىن، دەسلەپكى چاغلاردىكى شۇنداق ئۇرۇشلار، تېگى -
تەكتىدىن ئېيتقاندا، چوڭ ھەشەمەتلىك سېرك ئويۇنلىرىدىن، پال.
ـۋانلارنىڭ چېلىشلىرىدىن پەرق قىلمايتتى. قەدىمكى رىم ۋە كاردا.
ـكا ھازىرقى زامان كىنو تاماشىچىلىرىنىڭ ۋەتىنى ئەمەس. ئۇرۇش.
ـمۇ جانلىق كۆزلەرگە تەسىر قىلىپ، ئۇلارنى خۇشال قىلاتتى،





قىزىقتۇراتتى.
كېيىنكى زامان ئۇرۇشلىرىنى كىرگۈزگەن ۋە تەشۋىقات ئا.
ـمىللىرىنىمۇ ئاڭلىق كىرگۈزگەن كىنوچىسى، مېنىڭچە، گرىف.
ـفىت (D. W. Grffith) بولسا كېرەك. ئۇ جەنۇب - شىمال
ئۇرۇشىدىن ئىشلىگەن «بىر مىللەتنىڭ دۇنياغا كېلىشى»
(Birthof Anation)، «ئامېرىكا (America)» ناملىق فىلىملى.
ـرىدا شىمال قوشۇنلىرىنىڭ قەھرىمانلىقىنى مەدھىيىلەپ، قوشما
شتاتلار دۆلىتىنى قۇرۇش روھىنى ھەققانىيلاشتۇرغان، گۈزەل.
ـلەشتۇرگەن. بۇلار كېيىن چىققان بىرمۇنچە ئۇرۇشخۇمار فىلىم.
ـلەرگە ئوخشاش تاشقى ئۇرۇشنى ئاكتىپ تەرغىب قىلمىغان بولسى.
ـمۇ، لېكىن مەقسىتى يەنىلا خەلق ئىچىگە ھەر خىل ئۇنسۇرلار
ئارىلىشىپ كەتكەن ئىرق ئاجايىپخانىسىغا ئوخشايدىغان قوشما
شتاتقا ۋە ئۇنىڭ ئاھالىسىگە ئېنىق دۆلەت كۆزقارىشىنى، ۋەتەنپەر.
ـۋەرلىك روھىنى سىڭدۈرۈش ئىدى. «سېپى ئۆزىدىن ئامېرىكى.
ـلىق» دېگەن شوئارنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، «ئامېرىكىلاشتۇرۇش»
ھەرىكىتىنىڭ كۈچلۈك قورالىغا ئايلاندۇردى، ئېرلاندىيىدىن كەل.
ـگەن ساقچىلارغىمۇ، سېتسىلىيىدىن كەلگەن كۆكتاتچى سودىگەر.
ـلەرگىمۇ، نېگىرلار ۋە ئىندىئانلارغىمۇ شۇنداق تامغا باسماقچى
بولدى.
«ئامېرىكىلاشتۇرۇش» جەريانى ياۋروپا ئۇرۇشىنىڭ قوزغىلى.
ـشى، ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە
تېزدىن جاھانگىرلىك تەرىپىگە قاراپ بۇرۇلۇشى بىلەن تاماملاندى.
ئامېرىكا گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىش بىلەن
بىللە فرانسىيىگە 1 مىليون ئەسكەر ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولۇپ،
تېزدىن ئەسكەر ئېلىشقا كىرىشىپ، تېزدىن دېڭىز ئارمىيىسىنى
كېڭەيتتى. قۇترىتىش مارشىنى ياڭراتقان ھەربىي مۇزىكا ئەترەتلى.
ـرى چوڭ شەھەرلەرنىڭ كوچىلىرىدا ئۇيان - بۇيان مېڭىپ، تۆت

كوچىلارنىڭ دوقمۇشلىرىغا تەشۋىق ۋەرەقىلىرى چاپلاشقا كىرىشتى، گېزىتلەرمۇ دەل ئەنە شۇ چاغدا «ئامېرىكا ئاھالىسى»نىڭ مەجبۇرىيەتلىرى توغرىسىدا ئۇنى - بۇنى دەيدىغان بولدى. قۇترىتىشقا ئاسان بېرىلىدىغان ياشلار ئەسكەرلىككە كىرمىسە يار - مەھبۇبلىرىنىڭ ياراتماي تاشلىۋېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ ياكى تۇرمۇشتىن زېرىكىپ ۋە ياكى «دېڭىز ئارمىيىسىگە كىرىپ، دۇنيانى كۆرۈپ كېلىمىز» دەپ ئەسكەرلىككە كىرىدىغان بولدى، ئەنە شۇ چاغلاردا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تەشۋىقاتىمۇ تارىختىن بۇيانقى ئەڭ زور كۆلەمنى ئالدى ۋە ھەممىدىن بەك ئۈنۈم بەردى.

شۇ تەشۋىقات ئۇرۇشىدا ھەممىدىن مۇھىم رولنى ئاخبارات ۋە كىنو ئالدى. ئەسلىي مەنىدىكى ئۇرۇش كىنولىرى ئەنە شۇ مەزگىلدە ئىشلەپ چىقىرىلدى.

گېرمانىيىگە ئەسەبىيلىك بىلەن قارشى چىققان ئىسپانىيىلىك ئىبانېز (Blasco Ibanez) نىڭ ئەسلىي ئەسىرى «ۋەھىنامىدىكى تۆت باتۇر» (Four Horsemcn of the Apocaiypyse)، «بىزنىڭ دېڭىز» (mare Nostrum) نى نامايەندە قىلغان ئۇرۇش فىلىملىرىدە ئامېرىكىنىڭ ھۆكۈمرانلار سىنىپى گېرمانىيە قوشۇنلىرىنى ئۇنداق قانخور، گېرمانىيىنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنى مۇنداق ئىنسانىيەتسىز دەپ تەسۋىرلەپ، ساددا ئالا بايراقلىقلارنى ئۇستىلىق بىلەن قۇتراتتى.

لېكىن، ئالا بايراقلىق جاھانگىر ئۆزىنىڭ ئەسلىي ئۆتكۈرلۈكىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان بولسىمۇ، ياۋروپا ئۇرۇشى بېسىققاندىن كېيىن، ئاممىنى مىلىتارىستلاشتۇرۇش ئىشىنى ئادەتتىكى تىنچ ۋاقىتلاردا ئورۇنلاشتۇرۇش لازىملىقىنى چۈشەندى.

1920 - يىللارنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرىنىڭ مېڭىسىنى ئەمەلىي ھالدا ئۆز ئىلكىگە ئالغان نەرسە ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇرۇش توغرىسىدىكى جانلىق ئەسلىمىلەر بولدى.





شۇنىڭ بىلەن، دۇنيا ئۇرۇشىدەك زور تارىخىي ۋەقەلەرنى خەلق داستانلىرى شەكلى بىلەن بەدىئىي يوسۇندا قايتا ئەكس ئەتتۈرۈش تەبىئىي بىر ئىش بولۇپ قالىدىغان بولدى؛ بۇ جەھەتتە ئىشلەنگەن كىنولارنىڭ ئاممىنىڭ زوق ۋە شەۋقىگە ئەمەلىي يوسۇندا مايىل بولۇشىمۇ تەبىئىي بىر ئىش بولۇپ قالىدىغان بولدى، دېگەن تەمە تۇغۇلدى. مۇشۇنداق پايدىلىق ئەھۋالدىن بىردىنلا پايدىلانغىنى ئالا بايراقلىق جاھانگىرلار بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇرۇشنى تەسۋىرلەش ئۇسۇلى ئەڭ ئۇرۇشخۇمار قۇترىتىش مۇددىئاسى بىلەن ئىجاد قىلىندى.

ئۇرۇش فىلىملىرىنىڭ چەمبەرچاس سىستېمىسى بارلىققا كەلدى. «جەڭ مەيدانىنىڭ گۈلى» (Big parade)، «ئايروپىلان ئۇرۇشى» (Wings) دىن كېيىن بىرمۇنچە ئەكسىيەتچى تەشۋىقات فىلىملىرى چىقتى، بۇلارنىڭ ئىسمىنى يېزىپ تۈگەتكىلىمۇ بولمايدۇ. تەبىئىيكى، شۇ كىنولار ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ساپ قۇترىتىش فىلىملىرىگە ئوخشاش يالىڭاچ ئەمەس، ئۇلارنى ئىشلەشتە كومېدىيىلىك ئىشق - مۇھەببەتنىڭ مۇۋاپىق شەربەتلىرىنى، ئۇرۇشنى تەنقىد قىلىدىغان ياسىما ئىنسانپەرۋەرلىك خۇرۇچلىرىنى كىرگۈزۈپ، ئاسان قوبۇل قىلارلىق ھالغا كەلتۈرۈپ، بىرئاز تەبىئىي، بىرئاز يېپىق ھالدا تەشۋىقات مەقسىتىگە يەتكەن. شۇنداق تولىمۇ كىچىككىنە نىقاب بىلەن پەردىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن مەقسىتى يەنىلا ئاممىنىڭ كۆزىنى پەردىلەپ، جاھانگىرلىك ئۇرۇشىنىڭ ماھىيىتىنى كۆرەلمەيدىغان قىلىش، ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ قەھرىمانلىقىنى مەدھىيىلەش، بەزىدە ھەربىي تۇرمۇشنىڭ ئازادىلىكىنى ۋە پەيزىنىمۇ تەشۋىق قىلىش (بۇ يەردە شۇ ئۇرۇش فىلىملىرىنىڭ تولۇق ئىسمىنى كۆرسىتىپ، شۇ نامايەندە بولىدىغان مىساللار ئارقىلىق ئۆز بايانىمنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرغۇدەك قەغەز ھەم ۋاقىت بولمىغانلىقىغا ئېچىنىمەن، لېكىن كەلگۈسىدە بۇنى تولۇق-

لاش پۈرستى كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن).

ئۇرۇش ۋە كىنو توغرىسىدا بايان قىلىنغان بۇ پاكىتلارمۇ، تەبىئىيكى، ئامېرىكىغىلا خاس ھادىسە ئەمەس. باشقا بارلىق جاھانگىر دۆلەتلەردىمۇ بەس - بەس بىلەن ئىشلەنمەكتە. گېرمانىيە «ئۇرۇشچى ئوكيان پاراخوتى» (Emden)، «دۇنيا ئۇرۇشى» (Weltkrion) ۋە باشقىلارنى كۆز ئالدىمىزغا قويۇپ؛ فرانسىيە «ۋېردۇن — تارىخىي خام خىيال» (verdun—vision dhistoire)، «ئېكىپاژ» (L,Equiapge) ۋە باشقىلارنى ئىشلەپ چىقىرىپ ئەنگلىيە «تاڭ نۇرى» (Dawn) نى، ياپونىيە «زەمبىرەك تۇمانى، ئوق يامغۇرى»، «يەر شارى پىرقىرىماقتا»، «ۋېيسەنياڭزىدىكى دېڭىز ئۇرۇشى» ۋە باشقىلارنى ئىشلەپ چىقىرىپ، «ھەربىي ئىدىيە» نى ئومۇملاشتۇرۇشقا جان - جەھلى بىلەن كىرىشتى.

ئۇرۇش كىنولىرىنى بايان قىلغىنىمىزدا، مۇستەسنا ھادىسىلەردىن بولغان ئۇرۇشقا قارشى خاھىشلارنى تىلغا ئالمىساق مۇۋاپىق بولماس. «جەڭ مەيدانىنىڭ گۈلى» نىڭ بەزى يەرلىرىنى كۆرگىنىمىزدە تولىمۇ مەيۈسلەنسەكمۇ، لېكىن ئۇرۇشنى قارغايدىغان روھىي ھالەتلەرنى ھەرھالدا كۆردۇق. ئۇ روھىي ھالەت «جەڭ مەيدانىدىكى كاككۇك ئاۋازى» (what price Glory) دا تېخىمۇ ئاكتىپ ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن، بۇ فىلىملەردە ئۇرۇشنىڭ ھەقىقىي تەنقىد قىلىنىشى ناتايىن، ئۇلاردا پەقەت چارلى چاپلىن (Charlie Chaplin) «ئارمىيە چۈشى» (Shoulder Arms) دا ئۇرۇشنى خۇنۇكلەشتۈرۈشكە ئوخشاش دەرىجىدىكى چۈشەنچىلەرلا بار.

بۇلارغا سېلىشتۇرغاندا، تېخنىكا جەھەتتە ناھايىتى يۈكسەك بولغان ئۇرۇش فىلىمى «ئىمپېرىيە مېھمانخانىسى» (Hotel lmprial) نىڭ رېژىسسورى Erich pomer ئىشلىگەن «سىم تور» (Batbedwire) نىڭ ئاخىرىدا ئىنسانىي مۇھەببەتنى كۈيلەيدى-





غان كۆلكىلىك مۇبالىغە بولمىغان بولسا، ئۇنىمۇ جاھانگىرلىك ئۇرۇشقا كەسكىن تەنە قىلغان مەشھۇر «فرونت ئارقىسىدا» (Behind thefront) غا ئوخشاش ئۇرۇشقا قارشى كىنولارنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈش مۇمكىن بولسا كېرەك.

## 4. كىنو ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك

ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشۋىقات كىنوسىمۇ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئالاھىدە ھادىسە. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، بۇنداق كىنولار تاشقى كۆرۈنۈشى جەھەتتىن ناچار بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا، جاھانگىرلىك ئۇرۇشقا قارشى ئىدىيىۋى تەييارلىق، ئىلھام، ئۇ مونارخىزم (پادىشاھپەرەسلىك) جەھەتتە، ئۇرۇشخۇمارلىق جەھەتتە ئۇرۇش فىلىملىرى بىلەن ماھىيەتلىك ئالاقىدار.

ئۇنداق بولسا، مەقسىتى نېمىدە؟

گۇرۇھ - تەشكىلات كۆزقارىشىنى، دۆلەت بايرىقىنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى بىۋاسىتە تەشۋىق قىلسا، زورلۇق كۈچىنى ۋاسىتىلىك رىغبەتلەندۈرۈپ، خەلقنى ئوڭ قانات پارتىيىلەرگە مايىل قىلىدۇ، چەت ئەللەر بىلەن كاپىتال بازىرىنى تالىشىپ قالغان چاغلاردا دەرھال ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىشنى مۇۋاپىق ئىشقا ئايلاندۇرىدۇ.

بۇنداق فىلىملەرنىڭ ھەممىدىن جانلىق تەسىرى كۆپىنچە دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنى سايلاش، بۈيۈك زۇڭتۇڭ سايلاش ۋاقىتلىرىدا كۆرۈنىدۇ. مەسىلەن، گېرمانىيىلىك مىللىي ھوقۇق پارتىيىسى بولۇپمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك كىنولىرىنىڭ ياردىمى بىلەن نۇرغۇن سايلام بېلىتىگە ئېرىشكەن.

مەسىلەن، «پادىشاھ فرېدېرىخ» (Frrdericus Rex، بۇ فىلىم ياپونىيىدە كۆپ قىسقارتىلىپ، ئىسمى «رېيىن زارى» غا ئۆزگەر-

تىلگەن) دەپ ئاتىلىدىغان، پرۇسسىيىنىڭ جانلىنىشىنى تەسۋىرلەيدىغان تارىخىي فىلىم ئەنە شۇنداق فىلىملەر ئىچىدە ھەممىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىققان. شۇ چاغ دەل دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى بىسەرەمجانلىق دەۋرى ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە گېرمانىيە ئىنقىلابىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن كېلىپ چىققان ئەكسىيەتچىلىك ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان بىر ۋاقىت ئىدى. ئۇ فىلىم مۇلۇكدارلار سىنىپىنىڭ ئۈستىلىق بىلەن قىلغان تەشۋىقاتى. تولىمۇ گادايلىشىپ كەتكەن، تولىمۇ ئاچ قالغان مىشچانلار بۇ فىلىمدە پادىشاھ فرىدېرىخنىڭ قاۋۇل ئوردا قوشۇنلىرىنىڭ سەپ تارتىپ ماڭغانلىقىنى، يەتتە يىللىق ئۇرۇشتا سەلتەنەتلىك غەلىبىلەرنى قازانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆتمۈشتىكى پادىشاھلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ، ئاڭسىز ئەرزان باھالىق مىننەتدارلىق ئىچىدە چاۋاك چالىدۇ، ئۇسسۇل ئوينايدۇ، نەي چالىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، خەلق قەھرىمانى بولغان بىسماركنىڭ تەرجىمىھالى، ھىندېنبۇرگنىڭ تەرجىمىھالى كىنو قىلىپ ئىشلىنىدۇ.

«بىسمارك» (Bismarck) نى ئىشلەش ئۈچۈن «بىسمارك كىنو شىركىتى» قۇرۇلىدۇ. 20 نەچچە چاسلىق ئىككى بۆلۈم فىلىم ئىشلىنىپ، ئۇنىڭغا شۇ جاھانگىر سىياسىي ئەربابىنىڭ ھاياتىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك، قۇتراتقۇلۇق ئامىللىرىنىڭ ھەممىسى قالدۇرۇماستىن كىرگۈزۈلىدۇ.

«ھىندېنبۇرگ» (Hindenburg) نى بولسا، شۇ قېرى گېنېرالنىڭ مارشاللىقىقا سايلىنىش — بۇنىڭدا «پادىشاھ فرىدېرىخ» ۋە «بىسمارك»[350] تىن بەھرىلەنگەن يەرلىرى تولىمۇ كۆپ — پۈرسىتىدىن پايدىلىنىپ، خەلقنى ئۇنىڭغا مايىل قىلىش ئۈچۈن ئىشلىگەن.

1927 - يىلى ئەتىيازدا گېرمانىيىدىكى مىللىي ھوقۇق پارتى-





يىسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى، ئاۋگۇست شال كىتابخانىسىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئىگىسى فۇگانپېك گېرمانىيىدىكى چوڭ شىركەتلەرنىڭ بىرى بولغان ئۇفا شىركىتى مالىيە جەھەتتە بوھرانغا ئۇچراپ قالغان پەيتتىن پايدىلىنىپ، شۇ شىركەتنىڭ پايلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى سېتىۋېلىپ، ئۇفا شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى بولۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن گېرمانىيىنىڭ كىنوچىلىق ئىشى ۋە ئۇنىڭ تەسىر كۈچى پۈتۈنلەي مىللىي ھوقۇق پارتىيىسىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. فۇگانپېك ئۇفا شىركىتىنىڭ مەھسۇلات پىلانىدا دەرھال ئۆزىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسىنى قىپيالىڭاچ ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. ئەنە شۇنىڭ دۇنياۋى مىسالى بولغان «دۇنيا ئۇرۇشى» (weltkrieg) نىڭ 2 - قىسمى.

بۇ ھەقتە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ھۆكۈمىتى دەرھال چەكلەش ۋاستىسىنى قوللىنىدۇ، يەنى گېرمانىيە بانكىسىنى فۇگانپېكقا قارشى قويۇپ، ئۇفا شىركىتىگە سەرمايە سالدۇرىدۇ. بۇ، گېرمانىيىدىكى مونوپولچى چوڭ كىنو شىركەتلىرىنى مىللىي ھوقۇق پارتىيىسىنىڭ تەشۋىقات ئورگىنىغا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئىلاجسىزلىقتىن قوللىنىلغان ئۇسۇل ئىدى.

«دۇنيا ئۇرۇشى»[351] نىڭ قىسقارتىلغان فىلىملىرى ياپونىيىگە تونۇشتۇرۇلدى (تەرجىماندىن ئىلاۋە: بۇلتۇر شاڭخەيدىمۇ كۆپ قويۇلدى). بۇنىڭدا قانداق خاھىش ۋە تەشەببۇسلارنىڭ بارلىقىنى ئەمدى تەپسىلىي سۆزلەپ ئولتۇرۇشقا ھاجەت قالمىغان بولسا كېرەك.

كۆرۈنۈشتە داۋراڭ سالغىنى: «دۇنيا ئۇرۇشى» 1914 - يىلىدىن 1917 - يىلىغىچە بولغان ئۇرۇشتا ھەرقايسى دۆلەتلەر (كۆپىنچە گېرمانىيە بىلەن فرانسىيە) دە تارتىلغان سۈرەتلەر بولۇپ، پۈتۈنلەي تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئاساسەن رەتلەپ، لېنتىغا چۈشۈرۈلگەن خاتىرىدىن ئىبارەت.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ فىلىم مەخسۇسلا ئۆز دۆلىتىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ غەلىبىسىنى، باتۇرلۇقىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى تەسۋىرلەيدىغان ئامېرىكىچە كىنولارغا قارىغاندا ھەقىقەتەن ئەمەلىي خاتىرىگە يېقىن كېلىدۇ. لېكىن، چوڭقۇرراق قىلىدىغان كۆزەتكۈچىلەر شۇنى دەرھال بايقىۋالالايدۇكى، داننانپىكتا ئۇرۇش باشلانغاندىن تارتىپ پەقەت قوماندان ھىندېنبۇرگ قوشۇنىنىڭلا غەلىبە قىلىۋاتقانلىقى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىنىدۇ ۋە بۇ كىنو ئېكراندىكى «ئۇرۇش ۋاقتىدا ۋەتەننى بىرقانچە قېتىم ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرغان قوماندان تىنچ ۋاقتىدىمۇ ۋەتەنگە مارشاللىق سۈپىتىدە كۈچ - قۇۋۋىتىنى تۆھپە قىلىدۇ» دېگەن يېزىقلار بىلەن بىللە تۈگەيدۇ[352].

## 5. كىنو ۋە دىن

دىنىنىڭ ھەممە دەۋردە ھۆكۈمرانلار سىنىپىغا خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى نۇرغۇن قېتىم ئىسپاتلاندى.

دىن شەرقتە كىشىلەرگە بۇ دۇنيادا دىنىدەك سەۋر - تاقەتلىك بولۇشنى، رېئال دۇنياغا بېرىلمەسلىكنى تەلىم بەرسە، غەربتە خرىستىئان دىنىنىڭ تىنچلىقپەرەسلىككە ئايلىنىپ، ھازىرقى سىنىپىي جەمئىيەتنى ئاكتىپ رەۋىشتە ئۆزگەرتىشتىن توسۇشقا ئۇرۇندۇ.

XX ئەسىردە دىن ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى نوپۇزىدىن ۋە ئېتىقادىدىن مەھرۇم قالغان بولسىمۇ، لېكىن شۇنداق مەھرۇم قالغانلىقى ئۈچۈن، ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئالدىدا مالايلىق قىلىدىغان ھالەتلەرمۇ بارغانسېرى يالىڭاچ، قەستەن ئەۋج ئالماقتا.

ماددىي مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئاستىراق بولغان دۆلەتلەردە دىنىنىڭ ھازىرمۇ ناھايىتى زور تەشۋىقات، قۇترىتىش رولى بار.





شۇنىڭ ئۈچۈن كاپىتالىزم دىن بىلەن كىنونى بىر - بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ، ئۇلاردىن تەڭ پايدىلانماقتا.

مەسىلەن: «ئون پەرز» (The Ten Commandments)، «خرىستىئان» (Christian)، «بېن خۇر» (Ben Hur)، «سۇلتانلارنىڭ سۇلتانى» (King Of Kings)، «يەھۇدىيلارنىڭ سۇلتانى، ناسارالارنىڭ ئەيساسى» (I. N. R. I) قاتارلىق خرىستىئان تەشۋىقات كىنولىرى، «ئاسىيا نۇرى» (Die Leuchte Asiens)، «پەيغەمبەر رېلىيەن» دېگەنگە ئوخشاش بۇددا كىنولىرى پۈتۈن دۇنيادىكى نادان ئەر ۋە نادان ئاياللارنىڭ مۆمىن، بەندىلەرنىڭ يانچۇقلىرىدىن مىننەتدارلىق ياشلىرى بىلەن بىللە بەرگەن سەدىقىلىرىنى ئالماقتا، بۇ فىلىملەر سودا نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ ناھايىتى كۆپ پايدا كەلتۈرىدۇ. بارلىق دىن - مەزھەپلەر ئېچىدە رىمدىكى كاتولىك چېركاۋلىرى كىنودىن پايدىلىنىشتا ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇلار ھەر يىلى بىر نۆۋەت كىنو يىغىنى ئېچىپ، شۇ يىللىق دۇنياۋى تەشۋىقاتلىرىنىڭ پىلانلىرىنى قارارلاشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا دىنىنىڭ كۈچى ئاللىقاچان نەزەردىن قالدى دېيەرلىك ھالغا چۈشۈپ قالدى. ناھايىتى كۆپ دېگەندە، بىنيۇەنشى ئىبادەتخانىسى، رېلىيەن مەزھىپى دېگەندەك ئورۇنلار سەييارە كىنو ئۆمەكلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، يېزا دېھقانلىرىنىڭ ئېتىقادىنى ئۆزلىرىگە باغلاپ تۇرۇش ئۈچۈن تىرىشماقتا. لېكىن، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن دىنىنىڭ دۇنياۋى كۈچى قالمىدى، دەپ ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن ئەمەس. سوۋېتنىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخىي جەريانىغا قارايدىغانلا بولساق، دىنغا قارشى كۈرەشتىن ۋاز كېچىشنىڭ ئەمەلىيەتتە مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولسا كېرەك[353].

## 6. كىنو ۋە مۇلۇكدارلار سىنىپى

كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن مۇلۇكدارلار ھۆكۈمىتىنىڭ نازارىتى بىلەن بەند بولۇپ تۇرغان ھازىرقى كىنولارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك مۇلۇكدارلار سىنىپىنى ھىمايە قىلىشقا قارىتىلغانلىقىنىڭ ناھايىتى روشەن بىر ئىش ئىكەنلىكىگە شەك يوق.

لېكىن، بۇ يەردە كىنو بىلەن مۇلۇكدارلار سىنىپىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تارراق مەنە بىلەن چەكلەپ تۇرۇپ، پەقەت مىشچان مۇلۇكدارلار سىنىپىنىڭ شان - شۆھرىتى ۋە ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن بىۋاستە خىزمەت قىلىدىغان كىنو ئۈستىدىلا توختىلىمەن.

بۇنداق كىنولارنىڭ بىر خىلى فېئودال، ھەتتا ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىگە قارشى بولغىنى ھالدا مۇلۇكدارلار سىنىپىنىڭ غەلىبىسىنى كۈيلەش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق كىنولار تامامەن دېگۈدەك مىشچانلار جەمئىيىتىنىڭ جانلىنىشىدىن ئىشلەنگەن تارىخىي فىلىم. ×× ياكى ×× نىڭ ۋەھشىيلەرچە زوراۋانلىقى، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا جەبىر - زۇلۇم تارتقان دېھقانلار، سودا - سانائەتچىلەر سىنىپى. فىلىمنىڭ 7 - قىسمىدا مۇلۇكدارلار سىنىپى ئاخىر باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ، ئەنە شۇ چاغدا كىنونىڭ يۇقىرى پەللىسى (CLimax) ۋە سانسىز ئاممىۋى كۆرۈنۈش (mob scene) كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلىدۇ، بۇ، تىپىك تۈزۈلۈش. لېكىن، نۇرغۇن فىلىملەردە مۇلۇكدارلار سىنىپى ھەرگىز سىنىپ تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ، كۆپىنچە بىر (كۆپ ھاللاردا ئاقسۆڭەكتىن كېلىپ چىققان، ياش ۋە قەددى - قامەتلىك كېلىشكەن!) قەھرىمان يېتەكچىلىك قىلىدۇ، بۇنداق فىلىمدە ئاساسەن شۇ ئادەمنىڭ قەھرىمانلىقى گەۋدىلەندۈرۈ-





لىدۇ. كىتابخانلار ناھايىتى خاراكتېرلىك ئەسەر تەرىقىسىدە پەقەت «روبىن خود» (Robin Hood) . «ئىشسكارا مۇش» (Scaramouche) ، «مۇھەببەت باغلاشقان ئاخشىمى» (Night of Love) لارنىلا ئېسىگە كەلتۈرسە كۇپايە قىلار. ياپونىيىنىڭ زامانىۋى سەھنە ئەسەرلىرىدە، بولۇپمۇ قىلىچۋازلىق فىلىملىرىدىمۇ بۇنداق مىساللارنى كۆپ ئۇچرىتىمىز.

لېكىن، تارىخىي دەۋرلەردە يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن مۇلۇكدارلار سىنىپى ئوينىغان ئىنقىلابىي روللارنىڭ ھازىرقى پرولېتارىياتنىڭ كۈرىشى بىلەن ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى (Canalogie) نىمۇ كۆرەلەيمىز. ئەگەر ئاپتور ئاڭلىق سادا (Akzent) نى ئەنە شۇنىڭغا مەركەزلەشتۈرسە، ياخشى ئەسەر يارىتىشى مۇمكىن. مەسىلەن، «ئېيىقنىڭ تويى»، «دېھقان قۇلىنىڭ قانىتى»، «سىڭدىن شەھىرى»، «جونىسنىڭ سەپەر خاتىرىسى» ۋە باشقىلار ئەنە شۇنداق ئەسەرلەرنىڭ نادىر نامايەندىسى.

ئىككىنچى خىلى — پرولېتارىيات ئىنقىلابىغا قارشى كىنو.

«ۋولگا كېمىچىلىرى» (Volga Boatman) — ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى تەكشۈرۈپ كۆرۈۋاتقاندا چوڭ مەسىلە تۇغۇلغان، ئاخىر ساقچىلىق نازارىتى قويۇلۇشنى چەكلىگەن دەردمەن فىلىم. لېكىن، ئۇنىڭ مەزمۇنى نېمە ئىدى؟

«چوڭ قوزغىلاڭ» (Tempest؛ تەرجىماندىن ئىزاھات: بۇ فىلىم شاڭخەيدە قويۇلغاندا، ئىسمى «بوران - چاپقۇن» ئىدى) مۇ بىرنەچچە چاس قىستۇرما رەسىملەرنىڭ ياردىمى بىلەن ناھايىتى تەسلىكتە قويۇشقا رۇخسەت قىلىنغان فىلىم. لېكىن ئۇنىڭدا تاللىۋېلىنغان تېما نېمە ئىدى؟

بۇ فىلىملەر روسىيىدىكى پرولېتارىيات ئىنقىلابىنى مەقسەت قىلىپ ئىشلەنگەنلىكى نۇقتىسىدىن مەنئى قىلىنغان، كەڭ كۆلەمدە كېسىپ تاشلانغان. لېكىن مۇھىمى، ئۇلاردا پرولېتارىيات ئىنقىلا-

بى يۈگەنسىز قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەرىكىتى قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. تەلىم - تەربىيە كۆرمىگەن، يولدىن چىققان دېھقانلار ۋە ئەمگەكچىلەر ئۆزلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە تايىنىپ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قورغانلىرىغا بېسىپ كىرىدۇ، ئۆي - سەرەمجانلىرىنى بۇزۇپ - چاقىدۇ، چىرايلىق قىزلارنى··· ھاراق - شاراب ئىچىدۇ، ھەدەپ قان تۆكىدۇ. مانا بۇ — پرولېتارىياتنىڭ غەلىبىسىگە ئاتايىتەن ياۋۇزلۇق نىقابىنى تارتىپ، داغ چاپلاپ، مىشچانلارنى ئەكسىلئىنقىلابچى قىلىپ كۆرسىتىش مەقسىتى بىلەن ئىشلەنگەن مۇلۇكدارلار سىنىپى··· مانا بۇنىڭدىن مۇلۇكدارلار جەمئىيىتىنى ھىمايە قىلىش مەقسىتى بىلەن ئىشلەنگەن تەشۋىقات كىنولىرىنىڭ ××××× نىڭ ×× سى تەرىپىدىن مەنئى قىلىنغانلىقىدىن ئىبارەت غەلىتە ۋە قىزىق ھادىسىنى كۆرەلەيمىز.

تەبئىيكى، «جېئان نېيىنىڭ مۇھەببىتى» (Liebedoj JeanneNey) «ئاخىرقى بۇيرۇق» (The last Command) لاردىن ئۆكتەبىر ئىنقىلابى چىقىرىپ تاشلانغان. دېمەك، تەكشۈرۈپ كۆرگۈچىلەر قولىدىن كەلگىنىنى قىلغان.

ئاخىرىدا، «چوڭ شەھەر» (metropoLis؛ تەرجىماندىن ئىزاھات: شاڭخەيدە قويۇلغاندا «پەن دۇنياسى» دەپ ئىسىم قويۇلغان) نى تىپ قىلغان، ئەمگەك بىلەن كاپىتالنى مۇرەسسەلەشتۈرىدىغان كىنولار كەينى - كەينىدىن ئوتتۇرىغا چىقتى.

«چوڭ شەھەر» توغرىسىدا ھازىر بۇ يەردە ئارتۇقچە بايان قىلىشقا ھاجەت قالمىدى. ئۇ «باش بىلەن قولنىڭ ئارىلىقىدا يۈرەك بولمىسا بولمايدۇ» دېگەن شوئارنى كۆتۈرۈۋالغان سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ كاپىتالىستلار بىلەن ئەمگەكچىلەر ئۇرۇشماستىن، ئۆزئارا ھەمكارلىقتا ۋە كۆيۈنۈشكە تايىنىپ يېڭى جەمئىيەت قۇرالايدۇ ۋەھاكازا دېگەن باۋۇلتادىن بۇرۇنقى چۆچەكتىن





ئىبارەت[354].

## 7. كىنو ۋە مىشچانلار

مۇلۇكدارلار سىنىپىنىڭ كىنو تەشۋىقاتىغىمۇ سىنىپىي قارىمۇقارشىلىقنىڭ بارا - بارا روشەنلىشىشى، ھەل قىلغۇچ ئۆتكۈرلىشىشى بىلەن تەڭ قۇتۇلغۇسىز ئەجەل يەتتى.

ئەمەلىيەتتە كىنونىڭ تاماشىچىلىرى زور كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىدىغان مىشچانلار ۋە پرولېتارلار. لېكىن، ئۇلار مىشچانلار ۋە پرولېتارىيات مۇلۇكدارلار سىنىپىنىڭ نەيرەڭلىرىنى ئاللىقاچان بىر - بىرلەپ بايقىدى، يەنى «ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئۆزىنىڭ ئىدېئولوگىيىسىگە بويسۇندۇرۇشنى تەشۋىق قىلىدىغان فىلىملەرنى پرولېتارلارنىڭ چۆنتىكىنى بۇلاش ۋاستىسى تەرىقىسىدە ئىشلەپ چىقارماقتا» دېگەن پاكىتنىڭ ئەينى ئەھۋالىغا دىققەت قىلماقتا.

لۇناچارسكىينىڭ سوۋېت كىنوسى توغرىسىدا ئېيتقان «رەزىل قۇتراتقۇلۇق ئەكسى ئاقىۋەتلەرگە قالىدۇ» دېگەن پرىنسىپىدىن پرولېتارلار پايدىلانماقتا.

يالىڭاچ تەشۋىقاتلىرىنى توختاتتى. ئۇلارنىڭ (مۇلۇكدارلار سىنىپىنىڭ) ھەممىدىن بەك ئۈمىد قىلىدىغىنى كىنو تاماشىچىلىرىغا «سىنىپ» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرمەسلىك. ھېچبولمىغاندا، ئۇلارنى ئېكران ئالدىدا ئولتۇرغان بىرنەچچە سائەت ئىچىدە بارلىق ئىجتىمائىي قارىمۇقارشىلىقلارنى ئۇنتۇلدىغان قىلىش.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار مىشچانلار فىلىملىرىنى پەيدا قىلدى[355].

مىشچانلارغا خاس ئائىلە كومېدىيىلىرىدە خاراكتېرلىك ئىككى خىل خاھىش بار:

(1) رومانتىزم.
(2) سەپسەتە (Sophistication).

مۇنداقلا قارىغاندا، هازىرقى كىنولار، بولۇپمۇ كىنودىكى
دراما رېئالىزمدەك كۆرۈنىدۇ، نۇرغۇن ئادەملەرمۇ شۇنداق خىيال
قىلىدۇ. لېكىن، ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ئاز ساندىكى بىرىنچى قاتار-
دا تۇرىدىغان ئەسەرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممىسىدە ھېچقانداق
رېئال بايان يوق.

تەبىئىيكى، رومانتىزم دېيىلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ XIX
ئەسىردە مۇلۈكدارلار سىنىپىنىڭ ئىنقىلابىي سەنئىتىنى خاراك-
تېرلەيدىغان، يالقۇنلىنىپ تۇرىدىغان قانىتى بار رومانتىزمغا ئوخ-
شايدۇ. ئۇ ساددا، نەزىرى قىسقا، ئويۇن - تاماشىچى مىشچانلار
ئۈچۈن تەييارلانغان ساددا، نەزىرى قىسقا ئويۇن - تاماشىچى روماد-
تىزم. بۇنداق رومانتىزم تېكساس دېھقانلىرىغا، چىكاكودىكى
شىركەت خادىملىرىغا، يالىسونا پادىچىلىرىغا، نېۋگۈنىيە سوتچى-
لىرىغا، نيۇيوركتىكى كۆچۈرمىچىلەرگە، بېيسپاكتىكى دالا توپ-
چىلىرىغا، توكيودىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا،
خېڭبىڭدىكى دېڭىزچىلارغا يارىماي قالمايدۇ. مۇنداقىسىگە
ئېيتقاندا، ئۇ Ready—made (تەييار) رومانتىزم. كوللىن مور
(Collin. Moor)، نورما شىئارېر (Norma. Shearer)، كلارا
بوۋ (Clara Bow) لار سىمۋول سۈپەتتە 1926 - يىلىدىن باشلاپ
كەينى - كەينىدىن ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇلار ئەنە شۇنداق دەرىجىدى-
كى رومانتىزم.

ھەپتىسىگە 25 دوللار (ئامېرىكا دوللىرى) مائاش ئالىدى-
غان، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن شىركەت خىزمەتچىسى بىلەن
مىلدون تۇرلۇك ماللار شىركىتىدىكى ئەركىتاينىڭ مۇھەببەت ھې-
كايىسى، كانى ئېرلانت، يېڭى فورتچە مۇسابىقە ماشىنىسى، جاز
مۇزىكىسى، ئوۋ قىلىش.





كىتابخانلار «Vanity Fairr» گېزىتىنىڭ ئېلانلىرىغا قارايدى-
غان بولسا، تېخىمۇ ئۈمىدلىكرەكى شۇكى، يېقىنراق جايدىكى
كىنوخانىلارغا بېرىپ ھەرقانداق ئامېرىكا فىلىملىرىنى كۆرىدىغان
بولسا، ئەنە شۇ ئالا بايراقلىق رومانتىزمنىڭ زۆرۈر تاشقى كۆرۈ-
نۈشلىرىنى ۋە روھىنى ئۆزى چۈشىنىپ قالسا كېرەك.

كىتابخانلارنىڭ شۇنى بىلىۋېلىشى لازىمكى، بۇ مىشچانلار
رومانتىزمى ئامېرىكا كاپىتالىزمىنىڭ يۇقىرى ئۆرلەپ كېتىۋاتقاند-
لىقىدىن ئىبارەت سىخېما توغرىسىدىكى چۈشەنچە بىلەن ئايرىلماس
مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭ پاكىتى شۇكى، بىر تەرەپتىن ھەر يىلى 9
مىليارد دۆلەت دوللىرىنى مۇلۈكدارلار سىنىپىنىڭ يانچۇقىغا چې-
چىپ، شۇنىڭ بىلەن «Four Hunderds» دەپ ئاتىلىدىغان بىكار
تەلەپلەر سىنىپىنى، ئۆسۈم بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلار جامائى-
تىنى[356] بارلىققا كەلتۈردى.

بىكار تەلەپلەر سىنىپى، ئۆسۈم بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغاد-
لار جامائىتى ئۆزلىرىنىڭ ئىسراپچىل مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش
ئورگانلىرىنى ناھايىتى راۋاجلاندۇردى. لېكىن، شۇ ئىسراپچىلىق
مەدەنىيەتنىڭ قارىندا ھەرقانداق مەدەنىيەتنىڭ پىشىپ يېتىشكەن
مەزگىلىگە خاس بولغان رېئاللىققا يېقىن ھەۋەس، سەرسانلىق،
تەنە - مەسخىرە قاتارلىقلار تەييارلاندى. ئۇلار مانا بۇ ھەددىدىن
ئارتۇق ئەيلەنگەن تۇرمۇش ھېسسىياتلىرىنى Sophisticetion دەپ
ئاتىماقتا. پارىژچە Chic نى ۋە ئالا بايراقلىقلارچە شەرھلە-
گەن hrea—bojled دېگەندەك گەپلەرنى بازارغا سېلىشى بۇنىڭ
بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ۋەھالەنكى، بۇنى كىشىلەر يارىتىدۇ.

چاپلىن «پارىژلىق ئايال» (A Woman ofperis) دا
Sophistication نىڭ ئۈلگىسى (prototype) نى ئىپادىلىدى.
لۇبىتىس (Ernt Lubitsch) «نىكاھ دائىرىسى»
(Marria Cigercle) دە بىر يۈرۈش فىلىمدە نامايان بولدى. مونتاي

فىل، مارسىنكلاير، تەيبات دالىر قاتارلىق بىرمۇنچە ئىزباسارلارمۇ كىنو ساھەسىدىكى سەپسەتىچىلەر مۇقامىلىرىنى جارى قىلدۇردى.

لېكىن، ئامېرىكا بارلىق كاپىتالىزم بويىچە گۈللىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆز ۋۇجۇدىدا تۈگىگۈسىز ئىچكى زىددىيەت تۇرۇپتۇ، ئۇ ئەنە شۇ زىددىيەتلەر بىلەن ئازابلانماقتا. ئىستېمالغا ماسلىشالمايدىغان بىر تەرەپلىمە ئىشلەپچىقىرىش، مەبلەغ سالىدىغان بازارلاردىن مەھرۇم قالغان زور مالىيە كاپىتالى، خوئوۋېر ھۆكۈمىتىنىڭ ئاكتىپ دىپلوماتىيىسى، قويىنىدا 5 مىليون ئىشسىز ياتقان جەننەت ئامېرىكا ھازىر پەردىلەپ بولمايدىغان سىنىپىي قارىمۇقارشىلىقنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرماقتا.

بۇ ئىجتىمائىي ئەھۋال ئامېرىكا فىلىملىرىدە قانداق ئەكس ئېتىدۇ؟ بۇ خېلى قىزىقارلىق كەلگۈسى مەسىلە.

## تەرجىماندىن ئىلاۋە

بۇ ماقالىنىڭ ئەسلىي ئىسمى «تەشۋىقات ـ تەرغىبات ۋاستىسى بولغان كىنو» ئىدى. «تەشۋىقات ـ تەرغىبات» ئەسلىدە ھۆكۈمرانلار سىنىپىغا قارىتىلغان بولۇپ، «ئىسيان كۆتۈرۈش» بىلەن مۇناسىۋەتسىز. شۇنداق بولسىمۇ بۇ سۆزلەر ھازىر بىرمۇنچە ئادەمگە، بولۇپمۇ ھۆكۈمران سىنىپقا ئانچە ياقمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى بۇ ماقالىنىڭ يەتتىنچى بابى «كىنو ۋە مىشچانلار»نىڭ ئالدىنقى قۇرلىرىنى ئوقۇغاندىلا چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ ماقالە ئەسلىدە «كىنو ۋە كاپىتالىزم» دېگەن ئەسەرنىڭمۇ بىر قىسمى، لېكىن ئۇ ئەسەر تېخى تاماملانمىغان. بۇ ماقالە «يېڭى سەنئەت»[357] نىڭ 1 ـ ۋە 2 ـ سانىغا بېسىلغان دەسلەپكى





كوپىيىسىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى. ئاپتورنىڭ شۇ ماقالىنىڭ ئاخىرىدا بىرنەچچە ئېغىز ئىزاھاتى بار ئىكەن، ھازىر ئۇنىمۇ تۆۋەندىكىچە تەرجىمە قىلىپ چىقتىم:

«كىنو ۋە كاپىتالىزم» دېگەن ئەسىرىمنى مۇشۇ ماقالىگە ئۇلاپ داۋاملاشتۇرۇپ، ئاندىن كېيىن ئىجتىمائىي كىنو، پرولېتارىيات تەرىپىدىن ئىشلەنگەن تەشۋىقات كىنوسى قاتارلىق مەسىلىلەرنى بىر ـ بىرلەپ يېزىپ تاماملىماقچىدىم، لېكىن ھازىر پەقەت مۇلۇكدارلار سىنىپى كىنوسى توغرىسىدىكى يۇقىرىقىدەك تەتقىقات بىلەنلا ۋاقتىنچە توختىتىپ قويدۇم.

يەنە، بۇ ماقالىدە ھەربىر ماۋزۇ ئۈستىدە مۇستەقىل تەتقىقات قىلىشقا بولىدىغان نۇرغۇن ماتېرىياللارغا ناھايىتى قىسقىچىلا نەزەر سېلىپ ئۆتتۇم، بۇ جەھەتتە پۈتۈن ماقالەم ئاددىي ساۋاتتىنلا ئىبارەت بولۇپ قالدى. بۇ ھەقتە ئۆزۈمنىڭ ناھايىتى كۆڭلۈم يېرىملىقىنى ئىزھار قىلىشىمغا رۇخسەت قىلىشىڭلارنى سورايمەن».

لېكىن، مەن بۇ ماقالىنى تاسادىپىي ئوقۇپ خېلى كۆپ بەھرە ئالدىم. شاڭخەي گېزىتلىرىدە كىنو ئېلانلىرى ھەر كۈنى ئومۇمەن ئىككى بەت چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇ ئېلانلاردا نەچچە ئون مىڭ ئارتىسى، نەچچە مىليون دوللار خىراجەت پۇلى بارلىقى بىلەن ماختىنىشىدۇ، «ناھايىتى قىزىق، رومانتىك، شەھۋانىي (ياكى ئېچىنارلىق)، ئىشقى، كۆلكىلىك، ئىشق ـ مۇھەببەتلىك، قىزغىن، تەۋەككۇللۇك، جەسۇرانە، مەردانە، ئاجايىپ ـ غارايىپ ... مىسلىسىز چوڭ فىلىم» دەپ ماختىنىشىدۇ، بۇ ئېلانلارنى كۆرگەن ئادەملەرنى گويا بېرىپ كۆرمىسە ئۆلگەندىمۇ ئارمان بىلەن كېتىد-

غاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرىدۇ. ئەمدى مانا بۇ كىچىككىنە ئەينەك بىلەن قارايدىغان بولساق، شۇ قەدىرلىك بىرنېمىلەرنىڭ ئوندىن توققۇزىنى مۇشۇ ماقالىدە كۆرسىتىلگەن تۈرلەرنىڭ مەلۇم بىر خىلىغا كىرگۈزگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ؛ مۇددىئاسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، مەقسىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن، ئۇ كىنولار جۇڭگو ئادەملىرىگە ئاتاپ ئىشلەنگەن ئەمەس، ئۇلارنى جۇڭگوغا كەلتۈرۈشتىن مەقسىتىمۇ، ئىشلەش ۋاقتىدىكى مۇددىئاسىنىڭ ئەكسىچە، خۇددى كونىراپ كەتكەن مىلتىق - زەمبىرەكلىرىنى ھەربىيلەرگە سېتىپ بەرگىنىگە ئوخشاش، كۆپرەك پۇل تېپىشتىنلا ئىبارەت. جۇڭگو ئادەملىرىنىڭ شۇ كىنولار توغرىسىدىكى قاراشلىرىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆز مەملىكىتىدىكى خەلقىنىڭ قاراشلىرىغا ئوخشاشمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئېلانلاردىكى تاماشىچىلارنى جەلپ قىلىپ بېرەلەيدىغان سۆزلەرنى كۆرۈپلا، ھەر خىل فىلىملەرنىڭ ئومۇمەن «ناھايىتى قىزىق، رومانتىك، شەھۋانىي (ياكى ئېچىنارلىق)، ئىشقى···» ئىكەنلىكىگىلا كۆزى چۈشىدىغانلىقى مانا مەن دەپ تۇرىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، تېگىدىن ئالغاندا ئۇنىڭ ئۈنۈمىمۇ يوق ئەمەس، ئۇلارنىڭ «باتۇرانە، قەھرىمانانە» ئۇرۇش فىلىملىرىنى كۆرگەندە، ئىختىيارسىز ھالدا، خوجايىنلار شۇنچە باتۇر ئىكەن، بىز مالايلىقىمىزنى قىلساق بولىدىكەن، دەپ ئويلىشىمۇ مۇمكىن. ئۇلارنىڭ «ناھايىتى قىزىق، رومانتىك» ئىشق - مۇھەببەت كىنولىرىنى كۆرگەندە، خوتۇنلار شۇ قەدەر «ئىشقۋاز» ئىكەن، بۇنىڭغا نېمە ئامال بولسۇن، دەپ ئويلاپ، ئاق رۇس جالاپلىرى بىلەن ئويناپ ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى خۇش قىلىش ھازىرمۇ قولىدىن كەلسىمۇ، ئۆز - ئۆزىچە خورسىنىشى مۇمكىن. ئافرىقىنىڭ يەرلىك خەلقى ئاق تەنلىكلەرنىڭ پەرەڭ مىلتىقلىرىغا ناھايىتى زوقلىنىدۇ، ئامېرىكا نېگىرلىرى ئاق تەنلىك ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇ-





نىدۇ، ئۇلارنى بۇ جەھەتتە ئوتتا كۆيدۈرۈش جازاسىمۇ قورقۇتالمايدۇ، بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتتە شۇنداق «چوڭ فىلىم»لەرنى كۆرگەنلىكى سەۋەبچى بولغان. لېكىن، مەدەنىيلىك بىلەن بەدەۋىلىكنىڭ پەرقى بار، جۇڭگولۇقلار بولسا كونا مەدەنىي دۆلەت ئادەملىرى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار كۆڭلىدە شۇنداق ئارزۇنى قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق قىلمىسا كېرەك.

بۇ ماقالىنى ئۆزۈم ئوقۇپ كۆرگەندىن كېيىن ئومۇمەن يۇقىرىقىدەك تەسىراتلار پەيدا بولدى، شۇڭا بىر قىسىم كىتابخانلارغا تونۇشتۇرۇش ئارزۇسى بىلەن بىرمۇنچە ۋاقتىمنى سەرپ قىلىپ تەرجىمە قىلىپ چىقتىم. ئەسلىي ماقالە ناھايىتى قىسقا بولسىمۇ، ئۆزۈم كىنو جەھەتتە ساۋاتسىز بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئادەتتىكى تېرمىنلارنىمۇ لۇغەتلەردىن ئاختۇرۇشقا توغرا كەلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى تەرجىمە قىلىش باشقا ئادەملەرگە قارىغاندا ماڭا قىيىن چۈشتى. بەزى تېمىلارنى بۇلتۇرقى كونا گېزىتلەرنى ئاختۇرۇپ تاپتىم، تېپىلمىغانلىرىنى «قاتمال تەرجىمە» قىلىپ قويدۇم، خاتا تەرجىمە قىلىپ قويغان يەرلىرىمۇ يوق بولمىسا كېرەك. لېكىن، ئومۇمەن ئالغاندا، كىتابخانلارغا ھەرھالدا ئاز - تولا تۆھپە يەتكۈزەلىگەنلىكىمگە ئىشىنىمەن.

ئامېرىكىلىق «پالۋانلار چولپانى» فەيربانك (DouglasFairbanks) ئامېرىكا دوللىرىنى تولىمۇ كۆپ توپلىغانلىقى ئۈچۈن، بۇلتۇر شەرققە ساياھەت قىلىپ كەلدى. شاڭخەيدە بىرنەچچە تەشكىلات ئۇنى قارشى ئېلىش تەييارلىقىنى كۆردى. جۇڭگونىڭ ئەسلىدە «ئارتىسقا چاپانچىلىق قىلىدۇ»غان مىجەزى بار. تاڭ، سۇڭ زامانىسىدىن بۇيان قاقتى - سوقتى قىلىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان مىشچانلار ئۆزلىرىگە خەيرخاھلىق قىلىدىغان «پالۋان»لارغا چوقۇنۇپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن «يەتتە پالۋان، بەش دەرۋىش»، «يەتتە شىرمەت، 18 پالۋان»، «چۆلتاغدىكى كارامەت

باتۇر»، «جاڭگالدىكى ئايال پالۋان»··· لار كەينى ـ كەينىدىن پەيدا بولۇپ كەلگەن. جۇڭگولۇقلار كىنونى كۆرگەندىن كېيىن، پەرەڭ «يەتتە پالۋان، بەش دەرۋىش»، يەنى «ئۈچ شىرمەت» دېگەندەك بىرنېمىلەرگە زوقلىنىدىغان بولدى؛ قەدىمكى پەرەڭ باتۇرلارنىڭ دەۋرى ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن، «قۇشخانا ئالدىدىن ئۆتكەندە ئېغىزنى يوغان ئېچىپ چاينىسا، گۆش بولمىسىمۇ كۆڭۈل خۇش بولىدۇ» دېگەندەك، پەرەڭ باتۇرلارنىڭ رولىنى ئالىدىغان پەرەڭ ئارتىسلارغا زوقلىنىدىغان بولدى. مېي لەنفاڭغا چاپانچىلىق قىلىدىغانلار مېي لەنفاڭ رول ئېلىپ چىققان پەرىزات، لىن دەييۇ ۋە باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئەمەس، بۇ ئەھۋالنىڭ ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق. لېكىن، بەزىلەر «فەيربانك ‹باغدات ئوغرىسى› دا رولغا چىققاندا موڭغۇلىيە شاھزادىسىنى يەرگە يىقىتىپ ئۆلتۈرۈپ، جۇڭگونىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرگەن» دەپ، ئۇنى قارشى ئېلىشقا قارشى تۇردى. ئەمەلىيەتتە «باغدات ئوغرىسى» دىكى باتۇر بولسا ئەسلىدە بىر ئوغرى بولۇپ، سىنىپىنىڭ ئىككى ۋاخنىسىدىن بىراقلا يامىشىپ چىقىپ، ئاخىر پادىشاھقا كۈيئوغۇل بولغان، خۇددى تەرجىمە قىلىنغان يەتتىنچى بابنىڭ تەپسىلىي ئىزاھاتىدا ئېيتىلغىنىدەك، بۇ مىشچانلارنى ياكى پرولېتارلارنى «بىردىنلا مەنسەپدار بولىدىغانلار ھەققىدىكى ھېكايە بىلەن ئىلھاملاندۇرۇپ، مۇلۇكدارلارغا ساداقەتلىك بىلدۈرۈش لازىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدىغان» نەرسە، ھەرگىز جۇڭگونى قەستەن ھاقارەتلەيدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، «باغدات ئوغرىسى» نىڭ ھېكايىسى «مىڭ بىر كېچە» دىن چىققان؛ فەيربانك يازغۇچى ئەمەس، رېژىسسورمۇ ئەمەس، بىزمۇ موڭغۇلىيە شاھزادىسىنىڭ ئەۋلادى ياكى مالىيى ئەمەس. ئۇنىڭدىن، ئامېرىكا دوللىرى ئۈچۈن ئارتىسلىق قىلىدىغان شەخستىن ئۇ قەدەر رەنجىپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. لېكىن، سەۋەبسىز رەنجىشمۇ جۇڭگونىڭ ئادىتى،





بۇنداق ئادەتنى تولا كۆرگەنلەر بۇنىڭغىمۇ ئەجەبلىنىپ كەتمەيدۇ. كېيىن فەيربانك كەلدى، ئاخىر بەزىبىر تەشكىلاتلار ئۇنى كۈتۈۋالماقچى بولدى ۋە لېكىن قاتتىق پەشۋاغا ئۇچرىدى. «فەيربانك ئەپەندىنىڭ ۋەكىلىنىڭ ئېيتىشىچە، فەيربانك ئەپەندى جامائەت زىياپىتىگە مۇتلەق بارمايدۇ» غان بوپتۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تەشكىلاتلار پەرەڭ پالۋاننى زىيارەت قىلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولالمىدى. فەيربانك «ياپونىيىگە بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ساياھەت قىلىش كۈنتەرتىپلىرىنى ياپونلار بەلگىلەپ بېرىپتۇ. ئۇ توكيوغا بارغاندىن كېيىن، كىنوخانىغا بېرىپ، ياپونىيە ئاممىسى بىلەن كۆرۈشمەكچى بوپتۇ.» (18 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈندىكى «شېنباۋ» گېزىتىگە قاراڭ). بىزنىڭ بۇ يەردىكى موڭغۇل پادىشاھنىڭ ئەۋلادلىرى بۇ ئەھۋالدىن قاتتىق خورسىندى. شۇنىڭ بىلەن شاڭخەي كىنو جەمئىيىتى غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن بىر پارچە خەت يېزىپ، شۇ چوڭ «سەنئەتكار» غا يوللاپ بەردى. خەتنىڭ تولۇق تېكىستىنىڭ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان يەرلىرى كۆپ، لېكىن قەغەز چەكلىك بولغاچقا، بۇ يەردە بىرلا نۇقتىسىنى كۆچۈرەي.

«ئەسلەپ قارايدىغان بولساق، ‹باغدات ئوغرىسى› دا بىر موڭغۇل شاھزادىسى بار، ئۇنىڭ رولدىكى ھالەتلىرى تولىمۇ ناچار بولۇپ، شەرقنىڭ تارىخىنى، شەرق مىللەتلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلمەيدىغان تاماشىچىلارغا يامان تەسىر بېرىپ قويىدۇ، بۇنداق تەسىرات ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان مۇھەببىتىنى ئالغا سۈرۈشكە توسقۇن بولىدۇ، چۈنكى شەرقتىكى جۇڭخۇا مىنگو خەلقىنىڭ ھالىتى رولدىكىدەك قەبىھ ئەمەس. جەمئىيىتىمىزدىكى يولداشلار كىنو سەنئىتىنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىـ

رىنى، ئىلىم - بىلىملىرىنى ئۆزئارا تونۇشتۇرىدىغان، ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، پۈتۈن دۇنيا خەلقىنى بىر - بىرىگە مېھرىبان قىلىدىغان ۋە پۈتۈن دۇنيا خەلقىنى بىر - بىرىگە ئۆچەكەشتۇرۇپمۇ قويىدىغان ئىقتىدارىنى ئوبدان بىلىدۇ. جەمئىيىتىمىزدىكى يولداشلار جانابلىرىنى ياخشى كۆرگەنلىكى، جانابلىرىنى چوڭ سەنئەتكار دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، جانابلىرىنىڭ ياخشىلىق تەرەپكە قاراپ تىرىشىشلىرىنى ئۈمىد قىلىدۇ؛ جانابلىرىنىڭ باشقا ئادەملەرگە ئوخشاش دۇنياغا يالغان - ياۋىداقلارنى تونۇشتۇرۇپ، ئۆز شەنلىرىنى بۇلغاپ قويۇشلىرىنى خالىمايدۇ» .

بۇ خەتتە كىنونىڭ تاماشىچىلار ئالدىدىكى كۈچ - قۇۋۋىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقى تىلغا ئېلىنغانلىقى يارايدۇ، لېكىن موڭغۇل شاھزادىسىنى «جۇڭخۇا مىنگو خەلقى» دەپ قارىغانلىقى فەيربانكىنى قارشى ئېلىشقا تۇرغانلارنىڭ قارىشىغا ئوخشاشلا خاتا؛ فەيربانكىنى «پۈتۈن دۇنيا خەلقىنى بىر - بىرىگە مېھرىبان قىلىش»قا دالالەت قىلغانلىقى تېخىمۇ خاتا. ئۇلار فەيربانكىنىڭ ئالا بايراقلىق دۆلەت[358]تە بېيىپ كەتكەن كىنو ئارتىسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان، ئەنە شۇنداق پىكىر خاتالىقى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا ھەقىقىي «4000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى تارىخىي مەدەنىيەت يېتىشتۇرگەن روھ»نى دۇنياغا تونۇشتۇرۇشنى يېلىنىش بىلەن ھاۋالە قىلغان:

«جەمئىيىتىمىزدىكى يولداشلار جانابلىرىغا 4000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى تارىخىي مەدەنىيەت يېتىشتۇرگەن روھنى ئۇنلۇك مەلۇم قىلىدۇ. بىز جۇڭخۇا خەلقى گۈزەل پەزىلەتنى قەدىرلەشتە، ئەدەپ - قائىدىگە ئوبدان ئەمەل قىلىشتا ئىلگىرى مۇبارەك دۆلەتلىرىنىڭ خەلقىدىن قې-





لىشمايتتۇق، بولۇپمۇ مۇبارەك دۆلەتلىرىنىڭ ھۆكۈمىتى دۇنيادا، خەلقئارادا ئادالەتنى قولدىن بەرمەي كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، بىز جۇڭخۇا خەلقى ئىززەت - ھۆرمەتلەپ كەلگەندۇق. جانابلىرى بۇ نۆۋەت شەرققە ساياھەت قىلىپ كېلىپ ئازغىنە ۋاقىت تۇرغاندا، ئەمەلىي ئىسپاتلارنى كۆرگەن بولسىلا كېرەك. بىزنىڭ جۇڭخۇا دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى سىياسىي ئەھۋالىنى ئالساق، ھازىر ئىنقىلابنى ئورۇنداش جەريانىدا تۇرماقتىمىز، مەملىكىتىمىزدە ئىچكى ئۇرۇش بولۇۋاتىدۇ، تىنچسىزلىق، پاراكەندىچىلىك بار، شۇنداق بولسىمۇ جۇڭخۇا خەلقى جانابلىرىغا ئوخشاش چەتتىن كەلگەن مېھمانلار ئالدىدا تېگىشلىك ئەدەپ - قائىدىنى ئورۇنداپ، ئىنسانىي مۇھەببەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان پەزىلىتىنى ئىپادىلەشنى ئۇنتۇمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى جانابلىرى ئۆز كۆزلىرى، قۇلاقلىرى بىلەن ئەينەن كۆرگەن، ئاڭلىغاندۇرلا. بەزىبىر باشقىچە گەپ - سۆزلەرمۇ بولدى، لېكىن بۇنداق گەپ - سۆزلەر جانابلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ ياردەمچىسى سۈپىتىدە پىكىر بايان قىلىشقا قاتناشتۇرغان ئادەملىرى ئەدەپ - قائىدىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، ئادەمگەرچىلىكتىن چەتنىگەن باياناتلارنى ئېلان قىلغانلىقى ۋە ئىپادىلەرنى بىلدۈرگەنلىكى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقتى…

جانابلىرىنىڭ شەرق ساياھىتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ھاسىل قىلغان ھەقىقىي ئەھۋاللارنى مۇبارەك دۆلەتلىرىدىكى كەسىپداشلارغا، ھەتتا پۈتۈن دۇنياغا تونۇشتۇرۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز، پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرى جۇڭخۇادىكى 400 مىليوندىن ئارتۇق خەلق بىلەن مېھرىبان، قەدىردان بولۇپ قالسۇن، بىر - بىرىگە ئۆچەكىشىپ يۈرىدىغان، دۇنياۋى يارىماس ئەھۋاللار پەيدا بولۇپ قالمىسۇن. بىز جۇڭخۇا خەلقى

خۇددى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلايلى.»

لېكىن، بۇ خەتتە ئېيتىلغان روھ، يىغىشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بىز موڭغۇل پادىشاھىنىڭ ئەۋلادلىرى مەملىكەت ئىچىدە ھەرقانچە ئۇرۇشۇپ، يېغىلىق پەيدا قىلىپ يۇرسەكمۇ، پەرەڭ غوجاملارغا ناھايىتى ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان روھ. ئۇ ئەنە شۇنىڭدىنلا ئىبارەت.

بۇ تىز چۆكتۇرۇلگەن قەدىمكى دۆلەت خەلقىنىڭ روھى، بولۇپمۇ كونسېپسىيىدە شۇنداق. تىز چۆكتۇرۇلگەنلىكى ئۇچۇن ئۆزىنى ئىقتىدارسىز دەپ قاراپ، دۇنياغا تەشۋىق قىلىشنى باشقىلارغا خۇشامەتگۆيلۇق بىلەن ھاۋالە قىلىشقا مەجبۇر، لېكىن ئۆزلىرىنى «4000 يىلدىن كۆپرەك تارىخىي مەدەنىيەت يېتىشتۇرگەن» دەپ قاراپ، دۇنياغا تەشۋىق قىلىشنى باشقىلارغا ھاۋالە قىلالىغانلىقىدا بىرئاز مەغرۇرلۇقمۇ بار. مەغرۇرلۇق بىلەن خۇشامەتگۆيلۇقنىڭ گىرەلىشىپ كەتكەنلىكى خارابلاشقان قەدىمىي دۆلەت خەلقىنىڭ رۇھىي خۇسۇسىيىتى.

ياۋروپا، ئامېرىكا جاھانگىرلىرى كېرەكتىن چىققان مىلتىقلىرى بىلەن جۇڭگونى ئۇرۇشقا، يېغىلىققا سېلىپ قويغان بولسا، كونا فىلىملىرى بىلەن جۇڭگو ئادەملىرىنى ھەيران قىلماقتا، كولدۇرلاتماقتا. تېخىمۇ كونىرىغاندىن كېيىن ئىچكى ئۆلكىلەردىمۇ گىمۇ ئەكىرىپ، كىشىنى قاپاق باش قىلىدىغان مائارىپنى كېڭەيتىدۇ. مەن ئويلايمەنكى، «كىنو ۋە كاپىتالىزم» دەك كىتاب ھازىر بىز ئۇچۇن تولىمۇ زۆرۈر!

1930 - يىل 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى .L





## ئىزاھلار:

(1) «ئۆركەش» — ئەدەبىي ئايلىق ژۇرنال. لۇشۈن، يۇ دافۇلار تەھرىرلىكىدە 1928 - يىل 6 - ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلىغان، 1929 - يىل 12 - ئايدا 2 - جىلد 5 - ساندىن كېيىن نەشردىن توختىغان.

(2) «ئۈندۈرمە» — ئەدەبىي ئايلىق ژۇرنال. لۇشۈن، فېڭ شۆفېڭ تەھرىرلىكىدە 1930 - يىل 1 - ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلىغان، 1 - جىلد 3 - ساندىن باشلاپ «سول قانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى» نىڭ ئورگان ژۇرنىلىغا ئۆزگەرگەن. 1930 - يىل 5 - ئايدا، 1 - جىلد 5 - سانىغا يەتكەندە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مەنئى قىلىنغان، 6 - سانى «يېڭى ئاي» ژۇرنىلىغا ئۆزگەرتىلگەن، بىرلا سان نەشر قىلىنىپ، نەشردىن توختىغان.

(3) بۇ يەردە ئاپتورنىڭ 1930 - يىلى شاڭخەيدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە نۇتۇق سۆزلىگەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «لۇشۈن خاتىرىلىرى» دە، شۇ يىلى 2 - ئاينىڭ 21 - ، 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنلىرى، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئىككى قېتىم جۇڭخۇا سەنئەت ئىنستىتۇتىدا، 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى داشيا ئىنستىتۇتىدا، 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى جۇڭگو گۇڭشۆ مەكتىپىنىڭ شۆبىسىدە، 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى يازلىق ئەدەبىي ئۆگىنىش يىغىنىدا نۇتۇق سۆزلىگەنلىكى كۆرسىتىلگەن. شۇ نۇتۇقلارنىڭ كوپىيىلىرى ساقلاپ قېلىنمىغان. شۇ چاغدىكى گېزىت - ژۇرناللارغا بېسىلغان خەۋەرلەرگە ۋە يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ ئەسلىمىلىرىگە قارىغاندا، ئالدىنقى تۆت قېتىم سۆزلىگەن نۇتقىنىڭ تېمىلىرى «رەسساملىق ھەققىدە»، «گۈزەل - سەنئەتتىكى رېئالىزم مەسىلىسى»، «پىل چىشى مۇنارى ۋە قۇلۇلە قېپى»، «گۈزەللىككە بولغان تونۇش» تىن ئىبارەت. ئەڭ ئاخىرىدىكى بىر قېتىملىق سۆزىنىڭ تېمىسى ئېنىق ئەمەس.

(4) پىل چىشى مۇنارى — بۇ، XIX ئەسىردە ئۆتكەن فرانسىيىنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىسى سان پېيۋى (1804—1869) نىڭ شۇ دەۋرنىڭ پاسسىپ رومانتىزم شائىرى ۋىنىرنى تەنقىد قىلغاندا ئىشلەتكەن سۆزى بولۇپ، كېيىن بۇ سۆز رېئال تۇرمۇشتىن ئايرىلغان ئەدىبلەرنىڭ كىچىك ماكانىنىڭ تەمسىلى بولۇپ قالغان.

(5) قۇلۇلە قېپى — «ئۇچ بەگلىك ھەققىدە قىسسە، ۋېي بەگلىكىنىڭ

يىلنامىسى»دە مۇنداق دېيىلگەن: «شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا زاھىت جياۋشىيەن قۇلۇلە قېپىغا ئوخشاش ساتما ياساپ، پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈپ، تېگىگە ياغاچ قويۇپ، ئۈستىگە پاخال سېلىپ ياتىدىكەن. زىمىستاندا گۈلخان يېقىپ، ئوتسىنىپ، ئۆزى يالغۇز شېئىر ئوقۇيدىكەن.»

(6) بۇ يەردە شاڭخەيدىكى «مىنگو گېزىتى»گە بېسىلغان بىر پارچە ماقالە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. 1930 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى «مىنگو گېزىتى. ئويغىنىش»تا «بەللى، ئەركىنلىك ھەرىكىتى بىر توپ ئالدامچىلارنىڭ ھۈنىرى ئىكەن» دېگەن تېمىدا دې تيەن ئىمزاسىدا (داشيا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات ـ سەنئەت فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسىمىش) لۇشۈننىڭ نۇتقىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىنغان بىر پارچە ماقالە بېسىلغان. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ئەكسىيەتچىل تەشۋىق قىلىشقا ئەمەلىيەتتە غەيرىتى يوق، شۇڭا ئەدەبىيات نۇتقى دېگەن نامنى سۈيىئىستېمال قىلىپ، ‹جۇڭگو ئەركىنلىك ھەرىكىتى ئىتتىپاقى› دېگەن تەشكىلاتنى قۇۋۋەتلەۋاتىدۇ. بۇ مەردلەرنىڭ پوزىتسىيىسى ۋە ھەرىكىتى ئەمەس، بۇنداقلارنى ھەقىقىي ئىنقىلابچى ھېسابلىغىلى بولامدۇ؟» مىنگو گېزىتى — 1916 ـ يىل 1 ـ ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنغان، 1924 ـ يىلى گومىنداڭنىڭ مەملىكەتلىك 1 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ ئورگان گېزىتىگە ئايلانغان، 1925 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، «غەربىي تاغ يىغىنى تەرەپدارلىرى»نىڭ قولىغا ئۆتۈپ، گومىنداڭ ئوڭچىلىرىنىڭ گېزىتىگە ئايلانغان.

(7) بۇ ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئىلغار يازغۇچىلارغا چاپلىغان بوھتانلىرى. «سول قانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇنداق بوھتانلار كۆپ بولدى. مەسىلەن، 1930 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىكى «مىنگو گېزىتى. ئويغىنىش»كە بېسىلغان «ئازاد جۇڭگو ئەدەبىيات مۇنبىرى» دېگەن ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەن: ئىلغار يازغۇچىلار «قىزىل ئىمپېرىيىگە سېتىلىپ، سوۋېت روسىيىسىدىن ئىش ھەققى ئورنىدا رۇبلى ئېلىپ تۇرغان». 1931 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى شاڭخەيدىكى «ئالماس گېزىتى»گە بېسىلغان «لۇشۈننىڭ سول قانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقىغا قاتنىشىشتىكى مۇددىئاسى» دېگەن ماقالىدە «كومپارتىيە دەسلەپكى مەزگىلدە ئېيىغا 800 مىڭ رۇبلى ئاجرىتىپ، شاڭخەيدە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۈچۈن تەشۋىقات خىراجىتى قىلىپ، ئاتالمىش پرولېتارىيات ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى پەيدا قىلغان» دېيىلگەن. «يېڭى ئاي» تەھرىراتىنىڭ ئەزاسى لياڭ شىچيۇمۇ شۇنداق سۆزلەرنى تارقاتقان، ئۇنىڭ سۆزلىرى مۇشۇ توپلامدىكى «‹كاپىتالىستلار›نىڭ ‹سالپايغان›، ‹لالما ئىتى›»غا قارالسۇن.





(8) «زامانساز ۋەزىرلەرنىڭ تەزكىرىسى» — 1930 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى «مىنگو گېزىتى»گە يېگىت ئىمزاسىدا بېسىلغان ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى «زامانساز ۋەزىرلەرنىڭ تەزكىرىسى — 1 نچى لۇشۈن» دېگەن ماقالىدە سول قانات ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەرىكىتىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىنغان، بولۇپمۇ لۇشۈنگە مەركەزلىك ھۇجۇم قىلىنغان ۋە بوھتان قىلىنغان. مەسىلەن، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئاتالمىش ئەركىنلىك ھەرىكىتى ئىتتىپاقىدا لۇشۈن ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان، ئاتالمىش سول قانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقىدا لۇشۈن ھەدەپ نۇتۇق سۆزلىگەن، ئۆتكەنكى پولات بوگۈنكى كۈندە پاختا بولۇپ قالدى، سەلتەنەتلىك بىر كىشى ئۇششاق باللارنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇققا ئايلىنىپ قالدى، شەرتسىز تىز پۈكۈپ كەتتى، ۋەھاكازا.»

(9) چېن يۈەن (1896—1970) — لەقىمى تۇڭبەي، تەخەللۇسى شىيىڭ، جياڭسۇ ئۆلكىسى ۋۇشى ناھىيىسىدىن، ھازىرقى زامان ئەنزارى تەرەپدارلىرىنىڭ مۇھىم ئەزاسى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا پروفېسسور بولغان. باشقا، «سۆلكەتلىك»لەر دېگەن سۆز باشقا ھازىرقى زامان ئەنزارى تەرەپدارلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار 1925 ـ يىلى بېيجىڭ قىزلار دارىلمۇئەللىمىنىدە يۈز بەرگەن ۋەقەدە شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى تەرەپتە تۇرۇپ، لۇشۈنگە ۋە ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا ھۇجۇم قىلغان. شىمالىي مىلىتارىستلارنى ھىمايە قىلغان «بۈيۈك بىرلىك كەچلىك گېزىتى» ئۇلارنى سۆلكەتلىكلەر دېگەن.

(10) مېھرىنگ (1846—1919) — گېرمانىيىلىك ماركسىزمچى، تارىخشۇناس، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەنقىدچىسى. ئۇ «گېرمانىيىدە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ تارىخى»، «ماركسىنىڭ تەرجىمىھالى» ۋە «رىدشىن رىۋايەتلىرى» قاتارلىق كىتابلارنى يازغان.

(11) بۇ، لياڭ شىچيۇنىڭ سۆزىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆز. بۇ توپلامدىكى «ياخشى ھۆكۈمەتىزم» ۋە ئۇنىڭ ئىزاھاتىغا قارالسۇن.

(12) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1930 ـ يىل 3 ـ ئايدا شاڭخەيدىكى ئايلىق ژۇرنال «ئۇندۇرمە»نىڭ 1 ـ جىلد 3 ـ سانىغا بېسىلغان.

(13) بۇ گەپ «يېڭى ئاي» ژۇرنىلىنىڭ 2 ـ جىلد 6 ـ ۋە 7 ـ قوشما سانىغا (1929 ـ يىل 9 ـ ئايدا) بېسىلغان خۇشىنىڭ «يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى ۋە گومىنداڭ»، لو لۇڭجىنىڭ «سۆز ئەركىنلىكىنى باسقۇچىلارغا» ۋە مۇھەررىرنىڭ «كىتابخانىلارغا مۇراجىئەت» دېگەن ماقالىلىرىگە قارىتىلغان. كېيىنكى ماقالىدە بۇرادەر نامىدىن: «بىز ‹پىكىر ئەركىنلىكى›گە ئېتىقاد قىلغۇچىلارمىز، بىز ‹سۆز ـ مەتبۇئات ئەركىنلىكى›نى قۇۋۋەتلىگۈچىلەرمىز، بىز ‹يول قويۇش› پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ (‹يول

قويمايدىغان، پوزىتسىيىگە بىز يول قويالمىغاندىن باشقا)، سالماقلىق، ئەقىلگە سىغىدىغان تەلىماتنى ياخشى كۆرىمىز» دېگەن. شۇ چاغدا «يېڭى ئاي» تەرەپدارلىرى گەرچە «سۆز ئەركىنلىكى»نى «قولغا كەلتۈرىمىز» دەپ جار سالسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئەربابلىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ئوخشاش كوممۇنىزمغا، خەلققە قارشى مەيداندا تۇرۇپ، خەلقنىڭ ھەقىقىي سۆز ئەركىنلىكىگە ئەمەلىيەتتە قارشى تۇرغان.

(14) لياڭ شىچيۇ «يېڭى ئاي»نىڭ 2 ـ جىلد 6 ـ ۋە 7 ـ قوشما سانىغا بېسىلغان «لۇشۈن ئەپەندىنىڭ ‹قاتمال تەرجىمە›سى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە: بۇرمىلاپ تەرجىمە قىلىش ئەلۋەتتە يارىمايدۇ، چۈنكى ئەسلىي مەزمۇنغا ساداقەتلىك قىلماي، جەۋھەرلەرنى داشقال قىلىپ قويىدۇ، لېكىن بىر پارچە كىتابنى باشتىن ـ ئاخىرغىچە تامامەن بۇرمىلاپ تەرجىمە قىلىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس، بىر بەتتە بۇرمىلاپ تەرجىمە قىلىنغان بىرنەچچە ئورۇن چېلىققان تەقدىردە، بۇرمىلانمىغان جايلار يەنە بولىدۇ. بۇرمىلاپ تەرجىمە قىلىنغان قىسمەن جايلار خاتا بولسا، سىزگە خاتالىق بولۇپ تۇيۇلىدۇ. بۇ خاتالىق ئېھتىمال كىشىلەرگە چەكسىز زىيان كەلتۈرمىسىمۇ، ئوقۇغىنىڭىزدا ھۇزۇرلىنىسىز. ئۆلۈك تەرجىمە باشقىچە بولىدۇ، ئۆلۈك تەرجىمە چوقۇم باشتىن ـ ئاخىرغىچە ئۆلۈك تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، ئوقۇساڭ ئوقۇمىغاندەك بولۇپ، ۋاقىت، كۈچ زايە كېتىدۇ. ھالبۇكى، بۇرمىلاپ تەرجىمە قىلىش خاتالىقنى ئۆتكۈزۈش بىلەن تەڭ ئۆلۈك تەرجىمە قىلىش خاتالىقنىمۇ ئۆتكۈزۈپ قويۇش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، لېكىن ئۆلۈك تەرجىمە قىلغۇچىلار بەزىدە بۇرمىلاپ تەرجىمە قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا، بۇرمىلاپ تەرجىمە قىلىشقا دەرۋەقە بەك ئۆچمىز، لېكىن ئۆلۈك تەرجىمە قىلىش ئۇسلۇبىنى ھەرگىز ئەۋج ئالدۇرماسلىق كېرەك» دېگەن.

(15) «ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە تەنقىد» — سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى لۇناچارسكىينىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە دائىر ماقالىلەر توپلىمى، لۇشۈن تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، 1929 ـ يىل 10 ـ ئايدا شاڭخەي شۈيمۇ كىتابخانىسىدىن نەشر قىلىنغان.

(16) «يېڭى ئاي» تەھرىراتىنىڭ باياناتى — بۇ، 1928 ـ يىل 3 ـ ئايدا «يېڭى ئاي» ژۇرنىلىنىڭ تۇنجى سانىغا بېسىلغان «‹يېڭى ئاي›نىڭ پوزىتسىيىسى» دېگەن ماقالىگە قارىتىلغان. ئۇنىڭدا: «بىز بىرنەچچە دوستنىڭ مۇشۇ ژۇرنالنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق تەشكىلاتىمىز يوق؛ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى تىرىشچانلىقىمىزدىن باشقا ھېچقانداق بىردەكلىكىمىز يوق؛ بىرنەچچە ئورتاق غايىدىن باشقا ھېچقانداق بىرلىكىمىز يوق» دېيىلگەن.

(17) شۈي جىمۇ (1897—1931) — جېجياڭ ئۆلكىسى خەينىڭ





ناھىيىسىدىن، شائىر، «يېڭى ئاي» تەھرىراتىنىڭ ئاساسىي ئەزالىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ «جىمۇ شېئىرلىرى»، «مىڭخۇ توپلىمى» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى «يېڭى ئاي»چى شائىرلار ئەسەرلىرىنىڭ ۋەكىلى. شېن سوڭۋېن، لىن شۇخۇا ئۆز ۋاقتىدىكى ھېكايىچىلەر بولۇپ، شۇ چاغدا «يېڭى ئاي»دا دائىم ھېكايە ئېلان قىلىپ تۇراتتى. ئاخىردا كۆرسىتىلگەن «ئۆي كۆچۈرۈش» لىن شۇخۇا يازغان ھېكايە.

(18) بىكار پاراڭلار — چېن شىيىڭنىڭ «ھازىرقى زامان ئەنزارى»نىڭ «بىكار پاراڭلار» دېگەن مەخسۇس سانىدا ئېلان قىلغان ماقالىسى، ئۇ كېيىن «شىيىڭنىڭ بىكار پاراڭلىرى» دەپ توپلاپ، 1928 ـ يىل 3 ـ ئايدا «يېڭى ئاي» كىتابخانىسىدا نەشر قىلغان.

(19) پەن گۇاڭدەن (1899—1969) — جياڭسۇ ئۆلكىسى باۋشيەن (شاڭخەي شەھىرىگە قاراشلىق) لىك. «يېڭى ئاي» تەھرىراتىنىڭ ئەزاسى. ئۇ نەسەبنى بەزى پومېشچىك ئائىلىسىنىڭ شەجەرىسى بىلەن يېشىپ، ئېسىل نەسەب تەلىماتىنى تەرغىب قىلغان؛ «مىڭ، چىڭ دەۋرلىرىدىكى جياشىڭ يۇرتىدىكى ئابرۇيلۇق نەسەبلەر» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئېسىل نەسەب تەلىماتى — ئەنگلىيىلىك ئىرسىيەتچى ئالىم گوردۇن 1883 ـ يىلى «ئىرقنى ياخشىلاش» تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭدا ئادەملەرنىڭ ياكى ئىرقلارنىڭ ئاناتومىيە ۋە ئەقىل جەھەتتىكى پەرقىنى ئىرسىيەت بەلگىلەيدۇ، «ناچار ئادەملەر»نى يوق قىلىپ، «ئېسىل ئادەملەر»نى كۆپەيتكەندىلا، ئاندىن ئىجتىمائىي مەسىلە ھەل بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن.

(20) ئىككى پارچە تەرجىمە شېئىر — بۇ، گو مورو تەرجىمە قىلغان سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مالىنخوفنىڭ «ئۆكتەبىر» ۋە سوۋېن تەرجىمە قىلغان سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى سامبىتنىكنىڭ «بىر يېڭى يولداشقا» سەرلەۋھىلىك شېئىرلىرىغا قارىتىلغان.

(21) «تارىخنامە» — غەربىي خەن دەۋرىدىكى سىما چيەن يازغان. «خەن يىلنامىسى» — شەرقىي خەن دەۋرىدىكى بەنگۇ يازغان. «قەدىمنامە» — مەملىكىتىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمىي تارىخىي ھۆججەتلەر ۋە قەدىمكى ئىشلارنى قىسمەن بايان قىلغان ئەسەرلەر توپلانمىسى.

(22) تاڭ دەۋرىدە تەرجىمە قىلىنغان سۇترا، يۈەن دەۋرىدە تەرجىمە قىلىنغان يارلىقلار — مەملىكىتىمىزدە شەرقىي خەن سۇلالىسىدىن باشلاپ بۇددا كىتابلىرى (سۇترا)نى تەرجىمە قىلىش ئىشى باشلانغان بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىگە كەلگەندە يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر بولغانلىرى شۈەن جۇاڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تەرجىمە قىلىنغان 75 قىسىم 1335 پارە بۇددا كىتابى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يۈەن سۇلالىسىدىكى ھۆكۈمرانلار يارلىقلار، ئىلتىماس ـ ئەرزلەر ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ

خەت ـ چەكلىرى موڭغۇلچە يېزىپ خەنزۇچە تەرجىمىنى بىرگە قوشۇپ قويۇشنى مەجبۇرىي بەلگىلىگەن، تاڭ ۋە يۈەن دەۋرلىرىدىكى بۇ خىل تەرجىمىلەر كۆپىنچە سۆزمۇسۆز تەرجىمە بولۇپ، ئەسلىي تىلدىكى بەزى گىرامماتىكىلىق بىرىكمىلەر ساقلاپ قېلىنغان. بەزى سۆزلۈكنى خەنزۇ تىلى تەلەپپۇزى بويىچە ئېلىپ، شۇ چاغدىكى ۋە كېيىنكى چاغدىكى خەنزۇ تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبى ۋە گىرامماتىكىسىغا كۆپ تەسىر قىلغان.

(23) چۈچۈەن بەيسۈن (1880—1923) — ياپونىيىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەنقىدچىسى. ئۇنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت توغرىسىدىكى ئەسىرى «دەرد ـ ھەسرەت سىمۋولى» نى لۇشۈن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان، ئۇنى 1924 ـ يىل 12 ـ ئايدا بېيجىڭدىكى «شىمال يېڭىلىقلىرى» كىتابخانىسى نەشر قىلغان.

(24) «قەدىمكى ئېسىل يازمىلار» — چىڭ سۇلالىسى كاڭشى دەۋرىدە ۋۇ چۇسەي، ۋۇ دياۋخۇ تاللاپ يىغقان قەدىمكى ئەدەبىي پارچىلار. بۇنىڭغا چىن سۇلالىسىدىن مىڭ سۇلالىسىغىچە يېزىلغان 222 پارچە نەسرىي ئەسەر كىرگۈزۈلگەن.

(25) لياڭ شىچيۇنىڭ بۇ بىر ئابزاس سۆزىنىڭ ئەسلىسى مۇنداق: «پرولېتارىياتچە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى جەھەتتە جۇڭگوچە تەرجىمە قىلىنغان تەخمىنەن 10 نەچچە كىتابنى كۆردۈم، بۇ خىل نەرسىنى مەخسۇس تەرغىب قىلغان ژۇرنالدىنمۇ ئىككى ـ ئۈچ خىلىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ مەزمۇنىنى ئوقۇپ چۈشىنىشكە ئىمكانىيەتچە تىرىشساممۇ، لېكىن ناھايىتى ئەپسۇسكى، بۇ خىل كىتابلاردىن مەن ئوقۇپ چۈشىنەلىگۈدەكلىرى يوق. ئېھتىمال مەزمۇنى چوڭقۇر بولسا كېرەك، يا بولمىسا بىلىمىم يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىن بولۇشى كېرەك. ئەمما، بۇ خىل تەشۋىقات كىتابلىرىنىڭ، مەسىلەن، لۇناچارسكىي، پلېخانوف، بوگدانوف قاتارلىق بىرنېمىلەرنىڭ كىتابلىرىنىڭ مېنى ھەممىدىن قىينايدىغىنى تىلى ئىدى. گىرامماتىكىسىنىڭ مۇجمەل بولغانلىقى، سىنتاكسىسىنىڭ مۇرەككەپ بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنى ئوقۇماق تىلسىمنامىدىنمۇ تەس ئىدى. پرولېتارىيات ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى تەشۋىق قىلىدىغان كىتابلار بۇ قەدەر چۈشىنىشكە تەس بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تەشۋىقاتچىلىق رولىنى يوقىتىپ قويغان. پرولېتارىيات ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ھازىر جۇڭگولۇقلار ئوقۇپ چۈشىنەلىگۈدەك تىل بىلەن بىرەر پارچە ماقالە يېزىپ چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان بىرەر جۇڭگولۇق تېخى چىقمىدى. مەن ھازىر پەقەتلا چۈشەنگەن ئازغىنە ماتېرىيالغا ئاساسەن، ئاتالمىش پرولېتارىيات ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى تەنقىدلىدىم.»

(26) بوگدانوف (1873—1928) — سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئىدېئالىستىك پەيلاسوپ، ئۆز ۋاقتىدا بولشېۋىكلارغا قاتنىشىپ، 1918 ـ يىلى





ئاتالمىش «پرولېتارىياتچە مەدەنىيەت» تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ «پرولېتارىياتچە شېئىرلار»، «پرولېتارىياتچە ئەدەبىي تەنقىد»، «دىن، سەنئەت ۋە ماركسىزم» قاتارلىق ئۈچ پارچە ماقالىسى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، لوندوندىكى «ئەمگەك» ئايلىق ژۇرنىلىغا بېسىلغان. كېيىن سۇ ۋېن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، خۇا شى تەرجىمە قىلغان «〈پرولېتارلار مەدەنىيىتى〉 خىتابنامىسى» نى قوشۇپ «يېڭى سەنئەت توغرىسىدا» دېگەن توپلانما قىلىپ، 1929 ـ يىلى نەشر قىلغان.

(27) ۋۇ جىخۇي (1866—1953) — لەقىمى جىڭخېڭ، جياڭسۇ ۋۇجىڭلىق، گومىنداڭنىڭ سىياسەتۋازى، بۇ يەردە نەقىل قىلىنغان سەپسەتىسى 1927 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئۇنىڭ ۋاڭ جىڭۋېيغا يازغان خېتىدىن ئېلىنغان.

(28) لياڭ شىچيۇنىڭ سىنىپىي كۈرەشنى بۇرمىلىغان بۇ بىر ئابزاس سۆزى «ئەدەبىياتتا سىنىپىيلىق بولامدۇ؟» دېگەن ماقالىسىدە بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېگەن: «پرولېتارلاردا ئەسلىدە سىنىپىي ئاڭ يوق ئىدى، تولىمۇ ھېسداشلىق بولغان سەپرا مىجەز داھىيلار ئۇلارغا سىنىپىي كۆزقاراشنى سىڭدۈرگەن، سىنىپىي كۆزقاراش پرولېتارلارنى بىرلەشتۈرمەكچى، پرولېتارلارنىڭ كۈرەش ئارزۇسىنى قوزغىماقچى. بىر پرولېتار ئەگەر يارامىلىق كىشى بولسا، جەبىر ـ جاپا چېكىپ ئۆمۈر بويى سەممىي ئىشلىسىلا ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئۆز لايىقىدا يېتەرلىك مال ـ مۈلۈككە چوقۇم ئىگە بولالايدۇ. مانا بۇ توغرا تۇرمۇش كۈرەش ۋاستىسى بولىدۇ. پرولېتارلار بىرلەشكەندىن كېيىن بىر سىنىپ بولۇپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ تەشكىلاتى بولىدۇ، ئۇلار بىر گۇرۇھ بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار غەيرىي يول بىلەن بىر سەكرەپلا سىياسىي ۋە مالىيە ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، بىر سەكرەپلا ھۆكۈمران سىنىپ بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار ئىنتىقام ئالماقچى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىنتىقام ئېلىشىنىڭ بىردىنبىر قورالى كۆپ كىشىنىڭ تەسىرىگە تايىنىشتىن ئىبارەت. «كۆپچىلىك»، «ئامما»، «گۇرۇھ» — بۇ پرولېتارىياتنىڭ قوزغىلاڭ قورالىدۇر.

(29) گالىلېي (1564—1642) — ئىتالىيىلىك فىزىكا ئالىمى ۋە ئاسترونوم، 1632 ـ يىل «ئىككى خىل دۇنياۋى سىستېما توغرىسىدا دىئالوگ» نى ئېلان قىلىپ، تورىمىنىڭ «يەر مەركەز تەلىماتى» غا قارشى چىقىپ، كوپېرنىكنىڭ تەلىماتى — يەر شارىنىڭ قۇياشنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىدىغان «قۇياش مەركەز تەلىماتى» — نى ئىسپاتلىغان ۋە تەرەققىي ئەتتۈرگەن، شۇڭا 1633 ـ يىلى رىم پاپاسىنىڭ ھۆكۈمى بىلەن ئۆمۈرۋايەت نەزەربەند قىلىنغان.

(30) دارۋىن (1809—1882) — ئەنگلىيىلىك بىئولوگىيە ئالىمى،

تەدرىجي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇ 1859 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «نەسلىنىڭ مەنبەسى» دېگەن كىتابىدا تەبىئىي تاللاشنى ئاساس قىلىدىغان تەدرىجي تەرەققىيات تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۈرلۈك ئىدىئالىستىك ئىلاھ يارىتىش نەزەرىيىسى، مەقسەت نەزەرىيىسى ۋە نەسىل ئۆزگەرمەسلىك نەزەرىيىسىنى بىتچىت قىلىپ، ئىلاھىيەتچىلىككە قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن دىنىي ھاكىمدارلارنىڭ ۋە پارىژ پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ خورلىشىغا دۇچار بولغان.

(31) بۇ سۆزمۇ «ئەدەبىياتتا سىنىپىيلىق بولامدۇ؟» دېگەن ماقالىدە چىققان، بۇ ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەن: «پرولېتارىياتنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىدە ئىقتىساد ئاساسىي سەۋەبتۇر. كونا جەمئىيەتتە ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ چىرىكلىكىمۇ، ھۆكۈمەتنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلىقىمۇ، ھەقىقىي داھىيلارنىڭ كەمچىلىكىمۇ پرولېتارىياتنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇنداق ئىنقىلابىي ھادىسە ئۇزۇنغىچە داۋام قىلالمايدۇ. تەبىئىي تەدرىجي تەرەققىياتتىن كېيىن، كۈچلۈكلەرنىڭ غەلىبە قىلىشى، ئاجىزلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشى قانۇنىيىتى شۇنىمۇ ئىسپاتلاپ بەردىكى، يەنىلا زېھنىي قابىلىيىتى باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئادەملەر ئۈستۈن ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، پرولېتار يەنىلا پرولېتارلىقىدا قېلىۋېرىدۇ، مەدەنىيەت يەنىلا تەرەققىي قىلىدۇ. پرولېتارىيات بۇنى بىلىسە كېرەك، مۇشۇ سىنىپنىڭ غەلىبىسىنى نۆۋەتتىكى ئىقتىساد نەتىجىسى بىلەنلا مەڭگۈ كاپالەتلەندۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنىمۇ بىلىسە كېرەك. مەدەنىيەتكە قارشى كۈچلەر ھەرقاچان مەدەنىيەت كۈچلىرى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلىدۇ. شۇڭا، پرولېتارىيات يېقىندىن بۇيان «يوقالسۇن كاپىتالىستلار» دەپ ئۈنلۈك شوئار توۋلىغاندىن باشقا، يەنە يېڭى خىزمەتكە كىرىشىپ، ئاتالمىش ‹پرولېتارىيات مەدەنىيىتى› نى، جۈملىدىن پرولېتارىيات ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى بەرپا قىلماقچى بولىۋاتىدۇ».

(32) بۇ سۆزمۇ «ئەدەبىياتتا سىنىپىيلىق بولامدۇ؟» دېگەن ماقالىدىن چىققان. بۇ ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەدەبىياتنىڭ زېمىنى ھەممىدىن كەڭ، تۈپ جەھەتتىن ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، دۆلەت چېكى بولمايدۇ، سىنىپ چېكى تېخىمۇ بولمايدۇ، كاپىتالىست بىلەن ئەمگەكچىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغان يېرى بار، ئىرسىيىتى، تەربىيىسى، ئىقتىسادىي مۇھىتى ئوخشاشمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، تۇرمۇش ھالىتىمۇ ئوخشاشمايدۇ؛ لېكىن ئۇلارنىڭ ئوخشاش يەرلىرىمۇ بار؛ ئۇلارنىڭ ئىنسانىي تەبىئىتى پەرقلەنمەيدۇ؛ تۇغۇلۇش، قېرىش، كېسەل بولۇش، ئۆلۈشنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشق ـ مۇھەببىتى بولىدۇ، رەھىمدىللىكى، ۋەھىمىلىك ھېسسىياتى بولىدۇ. ئەخلاقىي قارشى بولىدۇ، ئۇلار تېنىنىڭ سالامەت





بولۇشىنى، كۆڭلىنىڭ خۇشال بولۇشىنى ئىزدەيدۇ. ئەدەبىيات ئەنە شۇ ئەڭ ئاساسلىق ئىنسان تەبىئىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سەنئەت. پرولېتارىياتنىڭ جەبىر ـ جاپالىق تۇرمۇشىنى يېزىشقا ئەرزىيدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن، بۇ جەبىر ـ جاپالىق راستتىنلا چوڭقۇر بولىدىغان بولسا، بۇ جەزمەن بىر سىنىپقا تەئەللۇق بولمايدۇ. كىشىلىك ھاياتنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرى سىنىپتىن ھالقىغان بولىدۇ. مەسىلەن، ئىشق ـ مۇھەببەت (مېنىڭ دەۋاتقىنىم ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ ئۇسۇلى ئەمەس، ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ ئۆزى) تە سىنىپىي پەرق بارمۇ؟ يەنە مەسىلەن، تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىگە ئوقۇلغان مەدھىيىدە سىنىپىي پەرق بارمۇ؟ يوق. ئەگەر ئەدەبىيات تۇرمۇش ھادىسىلىرىنىڭ كۆرۈنۈشى ھەققىدىكى تەسۋىر بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا، ئەدەبىياتتا سىنىپىيلىق بار، دەپ ئېتىراپ قىلساقمۇ بولىدۇ، بۇ پرولېتارىيات ئەدەبىياتى ئۆزىگە خاس نەزەرىيە ئاساسقا ئىگە، دەپ ئېتىراپ قىلساقمۇ بولىدۇ. لېكىن، ئەدەبىيات بۇنداق يۈزە نەرسە ئەمەس. ئەدەبىيات ئىنسانلار قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئۇرغۇپ چىققان سادا. ئەگەر ‹تۇرخۇن ـ پۇرخۇن!›، ‹سىگنال ـ پىگنال!›، ‹موتور ـ پوتۇر!›، ‹لېنىن ـ پېنىن!›، دېيىلگەنلەر پرولېتارىيات ئەدەبىياتى بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا پرولېتارىيات ئەدەبىياتىغا ھېچقانداق نەزەرىيە كەتمەيدۇ. ئۆزى تۇغۇلۇپ، ئۆزى يوقىلىپ كەتسۇن. مېنىڭچە، ئەدەبىيات مەلۇم بىر سىنىپنىڭ تۇرمۇش ھادىسىسى دائىرىسى ئىچىدە چەكلىنىپ قالىدىغان بولسا، ئەدەبىياتنى ھەقىقەتەن بەك يۈزە، بەك تار چاغلىغان بولىمىز».

(33) لياڭ شىچيۇ «ئەدەبىياتتا سىنىپىيلىق بولامدۇ؟» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دېگەن: «ئەدىبلەر باشقىلارغا قارىغاندا ھېسسىياتچان، سەزگۈر، مۇكەممەل سەنئەتكار كېلىدۇ. ئۇ بۇرژۇئازىيە ياكى پرولېتارىياتقا تەئەللۇق بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن بۇنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ تولستوي ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، پۇقرالارغا چەكسىز ھېسداشلىق بىلدۈرگەن، لېكىن ئۇ سىنىپىي كۈرەشنى قۇۋۋەتلىمىگەن. نۇرغۇن كىشىلەر ماركسنى خۇدانىڭ ئورنىدا كۆرۈپ كەلگەن، لېكىن ماركسنىڭ ئۆزى پرولېتارلاردىن ئەمەس. ئۆمۈر بويى گادايلىق ـ غۇربەتچىلىكتە ياشىغان ئالىم جونسۇننىڭ ئارزۇ ـ ئارمان ۋە خۇي ـ پەيلى توغرىسىدا ئېيتقان گەپلىرى ئاقسۆڭەكلەرنىڭكىنى بېسىپ چۈشكەن. دېمەك، ئەدەبىياتقا باھا بېرىشتە ئەسەرنىڭ ئۆزىگە قاراش كېرەك. ئاپتورنىڭ سىنىپىيلىقىغا ۋە مەرتىۋىسىگە چاتماسلىق كېرەك.»

(34) جونسۇن (1709 — 1784) — ئەنگلىيە يازغۇچىسى، ئەدەبىيات تەنقىدچىسى. ئۇ كىتاب سودىگىرى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، باشتا قەلەم ھەققىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن، كېيىن ئۆز ئالدىغا بىرىنچى

بولۇپ ئىنگلىزچە لۇغەت تۈزۈپ چىققاندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ ماختىشىغا ئىگە بولۇپ، ھۆكۈمەتتىن يىللىق ئىش ھەققى ئالغان، شۇنىڭ بىلەن مەشھۇر بولۇپ، بۇرژۇئازىيە يۇقىرى تەبىقىسىگە كىرگەن.

(35) بۇ يەردىكى نەقىلمۇ «ئەدەبىياتتا سىنىپىلىق بولامدۇ؟» دېگەن ماقالىدىن چىققان، ئەسلىي ماقالىنىڭ تېكىستى مۇنداق: «ياخشى ئەسەر ھەرقاچان ئاز سانلىق ئادەملەرگىلا خاس بولىدۇ. زور كۆپچىلىك كىشىلەر ھەرقاچان دۆت بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتتىن ھەرگىز نېسىۋىسى بولمايدۇ، لېكىن زوقلىنىش ئىقتىدارىنىڭ بار - يوقلۇقى سىنىپ بىلەن ئالاقىسىز بولىدۇ. ئاقسۆڭەك بۇرژۇئازلاردىن ئەدەبىياتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلار بولىدۇ، پرولېتارلاردىن ئەدەبىياتقا زوقلىنىدىغانلار بولىدۇ. ئەدەبىياتنى يارىتىش تالانت، ئەدەبىياتقا زوقلىنىش تۇغما ئامەت. شۇڭا، ئەدەبىياتنىڭ قەدىر - قىممىتى ھەرگىز كىتابخانىلارنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە باغلىق ئەمەس. ئادەتتىكى ئىشچى - دېھقانلار كۆڭۈل ئېچىشقا موھتاج، بەلكى ئازغىنە بەدىئىي كۆڭۈل ئېچىشقا مۇھتاج. مەسىلەن، قانداقتۇر ئاممىباب تىياتىر، كىنو، قانداقتۇر رازۋېدكا ھېكايىلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە موھتاج. كۆپچىلىكنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن ھازىرلانغان ئەدەبىيات چوقۇم ئاممىغا ماسلاشتۇرۇلغان بولىدۇ. يول قويۇلغان بولىدۇ، يۇزە بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئەدىبلەرنى بۇنداق ھايانكەشلىك قىلىشقا بۇيرۇماسلىقىمىز كېرەك. شاھزادە، ئېسىلزادىلەرگە ياللانغان ئەدىبلەرنىڭ ئوقۇغان مەدھىيە شېئىرلىرىدىن يىرگىنىمىز، چۈنكى بۇنداق نەرسىلەر ساختا. لېكىن، پرولېتارىياتنىڭ تەھدىتى ئاستىدا پرولېتارىياتقا ئوقۇلغان مەدھىيە ئەسەرلىرى ئوخشاشلا ساختا، يىرگىنچلىك ئەمەسمۇ؟ ئەدىبلەر پۈتۈن زېھنى بىلەن ئەسەر يارىتىشنى بىلىدۇ··· ئۇنىڭ قايسى سىنىپقا تەئەللۇق ئىكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر كىم ئۇنى چۈشەنسە، شۇنىڭغا دىلداش بولىدۇ.»

(36) بۇ يەردىكى نەقىلمۇ «ئەدەبىياتتا سىنىپىلىق بولامدۇ؟» دېگەن ماقالىدىن چىققان. ئەسلىي تېكىستىدە مۇنداق دېيىلگەن: «پرولېتارىيات ئەدەبىيات نەزەرىيىچىلىرى بىزگە دائىم ئەدەبىيات - كۈرەشنىڭ قورالى دەيدۇ. ئەدەبىياتنى قورال دەپ قاراشنىڭ مەنىسى ناھايىتى ئېنىق. ئۇ بولسىمۇ ئەدەبىياتنى تەشۋىقات بۇيۇمى قىلىش، سىنىپىي كۈرەش قورالى قىلىش. بىز ھەرقانداق كىشىنىڭ ئەدەبىيات ئارقىلىق باشقا مەقسەتكە يېتىۋېلىشىغا قارشى ئەمەسمىز، چۈنكى بۇنىڭ ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە زىيىنى يوق، لېكىن تەشۋىقات شەكلىدىكى يېزىقلارنى ئەدەبىيات دەپ ئېتىراپ قىلالمايمىز».

(37) چيەن شىنسۈن (1900—1977) — تەخەللۇسى ئايىن، ئەنخۇي ئۆلكىسى ۋۇخۇ ناھىيىسىدىن. ئەدىب، «قۇياش» تەھرىراتىنىڭ ئاساسلىق





ئەزالىرىدىن بىرى. ئۇ «بوز يەر ئاچقۇچى» نىڭ 1 - سانى (1930 - يىل 1 - ئاي) دىكى «جۇڭگونىڭ يېقىندىن ئەۋج ئالغان ئەدەبىياتىدىكى بىرقانچە كونكرېت مەسىلە» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دېگەن: «بۇنداق ئەدەبىيات (شوئار شەكلىدىكى ئەدەبىياتنى دېمەكچى) ھەر جەھەتتىن ناھايىتى گۆدەك بولسىمۇ، لېكىن بەزى چاغلاردا ئاممىنى قوزغىيالايدۇ. لۇناچارسكىي مۇنداق دېگەن: ‹مۇرەككەپ، ئالىيجاناب جەمئىيەتنىڭ مەزمۇنىنى مىليونلىغان كىشىنى تەسىرلەندۈرەلەيدىغان كۈچلۈك سەنئەتنىڭ ئاددىيلىقى بىلەن ئىپادىلىيەلەيدىغان يازغۇچىلار شان - شەرەپكە مۇناسىپ بولغاي. بىرقەدەر ئاددىي، بىرقەدەر ئىپتىدائىي مەزمۇن ئارقىلىق بولسىمۇ، مىليونلىغان ئاممىنى تەسىرلەندۈرەلەيدىغان يازغۇچىلار شان - شەرەپكە مۇناسىپ بولغاي. بۇنداق يازغۇچىلارغا ماركسىزم تەنقىدچىلىرى ئىنتايىن يۇقىرى باھا بېرىشى كېرەك.› («ئىلمىي ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدىنىڭ ۋەزىپىسى ھەققىدىكى تېزىس» تىن ئېلىنغان) بۇرژۇئازىيە تەرىپىدىن قارىلانغان ‹شوئار ئاساسىدىكى ئەدەبىيات›قا نىسبەتەن، بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ گۆدەكلىكىنى ئېتىراپ قىلماي قالمايمىز، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭغا خېلى دەرىجىدە باھا بەرمەي تۇرالمايمىز.» «بوز يەر ئاچقۇچى» — ئەدەبىيات ئايلىق ژۇرنىلى. جاڭ گۇاڭسېنىڭ تەھرىرلىكىدە 1930 - يىل 1 - ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنغان، سول قانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شۇ تەشكىلاتنىڭ ژۇرناللىرىدىن بىرى بولغان. شۇ يىل 5 - ئايدا 4 -، 5 - قوشما سانى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مەنئى قىلىنغان.

(38) دېميان بېدنىي (1883—1945) — سوۋېتلىك شائىر، گرازدانلار ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئىنقىلابنى مەدھىيىلەپ، دۈشمەننى مەسخىرە قىلىپ، سىياسىي رىغبەتلەندۈرۈش ئاساسىدىكى نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان، 1923 - يىل 4 - ئايدا روسىيە مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا «قىزىل بايراق مېدالى» بېرىلگەن.

(39) «تەرجىمە قىلىشنىڭ تەسلىكى» دېگەن سۆز خۇ شىنىڭ «تەرجىمە ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ماقالە «يېڭى ئاي» ژۇرنىلىنىڭ 1 - جىلد 11 - سانى (1929 - يىل 1 - ئاي) غا بېسىلغان. ئۇنىڭدا «تەرجىمە قىيىن ئىش، ھەرقانداق ئادەم خاتا كەتكۈزۈپ قويۇشتىن خالىي بولالمايدۇ» دېگەن سۆز بار.

(40) فادېيېف (1901—1956) — سوۋېت يازغۇچىسى، «تارمار»، «ياش گۋاردىيىچىلەر» دېگەن رومانلارنى يازغان.

(41) گلادكوف (1883—1958) — سوۋېت يازغۇچىسى. ئۇ سوۋېت ئىگىلىكىنىڭ گۈللىنىشىنى تەسۋىرلەپ «سېمېنت» دېگەن رومانىنى يازغان.

(42) چيەن شىنسۈن «جۇڭگونىڭ يېقىندىن ئەۋج ئالغان ئەدەبىياتىدى-

كى بىرقانچە كونكرېت مەسىلە» دېگەن ماقالىسىدە لۇشۈن، ماۋدۇن قاتارلىقلارنىڭ «شوئار ئاساسىدىكى ئەدەبىيات»قا بەرگەن تەنقىدىنى «بۇرژۇئا يازغۇچىلىرى»نىڭ «پرولېتارىيات ئەدەبىيات مۇنبىرى»گە قىلغان «زەھەرخەندە مەسخىرىسى» دېگەن.

(43) ئالېكسېي تولستوي (1883—1945)، ۋېرېسايېف (1867—1945)، پرىشۋىن (1874—1954) — ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغىچە داڭدار بولغان، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن داۋاملىق ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان يازغۇچىلار.

(44) بۇ سۆزمۇ «ئەدەبىياتتا سىنىپىيلىق بولامدۇ؟»دىن چىققان.

(45) چېڭ فاڭۋۇ «ئىجادىيەت» پەسىللىك ژۇرنىلىنىڭ 2 ـ جىلد 2 ـ سان (1924 ـ يىل 1 ـ ئاي) دىكى «چۇقان»غا باھا دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دېگەن: لۇشۈننىڭ تارىخىي رومانى «جۇجۇشەن تېغى» (كېيىن «ئاسماننى ياماش»قا ئۆزگەرتىلگەن) دا «كىشىنىڭ رازى بولمايدىغان يەرلىرى بولسىمۇ»، لېكىن ئۇ ئاپتورنىڭ «ساپ سەنئەت ئوردىسىغا كىرىشكە ئۇرۇنغان» «ياخشى ئەسىرى».

(46) «فېئودالىزمنىڭ پۇشتى» — «ئىجادىيەت ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2 ـ جىلد 1 ـ سان (1928 ـ يىل 8 ـ ئاي) دىكى دۇ چۈەن ئىمزاسىدا بېسىلغان «ئەدەبىيات ـ سەنئەت سېپىدىكى فېئودالىزمنىڭ پۇشتى» دېگەن ماقالىسىگە قارالسۇن، بۇ ماقالىدە لۇشۈنگە «كاپىتالىزمدىن ئىلگىرىكى فېئودالىزمنىڭ پۇشتى» دەپ بوھتان چاپلانغان. بۇ ماقالىدە يەنە لۇشۈننىڭ ئۆتكەنكى ۋاقىتتا چېن شىيىڭ، چاڭخۇڭ بىلەن بولغان ئېلىشىشى «مايمۇنلارنىڭ ئېلىشىشى» دېيىلگەن. «چىشلىرىمنىڭ رەڭگىگىچە تىللاشتى» دېگەن سۆز «كۆچمە قۇم» ژۇرنىلىنىڭ 3 ـ سانى (1928 يىل 4 ـ ئاي) غا «دىل نۇرى» ئىمزاسىدا بېسىلغان «لۇشۈن شاڭخەيدە» دېگەن ماقالىگە قارالسۇن. بۇ ماقالىدە لۇشۈننى «پۈتۈن سېرىق چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، بۇ يەردە ھىجىيىۋاتىدۇ» دەپ تىللىغان.

(47) Prometheus — پرومېتېئۇس: يۇنان رىۋايەتلىرىدىكى بەخت ئاتا قىلغۇچى ئىلاھ. رىۋايەتلەردىن قارىغاندا، ئۇ ئىلاھ زېۋسنىڭ دەرگاھىدىن ئىنسانلارغا ئوت ئوغرىلاپ بەرگەنمىش. شۇنىڭ بىلەن زېۋس ئۇنى كاپكاز تېغىنىڭ قورام تېشىغا مىخلاپ، شۇڭقارلارغا جىگىرىنى يېگۈزۈش بىلەن جازالىغانمىش.

(48) «ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىياسىتى» — لۇشۈن 1928 ـ يىلى تەرجىمە قىلغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىياسىتىگە دائىر ھۆججەتلەر توپلىمىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنى «پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىياسىتى توغرىسىدا» (1924 ـ يىل 5 ـ ئايدا





ئۆتكۈزۈلگەن روسىيە كوممۇنىستلار (بولشېۋىكلار) پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىياسەتلىرىنى مۇزاكىرە قىلىش يىغىندىلىرىنىڭ خاتىرىسى)، «ئىدېئولوگىيە سېپى ۋە ئەدەبىيات» (1925 ـ يىل 1 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن 1 ـ نۆۋەتلىك پرولېتارىيات يازغۇچىلىرى يىغىنىنىڭ قارارى) ۋە «پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى سىياسەتلىرى» (1925 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئېچىلغان روسىيە كوممۇنىستىك (بولشېۋىكلار) پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارارى) دىن ئىبارەت ئۈچ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ھۆججەتلەر ياپونىيىدىكى ۋە يىسۇڭ شىلاڭ بىلەن زاڭيۈەن ۋېيرېن تەرجىمە قىلىپ چىققان ياپونچىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىنغان، «ئۆركەش» ئايلىق ژۇرنىلىغا ئۇدا بېسىلغان، 1930 ـ يىل 6 ـ ئايدا شۇيمۇ كىتابخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، بۇ ماقالىلەر لۇشۈن، فېڭ شۆفېڭلار تەھرىرلىگەن «ئىلمىي سەنئەت مەجمۇئەسى»گە كىرگۈزۈلگەن.

(49) جېن بوچى (1895—1979) — شەنشى ئۆلكىسى شىئەن شەھىرىدىن، يازغۇچى، ئىجادىيەت تەھرىراتىنىڭ ئەزاسى. شۇ چاغدا ئۇ شاڭخەيدە ھۆججەتلەر كىتابخانىسى ئاچقان.

(50) Hauptmann خۇپتىمان (1862—1946) — گېرمانىيىلىك، دراما يازغۇچىسى. Gregory — گرېگورى خانىم (1852—1932) — ئىرلاندىيىلىك، دراما يازغۇچىسى.

(51) «ئەدەبىيات ـ سەنئەت تۇرمۇشى» — ئىجادىيەت تەھرىراتىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلىرىدىكى ھەپتىلىك ئەدەبىيات ژۇرنىلى. ئۇ جېن بوچىنىڭ تەھرىرلىكىدە 1928 ـ يىل 12 ـ ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنىپ، جەمئىي تۆت سان چىققان.

(52) «تەسلىمچىلىك» دېگەن سۆز 1929 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى شاڭخەيدىكى «ھەقىقەت گېزىتى»گە شاۋېن ئىمزاسىدا بېسىلغان «لۇشۈن شىمال يېڭىلىقلىرى كىتابخانىسى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى» سەرلەۋھىلىك ماقالىگە قارالسۇن. بۇ ماقالىدە، لۇشۈن ئىجادىيەت تەھرىراتى تەرىپىدىن «تەنقىد قىلىنغان»دىن كېيىن، «بۇ يىل قەلەمنى قولغا ئېلىپ، تەسلىم بولۇش تەرىقىسىدە، ‹ئىنقىلابىي سەنئەت ھەققىدە› دېگەن كىتابنى تەرجىمە قىلدى» دېيىلگەن.

(53) «يۆنىلىشنى بۇراش» — «بوز يەر ئاچقۇچى» ژۇرنىلىنىڭ 1 ـ سانى (1930 ـ يىل 1 ـ ئاي) غا بېسىلغان چيەن شىنسۈننىڭ «جۇڭگونىڭ يېقىندىن ئەۋج ئالغان ئەدەبىياتىدىكى بىرقانچە كونكرېت مەسىلە» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «··· بۇرۇلۇۋاتقان لۇشۈننى ئالايلى، ئۇمۇ ئەدىبلەرنىڭ قەلىمى شۇنچە ناچاركى، گېزىتنىڭ خەۋەرچىلىكىمۇ بولالمىدى، دېگەنگە ئوخشاش كىنايىلەرنى يازغان». «ھازىرقى زامان رومانلىرى»نىڭ

3 ـ جىلد 3 ـ سانى (1929 ـ يىل 12 ـ ئاي) غا گاڭ گولۈن ئىمزاسىدا بېسىلغان «جۇڭگونىڭ 1929 ـ يىلىدىكى ئەدەبىيات مۇنبىرىگە نەزەر» دېگەن ماقالىدىمۇ «لۇشۈننىڭ بىزگە بەرگىنى يۈنىلىشنى بۇرىغاندىن كېيىن تەرجىمە قىلغان پرولېتارىيات ئەدەبىيات ـ سەنئىتى بولدى» دېيىلگەن. «ھازىرقى زامان ھېكايىلىرى» — ئەدەبىيات ئايلىق ژۇرنىلى بولۇپ، يې لىڭفېڭنىڭ تەھرىرلىكىدە، 1928 ـ يىل 1 ـ ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنغان، 1930 ـ يىلى 3 ـ جىلد 6 ـ سانىغا كەلگەندە نەشردىن توختىغان.

(54) پيەنگاڭ تيېبىڭ (1894—1944) — ياپونىيىلىك يازغۇچى. ئۇ 1924 ـ يىلى «ئەدەبىيات ـ سەنئەت دەۋرى» ژۇرنىلىنى چىقارغان، ئاتالمىش «يېڭى ھېسسىيات تەرەپدارلىرى» ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان، 1928 ـ يىلىدىن كېيىن بىرمەھەل تەرەققىيپەرۋەرلەر لاگېرىغا يۈزلەنگەن.

(55) «ئىتباي، مۇشۇكباي» — 1930 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى «شېنباۋ گېزىتى. سەنئەت ساھەسى» (گومىنداڭنىڭ مەدەنىيەت ئىشپىيونى جۇ يىڭفېڭ مۇھەررىر بولغان) «ئۇشۇقچە سۆز» ئىستونىدا چېن جيېنىڭ «ئىجتىمائىي پەنلەر كىتابلىرىدىكى يۇقۇملۇق كېسەل» دېگەن ماقالىسى بېسىلغان. بۇ ماقالىدە ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ تەرجىمە قىلىنىشى ۋە تارقىلىشىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىنغان، قانداقتۇر «مۇشۇكبايمۇ ئىجتىمائىي پەنلەر نەزەرىيىسىنى يازسا، ئىتبايمۇ ئىجتىمائىي پەنلەر پروگراممىسىنى يازسا، مۇشۇكباي، ئىتبايلار بىرلىشىپ ئىجتىمائىي پەنلەر قامۇسىنى يازسا، ئىجتىمائىي پەنلەر كىتابلىرى رەزگىلىشىپ ئاپەتكە ئايلىنىپ كېتىدۇ» دېيىلگەن. شۇ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بۇ ژۇرنال يەنە تىرەننىڭ «بىرنەچچە خىل ئىجادىيەت» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش گەپلەر بار: «مۇشۇكباي، ئىتبايلار تەرجىمە قىلغان چۈشىنىكسىز بولغان ئىجتىمائىي پەنلەر كىتابلىرىنى كۆرۈپ، ھازىرقى دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر دەۋرى ئىكەنلىكىگە ھەقىقەتەن ئىشەندۇق».

(56) جياڭ گۇاڭ Z — جياڭ گۇاڭسى (1901—1931) نى كۆرسىتىدۇ، يەنە بىر ئىسمى جياڭ گۇاڭچى (بۈيۈك ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆز ئىسمىدىكى قىزىل دېگەن مەنىنى بىرىدىغان «چى» خېتىنى رەھىمدىل دېگەن مەنىنى بېرىدىغان «سى» خېتىگە ئۆزگەرتكەن)، ئەنخۇي ئۆلكىسى ليۇخې ناھىيىسىدىن، يازغۇچى، «قۇياش» تەھرىراتىنىڭ ئاساسلىق ئەزاسى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان. ئۇنىڭ «يېڭى چۈش» توپلىمى، «قىسقا ئىشتانلىقلار پارتىيىسى»، «دالا شاماللىرى» قاتارلىق ھېكايىلىرى بار. بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن جياڭ گۇاڭسىنىڭ سۆزى «بوز يەر ئېچىش» نىڭ 1 ـ سانىدىكى «توكيودىكى قوشۇن» دىن چىققان.





(57) زاڭيۇەن ۋېيرېن — ياپونىيىلىك ئەدەبىيات ئوبزورچىسى.

(58) **«بىر ھەپتە ئىچىدە» — سوۋېت گرازدانلار ئۇرۇشى تېما قىلىنىپ** يېزىلغان رومان، سوۋېتلىك بىلىنسكىي يازغان، جياڭ گۇاڭسى تەرجىمە قىلغان، 1930 ـ يىل 1 ـ ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنغان.

(59) دارۋىننىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىدىن شۇ چاغدا مەملىكىتىمىزدە ما جۈنۋۇ تەرجىمە قىلغان «مەۋجۇداتلارنىڭ ئىپتىدائىيسى (يەنى، نەسلىنىڭ مەنبەسى)» دېگەن ئەسىرىلا بار ئىدى. بۇ ئەسەرنى 1920 ـ يىلى جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى شاڭخەيدە نەشر قىلغان.

(60) «جىددىي پوزىتسىيە» — «يېڭى ئاي» تەھرىراتىنىڭ «يېڭى ئاي» نىڭ ژۇرنىلى 1 ـ جىلد 1 ـ سانى (1928 ـ يىل 3 ـ ئاي) غا بېسىلغان نەشر بېغىشلىمىسى «‹يېڭى ئاي› نىڭ پوزىتسىيىسى» دېگەن ماقالىدە بىلدۈرۈلگەن پوزىتسىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئاتالمىش «ساغلام بولۇش» ۋە «ئىززەتلىك بولۇش» تىن ئىبارەت ئىككى پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى بارلىق تەرەققىيپەرۋەر ۋە ئىنقىلابىي سەنئەتنى ئۆزلىرىنىڭ «ئىككى پرىنسىپى بىلەن چىقىشالمايدۇ» دەپ قارىغان. شۇ ژۇرنالنىڭ 2 ـ جىلد 6 ـ، 7 ـ قوشما سانى (1929 ـ يىل 9 ـ ئاي) غا بېسىلغان «كىتابخانىلارغا مۇراجىئەت» دېگەن ماقالىدە يەنە «بۇ نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى پوزىتسىيىمىز جىددىي بولۇش دەرىجىسىگە يېتىشنى ئۈمىد قىلىشتىن ئىبارەت» دېيىلگەن.

(61) «يېڭى ئاي» تەھرىراتىنىڭ «ئەركىن سۆزلىرى» زۇلۇمغا ئۇچرىدى — 1929 ـ يىلى خۇ شى «يېڭى ئاي» ژۇرنىلىدا «ئىنسانىي ھوقۇق ۋە قانۇن»، «بىلمەك تەس، قىلماقمۇ تەس» قاتارلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلغاندا، گومىنداڭ مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتى ئۇنى «پارتىيە مەسلىكىنى تەنقىد قىلدى»، «باش ۋازىرنى ھاقارەتلىدى» دەپ ھېسابلاپ، مائارىپ ۋازارىتى نامىدىن «ئاگاھلاندۇرۇش» بېرىشنى قارار قىلغان ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ.

(62) «سۆز ئەركىنلىكىگە زۇلۇم سالغۇچىلارغا» دېگەن ماقالە لو لۇڭجى تەرىپىدىن يېزىلغان. «يېڭى ئاي» ژۇرنىلىنىڭ 2 ـ جىلد 6 ـ، 7 ـ قوشما سانى (1929 ـ يىل 9 ـ ئاي) غا بېسىلغان.

(63) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1930 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى «ئۈندۈرمە» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1 ـ جىلد 3 ـ سانىغا بېسىلغان.

(64) قەمەرىيە تەقۋىمىنى ئىشلىتىشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقى دېگەن سۆز 1929 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ «سودىگەرلەرنىڭ ھېسابات دەپتەرلىرىدە، خەلق ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىملەردە ۋە بارلىق ھۆججەت ـ تالونلاردا 19 ـ يىل (يەنى

1930 ـ يىل) دىن ئېتىبارەن بىردەك شەمسىيە قوللىنىلىدۇ، قەمەرىيە قوللىنىلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قانۇن كۈچىدىن مەھرۇم قىلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

(65) «قەمەرىيە بىلەن شەمسىيىنىڭ 120 يىللىق قوشما كالېندارى» — «قەمەرىيە بىلەن شەمسىيىنىڭ 120 يىللىق سېلىشتۇرما كالېندارى» نى كۆرسىتىدۇ. بۇ كالېندارنى جۇڭخۇا سەنئەت ئۆگىنىش جەمئىيىتى تۈزگەن، شاڭخەي خۇاتۇڭ كىتاب ئىدارىسى باسقان.

(66) بۇ يەردە لياڭ شىچيۇنىڭ «رومانتىك ۋە كلاسسىك» دېگەن نەزەرىيىۋى ماقالىلەر توپلىمىنى نەشر قىلىپ، بابېتنىڭ يېڭى ئىنسانپەرۋەرلىكىنى تەرغىب قىلغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(67) «ياخشى كىشىلەر ھۆكۈمىتى» — خۇ شى قاتارلىقلارنىڭ 1922 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئوتتۇرىغا قويغان سىياسىي تەشەببۇسى. ئۇ «تىرىشىش» ھەپتىلىك گېزىتىنىڭ 2 ـ سانىغا بېسىلغان «بىزنىڭ سىياسىي تەشەببۇسىمىز» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دېگەن: «بىزنىڭچە، سىياسىيدىن گەپ ئاچمىساقمۇ بىر گەپ، سىياسىيدىن گەپ ئاچىدىغان بولساق، ھەقىقىي ئېنىق، ھەممە كىشىگە چۈشىنىشلىك بىر نىشان بولۇشى كېرەك. بىزنىڭچە، مەملىكىتىمىزدىكى مۇنەۋۋەرلەر، مەيلى ئۇلارنىڭ غايىسىدىكى سىياسىي تەشكىلاتنىڭ قانداق تەشكىلات ئىكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، ھازىر جۇڭگونىڭ سىياسىيىسىنى ئىسلاھ قىلىشتىكى ئەڭ تۆۋەن تەلىپى سۈپىتىدە بىر نىشاننى، يەنى ياخشى كىشىلەر ھۆكۈمىتىنى تەمكىنلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىشى كېرەك»، «بۈگۈنكى كۈندە ئىسلاھاتنىڭ بىرىنچى قەدىمى ياخشى كىشىلەرنىڭ كۈرەش روھىغا ئىگە بولۇشىغا باغلىق. جەمئىيەتتىكى بارلىق مۇنەۋۋەرلەر مۇداپىئەنىڭ غېمىنى يېيىشى، دۆلەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ غېمىنى يېيىشى، يامان كۈچلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشقا ئاتلىنىشى لازىم». بۇ ماقالىدە دېيىلگەن «ياخشى كىشىلەر»، «جەمئىيەتتىكى مۇنەۋۋەرلەر» خۇ شى قاتارلىق بۇرژۇئا ئەركىنلىك تەرەپدارلىرىنىڭ ئۆزىنى ماختىغانلىقى، 1930 ـ يىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، خۇ شى، لو لۇڭجى قاتارلىقلار گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قاتنىشىش مەقسىتىدە «يېڭى ئاي» ژۇرنىلىدا يەنە كونا مۇقامنى چالغان.

(68) ئۇليانوف، يەنى لېنىن. ئۇ «كوممۇنىزم ھەرىكىتىدىكى بالىلارچە ‹سول› چىللىق كېسىلى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «پرولېتارىيات دىكتاتورىسى كونا جەمئىيەت كۈچلىرىگە ۋە ئەنئەنىلىرىگە قارشى قەيسەرلىك بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈرەش، قان ئاققۇزۇش ۋە قان ئاققۇزماسلىق يولى بىلەن، زورلۇق كۈچ بىلەن ۋە تىنچ يول بىلەن، ھەربىي يول بىلەن ۋە ئىقتىسادىي يول بىلەن، تەربىيىۋى ۋە مەمۇرىي يول بىلەن ئېلىپ





بېرىلىدىغان كۈرەش. مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ ئادەت كۈچى ئەڭ قورقۇنچلۇق كۈچ، پولاتتەك مۇستەھكەم ۋە كۈرەشلەردە چېنىققان پارتىيە بولمىسا، ئۆز سىنىپىدىكى بارلىق سادىق كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولغان پارتىيە بولمىسا، ئاممىنىڭ كەيپىياتىنى كۆزىتىشنى ۋە ئاممىنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسىتىشنى بىلىدىغان پارتىيە بولمىسا، بۇنداق كۈرەشنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس».

(69) بۇ ماقالە دەسلەپ 1930 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى «ئۈندۈرمە» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1 ـ جىلد 3 ـ سانىدا بېسىلغان.

(70) «بۈيۈك بىرلىككە كەلگەن دۇنيا» — قەدىمكىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى بىر خىل باراۋەر، راھەت جەمئىيەت بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتتا دائىم «غايىۋى دۇنيا» دېگەن مەنىدە ئاتىلىدۇ.

(71) «ئۇتوپىيە» — لاتىنچە Utopia نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. بۇ سۆز ئەسلىي ئەنگلىيىلىك خىيالىي سوتسىيالىست توماس مور 1516 ـ يىلى يازغان «ئۇتوپىيە» دېگەن روماندىن كەلگەن. ئاپتور ئۆزى تەسۋىرلىگەن «ئۇتوپىيە» دەپ ئاتالغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتقا خىيالىي سوتسىيالىستىك غايىسىنى باغلىغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، «ئۇتوپىيە» «قۇرۇق خىيال» بىلەن مەنىداش سۆز بولۇپ قالغان.

(72) بۇ يەردە دېيىلگەن «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ تەنقىدى 1929 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى «شېنباۋ گېزىتى. سەنئەت ساھەسى» سەھىپىسىنىڭ «يېڭى كىتابلار توغرىسىدا ئايلىق ئوبزور» ئىستونىغا تىرەن ئىمزاسىدا بېسىلغان «‹قىسقىغىنە 10 يىل›، غا باھا» دېگەن ماقالىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەن: «قەھرىمانىمىز نۇرغۇن ئىنقىلابىي ياشلارغا ئوخشاش دەسلەپتە ئىنقىلابنى ئامالسىزلىقنىڭ ئامالى دەپ بىلگەن، ئىنقىلابنىڭ چىرايلىق سەۋەبلىرىنى بولسا، كۆپىنچە كېيىنكى ۋاقىتتا بىلگەن، تىلغا ئالغان.» «روماندا ھازىرقى ئىنقىلابىي ياشلارنىڭ نەزىرىدىكى ئىنقىلابنىڭ مەقسىتى مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ئەمەس، بەلكى شەخسلەرنىڭ نىجات يولىغا ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى كۈچلۈك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن» كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، ‹قىسقىغىنە 10 يىل› دەك ئەسەرلەر ئەھمىيەتسىز».

(73) شارل بودلېر (1821—1867) — فرانسىيىلىك شائىر. ئۇ فرانسىيىدە 1848 ـ يىلى فېۋرال ئىنقىلابىغا قاتناشقان، «جەمئىيەتنىڭ نىجات يولى گېزىتى» گە مۇھەررىر بولغان ھەم 6 ـ ئايدىكى كوچا ئۇرۇشىغا قاتناشقان، لېكىن بۇ قېتىمقى ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا بولغان ئىشەنچىنى يوقىتىپ، كۈندىن ـ كۈنگە چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن، «يامانلىقلار جەۋھىرى» دېگەن شېئىرلار توپلىمىدا كېسەل

روھىي ھالەتنى تەسۋىرلەپ، رەزىللىكنى پەردازلاپ، ئۆلۈمنى مەدھىيلەپ، تەركىدۇنيالىق كەيپىياتىنى ئىپادىلىگەن.

(74) ھەمكارلىشىش تەلىماتى — روسىيىلىك ئانارخىست كىروپوتكىن (1842—1921) نىڭ ئەكسىيەتچىل تەلىماتى. ئۇ جانلىقلار بىلەن ئىنسانلارنىڭ ياشىشى ۋە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشى ھەمكارلاشقانلىقىدىن بولغان دەپ قاراپ، جەمئىيەتتىكى زىددىيەتلەرنى ھەمكارلىشىش يولى بىلەن ھەل قىلىشنى تەرغىب قىلغان. ياشاش رىقابىتى تەلىماتى — دارۋىنىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش نەزەرىيىسىدىكى ياشاش رىقابىتى تەلىماتىدۇر. بۇ تەلىمات جانلىقلار ئۆزىنىڭ ياشىشىنى قوغداش، ئەۋلادلىرىنى كۆپەيتىش داۋامىدا ئۆز مۇھىتىدىكى ھەر خىل ئەھۋاللار بىلەن زىتلىشىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلىدۇ؛ ئىپسىللار غالىب، ناچارلار مەغلۇپ بولىدۇ؛ ئۇيغۇنلىشالىغانلىرى ياشايدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ تەبىئىي پەن تەلىماتى كېيىنكى ۋاقىتتا ئىجتىمائىي دارۋىنىزمچىلار ئۈچۈن ئىنسانلار جەمئىيىتىنى شەرھلەپ، كاپىتالىزم ۋە جاھانگىرلىكنى ئاقلايدىغان نەزەرىيە بولۇپ قالغان.

(75) ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ تەرجىمىلىرىگە قىلىنغان تەنە — مۇشۇ كىتابتىكى «قاتمال تەرجىمە ۋە ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىيلىقى» دېگەن ماقالىنىڭ ئىزاھاتىغا قارالسۇن.

(76) بۇ ماقالە دەسلەپ 1930 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «ئۇندۇرمە» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1 - جىلد 4 - سانىغا خۇاڭ سى ئىمزاسىدا بېسىلغان.

(77) جاڭ زىپىڭ (1893—1959) — گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى مېيشيەن ناھىيىسىدىن، ئىجادىيەت تەھرىراتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئەزاسى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە چۈشكۈنلىشىپ جاسۇس بولۇپ كەتكەن، نۇرغۇن ئۈچ بۇرجەكلىك ئىشق - مۇھەببەت رومانلىرىنى يازغان، ئىنقىلابىي ئەدەبىياتچىلار بىلەن بولغان مۇنازىرىدە ئۆزىنى «بۇرۇلۇش ياسىدىم» دېگەن. ئۆزى مۇھەررىرلىكىدىكى «راھىتى ئاما» ئايلىق ژۇرنالنىڭ 2 - جىلد 12 - سانى (1929 - يىل 2 - ئاي) غا بېسىلغان «مۇھەررىردىن» دېگەن ماقالىسىدە «بوز يەر ئاچقۇچى»، «ئۇندۇرمە» ئايلىق ژۇرنىلى قاتارلىق ژۇرناللارغا ھۇجۇم قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بەزىلەر ئۆزىنى كەمتەر تۇتۇپ ‹بوز يەر ئاچقۇچى›، ‹ئۇندۇرمە› دېدى، بەلكىم ئۇنداق ئىزدىنىشنى ئىلگىرى كەتتى دەپ ھېسابلىغان بولىسا كېرەك. لېكىن، پۈتۈنلەي كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن، باشقىلارنى توختاپ تۇرۇڭلار، مېنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار دېمەڭلار، تېزرەك يۈگۈرۈشكە ئىلھام بېرىش كېرەك، ‹ھوسۇل ئېلىۋاتقانلار› نى ‹بوز يەر ئاچقۇچىلار›، ‹ئۇندۇرمىلەر› قاتارىغا، ھەتتا ‹ئۇرۇق سېلىۋاتقانلار› قاتارىغا قايتۇرۇڭلار، ئۆزۈڭلار يېتىشەلمىگەن-





لىكىڭلاردىن باشقىلارنىڭ بالدۇرراق، تېزرەك كېتىۋاتقانلىقىنى يامان كۆرمەڭلار.»

(78) «راھىتى ئاما» كىتابخانىسى — جاڭ زىپىڭنىڭ 1928 - يىلى شاڭخەيدە ئاچقان كىتابخانىسى بولۇپ، 1929 - يىلى «جاڭ زىپىڭ رومانلىرى توپلىمى» نى نەشر قىلغان ھەم «راھىتى ئاما» ئايلىق ژۇرنىلىغا جاڭ زىپىڭنىڭ «ئەسەرلىرىنى توپلاپ توپلام قىلىپ، كىتابخانىلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرىمىز» دەپ ئېلان چىقارغان.

(79) بىر كىشى مالائىكە بولسا، ئىت - توخۇسىمۇ ئەرشكە ئۇچۇپ كېتىدۇ دېگەن سۆز شەرقىي چىڭ سۇلالىسىدە گو خۇڭ يازغان ئەۋلىيا تەرجىمىھالىنىڭ 4 - جىلدىغا يېزىلغان، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: خەن سۇلالىسىدا جەنۇبىي ئەنخۇي بەگلىكىنىڭ بېگى دورا ئىچىپ مالائىكە بولۇپ ئەرشكە ئۇچۇپ كەتكەن. «كېتەر ۋاقتىدا ئىچىپ تۈگەتمىگەن دورىنى ھويلىدا قويۇپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن توخۇسى، ئىتىمۇ ئۇ دورىنى يەپ ئەرشكە ئۇچۇپ كەتكەن». بۇ يەردە بۇ سۆز بىلەن جاڭ زىپىڭنىڭ بىر مەزگىل «بۇرۇلۇش ياساپ» ئىنقىلاب قىلدىم دەپ يۈرگەن پۇرسەتپەرەسلىك ھەرىكىتى مەسخىرە قىلىنغان. جاڭ زىپىڭ «راھىتى ئاما» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1 - جىلد 2 - سانى (1928 - يىل 10 - ئاي) غا بېسىلغان «مۇھەررىردىن ۋە جاۋاب» دېگەن ماقالىسىدە: «ئەسەرلىرىمنى ئالىدىغان بولسام، 1926 - يىل قىشتا ‹ئاخىرقى بەخت› نى يازغاندىن كېيىن، ئۇنداق ئەسەرلەرنى يەنە يازمىدىم، ئىلگىرى مەيلى قانداق شەكىلدىكى رومانتىك ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغانلىقىمدىن قەتئىينەزەر، بۇنىڭدىن كېيىن بۇرۇلۇش ياساپ ئىلگىرىلىسەملا بولىدى» دېگەن.

(80) گومىر — ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مىلادىيىدىن ئىلگىرى XI ئەسىردە ئۆتكەن يۇنانلىق شائىر. ئۇ «ئىلئادا»، «ئودىسسا» قاتارلىق داستانلارنى يازغان.

(81) شېكىسپىر — ياۋروپادىكى ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدە ئۆتكەن ئەنگلىيىلىك دراماتورگ، شائىر. ئۇنىڭ «رومېئو ۋە جۇلىيەتتا»، «ياز كېچىسىدىكى چۈش» ۋە «خامېلېت» قاتارلىق 37 سەھنە ئەسىرى بار.

(82) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1930 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى «ئۇندۇرمە» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1 - جىلد 4 - سانىغا بېسىلغان.

(83) سول قانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى — يەنى جۇڭگو سول قانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى بولۇپ، قىسقارتىلىپ سول قاناتلار ئىتتىپاقى دەپ ئېيتىلىدۇ. ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابىي ئەدەبىياتچىلار تەشكىلاتى، 1930 - يىل 3 - ئايدا شاڭخەيدە قۇرۇلغان (ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ بېيپىڭ، تيەنجىن قاتارلىق جايلاردا ۋە ياپونىيە-

نىڭ توكيو شەھىرىدە شۆبىلىرى قۇرۇلغان)، رەھبەرلىك تەركىبىدە لۇشۈن، شيايەن، فېڭ شۆفېڭ، فېڭ نەيچاۋ، جۇ ياڭ قاتارلىق كىشىلەر بار. سول قاناتلار ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جۇڭگو ئىنقىلابىي ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ ئىتتىپاق تەشكىللىك، پىلانلىق ھالدا پۈتۈن كۈچىنى ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسىنى تەشۋىق قىلىشقا ۋە تەتقىق قىلىشقا، بۇرژۇئازىيىنىڭ ھەر خىل خاتا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىلىرىنى تەنقىد قىلىپ، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىشقا بېغىشلىغان. بىر تۈركۈم ئىنقىلابىي ئەدەبىياتچىلار ۋە سەنئەتچىلەرنى يېتىشتۈرگەن، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەرىكىتىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردا ئىنقىلابىي ئەدەبىياتچىلار ۋە تەرەققىيپەرۋەر يازغۇچىلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، گومىنداڭنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي «قورشاپ يوقىتىش»لىرىغا قارشى قەھرىمانە كۈرەش قىلىپ، بۇ «قورشاپ يوقىتىش»نى تارمار قىلىشتا زور رول ئوينىغان. لېكىن، شۇ ۋاقىتتا پارتىيە ئىچىدىكى «سول» چىللىق لۇشيەنىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، سول قاناتلار ئىتتىپاقىنىڭ بەزى رەھبەرلىرىنىڭ خىزمىتىدە دوگماتىزم ۋە مەزھەپچىلىك خاھىشلىرى كۆرۈلگەن، بۇنىڭغا لۇشۈن پرىنسىپال تەنقىد بەرگەن. لۇشۈننىڭ سول قاناتلار ئىتتىپاقىنىڭ تەسىس يىغىنىدا سۆزلىگەن بۇ نۇتقى شۇ چاغدا سول قانات ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەرىكىتى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ھۆججەت. سول قاناتلار ئىتتىپاقى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاق تېررورلۇقىنىڭ زەربىسى ۋە زۇلمىغا ئۇچرىغانلىقىدىن، شۇنىڭدەك رەھبەرلىك خىزمىتىدىكى مەزھەپچىلىكنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا باشتىن ـ ئاخىر بىرقەدەر كىچىك دائىرىدىكى تەشكىلات بولۇپ كەلگەن. 1935 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى مۇنقەرز بولۇشتىن قۇتقۇزۇۋېلىش ھەرىكىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ كەتكەن.

(84) موسسۇلىنى (1883—1945) — ئىتالىيە مۇستەبىتى ۋە فاشىستىك پارتىيىنىڭ كاتتىۋېشى، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ باش جىنايەتچىلىرىدىن بىرى.

(85) گ. د. ئانتونزىئو — ئىتالىيىلىك يازغۇچى، فاشىزمنى ھىمايە قىلغاچقا، موسسۇلىنىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، «شاھزادە» دېگەن نامغا ئىگە بولغان. موسسۇلىنى نۇرغۇن مۇكاپاتلار بىلەن ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى تۈپلىغان (1930 ـ يىل 3 ـ ئايدىكى «ئۈندۈرمە» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ





1 ـ جىلد 3 ـ سانىغا بېسىلغان «ئىچكى ـ تاشقى ئەدەبىيات مۇنبىرىدىن خەۋەرلەر» دېگەن ماقالىگە قارالسۇن).

(86) يېسېنىن (1895—1925) — سوۋېت شائىرى، ئۇ پاترىئارخاللىق تۈزۈمى ئاستىدىكى يېزىلارنىڭ تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەپ شېئىر يېزىش بىلەن نام چىقارغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كۆپىنچە مەيۈسلۈكنى ئىپادىلىگەن، ئۇ ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋاقتىدا ئىنقىلابنى ماختاپ بەزى شېئىرلارنى، مەسىلەن، «سوۋېت روسىيىسى» قاتارلىقلارنى يازغان، لېكىن كونا دەۋردىكى يېزا تۇرمۇشىغا ئىشتىياق باغلاپ، ئىنقىلاب تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن ئىجتىمائىي چوڭ ئۆزگىرىشلەردىن نارازى بولۇپ، ئاخىرى ئۆلۈۋالغان. ئۇنىڭ بۇ كىتابتا نەقىل كەلتۈرۈلگەن شېئىرلىرى توغرىسىدا ئۇنىڭ 1918 ـ يىلى يازغان «ئەرشتىكى ناغرىچىلار» ۋە «ئىئوردانىيە دەرياسى بويىدىكى كەپتەر» دېگەن ماقالىلىرىگە قارالسۇن.

(87) پىلنىياك (1894—1941) — سوۋېت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئاتالمىش «ھەمراھ» يازغۇچىلاردىن بىرى. ئېرىنبۇرگ (1891—1967) — سوۋېت يازغۇچىسى.

(88) «جەنۇب تەھرىراتى» — ئەدەبىيات تەشكىلاتى، 1909 ـ يىلى لىيۇيازى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن سۇجۇدا قۇرۇلغان، ئەۋج ئالغان مەزگىلدە ئەزالىرى 1000دىن ئېشىپ كەتكەن. ئۇلار شېئىر ۋە ماقالە يېزىپ، چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىشنى تەرغىب قىلغان. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن بۆلۈنۈپ، بەزىلىرى يۈەن شىكەينىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان، بەزىلىرى راھەت ـ پاراغەتچىلەر، تەتقىقاتچىلار قاتارلىق سىياسىي بېدىكلەر تەشكىلاتلىرىغا كىرگەن، ئاز ساندىكىلەر ئىلغار مەيداندا چىڭ تۇرغان، 1923 ـ يىلى تارقالغان. بۇ تەھرىرات «جەنۇب تەھرىراتى» دېگەن قەرەلسىز ژۇرنالدا ئەزالارنىڭ شېئىر، ماقالىلىرىنى ئېلان قىلغان، جەمئىي 22 توپلام نەشر قىلغان.

(89) «خەن ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەشەمەتلىرى» — خەن سۇلالىسىدە شۇ سۇنتۇڭ قاتارلىقلار تۈزۈپ چىققان قائىدە ـ يوسۇنلارنى كۆرسىتىدۇ. «كېيىنكى خەن سۇلالىسىنىڭ يىلنامىسى. گۇاڭۋۇ پادىشاھسىنىڭ خاتىرىلىرى»دا يېزىلىشىچە: «ۋاڭ ماڭ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ليۇ شيۇ (خەن پادىشاھى) ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىنى ئېلىپ چاڭئەنگە بارغان. ئۇلارنىڭ سىياسىي تەدبىرلىرى ‹بىردەك كونا قائىدە بويىچە بولغان›. يەرلىك ئەمەلدارلار، ئاقساقاللار، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار بىلەن كۆرۈشۈپ، خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان، بەزى پېشقەدەم ئەمەلدارلار كۆز يېشى قىلىپ: ‹خەن ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەشەمەتلىرىنى يەنە كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولۇشنى ھەقىقەتەن ئويلىمىغانىدۇق› » دېگەن.

(90) ھېنرىخ ھېينى (1797 — 1856) — گېرمانىيىلىك، شائىر، «گېرمانىيە — قىشتىكى چۆچەك» قاتارلىق داستانلارنى يازغان. بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن شېئىر ئۇنىڭ «يۇرتقا قايتىشىم» دېگەن شېئىرلار توپلىمىدىكى 66 ـ كۇپلېت شېئىردىن مەنەن ئېلىنغان. شېئىرنىڭ ئەسلىي تېكىستى مۇنداق:

«خۇدا بوپتىمەن گويا چۈشۈمدە،
ئولتۇرغۇدەكمەن جەننەت كۆرسىدە.
پەرىشتىلەر تۇرار ئۆپچۆرەمدە،
شېئىرلىرىمگە ئوقۇپ مەدھىيە.

شېرىن تائام يەپ ھەم ئىچىپ شاراب،
تۈزدۇم بەزمىنى پەرىشتىلەر بىلەن.
بىر تىيىنمۇ ھېچ چىقىم بولماپتۇ،
شۇنچە نېمەتتىن بولسام بەھرىمەن».

(91) بۇ ماقالە دەسلەپ 1930 ـ يىل 5 ـ ئايدا «ئۇندۇرمە» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1 ـ جىلد 5 ـ سانىغا بېسىلغان. «ياخشى ھۆكۈمەتىزىم» توغرىسىدا مۇشۇ كىتابتىكى «ئادەت ۋە ئىسلاھات» نىڭ ئىزاھاتىغا قارالسۇن.

(92) بۇ يەردە دېيىلگەن «ھازىرقى ھالەتكە نارازى» ۋە لياڭ شىچيۇنىڭ باشقا سۆزلىرى «يېڭى ئاي» نىڭ 2 ـ جىلد 8 ـ سانى (1929 ـ يىل 10 ـ ئاي) غا بېسىلغان «‹ھازىرقى ھالەتكە نارازى› بولسا، قانداق قىلىش كېرەك؟» دېگەن ماقالىگە قارالسۇن.

(93) دۆلەتچىلىك — بۇرژۇئا مىللەتچىلىكى ئىدىيىسىنىڭ بىر خىلى، ئۇ دۆلەتنىڭ سىنىپىي ماھىيىتىنى يوققا چىقىرىپ «دۆلەت ھەممىدىن ئەلا» دېگەن شوئار بىلەن خەلقنى ئالداپ، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مەنپەئىتىگە بويسۇندۇرىدۇ؛ «مىللەت ئەۋزەللىكى نەزەرىيىسى» نى تەرغىب قىلىپ، كېڭەيمىچىلىكنى قۇۋۋەتلەيدۇ. جۇڭگو دۆلەتچىلىرى 1923 ـ يىلى «جۇڭگو دۆلەتچى ياشلار ئىتتىپاقى» نى قۇرۇپ، كېيىن «جۇڭگو ياشلىرى پارتىيىسى» گە ئۆزگەرتىپ، كوممۇنىزمغا، خەلققە قارشى ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغان.

(94) ھۆكۈمەتسىزلىك — XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئەۋج ئالغان بىر خىل ئۇششاق بۇرژۇئا پىكىر ئېقىمى. ئۇ شەخسلەرنىڭ «مۇتلەق ئەركىنلىكى» نى تەرغىب قىلىدۇ، دۆلەتنىڭ بارلىق ھوقۇقلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ، پرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە پرولېتارىيات دىكتاتورىسىغا قارشى





تۇرىدۇ. «4 ـ ماي» ھەرىكىتىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە جۇڭگودىكى ھۆكۈمەتسىزلىك تەرەپدارلىرى «خەلق ساداسى تەھرىراتى»، «تەدرىجىي تەرەققىيات تەھرىراتى» قاتارلىق تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، ژۇرنال ۋە كىتابچىلارنى چىقىرىپ، مۇنداق ئىدىيىلەرنى تەشۋىق قىلغان.

(95) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1930 ـ يىل 5 ـ ئايدا «ئۇندۇرمە» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1 ـ جىلد 5 ـ سانىغا بېسىلغان.

(96) «بوز يەر ئاچقۇچى» نىڭ 2 ـ سانى (1930 ـ يىل 2 ـ ئاي) غا بېسىلغان فېڭ نەيچاۋنىڭ «ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسى» توغرىسىدىكى لېكسىيە (ئىككىنچى قىسىم). «سىنىپىي جەمئىيەتتىكى سەنئەت» دېگەن ماقالىسىدە لياڭ شىچيۇنىڭ «ئەدەبىياتتا سىنىپىيلىق بولامدۇ؟» دېگەن ماقالىسىدىكى بەزى كۆزقاراشلىرىغا رەددىيە بېرىلگەن. ئۇ ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەن: «پرولېتارىيات كۈرەش تەجرىبىلىرىدىن ئۆز سىنىپىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلگەنىكەن، ئۆزىنىڭ تارىخىي بۇرچىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ بىلىدۇ. ۋەھالەنكى، لياڭ شىچيۇ ئاتالمىش ‹دۇرۇس ياشاش، كۈرەش قىلىش ۋاستىلىرى› ئۈستىدە ۋەز ئېيتىپ، ‹بىر پرولېتار ئەگەر پەملىك بولسا، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ، ئۆمۈرۋايەت ياۋاشلىق بىلەن ئىشلىسىلا بولىدى(!)، بۇنداق قىلغاندا ھەرھالدا خېلىلا مۈلۈك تاپالايدۇ›، دەيدۇ. بۇنداق بولغاندا كاپىتالىستلار شوراش ـ شىلىش ۋاستىلىرىنى تېخىمۇ بەخىرامان جىددىيلەشتۈرۈۋېتىدىكەن ـ دە، بۇنىڭ بىلەن جاھان تىنچىپ كېتىدىكەن ـ دە، بۇنداق ۋەز ئېيتىدىغانلارغا ‹كاپىتالىستلارنىڭ ئىتى (غالچىسى)›، دېگەن ئۇنۋاننى تەقدىم قىلىمىز.»

(97) لياڭ شىچيۇنىڭ «مەن خاپا بولمايمەن» دېگەن سۆزى ۋە بۇ ماقالىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئۇنىڭ باشقا سۆزلىرى 1929 ـ يىل 11 ـ ئايدا «يېڭى ئاي» نىڭ 2 ـ جىلد 9 ـ سانىغا بېسىلغان «كاپىتالىستلارنىڭ ئىتى» دېگەن ماقالىگە قارالسۇن.

(98) بۇ يەردە تەبىر دېگەن سۆز فېڭ نەيچاۋنىڭ «سىنىپىي جەمئىيەتتىكى سەنئەت» دېگەن ماقالىسىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئېنگېلسنىڭ پرولېتارىيات ھەققىدىكى تەبىرى، يەنى «پرولېتار دېگەن نېمە؟ ئۇلار ئۆز ئەمگىكىنى ساتقاندىن باشقا، تۇرمۇشىنى قامدايدىغان باشقا ئامالنى تاپالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە شۇ سەۋەبتىن ھەرقانداق كاپىتال پايدىسىغا تايانمايدىغان ئىجتىمائىي سىنىپ بولىدۇ… قىسقىسى، پرولېتارلار — پرولېتارىيات XIX ئەسىردىكى ئەمگەكچىلەر سىنىپى بولىدۇ (ئېنگېلس)» نى كۆرسىتىدۇ.

(99) «لۇشۇن ئەپەندىگە جاۋاب» — «يېڭى ئاي» نىڭ 2 ـ جىلد 9 ـ سانىغا قارالسۇن. لياڭ شىچيۇ بۇ ماقالىسىدە مۇنداق دېگەن: «ئۆزۈمنى

ئالىدىغان بولسام، مەن قالايمىقان ئىنقىلاب قىلمايمەن، سىم تاناب تۈۋرۈكد-
گە ‹سوۋېتنى قوراللىق قوغدايلى› دەپ يېزىشنى خالىمايمەن، گېزىتخانا
ئالدىغا بېرىپ، 500 — 600 دوللارغا توختايدىغان بىرەر - ئىككى چوڭ
ئەينەكنى چېقىۋېتـىـشنىمۇ خالىمايمەن. ھازىر كىتاب ئوقـۇپ، ماقالىلا
يازىمەن».

(100) بـۇ يەردە «18 - مـارت» پاجىئـەسى كۆزدە تـۇتۇلـىدۇ.
1926 - يىل 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى بېيجىڭدىكى ۋەتەنپەرۋەر ئوقۇغۇچىلار
ۋە خەلق ياپونىيە قاتارلىق جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇ-
قىغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىغا قارشى تۇرۇش مەقسىتىدە دۇەن چىرۇي ھۆكۈمىتى
يامۇلى ئالدىغا تەلەپ قويغىلى بارغاندا، دۇەن چىرۇي قاراۋۇللىرىغا بۇيرۇق
بېرىپ ئوق چىقىرىپ، 200 دىن ئارتۇق كىشىنى ئۆلتۈرگەن ۋە ياردار
قىلغان. دۇەن چىرۇي (1864—1936) — ئەنخۇي ئۆلكىسى خېفېي شەھى-
رىدىن، شىمالىي مىلىتارىستلاردىن ئەنخۇيدىكىلەرـىـنىڭ كاتتـىـۋېشـى،
1924 - يىلى شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ «ۋاقىتلىق باشلىقى»
بولغان، ئۇنى 1926 - يىل 4 - ئايدا فېڭ يۈشياڭنىڭ خەلق ئارمىيىسى
تەختتىن چۈشۈرۈۋەتكەن.

(101) «سەھەر» گېزىتى — لياڭ چىچاۋ، تاڭ خۇالۇڭ قاتارلىق
كىشىلەر ئۇيۇشتۇرغان «تەتقىقاتچىلار» ناملىق سىياسىي تەشكىلاتنىڭ ئور-
گان گېزىتى. 1918 - يىل 12 - ئـايدا بـېيجىڭـدا تـۇنجى نەشرى
چىققان، 1928 - يىل 6 - ئايدا نەشردىن توختىغان.

(102) بۈيۈك ئەركىنلىك ئىتتىپاقى — جۇڭگو ئەركىنلىك ھەرىكىتى
بۈيۈك ئىتتىپاقىنىڭ قىسقـارتىلمىسـى، جۇڭگـو كوممۇنىستىك پارتىيە-
سىنىڭ يار - يۆلىكى ۋە رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابىي ئـاممىۋى تـەشكى-
لات، 1930 - يىل 2 - ئايدا بېيجىڭدا قۇرۇلغان، سۆز، مەتبۇئات،
ئۇيۇشۇش، يىغىن ئۆتكۈزۈش ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈپ، گومىنداڭ-
نىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشنى قىبلىنىەما قىلغان.
ئۇنىڭ ئاساسىي رەھبەرلىرىدىن سۇڭ چىڭلىڭ، سەي يۈەنپېي قاتارلىق
كىشىلەر بار. لۇشۈن بۇ تەشكىلاتنى تەسىس قىلغۇچىلاردىن بىرى.

(103) «ئىنقىلاب گېزىتى» — گومىنداڭ ئىچىدىكى ۋاڭ جىڭۋېي
ئىسلاھات تەرەپدارلىرىنىڭ گېزىتى، 1924 - يىلىنىڭ ئاخىرى شاڭخەيدە
نەشر قىلىنغان.

(104) 1925 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى دۆلەتچىلەرنىڭ 10
كۈنلۈك ژۇرنىلى «دۆلەت ئەرۋاھى» نىڭ 9 - سانىغا بېسىلغان جاڭ خۇانىڭ
«ئىلىم باسمىچىلىرى ۋە ئىلىم زومىگەرلىرى» دېگەن ماقالىسىدە بېيجىڭ
قىزلار دارىلمۇئەللىمىنىدىكى ۋەقەدە ئىلغار ئوقۇغۇچىلارنى قوللىغان لۇ-





شۈن، ما يۇساۋ قاتارلىق كىشىلەرنى «ئىلىم باسمىچىلىرى» دەپ تىللىغان.
شۇ چاغدا ھازىرقى زامان ئوبزورچىلىرىمۇ لۇشۈن قاتارلىق كىشىلەرگە
شۇنداق مەزمۇندا ھۇجۇم قىلغان.

(105) «تەرەققىيات ۋە چېكىنىش» نى جۇ جيەنرېن رەتلەپ تەرجىمە
قىلغان. بۇ كىتابقا بىئولوگىيە ئىلمىگە دائىر سەككىز پارچە ماقالىنى
كىرگۈزگەن. بۇ كىتابنى 1930 - يىل 7 - ئايدا شاڭخەيدە «پارلاق
جۇڭخۇا» كىتاب ئىدارىسى نەشر قىلغان. بۇ ماقالە باشتىلا شۇ كىتابقا
كىرگۈزۈلگەن.

(106) يەن فۇ (1853—1921) — يەنە بىر ئىسمى يۈلىڭ ياكى
جىداۋ، فۇجيەن ئۆلكىسى مىڭخۇ دېگەن يەردىن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىر-
قى مەزگىلىدىكى مەرىپەتچى، مۇتەپەككۇر، مەشھۇر تەرجىمان، 1895 -
يىلى ھېكسلىنىڭ «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى ۋە ئەدەپ - ئەخلاق
تەلىماتى» دېگەن ئەسەرنىڭ ئالدىنقى ئىككى بابىنى تەرجىمە قىلىپ، تەرىپ-
لەپ 1898 - يىلى تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى سەرلەۋھىسىدە نەشر
قىلغان، كېيىن يەنە ئەنگلىيىدىكى ئادام سىمىتنىڭ «ئەسلىي بايلىق» دېگەن
كىتابىنى، فرانسۇز مۇنتېسكيۇنىڭ «قانۇن» دېگەن كىتابىنى ۋە باشقا كىتاب-
لارنى تەرجىمە قىلىپ، ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگونىڭ ئاڭ تەپەككۇر ساھەسىدە
بىرقەدەر زور تەسىر قوزغىغان.

(107) T .H. ھېكسلى (1825—1895) — ئەنگلىيىلىك بىئولوگ-
يە ئالىمى، دارۋىن تەلىماتىنىڭ ئاكتىپ قوللىغۇچىسى ۋە تەرغىباتچىسى.
ئۇنىڭ ئاساسلىق ئـەسەرلىرىدىن «ئـىنسـانىيەتنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى
ئورنى»، يەنە «ھايۋاناتشۇناسلىقنىڭ تۈرگە بۆلۈنۈش نەزەرىيىسى» ۋە «تەد-
رىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى»، «ئەدەپ - ئەخلاق تەلىماتى» قاتارلىقلار
بار.

(108) ھۇگودې ۋرېس (1884—1935) — گوللاندىيىلىك ئۆسۈمە-
لۈكشۇناس، ئىرسىيەتشۇناس. ئۇ ھەشقىپىچەك گۈلى ئۈستىدىكى ئىرسىيەت
سىنىقى نەتىجىسىگە قاراپ، 1901 - يىلى ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىش تەلىماتىنى
بايان قىلىپ، جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشى ئۇشتۇمتۇت ئۆزگە-
رىشتىن بولغان دەپ قارىغان.

(109) لامارك (1714—1829) — فرانسىيىلىك بىئولوگىيە ئالىمى،
جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى نەزەرىيىسىنىڭ پېشقەدىمى. 1809 -
يىلى ئۇ «ھايۋانات ئىلمى پەلسەپىسى» دېگەن كىتابىدا «بىۋاسىتە ماسلىشىش
تەلىماتى» (يەنى مۇھىت تەلىماتى) نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جانلىقلارنىڭ تەدرى-
جىي تەرەققىي قىلىشىغا مۇھىتنىڭ بىۋاسىتە تەسىرى ئاساسىي سەۋەب بولى-
دۇ، بەدەن ئەزالىرىنىڭ ئىلگىرىلىشى ۋە كېيىن ھاسىل بولغان خۇسۇسىيەت-

مۇ نەسلىگە تارتىدۇ دەپ قارىغان. ئۇ دىنلارنىڭ «خۇدا ياراتتى نەزەرىيىسى» ۋە «ئۇرۇق ئۆزگەرمەيدۇ نەزەرىيىسى»گە كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئىلىم - پەن جەھەتتىن دارۋىن تەلىماتى ئۈچۈن شەرت ھازىرلىغان.

(110) يېڭى لاماركچىلار — XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئەۋج ئالغان تەدرىجىي تەرەققىيات تەلىماتلىرىدىن بىرى، ئۇنى ئەنگلىيىلىك ئىدېئالىستىك پەيلاسوپ سپېنس (1820 — 1903) قاتارلىق كىشىلەر ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئۆزگىرىش مەلۇم تەرەپكە يۈزلىنىدۇ، جانلىقلار خاراكتېرلىك ئىرسىيەت ئارقىلىق تەدرىجىي تەرەققىي قىلىدۇ دەپ قارايدۇ، تەبىئىي تاللاشنىڭ جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش جەريانىدىكى مۇھىم رولىنى ئىنكار قىلىدۇ.

(111) ئاخىرقى ئىككى پارچە ماقالە — ۋېنگرىيىلىك ئا. ل. ئېگلاندرونىڭ «قۇملۇقنىڭ پەيدا بولۇشى، كۆپىيىشى ۋە شىمالىي جۇڭگوغا بېسىپ كىرىشى» دېگەن كىتابىنى، ئامېرىكىلىق ئادولفنىڭ «جۇڭگودىكى ئوزۇقلۇقلار ۋە ئۇنىڭ ھەزىم بولۇشى» دېگەن كىتابىنى كۆرسىتىدۇ.

(112) سمېدلېي (1890 — 1950) — ئامېرىكىلىق ئايال ئىنقىلابىي يازغۇچى ۋە مۇخبىر. شۇ چاغدا ئۇ گېرمانىيە «فرانكورت گېزىتى»نىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى، ئامېرىكا «يېڭى خەلق» ژۇرنىلىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان يازغۇچىسى بولۇپ، شاڭخەيدە تۇرغان. لۇشۈن بىلەن بىرقەدەر قويۇق باردى - كەلدى قىلغان، «زېمىننىڭ قىزى» دېگەن تەرجىمىھال ئاساسىدىكى رومانىنى يازغان ھەمدە جۇ دېنىڭ ئىنقىلابىي سەرگۈزەشتىلىرى تونۇشتۇرۇلغان «ئۇلۇغ يول» دېگەن ئەدەبىي ماقالىنى يازغان.

(113) نەنيۈەن — بېيجىڭ شەھىرىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى. يۈەن سۇلالىسىدىن كېيىنكى فېئودال پادىشاھلار شۇ يەرنى ئوۋ ئوۋلاش مەيدانى قىلغان.

(114) بۇ ماقالە دەسلەپ 1930 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «يېڭى يەر» ئايلىق ژۇرنىلى (يەنى «ئۈندۈرمە» ئايلىق ژۇرنىلى) نىڭ 1 - جىلد 6 - سانىغا بېسىلغان. «سەنئەت ھەققىدە» ناملىق ئەسەر پلېخانوفنىڭ تۆت پارچە نەزەرىيىۋى ماقالىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «سەنئەت ھەققىدە»، «ئىپتىدائىي مىللەتلەرنىڭ سەنئىتى»، «يەنە ئىپتىدائىي مىللەتلەرنىڭ سەنئىتى ھەققىدە» ۋە «نەزەرىيىۋى ماقالىلەر توپلىمى (20 يىل داۋامىدا) نىڭ 3 - نەشرىگە كىرىش سۆز» 1930 - يىل 7 - ئايدا «ئىلمىي سەنئەت ھەققىدىكى مەجمۇئەلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە، شاڭخەي «پارلاق جۇڭخۇا» كىتاب ئىدارىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

(115) ئالېكساندىر II (1818 — 1881) — چاررۇسىيە پادىشاھى، 1855 - يىلى تەختكە چىققان، كېيىن پېتربۇرگدا نارودنىكلارنىڭ مەخپىي





تەشكىلاتى بولغان «خەلق ئىرادىسى» پارتىيىسى تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

(116) «يەر ۋە ئەركىنلىك» پارتىيىسى — نارودنىكلار تەشكىلاتى، پلېخانوف، مىخائىلوپ قاتارلىقلار 1876 - يىلى پېتربۇرگدا قۇرغان.

(117) «يەر ئۆزلەشتۈرۈش» پارتىيىسى — يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەمئىيىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. 1879 - يىلى «يەر ۋە ئەركىنلىك جەمئىيىتى» بۆلۈنگەندىن كېيىن قۇرۇلغان. پلېخانوف ئاكشىرىدود، ساسۇلىچ قاتارلىقلار بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاساسىي ئەزالىرى.

(118) «كاپىتال» نىڭ 1 - تومىنىڭ رۇسچە تەرجىمىسى 1872 - يىلى پېتربۇرگدا نەشر قىلىنغان. ئۇ «كاپىتال» نىڭ تۇنجى چەت ئەل تىلى تەرجىمىسى.

(119) Iskara — «ئۇچقۇن گېزىتى». بۇ گېزىت لېنىن چىقارغان پۈتۈن رۇسىيە ماركسىزمچىلىرىنىڭ بىرىنچى مەخپىي گېزىتى، 1900 - يىل 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى گېرمانىيىنىڭ لېيپسىگ شەھىرىدە تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ميۇنخېن، لوندون، جەنۋە قاتارلىق شەھەرلەردە نەشر قىلىنغان، لېنىن ۋە پلېخانوفلار تەھرىرلىك خىزمىتىگە قاتناشقان. لېنىننىڭ رەھبەرلىكىدە، «ئۇچقۇن گېزىتى» رۇسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پروگراممىسى لايىھىسىنى تەييارلىغان ۋە بايان قىلغان ھەمدە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە ئۇچقۇنچىلار تەشكىلاتلىرىنى قۇرغان، ئۇ ئەمەلىيەتتە رۇسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى بولغان. 52 - سانىدىن باشلاپ «ئۇچقۇن»نى مېنشېۋىكلار چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، 1903 - يىل 11 - ئايدا لېنىن تەھرىر بۆلۈمىدىن چېكىنىپ چىققان. بۇ گېزىت 112 - سانىغا بارغاندا نەشردىن توختىغان.

(120) ياپونىيە - رۇسىيە ئۇرۇشى — 1904 - يىل 2 - ئايدىن 1905 - يىل 9 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا، ياپون جاھانگىرلىكى بىلەن چارروسىيە ئوتتۇرىسىدا مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمال رايونىغا ۋە چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان جاھانگىرلىك ئۇرۇشى.

(121) «سېنىن» — رۇسىيىلىك يازغۇچى ئارسىباشېف (1878—1927) يازغان رومان، 1907 - يىلى ئېلان قىلىنغان. باش قەھرىمان سېنىن ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي غايىنى ئىنكار قىلغان، شەھۋەتپەرەسلىكنى قاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان شەخس.

(122) بىكىرەكچى مېنشېۋىكلار — رۇسىيىدە بىرىنچى قېتىملىق بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى (1905 - يىل) مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن،

روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى ئىچىدە شەكىللىنىپ چىققان مېنشېۋىك پورسەتپەرەسلىرى. ئۇلار شۇ چاغدىكى ئاق تېررورلۇقتىن قورقۇپ، پارتىيىنىڭ پروگراممىسى، تاكتىكىسى ۋە ئەنئەنىسىدىن ۋاز كېچىپ، روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنى «بىكىرەك» قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا قانۇنىي دائىرىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان چېچىلاڭغۇ تەشكىلاتنى دەسسىتىشكە ئۇرۇنغان. ئۇلار 1912 ـ يىلى پراگادا ئۆتكۈزۈلگەن سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ ۋەكىللەر يىغىنىدا پارتىيىدىن چىقىرىۋېتىلگەن. پلېخانوف شۇ چاغدا مېنشېۋىكلاردىن بۆلۈنۈپ چىققان «پارتىيىنى قوغدىغۇچى مېنشېۋىكلار»غا رەھبەرلىك قىلىپ، بولشېۋىكلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، پارتىيىگە قارشى بىكىرەكچىلەرگە قارشى تۇرغان.

(123) Zvezda — بولشېۋىكلارنىڭ «يۇلتۇز» گېزىتى، 1910 ـ يىل 12 ـ ئايدىن 1912 ـ يىل 5 ـ ئايغىچە پېتېربۇرگدا نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ خىزمىتىگە لېنىن چەت ئەلدە تۇرۇپ يېتەكچىلىك قىلغان. 1911 ـ يىل 6 ـ ئايدىن ئىلگىرى پلېخانوف قاتارلىق «پارتىيىنى قوغدىغۇچى مېنشېۋىكلار»مۇ بۇ گېزىتكە ماقالە يازغان.

(124) Pravda («ھەقىقەت») — بولشېۋىكلارنىڭ قانۇنىي گېزىتى، 1912 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى پېتېربۇرگدا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان، 1917 ـ يىل 3 ـ ئايدا بولشېۋىكلار مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان، 1913 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغا قەدەر پلېخانوف بۇ گېزىتكە بىكىرەكچىلەرگە قارشى تۇرىدىغان بەزى ماقالىلەرنى يېزىپ ئەۋەتكەن.

(125) «ھەمكارلىق» — ھەمكارلاشقۇچىلار دەپ ئېيتىلىدۇ. بۇلار پلېخانوفنى باشلىق قىلغان، «بىرلىك گېزىتى»نى ئۆزىنىڭ تىلى قىلغان ۋەتەن قوغدىغۇچى مېنشېۋىكلار گۇرۇھى، 1917 ـ يىل 3 ـ ئايدا قۇرۇلغان، 1918 ـ يىلى يازدا تارقالغان.

(126) برېست سۇلھى — 1918 ـ يىل 3 ـ ئايدا سوۋېت روسىيىسى بىلەن گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا برېستتا ئىمزالانغان سۇلھنى كۆرسىتىدۇ. بۇ لېنىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ھاكىمىيىتى جاھانگىرلىك ئۇرۇشىدىن چېكىنىپ چىقىپ، كۈچنى توپلاپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قوللانغان ئىنقىلابىي سۇلھى.

(127) InprekoL — «خەلقئارا خەۋەر»نىڭ قىسقارتىلمىسى، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ژۇرنىلى.

(128) مىليۇكوف (1859—1943) — روسىيە بۇرژۇئا ئەكسىيەتچى مۇتەپەككۇرى، سىياسىي بېدىك، پادىشاھلىق تۈزۈمى ئاستىدا ئاساسىي قانۇن تۇرغۇزغۇچى دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ كاتىۋېشى.





(129) ئەمگەكچىلەرنى ئازاد قىلىش گۇرۇپپىسى — 1883 ـ يىلى پلېخانوف جەنۋەدە ئۇيۇشتۇرغان روسىيە بويىچە تۇنجى ماركسىزمچىلار تەشكىلاتى. ئۇ ماركسىزمنى تەشۋىق قىلىش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىگەن ھەمدە نارودنىكلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن، لېكىن ئۇنىڭدا يەنە دېھقانلارنىڭ ئىنقىلابىيلىقىنى بەك تۆۋەن مۆلچەرلەش، ئەركىن بۇرژۇئازىيىلارنىڭ رولىنى بەك ئۇستۇن مۆلچەرلەشتەك خاتالىقلار ساقلانغان.

(130) رونو ليۇكسىمبۇرگ (1871—1919) — خەلقئارا ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ ئايال پائالىيەتچىسى، پولشىدا تۇغۇلغان، 1893 ـ يىلى پولشا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنى قۇرغان، 1897 ـ يىلىدىن كېيىن گېرمانىيىگە كۆچكەن، گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ۋە ئىككىنچى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ سولچى داھىيلىرىدىن بىرى.

(131) بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆزنىڭ ھازىرقى تەرجىمىسى مۇنداق: «مېنىڭچە، ياش پارتىيە ئەزالىرىغا شۇنى كۆرسەتكەچ ئۆتۈپ كېتىش لازىمكى، كىمدەكىم پلېخانوف يازغان پۈتۈن پەلسەپە ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلمىسا، ھەقىقىي تەتقىق قىلمىسا، ئۇ ھەرگىز ئاڭلىق، ھەقىقىي كوممۇنىزمچى بولالمايدۇ. چۈنكى، بۇلار خەلقئارادىكى بارلىق ماركسىزم ئەسەرلىرى ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ».

(132) تولستوينىڭ سەنئەتكە بەرگەن تەبىرى دېگەن سۆز، پلېخانوفنىڭ ماقالىسىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن مۇنداق بىر ئابزاس سۆزنى كۆرسىتىدۇ: «سەنئەتچىلەر كىشىلەر ئارىسىدا ئالاقە باغلايدىغان بىر ۋاستە… بۇ ئالاقىنى ئالىدىغان بولساق، كىشىلەر تىل ئالاقىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق ئۆز ئىدىيىسىنى باشقىلارغا يەتكۈزىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە كىشىلەر سەنئەت ئارقىلىق ئۆز ھېسسىياتىنى ئۆزگىلەرگە يەتكۈزىدۇ.»

(133) سېن سىمون (1760 — 1825) — فرانسىيىلىك خىيالىي سوتسىيالىست. كونت (1798 — 1857) — فرانسىيىلىك ئىدېئالىستىك پەيلاسوپ. گېگىل (1770 — 1831) — گېرمانىيىلىك ئىدېئالىستىك پەيلاسوپ.

(134) ستائېل خانىم (1766 — 1817) — فرانسىيىلىك يازغۇچى، ئەدەبىيات تەنقىدچىسى. گۇئىزوت (1787—1874) — فرانسىيىلىك تارىخشۇناس، سىياسىي ئەرباب. تاينې (1828—1893) — فرانسىيىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىچىسى، تارىخشۇناس.

(135) بۇشمان — غەربىي جەنۇبى ئافرىقىدىكى بىر ئىپتىدائىي مىللەت. ۋېددا — سىرى لانكىدىكى بىر ئىپتىدائىي مىللەت. ئىندىئان — ئامېرىكا قىتئەسىدىكى يەرلىك مىللەت.

(136) بېكېر (1847—1930) — گېرمانىيىلىك ئىقتىسادشۇناس.

(137) «نامسىز مەجمۇئە» — لۇشۈن مۇھەررىرلىكىدىكى مەخسۇس تەرجىمە ئەسەرلىرىنى توپلايدىغان مەجمۇئە. ئەسلىدە «شىمال يېڭىلىقلىرى» كىتاب ئىدارىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، 1925 ـ يىلى نامسىز تەھرىرات قۇرۇلغاندىن كېيىن، شۇ تەھرىرات تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

(138) بۇ يەردە لۇشۈن، فېڭ شۆفېڭلار مۇھەررىرلىكىدە 1929 ـ يىل 6 ـ ئايدىن باشلاپ «شۈيمۇ» كىتابخانىسى ۋە «پارلاق جۇڭخۇا» كىتاب ئىدارىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئىلمىي سەنئەت ھەققىدىكى مەجمۇئە» كۆرسىتىلىدۇ.

(139) «باھار دولقۇنى» ئايلىق ژۇرنىلى — ئەدەبىي ژۇرنال، شياكاڭنۇڭ، جاڭ يۇسۇڭلار مۇھەررىرلىكىدە شاڭخەي «باھار دولقۇنى» كىتابخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. 1928 ـ يىل 11 ـ ئايدا تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنىپ، ئىككىنچى يىلىنىڭ 9 ـ ئېيىدا توختىغان، جەمئىي توققۇز سان چىققان.

(140) بۇ ماقالە بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى گېزىت ـ ژۇرناللارغا بېسىلمىغان.

(141) چاڭ يەنشېڭ — شەنشى ئۆلكىسى يۈسى ناھىيىسىدىن، دۆلەتچىلىك تەرەپدارى، «قۇيۈن» تەھرىراتىنىڭ ئەزاسى، «تاڭ ئاتماس تۈن»نى دائىم ماقالە بىلەن تەمىنلىگۈچى.

(142) «تاڭ ئاتماس تۈن» — يېرىم ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال. بۇ ژۇرنال دۆلەتچىلىك تەرەپدارلىرىدىن زو شۈگشىڭ قاتارلىق كىشىلەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان، 1928 ـ يىل 4 ـ ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلىنىپ، شۇ يىل 5 ـ ئايدا نەشردىن توختىغان، جەمئىي تۆت سان چىققان، چاڭ يەنشېڭنىڭ سۆزى شۇ ژۇرنالنىڭ 3 ـ سانى (1928 ـ يىل 5 ـ ئاي)غا بېسىلغان «ئاQ دەۋرىدىن كېيىن» دېگەن ماقالىگە قارالسۇن. شۇ ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەن: «لۇشۈن ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئىدىيە جەھەتتە كېيىن قالغان كىشىلەر»، «لۇشۈن ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بۇنىڭدىن كېيىنكى 10 يىل ئىچىدە ئەلۋەتتە تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇشى لازىم».

(143) چاڭ يەنشېڭنىڭ «قۇيۈننى توسۇماق» دېگەن ماقالىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ماقالە 1927 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى بېيجىڭدىكى «كۈندىلىك ئوبزور»غا بېسىلغان. «ئۇچ بىكار توپلىمى. مەرسىيە ۋە مەدھىيە»گە قارالسۇن.

(144) بەش رەڭلىك بايراق — جۇڭخۇا مىنگونىڭ 1911 ـ يىلدىن 1927 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى دۆلەت بايرىقى بولۇپ، قىزىل، سېرىق، كۆك، ئاق، قارىدىن ئىبارەت بەش رەڭلىك ئۇزۇنچاق بايراق.





دۆلەتچىلىك تەرەپدارلىرى شىمالىي مىلىتارىستلارنى ھىمايە قىلىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت بايرىقىنى ئۆزگەرتىشكە قارشى تۇرۇپ، بەش رەڭلىك ئۇزۇنچاق بايراقنى قوغداش ھەرىكىتىنى قوزغىغان. شۇڭا، چاڭ يەنشېڭنىڭ ۋۇجۇدىدىن بەش رەڭلىك بايراقنىڭ ھىدى چىقىپ تۇرىدۇ، دېيىلگەن.

(145) ليۇ داجيېنىڭ ماقالىسىنىڭ تېمىسى «چۇقان ۋە سەرسانلىق ھەم ياۋا گىياھ» بولۇپ، بۇ ماقالە «تاڭ ئاتماس تۈن»نىڭ 4 ـ سانى (1928 ـ يىل 5 ـ ئاي)غا بېسىلغان. بۇ ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەن: «لۇشۈن يازغان ‹ياۋا گىياھ›دىن قارىغاندا، ئۇ ئىجادىيەتنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا بېرىپ قالغاندەك تۇرىدۇ. ئاپتور تۇرمۇشنى يەكۈنلىمىسە، كېيىنكى ۋاقىتتا، چوڭراق ئەسەرنىڭ بولۇشى تەس بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا ئاپتورنىڭ قېتىپ قالغان تۇرمۇشنى تاشلاپ (كىتابخانا ئاچماي، پروفېسسورمۇ بولماي)، پوپكىسىنى قولتۇقلاپ، چەت ئەلگە ساياھەتكە بېرىپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش تارىخىدا بىرنەچچە ۋاراق ئاق قەغەز قالدۇرۇشىنى سەمىمىي تەۋسىيە قىلىمەن.» ليۇ داجيې (1904 — 1977) — خۇنەن ئۆلكىسى يۆياڭ ناھىيىسىدىن، ئەدەبىيات، تارىخ ئالىمى. شۇ چاغدا «تاڭ ئاتماس تۈن»نىڭ ئاساسلىق ماقالە بىلەن تەمىنلىگۈچىلىرىدىن بىرى ئىدى.

(146) «جۇڭگودا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى مۇنازىرە» دېگەن كىتابنى لى خېلىن تەھرىرلىگەن، بۇ كىتابقا 1928 ـ يىلدىن 1929 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ھەققىدىكى مۇنازىرىگە دائىر 47 پارچە ئاساسلىق ماقالە كىرگۈزۈلگەن، بۇ كىتاب 1929 ـ يىل 10 ـ ئايدا «شىمال يېڭىلىقلىرى» كىتاب ئىدارىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

(147) «ما جانابىنىڭ يازغۇچىلىق دەستۇرى»نى چېڭ سۇلالىسىدىكى ما جەنجۇڭ يازغان، ئۇ مەملىكىتىمىز بويىچە خەنزۇ تىلى قائىدىسىنى بىرقەدەر سىستېمىلىق تەتقىق قىلغان ئەڭ قەدىمكى كىتاب. «ماقالە يېزىش ئۇسۇلى»نى شا گېيزۈڭ، لۇ شۈكيۇ بىرلىشىپ يازغان، بۇ كىتابنى 1926 ـ يىلى شاڭخەيدە تەرەققىيپەرۋەرلىك كىتابخانىسى نەشر قىلغان.

(148) بۇ يەردە «ئۇچ بىكار» توپلىمىدىكى «قانداق يېزىش كېرەك» ۋە «قوشغۇراق راۋىقىدا» دېگەن ئىككى پارچە ماقالە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(149) ياپونىيە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ناسارالارنى قىرغانلىقى دېگەن سۆز مۇنداق ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ: XVI ئەسىردە خرىستىئان دىنى ياپونىيىگە كىرگەندىن كېيىن تېزدىن پۈتۈن مەملىكەتكە كېڭەيگەن. شۇ چاغدا ياپونىيىنىڭ ھۆكۈمرانى دېچۇەن مۇفۇ (1603 — 1867) مۇرىتلارنىڭ بىرلىشىپ قارشىلىق كۆرسىتىشىدىن قورقۇپ، 1611 ـ يىلى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ مەنئى

قىلغان. دىن تارقاتقۇچىلار ۋە مۇرىتلار دەھشەتلىك جازالاپ ئۆلتۈرۈلگەن. 1637 ـ يىلى داۋيۈەندىكى خرىستىئان دىنىنىڭ مۇرىتلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، مۇفۇ بىر يۈزنەچچە مىڭ ئەسكىرى بىلەن باستۇرۇپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى قىرىپ تاشلىغان. مۇفۇ دېگەن سۆز 1192 ـ يىلدىن 1867 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى فېئوداللىق دەۋرىدە ئۆتكەن ياپونىيەنىڭ مەركىزىي ھەربىي مۇستەبىت ھۆكۈمىتى دېگەن سۆز.

(150) ئىنسانپەرۋەرلىكنى قارغاش دولقۇنى دېگەن سۆز مۇنۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتىدۇ: 1928 ـ يىلىنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئىجادىيەت تەھرىراتى باشقۇرغان «مەدەنىيەت تەنقىدى»، «ئىجادىيەت ئايلىق ژۇرنىلى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئارقا ـ ئارقىدىن «سەنئەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش»، «ئىنسانپەرۋەرلەر ئۆزىنى قامداپ قوغدىماقتا؟» «لۇشۇننىڭ ‹يوقىتايلى› سىنى يوقىتايلى!»، «بەربىر مەست ـ ئەلەسنىڭ نەزىرى» قاتارلىق ماقالىلەر ئېلان قىلىنىپ، لۇشۇنگە «ئىنسانپەرۋەر» سۈپىتىدە خاتا تەنقىد بېرىلگەن.

(151) بىر كىتابخانا — شاڭخەيدىكى «ئەتە» كىتابخانىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ژۇرنال كېيىن نەشر قىلىنمىغان.

(152) «قالۇنمۇ ئىگىسى بىلەن بىللە ئۆلۈپتۇ» دېگەن سۆز چىڭ سۇلالىسىدىكى ۋاڭ زىيۇنىڭ ۋاڭ زىجىڭنىڭ تەزىيىسىگە بارغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىدىن چىققان. «يېڭى رىۋايەتلەر مۇسىبەت»دە مۇنداق دېيىلگەن: «ۋاڭ زىيۇمۇ، ۋاڭ زىجىڭمۇ سەكراتقا چۈشۈپ قاپتۇ، ئەمما ۋاڭ زىجىڭ ئاۋۋال باقىي دۇنياغا كېتىپتۇ. ۋاڭ زىيۇ خىزمەتچىلىرىدىن، نېمىشقا خەۋەر يوق، ئۆلۈپ كەتتىمۇيا، دەپ سوراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆز يېشىمۇ قىلماي، ھارۋىغا ئولتۇرۇپ، تەزىيىگە بېرىپتۇ. ۋاڭ زىجىڭنىڭ قالۇن چېلىشقا ئامراق بولغانلىقىنى ئەسلەپ، تاۋۇت ئالدىغا بېرىپ، ۋاڭ زىجىڭنىڭ قالۇنىنى قولىغا ئېلىپ چاپتۇ. ئەپلەشتۈرەلمىگەندىن كېيىن، ۋاي زىجىڭ، ۋاي زىجىڭ! قالۇنۇڭمۇ سەن بىلەن بىللە باقىي دۇنياغا كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ، سازنى چۆرۈۋېتىپ، قاتتىق يىغلاپتۇ. بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزىمۇ ئۆلۈپتۇ».

(153) بۇ ماقالە دەسلەپ 1931 ـ يىل 2 ـ ئايدا شاڭخەيدىكى «ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 12 ـ سانىغا ‹تاڭ خاندانلىقى سۇترا دامولىلىسىنىڭ سۇتراكالامىنامىلىرىنى ئەكېلىشى ھەققىدە داستان توغرىسىدا» دېگەن سەرلەۋھىدە بېسىلغان.

(154) «ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى» — ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى نىشان قىلغان ئۇنىۋېرسال ئايلىق ژۇرنال. بۇ ژۇرنال شا گەيزۇڭ، يې شېڭتاۋ قاتارلىقلارنىڭ مۇھەررىرلىكىدە 1930 ـ يىلى شاڭخەيدە نەشر قىلىنغان، مەرىپەت كىتابخانىسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان.





(155) جېن جېڭدو (1898—1958) — تەخەللۇسى شىتى، فۇجيەن ئۆلكىسى چاڭلۇ ناھىيىسىدىن، يازغۇچى، ئەدەبىيات تارىخشۇناسى، ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي ئەزالىرىدىن بىرى، «رومانلار ئايلىق ژۇرنىلى»نى تەھرىرلىگەن، «گۈي گۇڭكۇاڭ»، «سۈرەتلىك جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(156) «تاڭ خاندانلىقىنىڭ سۇترا دامولىلىسىنىڭ سۇترا كالامنامىلىرىنى ئەكېلىشى ھەققىدە داستان» — «ئۇلۇغ تاڭ خاندانلىقىنىڭ سۇترا دامولىلىسىنىڭ سۇترا كالامنامىلىرىنى ئەكېلىش خاتىرىسى» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ. بۇ كىتاب ئۈچ توم 17 بابتىن تەركىب تاپقان، تاڭ خاندانلىقى دەۋرىدىكى شەيخلەرنىڭ سۇترانى ئەكېلىش ھەققىدىكى ھېكايىنىڭ ئەڭ بالدۇرقى نۇسخىسى. ئاپتورى نامەلۇم.

(157) ۋاڭ گوۋېي (1877 — 1927) — يەنە بىر ئىسمى جىڭئەن، لەقىمى گۇەنتاڭ، جېجياڭ ئۆلكىسى خەيىنىڭ ناھىيىسىدىن، يېقىنقى زامان ئالىمى؛ تارىخ، ئارخېئولوگىيە، دراما تارىخى بىلەن شۇغۇللانغان، «سۇڭ، يۈەن دەۋرلىرىدىكى چاڭچىلە تارىخى»، «كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى رىۋايەتلەر ۋە «گۇەنتاڭ توپلىمى» قاتارلىق كىتابلارنى يازغان. ئۇ 1915 ـ يىلى «تاڭ خاندانلىقى سۇترا دامولىلىسىنىڭ سۇترا كالامنامىلىرىنى ئەكېلىشى ھەققىدىكى داستان»نى سۈرەتلىك كىتاب قىلىپ نەشر قىلىش ئۈچۈن يازغان كىرىش سۆزىدە مۇنداق دېگەن: «سۇڭ دەۋرىدە نەشر قىلىنغان ئۇلۇغ تاڭ خاندانلىقى سۇترا دامولىلىسىنىڭ سۇترا كالامنامىلىرىنى ئەكېلىشى ھەققىدە داستان ئۈچ توم… كىتابنىڭ ئاخىرىدا جۇڭۋازىلىق جاڭ خەلپەت نەشر قىلغان، دېگەن سۆز بار. جۇڭۋازى لىنئەن ۋىلايىتىنىڭ بىر كوچىسىنىڭ ئىسمى، تىياتىرخانا ئورۇنلاشقان يەردۇر.»

(158) ۋۇ جاڭلىن — داتۇڭ (سەنشىگە تەۋە) دېگەن يەردىن، يۈەن خاندانلىقى دەۋرىدىكى دراماتورگ، «سۇ دۇڭپونىڭ چۈشلىرى»، «تاڭ خاندانلىقى سۇترا دامولىلىسىنىڭ غەربتىن سۇترا كالامنامىلىرىنى ئەكېلىشى» (ھازىر پەقەت ئىككى پەردىسى قالغان) قاتارلىق چاڭچىلە ئەسەرلىرىنى يازغان. مۇھەررىردىن: «غەرب ساياھىتى»نى يۈەن خاندانلىقى دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىكى ياڭ شيەن يازغان. ئۆتكەندە ۋۇ جاڭلىن يازغان دەپ خاتا قارالغان.

(159) دېفۇ سۇفېڭ (1863 — 1957) — ياپونىيىلىك يازغۇچى. ئۇ 1926 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى توكيودىكى «خەلق خەۋەرلىرى» دېگەن ژۇرنالدا «لۇشۇن ھەزرەتنىڭ ‹جۇڭگو رومانلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى› دېگەن ماقالىسى ھەققىدە» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلىپ، لۇشۇننىڭ «ئۇلۇغ تاڭ خاندانلىقى سۇترا دامولىلىسىنىڭ سۇترا كالامنامىلىرىنى ئەكې-

لىش خاتىرىسى» نىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى توغرىسىدىكى پىكرىگە قارشى تۇرغان.

(160) قەلەمنى كەم تارتىش — تاڭ سۇلالىسىدىن باشلانغان بىر خىل پەرھىز؛ شۇ زامانىنىڭ پادىشاھىنىڭ ۋە چوڭلارنىڭ ئىسمىنى يازغاندا ئاخىرقى بىر سىزىقىنى كەم يازىدىغان ئادەت.

(161) شاۋشىڭ — جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى شاۋشىڭ 1 - يىلى (1131 - يىلى) ۋىلايەت قۇرۇلۇپ، شۇ يىلنىڭ نامىنى شاۋشىڭ ۋىلايىتىنىڭ نامى قىلىپ بېكىتكەن.

(162) «جېجياڭدىكى قەدىمكى نەشرلەر ئەسلەتمىسى» — سۇڭ، يۈەن دەۋرلىرىدە جېجياڭدىكى خاڭجۇ، جياشىڭ ۋىلايەتلىرىدە نەشر قىلىنغان ھەر خىل كىتابلارنىڭ ۋاڭ گوۋېي رەتلىگەن مۇندەرىجىلىرى.

(163) «بېيجىڭ نۇسخىسىدىكى ئاممىباب ھېكايىلەر» — سۇڭ دەۋرىدىكى ئادەملەر نەشر قىلغان كىتاب نۇسخىسى. ئەسلىي كىتابنىڭ جىلد سانى نامەلۇم. ھازىر 10 - دىن 16 - جىلدكىچىلىك جەمئىي يەتتە پارچە ماقالە بار.

(164) بۇ ماقالە دەسلەپ 1931 - يىل 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شاڭخەيدىكى «ئالدىنقى قاراۋۇل» (شېھىتلار خاتىرىسىگە بېغىشلانغان مەخسۇس سان) غا ئىمزاسىز بېسىلغان.

1931 - يىل 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «سول قاناتلار ئىتتىپاقى» يازغۇچىلىرىدىن لى ۋېيسېڭ، رۇ شى، خۇيېپىڭ، فېڭ جيەن، يىنفۇ قاتارلىق بەش كىشىنى گومىنداڭ قولغا ئېلىپ، 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شاڭخەيدىكى لۇڭخۇا دېگەن يەردە مەخپىي ئۆلتۈرۈۋەتكەن. گومىنداڭنىڭ فاشىستىك قىلمىشلىرىنى پاش قىلىش ئۈچۈن، لۇشۈن سول قاناتلار ئىتتىپاقىنىڭ مەخپىي ژۇرنىلى «ئالدىنقى قاراۋۇل» نى چىقىرىپ، «رۇ شىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى»، «جۇڭگو پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئەدەبىياتى ۋە پېشقەدەملەرنىڭ قېنى» قاتارلىق ماقالىلەرنى يازغان ۋە «جۇڭگو سول قانات يازغۇچىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ گومىنداڭنىڭ ئىنقىلابىي يازغۇچىلارنى كۆپلەپ قىرغانلىقى ھەققىدىكى باياناتى» نى يېزىشقا قاتناشقان.

بۇ ماقالىدە يېزىلغان بىرقانچە جايلارنىڭ ئىسمى ۋە ۋەقەلىك شۇ ۋاقىتتىكى شەرت - شارائىت چەكلىمىسى سەۋەبىدىن ئەمەلىيەت بىلەن ئازراق پەرقلىق بولغان: رۇ شى 1902 - يىلى جېجياڭ ئۆلكىسى نىڭخەي ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، 1917 - يىلى تەيجۇغا بېرىپ، جېجياڭ ئۆلكىلىك 6 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان، 1918 - يىلى خاڭجۇدىكى جېجياڭ ئۆلكىلىك 1 - دارىلمۇئەللىمىنگە ئىمتىھان بېرىپ كىرىپ، 1923 - يىلى ئوقۇشنى پۈتتۈرگەن، 1925 - يىلى ئەتىيازدا بېيجىڭغا بېرىپ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتې-





تىنىڭ چەتتىن دەرس ئاڭلىغۇچى ئوقۇغۇچىسى بولغان، شۇ يىلنىڭ ئاخىرى جېجياڭغا قايتىپ، جېڭخەي ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولغان، كېيىن ئىلمىي مۇدىر بولغان، 1927 - يىلى ئەتىيازدا نىڭخەي ئوتتۇرا مەكتىپىنى قۇرغان ھەم ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان، 1928 - يىل 5 - ئايدا نىڭخەيىنىڭ تىڭفاڭ دېگەن يېرىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭغا قاتناشقان، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن شاڭخەيگە بارغان. 1930 - يىل 5 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قاتناشقان.

(165) «تاڭ نۇرى» تەھرىراتى — ئەدەبىيات تەشكىلاتى، 1921 - يىلى خاڭجۇدا قۇرۇلغان، ئاساسىي ئەزالىرىدىن جۇ زىچىڭ، يې شېڭتاۋ، رۇ شى، فېڭ شۆفېڭ، فەن موخۇا، ۋېي جىڭجى قاتارلىقلار بار. بۇ تەھرىرات «تاڭ نۇرى» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنى نەشر قىلغان.

(166) «ساراڭ» — ھېكايىلەر توپلىمى، بۇ توپلامغا جاۋ جىڭفۇ ئىمزاسىدىكى ئالتە پارچە ھېكايە كىرگۈزۈلگەن، 1925 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئاپتور ئۆز پۇلى بىلەن نەشر قىلدۇرغان، نىڭپودىكى «خۇاشىڭ» كىتاب ئىدارىسى ۋاكالىتەن باسقان.

(167) «سەھەر غۇنچىسى» تەھرىراتى — لۇشۈن، رۇ شى قاتارلىق كىشىلەر ئۇيۇشتۇرغان ئەدەبىيات - سەنئەت تەشكىلاتى بولۇپ، 1928 - يىل 11 - ئايدا شاڭخەيدە قۇرۇلغان.

(168) «سەھەر غۇنچىسى» — ئەدەبىيات - سەنئەت ھەپتىلىك ژۇرنىلى، 1928 - يىل 12 - ئايدا نەشر قىلىنىشقا باشلاپ، 1929 - يىل 5 - ئايغىچە جەمئىي 20 سان چىقىرىلغان، 6 - ئايدىن كېيىن «سەھەر غۇنچىسى» ھەپتىلىك ژۇرنىلىغا ئۆزگەرتىلىپ، 1929 - يىل 9 - ئايدا 12 - سانىغا بارغاندا نەشردىن توختىغان.

(169) «سەنئەت گۈلزارلىقىنىڭ سەھەر غۇنچىسى» — «سەھەر غۇنچىسى» تەھرىراتى نەشر قىلغان گۈزەل سەنئەت مەجمۇئەسى. لۇشۈن، رۇ شىلار مۇھەررىرلىك قىلغان، چەت ئەل گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىدىن «يېقىنقى زامان ياغاچ ئويمىسىدىن تاللانمىلار توپلىمى» 1 -، 2 - توم، «لۇگۇ خۇڭئېر رەسىملىرىدىن تاللانمىلار»، «بىئاردىسلى رەسىملىرىدىن تاللانمىلار» ۋە «يېڭى روسىيە گۈزەل سەنئەتلىرىدىن تاللانمىلار» نى چىقارغان. ئاخىرقى تاللانما نەشر قىلىنغان چاغدا «سەھەر غۇنچىسى» تەھرىراتى تارقىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى «پارلاق جۇڭخۇا» كىتاب ئىدارىسى نەشر قىلغان.

(170) «ئۇلۇغ تەسرات» — خەۋەر بولۇپ، «دۇنيا مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ تۇنجى سانى (1930 - يىل 9 - ئايدا بىرلا سان چىقىرىلغان) غا لىيۇ جىچىڭ ئىمزاسىدا بېسىلغان.

(171) «كونا دەۋرنىڭ ئۆلۈشى» — رومان، 1929 - يىلى 10 - ئايدا، «شىمال يېڭىلىقلىرى» كىتاب ئىدارىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان؛ «ئۈچ ئاچا - سىڭىل» — ھېكايە، 1929 - يىلى 4 - ئايدا، شۈيمۇ كىتابخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان؛ «2 - ئاي» — ھېكايە، 1929 - يىلى 11 - ئايدا «باھار دولقۇنى» كىتاب ئىدارىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. لۇشۈن ئۇنىڭغا «قىسقىچە مۇقەددىمە» يېزىپ، «ئۈچ بىكار» توپلىمىغا كىرگۈزگەن؛ «ئۈمىد» — ھېكايىلەر توپلىمى، 1930 - يىلى 7 - ئايدا، شاڭخەي تىجارەت كىتابخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

(172) «فائۇست ۋە شەھەر» — دراما، رۇ شى تەرجىمە قىلغان، 1930 - يىلى 9 - ئايدا شاڭخەيدىكى «مۇقەددەس ئەل نۇرى» تەھرىراتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، «ھازىرقى زامان ئەدەبىيات - سەنئەت مەجمۇئەسى» دىن بىرى. لۇشۈن بۇ كىتابقا خاتىمە يېزىپ بەرگەن ھەم ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى تەرجىمە قىلغان، (بۇ ماقالىلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا «توپلام سىرتىدىكى توپلامدىن تەرمىلەر» ۋە «لۇشۈن تەرجىمە ئەسەرلىرى توپلىمى» نىڭ 10 - تومىغا كىرگۈزۈلگەن).

(173) گوركىي — سوۋېت پرولېتارىيات يازغۇچىسى، ئۇنىڭ «ئارتومانوفلارنىڭ ئىشى» دېگەن رومانىنى رۇ شى «چۈشكۈنلەر» دېگەن نامغا ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلىپ جاۋخۇاڭ ئىمزاسىدا 1934 - يىلى 3 - ئايدا تىجارەت كىتابخانىسى ئارقىلىق نەشر قىلدۇرغان.

(174) «دانىيە ھېكايىلىرى» غا رۇ شى تەرجىمە قىلغان ئاندېرسىن قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن 11 پارچە ماقالە كىرگۈزۈلۈپ، جىن چاۋ ئىمزاسىدا «سەھەر غۇنچىسى» تەھرىراتىنىڭ «شىمالىي ياۋروپا ئەدەبىي ئەسەرلىرى مەجمۇئەسى» (4) كە كىرگۈزۈلگەن، 1929 - يىلى 4 - ئايدا، ئۇ ھەقتە ئېلان چىققان، لېكىن نەشر قىلىنمىغان. 1937 - يىلى 3 - ئايدا، يەنە دەن چيۇ تەرجىمە قىلغان ئالتە پارچە ماقالە كىرگۈزۈلۈپ، تىجارەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

(175) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1931 - يىلى 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى «ئالدىنقى قاراۋۇل» غا L. S — ئىمزاسىدا بېسىلغان.

(176) تەرجىمىھاللار — «ئالدىنقى قاراۋۇل» غا بېسىلغان «سول قاناتلار ئىتتىپاقى» نىڭ قۇربان بولغان بەش ئەزاسىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار: «لى ۋېيسېڭ (1903—1931)، يەنە بىر ئىسمى لى چيۇشى، خۇبېي ئۆلكىسى ۋۇچاڭ شەھىرىدىن. ئۇ «دوستويېف» ، «داۋالغۇشتا قالغان يېڭى روسىيە يېزىلىرى» دېگەن ماقالىلەرنى تەرجىمە قىلغان. رۇ شى توغرىسىدا مۇشۇ كىتابتىكى «رۇ شىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى» غا قارالسۇن. خۇ يېپىڭ (1905—1931) — فۇجيەن ئۆلكىسى فۇجۇ





شەھىرىدىن، ئۇ «موسكۋاغا» ، «ئىقبال ئالدىمىزدا» قاتارلىق رومانلارنى يازغان. فېڭ جيەن (1907—1931) — يەنە بىر ئىسمى لىڭمېي، ئايال، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى چاۋجۇ شەھىرىدىن، «ئاخىرقى نىجات يول» ، «قىزىل خاتىرىلەر» قاتارلىق رومانلارنى يازغان. يىن فۇ (1909—1931) — ئەسلىي ئىسمى بەيماڭ، يەنە بىر ئىسمى شۈيبەي، جېجياڭ ئۆلكىسى شياڭشەن ناھىيىسىدىن، «بالىلار مۇنارى» ، «ۋولگىدىكى قارا دولقۇن» قاتارلىق شېئىرلارنى يازغان، ھايات ۋاقتىدا توپلام قىلىپ چىقىرىلمىغان.

(177) بۇ ماقالىنى ئاپتور ئۆز ۋاقتىدا جۇڭگودا تۇرغان ئامېرىكىلىق مۇخبىر ئاگنىس سمېدلېي خانىمنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئامېرىكىدىكى ژۇرنال «يېڭى ئامما» غا ئاتاپ يازغان، ۋاقتى 1931 - يىلى 4 - ئاي ياكى 5 - ئايلار بولسا كېرەك، شۇ چاغدا مەملىكەت ئىچىدىكى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنمىغان.

(178) بابىت ئەپەندىنىڭ مۇرتى دېگەن سۆز «ئالىم» لياڭ شىچيۇنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە مۇشۇ كىتابتىكى «قاتمال تەرجىمە ۋە ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىيلىقى» ، «كاپىتالىستلارنىڭ سالپايغان لالما ئىتى» ھەم مۇناسىۋەتلىك ئىزاھلارغا قارالسۇن.

(179) سېرافىموۋىچ (1863 — 1949) — «تۆمۈر ئېقىن» قاتارلىق رومانلارنى يازغان. ئىۋانوف — «14 — 69 - نومۇرلۇق زەرەھلىك پويىز» قاتارلىق رومانلارنى يازغان. ئوگنېف (1888 — 1938) — «يېڭى روسىيە ئوقۇغۇچىسىنىڭ خاتىرىسى» قاتارلىق رومانلارنى يازغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى سوۋېت يازغۇچىلىرى. چېخوف (1860 — 1904) — بىرنەچچە يۈز پارچە ھېكايە ۋە «ۋانىيە تاغا» ، «گىلاسزارلىق» دېگەن سەھنە ئەسەرلىرىنى يازغان. ئاندرېيېف — «قىزىل كۈلكە» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يازغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى روسىيە يازغۇچىلىرى.

(180) Miss Rose ۋە Mr. Cat — ئىنگلىزچە مەنىسى مۈشۈك ئەپەندى، قىزىلگۈل خېنىم، دېگەن بولىدۇ.

(181) زۇرمۇخلېن (1883 — 1951) — گېرمانىيە ئايال يازغۇچىسى، گىتلېرنىڭ زۇلمى ئاستىدا ئەسەرلىرى مەنئى قىلىنغان. ئۇ «كىچىك پېتېر» (شۈي شا تەرجىمە قىلغان، لۇشۈن كوررېكتورلۇق قىلىپ تۈزەتكەن) دىكى 6 - ماقالە «قارنى يېرىپ چىققان گىياھ» دېگەن ماقالىسىدە ئەزگۈچىلەر سىنىپىنى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى قەھر - زىمىستانغا ئوخشىتىپ، ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇغان.

(182) بىر گېنېرال — ئۆز ۋاقتىدا خۇنەندە تۇرغان مىلىتارىست خې جيەننى كۆرسىتىدۇ. خې جيەن 1931 - يىلى 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مائارىپ مىنىستىرلىكىگە يوللىغان دوكلاتىدا دەستۇر-

لاردە ھايۋانلارنى ئادەمگە ئوخشىتىشنى مەنئى قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ دوكلاتتا مۇنداق دېيىلگەن: «يېقىنقى دەرسلىكلەردە كۆپىنچە ئىت توغرىسىدا، توڭگۇز توغرىسىدا، ئۆردەك توغرىسىدا يېزىلغان. مۈشۈك خېنىم، ئىت ئاكا، كالا بوۋا دېگەن سۆزلەر ھەممە قۇرلاردا بار. قۇشلار، ھايۋانلار سۆز قىلالايدىغان بولۇپ قالغان، ئۇلارغا ھۆرمەت - ئىززەت ئاتا قىلىنغان، ئۇنىڭ ئاجايىپ - غارايىپلىقىنى سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش تەس.»

(183) ستېۋېنسون (1850 — 1894) — ئەنگلىيىلىك يازغۇچى، «ئالتۇن - كۈمۈش ئارىلى» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يازغان. ۋىلدې (1856 — 1900) — ئەنگلىيىلىك، ھەممىدىن گۈزەللىك ئەلا مەسلىكىدىكى يازغۇچى.

(184) بۇ، ھۆكۈمەت ئەزاسى جۇ يېفېڭنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ گومىنداڭ شاڭخەي شەھەرلىك پىرقە بۆلۈمىنىڭ ئەزاسى، شاڭخەي شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى. «ئاۋانگارت» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، پايلاقچىلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى — خەن زىڭپۇنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ گومىنداڭ شاڭخەي شەھەرلىك پىرقە بۆلۈمى دائىمىي ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، گارنىزون قوماندانلىق شتابى پايلاقچىلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە ھەربىي سوت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، «ئاۋانگارت» ھەپتىلىك گېزىتىنىڭ مۇھەررىرلىرىدىن بىرى. ئۇلار «مىللەتپەرۋەرلىك ئەدەبىياتى ھەرىكىتى»نىڭ تەشەببۇسچىلىرى.

(185) ھېنرى فورد (1863—1947) — ئامېرىكىدىكى ئاپتوموبىل سانائىتى بىلەن شۇغۇللانغان مونوپول كاپىتالىست، «ئاپتوموبىل پادىشاھى» دېگەن ئاتىقى بار.

(186) 1931 - يىل 4 -، 5 - ئايلاردا «سول قاناتلار ئىتتىپاقى»نىڭ دائىمىي ھەيئىتى «جۇ چۈەنپىڭ، يې لىڭفېڭ، جۇ شۈيىڭلارنى ئىتتىپاقتىن چىقىرىۋېتىكەنلىك توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ئېلان قىلىپ، ئۇلارنىڭ «مىللەتپەرۋەرلىك ئەدەبىيات ھەرىكىتى»گە ئەگەشكەن ياكى قاتناشقانلىقىنى ۋە باشقا ئەكسىيەتچىل ھەرىكەتلىرىنى پاش قىلغان («ئەدەبىيات خەۋەرلىرى»نىڭ 1 - جىلد 2 - سانىغا قارالسۇن). ئاپتور بۇ يەردە ئارقىسىغا بۇرۇلغان ئەدىب ۋە سەنئەتكارلار دەپ مۇشۇ كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

(187) بېئاردسلېي (1872 — 1898) — ئەنگلىيىلىك رەسسام، كۆپرەك سىخېما خاراكتېرلىك سىدام رەسىملەر بىلەن جەمئىيەت تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەپ، ئادەم رەسىمىنى بەك ئورۇق قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

(188) بۇ نۇتۇق دەسلەپتە 1931 - يىل 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ۋە 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى «ئەدەبىيات - سەنئەت ئاخباراتى»نىڭ 20 - ۋە 21 - سانىغا بېسىلغان. كېيىن ئاپتور تەرىپىدىن تۈزىتىلىپ، بۇ كىتابقا





كىرگۈزۈلگەن. نۇتۇق سۆزلەنگەن كۈن، «لۇشۈن خاتىرىلىرى»گە قارىغاندا، 1931 - يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بولۇش كېرەك، قوشۇمچە ماۋزۇدىكى 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى خاتا خاتىرىلەنگەن.

(189) «شېنباۋ گېزىتى» — مەملىكىتىمىزدە تارىخى ئەڭ ئۇزۇن بولغان بۇرژۇئا گېزىتى، 1872 - يىل 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى (چىڭ سۇلالىسى تۇڭجى پادىشاھىنىڭ يىلنامىسى بويىچە 11 - يىل 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى) شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلىغان، 1949 - يىل 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شاڭخەي ئازاد بولغاندىن كېيىن نەشردىن توختىغان. بۇ گېزىتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى مەزمۇنى: ئىچكى - تاشقى خەۋەرلەردىن باشقا، يەنە بەزى مەدداھ شېئىرلىرى، ئىدىئوم، تېپىشماق، شېئىر، ناخشا ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇنداق نەرسىلەرنى يازغانلار كۆپىنچە شۇ ۋاقىتتىكى ئاتالمىش «ئەپەندى»لەر.

(190) قەدىمىي ۋە ئەينى زامان ئۇسلۇبىدىكى شېئىرلار دېگەن سۆز، قەدىمكى زاماندىكى ۋە ھازىرقى زاماندىكىسىنى دېمەكچى. تاڭ سۇلالىسىدىكى كىشىلەر ئۆز زامانىدا شەكىللەنگەن قېلىپ بويىچە يېزىلغان شېئىرلارنى ھازىرقى زامان شېئىرلىرى، ئىلگىرىكىسىنى قەدىمكى زامان شېئىرلىرى دەپ ئاتىغان، كېيىنكىلەرمۇ شۇ بويىچە ئاتاپ كەلگەن.

(191) «ئۆلىمالارنىڭ غەيرىي رەسمىي قىسسىسى» — رومان، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ۋۇ جىڭزى يازغان، جەمئىي 55 باب، بۇ كىتاب ئىمتىھان تۈزۈمى ۋە فېئوداللىق ئەدەپ - قائىدىلىرىنى مەسخىرە قىلغان ۋە تەنقىد قىلغان.

(192) ئاغۋات — ھەرەمئاغىسى، ھەرەم بېگى، ئاختا قىلىنغان ئادەم — ت.

(193) «ئاغۋات سەنباۋنىڭ غەربكە ساياھىتى» — «ئاغۋات سەنباۋنىڭ غەربكە ساياھىتىنىڭ ئاممىباب قىسسىلىرى»، مىڭ دەۋرىدە لو مادېڭ يازغان، جەمئىي 20 جىلد، 100 باب.

(194) «پاراغەتنامە» — چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ئاممىباب ھېكايە، تيەنخۇا ئەپەندىم دېگەن تەخەللۇس بىلەن يېزىلغان، دەرۋىش سىجۇ تەقرىز يازغان، جەمئىي ئۈچ توپلام، 32 باب.

(195) «دىيەنشىجەي رەسىملىك ژۇرنىلى» — 10 كۈنلۈك ژۇرنال، «شېنباۋ گېزىتى»گە قوشۇلۇپ تارقىتىلغان تاش مەتبەئەدە بېسىلغان رەسىملىك ژۇرنال، 1884 - يىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان، 1898 - يىلى نەشردىن توختىغان، «شېنباۋ» گېزىتخانىسى قارىمىقىدىكى دىيەنشىجەي تاش مەتبەئە نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، ۋۇ يۇرۇ مۇھەررىر بولغان. كېيىن ۋۇيۇرۇ بۇ ژۇرنالغا بېسىلغان ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنى يىغىپ توپلام

قىلغان. توپلامنىڭ سەرلەۋھىسى: «ۋۇيۇرۇ قەلەم جەۋھىرى».
ۋۇيۇيرۇ (? — 1893) — جياڭسۇ ئۆلكىسى ۋۇشيەن ناھىيىسىدىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۆتكەن رەسسام.

(196) رەسىملەر — مىن، چىن سۇلالىلىرىدىن بۇيانقى ئاممىباب رومانلارنىڭ مۇقاۋىلىرىدىكى رەڭسىز رەسىملەرنى كۆرسىتىدۇ.

(197) يې لىڭفېڭ (1904—1975) — جياڭسۇ ئۆلكىسى نەنجىڭ شەھىرىدىن، يازغۇچى ۋە رەسسام، ئىجادىيەت تەھرىراتىنىڭ ئەزاسى، 1926 ـ ۋە 1927 ـ يىللىرى شاڭخەيدە «تىلسىمات» يېرىم ئايلىق ژۇرنىلىنى چىقىرىپ، يېڭى «لۇكچەكپەرەسلىك» نى تەرغىب قىلغان.

(198) «ئۇكىيو» — ياپونىيە دېچۇەن دەۋرىدە (1603—1867) ئەۋج ئالغان خەلق رەسىملىرىنىڭ بىر تۈرى. كۆپىنچە تۆۋەن قاتلامدىكى شەھەر خەلقىنىڭ تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن، XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بارا ـ بارا زاۋال تاپقان.

(199) «جوئاننىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى» — ئەنگلىيىلىك ھاگگارد يازغان رومان، دەسلەپتە پەن شىزىنىڭ ئىمزاسىدا چىقىرىلغان مۇشۇ كىتابنىڭ تەرجىمىسى ئەسلىي ئاپتور يازغان كىتابنىڭ يېرىمى ئىدى، 1903 ـ يىلى شاڭخەي مەدەنىيەت كىتاب ئىدارىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. شۇ چاغدا ناھايىتى كەڭ تارقىتىلغان، كېيىن لىن چىڭنەن ۋېي يىنىڭ ئاغزاكى دەپ بەرگەنلىكىگە قاراپ، پۈتۈن كىتابنى تەرجىمە قىلىپ چىققان. بۇ كىتابنى 1905 ـ يىلى تىجارەت كىتابخانىسى نەشر قىلغان.

(200) لىن چىڭنەن (1852—1924) — ئىسمى لىن شۇ، فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ مىڭشيەن (ھازىرقى مىڭخۇ) ناھىيىسىدىن؛ ياشلىق دەۋرىدە بۇرژۇئا ئىسلاھاتچىلىق سىياسىي پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان، باشقىلارنىڭ سۆزلەپ بەرگىنىگە ئاساسەن، ياۋروپا، ئامېرىكا ئەللىرىنىڭ 100 نەچچە خىل ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى قەدىمكى يېزىق ـ تىل بىلەن تەرجىمە قىلىپ، «لىن تەرجىمە قىلغان ھېكايە» دەپ نام بەرگەن، ئۇلارنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولغانىدى، ئۇ كېيىنكى يىللىرىدا يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇپ، «4 ـ ماي» دەۋرىدە قەدىمپەرەسلەرنىڭ ۋەكىلىگە ئايلىنىپ قالغان.
«ئىلگىرىكى تەرجىماندىن، بۇنىڭ ھەممىنى تەرجىمە قىلىپ، جوئاننىڭ قىممىتىنى چۈشۈرۈۋېتىپتۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەيپىنى قاچۇرۇپ قويۇپتۇ، دېگەن قاتتىق دەشنەمنى ئىشىتكەن» دېگەن سۆز يىڭ بەنشىڭنىڭ «جوئاننىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى توغرىسىدىكى ئىككى تەرجىمە كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن» دېگەن ماقالىسىدىكى مۇنداق سۆزگە قارىتىلغان؛ فەن شىزى قانچە ئويلاپ، قانچە باش قاتۇرۇپ، ئاخىرى ھامىلىدار بولغان ۋەقەلىكنى چىقىرىۋېتىپ، جوئاننىڭ يېغىرىنى ياپقان… بىراق، لىڭ ۋېيلۇنىڭ جوئانغا قانداق





ئاداۋىتى بارلىقىنى بىلمەيمەن، ئۇ فەن شىزى مىڭ بىر ئاماللارنى قىلىپ يوشۇرغان يېغىرىنى كولاپ، كىتابنى تولۇقلاپ، جوئاننىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرگەن… ئىسىت! فەن شىزى جوئاننىڭ كەمچىلىكىنى يوشۇرۇپ، ئۇتۇقىنى گەۋدىلەندۈرگەنلىكى ئۈچۈن شۆھرەت قازانغان، لىڭ ۋېيلۇ قىلمىشىنى ئېچىپ، ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلىغانلىقى ئۈچۈن ئىناۋىتىنى تۆكۈۋەتكەن».

(201) تيەنشۇي ۋۇشېڭ — يەنى چىڭ دېشيەن، قوشماق ئۆردەك، جۇپ كېپىنەكچى يازغۇچى، «18 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ياپون ماللىرىنى چەكلەش داۋاسى ئىچىدە ئائىلىۋى سانائەت ئارقىلىق «تەڭداشسىز» ماركىلىق چىش پاراشوكىنى ئىشلەپ چىقىرىپ، ياپونىيىنىڭ «ئالماس» ماركىلىق چىش پاراشوكىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، ھەممە جايدا سېتىپ باي بولغان. مۇھەررىرىدىن: تيەنشۇي ۋۇشېڭ 1920 ـ يىلى «شېنبىباۋ گېزىتى. ئەركىن پاراڭ» نى تەھرىرلىگەن. ئۇ «قاش ـ كىرپىك تىلى» نىڭ مۇھەررىرى ئەمەس. «قاش ـ كىرپىك تىلى» ـ قوشماق ئۆردەك، جۇپ كېپىنەك تەرەپدارلىرىنىڭ ئايلىق ژۇرنىلى. ئۇ گاۋ جيەنخۇانىڭ مۇھەررىرلىكىدە 1914 ـ يىل 10 ـ ئايدا نەشر قىلىنىشقا باشلاپ، 1916 ـ يىل 18 ـ سانىغا يەتكەندە نەشىردىن توختىغان.

(202) «قوشماق ئۆردەك، جۇپ كېپىنەك ئەدەبىياتى» — قوشماق ئۆردەك، جۇپ كېپىنەك تەرەپدارلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار كۆپرەك قەدىمكى تىلدا ئۇششاق شەھەر پۇقرالىرىنىڭ ھەۋىسىگە لايىق ئەپەندى، نازىنىنلار توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى يازغان. قوشماق ئۆردەك ـ جۇپ كېپىنەك تەرەپدارلىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى، مىنگونىڭ باشلىرىدا ئەۋج ئالغان، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، «رومانلار گېزىتى»، «خەلق ھوقۇقى ئېلېمېنتلىرى»، «ھېكايىلەر مەجمۇئەسى»، «شەنبە» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللارنى چىقارغان. «شەنبە» نىڭ تەسىرى چوڭراق بولغاچقا، ئۇلار «شەنبىچىلەر» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ. ئۇلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان يازغۇچىلاردىن باۋ تيەنشياۋ، چىڭ دېشيەن، شۇي شىڭيا، جۇ سۇجۇەن، جاڭ خېڭشۇي قاتارلىقلار بار.

(203) «يېڭى ياش» — ئومۇمىي خاراكتېرلىك ئايلىق ژۇرنال. «4 ـ ماي» مەزگىلىدە يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنى تەشەببۇس قىلغان، ماركسىزمنى تارقاتقان مۇھىم ژۇرنال. 1915 ـ يىل 9 ـ ئايدا چېن دۇشيۇنىڭ مۇھەررىرلىكىدە شاڭخەيدە نەشر قىلىنغان، 1 ـ جىلدىنىڭ ئىسمى «ياشلار ژۇرنىلى»، 2 ـ جىلدكە كەلگەندە «يېڭى ياش» قا ئۆزگەرتىلگەن. 1918 ـ يىل 1 ـ ئايدىن تارتىپ لى داجاۋ قاتارلىق كىشىلەر بۇ ژۇرنالنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىگە قاتناشقان. 1922 ـ يىل 7 ـ ئايدا توختىلىپ،

جەمئىي توققۇز جىلد، ھەربىر جىلدتىن ئالتە سان چىققان.

(204) ئىبسېن (1828 — 1906) — نورۋېگىيىلىك دراماتورگ، «قورچاق ئائىلە» (نورا)، «خەلق دۈشمىنى» قاتارلىق دراما ئەسەرلىرىنى يازغان. «قورچاق ئائىلە»دە نورانىڭ ئۆز ئېرىگە قورچاق بولماي، ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى ھېكايە يېزىلغان. ئىبسېننىڭ ئاساسىي دراما ئەسەرلىرى «4 - ماي» مەزگىلىدە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. «يېڭى ياش»نىڭ 4 - جىلد 6 - سانى (1918 - يىل 6 - ئاي) ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى، ئىدىيىسىنى ۋە ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، مەخسۇس بەت ئاچقان.

(205) «ئەدەبىي تەتقىقات جەمئىيىتى» — مەشھۇر ئەدەبىيات تەشكىلاتى. 1921 - يىل 1 - ئايدا بېيجىڭدا شېن يەنبىڭ، جېڭ جېڭدو، يې شىياۋچۈن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان. ئۇلار «ئىنسانىيەت ھاياتى ئۈچۈن سەنئەت»نى تەشەببۇس قىلىپ، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان رېئال يېڭى ئەدەبىياتنى قوللىغان. ئەدەبىياتنى ئويۇن - چاقچاق قىلىدىغان ياكى كۆڭۈل ئاچىدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرۇشقا قارشى تۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە تىرىشىپ روسىيە ۋە شەرقىي ياۋروپا، شىمالىي ياۋروپادىكى ئەللەر ۋە باشقا «ئاجىز مىللەتلەر»نىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرغان. بۇ تەھرىراتنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى پائالىيەتلىرى جۇڭگودىكى يېڭى ئەدەبىيات ھەرىكىتى ئۈچۈن ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغان، لۇشۈن بۇ ئەدەبىيات تەشكىلاتىنىڭ قوللىغۇچىسى ئىدى.

(206) ئىجادىيەت تەھرىراتىنىڭ بىرىنچى ئېلانى — «ئىجادىيەت» پەسىللىك ژۇرنىلىنىڭ نەشرى ئېلانىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ 1921 - يىل 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىكى «ئېقىم خەۋەرلىرى»گە بېسىلغان، ئۇنىڭدا «مەدەنىيەت ھەرىكىتى باشلانغاندىن بۇيان، مەملىكىتىمىزدىكى يېڭى ئەدەبىيات - سەنئەت بىرەر - ئىككى ھەيكەلنىڭ چاڭگىلىدا بولۇپ كەلگەن» دېگەن سۆزلەر بار.

(207) سەۋەن تەرجىمىنى تەنقىدلىگەن سۆزلەر — چېن فاڭۋۇنىڭ «ئىجادىيەت پەسىللىك ژۇرنىلى»نىڭ 2 - جىلد 1 - سانى (1923 - يىل 5 - ئاي)دا ئېلان قىلىنغان «ئافىنائىزم» دېگەن ماقالىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ پېيۋېي (ۋاڭ جاۋتۇڭ)، «بۇ يىل خاتىرىلەيدىغان بىرقانچە ئەدىبلەر» (1922 - يىل 12 - ئايدىكى «رومانلار ژۇرنىلى»غا بېسىلغان) دېگەن ماقالىسىدە ئانېئىزمنى خاتا ھالدا ئافىنائىزم دەپ تەرجىمە قىلغانلىقىنى تەنقىد قىلغان.

(208) ۋۇمى — يەنە بىر ئىسمى يۇشېڭ، شەنشى ئۆلكىسى جىڭشيەن





ناھىيىسىدىن، ئامېرىكىدا ئوقۇغان، كېيىن شەرقىي جەنۇب ئۇنىۋېرسىتېتىدا پروفېسسور بولغان. 1921 - يىلى مېي گۇاڭدى، خۇ شيەنسۇ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە «ئىلىم مىزانى» ژۇرنىلىنى چىقىرىپ، قەدىمىي ئەدەبىياتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەكىتلىگەن. ئۇ يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى.

(209) «ھېكايە» ئايلىق ژۇرنىلى — 1910 - يىلى (چىڭ خاندانلىقىنىڭ شۇەنتۇڭ 2 - يىلى) شاڭخەيدە نەشر قىلىنغان، تىجارەت كىتابخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. باشتا يۈڭ تيېچاۋ مۇھەررىر بولغان، 1918 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ ۋاڭ يۈنجاڭ (شى شېڭ) مۇھەررىر بولغان، شۇنىڭدىن تارتىپ، «شەنبە» تەرەپدارلىرىنىڭ ئاساسلىق ژۇرناللىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. 1921 - يىل 1 - ئايدا 12 - جىلد 1 - ساندىن باشلاپ شېن يەنبىڭنىڭ مۇھەررىرلىكىدە مەزمۇن جەھەتتىن زور دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىنغانلىقتىن، «شەنبە» تەرەپدارلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان، 1923 - يىل 11 - ئايدىكى 14 - جىلدتىن باشلاپ جېڭ جېڭدو مۇھەررىر بولغان، 1931 - يىل 12 - ئايدا 22 - جىلد 12 - سانىغا كەلگەندە نەشردىن توختىغان.

(210) «ھېكايىلەر دۇنياسى» — ھەپتىلىك ژۇرنال، قوشماق ئۆردەك، جۇپ كېپىنەك تەرەپدارلىرىنىڭ ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىنكى «ھېكايە» ئايلىق ژۇرنىلىغا قارشى چىقارغان ژۇرنىلى. ئۇنىڭ مۇھەررىرى يې جىڭفېڭ. بۇ ژۇرنال 1923 - يىل 1 - ئايدا شاڭخەيدە تىجارەت كىتابخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، 1929 - يىل 12 - ئايدا نەشردىن توختىغان.

(211) گو مورو (1892 — 1978) — سىچۈەن ئۆلكىسى لوشيەن ناھىيىسىدىن، ئەدىب، تارىخشۇناس ۋە جامائەت ئەربابى، باشتا ئىنقىلابىي مەدەنىيەت ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاتاقلىق ئەدەبىيات تەشكىلاتى بولغان ئىجادىيەت تەھرىراتىنىڭ ئاساسلىق تەشەببۇسكارى بولغان، 1926 - يىلى شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشىغا قاتناشقان، 1927 - يىلى نەنچاڭدىكى «1 - ئاۋغۇست» قوزغىلىڭىغا قاتناشقان؛ ئىنقىلاب ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ياپونىيىگە بېرىپ جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان تارىخى ۋە قەدىمكى يېزىق ئىلمىنى تەتقىق قىلغان؛ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، جۇڭگوغا قايتىپ كېلىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردىكى مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئىلغارلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بارغان ۋە دېموكراتىيە ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغان، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشقان.

(212) گونچاروف (1812—1891) — روسىيە يازغۇچىسى، «ئوبروموف» قاتارلىق رومانلارنى يازغان. لېنىن «سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىچكى – تاشقى سىياسىتى» دېگەن ئەسىرىدە ئوبروموف دېگەن بەدىئىي ئوبرازنى كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان.

(213) بۇ يې لىڭفېڭنىڭ «ئابدالنىڭ تەرجىمىھالى» («ھازىرقى زامان ھېكايىلىرى»نىڭ 1929 – يىل 11 – ئايدىكى 3 – جىلد 2 – سانىغا بېسىلغان) دېگەن رومانىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ رومانىدىكى باش قەھرىمان ۋېيىرى — چېڭ: «كونا ئادىتىم بويىچە ئورۇندىن تۇرۇپ، 12 يارماققا كونا پايپىچىلارنىڭ دۇكىنىدىن بىر نۇسخا ‹چۇقان›نى سېتىۋېلىپ، ئۈچ ۋاراق يىرتىۋېلىپ چوڭ تەرەتكە كەتتىم» دېگەن.

(214) شاڭ پېيلياڭ — خۇنەن ئۆلكىسى جېنياڭ ناھىيىسىدىن، «قۇيۇن» تەھرىراتىنىڭ مۇھىم ئەزاسى ئىدى، كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ چاپارمىنىگە ئايلىنىپ كەتكەن. ئۇ «قۇيۇن»نىڭ 5 – سانى (1926 – يىل 11 – ئاي) دىكى «يېتىم ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدە «ياشلار خۇددى قوغلىنىۋاتقان چىلبۆرىگە ئوخشاش چىرقىرىماقتا، ئارقىسىغا قاراپ چىشىنى ھىڭگايتماقتا…» دېگەن. 1929 – يىلى ئۇ شاڭخەيدە «ياشلىق باھارى» ئايلىق ژۇرنىلىنى چىقىرىپ، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇپ، ئاتالمىش «ئىنسانىيەت سەنئىتى»نى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ يازغان «ئىنسانىيەت سەنئىتى» دېگەن كىتاب 1930 – يىل 5 – ئايدا گومىنداڭنىڭ نەنجىڭدىكى «ئۆستۈرۈش» ناملىق كىتابخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

(215) كۇرىياكاۋانىڭ بۇ سۆزلىرى، ئۇ يازغان «دەرد – ھەسرەتنىڭ سىمۋولى»نىڭ 3 – قىسمىدىكى «مارجان» دېگەن ماقالىدە.

(216) «لېنىنچى ياش» — جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ نەشر ئەپكارى، 1923 – يىل 10 – ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلىغان، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئىسمى «جۇڭگو ياشلىرى» بولۇپ، 1927 – يىل 11 – ئايدا «پرولېتارىيات ياشلار»غا، 1928 – يىل 10 – ئايدا يەنە «لېنىنچى ياش»قا ئۆزگەرتىلىپ، 1932 – يىلى نەشردىن توختىغان. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ماقالە شۇ ژۇرنالنىڭ 1 – جىلد 11 – سانى (1929 – يىل 3 – ئاي)غا بېسىلغان دې جاۋنىڭ «بىر يىلدىن بۇيانقى جۇڭگو ئەدەبىيات – سەنئەت ساھەسىگە باھا» دېگەن ماقالىسىنى كۆرسىتىدۇ.

(217) جۇ يۈەنجاڭ (1328—1398) — ئەنخۇي ئۆلكىسى فېڭياڭ ناھىيىسىدىن، يۈەن خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى قوزغىلاڭچى دېھقانلار قوشۇنىنىڭ داھىيسى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ بىرىنچى پادىشاھى. شىن-





خەي ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسىدا ئىتتىپاقىنىڭ نەشر ئەپكارى «خەلق گېزىتى»گە ئۇنىڭ سۈرىتى بېسىلغان. گېزىت ئۇنى «جۇڭگودىكى بۈيۈك مىللىي ئىنقىلابلارنىڭ ئۇلۇغى»، «جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ قەھرىمانى» دېگەن.

(218) بۇ يەردىكى تەن داۋجىنىڭ ھېكايىسى ئەسلىدە خەن شىڭنىڭ ھېكايىسى بولسا كېرەك، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جاڭ شياۋبۇ يازغان «ئەمەلىي ئەھۋال» دېگەن كىتابتا مۇنداق دەپ يېزىلغان: ‹داڭ جىڭ ساۋاتسىز ئىدى…›، كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىر مەدداھنىڭ مەدداھلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئېتىنى توختىتىپ، مەدداھدىن نېمە دەۋاتىسەن، دەپ سوراپتۇ، مەدداھ خەن شىڭنى سۆزلەۋاتىمەن دەپتۇ. داڭ جىڭ قاتتىق ئاچچىقلىنىپ، سەن مېنى كۆرۈپ خەن شىڭنى سۆزلەۋاتىمەن دەيسەن، خەن شىڭنى كۆرۈپ قالساڭ، داڭ جىڭنى سۆزلەۋاتىمەن دەيدىكەنسەن – دە، قارا يۈز، دەپ خىزمەتچىلەرگە مەدداھنى ئۇرغۇزۇپتۇ».

(219) لۇكچەكلەرنى غوجاكا قىلىۋالدى دېگەن سۆزدە شاڭخەيدىكى لۇكچەكلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرى بىلەن ئالاقىسى بار ھەم ئۇلارنى ئۇستاز ۋە ئاتا قىلىۋالغان ئاتالمىش ئەدىبلەر كۆزدە تۇتۇلغان. مەسىلەن، جاڭ روگۇ، مۇسىيىڭ قاتارلىق كىشىلەر.

(220) مىللەتپەرۋەر «ئەدەبىيات» — ئەينى ۋاقىتتا گومىنداڭ دائىرىلىرى پىلانلاپ چىقارغان ئەكسىيەتچىل ئەدەبىيات. بۇ ھەقتە بۇ كىتابتىكى «‹مىللەتپەرۋەرلىك ئەدەبىياتى›نىڭ ۋەزىپىسى ۋە تەقدىرى»گە ھەم ئۇنىڭ ئىزاھاتىغا قارالسۇن.

(221) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1931 – يىل 6 – ئاينىڭ 15 – كۈنىدىكى «ئەدەبىيات – سەنئەت ئاخباراتى»نىڭ 14 – سانىغا بېسىلغان.

(222) «8 – يانۋار سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى» — 1929 – يىلى (مىنگونىڭ 18 – يىلى) خاڭجۇ سەنئەت تېخنىكومىدىكى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشتۇرغان ياغاچ ئويما سەنئەتكارلىرى تەشكىلاتى. بۇ جەمئىيەتنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى شاڭخەيدە سەنئەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغاندا، لۇشۈننىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ياردىمىگە مۇيەسسەر بولغان.

(223) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1931 – يىل 9 – ئاينىڭ 28 – كۈنىدىكى «ئەدەبىيات – سەنئەت ئاخباراتى»نىڭ 29 – سانىغا بېسىلغان. «ئەدەبىيات – سەنئەت ئاخباراتى» ھەپتىلىك ژۇرنال بولۇپ، «سول قاناتلار ئىتتىپاقى»نىڭ رەھبەرلىكىدىكى ژۇرناللارنىڭ بىرى، 1931 – يىل 3 – ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلىغان، 1932 – يىل 6 – ئايدا نەشردىن توختىغان. «18 – سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، بۇ ژۇرنال شاڭخەيدىكى مەدەنىيەت ساھەسىدىكى مەشھۇر ئەربابلاردىن بۇ ۋەقەگە بولغان قاراشلىرىنى سورىغاندا، لۇشۈن بۇ جاۋابنى بەرگەن.

(224) ياپون مىلىتارىستلىرى «18 - سېنتەبىر» ۋەقەسىنى قوزغىغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگوغا قىلغان تاجاۋۇزىنى «جازا» دېگەن.

(225) بۇ ماقالە دەسلەپ 1931 - يىل 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى يەنئاۋ ئىمزاسىدا «ئەدەبىي يېتەكچى» ژۇرنىلىنىڭ 1 - يىللىق 6 -، 7 - بىرلەشمە سانىغا بېسىلغان.

(226) «مىللەتپەرۋەرلىك ئەدەبىياتى» — 1930 - يىل 6 - ئايدا گومىنداڭ دائىرىلىرى پىلانلىغان ئەدەبىيات ھەرىكىتى. بۇ ھەرىكەتنىڭ تەشەببۇسكارلىرى پەن گۇڭجەن، سۇ زېڭپۇ، جۇ يىڭفېڭ، فۇ يەنچاڭ، ۋاڭ فېڭلىڭ قاتارلىق گومىنداڭ ئەدىبلىرىدىن ئىبارەت، ئۇلار «ئاۋانگارت ھەپتىلىك ژۇرنىلى»، «ئاۋانگارت ئايلىق ژۇرنىلى»نى چىقىرىپ، «مىللەتپەرۋەرلىك»نى سۇيىئىستېمال قىلىپ، كوممۇنىزمغا، خەلققە قارشى ئەكسىلئىنقىلابىي ئەدەبىياتنى تەشەببۇس قىلغان، «18 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، جياڭ جيېشىنىڭ تەسلىمچىلىك، ۋەتەن ساتقۇچلۇق سىياستى ئۈچۈن كەتمەن چاپقان.

(227) «غوجامنىڭ سەركىسى» — «شېئىرنامە ۋېي بەگلىكى غەزەللىرى. بەي شى»دىن ئېلىنغان، ئەسلىي مەنىسى — پادىشاھ ئۈچۈن ئاۋانگارت بولۇش. بۇ يەردە مىللەتپەرۋەرلىك ئەدەبىياتىنىڭ گومىنداڭنىڭ «چەتنىڭ تاجاۋۇزىنى تارمار قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىچكى جەھەتنى تىنچىتىش»تىن ئىبارەت ۋەتەن ساتقۇچلۇق، تەسلىمچىلىك سىياستى ئۈچۈن جامائەت پىكرى پەيدا قىلىپ، ئەمەلىيەتتە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلىشقا يول ئېچىپ بەرگەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(228) خىتابنامە — «ئاۋانگارت ھەپتىلىك ژۇرنىلى» نىڭ 2 -، 3 - سانلىرى (1930 - يىل 6 - ئاينىڭ 29 — كۈنى ۋە 7 - ئاينىڭ 6— كۈنى)غا بېسىلغان، 1930— يىل ؟ ئاينىڭ 1 - كۈنى ئېلان قىلىنغان «مىللەتپەرۋەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىنىڭ خىتابنامىسى»نى كۆرسىتىدۇ. بۇ قالايمىقان، ئەپلەپ - سەپلەپ يېزىلغان خىتابنامە ئەدەبىيات - سەنئەتتە مەركىزىي ئاڭ - پىكىرنى بەرپا قىلىشنى، يەنى فاشىستىك «مىللىي ھېسسىيات»نى تۇرغۇزۇشنى تەرغىب قىلىپ، «مىللىي ئاڭنى سىنىپىي ئاڭنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ماركسىزمنىڭ سىنىپىي كۈرەش توغرىسىدىكى تەلىماتىغا قارشى تۇرغان. فرانسۇز تاينېرنىڭ «سەنئەت پەلسەپىسى» دېگەن ئەسىرىدىكى بەزى مۇھاكىمىلىرىنى ئوغرىلاپ كېلىپ، مىللەتلەرنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ۋە مىللىي ئىنقىلاب تارىخىنى بۇرمىلاپ، سەنئەتتىكى ھەرقايسى ئېقىملار ئۈستىدە قالايمىقان جۆيلۈگەن. ئۇنىڭ مەزمۇنى بەك چاكىنا.

(229) «ئاۋانگارت» ئايلىق ژۇرنىلى — «مىللەتپەرۋەرلىك ئەدەبىيا-





تى»نىڭ ئاساسلىق نەشر ئەپكارى. بۇ ژۇرنال جۇ يىڭفېڭ، فۇ يەنچاڭ قاتارلىقلارنىڭ مۇھەررىرلىكىدە 1930 - يىل 10 - ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلىغان، 1931 - يىل 4 - ئايدا 7 - سانىغا كەلگەندە نەشردىن توختىغان.

(230) بۇ يەردە جياڭ جيېشى بىلەن فېڭ يۇشياڭ، يەن شىشەن ئوتتۇرىسىدا لۇڭخەي، جىنپۇ يوللىرى ياقىسىدىكى جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان مىلىتارىستلار ئۇرۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئۇرۇش 1930 - يىل 5 - ئايدىن باشلىنىپ، 10 - ئايغىچە داۋام قىلغان. ھەر ئىككى تەرەپتە ئۆلگەن، يارىدار بولغان ئادەم جەمئىي 300 مىڭدىن ئاشىدۇ.

(231) لاتىن مىللىتى — ئومۇمەن لاتىن تىلى سىستېمىسىدىكى ئىتالىيە، فرانسىيە، ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

(232) ئوردىن مىللىتى — ئومۇمەن نېمىس تىلى سىستېمىسىدىكى گېرمانىيە، ئەنگلىيە، شۋېتسارىيە، گوللاندىيە، دانىيە، نورۋېگىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. تۇتون مىلادىيىدىن ئىلگىرى شىمالىي ياۋروپادا ياشىغان نېمىس قەبىلىلىرىنىڭ ئىسمى.

(233) بۇ يەردىكى سۆز خۇاڭ جېنشيانىڭ «سېرىق تەنلىكلەرنىڭ قېنى ئالدىدا يېزىلدى» دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىنغان. ئەسلىي سۆز مۇنداق: «ئاخىرىدا، رەھمىتىمنى ئىزھار قىلىمەنكى، دوستۇم ھەزرەت فۇ يەنچاڭ ئادەتتىكى چاغلاردا ماڭا نۇرغۇن سۆزلەپ بەرگەن. ئۇ تارىخنى ئېنىق بىلىدىغان ئادەم ئىدى. بۇ ماقالىدە يازغانلىرىم ھەققىدە، ئۇنىڭدىن بىۋاستە تەلىم ئالغان دېيەلمىسەممۇ، لېكىن نۇرغۇن جايلىرى ئۇنىڭدىن ئالغان تەسىراتلىرىم بىلەن يېزىلغان.» (بۇ ماقالە توغرىسىدا 1931 - يىل 4 - ئايدىكى «ئاۋانگارت ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 1 - جىلد 7 - سانىغا قارالسۇن).

(234) چىڭگىزخان (1162—1222) — ئىسمى تىمۇچىن، قەدىمكى زاماندىكى موڭغۇللارنىڭ داھىيسى، XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موڭغۇللارنىڭ قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، موڭغۇل خاندانلىقىنى قۇرۇپ، پادىشاھلىق تەختىگە چىقىپ چىڭگىزخان دەپ ئاتالغان. 1271 - يىلى قۇبلايخان جەنۇبىي سۇڭ خاندانلىقىنى يوقىتىپ يۈەن خاندانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىن، چىڭگىزخاننى يۈەن خاندانلىقىنىڭ شاھىنشاھى دېگەن. ئۇنىڭ نەۋرىسى باتۇخان (1209—1256) 1235 — 1244 - يىللىرى، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ئەسكەر باشلاپ، غەربكە قاراپ ئىلگىرىلىگەن، روسىيە ۋە ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەرگە بېسىپ كىرگەن.

(235) تاتار، جۇرجىن، كىدان — مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي تەرەپىدە ئەينى زاماندا ياشىغان مىللەتلەر.

(236) ۋىلگېلىم (1859—1941) — گېرمانىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ پادىشاھى، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ باش جىنايەتچىسى. ئۇ 1895 ـ يىلى «سېرىق ئاپەت تەسۋىرى» نى سۇرەتلەپ، بەگ ـ ھاكىم، ئاقسۆڭەكلەرگە ۋە چەت ئەللەرنىڭ باشلىقلىرىغا تارقاتقان. 1907 ـ يىلى يەنە «سېرىق ئاپەت — بۇ خەۋپنى مەن بالدۇرلا تونۇپ يەتكەنىدىم. ئەمەلىيەتتە، سېرىق ئاپەت دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ ئىجادچىسى مەن» دېگەن. مۇھەررىردىن: «سېرىق ئاپەت» ھەققىدىكى سەپسەتىلەر XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى باشلىنىپ، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەۋج ئالغان، ئۇ جۇڭگو، ياپونىيە قاتارلىق شەرقتىكى سېرىق تەنلىك مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان مىللەتلەرنى ياۋروپاغا ۋەھىمە بولۇپ چۈشۈۋاتقان ئاپەت دەپ ھېسابلاپ، غەرب جاھانگىرلىكىنىڭ شەرقنى قول، تالان ـ تاراج قىلىشى ئۈچۈن جامائەت پىكرى پەيدا قىلغان.

(237) جاۋ گۇ (1107—1187) — جەنۇبىي سۇڭ خاندانلىقىنىڭ گاۋزۇڭ دېگەن بىرىنچى پادىشاھى.

(238) بۇ، «18 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ كۇشكۇرتۇشى ۋە قوماندانلىقى ئاستىدا، پىڭراڭ، خەنچىڭ قاتارلىق جايلاردا يۈز بەرگەن جۇڭگو مۇھاجىرلىرىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسىنى كۆرسىتىدۇ.

(239) بۇ «سېرىق تەنلىكلەرنىڭ قېنى ئالدىدا يېزىلدى» دېگەن ماقالىدىكى گەپ. ئەينى تېكىستى مۇنداق: «ئوتتۇرا ئەسىردە شەرقىي ياۋروپا ئۈچ خىل ئىدىيە توقۇنۇشقان يەر. بۇ ئىدىيىلەر يېۋرى، گرېك مىللەتلىرىنىڭ ۋە كۆچمە چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئىدىيىلىرىدىن ئىبارەت. ئۇلار دائىم ئارىلىشىپ يۈرىدۇ، ئەمما پات ـ پات توقۇنۇشۇپ قالىدۇ.»

(240) بۇ يەردە سۇڭ سۇلالىسىدىكى جۇاڭ جيۇنىڭ «توخۇ قوۋۇرغىسى ئەسەرلىرى» نى كۆرسىتىدۇ. بۇ كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «جىن كاڭ پادىشاھى تۈگەشكەندىن كېيىن، جىن باسمىچىلىرى جۇڭگوغا بېسىپ كىرىپ، ياۋۇزلۇقنى تەپ تارتمايلا ئاشكارىلىغان، بارغانلا يېرىدە ئوت قويۇپ، ھەممىنى كۆلگە ئايلاندۇرغان. مەسىلەن، چۈيفۇغا بېرىپ دانىشمەن كۇڭ فۇزىنىڭ خاتىرە سارىيىغا كىرىپ… كۆيدۈرۈۋەتكەن. ھەيكەلگە قولىنى شىلتىپ: ‹يات قەبىلىلەرنىڭ پادىشاھ — ھۆكۈمدار بولۇشى جۇشيا (جۇڭخۇا) نىڭ ھۆكۈمدارسىز بولغىنىغا يەتمەيدۇ دەيسەن ـ ھە!›، دەپ، تىل ـ ھاقارەت قىلغان. جۇڭگودا تارىختىن بۇيان مۇشۇنداق بالايىئاپەت بولۇپ باققان ئەمەس».

(241) يار بويىدا قىستالغاندا بەرگەن ۋەدىلىرى — بۇ سۆز كۆپىنچە تەسلىمچىلىك دېگەن كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىدۇ.

(242) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1931 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈندىكى





شاڭخەي «تۆت كوچا دوقمۇشى» نىڭ 1 ـ سانىغا تايىڭ ئىمزاسىدا بېسىلغان.

(243) «تاڭ دەۋرى تارىخى» — بۇ كونا تاڭ دەۋرى تارىخى، يېڭى تاڭ دەۋرى تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنى كېيىنكى جىڭ سۇلالىسىدىكى ليۇ شيۇ قاتارلىق كىشىلەر ۋە سۇڭ سۇلالىسىدىكى ئوۋياڭ شۇ قاتارلىق كىشىلەر يازغان. بۇ ئىككى كىتابنىڭ ھەممىسىدە «شەرقىي مىللەتلەر خاتىرىلىرى» دېگەن بابتا «پاكار قۇل» ھەققىدىكى ئەھۋاللار يېزىلغان.

(244) ۋېن تيەنشياڭ (1236—1283) — جياڭشى ئۆلكىسى جىئەن ناھىيىسىدىن، جەنۇبىي سۇڭ خاندانلىقىنىڭ ۋەزىرى، جەنۇبىتا يۈەن سۇلالىسى ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەشنى داۋاملاشتۇرغان، مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن، تىز پۈكمەي ئۆلتۈرۈلگەن. يۆ فېي (1103—1142) — شاڭجۇ ۋىلايىتى تاڭيىن ناھىيىسى (خېنەن ئۆلكىسىگە تەۋە) دىن، جەنۇبىي سۇڭ خاندانلىقىدىكى ئاتاقلىق سەركەردە، جىن باسمىچىلىرىغا قارشى قەتئىي ئۇرۇش ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، سۇڭ گاۋزۇڭ پادىشاھ ۋە جىن خۇي قاتارلىق تەسلىمچىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. لىن زېشۈي (1785—1850) — فۇجيەن ئۆلكىسى فۇجۇ ناھىيىسىدىن، چىڭ خاندانلىقىنىڭ ۋەزىرى، ئەپيۇن ئۇرۇشىدا ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزىغا قاتتىق قارشى تۇرغان، كېيىن مەنچىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلغان.

(245) خۇ جەنتاڭ (1879—1936) — گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى فەنيۈ ناھىيىسىدىن، گومىنداڭ ئوڭچىلىرىنىڭ سىياسىي بېدىكى، «12 ـ ئاپرېل» ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىشىنىڭ پىلانچىلىرىدىن بىرى، كېيىن گۇاڭدۇڭ مىلىتارىستلىرى بىلەن بىرلىشىپ، گۇاڭدۇڭ تەرەپدارلىرى بولۇپ، جياڭ جيېشىنىڭ نەنجىڭدىكى مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن تېپىشكەن. 1931 ـ يىل 10 ـ ئايدا ھەر ئىككى تەرەپ «ۋەتەننىڭ بېشىغا كۈن چۈشتى» دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈپ، شاڭخەيدە سۈلھلەشكەن. 1914 ـ يىلى ۋەزىيەت ھەققىدە پىكىر بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئوقۇغۇچىلار خەلقنىڭ ئاۋانگارتى بولۇش روھىنى ھازىرلاشقا تىرىشىشى كېرەك، لېكىن كوچىنى توپلاشقا كۆپرەك دىققەت قىلىش كېرەككى، بەل قويۇۋەتمىسۇن».

(246) «ۋەتەنپەرۋەرلىك كونسېرتلىرى» ۋە كېيىنكى سۆزلەر توغرىسىدا 1931 ـ يىل 10 ـ ئايدىكى «شېنباۋ گېزىتى» گە ئارقا ـ ئارقىدىن بېسىلغان «ئالتۇن» تىياتىرخانىسىنىڭ ئېلانلىرىغا قارالسۇن.

(247) «كۆكلەم» — ئەسلىي يېرىم ئايلىق ژۇرنال، كېيىن ھەپتىلىك ژۇرنالغا ئۆزگەرتىلگەن. ئۇنى ۋاڭ يېخۇا، تاڭ زېڭياڭ تەھرىرلىگەن،

بۇنى ئۆزلىرى ياش ئەدىبلەرنىڭ ژۇرنىلى دېگەن. بۇ ژۇرنال 1929 ـ يىل 9 ـ ئايدا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان، 1930 ـ يىلىدىن باشلاپ، بۇ ژۇرنالدا «مىللەتپەرۋەرلىك ئەدەبىياتى» تەرغىب قىلىنغان. ئاپتورنىڭ تۆۋەندە «ياش ئەدىبلەر» ، «نازىنىن ئەدىبلەر» دېگەن سۆزلىرى شۇلارغا قاردىتىلغان مەسخىرە.

(248) شيې ليۇيى (1906—1945) — گۇيجۇ ئۆلكىسى گۇيياڭ ناھىيىسىدىن، ئەدەبىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئەينى زاماندا فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا پروفېسسور بولغان. شۆ ۋېينەن — جياڭسۇ ئۆلكىسى ۋۇشيەن ناھىيىسىدىن، ئۆز ۋاقتىدا «دۇنيا» كىتابخانىسىنىڭ مۇھەررىرى ئىدى.

(249) «شاڭخەي ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىنىڭ ۋەتەن قۇتقۇزۇش جەمئىيىتى» — مىللەتپەرۋەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرى «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش» ، «ۋەتەن قۇتقۇزۇش» دېگەن نام بىلەن ئۇيۇشتۇرغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشكىلاتى (ئاز ساندىكى ئوتتۇرا ھالەتتىكىلەرمۇ قاتناشقان) 1931 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى شاڭخەيدە قۇرۇلغان.

(250) «ياپونىيە فېلىيەتونلىرىدىن تاللانما،» يەنى «يېقىنقى زامان ياپونىيە فېلىيەتونلىرىدىن تاللانما» — شيې لىيۇيى تاللاپ تەرجىمە قىلغان، 1929 ـ يىلى شاڭخەيدىكى «داجياڭ» ناملىق كىتابخانا نەشر قىلغان.

(251) «ئۈچ سەنئەتكارنىڭ سۆزى» — فۇ يەنچاڭ، جۇ يىڭفېڭ، جاڭ رۇگۇلار بىرلىشىپ يازغان، 1927 ـ يىلى شاڭخەيدىكى «قەدىناس دوستلار» كىتاب شىركىتى نەشر قىلغان.

(252) بۇ سۆز «زو چيۇمىڭ يىلنامىسى» دىن ئېلىنغان. «ئالدىدىكى تاماقتىن كېچىش» دېگەن سۆز — دۈشمەننى يوقىتىشقا ئالدىراش كېرەك دېگەن سۆز.

(253) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1931 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چىققان شاڭخەيدىكى «قۇتۇپ يۇلتۇزى» نىڭ 1 ـ جىلد 2 ـ سانىغا دۇڭ خۋا ئىمزاسىدا بېسىلغان.

(254) «خەلقتە يوق، بەگكىمۇ يوق» دېگەن سۆز «بايان. يەنيۇەن» دىن ئېلىنغان. ئەسلىي كۇڭزىنىڭ شاگىرتى يۇرونىڭ سۆزى، بۇ ماقالىدە مېڭزىنىڭ سۆزى دەپ خاتا يېزىلغان.

(255) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1931 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «قۇتۇپ يۇلتۇزى» نىڭ 1 ـ جىلد 2 ـ سانىغا چاڭ گېڭ ئىمزاسىدا بېسىلغان.

(256) پەرەڭلەر دىيارى — شاڭخەي.





(257) «گۈللەر ئارا» — تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى، كېيىن شۇ خانىدانلىقىدىكى جاۋ چۇڭزۇ تەھرىرلىگەن، جەمئىي 10 جىلد:

(258) جاڭ مى — كېيىنكى تاڭ سۇلالىسىدىكى شائىر، تەرجىمىھالى ئېنىق ئەمەس، «گۈللەر ئارا» غا ئۇنىڭ 27 كۇپلېت شېئىرى كىرگۈزۈلگەن.

(259) بۇ ماقالە دەسلەپتە لى لەن تەرجىمە قىلغان، 1931 ـ يىل 10 ـ ئايدا شاڭخەيدىكى «كۆل مەنزىرىسى» كىتاب ئىدارىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ھاۋا خاتىرىسى» گە «تاڭ فۇڭيى» ئىمزاسىدا كىرگۈزۈلگەن.

(260) مارك تۋېن — ئامېرىكىلىق ھېكايىچى، XIX ئەسىردە ئامېرىكىدىكى رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرى، ئۇ ياشلىق چېغىدا مىسسىسىپى دەرياسى بويىدا كېمىگە يول كۆرسىتىپ بەرگۈچىگە شاگىرت بولغان، سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئۆلچىگەندە، دائىم «مارك تۋېن» دەپ توۋلايدىكەن. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى «ئىككى فاتوم» دېگەن سۆز (بىر فاتوم 1.829 مېترغا توغرا كېلىدۇ) . كېيىنكى ۋاقىتتا ئۇ بۇ سۆزنى ئۆزىنىڭ تەخەللۇسى قىلىپ قوللانغان.

(261) بۇ، سېھىرلىك يات ئادەم دېگەن مەنىدە.

(262) ئاللان پوئې (1809—1848) — ئامېرىكىلىق يازغۇچى، «قارا مۇشۇك» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يازغان. خاۋتورنى (1804 — 1864) — ئامېرىكىلىق ھېكايىچى، «قىزىل يېزىق» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يازغان. ۋىتمان (1819—1892) — ئامېرىكىلىق شائىر، «گېياكوكى» توپلىمىنى يازغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئامېرىكىدا كاپىتالىزم تازا ئەۋج ئالغان مەزگىلدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە دېموكراتىزمغا مايىل بولغان يازغۇچىلار.

(263) «جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش» — «ئامېرىكىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشى» (1861—1865) دەپمۇ ئېيتىلىدۇ. بۇ ئامېرىكىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بۇرژۇئازىلارنىڭ ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى قۇل ئىگىلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىي ئۇرۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ چاغدىكى ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭى لىنكولىن خەلقنىڭ قوللىشى بىلەن نېگىر قۇللارنى ئازاد قىلىشتەك دېموكراتىك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، جەنۇبتىكى قۇل ئىگىلىرىنىڭ قوراللىق ئىسيانلىرىنى بېسىقتۇرۇپ، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن بۇرژۇئا ھاكىمىيىتىنى قۇرغان.

(264) ھوۋېلىس (1837—1920) — ئامېرىكىلىق ھېكايىچى. ئۇ ئىجادىيەتتە ئاتالمىش «مۆتىدىل رېئاللىق» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، سىنىپىي زىددىيەتتىن قاچقان، «ھازىرقى زاماندىن بىر مىسال» قاتارلىق ھېكايىلەرنى

يازغان.

(265) جامېس (1843—1916) — ئامېرىكىلىق ھېكايىچى، 1876 ـ يىلى ئەنگلىيىدە تۇرغان، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئەنگلىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەن، «بىر ئايالنىڭ سۈرىتى» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يازغان.

(266) يېڭى يەر دېگەن سۆز ئۆز ۋاقتىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىلغان.

(267) رالف (1876— ?) — ئامېرىكىلىق رەسسام.

(268) رېن ۋېيچاڭ (1822—1857) — جېجياڭ ئۆلكىسى سەنيىڭ (ھازىرقى شاۋشېن) ناھىيىسىدىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى رەسسام.

(269) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1931 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چىققان «قۇتۇپ يۇلتۇزى» نىڭ 1 ـ جىلد 3 ـ سانىغا دۇڭخۋا ئىمزاسىدا بېسىلغان.

(270) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1931 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چىققان «قۇتۇپ يۇلتۇزى» نىڭ 1 ـ جىلد 3 ـ سانىغا دۇڭخۋا ئىمزاسىدا بېسىلغان.

(271) «Propaganda» — ئىنگلىزچە تەشۋىقات دېگەن سۆز.

(272) ياڭ شاۋلۇ (1877—1937) — جىڭجۈي تىياتىر ئارتىسى. «تىغ جېنى بىلەن زىياپەتكە بېرىش» — جىڭجۈي تىياتىرى، ئۇنىڭدا ئۈچ خانىدانلىق دەۋرىدىكى شۇ (سىچۈەن) خانىدانلىقىنىڭ لەشكەربېشى گۈەن يۈ (يۈنچاڭ) نىڭ ۋۇ خانىدانلىقىغا زىياپەتكە بارغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايە.

(273) مېي لەنفاڭ (1894—1961) — جىڭجۈي تىياتىرى ئارتىسى. «لىن دەيىيۈنىڭ گۈل چېچەكنى دەپنە قىلىشى» — مېي لەنفاڭنىڭ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تىكى ۋەقەلىككە قاراپ يازغان جىڭجۈي تىياتىرى.

(274) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1931 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى «تۆت كوچا دوقمۇشى» نىڭ 1 ـ سانىغا پېي ۋېي ئىمزاسىدا بېسىلغان.

(275) 1912 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەنجىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، چىڭ خانىدانلىقىنىڭ پادىشاھى فۇيى (شۈەنتۇڭ) نىڭ 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تەختتىن مەجبۇرىي چۈشكەنلىكى ئېلان قىلىنغان؛ لېكىن شۇ ۋاقىتتا ئىمزالانغان پادىشاھ جەمەتىگە ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش شەرتنامىسى بويىچە، يەنە خان سارىيىدا تۇرغان. خۇ شىنىڭ فۇيى بىلەن كۆرۈشۈپ چىققانلىقى «تىرىشىش» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ 12 ـ سانى (1922 ـ يىل 7 ـ ئاي) غا بېسىلغان خۇ شىنىڭ «شۈەنتۇڭ ۋە خۇ شى» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىنغان. ئۇ ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەن: «قەمەرىيە 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چىڭ خانىدانلىقىنىڭ پادىشاھى شۈەنتۇڭ





تېلېفوندا، سارايغا كەلگىن، بىر ئاز سۆزلىشەيلى، دېدى. شۇ چاغدا، 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى (قەمەرىيە زۇڭزا بايرىمىدىن بىر كۈن ئىلگىرى) كۆرۈشەيلى، دەپ ۋەدىلەشتۇق. 30 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بىر ھەرەم بېگى كېلىپ ئۆيۈمدىن مېنى ئەكەتتى. شىڭۋۇمېن دەرۋازىسىدىن سارايغا كىردۇق. ‹دەردكە داۋا› ھۇجرىسىدا پادىشاھ بىلەن كۆرۈشتۈم. مەن ئۇنىڭغا تەزىم قىلدىم، ئۇ مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، مەن ئولتۇردۇم ··· ئۇ مېنى، ئەپەندى، دېدى. مەن ئۇنى شاھىم، دېدىم. بىزنىڭ سۆزىمىز كۆپىنچە ئەدەبىيات ئۈستىدە بولدى··· ئۇ ئۆزىنىڭ ئاممىباب تىلدا ماقالە يېزىشنى قوللايدىغانلىقىنى، قەدىمكى ئۇسلۇبتا شېئىر يېزىپ كەلگەنلىكىنى، يېقىندىن بۇيان سىناق تەرىقىسىدە يېڭىچە شېئىرنىمۇ يېزىۋاتقانلىقىنىمۇ سۆزلەپ بەردى.»

(276) فۇيى 1924 ـ يىلى فېڭ يۈشياڭنىڭ خەلق قوشۇنى بېيجىڭغا كىرگەندىن كېيىن، چىڭ سارىيىدىن قوغلىنىپ، تيەنجىندىكى ياپونلارنىڭ كونسېسسىيىسىگە كۆچۈرۈپ كېلىنگەن.

1931 ـ يىل «18 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، ياپون جاھانگىرلىكى ئۇنى قورچاق قىلىش مەقسىتىدە 11 ـ ئايدا تيەنجىن ئارقىلىق شەرقىي شىمالغا ئاپارغان. 1932 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى قورچاق مانجۇرىيە دۆلىتى قۇرۇلغاندا، ئۇ ھۆكۈمران بولغان. 1934 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۆز نامىنى «كاڭ دې پادىشاھ» قا ئۆزگەرتكەن.

(277) دىڭ ۋېنجياڭ (1887—1936) — يەنە بىر ئىسمى زەيجۈن، جياڭسۇ ئۆلكىسى تەيشىڭ ناھىيىسىدىن، گېئولوگ، سىياسىي بېدىك. ئۇ 1921 ـ يىلى خۇ شى بىلەن بىرلىشىپ «تىرىشىش» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنى چىقىرىپ «ياخشىلار ھۆكۈمىتى» نى تەشەببۇس قىلغان. 1926 ـ يىلى سۈن چۈەنفاڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن شاڭخەي سودا ئىشلىرىنىڭ باش بېگى بولغان. كېيىن جياڭ جېيشىنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتكەن.

(278) لىيۇ ۋېندىيەن (1889—1958) — يەنە بىر ئىسمى شۇيا، ئەنخۇي ئۆلكىسى خېفېي ناھىيىسىدىن، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىدا پروفېسسور بولغان، ئەنخۇي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ۋە تەييارلىق فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان، 1928 ـ يىل 11 ـ ئايدا جياڭ جېيشىنىڭ ئالدىغا شۇ مەكتەپتە ئوقۇش تاشلاش ۋەقەسى يۈز بەرگەندە چاقىرتىلىپ بارغاندا، جياڭ جېيشىنى رەئىس دېمەي، ئەپەندى دېگەنلىكى ئۈچۈن، جياڭ جېيشى ئۇنى مەكتەپنى چىڭ باشقۇرمىدى دېگەن باھانە بىلەن قاماتقان، شۇ يىلى 12 ـ ئايدا تۈرمىدىن چىقىرىۋەتكەن.

(279) «بىلىش تەس، ئىشلەش ئاسان» — سۈن جۇڭشەننىڭ تەلىما-

لىرىدىن بىرى. بۇ ھەقتە ئۇنىڭ 1918 - يىلى ئېلان قىلىنغان «سۇن ۋېن تەلىماتى. مۇقەددىمە» سىگە قارالسۇن. بۇ تەلىماتتا ئىشلەش ئالدىدا، بىلىش ئارقىدا بولىدۇ، بىلمەي تۇرۇپ ئىشلىگىلى بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ، شۇ چاغدا ئىنقىلابچىلار ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان قىيىنچىلىقتىن قورقۇش ئىدىيىلىرىنى تەنقىد قىلىنغان، لېكىن «ئالدىن بىلەر، ئالدىن سېزەر»لەرنىڭ رولىنىمۇ مۇبالىغە قىلىنغان. كېيىن جياڭ جيېشى قاتارلىقلار بۇنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، ئىنقىلابقا، خەلققە قارشى پەلسەپىسى ئۈچۈن دەستۇر قىلغان. «يېڭى ئاي»نىڭ 2 - جىلد 4 - سانى (1929 - يىلى 6 - ئاي) غا كۆچۈرۈپ بېسىلغان خۇ شىنىڭ «بىلىش تەس، ئىشلەشمۇ ئاسان ئەمەس» سەرلەۋھەلىك ماقالىسى «بىلىش تەس، ئىشلەش ئاسان» تەلىماتىنى تەنقىد قىلىپ، ئاتالمىش «مۇتەخەسسىسلەر سىياسىيسى» دېگەن تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتىگە «مۇتەخەسسىسلەرگە كۆپرەك مۇراجىئەت قىلىش لازىم» دەپ تەلەپ قويغان. ئۇ: «بۇ تەلىمات (بىلىش تەس، ئىشلەش ئاسان) تۈزىتىلمىسە، مۇتەخەسسىسلەر سىياسىيسىنى ھەرگىز ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ» دېگەن. شۇ چاغدا خۇ شى قاتارلىقلارنىڭ مەقسىتى جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتىگە قاتنىشىش ئىدى.

(280) لو لۇڭجى (1897—1965) — يەنە بىر ئىسمى نۇسېڭ، جياڭشى ئۆلكىسى ئەنفۇ ناھىيىسىدىن، «يېڭى ئاي» تەرەپدارلىرىنىڭ مۇھىم ئەزاسى، ئامېرىكىدا ئوقۇغان. ئۇ يازغان «شېنياڭ ۋەقەسى»، «18 - سېنتەبىر» ۋەقەسى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن كىتابچە بولۇپ، 1931 - يىل 9 - ئايدا «قەدىناس دوستلار» كىتاب شىركىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

(281) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1931 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «قۇتۇپ يۇلتۇزى»نىڭ 1 - جىلد 4 - سانىغا چاڭ گېن ئىمزاسىدا بېسىلغان.

(282) جاۋ جىڭشېڭ — سىچۈەن ئۆلكىسى يىبىڭ ناھىيىسىدىن، شۇ چاغدا فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا پروفېسسور، «شىمال يېڭىلىقلىرى» كىتاب ئىدارىسىدە مۇھەررىر ئىدى. ئۇ «كىتاب ئوقۇش» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1 - جىلد 6 - سانى (1931 - يىل 3 - ئاي) غا بېسىلغان «تەرجىمە ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدە خاتا تەرجىمىنى ئاقلاپ مۇنداق دېگەن: «مېنىڭچە، كىتاب تەرجىمە قىلىشتا كىتابخانلارنىڭ غېمىنى يېيىش كېرەك، باشقىچە ئېيتقاندا، ئالدى بىلەن كىتابخانلار تەرىپىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مۇھىمى تەرجىمىنىڭ راۋان بولۇش - بولماسلىقى، خاتا بولۇش - بولماسلىقى ئىككىنچى مەسىلە. ئەگەر تەرجىمىسى قىلچىلىك خاتا بولمىسىمۇ، سۆزى ئېگىز - پەس، ئوڭغۇل - دوڭغۇل بولۇپ، راۋان بولمىسا خەقنىڭ كانىيى ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ - دە، ئۇنىڭ زىيىنى خاتا





تەرجىمىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ... شۇنىڭ ئۈچۈن، يەن فۇ ئوتتۇرىغا قويغان تەرجىمىنىڭ ئۆلچىمىدىكى دۇرۇس، راۋان، سىلىق دېگەن سۆزنىڭ تەرتىپىنى راۋان، دۇرۇس، سىلىق قىلىپ تىزىش كېرەك».

(283) ياڭ جىڭخاۋ — شاڭخەي شەھىرى فېڭشيەن ناھىيىسىدىن، شۇ چاغدا نەنجىڭ مەركىزىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئۇ «جەمئىيەت ۋە مائارىپ»نىڭ 2 - جىلد 22 - سانى (1931 - يىلى 9 - ئاي) غا بېسىلغان «‹تەرجىمە ھەققىدىكى مۇنازىرە› دىن سۆزۈمنى باشلاي» دېگەن ماقالىسىدە شۇ ۋاقىتتىكى ماركسىزم - لېنىنىزم ئەسەرلىرى تەرجىمىلىرىگە ۋە پرولېتارىيات ئەدەبىياتى نەزەرىيىلىرىنىڭ تەرجىمىلىرىگە «قوپال، قاتمال»، «ئۇرغۇن كىشىلەر نارازى، كۆرسە بېشىم ئاغرىيدۇ دەيدۇ، تىلسىمات كىتاب دەپ مەسخىرە قىلىدۇ» دەپ ھۇجۇم قىلغان. يەنە: «تەرجىمىنىڭ دۇرۇس بولۇشىدا مەسىلە يوق، لېكىن بىرىنچى مۇھىم شەرت ‹راۋان› بولۇشى كېرەك» دېگەن.

(284) «پۈتۈن كائىنات توغرىسىدىكى ئەسەرلەر خەزىنىسى» — تىجارەت كىتابخانىسى تەرىپىدىن 1922 - يىلدىن 1934 - يىلىغىچە نەشر قىلىنغان چوڭ مەجمۇئە بولۇپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى 2000 خىلدىن ئارتۇق ئەسەر كىرگۈزۈلگەن، جەمئىي 4000 كىتابقا بۆلۈنىدۇ.

(285) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1931 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «قۇتۇپ يۇلتۇزى»نىڭ 1 - جىلد 4 - سانىغا چاڭ گېڭ ئىمزاسىدا بېسىلغان. ئات - كالا قاچىرىقلىرى دېگەن سۆز ‹زو چيۇمىڭ يىلنامىسى› شىگۇڭ 4 - يىلىدىكى خاتىرە» دىن ئېلىنغان. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «جانابىڭىز شىمالىي دېڭىزدا تۇرسىڭىز، مەن جەنۇبىي دېڭىزدا تۇرسام، خۇددى ئات بىلەن كالا بىر - بىرىگە ئېجىل بولالمىغاندەك، بىر - بىرىمىزگە مۇناسىۋەتسىزمۇ» دېگەن گەپتىن چىققان. بۇ سۆز شەيئىلەرنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق مۇناسىۋەتنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

(286) «چەت ئەل ئەدەبىياتى مۇنبىرىدىن خەۋەرلەر» — «ھېكايە» ژۇرنىلىنىڭ 1931 - يىل 1 - ئايدىكى 22 - جىلد 1 - سانىدىن تارتىپ ئېچىلغان مەخسۇس بەت. جاۋ جىڭشېڭ بۇ بەتنىڭ ئاساسىي ماقالە يازغۇچىسى.

(287) ۋ. گروپپېر (1897—1977) — ئامېرىكىلىق يەھۇدىي رەسسام، «ALAYCOP» — «ھايت» دېگەن مەنىدە. ۋ. گروپپېر بۇنى رەسىملەر توپلىمىنىڭ ئىسمى قىلغان.

(288) «ئىنگلىزچە» «سېرىكچىلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە مۇھەببىتىگە دائىر رەسىملىك ھېكايە» دېگەن سۆز.

(289) «Love» — ئىنگلىزچە مۇھەببەت دېگەن سۆز.

(290) تېيس — گېرمان يازغۇچىسى. جاۋ جىڭشېڭ ئۇنىڭ تۆت كىتابىنى «راھەت باغچىسىدىن ئايرىلغاندا»، «جەمئىيەت ئىشىكى»، «بەدەننى سالاملاشتۇرۇش» ۋە «يېرىمى ئادەم، يېرىم كالا شەيتان» دەپ تونۇشتۇرغان. مۇھەررىردىن: بۇ تۆت كىتابنىڭ ئومۇمىي ئىسمى «ياشلارغا خاس تۆت توملۇق رومان» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ رومان ئىچىدىكى «بەدەننى ساغلاملاشتۇرۇش» دېگەن سۆز «ئالۋاستى» دەپ تەرجىمە قىلىنىشى، «يېرىم ئادەم، يېرىم كالا شەيتان» دېگەن سۆز «يېرىم ئادەم، يېرىم ئات شەيتان» دەپ تەرجىمە قىلىنىشى كېرەك. بۇ كىتابلار 1924 ـ يىلىدىن 1931 ـ يىلىغىچە ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىنغان.

(291) «تۇڭجى» مەكتىپى — 1907 ـ يىلى گېرمانلار شاڭخەيدە قۇرغان تىببىي مەكتەپ بولۇپ، 1917 ـ يىلى جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، تىبابەتچىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن، 1927 ـ يىلى تۇڭجى ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

(292) «كالا سۈتى يولى» — جاۋ جىڭشېڭنىڭ 1922 ـ يىلى چېخوفنىڭ ھېكايىسى «ۋانكا» دىكى ئىنگلىزچە «سامانيولى» نى «كالا سۈتى يولى» دەپ خاتا تەرجىمە قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

(293) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1932 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «قۇتۇپ يۇلتۇزى» نىڭ 1 ـ جىلد 2 ـ سانىغا چاڭ گېڭ ئىمزاسىدا بېسىلغان.

(294) «دەۋر گېزىتى» — بۇرژۇئا خان پەرەسلىرىنىڭ گېزىتى، 1904 ـ يىل 4 ـ ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلاپ، 1939 ـ يىل 9 ـ ئايدا نەشردىن توختىغان.

(295) «ئاخىرەتنامە» — ياخشىلىققا ياخشىلىق، يامانلىققا يامانلىقنى تەرغىب قىلىدىغان خۇراپاتلىق كىتابى، جەمئىي سەككىز بابقا بۆلۈنگەن، ئىككىنچى بابتىكى سۈرەتلەر ئىچىدە گۇناھكارلارنى جىڭلايدىغان سۈرەت بار.

(296) «شاڭخەي گېزىتى» — ياپونلار چىقارغان ياپونچە گېزىت، 1904 ـ يىل 7 ـ ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلىغان، ئەسلىي ئىسمى «يېڭى شاڭخەي گېزىتى» (ھەپتىلىك گېزىت)، 1905 ـ يىل 3 ـ ئايدا كۈندىلىك گېزىتكە ئۆزگەرتىلگەن.

(297) «دىيەنتۇڭشې ئاگېنتلىقى» — يەنى ياپونىيە تېلېگراف ئاگېنتلىقى بولۇپ، 1901 ـ يىلى توكيودا قۇرۇلغان، 1920 ـ يىلى جۇڭگو شاڭخەي شەھىرىدە شۆبىسى قۇرۇلغان.

(298) «يالىڭاچ نامايىش ئۆتكۈزۈش» — 1927 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ بېيجىڭدا چىقارغان بىر گېزىتكە «نومۇسسىزلىق — ۋۇخەن كوچىسىدا ئاياللار يالىڭاچ بولۇپ نامايىش ئۆت-





كۈزدى» دېگەن سەرلەۋھىدە خەۋەر بېسىلىپ، شۇ چاغدا گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ھەمكارلىقىدىكى ۋۇخەن ھۆكۈمىتىگە ھاقارەت كەلتۈرۈلگەن. شۇ چاغدا جۇڭگودىكى بەزى ئەكسىيەتچى گېزىتلەر بۇ خەۋەرنى كۆچۈرۈپ باسقان.

(299) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1932 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «قۇتۇپ يۇلتۇزى» نىڭ 2 ـ جىلد 1 ـ سانىغا بوتاڭ ئىمزاسىدا بېسىلغان.

(300) سېرۋانتېس (1547—1616) — ياۋروپا ئەدەبىي گۈللىنىش دەۋرىدىكى ئىسپانىيىلىك يازغۇچى، «دونكىخوت» ناملىق ئىككى قىسىملىق رومان يازغان، 1 ـ قىسمىنى 1605 ـ يىلى، 2 ـ قىسمىنى 1615 ـ يىلى ئېلان قىلغان.

(301) ۋۇداڭشەن تېغى — خۇبېي ئۆلكىسى جۈڭشەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى تاغ، تەرىقەتچىلەر قۇددۇسى. كونا رومانلاردا ئۇ يەر باتۇر قىلىچۋازلارنىڭ ماھارەت مەشىق قىلىدىغان يېرى قىلىپ تەسۋىرلەنگەن.

(302) «ما جەنشەنگە ياردەم بەرگۈچى ياشلار ئۆمىكى» — «18 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، جياڭ جيېشى قارشى تۇرماسلىق سىياسىتىنى قوللانغان، شۇڭا ياپون ئەسكەرلىرى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى پۈتۈن زېمىنىنى دېگۈدەك بېسىۋالغان، 11 ـ ئايدا ياپون ئەسكەرلىرى لۇڭجياڭ قاتارلىق جايلارغا يېتىپ كەلگەندە، خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇۋەققەت رەئىسى ما جەنشەن قارشىلىق كۆرسەتكەن، ھەرقايسى تەبىقىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلەر ئۇنى قوللىغان. شۇ چاغدا شاڭخەيدە بەزى ياشلار تەشكىلاتلىرى «ما جەنشەنگە ياردەم بېرىش ياشلار ئۆمىكى» قۇرۇپ، شەرقىي شىمالغا بېرىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرغۇچى قوشۇنلارغا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلغان، لېكىن ئۇنىڭدا قەتئىي كۈرەش قىلىش روھى ۋە ئەمەلىي چارىلەر ئاز بولغانلىقى، بولۇپمۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى توسقۇنلۇق قىلىپ بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تەشكىلات ئۇزاق ئۆتمەيلا تارقىلىپ كەتكەن.

(303) خەلقئارا ئىتتىپاق — بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، 1920 ـ يىلى قۇرۇلغان خەلقئارا ھۆكۈمەتلەر تەشكىلاتى. ئۇ «خەلقئارا ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقئارا تىنچلىقنى ۋە بىخەتەرلىكنى قوغداش» نى مەقسەت قىلىمىز دەپ كۆز ـ كۆز قىلغان. ئەمەلىيەتتە ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق جاھانگىر دۆلەتلەر كونتروللۇقىدىكى ھەم ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ئۈچۈن كەتمەن چاپىدىغان قورال بولۇپ قالغان، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن پارچىلىنىپ كەتكەن، 1946 ـ يىل 4 ـ ئايدا رەسمىي تارقالغان. ئۇ «18 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن ياپونىيە

جاھانگىرلىكنىڭ جۇڭگوغا قىلغان تاجاۋۇزىنى ئاقلىغان. 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى جياڭ جيېشى نەنجىڭ شەھىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن گومىنداڭ ئەزالىرى يىغىنىدا: «مۇشۇ پەيتتە يۇقىرى ـ تۆۋەن بىردەك بولۇپ، زوراۋانلىققا ئادالەت بىلەن ۋەھشىيلىككە تىنچلىق بىلەن جاۋاب بېرىپ، غەزىپىمىزنى بېسىۋېلىپ، سەۋر ـ تاقەت قىلىپ خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ ئادىل ھۆكۈمىنى كۈتىمىز» دەپ جاكارلىغان.

(304) «ئاخىرەتلىكنى تەييارلاپ قويۇش» دېگەن سۆز، تاۋۇتنى ھارۋىغا بېسىپ، جېنىمىز پىدا دېگەن ئىرادىنى بىلدۈرۈش دېگەنلىك. بارماقنى كېسىش دېگەنلىك، نىيىتىمىز قەتئىي دېگەنلىك. 1931 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ، 22 ـ كۈنلىرىدىكى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ خەۋەرلىرىگە قارىغاندا، «ما جەنشەنگە ياردەم بەرگۈچى ياشلار ئۆمىكى» گۇەنسەي — تاۋۇت كۆتۈرۈپ نامايىش قىلغان، بەزىلەر بارمىقىنى كېسىپ، قېنى بىلەن مۇراجىئەتنامە يازغان.

(305) «چىن ئوردىسىدا يىغلاپ يېلىنىش» — ئەمنىيە دەۋرىدىكى چۇ بەگلىكىنىڭ ئەمەلدارى شىڭ باۋشۇ ھەققىدىكى ھېكايىنى كۆرسىتىدۇ. «تارىخنامە. ۋۇ زىشۈي تەزكىرىسى»دە مۇنداق دەپ يېزىلغان: «ۋۇ زىشۈي ۋۇ بەگلىكىنىڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، چيۇ بەگلىكىنىڭ پايتەختىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، شىڭ باۋشۇ چىن بەگلىكىگە بېرىپ ھال ئېيتىپ ياردەم سورىغان، چىن بېگى ئۇنىمىغان. شىڭ باۋشۇ چىن ئوردىسىدا كېچە ـ كۈندۈزلەپ يەتتە كۈنگىچە يىغا ـ زار قىلغان. چىن بەگلىكىنىڭ بېگى ئەيگۇڭ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، 500 ھەربىي ھارۋىنى چيۇ بەگلىكىنى قۇتقۇزۇش مەقسىتىدە ۋۇ بەگلىكىگە ھۇجۇمغا ئەۋەتكەن».

(306) خۇ شى (خۇشىزى) «يېڭى ياشلار» نىڭ 2 ـ جىلد 5 ـ سانى (1917 ـ يىل 1 ـ ئاي)غا بېسىلغان «ئەدەبىيات ئىسلاھاتى ھەققىدىكى كىچىككىنە مۇلاھىزە» دېگەن ماقالىسىدە ئەدەبىياتنى ئىسلاھ قىلىشقا دائىر سەككىز ئىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭ ئالتىنچىسى «تەمسىللەرنى ئىشلەتمەسلىك» ئىدى.

(307) رىمارك (1898—1970) — گېرمانىيىلىك ھېكايىچى. «غەربىي سەپتە ئۇرۇش يوق» بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى تەسۋىرلەپ يازغان ھېكايە، 1929 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

(308) لۇدۋېگ رېن — گېرمانىيىلىك ھېكايىچى. «ئۇرۇش» — ئۇنىڭ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى تەسۋىرلەپ يازغان رومانى، 1928 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

(309) «ياۋا گىياھ» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى تىجارەت كىتابخانىسىغا تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن، «28 ـ يانۋار» دىكى ئۇرۇش ئوتىدا كۆيۈپ





كەتكەن، نەشردىن چىقمىغان. بۇ مۇقەددىمىمۇ مۇشۇ كىتابقا كىرگۈزۈلۈشتىن بۇرۇن ئېلان قىلىنمىغان.

(310) فېڭ Y.S — «ياۋا گىياھ» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ تەرجىمانى فېڭ يۇشېڭ، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىن، شۇ چاغدا سول قاناتلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى بولغان.

(311) 1926 ـ يىلى «18 ـ مارت» پاجىئەسىدىن كېيىن، ئاپتور ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى قوللىغانلىقى ئۈچۈن، دۈەن چىرۇي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىككىنچى تۇركۈمدە تۇتىدىغانلارنىڭ ئىسىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن. ئۇ دوستلارنىڭ سۆيلىشى ئارقىسىدا 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ سەنبېڭ دوختۇرخانىسى، گېرمانىيە دوختۇرخانىسى، فرانسىيە دوختۇرخانىسى قاتارلىق جايلاردا پاناھلىنىپ تۇرغان.

(312) بۇ يەردە 1926 ـ يىل ئەتىياز بىلەن ياز ئارىلىقىدا خېبېي مىلىتارىستلىرىدىن فېڭ يۈشياڭنىڭ خەلق قوشۇنى بىلەن شەرقىي شىمال مىلىتارىستلىرىدىن جاڭ زولىن، لى جىڭلىڭلارنىڭ ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا بېيجىڭ ـ تيەنجىن ئارىلىقىدا بولغان ئۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

(313) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1932 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈندىكى «تۆت كوچا دوقمۇشىدا» نىڭ 3 ـ سانىغا فېي ۋېي ئىمزاسىدا بېسىلغان.

(314) گومىنداڭ ئۆز پارتىيىسىنى «پارتىيە دۆلىتى» دەپ ئاتايتتى — ت.

(315) «جەمئىيەت» — «ئەقلىي ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتى» ئەينى ۋاقىتتا پۇرسەتپەرەس ئەدىبلەردىن فەن جۇڭيۈن قاتارلىق كىشىلەر قۇرغان بىر تەشكىلات. ئۇنىڭ ئەزالىرى بىرقەدەر مۇرەككەپ. 1931 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى شاڭخەيدە قۇرۇلغان.

(316) فەن جۇڭيۈن — جېجياڭ ئۆلكىسى شېڭشيەن ناھىيىسىدىن، ئەينى ۋاقىتتا تىجارەت كىتابخانىسىدا مۇھەررىر بولغان، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ساتقۇن بولۇپ، ۋاڭ جىڭۋېينىڭ قورچاق ھۆكۈمىتىدە مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى بولغان.

(317) ۋاڭ فۇچۈەن (1899—1959) — جېجياڭ ئۆلكىسى يۆخاڭ ناھىيىسىدىن، شۇ چاغدا فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا پروفېسسور بولغان، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ساتقۇنلۇق قىلىپ، ۋاڭ جىڭۋېينىڭ قورچاق جۇڭگو ـ ياپونىيە مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ جياڭسۇ شۆبىسىدە دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە مەسئۇل كادىر بولغان.

(318) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1931 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى «تۆت كوچا دوقمۇشىدا» نىڭ 2 ـ سانىغا «مىڭسى» دېگەن تەخەللۇس بىلەن

بېسىلغان.

(319) بۇ يەردە 1931 ـ يىل 12 ـ ئايدا مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ جياڭ جيېشىنىڭ قارشى تۇرماسلىق سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش مەقسىتىدە نەنجىڭغا بېرىپ تەلەپ قويغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى مائارىپ مىنىستىرى نامىدىن پۈتۈن مەملىكەتكە تەلەپ قويۇشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەن، يەنى 17 ـ كۈنى جايلاردىن بارغان ئوقۇغۇچىلار بىرلىشىپ گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىغا تەلەپ قويغاندا، ھەربىيلەر ۋە ساقچىلارغا تەلەپ قويغۇچى ئوقۇغۇچىلارنى تۇتۇش، ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا 20 نەچچە كىشى ئۆلتۈرۈلگەن، 100دىن ئارتۇق كىشى يارىدار قىلىنغان. 18 ـ كۈنى يەنە جايلاردىكى ھەربىي ـ مەمۇرىي دائىرىلەرگە تەلەپ قويۇش ۋەقەسىنى جىددىي بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا تېلېگرامما ئەۋەتكەن.

(320) «18 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى خەلقئارا ئىتتىپاققا كۆپ قېتىم ئەرز تۇتقان. 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ياپون ئەسكەرلىرى جىنجۇغا ھۇجۇم قىلغاندا يەنە خەلقئارا ئىتتىپاققا جىنجۇنى بىتەرەپ رايونى قىلىش، جۇڭگو ئەسكەرلىرىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە چېكىندۈرۈش شەرتى بىلەن ياپون ئەسكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى توختىتىش توغرىسىدا تەكلىپ سۇنغان. 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ياپون ئەسكەرلىرى داۋاملىق ھالدا جىنجۇغا ھۇجۇم قىلغان چاغدا، يەنە بىر قېتىم خەلقئارا ئىتتىپاققا ئەرز تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئارىلىششىنى، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى كېڭەيتىۋېتىشىنى چەكلىشىنى ئىلتىماس قىلغان.

(321) فېڭ يۈك ئۇنىۋېرسىتېتى — شەرقىي شىمال مىلىتارىستى فېڭ يۈك قۇرغان ئۇنىۋېرسىتېت، 1927 ـ يىلى شىنياڭدا قۇرۇلغان، 1931 ـ يىل «18 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن تاقالغان.

(322) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1922 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى «ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى» نىڭ يېڭى يىلغا بېغىشلانغان سانىغا بېسىلغان. «ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى» — ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى نىشان قىلغان ئۇنىۋېرسال ئايلىق ژۇرنال.

(323) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1932 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «قۇتۇپ يۇلتۇزى» نىڭ 2 ـ جىلد 1 ـ سانىغا بېسىلغان. «قۇتۇپ يۇلتۇزى» — ئەدەبىي ئايلىق ژۇرنال. سول قاناتلار ئىتتىپاقىنىڭ نەشر ئەپكارلىرىدىن بىرى، دىڭ لىڭ مۇھەررىر بولغان، 1931 ـ يىل 9 ـ ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلىغان، 1932 ـ يىل 7 ـ ئايدا 2 ـ جىلد





3 ـ، 4 ـ قوشما سانى چىققاندىن كېيىن نەشردىن توختىلىپ، جەمئىي سەككىز سان چىققان. بۇ ژۇرنال 1931 ـ يىل 12 ـ ئايدا «ئىجادىيەتنىڭ جانلىنالماسلىق سەۋەبى ۋە چىقىش يولى» ھەققىدە نۇرغۇن يازغۇچىلاردىن پىكىر سورىغان. بۇ ماقالە ئاپتورنىڭ شۇنىڭغا بەرگەن جاۋابى.

(324) ھېكايە يېزىش ئۇسۇلى جەھەتتىكى كىتابلار شۇ چاغدا كۆپ نەشر قىلىنغان. مەسىلەن، ئەنگلىيىلىك خامىلتون يازغان، خۇا لىنگيى تەرجىمە قىلغان «رومان يېزىش قائىدىسى»، سۇن لياڭگۇڭ تەھرىرلىگەن «رومان يېزىش ئۇسۇلى ھەققىدىكى لېكسىيە» قاتارلىقلار.

(325) Sketch — ئىنگلىزچە سۆز بولۇپ، ئوچېرك، قىسقىچە تەئرىپ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

(326) ھېكايە تېمىسى — ھېكايىنىڭ مەزمۇنى دېگەن سۆز — تەرجىمان ئىزاھى.

(327) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1932 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى «تۆت كوچا دوقمۇشىدا» نىڭ 3 ـ سانىغا بېسىلغان.

(328) Y — ياڭ زىچىڭ، سىچۈەن ئۆلكىسى ئەنشەن ناھىيىسىدىن؛ T — تاڭ ئەيفۇ، سىچۈەن ئۆلكىسى شىندۇ ناھىيىسىدىن. ھەر ئىككىلىسى ئۆز ۋاقتىدىكى ياش يازغۇچىلار.

(329) گوتېر (1811—1872) — فرانسىيىلىك «ھەممىدىن گۈزەللىك ئەلا مەسلىكى» دىكى يازغۇچى. ئۇ بىرىنچى بولۇپ «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت» قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ «موبەن خېنىم» دېگەن ھېكايىنى، «ئۆلۈم كومېدىيىسى» دېگەن غەزەلىياتنى يازغان.

(330) باۋدېلەيىر — فرانسىيە 1848 ـ يىلىدىكى «فېۋرال» ئىنقىلابىغا قاتناشقان. بۇ يەردە «دەسلەپتە پارىژ كوممۇنىسىنى قوللىغان» دېگەن سۆز خاتا بولغان.

(331) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1932 ـ يىل 6 ـ ئايدىكى «ئەدەبىيات» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1 ـ جىلد 1 ـ سانىغا بېسىلغان. شۇ ۋاقىتتىكى تېمىسى، «تەرجىمە ھەققىدە» قوشۇمچە تېمىسى «تەرجىمە ھەققىدە J. K گە جاۋاب» ئىدى. J. K — چۈي چيۇبەي. ئۇنىڭ لۇشۈنگە يازغان بۇ خېتى «تەرجىمە ھەققىدە» سەرلەۋھە بىلەن 1931 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ، 25 ـ كۈنلىرىدىكى «تۆت كوچا دوقمۇشىدا» نىڭ 1 ـ، 2 ـ سانلىرىغا بېسىلغان.

(332) «يولداش Z» — ساۋ جىڭخۇا. ئۇ خېنەن ئۆلكىسىنىڭ لۇشى ناھىيىسىدىن، «نامسىز تەھرىرات» نىڭ ئەزاسى، تەرجىمان، ئۆز ۋاقتىدا سوۋېت ئىتتىپاقى لېنىنگراد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، «تۆمۈر ئېقىن» قاتارلىق رومانلارنى تەرجىمە قىلغان.

(333) «چېركاۋ سلاۋىيان تىلى» — XI ئەسىردىن XVII ئەسىرگىچە شەرقىي سلاۋىيانلار (رۇسلار، ئوكرائىنلار ۋە بېلورۇسلار) ھەم جەنۇبىي سلاۋىيانلار (بۇلغارلار، سېربلار ۋە كرودلار) ئىنجىل ئوقۇغاندا ئىشلىتىدىغان تىل. روسىيىدە بۇنداق تىل دىنىي ئەسەرلەر ۋە ئىلمىي ئەسەرلەردە كەڭ تۈردە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، XVIII ئەسىردىن بۇرۇنقى رۇس تىلىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن.

(334) لومونوسوف (1711—1765) — روسىيىلىك ئالىم. «رۇس تىلى گىرامماتىكىسى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان، ھازىرقى زامان روسىيە ئەدەبىي تىلىنى دەسلەپكى قەدەمدە تۇرغۇزغان، پۇشكىن ئۇ تىل ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سالغان، پۇشكىن (1799—1837) — روسىيىلىك شائىر، «يېۋگېنى ئونېگىن» دېگەن داستانىنى، «كاپىتان قىزى» دېگەن ھېكايىنى يازغان.

(335) يەن فۇ (يەن يۇلىڭ، يەن جىداۋ دەپمۇ ئاتىلىدۇ) «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى» نىڭ تەرجىمىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «تەرجىمىدە ئۈچ ئىشنى ئورۇنداش قىيىن، يەنى دۇرۇس، ئۇقۇملۇق، پاساھەتلىك بولۇشنى ئورۇنداش تەس؛ دۇرۇس قىلىش چوڭ مۇشكۈلچىلىك. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇرۇس قىلىمەن دېسەڭ ئۇقۇملۇق قىلغىلى بولمايدۇ. تەرجىمە قىلغىنىڭ بىلەن قىلمىغانغا باراۋەر. مۇشۇنداق ئىكەن قانداق ئۇقۇملۇق قىلغىلى بولسۇن». شۇڭا، «ئۇقۇملۇق دۇرۇس دېمەكتۇر»، «بۇ ئۈچ شەرت ماقالە يېزىشنىڭ توغرا يولى، شۇنداقلا تەرجىمە ئىشلىرىنىڭ ئۈلگىسى، شۇڭا دۇرۇس، ئۇقۇملۇقتىن باشقا، ئۇنىڭ پاساھەتلىك بولۇشىغا تىرىشىش كېرەك.» بۇنىڭدىن باشقا، ۋۇ رۇلۇن «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى» گە مۇقەددىمە يازغاندا مۇنداق دېگەن: «يەن ئەپەندىمنىڭ بۇ تەرجىمىدىكى تىلى خېلى ئالغا باسقان، جۇ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى موللىلارنىڭكىدىن قېلىشمايدىكەن.»

(336) «يەن تەرجىمە قىلغان مەشھۇر ئەسەرلەر» — يەن فۇ تەرجىمە قىلغان ئەنگلىيىلىك ھېكسلېينىڭ «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى» نى، ئەنگلىيىلىك ئادام سىمىت (1723—1790) نىڭ «تەبىئىي بايلىق» دېگەن ئەسىرىنى، ئەنگلىيىلىك جېنكىس (1861—1939) نىڭ «جەمئىيەت ھەققىدىكى ئومۇمىي چۈشەنچە» دېگەن ئەسىرىنى، ئەنگلىيىلىك مېل (1806—1873) نىڭ «ئىنسانىي ھوقۇقنىڭ چېكى نەزەرىيىسى» دېگەن ئەسىرىنى، فرانسىيىلىك مونتېسكيو (1689—1755) نىڭ «قانۇننىڭ ئەھمىيىتى» دېگەن ئەسىرىنى، ئەنگلىيىلىك سپېنسېر (1820—1903) نىڭ «تۈرلۈك ئىلىملار ھەققىدە مۇلاھىزە» دېگەن ئەسىرىنى، ئەنگلىيىلىك ئىۋانس (1835—1882) نىڭ «لوگىكا ھەققىدە چۈشەنچە» دېگەن ئەسىرىنى





ۋە مېلنىڭ «لوگىكا ئىلمى» دېگەن ئەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كىتابلار ئۆز ۋاقتىدا ئۈزلۈكسىز نەشر قىلىنغان. 1920 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە «يەن تەرجىمە قىلغان مەشھۇر ئەسەرلەر مەجمۇئەسى» دېگەن نام بىلەن توپلام قىلىنىپ، تىجارەت كىتابخانىسى تەرىپىدىن باستۇرۇلغان.

(337) بۇ سۆز جاۋ جىڭشېڭنىڭ تەرجىمە ھەققىدىكى پىكىرلىرىنىڭ يەكۈنى.

(338) لياڭ چىچاۋ (1873—1929) — يەنە بىر ئىسمى جۇرو، لەقىمى رېنگۇڭ، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى شىنخۇي ناھىيىسىدىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى يېڭىلاش ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى. مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ياپونىيىگە قېچىپ بېرىپ، خاننى قوغدىغۇچىلار پارتىيىسىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، سۇن جۇڭشەن رەھبەرلىكىدىكى دېموكراتىك ئىنقىلاب ھەرىكىتىگە قارشى تۇرغان. ئۇ ئاددىي يېزىق تىلى بىلەن «مۇزخانا ئەسەرلىرى توپلىمى» نى يازغان. لۇشۇننىڭ جاۋاب خېتىدە تىلغا ئېلىنغان «ياپونچىنى خەنزۇچە ئوقۇش ئۇسۇلى» لياڭ چىچاۋ جۇڭگولۇقلارنىڭ ياپونچىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن يازغان كىتابى.

(339) «ساڭجىيې» رىۋايەتلەردىن قارىغاندا، پادىشاھ خۇاڭ دىنىڭ تارىخ ئەمەلدارى بولغان، خەنزۇ يېزىقىنىڭ ئىجادچىسى.

(340) «J. K» — چۈي چيۇبەي (1899—1935)، جياڭسۇ ئۆلكىسى چاڭجۇ ناھىيىسىدىن، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى رەھبەرلىرىدىن بىرى. 1927 - يىلى گومىنداڭ ئىنقىلابتىن يۈز ئۆرۈگەندىن كېيىن، ئۇ 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى مەركىزىي كومىتېتنىڭ جىددىي يىغىنىنى چاقىرىپ، ئوڭ ئوپپورتۇنىزمنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەرگەن، 1927 - يىل قىشتىن 1928 - يىل ئەتىيازغىچە جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ۋاقىتلىق شۇجىسى بولغان مەزگىلدە سول تەۋەككۈلچىلىك لۇشيەن خاتالىقىنى سادىر قىلغان، 1931 - يىلدىن 1933 - يىلغىچە شاڭخەيدە ئىنقىلابىي مەدەنىيەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، 1935 - يىل 3 - ئايدا فۇجيەندىكى پارتىزانلىق رايونلىرىدا ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ، شۇ يىلى 6 - ئايدا چاڭدىڭ دېگەن يەردە قۇربان بولغان.

(341) بۇ يەردە تۆڭچىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ ماقالە يېزىش ئۇسلۇبى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چىڭ دەۋرىدە فاڭ باۋ، ياۋنىڭ قاتارلىق كىشىلەر چىن ۋە خەن دەۋرلىرىدىكى سەككىز ئېقىم ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۈلگە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۆز ئالدىغا بىر ئەدەبىي ئېقىمنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلار ئەنخۇي ئۆلكىسى تۆڭچىڭ ناھىيىسىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن «تۆڭچىڭ تەرەپدارلىرى» دەپ ئېيتىلىدۇ.

(342) ۋۇ رۇلۇن (1840—1903) — يەنە بىر ئىسمى جىفۇ، ئەنخۇي ئۆلكىسى تۇڭچىڭ ناھىيىسىدىن، كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى تۇڭچىڭ تەرەپدارى يازغۇچىسى.

(343) كوماراجىۋا (343—413) — چىن سۇلالىسىدىكى راھىب خەلپەت، سۇترانى تەرجىمە قىلغان ئالىم، ئانا يۇرتى قەدىمكى ھىندىستان، گۈيسى (ھازىرقى شىنجاڭ كۇچا) دە تۇغۇلغان. ئۇ 800 دىن ئارتۇق تالىپلىرى بىلەن سۇترانى مەزمۇن بويىچە تەرجىمە قىلغان. سۇترانىڭ تەرجىمىسى 74 قىسىم بولۇپ، جەمئىي 384 جىلد.

(344) «ماخايانا دىنىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا» I، II ئەسىرلەردە ئەۋج ئالغان بۇددا دىنىنىڭ بىر مەزھىپى بولغان ماخايانانى يېشىدىغان سۇترالاردىن بىرى.

(345) ھېنرى باربۇس (1873—1935) — فرانسىيىلىك يازغۇچى، «فرونت»، «نۇر»، «ستالىنىنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(346) كاتولىك سوتسىيالىزمى — XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياۋروپادا شەكىللەنگەن بىر خىل بۇرژۇئا ئىسلاھاتچىلىق پىكىر ئېقىمى بولۇپ، كاتولىك دىنىنىڭ تەلىملىرىنى سوتسىيالىزم تۇسىگە كىرگۈزۈپ، «ئىنسانىي مۇھەببەت»، «ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش» نى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، ئەمگەكچى خەلقنى جەمئىيەتتىكى بارلىق جەبىر-جاپالاردىن قۇتۇلدۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان.

(347) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1930-يىل 3-ئاينىڭ 20-كۈنى «ئۇندۇرمە» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1-جىلد 3-سانىغا L ئىمزاسىدا بېسىلغان.

(348) يەنچى — ياپونىيىلىك كىنو ئوبزورچىسى، 1929-يىلى ياپونىيە پرولېتارىيات كىنوچىلىرى ئىتتىپاقىنى ئۇيۇشتۇرغان، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ياپونىيە كىنو جەمئىيىتى فىلىم ئىشلەش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، «شەرق گۆھىرى» كىنو شىركىتىنىڭ فىلىم ئىشلىگۈچىسى بولغان، «كىنو سەنئىتى تارىخى»، «كىنو ۋە كاپىتالىزم» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(349) moussinac كۆرسەتكەن رەقەملەردە تەكشۈرۈلگەن يىلى كۆرسىتىلمىگەن. پەرىزىمچە 1927-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ھېسابات بولسا كېرەك.

«film Darly» ۋە باشقىلارنىڭ 1928-يىلىدىكى تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، ئامېرىكىدا بۇ سانغا 2.5% يەنى، 20.500 دائىملىق كىنوخانا قوشۇلغان؛ ياپونىيىدە 10% قوشۇلۇپ، 1.200 گە يەتكەن؛ گېرمانىيىدە 30%





كۆپىيىپ، 5.267 (سىغدۇرىدىغان ئورۇن 1,876,601) گە يەتكەن. كۆچمە كىنوخانىلارنىڭ، تىجارەت خاراكتېرى بولمىغان تىياتىرخانىلارنىڭ سانى بۇنىڭغا كىرمەيدۇ.

(350) فىلىم «بىسمارك» ئاشكارا قويۇلغاندا تارقىتىلغان قىسقىچە چۈشەندۈرۈشتە مۇنداق گەپلەر بار:

«فىلىمىمىزنىڭ ۋەتەن ھەققىدىكى مەقسىتى (der Vaterala endischezwieck) بۈگۈنكىدىكى تۈزۈلۈش ھەم ۋاقىتنى چەكلەپ قويىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىسماركنىڭ ياشلىق دەۋرى ناھايىتى قىسقىچە بېرىلدى (بۇ يەردىكى سۆزلەر قىسقارتىلدى). بۇ ھېكايىنى 1871-يىلىدا گېرمانىيە دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇش كېرەك ئىدى. نېمىشقا؟ چۈنكى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تۇغۇلغان ئىچكى ماجىرالار ۋە بىسماركنىڭ ۋەزىپىدىن چېكىنىشى خۇنۇك ئەسلىمىلەرنى قوزغاپ، تاماشىچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، چەتلەشتۈرۈپ قويىدۇ، بۇ ئەھۋال بۇ كىنونىڭ ۋەتەن توغرىسىدىكى پۈتۈن مەقسىتىگە خىلاپ. بۇ فىلىمدە ئاساسەن 1847-يىلى بىسمارك سىياسىي ھاياتقا كىرىشكەن چاغدىن تارتىپ 1871-يىلىغىچە تاماملانغان ئەھۋال بىر كومېدىيە قىلىندى. (ئاخىرى قىسقارتىلدى)

(351) «دۇنيا ئۇرۇشى» قويۇلۇۋاتقاندا، بۇ فىلىم ھەققىدە بىر گېنېرالنىڭ مۇنداق بىر تەسىراتى گېزىتكە بېسىلدى:

«ئۇرۇش ناھايىتى ۋەھىمىلىك، لېكىن بىز ئۇرۇشنى تەن ئالىمىز، چۈنكى ئۇرۇشتا ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغاندىنمۇ ئارتۇق ۋەھىمىلىك تەقدىر يوق. بىزنىڭ ياشلىرىمىز ئۇرۇشتىن ۋەھىمە يېگەندە تەمكىن ۋە مۇقىم ئىرادە بىلەن ئىش قىلىشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ فىلىمدىكى پاجىئەلىك كۆرۈنۈشلەر ھەرگىزمۇ يىرگىنچلىك نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۆزگىرىشلەر بۇ فىلىمگە ئەھمىيەت بېغىشلىغان ۋە بۇ فىلىمنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرغان.»

(352) مۇشۇ قاتارغا كىرىدىغان فىلىملەردىن «شاھزادە لۇئىس فېردىناند» (Prinz Louis Ferdinand)، «ئۇفا — 9» (u. 9)، «مۇشۇك كۆۋرۈكى» (Katzensteg)، «لېيلزوۋدىكى ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم» (Luelziows Wllde Verwegen Jag)، «شىللىسنىڭ ئەمەلدارلىرى» (Schillesche offiziere)، «ئۇرۇشچى ئوكيان پاراخوتى» (Emden)، «بىزنىڭ ئېمدېن» (Unser Emden) ۋە باشقا گېرمانىيە فىلىملىرىنى؛ «ناپولېئون» (Napo Leon)، «جېئاننېدارك» (Jeannediarc) — لېكىن بۇ ياپونىيىگە كىرگۈزۈلگەن Karl Dreier نىڭ ئەسىرى ئەمەس — قاتارلىق فرانسىيە فىلىملىرىنى؛ «كورونېل ۋە فالكلاند ئاراللىرىدىكى دېڭىز ئۇرۇشى» (The Battles of coronel and Falkland Islands)

قاتارلىق ئەنگلىيە فىلىملىرىنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

ئامېرىكىدا ھەتتا «پېتېرپان» (peter Pan)، «قىزىل تېرە» (Red Skin) قاتارلىق چۆچەك ۋە كومېدىيىلەردىنمۇ stars and Srtipes (تەرجىماندىن: يۇلتۇز ۋە سېرىق = ئالا بايراق) نىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى توغرىسىدىكى تەنبىھلەرنىمۇ كۆردۇق.

(353) يېقىندا چىققان سوۋېت فىلىمى «تىرىكتاپ» (Der lebenae LeIchnam) تىنىمۇ سوۋېتتە دىنغا قارشى كۆرەشنىڭ ئېنىق قوللانما قىلىپ قوللىنىلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

(354) «metroplis» نى سۆكۈپ ۋە ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ، قەھرىمان ئەنگلىيىنىڭ ئىسلاھاتچىلىقىنى گەۋدىلەندۈرگەن مودا يازغۇچى ۋېللىس (H.G Wells) ئۆزىنىڭ يېقىنقى ئەسىرى «The King Who WAs a King the Book of a Film» دە ئۇرۇشنىڭ يوقىلىشى توغرىسىدا جەنۋە سىياسىي ئەربابلىرىنىڭمۇ يۈزىنى قىزارتىدىغان ئەكسىيەتچىل Demagogi (ئاممىنى رام قىلىش) ۋاستىسىنى ئىشلەتكەن، بۇ تولىمۇ ئەخمەقلىق.

(355) مىشچانلار فىلىملىرىنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا 1927 - يىل 1 - ئايدا يازغان «كىنو گۈزەللىكشۇناسلىقىدىن ئىلگىرى» دېگەن ئەسىرىمدە ناھايىتى ئاددىي بولسىمۇ بىرئاز توختالغانىدىم. كىتابخانىلارنىڭ چۈشىنىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى قۇرلاردىن قىسقىچە نەقىل كەلتۈرۈشۈمگە رۇخسەت قىلغايلار (باش تەرىپىنى قىسقارتتىم).

«ئوتتۇرىغا چىقىدىغىنى كاتتا سارايدا تەختتە ئولتۇرغان باي. باي ئاق كۆڭۈل، بايىنىڭ قىزى چىرايلىق. مىشچان ياش يىگىت سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئارىسىغا ئۆتۈپ، بايىنىڭ ئائىلىسىگە كىرمەكچى بولىدۇ. ئۇ پەقەت ئىشق - مۇھەببەتكىلا تايىنىپ، سىنىپىنىڭ بىر بالدىقىغا چىقىدۇ. دائىملىق بىچارە نەغمىچىلەر شۇ يىگىت بىلەن بايىنىڭ قىزى ئۈچۈن توي نەغمىسى قىلىدۇ.

باي شۇنىڭ بىلەن ئىززەت - ھۆرمەتكە ئىگە بولىدۇ. مىشچان ئەنە شۇنداق كۆتۈرۈلگەنلىكى بىلەن ھاياجانلىنىپ، مۇلۇكدارلار سىنىپىغا سادىق بولۇش نىيىتىگە كېلىدۇ.

لېكىن، كىشىلەر، كۆپىنچە يوقسۇللار بۇنىڭغا قانائەتلەنمەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن چاندۇرمىغان سودىگەر ئىلاج قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئۇلار ھەممىدە «سىنىپ» دېگەن ئۇقۇمدىن چەتلىمەكچى بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئائىلە كومېدىيىسى كېلىپ چىقىدۇ. سىنىپىي قارىمۇقارشىلىقتىن تاماشىچىلارنىڭ كۆزىنى ئۇزۇل - كېسىل پەردىلەش ئۈچۈن، ھەتتا بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ئىككى سىنىپنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىمۇ يازمايدۇ. بارلىق مەسىلە ۋە خاھىشلارنى بىر چەتكە قايرىپ





قويۇپ، «ئېھتىياتچان» مىشچانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش دائىرىسى ئىچىدىلا تەسۋىرلەيدۇ. «ئومۇمەن ئىشق - مۇھەببەت توغرىسىدىكى لىرىك ھېكايىلەر» دە ياكى ئانا مېھرىنى تېما قىلىدۇ، بۇنىڭدا بىر يوقسۇل، بىر كاپىتالىست بولۇپ قالسا، ئۇلارنىمۇ مەيدانغا چىقارمايدۇ. پەقەت مىشچانلارلا بىردىنبىر سىنىپ تەرىقىسىدە ھۆكۈم سۈرىدۇ (ئاخىرى قىسقارتىلدى).

(356) 1924 - يىلىدىكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ئامېرىكىدا يىلىغا 10 مىڭ دوللاردىن ئارتۇق كىرىم قىلىدىغان ئادەم جەمئىي 260 مىڭغا يەتكەن. لېكىن، بۇ ئۆسۈم، پايدا دېگەندەك ئىگىلىك تاپاۋەتلىرى چىقىرىپ تاشلانغان، پەقەت بىۋاسىتە شەخسىي كىرىملا نەزەردە تۇتۇلغان ھېسابات. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەلىيەتتىكى سان بۇنىڭدىن بىرقانچە ئون پىرسەنت كۆپەيگەن بولۇشى مۇمكىن.

(357) يېڭى سەنئەت — ياپونىيە ئەدەبىيات - سەنئەت ژۇرنىلى. تيەنجۇڭ فاڭسىلاڭنىڭ مۇھەررىرلىكىدە 1930 - يىل 1 - ئايدا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان، توكيو ئەدەبىيات كىتابخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

(358) ئالا بايراقلىق دۆلەت — ئامېرىكىنى كۆرسىتىدۇ.

借书还期表

| 证 号 | 还 期 |
|---|---|
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |

21500009802

بۇ كىتاب خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1981 ـ يىلى 1 ـ نەشرى 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى. (ئىزاھاتلاردا خەلق نەشرىياتىنىڭ 2005 ـ يىلى 3 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىنغان «لۇشۈن فېلىيەتونلىرىدىن تاللانما» دىن پايدىلىنىلدى)

本书根据人民文学出版社 1981 年第 1 版，第 1 次印刷本翻译出版。（注文参照《鲁迅杂文选读》：人民出版社 2005 年 3 月第一版）

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
پاتىگۈل مىجىت

مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
ياسىن زايىدوف

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

# لۇشۈن ئەسەرلىرى (4)

ئاپتورى: لۇشۈن
تەرجىمە قىلغۇچى: توختى باقى ئارتىشى
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 19.125 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2006 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1—3000
ISBN 7—228—09893—5
باھاسى: 35.00 يۈەن